ئۇيغۇر تىلىدىكى
مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر لۇغىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇسالام ئابباس

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى
مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر لۇغىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇندەرىجە

«لۇغەت»نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە .... (1)
ئا .... (1)
ئە .... (41)
ب .... (73)
پ .... (121)
ت .... (149)
ج .... (214)
چ .... (229)
خ .... (260)
د .... (282)
ر .... (309)
ز .... (321)
ژ .... (331)
س .... (332)
ش .... (371)
غ .... (388)
ف .... (397)
ق .... (400)
ك .... (452)
گ .... (498)

ل .... (513)
م .... (522)
ن .... (569)
ھ .... (590)
ئو .... (613)
ئۇ .... (634)
ئۆ .... (645)
ئۈ .... (657)
ۋ .... (663)
ئې .... (676)
ئى .... (687)
ي .... (719)
قوشۇمچىلار .... (750)
1 . مىلادىيە كالېندارىدىكى مەنىداش ئاي ناملىرى .... (758)
2 . ھىجرىيە كالېندارىدىكى مەنىداش ئاي ناملىرى .... (764)
3 . پەن ناملىرىدىكى مەنىداش ئاتىلىش .... (765)
4 . پەلسەپىدىكى مەنىداش ئاتالغۇلار .... (765)
5 . ھەربىي تۈزۈلمە، ۋەزىپە، ئۇنۋاندىكى مەنىداش سۆزلەر...... (768)
6 . بەزى قۇش، ھايۋان، ھاشاراتلارنىڭ مەنىداش ئاتلىرى...... (769)
7 . گۈل-گىياھلارنىڭ مەنىداش ئاتلىرى .... (770)
8 . بەزى كېسەللەرنىڭ مەنىداش ناملىرى................(771)
9 . سىمۋوللۇق مەنىداش سۆزلەر .... (772)
10. شەرق ئەدەبىياتىدا بەزى شەخسلەرنىڭ سىمۋوللۇق
مەنىداشلىرى .... (775)

«لۇغەت»نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «لۇغەت»كە 3 مىڭغا يېقىن مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر قاتارى (سىنونىملىق ئۇۋا) ئېلىندى. بۇ قاتارلاردا 10 مىڭدىن ئارتۇق سۆز-ئىبارە بار.

2. مەنىداش سۆزلەر قاتارىنى تاللاش ۋە بېكىتىشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل ئەھۋال بار:

1) مەنىداش سۆزلەر قاتارىغا دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە ئائىت سۆزلەرمۇ ئېلىندى. مەسىلەن، "ماتا، خام، بۆز، شاڭ"لار بىرنەچچە شېۋىگە ئائىت، ئەمما ئۇلار ئەدەبىي تىلدا دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا، بىر مەنىداش سۆزلەر قاتارى قىلىندى ۋە مىساللار بېرىلدى؛ بەزى دىئالېكت، شېۋىلەرگە خاس سۆزلەرنىڭ قايسى دىئالېكت-شېۋىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ قويۇلدى، مىسال بېرىلمىدى.

2) تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقاتتا پايدىلىنىشى ۋە كىتابخانلارنىڭ مەنىداش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن خەۋەردار بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەنىداش سۆزلەر قاتارىغا ياتىدىغان قەدىمكى، كونىرىغان سۆزلەرمۇ ئېلىندى. ئەمما ئايرىم بىرنەچچىلىرىگە مىسال بەرگەندىن باشقا، ئومۇمەن مىسال بېرىلمىدى، مىسال بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

3) بىرزاماندا تىلىمىزدا قوللىنىلغان، كېيىن ئىستېمالدىن قالغان،

ئەمما ھازىرمۇ بەزى كىتاب-ژۇرنال، ھۆججەتلەردە ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان سۆزلەر مەنىداش سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ياكى دومىنانتىغا مەنىداش سۆز قىلىندى. مەسىلەن، ئىنقىلاب — رېۋوليۇتسىيە، جۇمھۇرىيەت — رېسپۇبلىكا، گوۋۇيۈەن — دۆلەت سوۋېتى، — ئەكسىيەتچى-رېئاكسىئون ۋە باشقىلار. ئەمما بۇلار ئىستېمالدىن قالغانلىقى، ياكى قېلىشى كېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارغا مىسال ياكى باشقا ئىزاھ بېرىلمىدى.

3. بەزى مەنىداش سۆزلەر قاتارى ئىنچىكىلەپ بۆلۈندى. مەسىلەن، "زامان، دەۋر، مەزگىل" سۆزلىرى ئۇقۇم جەھەتتىن "ۋاقىت"قا مەنىداش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەنە دائىرىسىگە ۋە ئۆزئارا مەنىداش بولۇشىغا قاراپ، ئايرىم مەنىداش سۆزلەر قاتارى قىلىندى؛ "ئۇلۇغ، بۈيۈك" سۆزلىرى "چوڭ"غا مەنىداش بولسىمۇ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، ئۇلارنى مەنىداش سۆزلەر قاتارىغا قوشماي، "ئەزىم، ئەكبەر" سۆزلىرى بىلەن ئايرىم بىر مەنىداش سۆزلەر قاتارى قىلىندى.

4. مىلادى، ھىجرى ئاي ناملىرى، گۈل-گىياھلار ناملىرى، ئۇچار قانات، ھايۋانات ناملىرى، كېسەللىكلەر ناملىرى، پەن ناملىرى، پەلسەپە ئاتالغۇلىرىدىكى مەنىداش سۆزلەردىن ئىستېمالدا ئالاھىدىلىكى بارلىرى لۇغەت تېكىستىگە كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، كۆپچىلىكى تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، لۇغەت تېكىستىگە كىرگۈزۈلمەي، ئۇلارنىڭ تىزىمى لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى. سىمۋوللۇق جەھەتتىن مەنىداش بولۇپ كېلىدىغان سۆز-ئىبارىلەرمۇ ئاخىردا قوشۇمچە قىلىندى.

5. مەخسۇس ساھە، كەسىپلەردىكى مەنىداش سۆزلەر ئېلىنمىدى.

6. "ئىبارە" ئاساسەن تۇراقلىق ئىبارىلەر، يەنى فرازېئولوگىزملاردۇر. "ئىبارىلەر" ئومۇمەن دومىنانتا سۆزلەرگە مەنىداش قىلىپ بېرىلدى؛ بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەردىكى مەنىداش تۇراقلىق ئىبارىلەر ئايرىم قىلىپمۇ بېرىلدى.

7. سىنونىملىق دومىنانتىنى، يەنى مەنىداش سۆز-ئىبارىلەردە ۋەكىللىككە ئىگە باش سۆزنى توغرا بەلگىلەش مۇرەككەپ ۋە تەس مەسىلە. بۇ لۇغەتتە "ئۆزدىن ئۆزگىگە، يېقىندىن يىراققا، ئومۇمىيلىقتىن ئايرىملىققا" پرىنسىپى قوللىنىلدى.

8. دومىنانتىلار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»دە بەلگىلەنگەن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. لېكىن تېپىش ۋە پايدىلىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۈپ سۆزدىن تۈرلەنگەن، ياسالغان سۆزلەر شۇ تۈپ سۆزلەر ئاستىدا بېرىلدى.

9. ھەربىر مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر قاتارىغا ئومۇمىي، ئاددىي ۋە قىسقىچە ئىزاھ بېرىلدى.

بەزى مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر قاتارىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئىنچىكە پەرقى، ئىستېمالدىكى قوللىنىش يوللىرى قىسقىچە كۆرسىتىلدى.

مەنىداشلىق شۇ سۆز-ئىبارىلەر ئەسلى مەنىدە بولماي، كۆچمە مەنىدە كېلىۋاتقان بولسا، "كۆچمە"، "كۆچمە مەنىدە" دەپ ئىزاھلاندى.

10. ھەربىر مەنىداش سۆز-ئىبارىلەرگە قاتاردىكى تەرتىپى بويىچە مىسال بېرىلدى.

ئالدى بىلەن، ھەربىر مەنىداش سۆزنىڭ قوللىنىش تەرىپى ۋە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، شۇ سۆز

قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى بېرىلدى؛ كېيىن، ھەربىر مەنىداش سۆز-ئىبارىگە بىر ياكى بىرنەچچە جۈملە مىسال بېرىلدى. بىرنەچچە جۈملە مىسال بېرىلگەن بولسا، ھەربىر جۈملە مىسالنىڭ ئاخىرىغا گۈل (*) بەلگىسى بېرىلدى.

بېرىلگەن مىساللارنىڭ ئېلىنغان يەرلىرى ئايرىم كۆرسىتىلمىدى.

ئا

ئابروي ئىناۋەت يۈز مىڭشىڭ

جامائەت ئالدىدا قازانغان ئىشەنچ، نام-نىشان، ئېتىبار.

"ئىناۋەت"نىڭ سالمىقى ئىشەنچتە.

"ئابروي"، "يۈز"نىڭ سالمىقى نام-نىشاندا.

"مىڭشىڭ" خەنزۇچە: 名声. بەزى ماقالىدا تۇراقلاشقان ۋە بەزەن ئېغىز تىلىدا ئۇچرايدۇ.

ئابروينى ئالتۇنغا ئال، جاننى كېپەككە سات. * ئابرويۇڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا. * ھەركىمنىڭ ئىناۋىتى ئۆز قولىدا. * ئىناۋەت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك. * ئىناۋەتنىڭ تۆكۈلگىنى ئەينەكنىڭ چېقىلغىنى. * ئۇ يۈزى بار، يۈزى چوڭ ئادەم. * پۇل تاپقۇچە يۈز تاپ. * ھارۋا سۇنسا سۇنسۇن، مىڭشىڭ كەتمىسۇن.

ئابرويلۇق ئىناۋەتلىك يۈزلۈك

ئابروي-ئىناۋەتكە ئىگە، يۈز تاپقان.

ئابرويلۇق ئادەمنى ھەرىمۇ چاقمايدۇ. * ئىناۋەتلىك ئادەم — ھەقىقىي ئىنسان. * پۇللۇق بولغۇچە، يۈزلۈك بول.

ئابرويى چۈشمەك ئابرويى تۆكۈلمەك ئابرويى بىر تىيىن (بىر پۇل) بولماق يۈزى تۆكۈلمەك يۈزى چۈشۈپ كەتمەك

ئابروي-ئىناۋىتى، ئېتىبارى يوقالماق.

ھىمايەت قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئابرويى چۈشتى. * ئابرويىنىڭ

تۆكۈلگىنى — جاننىڭ ئۈلگىنى. * يىگىت رەقىبىنىڭ ئابرويىنى بىر تىيىن (بىر پۇل) قىلىپتۇ. * توختىنىڭ جامائەت ئالدىدا يۈزى تۆكۈلدى. * پادىشاھ قىزىنىڭ ئالدىدا مات بوپتۇ، يۈزى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئابستراكت مەۋھۇم

كونكرېت بىلىنمەيدىغان، پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىلا، ئېنىق، روشەن ئەمەس.

ئابستراكت چۈشەنچە: ئابستراكت ئىسىم. * مەسىلىگە قاراشتا كونكرېت پاكىتقا ئاساسلىنىش لازىم، ئابستراكت تەبىرنى كۆزدە تۇتۇشقا بولمايدۇ. * مەۋھۇم ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش لازىم.

ئاپتۇۋا ئۇرىدىق ئابدەستە كۆنەك

يۈز-قولنى يۇيۇش، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن، مىس ياكى ساپال، سۇلياۋدىن ياسالغان، ئۇزۇن جۈمەكلىك چۆگۈن.

ئات كۆتۈر ئوبدان بىلەن، سۇ كۆتۈر ئاپتۇۋا بىلەن. * قىز يىگىتنىڭ قولىغا ئۇرىدىقتىن سۇ بەردى. * مەسچىتتە ئابدەستە بولۇشى لازىم.

ئات I ئىسىم نام چاۋ

ئادەم ۋە شەيئىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاتاش.

ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا. * ئېتى ئۇلۇغ، سۆپرىسى قۇرۇق. * قارا ئىسىملىك. * نامزاتلار ئىسىملىكى. * ئىسمى بار، جىسمى يوق. * ئىسمى جىسمىغا لايىق. * نامدا بار، ئەمەلدە يوق. * چاۋىسىنى چىتقا يايماق. * تۇتقىن قانۇن ئاغىرلىق، يادسۇن چاۋىڭ بۇرۇنغا.

ئات قويماق ئاتىماق

ئادەم ۋە شەيئىلەرگە نام بەرمەك.

ئاتا بالىسىغا ئەزان-تەكبىر ئېيتىپ ئات قويۇپتۇ. * بولمىسا فىرىقتا ئەقىل ۋە ئەدەب، بولمايدۇ ئاتاشقا ئۇنى ئادەم دەپ.

ئات كۆتۈرمەك ئاتاق ئالماق

يامان نام ئالماق.

شار-شۇر ئات كۆتۈرەر، مىس-مىس پۈت. * ئېسىمگە كەلدى شۇ ئان سىرچاغلىرىدىم، كەتكىنىم تاغقا "ئوغرى" ئاتاق ئېلىپ؛ كىمدۇ بۈگۈن يەنە شۇ ئاتاقنى قويماقچى پېشانەمگە داقاق قىلىپ.

ئاتاق داڭ داڭق نام كۈ كۈسۈرۈغ كۈگ ماڭگال ئۆگە

مەلۇم ۋە مەشھۇر بولغان نىشان، شۆھرەت.

دۆلەتتىن ئاتاق ئارتۇق. * ئاتىسقى يوق ئەردىن ئۇتى يوق يەر ياخشى. * گۈزەل ئەخلاق تېرىسالىڭ، ئاتاق-داڭ بىغىسەن. * كۆپىنىڭ داڭقى كۆكنى يارار. * ياخشى ئاتاق، ياخشى نام يىراققا تارقىلار. * جان تېپىلار، نام تېپىلماس. * گۈزەل نام گۈزەل چىرايدىن ئەلا. * جان كەتسە كەتسۇن، نام كەتمىسۇن.

ئاتاق چىقارماق داڭ چىقارماق داڭ كەتمەك داڭق چىقارماق شۆھرەت قازانماق نام چىقارماق

نام-ئاتاقتا ئېرىشمەك.

تارتىقۇلۇقنى بىز تارتىۋاتىمىز، ئاتاقنى باشقىلار ئېلىۋاتىدۇ. * تىلەمچىلەرگە سادىغا بېرىپ ئاتاق چىقار. * داڭ چىقارغىن ياخشى بىلەن. * ياخشىلىق قىل، ياخشىلىقىڭ داڭ كەتسۇن * داڭق چىقارغان باتۇر ئۆلمەيدۇ. * بىزنىڭ ۋالىبولچى قىزلىرىمىز شۆھرەت قازاندى. * نام چىقارغان يەردە قالماس.

ئاتاقلىق داڭلىق نامدار مەشھۇر ئاتلاغ كۆزۈنچ كۈلىگ

نام-ئاتىقى چىققان، نام-ئاتاق قازانغان.

ئاتاقلىق ئەدىب لۇشۈن. * داڭلىق ياش ناخشىچىمىز دىلبەر يۇنۇس بىزگە شان-شۆھرەت كەلتۈردى. * نامدار يىگىت نامىنى قوغدايدۇ. * جاھانغا مەشھۇر ئالىملار خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئات II يىلقا ئۇلاغ كۆلۈك تۇتى كۆچۈت يۈند

تۇم تۇياقلىقلارغا مەنسۇپ، سۈت ئەمگۈچى چوڭ ئىش ھايۋىنى.

”يىلقا“ بىر ئۇيۇرگە قارىتىلغان. ”ئۇلاغ“ باشقا ئىش ھايۋانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئات ئازسا تايغا ئەگىشەر. * ھاۋانىڭ تۇمانلىرى، يىلقىنىڭ غۇنانلىرى. سۇ دېسەم شاراب بەرگەن قەشقەرنىڭ جۇۋانلىرى. * ياخشى دېھقان ئۇلاغنى باقىدۇ، يامان دېھقان قامچىسىنى قاقىدۇ. * كۆلۈك بولمىسا، كۆچمەن دېمە. * 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدا 150 بالا 150 تۇتىغا مىنىپ كۆرەكتىن ئۆتتى.

ئاتچان ئاتلىق

ئات مىنگەن.

ئاتچان ئاتىسىغا باقماپتۇ. * ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرۈپتۇ.

ئاتا دادا ئاۋا پەدەر ۋەلىد قاڭ

بالا تاپقان، بالىلىق بولغان ئەر كىشى.

”ئاۋا“ لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

”پەدەر“، ”ۋەلىد“لەر ئەرەبچە، كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ، ھازىر ئومۇمەن ئارخائىزمغا ياتىدۇ.

ئادەم ئاتا؛ ئاتىلار سۆزى؛ دۆلەت ئاتىسى؛ ئاتا بالىسى؛ ئاتا مىراس؛ ئاتاڭغا رەھمەت؛ ئاتاڭغا لەنەت؛ ئاتاڭ ئايلانسۇن؛ ئاتا يولۇق؛ ئاتىدارچىلىق؛ ئاتا تۇتماق؛ ئاتا بولماق؛ ئاتام زامان؛ ئاتام ئېيتقان بايىقى؛ ئاتا كۆرگەن؛ ئانا كۆرگەن؛ ئاتام ئوغۇل بالا دەپ تاپقان. * ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي. * ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس. * ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى. * ئاتا دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما. * ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى. * ئوغۇل دادىغا تارتىدۇ، قىز ئانىغا. * دادامغا يوق پۇرچاق ئانامغا نەدە؟ * پەدەر ھايات بېرىدۇ، ئۇستاز نىجات بېرىدۇ.

ئاتالغۇ تېرمىن ئاتالما ئىستىلاھ

پەن-تېخنىكا ۋە ئومۇمەن تىلدا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس سۆز.

”ئاتالغۇ“، ”ئاتالما“لار ئومۇمىي ئىسىملىك سۆزلەر.

”تېرمىن“ پەن-تېخنىكىدا ئىشلىتىلىدۇ، مەخسۇسلۇقى كۈچلۈك بولىدۇ.

پەلسەپە ئاتالغۇلىرى؛ قانۇن ئاتالمىلىرى. * ئاتالغۇ مەسىلىسى ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. * تېرمىننى قالايمىقان ئىشلىتىشكە، قالايمىقان تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. بولمىسا، ئۇقۇمدا خاتالىققا يول قويۇلىدۇ. * قانۇندىكى ئاتالمىلار ئېنىق بولۇشى كېرەك.

ئاتماق تاشلىماق چۆرۈمەك ئىرغىتماق جىغىماق

قولىدىكى نەرسىنى قولدىن نېرىغا كەتكۈزمەك.

”جىغىماق“ قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

توپقا قاراپ تاش ئاتما. * تاش ئاتقانغا ئاش ئات. * ئاچچىقتىن ئۆلسەڭ ئۆل، ئاتا-ئاناڭنى تاشلىما. * توپنى ماڭا چۆرۈ. * تاشنى ئىرغىتىپ ئويناش خەتەرلىك.

ئاتىسى دادىسى

خوتۇنى ئېرىنىڭ ئېتىنى ئاتاشنى تەرگىسە شۇنداق ئاتايدۇ.

ئالدىغا "باللىنىڭ (باللارنىڭ)" دېگەن سۆزنى قوشۇشمۇ بار، ئېرىم.

— ئاتىسى ئورۇمچىگە كەتكەن، تېخى كەلمىدى، — دېدى مايىمخان. * — دادىسى، ئۆيدە تۇز تۈگەپتۇ، بىر بولاق تۇز ئالغاچ كەلسىلە، — دېدى تۇرسۇنخان. * — دادىسىدىن خەت كەپتۇكەن، خاتىرجەم بولۇپ قالدۇق، — دېدى ئايزىمخان.

ئاتماق بېغىشلىماق بەخش ئەتمەك ئاتا قىلماق ئارنىماق

بەرمەك، مەخسۇس ئاتاپ قويماق.

ئاتىسا بىلىمگە كىمكى بېشىنى، شامالدىن بۇرگۈزەر تۈگمەن تېشىنى. * بېغىشلاش ئىككىلا تەرەپتە بولۇشقا تېگىشلىك زىننەت. * سىقىلغان كىشىگە كۈلكە بەخش ئەتمەك، بىر پاتمان قەنتتىنمۇ بىل لەززەتلىكرەك. * سىزگە خۇدا ئىمان ئاتا قىلسۇن. * ئارنىغانىنى ئاسرا.

ئاجايىپ غارايىپ غەلىتە يوچۇنلا بىرقىسما سونۇ ئۆمسە ئادىنچىغ

قىزىق، ھەيران قالارلىق؛ ئادەتتىكىدىن باشقىچە.

"سونۇ"، "ئۆمسە"لەر قومۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كىچىك بالىمۇ ئاجايىپ چۈشلەرنى كۆرىدۇ. * ئۇ ئاجايىپ-غارايىپ پاراڭلارنى ئاڭلاپتۇ. * چۈشەنگەن ھەرقانداق غەلىتە قورغاننى ئالار. * بىرقىسما ئىشلار چىققىلى تۇردى. * ئۆمەر ئۆمسە ئادەم ئىكەن. * مەھەللىمىزگە سونۇلا بىر ئادەم كەپقاپتۇغۇ.

ئاجىز زەئىپ مەزلۇم

كۈچ-قۇۋۋىتى ئاز.

ئاجىز دۈشمەننىمۇ يادىڭدا بولسۇن. * قىز بالا ئاجىز نېمە، ئانىسىدىن ئايرىلمىسۇن. * كېسەل ئاجىزغا ئېچىل. * زەئىپ بولساڭمۇ، رەزىل بولما. * مەزلۇمغا زۇلۇم سالغاندىن ئارتۇق رەزىللىك يوق.

ئاجىزلىق زەئىپلىك

كۈچ-قۇۋۋەت يېتىشمەسلىك ھالىتى.

ئالەمدىكى ئەقىلنىڭ ئەڭ چوڭى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈش. * زەئىپلىك بىلىمسىزلىكتىن كېلىدۇ.

ئاجىز كەلمەك ئاجىزلىق قىلماق بوش كەلمەك

كۈچى، قابىلىيىتى يەتمەي قالماق.

ئۇ دۈشمەن ئالدىدا ئاجىز كەلدى. * يەرگە ئېرىشتۇق، ئەمما تېرىشقا ئاجىزلىق قىلدۇق. * بوش كەلگەننى ئالۋاستى باسىدۇ.

ئاچ ئاچ-زار ئاچ-زېرىن

يېمەكلىك يېمىگەن، قورساقتا يېگەن نەرسە قالمىغان ئەھۋال.

ئاچنىڭ دەردىنى توق بىلمەس. * ئاچ ئېيىق ئويىنىماس. * ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا. * ئاچ قورساقتا ئاچچىقسۇ. * ئاچ نېمىنى يېگۈزمەيدۇ، ئاچچىق نېمىنى دېگۈزمەيدۇ. * ئاچ-زار ياشنىغۇچە ئامال قىل. * ئاچ-زېرىن يۈرگەندىن ئىشلەپ يۈرۈپ ئۆل.

ئاچارچىلىق قەھەتچىلىك

ئوزۇق-تۈلۈك يېتىشمەسلىك.

ئاچارچىلىق بالا-قازانىڭ ئەڭ چوڭى. * ئاچارچىلىق يىللىرى ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر — ناھەق كەتكەنلەر. * قەھەتچىلىك يىلىدا بىراۋدىن ھال سورىما، ھالىغا يېتەلىسەڭ سورا.

ئاچلىق ئاچ-زارلىق

يېمەك يېمىگەن ھالەت.

ئاچلىقنى ياستۇق كۆتۈرەر. * ئاچ-زارلىق كىشىنى چىنىقتۇرىدۇ.

ئاچ كىرمەك كۆز تەگمەك تىل تەگمەك

خۇراپىي ئەقىدە: كىشىلەرنىڭ قارىشى، سۆزلىشى سەۋەبىدىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقماق.

قاغا ئاشلىغىدەك بالىسىنى، "بۇلبۇلۇمنىڭ ئىچى كىردى" دەپ. * ھويلاڭدىكى ئۇجمەڭگە ئوت كەتتىمۇ نېم بولدى؟ تىلى بۇلبۇل دامۇللام كۆز تەگدىمۇ، نېم بولدى؟ * ساڭا تىلىم تەگمىسۇن، بوينۇڭغا ئاسقىن تىلتۇمار.

ئاچا ئېگىچە ھەدە ئايلا ئېجە ئاپپاي

بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال قېرىنداش؛ ئومۇمەن ئۆزىدىن چوڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش.
"ئېگىچە" خىتاب قىلىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ.
"ئېجە" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

— ئاچام ئاچتىن ئۆلگەن، — دېدى ئايىمخان. * ئېگىچە - سىڭىللار ئىناق ئۆتكەي. * توختىخان ھەدە ئوڭلۇق ئايال. * ھەدەم نەدە، مەن شۇ يەردە. * ئايلام بىلدى دېگۈچە، ئالەم بىلدى دېسەڭچۇ. * پاتىمە ئاپپاي ھۆرمەتلىك ئايال.

ئاچچىق غەزەپ قەھر جۇدۇن زەردە چۋشەك كەگ قاقىغ

قاتتىق نەپرەت تۇيغۇسىدىن پەيدا بولغان روھىي ھالەت.

ئاچچىق كەلسە، ئەقىل قاچىدۇ. * ئاچچىقتىن قېرىيسەن، كۇلكىدىن ياشىرىسەن. * غەزەپ ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرەر. * خۇدانىڭ قەھرى تۇتسا، چۇمۇلىگە قانات بېرەر. * قەھرى بار، غەيرىتى يوق. * جۇدۇنى تۇتسا، ئۇ ھەر بالادىن يانمايدۇ. * ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، قېرىنىڭ جۇدۇنى بار، ماغدۇرى يوق. * زەردىسى بارنىڭ ئەقلى بولسا، ئىش ئاسان بولاتتى.

ئاچچىقلانماق غەزەپلەنمەك تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلمەك قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرماق

كۆڭلىگە تەگكەن ھالەتتىن نارازى ۋە خاپا بولماق.

ئۇ سىنىڭ ۋاقتىدا كەلمىگىنىڭگە قاتتىق ئاچچىقلاندى. * ئۇ بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. * تۇرسۇننىڭ تونۇگۇن سىرنى ئاشكارىلاپ قويغىنىدىن ئاچچىقى كېلىپ، تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلدى. * ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇردى.

ئاچچىقى كەلمەك ئاچچىقى تۇتماق غەزىپى كەلمەك غەزىپى تۇتماق زەردىسى قاينىماق ئۇغىسى قاينىماق قېنى قىزىماق نېرۋىسى ئۆرلىمەك جەھلى قاتماق

كۆڭلىگە ياقمىغان ئىش-ھەرىكەتكە قارشى نەپرەت تۇيغۇسىدىن تېرىكمەك، ئۇرۇشقۇسى، تاكاللاشقۇسى كەلمەك.

ئاچچىقىڭ كەلسە، لېۋىڭنى چىشلە. * ئاچچىقى تۇتقانىنىڭ ئالدىدىن كەت. * غەزىپى كەلگەننىڭ غەيرىتى قاچىدۇ. * غەزىپىڭ تۇتسا، كۆككە قارا. * زەردىسى قاينىسا زەھەرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ ئۇ. * بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۇغىسى قاينىدى. * ئۇنىڭ بىردەمدىلا قېنى قىزىپ، نېرۋىسى ئۆرلەپ كەتتى. * جەھلى قاتقانغا جېنىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ.

ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك ئاچچىقىنى باسماق ئاچچىقىدىن يانماق ئاچچىقىنى يەڭمەك ئاچچىقىنى يۇتماق

ئاچچىق-غەزەپكە سەۋرى قىلماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق.

ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك ئۇلۇغلۇق. * ئاچچىقىڭنى باسساڭ، نەپ ئالىسەن. * بوۋايىنىڭ ئاچچىقى تېز كېلىپ، تېز يانىدۇ. * يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر. * ئاچچىقىنى

يۇتماق — تاغ يۇتماق.

ئاچقۇچ كىلىت

قۇلۇپنى ئاچىدىغان ئەسۋاب.

زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان، ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان. * قۇلۇپتىن ئاچقۇچ پۇختا. * كىلىت بولۇپ كەلدىڭ، ئويۇنچۇق ئەمەس، ھەممە خەزىنىنى ئاچالىساڭ بەس.

ئاچكۆز ئاچپاقا تويماس ئۇپقان شۇمشۇك نەپسى يامان نەپسى بالا قارنى يامان ئاچ ئاشۇرىغى تودۇنچىسۇز تەشىك سۇق

تويمايدىغان، نەپسىنى يىغمايدىغان.

"شۇمشۇك"، "ئاشۇرىغى" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس. * ئاچكۆزنىڭ قورسىقى تويسىمۇ، كۆزى تويماس. * بىرى ئاچپاقلىقتىن ئۆلىدۇ، بىرى ئاچتىن ئۆلىدۇ. * تويماسنى تويدۇرالمىدىم، بولماسنى بولدۇرالمىدىم. * باي تولا يېسە خوردان دەر، نامرات تولا يېسە ئۇپقان دەر. * نەپسى يامان ھېيتتا ئۆلەر. * نەپسى يامان ھەممىدىن قۇرۇق قالار. * نەپسى بالا ئاغزى كۆيمىسە، كۆمۈر چوغىنى يەۋېتىشتىن يانمايدۇ. * قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر. * ئاچ بەچچىغەردىن قاچ بەچچىغەر. * ئاچىنىڭ ئاچچىقى يامان. * ئاچ ئۆيدە قىتىق ئۇيىماس.

ئاچكۆزلۈك ئاچپاقلىق تويماسلىق ئۇپقانلىق نەپسى يامانلىق نەپسى بالالىق قارنى يامانلىق

نەپسىنى يىغماسلىق، ھەممىگە ھېرىسلىق.

ئاچكۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى غەم ۋە ھەسرەتتۇر. * ئاچپاقلىق — قىلىقسىزلىق. * تويماسلىق تونىدىن ئايرىيدۇ. * ئۇپقانلىقتىن خۇدا ساقلىسۇن. * نەپسى يامانلىق گۆرگە ئاپىرىدۇ. * نەپسى بالالىق — ھالاكەتلىك. * قارنى يامانلىق قايغۇ تۇغدۇ.

ئاختۇرماق تىنتىماق ئارقاماق ئۇشەمەك

بىرەر نەرسىنى تاپماق ئۈچۈن ئىزدىمەك.

ئاختۇرغاندا تېپىلمايدۇ. * دۈشمەن ھەممىنى تىنتىدۇ.

ئاخۋات ئاختا تۇتۇق

تۇخۇمى پىچىۋېتىلگەن ئادەم ۋە ھايۋان.

ئادەتتە "ئاخۋات" ئادەمگە، "ئاختا" ئاتقا قارىتىلىدۇ.

خان ئوردىسىدىكى ئاخۋاتلار ھەرەمخانىغا كىرىۋېرىدىكەنمىش. * ئاختا ئات ئايغىردىن كۈچلۈك كېلىدۇ.

ئاخىرەت قىيامەت تاڭنا مەھشەر

ئۇ دۇنيا، باقىي ئالەمگە ئىت.

دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما. * ئادەمنىڭ ئادىتىنى پەقەت ئاخىرەت ئۆزگەرتەر. * خەير، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز. * قەرزىنى قىيامەتكە قالدۇرما. * تاڭنا كۈنى ھەممە تەڭ بولىدۇ. * مەھشەر كۈنى سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە، ساق ئۆتكەيسەن.

ئاخىرەتلىك قىيامەتلىك

ئۇ دۇنياغا خاس، ئۇ دۇنيالىق.

خۇدا ئاخىرەتلىكنى بەرسۇن. * ئاخىرەتلىكنى تەييارلاپ قوي. * قىيامەتلىك دوست.

ئاخىرى باقاسى ئىنتىھاسى

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئايىغى.

ئۇزۇن يولنىڭ ئاخىرى بولار، زۇلمەت تۈنىنىڭمۇ ئاخىرى بولار.

* هاباتنىڭ باقاسى ئۆلۈم. * ئىپتىداسىدىن ئىنتىھاسىغىچە.

ئاداۋەت كەك كىنە خۇسۇمەت غۇم

ئۆچلۈك ـ دۈشمەنلىك.

كىم ئاداۋەت قىلىچىنى ئالسا قىنىدىن، ئاداۋەت تىغىدا ھالاك بولار. * جان چىقار، كەك چىقماس. * كىنە يارىسى ئاسان ساقايماس. * ئەي ئىنسان، خۇسۇمەتتىن يىراق بول. * قورسىقىدا غۇمى بار.

ئاداۋەت تۇتماق كەك ساقلىماق كىر ساقلىماق

ئۆچلۈك ـ دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرماق.

ئاداۋەت تۇتقان چىراي ئاچماس. * كەك ساقلاش چوڭ گۇناھ. * كىر ساقلاش دوستلۇققا زىيان.

ئادەت ئۆرپ ـ ئادەت قائىدە يوسۇن قائىدە ـ يوسۇن رەسىم رەسىم ـ يوسۇن سۈننەت تۆرۈ

ئۇزاق يىل داۋامىدا ئۆگىنىپ، كۆنۈپ قالغان تەرتىپ، قىلىق، خۇي.

ئاغرىق قالار، ئادەت قالماس. * ئادەت قىرىساڭمۇ كەتمەس، يۇساڭمۇ تۈگىمەس. * * زامان باشقا، ئادىتىمۇ باشقا. * ھەر يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە رىئايە قىل. * قائىدە قاچان بولسا لازىم. * ھەر يەرنىڭ ئۆز يوسۇنى بار. * قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان ئۆيگە ئايالىڭنى ئاپارما. * رىمغا بارساڭ، رىمنىڭ رەسمىنى ئۆگەن. * رەسىم ـ يوسۇن ئەخلاققا ياتىدۇ. * ئوغۇل بالىنى خەتنە قىلماق ــ سۈننەت.

ئادەم بالىسى بەنى ئادەم ئادەمزات

ئادەمدىن تۆرەلگەن، يەر يۈزىدىكى ھەممە كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئادەم بالىسى ياخشىلىق قىلىشقا تۇغۇلغان. * بەنى ئادەم ئەزاسى

بىر بەدەندۇر، ھەممىسى بىر ئۇزۇك، بىر گۆھەردۇر. * ئۇ دىۋە، ئەمەستۇر ئەسلا ئادەمزات، ئۆزگىلەر غېمىدىن ئەگەر بولسا شاد.

ئاددىي ساددا ئىگىل

ئادەتتىكىدەك، ئومۇمدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان.

ئاددىي ياشا، ئۇغرىلىق قىلما. * ساددا ئادەم ساختىلىق قىلماس. * ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئادەمنى روھىي خۇشاللىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئاددىيلىق ساددىلىق

ئاددىي ـ ساددا ھالەت.

ئاددىي ـ ساددىلىق ــ گۈزەللىكنىڭ زۆرۈر شەرتى. * قابىلىيەت ۋە ئەخلاق گۆھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلار، ئەڭ ياخشىسى، ئاددىيلىق ـ ساددىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم.

ئادىل ھەققانىي ئادالەتلىك

ئىش ـ ھەرىكەتنى ھېچ تەرەپكە يان باسماي، توغرا ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلغۇچى.

ۋاقىت ھەممىدىن ئادىل، ئۇ ھېچكىمگە بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ ئارتۇق بەرمەيدۇ. * ھەققانىي ئادەم ھېچقاچان ھىيلە ئىشلەتمەيدۇ. * ئادالەتلىك ئېغىزدىن يامان سۆز تارتىنار.

ئادىمىي ئىنسانىي

ئادەمگە ئائىت، ئادەمگە خاس.

ئادىمىي قىلىق قىل، ھايۋاندىن پەرق قىل. * ئىنسانىي پەزىلەت ــ ئۇلۇغ سەنئەت.

ئادىمىيلىك ئىنسانىيلىق كىشىلىك

ئادەم ـ ئىنسانلىق سۈپىتى.

ئادىمىيلىكتىن تاپار ئادەم شان، ئادەم بولسىلا ھەممە بار ھامان.

* ئىنسان ئىكەنسەن، ئىنسانىيلىق بىلەن ياشا. * كىشىلىك ھوقۇق — تۇپ ھوقۇق.

ئارا سالا

كېلىشتۈرۈش، ئەپلەشتۈرۈش.

ئۇرۇشقانغا ئارا تۇر. * سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم.

ئارىچى سالاچى مۇيانچى

ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرۈپ، ئەپلەشتۈرۈپ قويغۇچى.

ئارىچىغا ئالتە تاياق. * سالاچى سالپىيىدۇ.

ئارتۇق ئۈستۈن

يۇقىرى، يۈكسەك ھالەت.

ئالىيجاناب ئادەم شان-شەرەپنى جېنىدىن ئارتۇق بىلىدۇ. * يامان يولداشتىن ياخشى ئات ئارتۇق. * خەقنىڭ سېمىزلىكىدىن ئۆزۈڭنىڭ ئورۇقلۇقىنى ئۈستۈن بىل * سۆزى توغرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈستۈن.

ئارتۇقلۇق ئۈستۈنلۈك

باشقىلارغا نىسبەتەن يۇقىرىلىق، يۈكسەكلىك ھالىتى.

ئارتۇقلۇقۇڭنى ئاشۇر، كەمچىلىكىڭنى تۈزەت. * رەھىمسىز ئەمەلدارنىڭ ئۈستۈنلۈكى ئۇزاققا بارماس.

ئارزۇ تىلەك ئىستەك ئۈمىد رىجا ئارمان كۆزۈش كۆزە ئاپ ئىتىڭ قاتىغ ئاۋارىدىز

بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئىچكى سېزىم.

ئارزۇدا ئەيىب يوق. * ئارزۇنىڭ چېكى يوق. * ئارزۇ — ئىدىيىنىڭ ئاتىسى. * ئارزۇدىن تۇلپار تۇغۇلسا، دىۋانە پىيادە ماڭماس ئىدى. * تىلەك بولسا، بىلەك تالماس. * ئالىي ئىستەك — بۈيۈك دۆلەت.

* ئۈمىد ئۆمۈر تىرىكى. * ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار، ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار. * رىجا كۈچ بېغىشلايدۇ. * ئاساسسىز ئارمان ھەقىقىي غايىنى بىتچىت قىلار. * ئارمىنى يوق ئازار.

ئارزۇلىماق تىلىمەك ئىستىمەك خالىماق ئۈمىد قىلماق

ئېرىشمەكنى كۈتمەك.

ئارزۇلاپ تېرىغان چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى ئىت يېدى. * ئۆزگىگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە. * مېنىڭ ئىدى، سېنىڭ بولدى، تىلىۋېدىم، دورا بولدى. * شەرىئەت ئىستىسەڭ ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىستىسەڭ ئاغرىتما جاننى. * خالاپ كۆتۈرگەن يۈكنىڭ ئېغىرلىقى بولماس. * ئۈمىد قىلساڭ، ئۇتىسەن.

ئارسلان شىر

سۈت ئەمگۈزگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان. "ھايۋانلار شاھى" دېگەن نامى بار.

ئارسلان قاتتىق ۋارقىرايدۇ، يۇمشاق تۇتىدۇ. * ئارسلاندەك كۈچۈڭ بولسۇن، تايغاندەك ھوشۇڭ. * ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، خەقنى شىر چاغلا.

ئارغامچا ئارقان تانا شوينا كۇلا باغىش قاتغال

يۇڭ، قىل، تاناب قاتارلىقلاردىن ئېشىپ تەييارلانغان، نەرسىلەرنى باغلايدىغان بۇيۇم.

ئادەتتە "ئارغامچا"، "ئارقان" يۇڭدىن، "تانا" تانابتىن، "شوينا"، "كۇلا" پاخالدىن ئېشىلىدۇ.

ئارغامچاڭنىڭ پۇلى تۇرۇپ تۇرسۇن، كۇلامنىڭ پۇلىنى بەر. * دادىسى ئېسىلىپ ئۆلگەن بالا ئارقاننى تىلغا ئالمايدۇ. * تانا تارتقانغا ئۈزۈلمەيدۇ. * ئىت باغلىغان شوينىدا پىل باغلىغىلى بولماس.

* باينىڭ ئارغامچىسى بولسا، كەمبەغەلنىڭ كۆلاسى بار.

ئارقا كەين سوك

ئالدىنىڭ قارشىسى، ئۈگىنىڭ تەتۈرى.

خەقنىڭ ئەيىبى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئارقىدا. * ئۆتكەن ۋاقت ئارقىغا يانماس. * باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ. * كەينىدە كەلگەنگە سۆڭەك تېگەر. * ياخشىغا سوك باستۇرۇپ يۈر.

ئارماندا قالماق داغدا قالماق

كۆتكىنىگە ئېرىشەلمەي ھەسرەتلەنمەك.

ۋاقتىدا ئىشلە، ئارماندا قالما. * ئىشلىمەي يېتىپ داغدا قالدىم.

ئارمىيە قوشۇن قىسىم سۇ

دۆلەتنىڭ قوراللىق تەشكىلاتى.

قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى؛ دېڭىز ئارمىيىسى؛ ھاۋا ئارمىيىسى. * خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 8-ئارمىيىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان. * قوشۇن خىل، مەمۇرىيەت ئىخچام بولسۇن. * مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك 1991-يىل 8-ئايدا، مىسىرنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن ۋە كۇۋەيتتىن بارلىق قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. * خەلق قوراللىق قىسىملىرى؛ ساقچى قىسىملىرى. * كۆپ دۆلەت قىسىملىرى 1991-يىل 8-ئايدا ئىراق، كۇۋەيت چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى.

ئارىسالدى بولماق ئىككىلەنمەك تامغا مىنمەك دېلىغۇل بولماق ئىككى خىيال بولماق ئىنتاڭ بولماق ئىكىرچىگۈنلۈك قىلماق

ئىككى خىل ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئارىسىدا بىر خىلىغا ئۆتمەي ئىككى ئارىدا تۇرماق.

ئارىسالدى بولغان ئىشەكنى بۆرە يەر. * ئارىسالدى بولغان ئادەم

ئاسان ئازار. * چوقىغا چىقىشتىن قورققان ئويماندا ئىككىلىنىپ يۈرەر. * تامغا مىنگەن ئارماندا قالىدۇ. * دېلىغۇل بولساڭ، دەرد تارتىسەن. * ئىككى خىيال يۈرۈپ، كۆرگەن كۈنۈڭ شۇمۇ؟

ئارىنى بۇزماق ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالماق ئارىغا سوغۇقچىلىق سالماق ئارىغا ئوت ياقماق ئارىغا تەپرىقە سالماق ئارىغا قىچا چاچماق

ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرمەك، بۇزماق.

ئارىنى بۇزماق. * ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالماق — دوستلۇق-ئىتتىپاقلىقنى يامانلاشتۇرماق. * ئويۇن-چاقچاق تۈپەيلى، ئۆزئارا بىسەپ بولۇپ قالسا، ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىمىزغا ئوت ياقتى. * بىر ياخشى ئۆتتۈۋاتاتتوق، ئۇ كېلىپ ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويدى. * ئارىغا تەپرىقە سالىدىغاننى ئارىغا ئالما. * ئۇ دۈشمەنلىك قىلىپ، ئارىمىزغا قىچا چاچتى.

ئارىيە پارچە

بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىر بۆلۈكى.

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى تونۇلغان خەلق تىياترىدا «غېرىب-سەنەم» ئوپېراسىدىن ئارىيە بەردى. * رادىئو ئىستانسىسى «ئىز» رومانىدىن پارچىلار ئاڭلاتتى.

ئاز كەم كۆتا تام ئۆكسۈك جۇقا

سان جەھەتتىن كۆپنىڭ تەتۈرى، كۆپ ئەمەس.

"تام" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئازچىلىق. * ئاز سانلىق مىللەت. * ئاز يە، كۆپ چاينا. * ئاز بولسىمۇ، كۆپكە تاۋاپ. * ئاز سۆزلە، كۆپ ئويلا. * ئازنى دەپ جىقتىن قۇرۇق قالما. * ئاز ئىشىم، غوۋغاسىز بېشىم. * ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ. * ئاز يەپ، ئاسان تىرىل. * ئەركىن بازاردىن ئون جىڭ قاق ئاپتىكەن،

جىڭلاپ كۆرسەك، يېرىم جىڭ كەم چىقتى. * تېيىنىنىڭ ئۆمرى كۈتا.

ئاز-پاز ئانچە-مۇنچە

ئازغىنا، سەلگىنە.

ئاز-پاز بىلىم بىلەن كۆكرەكنى كەرمە. * ئانچە-مۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار، شۈبھىسىزكى، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنى بىلىدىغانلاردۇر.

ئازلىق كەملىك

سان جەھەتتىن كۆپ ئەمەسلىك.

يۈز دوست ئازلىق قىلار، بىر دۈشمەن كۆپلۈك. * كەملىكتە كامال، كۆپلۈكتە زاۋال.

ئازلىماق كەملىمەك

سان جەھەتتىن تۆۋەنلىمەك.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ، مەھسۇلات ئازلاپ كەتكەنىدى. * مال باھاسى ئۆتكەن يىلىغا قارىغاندا بەش پىرسەنت كەملىدى.

ئازاب ئوقۇبەت ئازاب-ئوقۇبەت

جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى قىيىن ئەھۋال، ئېغىرچىلىق.

سۆز ئازابىدىن ئېغىر ئازاب يوق. * ئازاب بىلەن ھەسرەت — تۇرمۇشنىڭ ئىككى ئېكىكى. * بوشىمىسا تىل غەيۋەتتىن، بوشىمايدۇ دىل ئوقۇبەتتىن. * ئازاب-ئوقۇبەت — ئەڭ ياخشى ئۇستاز.

ئازاب چەكمەك ئوقۇبەت تارتماق

قىينالماق، ئېغىرچىلىق كۆرمەك.

دوستۇڭنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازاپ چەكمەكنىڭ ئۆزى بىر بەخت. * ئوقۇبەت تارتماي دېسەڭ، ئادىل، خالىس بول.

ئازماق ئاداشماق تېنىمەك ئارسىقماق

يۆنىلىشنى، يولنى يوقىتىپ قويماق، نىشاننى بىلمەي قالماق.

ئادەم ئازىدۇ. * يولدىن ئازساڭمۇ، يۇرتتىن ئازما. * ئات ئازسا، تايغا ئەگىشەر. * ئاداشقاننى ئارقىسىدىكى بىلەر. يېڭىلگەننى يېڭىندىكىسى. * ئىككى قېتىم يول سوراش بىر قېتىم ئاداشقاندىن ئەلا. * بۈگۈن يولدىن تېنىگۈچە، ئاخشام خەقتىن سورىساڭچۇ.

ئاسارئەتىقە قورامساق

قەدىمدىن قالغان يادىكارلىق.

ئاسارئەتىقىلىرىمىز تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى، ئۇلارنى ئاسراش بىزنىڭ بۇرچىمىز.

ئاساس I ئۇل پوندامېنت

تام، ئۆي-ئىمارەتنىڭ گەۋدىسىنى يۆلەپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاستى قەۋىتى.

بىنانىڭ ئاساسى ئۇنىڭ ساقچىسى. * ھەممە ئىشنىڭ يولى بار، ھەممە تامنىڭ ئۇلى. * ئۇلى ناچار بىنا ياخشى بولماس.

ئاساس II نېگىز

ئىش-ھەرىكەتنىڭ تېگى، يۆلەپ تۇرىدىغان تۆۋەن قىسمى.

تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى. * ئاساس مائارىپ. * ئاساسىڭ سۆل بولسا، ئىشنى ئۆلدىن باشلا. * نېگىزى بوشنىڭ ئۆزىمۇ بوش.

ئاساسىي ئاساسلىق، نېگىزلىك

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەڭ تۈپكى تەرىپى، نېگىزگە دائىر.

زىددىيەت تەرەپلىرى ئىچىدە تىرىشىپ ئاساسىي تەرەپ تۇتۇلسا، مەسىلە ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. * ئاۋۋال ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەك، باشقا مەسىلىلەرنى ئاندىن كېيىن، بىردىن-بىردىن ھەل

قىلىش لازىم. * زىددىيەتلەر ئىچىدە بىرى نېگىزلىك زىددىيەت بولىدۇ.

ئاساسىي قانۇن كونستىتۇتسىيە

دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى، ئانا قانۇن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي قانۇنى 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان. ئۇ بىر سۆز بېشى، 4 باب، 7 پاراگراف، 138 ماددا.

ئاسان ئوڭاي قولاي ئوڭ

قىلىشقا ئانچە كۈچ كەتمەيدىغان، تەسنىڭ تەتۈرى.

بىلمەك تەس، قىلماق ئاسان. * ئاشقىلىق ئاسان، جۇدالىق تەس. * ئىشنى باشلاشنى بىلسەڭ، ئاياغلاشتۇرۇشۇڭ ئوڭاي. * ئوڭاي ئىشەنگەن — ئوڭاي ئۆلگەن. * قولاي شارائىتنى قولدىن بەرمە. * ئوڭ ئىش — ئوڭاي ئىش.

ئاستا ئاقىرىن سېكىن

تۆۋەن سۈرئەت؛ تېزنىڭ تەتۈرى.

ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان. * ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار. * مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا. * ئاقىرىن يۈرسەڭمۇ يۈر، توختاپ قالما. * سېكىن سۆز، سەلكىن شامال.

ئاسراندى باقما تۇتۇنچى

ئاسرىۋالغان، بېقىۋالغان.

ئاسراندى كېلىنگە ئىگە يوق. * باقما بالا باققان ئاتا - ئانىنى تاپقان ئاتا - ئانىدىن بەكرەك قەدىرلەيدۇ.

ئاسقا كانار قەن

گۆش ئېسىپ قويىدىغان ئىلمەك.

"قەن" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئاسقىدا گۆش بولسا، بىر كۈن مېھمانغا يارار. * كانار قۇرۇق چاغدا قوناق كەپتۇ.

ئاسماق ئىلمەك

نەرسىنى تېگى يەرگە تەگمەيدىغان قىلىپ باغلىماق.

ئۆچكىنى ئۆز ئايىغى بىلەن ئاسار. * ھەممىنى بىر ئىلگەككە ئىلمە.

ئاسمان كۆك ساما ئەرش ئەرشئەلا كۆك گۈمبەز قالىق

يەر ئۈستىنى قاپلاپ تۇرغان گۈمبەز شەكىللىك ھاۋا رەڭ بوشلۇق.

ئاسمان بېسىۋالسا، تېگىدە تۇرۇپ مانتا يەيدىغان. * ئاسماندىن تاۋار ياغسا، تۇمار قېپى تەگمەپتۇ. * ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپتۇ. * ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق. * گاداي كىيىمدە كەلدىڭىز، ئەمما ئەسلى ماكانىڭىز يۈكسەك كۆك - ساما، مېھرىبانلىق قىلىڭ بىر - بىرىڭىزگە، ئاسمان ئىدىڭىزغۇ، بولماڭ پەگا. * كۆككە قارىما، كۆپكە قارا. * مەن سېنىڭ مۇشۇنداق قىلىپ ئەرشئەلاغا چىققىنىڭنى كۆرەي.

ئاسماندىن چۈشكەندەك يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك

تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالماققا تەمسىل.

ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئۇنىڭ ئالدىدا بەكرى دۆيجاڭ بېشىنى ئېگىپ، ھېجىيىپ تۇراتتى. * يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ھاجى ئىشان شۇ ئان كېلىپ قالدى.

ئاش I ئاشلىق تارىغ

دانلىق زىرائەت دېنى.

ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن، ئارپا - بۇغداي ئاش ئىكەن. * بولىدىغان ئاش كۆكىدىن مەلۇم. * يېزا ئىگىلىكى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى، ئاشلىق — يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى.

ئاش II تاماق تائام غىزا ئوقەت يېمەك يېگۈلۈك تاتىغ تىكۈ

پىشۇرۇلغان يېمەكلىك.

ئاش يېگەن قۇتۇلۇپ، تاۋاق يالىغان تۇتۇلۇپتۇ. * ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ. * ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرمە. * ئېشىنى يەپ قازىنىنى چېقىپتۇ. * ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز، ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز. * دوختۇرنىڭ قېشىغا بارماي دېسەڭ، تاماقنى ئاز يە. * ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام. * ئىزا تارتقىنىم، غىزا تارتقىنىم. * يېگۈدەك ئوقەت يوق ئۆيدە جېدەل توختىماس. * ئۆيدە يېمەك يوق قالدىم ئاچ، ئوقەت يەپ ئاندىن قاچ. * يېگۈلۈك يوق يەردە جان يوق.

ئاشكۆكى يۇمغاقسۈت سىپۇت

پۇراقلىق، غولى ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇششاق خۇش بۇي بولىدۇ.

ئاشكۆكنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، شىپالىق رولى بار. لېكىن كۆپ يېمەسلىك كېرەك، كۆپ يېسە مەنىنى كېمەيتىدۇ.

ئاشكارىلىماق پاش قىلماق ياڭراماق

يوشۇرۇن ئىش - ھەرىكەتنى ئوچۇق قىلماق.

بۆرە ھۇلاپ، ئۆزىنى ئاشكارىلار. * خىيانەتچىلەرنى پاش قىلىش — خەلق ئۈچۈن، خەلق ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش.

ئاشماق ئۆتمەك

ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەك: داغ - داۋان، دەريا - سۇدىن ئۇ قاتقا ھالقىماق.

ئادەم ئادەمدىن ئاشسىمۇ ئەلدىن ئاشماس. * قىمىرلىغان قىر ئاشار. * ئۆمۈر بويى تىرىشقان ئادەم پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئۆتەر. * مۇزدىن ئۆتسەڭ بالدۇر ئۆت، ئۆتكەننى كۆرۈسەن، سۇدىن ئۆتسەڭ كېيىن ئۆت، ئاققاننى كۆرۈسەن.

ئاشىق مەشۇق ئاشىق - مەشۇق مەھبۇپ مەھبۇبە

ئىشىق - مۇھەببەتكە بېرىلگەن ئەر - قىز.

ئاشىققا باغداد يىراق ئەمەس. * ئاشىق رەزىللىككە گىرىپتار بولسا، بولار دائىم مەشۇق ئىشىكىدە زار. * ئاشىق - مەشۇققا ئۆلۈم كۆرۈنمەس. * 14 - فېۋرال دۇنيا ئاشىق - مەشۇقلەر بايرىمى چەت ئەللەردە قىزغىن تەبرىكلىنىدۇ. * مەھبۇپ - مەھبۇبەلەر مىرادىغا يەتكەي.

ئاشىقلىق مەشۇقلۇق

ئاشىق - مەشۇقنىڭ ھەرىكەت - پائالىيىتى.

ئاشىقلىق خانىغىمۇ، پۇقراغىمۇ ئوخشاش. * مەشۇقلۇقتىن ئاچلىق يامان.

ئاغزى ئىتتىك ئاغزى يېنىك

ئويلىماي، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان.

سودىگەرچىلىككە ئايىغى چاققان، ئاغزى ئىتتىك ئادەم بولۇشى كېرەك. * ئايشەمگۈلنىڭ ئاغزى يېنىك، بەزى گەپلەرنى ئويلىمايلا دەپ سالىدۇ.

ئاغزى ئىتتىكلىك ئاغزى يېنىكلىك

ئاغزى ئىتتىك، ئاغزى يېنىكنىڭ قىلىقى.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئاغزى ئىتتىكلىك دوستلۇقنى بۇزىدۇ. * ئاغزى يېنىكلىك يېڭىلىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئاغزى يامان ئاغزى بىزەپ ئاغزى بۇزۇق

يامان سۆزلەرنى قىلىدىغان.

ئەجەب ئاغزى يامان بالا بوپسەن. * ئاغزىڭنى يامان قىلما، ھېلى بىكار ئەدىبىڭنى يەيسەن. * ئەجەب ئاغزى بىزەپ نېمە ئىكەن ماۋۇ. * ئاغزىڭنى بىزەپ قىلىشتىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن. * ئۇ ئاغزى بۇزۇق نېمە، يەتمىش يۇشتۇڭنى قويماي تىللايدۇ، سەن ئاغزىڭنى بۇزما.

ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلمەك ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقماق

يەيدىغان نەرسىنى كۆرۈپ يېگۈسى كەلمەك، نەپسى تاقىلدىماق.

بايىنىڭ بالىسى تاڭگازا يەپتۇ، كەمبەغەلنىڭ بالىسىنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەپتۇ. * ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەنلەرنى كۆرگەندە، ئايۇپنىڭ ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئاقاتتى.

ئاغزىغا كىرىپ قالماق ئاغزىغا چۈشۈپ قالماق

توساتتىن ئېسىگە كېلىپ قالماق.

سادىق ئاغزىغا كىرىپ قالغان بىر قوشاقنى پەس ئاۋازدا ئوقۇدى. * مۇنداق دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئاغزىمغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئاغزىڭغا تاش ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق ئاغزىڭغا مۇشت

قارغىش: بىرەر شۇم خەۋەر يەتكۈزگەن ياكى شۇملۇق تىلەيدىغان گەپنى قىلغانلارغا ئېيتىلىدۇ.

ئاغزىڭغا تاش، — دېدى ئايال قولىغا لاخشىگىرنى ئېلىپ، سەن شۇم ئېغىزنىڭ ئاغزىنى داغلىمىسام. * شۇم خەۋەر ئەكەلگەن ئاغزىڭغا تاش-تۇپراق، شۇم ئېغىز. * ئاغزىڭغا مۇشت، خۇدا ھەممىمىزنىڭ ئۆمرىنى بېرىدۇ. ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە.

ئاغزىڭغا قەنت ئاغزىڭغا ناۋات ئاغزىڭغا ياغ

ئالقىش: ياخشى سۆز قىلغان، ياخشى خەۋەر ئەكەلگەنلىكىڭگە

رەھمەت.

ئاغزىڭغا قەنت، دېگىنىڭ كەلسۇن. * خۇش خەۋەر ئەكەلگەن ئاغزىڭغا ناۋات. * بارىكاللا، بالام، ئاغزىڭغا ياغ.

ئاغزىڭغا قوقاق چىقسۇن ئاغزىڭغا ئۇچۇق چىقسۇن ئاغزىڭغا ھونناق چىقسۇن ئاغزىڭغا بالا تەگسۇن

تىل-قارغىش: سۆزلىيەلمەس بولۇپ قال دېگەن مەنىدە.

شۇم خەۋەر تاپقان ئاغزىڭغا قوقاق چىقسۇن. * نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرۈۋسەن، ئاغزىڭغا ئۇچۇق چىقسۇن، ئىلاھىم. * ئاكاڭغا سۆز ياندۇرغان ئاغزىڭغا ھونناق چىقسۇن. * ئاغزىڭغا بالا تەگسۇن، سۆزلىمەس بولۇپ قال.

ئاغزىڭنى يۇم ئاغزىڭنى يىغ

سۆزلىمە، ئاغزىڭنى ئاچما، گەپ قىلما.

جېنىم سىڭلىم، ئاغزىڭنى يۇم، مەيلى يىگىت سېنىڭ بولسۇن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئاچىسى. * زۆھرەخان، ئاغزىڭنى يىغ! شاھ ئاتاڭنىڭ مۇبارەك نام-شەرىپىگە داغ تەگكۈزمە.

ئاغزىنى تاتىلماق ئاغزىنى كولىماق ئاغزىنى ئاچماق

قەستەن سۆزلەتمەك، گەپكە سېلىپ گەپ ئالماق.

ئاغزىنى تاتىلاپ گەپكە سېپتۇ، گەپكە سېلىپ گەپ ئاپتۇ. * ئاغزىمنى كولىما، ھېلى بىكار ھەممىنى دەۋېتىمەن. * ئاغزىمنى ئاچما، تويغۇزۇپ قويماي يەنە.

ئاغزىنى تۇۋاقلىماق ئاغزىنى چاپلىۋەتمەك ئاغزىنى كەپشەرلىمەك ئاغزىنى ياپماق ئاغزىنى باسماق ئاغزىنى ئاچۇرماي قويماق

سۆزلىيەلمەس، ئاغزىنى ئاچالماس قىلىپ قويماق

ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. * ئەجەب

ۋالاقلىدى، ئاغزىنى چاپلىۋەت ئۇنىڭ. * ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپ! ھۇي خەقلەر، ئاۋۇ شۇمتەكىنىڭ ئاغزىنى يېپىڭلار! * ئۇ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇرماي قويدى.

ئاق كۆڭۈل ئاق نىيەت كۆڭلى ئاق تۈز

پاك؛ يامان نىيىتى يوق.

ئاق كۆڭۈلنىڭ ئېتى ھارماس، كىيىمى توزۇماس. * ئاق نىيەت ئادەم زىيان تارتىسمۇ، خار بولماس. * كۆڭلى ئاقنىڭ كۆزى ئالاق-جالاق بولماس. * مىجەزى تۈزنىڭ ئەيىبى يوق.

ئاقساقال مويسىپىت

ياشانغان، ھۆرمەتلىك ئەر كىشى.

ئاقساقالنىڭ ئەقلى قىسقارسا، گېپى ئۈزۈلەر. * مويسىپىتنىڭ مويلۇقىغا قارىما، تەجرىبىسىنى ئۆگەن.

ئاقساق ئاقساق-چولاق توكۇر لەڭ مايماق مايتۇق تۈپال

پۇتى مېيىپ، ئەيىبناق كىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى تەس كىشى.

قۇيقا چېچى قىرىق گەز ئۆرلىگەن ئامال ئاقساق پۇتى بىلەن چېرىكنى بىر تەپكەندى، ئۇنىڭ مۈرىسىگە تەگدى. * جىننىڭ ئاقساق-چولاقلىرى يامان. * توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا. * تۆمۈرلەڭ — مەشھۇر زات. * مايماق پۇتقا ياخشى ئاياغنىڭ نېمە كېرىكى. * مايتۇق ئاياغمۇ مىدىرلايدۇ.

ئاق قۇ قۇۋۇ قوداي قۇغۇ

تۇرقى غازغا ئوخشاپ كېتىدۇ، غازدىن چوڭراق، پۈتۈن بەدىنى ئاق، پۇتى بىلەن قۇيرۇقى قىسقا، دېڭىز ساھىلى ياكى كۆل بويىدا ياشايدۇ، ئۇچۇشقا ماھىر.

ئاق قۇ كۆكتە، كېپىنەك چۆپتە. * ئاق قۇ — پاكلىق، گۈزەللىك ۋە ساداقەتكىلىكنىڭ سىمۋولى. * قۇۋۇ — قۇشلارنىڭ زىننىتى، قەدىر-قىممىتى. * قودايىنىڭ ئىرادىسىنى قۇشقاچ نەدىن بىلىدۇ. * پاقا قوداي گۆشىگە ئامراقمىش.

ئاقىۋەت ئاخىر

ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى.

"ئاقىۋەت" سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ.

گۈزەل قىز ئاقىۋەت سەت ئايال بولار. * يىلاننى يەڭ ئىچىگە سالساڭ، ئاقىۋىتىڭ ۋاپاغا جاپا. * ئاخىر بارىدىغان يېرىڭ تايىنلىق.

ئاكا ئاغا ئىچى

بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئەر قېرىنداش؛ ئومۇمەن ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاش.

ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ. * ئاغىلار ئىززەتلىك بولسا، ئىنىلار ھۆرمەتلەيدۇ. * ئاغا-ئىنىنىڭ ئازارى بولسىمۇ، بىزارى يوق.

ئاگاھلاندۇرۇش ۋىگوۋور

ئىنتىزامسىزلىق، ناشايان ھەرىكەت ياكى خىزمەتتە سۇسلۇق قىلغانلارغا ئىدارە-جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن بېرىلىدىغان جازا، چارە.

ئابدۇللا ئىبراھىمغا مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىۋالغىنى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

ئاڭلىماق تىڭشىماق ئىشىتمەك قۇلاق سالماق قۇلىقىغا كىرمەك

ئاڭلاش ئەزاسى قۇلاق ئاۋازنى قوبۇل قىلماق.

ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق، ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى يوق. * ئاڭلىساڭ جەننەت، كۆرسەڭ دوزاخ. * تىڭلا، سۆزلىمە، كۆپ تىڭلا، ئاز

سۆزلە. * گاھىدا چوڭنىڭ گېپىنى تىڭشا، گاھىدا كىچىكنىڭ. * كۆرگەن ئادەم بولسا، ئىشىتكەننى ئىزدەش ھاجەتسىز. * بىلىملىك جىننى پەرۋىش قىلار باق، ئەقىل يول كۆرسىتەر كىم سالسا قۇلاق. * گېپىمگە قۇلاق سال. * بۇ ئىش خاننىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قېپتۇ.

ئالا چار چىپار ئالىچىپار چوقار

ئاق-قارا ئارىلاشقان، بىر خىل ئەمەس.

ئاتىغا بالىنىڭ ئالىسى يوق. * ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا. * ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق. * چىپار ئات چىرايلىق كېلىدۇ.

ئالايماق چەكچەيمەك گۆلەيمەك ھومايماق شاشلىماق

كۆزنى يوغان ئېچىپ، غەزەپ بىلەن قارىماق.

ئالايغانغا ئالاي. * چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل يوق. * بېگىمنىڭ كەينىدىن گۆلىيىۋالاي. * ماختىغانغا غادايما، ئۆگەتكەنگە ھومايما. * ئەمەلدارغا ھىجايغان پوقراغا ھومىيار.

ئالەمنى مالەم قىلماق ئالەمنى بېشىغا كەيمەك ئالەمنى بىر ئالماق جاھاننى بېشىغا كەيمەك

قاتتىق ۋارقىراپ-جارقىراپ غەلۋە تېرىپ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلماق.

ئۇنىڭ تايىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئانا ئالەمنى مالەم قىپتۇ. * ئۇ ئالەمنى بېشىغا كىيىپ يىغلايتتى. * ئالىم ئۇ ياققا ئۆتۈپ، بۇ ياققا ئۆتۈپ ئالەمنى بىر ئالدى. * جاھاننى بېشىغا كىيىپسەن ئالدىراپ، ئەمدى قاپسەن پۇشمانغا ھالسىراپ.

ئالتۇن زەر تىللا

مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى (Aurum)Au، قىزغۇچ سېرىق،

بولۇپ قىممەتلىك زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان قىممەت باھالىق مېتال.

"ئالتۇن" ئەڭ ئومۇمىي. "زەر"، "تىللا" ماقال-تەمسىل، تۇراقلىق بىرىكمىلەردە ئۇچرايدۇ. بۇلارنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ.

دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ 64% ناھىيە-شەھەرلىرىدە ئالتۇن كانى بار ئىكەن. * ئالتۇن يەردە ياتماس، ياخشىلىق يەردە قالماس. * ئالتۇن بىلەن بېزىسەڭمۇ ئېشەك يەنىلا ئېشەك. * ئاۋۋال بىلىۋېلىپ، كېيىن سۆزلىگىن، زەرنى تېپىپ ئاندىن خەجلەشنى بىلگىن. * زەر قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ. * تىللا، كۈمۈش چىقىشى تاشتىن ھەرقاچان، ھەر تاشتا ئالتۇن بولۇشى گۇمان.

ئالدىراڭغۇ ئالدىراقسان ھولۇلۇپ شاتىراق شاشقىن ئۆپكىسى يوق يۈگۈرۈپ چىچار ئەۋەك

دائىم ئالدىراپ-سالدىراپ يۈرىدىغان.

"ئالدىراڭغۇ"، "ئالدىراقسان" ئەڭ ئومۇمىي. باشقىلىرى كەمسىتىلگەن، كۆزگە ئىلمىغان ئەھۋالدا ئېيتىلىدۇ.

ئالدىراڭغۇ ئاشنى خام يەر. * ئالدىراقسان روزىسىنى كۈن پاتماي ئاچىدۇ، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالىدۇ. * ھولۇلۇپنىڭ چاپىنى ھۆل. * شاتىراق شاشىدۇ، ئېۋىنى قالىدۇ. * شاشقىن شاتىراقتىن كۈلۈپتۇ. * ئۆپكىسى يوقتىن ۋاپا كۈتمە، ۋاپا كۆرمىسەڭ ئۆپكىلىمە. * ئۇ تازا بىر يۈگۈرۈپ چىچار ئىكەن. * ئەۋەك ئەر — ئالدىراڭغۇ كىشى.

ئالدىراڭغۇلۇق ئالدىراقسانلىق شاتىراقلىق

ئالدىراڭغۇنىڭ قىلىقى، ئالدىراقسان ھالەت.

"قىلماق" بىلەن بىرىكىشىدۇ.

ئالدىراڭغۇلۇق ئىش بۇزىدۇ. * دوست تۇتۇشتا ئالدىراقسانلىقتىن ساقلان. * شاتىراقلىق قىلغان پۇشايمان قىلار.

ئالدىرىماق شاشماق ئاشىقماق پايپېتەك بولماق پۇت-قولى يەرگە تەگمەي قالماق

ئالدىرىغاندا قارىغۇدىن يول سوراپتۇ. * بۇيرۇغان ئالار، ئالدىرىغان قالار. * ئالدىرىغان ئېدىرغا تاقىشار. * هودۇقماي-شاشماي ئىشلە، غەلىبە سېنىڭ. * ئاشىققان ئارقىدا قالار. * پەخىرىدىن پايپېتەك بولۇپ يۈردى. * توي كۈنى هەممە ئالدىراش، ئانىسىنىڭ پۇت-قولى يەرگە تەگمەي قالدى.

ئالدىماق گوللىماق كۆز بويىماق كۆز بويامچىلىق قىلماق كۆزىگە توپا چاچماق كۆز باغلىماق بۇرۇتىغا چاڭگا تىزماق تاقىلاپ كەتمەك بۇرۇتىنى يەكەندە ئالماق بۆكىگە (دوپپىسىغا) جىگدە سالماق

يالغان سۆز-هەرىكەتلەر بىلەن كىشىنى ئازدۇرماق، قايمۇقتۇرماق.

ئالداش — ئەر-خوتۇن ئىناقلىقىنىڭ زاۋاللىقىغا يۈز تۇتۇشى. * گوللىغانىغا بالا ياخشى، قورۇپ كەتسۇن قېرى قاقباش. * ئىغۋاگەرلەرنىڭ كۆز بويىشىغا يول قويماسلىق بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. * كۆز بويامچىلىق قىلىش — مەككارلارنىڭ هۈنىرى. * جەسالارنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ ئۆتۈپ كەتتىم. * كۆز باغلاش ئاجىزلارغا ئۆتىدۇ، قابىللارغا ئۆتمەيدۇ. * يولدىكى ساقچىلارنىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تىزىپ ئۆتۈپ كەتتىم. * خەپ، ئۇ ئەسلەخ مېنى تاقىلاپ كەتتى، 1000 كوينى ئېلىپ كەتتى. * ئۇ خېلى-خېلى كىشىلەرنىڭ بۇرۇتىنى يەكەندە ئېلىپ يۈرىدۇ. * بۇرهان بۆكۈمگە جىگدە سېلىپ، كىتابىمنى ئەپكەتكەندى، هازىر غىمچە قايتۇرمىدى،

ئاللىقاچان ئاللىبۇرۇن

سۆز بولۇۋاتقان چاغدىن جىق ئىلگىرى.

تۇرمۇشتىن قورققان ئاللىقاچان ئۆلگەن بولىدۇ. * ئۇ بۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىكەن.

ئالقاپ ئالقانات قۇلاقكەستى ئافىي ئارقان ئۇزەر بۆسكەك

يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن ئەسكىلىك قىلىدىغان شۇمتەك.

يۈز يالماۋۇزدىن بىر ئالقاپ يامان. * ئالقانات ئالدىڭدىن چىقسا، كەينىڭگە يان. * قۇلاقكەستى ئالالمىغانىنى پالچى ئالدۇ. * ئافىيدىن ئاپەت كېلىدۇ. * ئاسىم ئارقان ئۇزەر بالا بوپتۇ.

ئالقان سىقىم

قول پەنجىسىنىڭ ئىچ يۈزى.

ئاچسام ئالقىنىمدا، يۇمسام سىقىمىمدا.

ئالىم دانىش دانا ئاقىل بىلىمدان دانىشمەن پازىل گېنىئال بىلگە بۆگۈ تىتىك

ئىلىم-پەن، ئەخلاق-پەزىلەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن.

”ئالىم“ ئىلىمدا يۇقىرى بىلىم هاسىل قىلغان، مەلۇم نەتىجە ياراتقان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

”دانىش“، ”دانا“، ”ئاقىل“ ئەقىللىق، زېرەك كىشىلەرگە قارىتىلغان.

”بىلىمدان“ بىلىملىك، جىق بىلىم ئىگىلىگەن.

”دانىشمەن“ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، يىراقنى كۆرىدىغان تالانت ئىگىسىنى كۆرسىتىدۇ.

"پازىل" پەزىلەتلىك، پاك كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىمنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭنى ئاچما. * نادانىنىڭ تىرىكى ئۆلۈك، ئالىمنىڭ ئۆلۈكى تىرىك. * ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭ. * دانىشقىمۇ بىلىم كېرەك. * دانانىڭ سۆزىگە كېپىلىنىڭ كېرىكى يوق. * دانالار سۆزى — كۆڭۈلنىڭ كۆزى. * ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ. * ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز. * بىلىمدانىنىڭ بىلىمى كېچىنى يورۇتىدىغان چىراغ. * ئۆز ئۆيىدە قارىغۇ چاشقانمۇ دانىشمەن. * پازىل پەزىلىتى بىلەن ئەزىز.

ئالىملىق دانىشمەنلىك دانالىق چېۋەرلىك

بىلىملىكلىك، ئالىم-دانىشلارغا ئائىت.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئالىملىق ئازدۇرماس. * دانىشمەنلىكتىن ئۈمىدلەن. * دانالىق ساقالدا ئەمەس، ماقالىدا. * دورا بىلەن داۋالىما، چېۋەرلىك بىلەن داۋالا.

ئالىي يۈكسەك يۇقىرى ئۈستۈن غالىس

دەرىجە جەھەتتىن تۆۋەنىنىڭ تەتۈرى، ئورنى ئادەتتىكىدىن ئاشقان.

ئالىي نىشانغا بارىدىغان يول ھامان ئەگرى-توقاي. جاپا-مۇشەققەتلىك بولىدۇ. * كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ يۈكسەك غايە ھەقىقەتكە يېتىشتۇر. * تىنماي يۇقىرى ئۆرلىگەن يۇقىرىدىن نەپ ئالار. * بىلىم ياخشى، — دېدى پىر ئاتا بىر كۈن، بىلىملىك ئالەمدە ھەممىدىن ئۈستۈن. * شەيتىنى غالىس كەلسە، ئىش غالىب كەلمەس.

ئالۋان ياساق سەيسى سېلىق ئېلىق ھاشار رەپچەت چۇشكۈن

ھۆكۈمەت پۇقراغا سالىدىغان خىراج-باج، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت.

"ھاشار" ئەمگەك كۈچى سېلىقى.

"سەيسى" خەنزۇچە: 差使

يۇرت بولسا، ئالۋان بولمىسا، تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا. * ياتقانغا يان يوق، ئويغانغا ئالۋان. * ياساق ياندىكىلەرگەن يان باسىدۇ. * سەيسى سەلدەك كېلىدۇ. * ھاڭرىمىغان ئېشەككە سېلىق ساپتۇ. * سېلىقتىن قاچساڭ، ئېلىقى بار. * ھاشارغا تۇتۇلغانلاردىن ساق كەلگەنلىرى يەنە ھاشارغا تۇتۇلۇپتۇ.

ئامۇت ئالغان خۇرجۇندەك قاسقانغا تىزغان مانتىدەك

ئوخشىتىش: قاتارلىشىپ، جىم-جىت ئولتۇرغانلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

نېمە بولدى، ئامۇت ئالغان خۇرجۇندەك ئولتۇرۇپ كېتىپسىلەرغۇ. * ئۇلار قاسقانغا تىزغان مانتىدەك جىم ئولتۇرۇشاتتى.

ئامان ئېسەن ئاپىيەت

تىنچ، ساق-سالامەت ئەھۋال.

ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز. * ئىستىسەڭ ياخشىلىق، ئەقىل پاسىبان، قارا بۇلۇتتىنمۇ چىقىسەن ئامان. * ئۆتكەن ئېسىڭدە بولسا، ئېسەن بولىسەن. * ئاپىيەت قەدرىنى مۇسىبەتكە گىرىپتار بولغان بىلەر.

ئامانلىق ئېسەنلىك

تىنچ-ئامان، ساق-سالامەت ھالەت.

ئامانلىق تىلىسەڭ، ئامالىنى قىل. * ئېسەنلىك ئېسىڭدە بولسا، يامانلىقتىن ساقلىنىسەن.

ئامبار كۇفالىڭ ئىسكىلات ساڭ ئاغىلىق

ئاشلىق، مال، نەرسە-كېرەك قويىدىغان، ساقلايدىغان ئۆي.

"ساڭ" ئادەتتە ئاشلىق ساقلايدىغان ئۆينى كۆرسىتىدۇ.

"كۇفاك" كۆپرەك ئىدارە، تەشكىلاتلاردا نەرسە-كېرەك ساقلايدىغان ئۆي. خەنزۇچە: 库房

ئامباردا بولسا، قازاندا بولىدۇ. * كۇفاڭدا كۆن ئالىدىغان چاچقانىدەك. * كىتاب ئال، ئوقۇ، ئۆيۈڭ كىتاب ئىسكىلاتى بولۇپ قالمىسۇن. * ساڭنى ساق ساقلا.

ئامبارچى ئىسكىلاتچى كۇفاڭچى

ئامبار-كۇفاڭنى قارايدىغان كىشى.

ئامبارچى بولساڭ ھەق بول. * ئىسكىلاتچىنىڭ كىمى يوق، ئاخىر بىرىپ ئۈستىدە كىيىمى يوق. * كۇفاڭچى كور بولسا، كۇفاڭ ساق بولامدۇ؟

ئامبال شەنگەن

چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ۋە مىنگونىڭ دەسلىپىدە تاھىيە باشلىقى، ھاكىم.

يول بىلگەن ئامبالدىن قورقمايدۇ. * قوناقلىقتىن چىقمايمەن، شەنگىنىڭدىن قورقمايمەن.

ئامراق خۇشتار مۇشتاق

ياخشى كۆرىدىغان، مېھىر قويغان، ئىشتىياق باغلىغان.

ئۇيقۇغا ئامراق ئاز خاتالىشار. * ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق. * بىرى تاتلىققا ئامراق، بىرى ئاچچىققا خۇشتار. * ئەخمەق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە خۇشتار. * مۇشتاق بولساڭ، مۇشتۇمدىن ساقلان.

ئامراقلىق خۇشتارلىق مۇشتاقلىق

ياخشى كۆرۈش ھالىتى.

ئامراقلىقىڭ كەلسە، ئاۋايلا. * خۇشتارلىق كۈچ ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدۇ. * مۇشتاقلىق يېقىنلىقنى كۈچەيتىدۇ.

ئامما ئام ئاۋام جامائەت ماسسا

كۆپچىلىك ئاددىي خەلق.

ئاممىدىن ئايرىلغان — تۆكۈلگەن غازاڭ. ئاممىغا كەلگەننى تەڭ تارتماق مىسالى توي. * ئاۋام خەلق — دۆلەتنىڭ ئاساسى. * جامائەتتىن ئايرىلغان ئادەم — جاڭگالدىكى بېلىق. * جامائەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشمەك ئەڭ چوڭ بەخت.

ئاممباب ھەممە باب

ھەممىگە لايىق كېلىدىغان، ھەممىگە چۈشىنىشلىك.

نەشرىياتلار خىزمەتلىرىنى پىلانلىغان چاغدا، ئاممباب كىتابلارنى كۆپلەپ چىقىرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

ئان ئەسنا تاپ كەم مەھەل دەم ھامان زامات سات كۆچ

ۋاقىت؛ ئايرىم كەلمەيدۇ، "شۇ"، "بىر" سۆزلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ.

قەيەرگە ئاپتاپ نۇر تۆككىنى ھامان، كېتىدۇ ئۇ يەردىن سايىمۇ شۇ ئان. * شۇ ئەسنادا قەيەرلەردە يۈرىدىغانسىز؟ * شۇ تاپتا ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بەند. * نەكەم بولدى، كەلمىدى يارىم. * گەر كىمدە ئەقىلدىن ئازدۇر-كۆپتۇر بار، ئۆمۈردىن بىردەمنى ئۆتكۈزمەس بىكار. * باغۋەن ئىش پېيىدا بولمىسا بەزەن، باسىدۇ شۇ ھامان ئەتراپىنى تىكەن. * قۇش تۇخۇمىنى باغرىغا باسقان زامات. ھەممەتتە ئۆلۈككە ئاتا قىلار جان. * بىرساتتىن كېيىن تاۋاق تارتىلدى. * بىركۆچ كۆزگىل — بىردەم كۆتكىن.

ئانا ئىنە ئاپا ۋالىدە ئۆگ

بالا تۇغقان، بالىلىق بولغان ئايال؛ ئەڭ قەدىرلىك نەرسىگە تىمسال.

"ئىنە" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

”ۋالدە“ كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ، ھازىر ئىستېمالدىن قالغان، ئارخائىزم.

ئانا مەكتەپ. * ئانا ۋەتەن. * ئانا تىل. * ئانا يېتىم — گۆل يېتىم، ئاتا يېتىم — كۆل يېتىم. * ئاناڭغا رەھمەت. * ئانا كۆرۈپ قىز ئال. * ئانا ئايىغىدا جەننەت بار. * تاپقان ئاناڭ ئەمەس، باققان ئاناڭ. * ئانا بىر قولى بىلەن ئۇرىدۇ، بىر قولى بىلەن سىلايدۇ. * ئاپاڭنى ئايا. * ئاپامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم، بىر تاۋاق كېپەككە ساتىدىكەنمەن. * ۋالدە ۋالىدىن چوڭ، ۋەلىدىن ئۇلۇغ.

ئانىجان ئانىكا

ئانىنى ۋە ئانا قاتارلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئەركىلەپ ئاتاش.

ئانىجان، كۆكسۈڭدىن ئوزۇق ئېلىپ، قولۇڭدا ئۆستۈم، ھەققىڭ تولا، ئادا قىلالمىدىم. * نەگە ماڭلا، ئانىكا، — دېدى يىگىت ئانىنى يۆلەپ.

ئانىسى ئاپىسى

ئېرى خوتۇنىنىڭ ئېتىنى ئاتاشنى تەرگىسە شۇنداق ئاتايدۇ. ئالدىغا باللىنىڭ (باللارنىڭ) دېگەن سۆزنى قوشۇشىمۇ بار. خوتۇنۇم.

ئاپىسى، چاي قاينىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى قاسىم ئاخۇن. * — باللىنىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قېلىۋىدى، شۇنىڭ ھەلەكچىلىكىدە يۈرىمەن، — دېدى ھاشىم ئاخۇن.

ئاھ ھەسرەت نادامەت ئارمان

ئېچىنىشلىق ئۆكۈنچ.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى. * ھەسرەت چەككەندىن مۇشت كۆتۈرگەن ئەلا. * تەبىئەتتىن غۇرۇر كۆتۈرسە باش، ساپ دىلغىمۇ نادامەت بولغاي يولداش. * ئارمىنى يوق ياش، ھەسرىتى يوق قېرى يوق. * ئارمان كۆپ، دەرمان يوق. * تېرىغان خامان قىلار، تېرىمىغان ئارمان.

ئاۋارە سەرسان سەرگەردان ئەلكېزەر بۇرالقى ساندىراق

بىرەر كەسىپ تۇتماي، بىر يەردە ماكان تۇتماي، ئۇ ياق - بۇ ياققا بېرىپ - كېلىپ يۈرگۈچى.

”ئەلكېزەر“ قەشقەر شېۋىسىدە، ”بۇرالقى“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ھەق بولمىغان ھايات ئاۋارە، سەرسان. * ئادەمنى سەرسان قىلغان ئاللانىمۇ سەرسان قىلار. * يار دەردىدە سەرگەردان.

ئاۋارىچىلىق ئاۋارىگەرچىلىك

بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن ئۇشۇقچە شۇغۇللىنىش ھالىتى.

سېۋەتتە سۇ توشۇش — قۇرۇق ئاۋارىچىلىق. * دېڭىزغا بىر پىيالە سۇ قويۇش بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك.

ئاۋۋال ئالدى ئىلگىرى بۇرۇن بالدۇر مۇقەددەم دەسلەپ ئىلىك

بىرەر ۋاقىتنىڭ باشلىنىش رېتى.

ئەرزان بەرگەن ئاۋۋال ساتار. * ئاۋۋال ئويلا، كېيىن سۆزلە. * ئالدى بىلەن ئېتىكىنى تاقىلا، ئاندىن يول ياقىلا. * ئاتا - ئانىنى خارلىغان ئىلگىرى باسماس. * بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈز يامان. * بالدۇر بولسۇن، كېيىن بولسۇن، گۆش بىلەن پىچاق دوست بولسۇن. * ھەر ئىشنىڭ مۇقەددىمىسى بار. * ھەقامسايىنىڭ قىزىنى كۆرۈك، دەسلەپىدە بەردى كۆڭۈل، ئاخىرىدا نازىنى كۆرۈك.

ئاۋۋالقى ئالدىنقى ئىلگىرىكى بۇرۇنقى بالدۇرقى دەسلەپكى

بىرەر ۋاقىتنىڭ باشلىنىش تەرتىپى.

ئىشتىن ئاۋۋالقى ئېھتىياتچانلىق ئىشتىن كېيىنكى سۈرۈشتۈرۈشتىن ياخشى. * ئىلگىرىكىسى ئېسىڭدە بولسا، كېيىنكىسىدە ئازمايسەن. * بۇرۇنقى بۈگۈنكىنىڭ ئەينىكى. * بالدۇرقى ئۇتۇقتىن مەغرۇرلانما، كېيىنكى ئۇتۇقتىن قورق. * دەسلەپكى مۇھەببەت ئۇنتۇلماس.

ئائىت دائىر

ئىش ـ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار.

ئىشقا ئائىت نەرسىلەر تەق بولسا، ئىشىڭ نەق بولىدۇ. * قانۇنغا دائىر ئىشقا سالا لازىم ئەمەس.

ئاي قەمەر

ۋاقىت ھېسابى بىرلىكى. بىر ئاي يىلنىڭ ئون ئىككى بۆلۈكىنىڭ بىرى.

ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ. * ئاينىڭ بېشىدىن قورقۇچە، بەشىدىن قورق. * سەنە قەمەرىيە. * قەمەرىيە كالېندارى.

ئاي قوتانلىماق ئاي تۇتۇلماق

يەر ئايلىنىپ، ئاي بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاندا، ئاي يۈزىدە كۆرۈنىدىغان ھادىسە.

ئاي قوتانلىسا، ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە.

ئاياغ پۇت ئاداق ئازاق

ئادەم ۋە ھايۋاناتنىڭ گەۋدىسىنى تىرەپ تۇرىدىغان يۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان ئەزاسى.

ئاياغ ئاتلىمىسا، ياش يۈگۈرمەس. * ئاياغ تەگدى، بالا تەگمىسۇن. * ئاياغقا تاپسا باشقا يوق. * گۈل بەرگىدە ئۆسسە نازىنىن ئاياغ، ئەھۋالى نىمە بولار تىكەن باسقان چاغ. * پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي. * پۇتىغا ھۆل خىش قويماق. * باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە.

* پۇتى يوغان تاپقىنىنى كىيەر، پۇتى كىچىك تاللاپ كىيەر.

ئاياق چۆچەك كاسا

ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ئىدىش، قاچا.

ئايدا كەلگەنگە ئاياق، كۈندە كەلگەنگە تاياق. * تۆگىنى چۆچەكتە سۇغىرىپتۇ. * بىر كاسا ئاش، بىر قاپاق سۇ ــ كۆرگۈنۈم شۇ.

ئايال خوتۇن قىز ئىشى زەن

ئىنسانلار ئىككى جىنسىنىڭ بىرى، بەدىنىدە ئانىلىق ئۇرۇق يېتىشتۈرەلەيدىغىنى.

ئەقىللىق، تەدبىرلىك بولسا گەر ئايال، قولىدىكى يىڭنىسى يا ئوقى مىسال. * دىل ئارامى ياخشى بولسا گەر خوتۇن، يامان بولسا ئۇندىن خۇدا ساقلىسۇن. * ھەممىلا قىز ياخشى بولسا، يامان خوتۇن نەدىن كەلدى؟ * قىزنىڭ رايىنى ياندۇرۇش ئەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئايالسىز خوتۇنسىز

ئايال ـ خوتۇن بولمىغان.

ئايالسىز ئۆي ئاستىن ـ ئۈستۈن. * خوتۇنسىز ئەرگە خوتۇن تولا، گەپ تولا.

ئايالى خوتۇنى رەپىقىسى يولدىشى خانىمى كۆجىيى

ئەرگە تەگكەن ئايالنىڭ ئېرىگە نىسبەتەن ئاتىلىشى.

ئايالى ئەقىللىق، ئېرى ئىش بىلەر، دېمەك بۇ ئائىلە كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەر. * ئېرى نەدە بولسا، خوتۇنى شۇ يەردە. * ئېرىنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇنى، يەر قىلغانمۇ خوتۇنى. * ــ ئىشچى: رەپىقەم، ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىل، دەپ خاپا قىلىۋاتىدۇ، قانداق قىلسام بولار؟ ــ دەپ سوراپتۇ. خوجايىن: ــ ئىش ھەققىڭىزنى ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى مەنمۇ رەپىقەمدىن سوراپ باقاي، ــ دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ. * يۇنۇسنىڭ يولدىشى يېرىم يولدا قاپتۇ. * خارسىنىڭ خانىمى خاتا قىلماپتۇ.

ئايان مەلۇم روشەن ئايدىڭ ئېنىق

ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالەت.

كۆپچىلىككە ئايانىنى كېلىشتۇرۇپ ئېيتىش قىيىن. * بولىدىغان ئاشلىق كۆكىدىن مەلۇم. * پاكىت تىلىدىن روشەن بولار. * ئىش ۋاقتى كەلسە ئايدىڭ بولار * ئاسماندىكى يۇلتۇزنى ئېنىق كۆرۈپ، يۈزىدىكى قورۇقنى كۆرەلمەپتۇ.

ئايدىڭ ماھتاپ

ئاي يورۇقى يورۇتۇپ تۇرغان پەيت.

ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ، ئون بەشى قاراڭغۇ. * ئايدىڭ كېچىلىرى ئاسفالت كوچىلاردا نىشانىم بىلەن يۈرگۈنۈم ئېسىمدىن زادى كەتمىدى.

ئايروپىلان ئۇچقۇ سامالىيوت

ئۇچۇش قورالى، تۈرى كۆپ، قاتناش ۋە ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ھازىر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، كانچىلىق...دا ئىشلىتىلمەكتە.

ئايروپىلان 1891-يىلى يارىتىلغان. ھازىر 100 يىلدىن ئاشتى. * يېقىندا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك ئايروپىلان ياساپ چىقىلغان. ئۇنىڭ قانىتى بىر يېرىم كۋادرات مېتىر، ئېغىرلىقى 47 كىلوگىرام، ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر، ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 130 كىلومېتىر، ئەڭ تۆۋەن تېزلىكى 42 كىلومېتىر. سائىتىگە 3 لېتىر ماي كېتىدۇ، 30 مېترلىق ئاسفالت يولغا چۈشەلەيدۇ ۋە ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلەلەيدۇ.

ئە

ئەبجەش قوشۇق

ئارىلاشما، ئارىلاشتۇرۇلغان.

ئەبجەش ياغ تەنگە پايدىلىق. * قوشۇق نان تەملىك كېلىدۇ.

ئەبجەقى چىقماق مىجەقى چىقماق

مىجىلىپ ئېزىلىپ كېرەكتىن چىقماق.

ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن نەرسە ئورنىغا كەلمەيدۇ. * گۇم بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، مىجەقىڭ چىقىپ قۇم بولىسەن.

ئەبگار رودۇ رەزگى سوكال

جۇدەپ ھالىدىن كەتكەن، خاراب بولغان.

بىر ئەبگار دىۋانە نان تىلىدى. * رودۇ بىر يىگىت ماڭا سۆز تاشلىدى. * ئۇ قىز بىر رەزگى قىز ئىكەنغۇ! * سوكال يىگىتنىڭ قىزغا يارىمىقى تەس.

ئەبلەخ مەلئۇن يۈزۈت

ئۆتۈپ كەتكەن قەبىھ، ياۋۇز.

ئەبلەخ دوست دۈشمەندىن ياماندۇر يامان، نېمە ھىيلىنى بىلسە ئىش كېتەر ئاسان. * ئۇر، يوقات مەلئۇنلارنى! ۋەھشىي يۈرەك جاسۇسلارنى! * كىشنەۋاتقان ئاتنىڭ كۆزىنى ئويۇۋالىدىغان مەلئۇن.

ئەپ پەم دىت سۇر سۇرۇم

ئەڭ مۇۋاپىق چارە- تەدبىر.

ئەلگەك سوراشقىمۇ ئەپ كېرەك. * ئېپى ئەلسە، سېپى ئۆزىدىن چىقار. * ئېپىنى تاپقان چۇمۇلىنى تاقىلار. * ھەر ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم. * دىتى يوق ئەردىن دىتى بار بالا ئەلا.

ئەپسىز پەمسىز دىتسىز

مۇۋاپىق چارە- تەدبىرى يوق.

ئەپسىز قۇلاق گاس. * پەمسىز پەلەمپەيدىن يىقىلار. * دىتسىز كېلىدۇ دەردى يوق ئادەم، ئۇنىڭدا يوقتۇر ئۆلۈمدىن باشقا غەم.

ئەپەندى جاناب ھەزرەت تەقسىر خوجام ئاچارى

ھۆرمەت ئاتالمىلىرى، كىشى ئىسمىنىڭ كەينىدىمۇ، ئالدىدىمۇ كېلىدۇ، يالغۇز ئۆز ئالدىغىمۇ كېلىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىلەر 1949-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ، ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن قازا تاپقان! * جانابلار، دىققەت قىلىڭلار! * ھەزرەتلىرى، يۇقىرى چىقسىلا. * تەقسىر، كۆرۈنمەيدىلىغۇ. * خوجام، قاچان كەلدىلە؟

ئەپسۇس تەئەسسۇپ

ئېچىنىش، ئۆكۈنۈش.

تىلدا تەكرار زۇۋان بولالمىسا سۆز، جان بولسىمۇ تىرىك قالالماس ئەپسۇس. * ئاجايىپقا تەئەسسۇپ.

ئەپقاچتى گەپ كوچا پارىڭى مىش-مىش گەپ (سۆز) تالانىڭ گېپى

ئاساسسىز، چىققان يېرىنىڭ تايىنى يوق يوقىلاڭ پاراڭلار.

ئەپقاچتى گەپتە يۈگەن بولماس. * كوچا پارىڭى بىئاراملىقنىڭ ئانىسى. * ھاڭۋېقىپ يۈرۈش، مىش-مىش گەپلەرگە قۇلاق سېلىش بىلەن ھەرگىز تولۇق بىلىم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. * ئىدارىدە مىش-مىش سۆزلەر چىقىشقا باشلىدى * تالانىڭ گېپى ئەينەكتىن كېرەر.

ئەپكەش بالداق بەلدەڭ لاڭگۈك

ئىككى ئۇچىغا ئىلمەك، توقۇناق بېكىتىپ، سۇ، ئۇنچە ۋە باشقا نەرسىلەر توشۇيدىغان سايمان.

"بەلدەڭ" قۇمۇل شېۋىسىدە، قوللىنىلىدۇ.

"لاڭگۈك" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئەپكەش كۆتۈرگەن يىگىت بۇلاق بېشىغا كەلدى. * دېھقانلار بالداقلاردا ئۇنچە توشۇدى. * ئات كۆتۈر ياخشى بىلەن، سۇ كۆتۈر بالداق بىلەن.

ئەپيۇن كۆكنار تەرناك

ئەپيۇنگۈلنىڭ غوزىسىنىڭ شىرنىسىدىن ياسىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك.

1840-يىلى لىن زېشۈي گۇاڭجۇدا ئەپيۇن كۆيدۈرگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىغانىدى. * كۆكنارنىڭ كەينىگە كىرسەڭ كارامەت كۆرۈسەن. * باغدادتىن تەرناك كەلتۈرگۈچە، يىلان چاققان ئۆلەر.

ئەتە تاڭلا

بۈگۈندىن كېيىنكى كۈن، كەلگۈسى كۈن.

ئەتە ئەتىسىنىڭ بورىنى چىقار. * ئەتە سەن ئارپىسىغا زار بولماي

دىسەك، بوگون تەر، ئىھتىمال، بۇغداي نان يېسەك. * ئالدىرىماڭ ئاستا كېلەر، تىگمىرقىماڭ تاڭلا كېلەر.

ئەتتەڭ ئىسست خەپ دەرىخ ئاپلا ئاپلاھۇئەكبەر

مودال سۆز: ئەپسۇسلانغان، پۇشايمان قىلغاندا ئېيتىلىدۇ.

ئەتتەڭ، ئۇ كۈنى بارماي خاتا قىلىپتىمەن. * نادانغا ئېيتقان ئىسست سۆزۈم، ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسست كۆزۈم. * ئىسست، ئۇنى ئالغان بولسام بوپتۇكەن. * بىر ئىسستتىن بىر ئەقىل قوشۇلار. * گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار، ساقالنىڭ تېگىدە خەپ. * ئۇنىڭ گېپى يالغانىكەن، خەپ، ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىسەم بولغانىكەن. * ئاھ، دەرىخ، يارىمدىن ئايرىلار بولدۇم. * ئاپلا، بۇ يەرگە كەلمىسەم بوپتۇكەن. * ئاپلاھۇئەكبەر، سۆزۈڭگە كىرمەي، مۇشۇ ھالغا چۈشتۈم.

ئەتراپ ئۆپچۆرە تەگرە

تۆت تەرەپ.

كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ، قۇلاقنى قۇلاققا ياق. * ئەتراپىڭغا نەزەر سال. * ئۆپچۆرىدىكىلەر بىلەن ئىناق بول.

ئەترەت دۈي كوماندا كالوننا

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئادەم ۋە نەرسىلەر توپى.

جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتى. * مۇزىكا ئەترىتى. * ئىشلەپچىقىرىش دۈيى. تەشۋىقات دۈيى. * ۋالىبول كوماندىسى. * ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى ھايۋانات باغچىسىدا مايمۇنلاردىن بىر پۇتبول كوماندىسى تەشكىل قىلىنغان. * ئاپتوموبىل كالوننىسى يولغا چىقتى.

ئەتكەس مەنسۇق

دۆلەت چەكلىگەن، ئېلىش-سېتىش مەنئى قىلىنغان.

ئەتكەس مالنى ئېلىپ-سېتىشتىن ھەزەر ئەيلە. * دۆلەت مەنسۇق قىلغان ئىش-ھەرىكەتنى قىلما.

ئەتكەسچى كونترابانىدىست

ئەتكەس، مەنسۇق قىلىنغان ماللارنى ئېلىپ-ساتقۇچى.

ئەتكەسچى ئېتىدىن ئايرىلار.

ئەتكەسچىلىك كونترباندا

ئەتكەس ماللار بىلەن سودا قىلىش پائالىيىتى، كەسپى.

قانۇن ئەتكەسچىلىككە يول قويمايدۇ.

ئەتلەس شايى

ئۇيغۇر-ئۆزبېكلەر ئۇزاق زاماندىن بېرى توقۇپ كەلگەن نېپىز يىپەك رەخت.

پەس كىشى مال-دۇنيا كۆتۈرمەس بىشەك، ئىشەك ئەتلەس توقۇمى بىلەنمۇ ئىشەك. * ئەتلەس سۇغا چۆكمەس. * شايى كۆڭلەك ئاستىدىكى تولۇق كۆكسى لىغىلداپ تۇراتتى.

ئەتىر بۇيسۇ

خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق، پەرداز بۇيۇمى.

"بۇيسۇ" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئەتىر سوپۇن. * ئەتىر سېپىپ يۇرۇش تەن ئۈچۈن پايدىلىق.

ئەتىياز باھار كۆكلەم ياي

تۆت پەسىلنىڭ بىرىنچىسى، 21-مارتتىن، يەنى نورۇز كۈنىدىن باشلىنىدۇ.

ئەتىياز پەسلى — خۇشاللىق پەسلى، قىش ئازابىدىن قۇتۇلۇش پەسلى. * ئەتىيازلىق تىرىلغۇ. * باھارگۇل. * باھار بايرىمى. * بىر قارلىغاچ كەلگەنىگە باھار بولماس. * كۆكلەم بولدى، مال كۆكلەمگە چۈشتى.

ئەجەب ھەيران تەئەججۈپ ھاڭ ـ تاڭ

غەيرىي ھېس قىلىپ، قىزىقىش.

ئەجەب بىر بالىكەنلا، سەدەپ مونچاقتا ئوخشايلا، كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم، بىۋاپاغا ئوخشايلا. * ھەيران بولدۇم ئۆزۈڭگە، قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، تەڭ تاپماستىن ئۆزۈمگە، ئەمدى يەتتىم مەقسەتكە. * تەئەججۈپ غەيرەتنى بوشاشتۇرىدۇ. * ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدىن كېتەر.

ئەجەبلەنمەك تەئەججۈپلەنمەك ھەيران قالماق ئېسى كەتمەك تاڭ قالماق ھاڭ ـ تاڭ قالماق سونۇرقىماق

غەيرىي نورماللىق، غەلىتىلىك ھېس قىلماق.

"سونۇرقىماق" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئادەم خاتالاشسا ئەجەبلەنمە. * باشتا تەئەججۈپلىنىپ، ئاخىردا ئۆزى بولۇپ كېتىدىغانلارنى جىق كۆردۈك. * ئۆچكە تاشتىن تاشقا سەكرىسە تۆگە ھەيران قاپتۇ. * ئادەم بىرەر ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولسا، چوقۇم ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك نەتىجە يارىتالايدۇ. * ئۇ نازىنىنىنى كۆرۈپ ئېسىدىن كەتتىم شۇ ئان. * تۈنۈگۈنكى كارامەتكە سۈگۈن ھېچكىم تاڭ قالماس. * كۆرۈنگەنىگە تاڭ قالساڭ، كۆپچىلىك ساڭا تاڭ قالار.

ئەجداد جەددى ـ جەمەت ئاتا ـ بوۋا ئاغۇش ئەجۇ

ئادەم، قوۋم، قەبىلە، مىللەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتىسى.

ئەجدادلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش لازىم. توغرا يول ئەنە شۇ. * ئەجدادلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش

ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىرىنچى بەلگىسىدۇر. زالىم ھۆكۈمەت بىرى گۇناھ قىلسا، جەددى ـ جەمەتنى ئازابلىغانىدى. * ئاتا ـ بوۋىسىنى ئۇنتۇش — جىنايەت.

ئەجنەبىي چەت ئەللىك باز

باشقا مەملىكەتلىك كىشى.

ئەجنەبىي ئالۋاستى. * ئەجنەبىيلەرنى چەتكە قاقماسلىق كېرەك. * ئېلىمىزگە باشقا ئەلدىن كەلگەنلەر چەت ئەللىك، ئېلىمىزدىن باشقا ئەللەرگە بارغانلارمۇ ئۇلار ئۈچۈن چەت ئەللىك.

ئەجىر قىلماق ئەمگەك سىڭدۈرمەك تارۇ

ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ چىقارماق، ئىش ـ ئەمگەك قىلماق، سەمىمىي ئىشلىمەك.

ئىش يولىدا بولمىسا، ئەجىرىڭ يوققا چىقار. * جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق، ئەجىر قىلماي دارامەت يوق. * ئەجىر قىلساڭ، لوم يىڭنە بولىدۇ. * بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۇ خېلى جىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

ئەخمەق ھاماقەت گالۋاڭ شەلگا كولدۇر

كاللىسى ياخشى ئىشلىمەيدىغان، قىلىقلىرى ئەسكى.

"شەلگا" قۇمۇل شېۋىسىدە، قوللىنىلىدۇ.

"كولدۇر" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كۆپ ياشغان ئەخمەقتىن يېنىپ ئۆچكەن چاقماق ياخشى. * ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى. * ئەخمەققە توقماق. ئەخمەقنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق. * ئەخمەق دوستتىن ئەقىللىق دۈشمەن ياخشى. * ھاماقەتنى ھارماڭ دېمە، ئۆزى توختايدۇ. * ئەلنىڭ جېنى چىقسا، گالۋاڭنىڭ كۈلكىسى كېلۇر.

ئەخمەقلىق ھاماقەتلىك گالۋاڭلىق

ئەخمەقنىڭ قىلىقى.

ئەخمەق بىلەن سۆزلىشىشكە ئەخمەقلىق كېرەك. * ھاماقەتلىك — كۆلكىلىك. * گالۋاڭلىق قىلساڭ، گېلىڭغا زىيان.

ئەخلەت ئەخلەت-چاۋار ئەخلەت-ئۇخلەت چاۋار-چاتقال لاۋا يام

ئۆي-جاي، ھويلا-ئارام، كوچا-كويلاردىكى تاشلاندۇق، مەينەت، سۈپۈرۈندى نەرسىلەر.

ئەخلەت ساندۇقى. * ئەخلەت ماشىنىسى. * ئىككى خوتۇنلۇق ئۆينىڭ ئەخلىتى تېزغا كېلىدۇ. * نام-ئاتاق، شان-شەرەپ، شاد-خۇراملىق، مال-دۇنيا دېگەنلەر دوستلۇق ئالدىدا ئەخلەت-چاۋاردۇر. * ئەخلەت-ئۇخلەتلەرنى تازىلاش ھەربىر كىشىنىڭ ھەققى ۋە مەجبۇرىيىتى. * چاۋار-چاتقاللار تازىلاپ چىقىرىلمىسا، ئورمان ئوڭشالماس.

ئەدەب ئەخلاق پەزىلەت ئەخلاق-پەزىلەت ئەدەب-ئەخلاق ئەردەم ئەركان ئەھكام مۇرال

كىشىلىك جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇشىنىڭ مىزانى.

ئەدەبتىن ئەلا مىزان يوق. * ئالىيجانابلىق كىيىمدە ئەمەس، ئەخلاقتا. * پەزىلەت بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. * يۇقىرى پەزىلەتلىك دوستى يوق كىشىنىڭ ھاياتى قاراڭغۇ. * ئەخلاق-پەزىلەت — دوستلۇقنىڭ ئاساسى. * ئەدەب-ئەخلاق بازاردا سېتىلماس. * ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەردەم، ئەركان، ئەھكاملىرىنىڭ ھازىرقىغا لايىقراقلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئەدەبسىز بىئەدەب ئەخلاقسىز

ئومۇمىي تۇرمۇش مىزانىغا خىلاپ سۆز-ھەرىكەت قىلغان كىشى.

ئەدەبنى ئەدەبسىزدىن ئۆگەندىم. * ئەدەبسىز مېيىپنى دورايدۇ، ئەدەبلىك مېيىپنىڭ ھالىنى سورايدۇ. * بىئەدەبتە ئىمان يوق. * ئەخلاقسىز گۈزەل — پۇرىقى يوق گۈل.

ئەدەبلىك ئەخلاقلىق پەزىلەتلىك

ئومۇمىي تۇرمۇش مىزانىغا باپ.

ئەدەبلىك — چىرايلىق. * ئەدەبلىكنىڭ كۆڭلى توق. * ئەخلاقلىقنىڭ كۆڭلى خۇش. * ياخشى پەزىلەتلىك تۆرگە چىقار، يامان خۇلقلۇق گۆرگە بارار.

ئەدەبىنى بەرمەك تانابىنى تارتماق ئانا-مانىسىنى كۆرسەتمەك

قىلمىشىغا قاراپ ئەدەبلەپ قويماق، جاجىسىنى بەرمەك.

ئۇلۇغ ۋاڭ خوجام، بۇ تېجىمەللەرنىڭ ئەدەبىنى بەرگەيلا. * ھوشۇڭنى تىپىپ يۈر، تانابىڭنى تارتىپ قويماي يەنە. * كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا، ئانا-ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن.

ئەدەبىنى يېمەك تانابى تارتىلماق

تەنبىھ ئالماق، يامان ئىش-ھەرىكەتتىن تىيماق.

بۇزۇقلار ئەلۋەتتە، ئەدەبىنى يەيدۇ. * يامانىنىڭ تانابى تارتىلماي قالمايدۇ.

ئەر I ئەركەك ئەرەن

ئىنساننىڭ ئىككى خىل جىنسىنىڭ بىرى، ئايال جىنسىنىڭ قارشىسى، بەدىنىدە ئاتىلىق ئۇرۇق ھۈجەيرىسى يېتىشتۈرىدىغىنى. "ئەركەك" يەنە ھايۋانلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەر كىشى. * ئەر خەق. * بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس. * ئەرنىڭ دۈشمىنى ئەركە خوتۇن. * ھەقىقىي ئەركەكنىڭ چۈلۈۋرى بىلەن تىزگىنى ئۆز قولىدا. * ئەركەك قوي، ئەركەك موزاي. * ئەرەن كۆركى ئەقىل.

ئەر II ئەزىمەت ئوغۇل بالا يىگىت خوخەنزە

قاۋۇل ۋە قەيسەر ئەر كىشى.

”خوخەنزە“ خەنزۇچە:好汉子

ئەردىن ئەرگە نەپ. * ئەرنىڭ ئىچىگە ئالەم پاتىدۇ. * ئەل بار يەردە ئەر بار. * ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار، ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار. ئەزىمەت ئەمگەك ئۈچۈن تۇغۇلىدۇ. * ئەزىمەتنىڭ سۆزى — پولاتنىڭ ئۆزى. * ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرىدۇ. * يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن. * تۈتۈنسىز ئوت يوق، نۇقسانسىز يىگىت. * يامۇلنىڭ ياغاچلىرى ئېگىز قارىغاي چەنزە، يامۇلدىن قىچىپ چىققان سادىر ئۆزى خوخەنزە.

ئەرلىك يىگىتلىك ئەزىمەتلىك ئوغۇل باللىق ئوغۇل بالىچىلىق

ئەر-ئەزىمەتكە خاس ئىش-پائالىيەت.

ئەرلىك قىلمىغان ئەر ئەمەس. * ئەرلىكنىڭ تەكتى بىرلىك. * يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك، ھاجىلىققا ھەرەم. * ئەزىمەتلىك — ئەرنىڭ خىسلىتى. * مەرد بول، ئوغۇل باللىق قىل. * ئوغۇل بالىچىلىق ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى.

ئەرباب زات شەخس

يېتىشكەن، تونۇلغان كىشى.

دۆلەت ئەرباپلىرى — دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى. * توغرىلىقتىن كېلەر ھەممە ياخشى ئات، ئەگرىلىكتىن پايدا كۆرمىدى بىر زات. * مەشھۇر زات. * ئالىي زات. * تارىخىي شەخس. * ئۇلۇغ شەخسلەر كەمتەر، ئېھتىياتچان كېلىدۇ.

ئەرجەنزە ئىكەش

ئىككى مىللەت ئارىسىدىن تۇغۇلغان.

ئەرجەنزىدىن ئەر چىقماس، چىقسا قالتىس چىقار. * ئىكەش بالا ئەركە كېلىدۇ.

ئەرچە ئەرەنچە

ئەرگە خاس، ئەرگە مەنسۇپ؛ ئەرلەر پاسونى.

ئەر ئەرچە بولسۇن. * ئەرەنچە ئۆتتۈك ئالدىم.

ئەرزىمەك يارىماق

ماقۇل كۆرۈلمەك.

دانا سۆز تۆگمىمۇ ئەرزىيدۇ. * ئەرزىيدۇ دانا سۆھبىتى جاھانغا، يۈز نادان ئەرزىمەس بىر بۇردا نانغا. * جانغا يارىمىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ.

ئەركە تايتاڭ نايناق غىلجاڭ

خالىغىنىچە ئىش-ھەرىكەت قىلىدىغان، بىباش.

”غىلجاڭ“ ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئەركە ئەر تالىلماس. * ئەركىدىن يىغلىغىنى تۇغۇلار. * قوينى سەركە باشلايدۇ، ئۆيۈننى ئەركە. * باينىڭ بالىسىمۇ ئەركە، كالىسىمۇ ئەركە. * ئاتىلىق بالا تايتاڭ، ئانىلىق بالا نايناق.

ئەركىلىمەك تايتاڭلىماق نايناقلىماق غىلجاڭلىماق

باشقىلارنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ئەتەي ناز قىلماق.

بالا ئەركىلىسە، ئەركىلەتمە. * تايتاڭلىغان تار يولدا قالار. * نايناقلىغاننىڭ كۆزى كۆرمەس.

ئەركىن-ئازادە كەڭ-كۇشادە

ئۆز ئەركى-ئىختىيارى بويىچە، قىسىلماي.

ئەركىن، ئازادە ياشاش ئادەمنىڭ تەلىپى ۋە ھوقۇقى. * ئەزىز مېھمانلار، ئەركىن-ئازادە، كەڭ-كۇشادە ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ساھىبخان.

ئەركىن ھۆر ئازاد

چەك-چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان، ئۆز ئەركى ئۆزىدە بولغان.

زەنجىرلىنىپ توق يۈرگەندىن ئاچ يۈرۈپ ئەركىن بولغان ياخشى. * خارابىدە سۇلتان بولغۇچە، ئەركىن يۈرگەن كونچى بول. * بېگىمگە قوشنا بولساڭ، ئەركىن قۇل بولىسەن. * ھۆر ھۆرمەتكە لايىق. * ئازاد ئادەمگە ئالەم كەڭ.

ئەركىنلىك ئازادلىق ھۆرىيەت

قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھەرىكەت قىلىش؛ "ئازادلىق" بىزدە كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاننى كۆرسىتىدۇ.

ئەركىنلىكنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئەمما سېتىۋەتكىلى بولىدۇ. * جان كەتسە كەتسۇن، ئەركىنلىك كەتمىسۇن. * مەنىۋى ئازادلىق — باشقا بارلىق ئازادلىقنىڭ ئاساسى. * ھايات ھەممىدىن قىممەت، ھاياتنىمۇ قىممەت مۇھەببەت، كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن، ئەركىن-ئازادلىق ئۈچۈن پەقەت. * ھۆرىيەت، مۇساۋات، ئادالەت ياۋروپا دېموكراتلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇلۇغ شوئارى ئىدى. * ھۆرىيەتنى ھېچكىم ساڭا سوۋغا قىلمايدۇ، ئۆزۈڭ تاپ.

ئەرگە بەرمەك ياتلىق قىلماق تالالىق قىلماق

خوتۇن-قىزنى ئەرلىك قىلماق.

ئابلىمىت قارىي قىزى رابىخاننى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرمەيلا مەكتەپتىن توختىتىۋېلىپ ئەرگە بېرىۋېتىپتۇ. * ياتلىق قىلساڭ، ياتقا قىل. * قىزىڭنى تالالىق قىلغاندا ھودۇقما. * تۇرسۇن قادىر قىزىنى تالالىق قىپتۇ.

ئەرگە تەگمەك ئەرگە چىقماق ياتلىق بولماق تالالىق بولماق ئۇچۇپ كەتمەك تۇرمۇشقا چىقماق

خوتۇن-قىز ئەرلىك بولماق.

بىر قىز ئەرگە تەگسە، قىرىق قىز چۈش كۆرەر. * ئەگلەك كۆتۈرگۈچىلىكىڭ بولسا، ئەرگە تەگ. * ئەرگە چىققان ئەر قەدرىنى بىلەر. * يىگىتنى كۆپ تاللىغان ياتلىق بولالماس. * تالالىق بول، تالادا قالما. * ئۇنىڭ قىزى ئۇچۇرۇم بوپتۇ، يېقىندا ئۇچۇپ كېتەرمىش. * يىگىت تۇرمۇش قۇرۇش، قىز تۇرمۇشقا چىقىش خۇشاللىق ئىش، ئاقىۋىتىمۇ خۇشاللىق بولسۇن.

ئەرمەك مەلىكە

ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشكە خىزمەت قىلىدىغان نەرسە، مەشغۇلات.

نەي — پادىچىنىڭ ئەرمىكى. * بالا مەلىكە قىلىشقا ئەپلىك.

ئەرۋاھى ئۇچماق ئەرۋاھى ئۆرلىمەك ئەرۋاھى ئۈركۈمەك

كەيپى بۇزۇلۇپ غەزىپى كەلمەك.

تۇراخان مىتىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئەخمەت قارىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. * ھورۇنلارنىڭ بۇ يېڭى ئىمارەتكە ئەيىب قويۇشى ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى ئۆرلەتتى. * جىسا... دەرسخانىغا كىرىپ ئولتۇرغان باللارنى كۆردى، ئۇنىڭ ئەرۋاھى ئۆرلىدى.

ئەزا مۇچە

بىر پۈتۈننىڭ بۆلىكى؛ بىرەر تەشكىلات، جەمئىيەتكە كىرگەن كىشى.

پارتىيە ئەزاسى. * كومىتېت ئەزاسى. * ھۆكۈمەت ئەزاسى. * سېزىش ئەزالىرى. * جۈملە مۇچىلىرى: ئىگە، خەۋەر، ئەگەشمە بۆلەكلەر.

ئەزمە ئېزىلەڭگۈ گېجەك مىلجەڭ سۆرەلمىپالاس مەددىق

سۆز - ھەرىكەتنى سوزۇپ، ئىنجىقلاپ قىلىدىغان كىشى.

ئەزمىسىنى ئەزمەك. * ئەزمە ئەزمىسىنى ئەزگۈچە، چاققان ئىشىنى پۈتتۈرەر. * ئېزىلەڭگۈ ئەزمىدىن خاپا ئىمىش. * گېجەك ئۈستىدىن ئىلدام گاداي ياخشى. * مىلجەڭ ئادەم سۆز بۇزار، قىڭغىر ھارۋا يول. * مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ، ئەزمىنى خۇدادىن بەزمە يېڭىدۇ. * سۆرەلمىپالاس پايتىمىسىنىمۇ سۆرەپ يۈرىدۇ.

ئەزمىلىك ئېزىلەڭگۈلۈك گېجەڭلىق مىلجىڭلىق سۆرەلمىپالاسلىق

سۇس ھەرىكەت، ئەزمىنىڭ قىلىقى.

ئەزمىلىكتىن بەز. * ئېزىلەڭگۈلۈك ئاچلىقنىڭ ئاساسى. * قېرىنىڭ گېجەڭلىكى — بالىنىڭ ئەركىلىكى. * مىلجىڭ مىلجىڭلىق قىلىپ كۈلكىگە قاپتۇ. * سۆرەلمىپالاسلىق ئىشنى بۇزىدۇ.

ئەس I ياد خاتىرە سەھم

ئۆتكەن تەسىراتنى كاللىدا ساقلاش قابىلىيىتى.

ئانا نەسىھىتىنى ئەستە چىڭ ساقلا. * ئانا، ئېسىمدە، ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ! * يادىڭىزدىدۇ بەلكى، سەن تۇغۇلغان ئان ھەممە كۈلگەنىدى، سەن يىغلىغان: شۇنداق ياشىغىنكى كېتەر چېغىڭدا ھەممە يىغلاپ قالسۇن، سەن ماڭغىن خەندان. * سەن بىلەن بىللە بولغان

خۇشال پەيتلەر ھازىرمۇ خاتىرەمدە تۇرىدۇ. * چىمچىم ئەتتىم چىم بىلەن، كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن، ئېسى - يادىم سەن بىلەن، سەن يۈرۈسەن كىم بىلەن! * ئۇ كەلمەي قالمىسۇن، سەمىگە سەپ قوي.

ئەس II خۇد ھوش

ئادەمنىڭ بىلىش، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى.

ئەس كىرمەك، ئېسى بار، ئېسى يوق، ئېسىنى يىغماق. * ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ. * ئەر قېرىسا كۈچىدىن قالار، خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن. * خۇدى بار، خۇدى جايىدا، خۇدىنى يوقاتماق. * خۇدى يوق ئادەمدىن قورق. * تۆگە بۇغۇزغا كىرسە خۇدىنى بىلمەس. * ھوشى بار، ھوشى يوق، ھوشىنى تاپماق. * قوي قىرقىغاننى كۆرگەن ئۆچكە ھوشىدىن كېتەر.

ئەسەبىي ئىستېرىيە

كەيپى بۇزۇلغان، ئىش - ھەرىكىتى جىددىيلەشكەن.

چىن مۇھەببەت ئەسەبىي نەرسىلەرنى پاكى شەھۋانىي نەرسىلەرنى يىراققا قوغلايدۇ. * جاللاتلار ئىستېرىيىلەرچە ۋارقىرىدى.

ئەسەر ئەمگەك

ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتە يېزىلغان ماقالە، كىتاب.

ئەسىرىڭىزنى ئوقۇپ، ئېستېتىك زوق ئالدىم. * بىزنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىمىز يولداش ژۇنۇن قادىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رەتلەپ توپلام قىلىپ چىقىرىش. * تىيىپجان ئېلىيېۋنىڭ نۇرغۇن ئەمگەكلىرى توپلام بولغان.

ئەستايىدىل قۇنت

ئىخلاس بىلەن ئىشلەش ھالىتى.

ئەستايىدىل ئادەم بىرلا قېتىم خاتالىشىدۇ. * — ئىخلاسمەن ئادەم

ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ. * قۇنت بولمىسا، قۇۋۋەت بولمايدۇ.

ئەستەر ئىچ

كىيىم ـ كېچەكنىڭ، يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئىچ تەرىپى.

ئەستىرىدىن يەۋزى چوڭ. * ئىچى تېشىدىن قىلىشمايدۇ.

ئەستەرلىمەك ئىچلىمەك

ئەستەر، ئىچ تۇتماق.

يوتقاننى ئەستەرلە. * كىيىمنىڭ ئىچى ئىچلىگەندە بىلىنىدۇ.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەسسالام سالام ياخشىمۇسىز تىنچلىقمۇ تازىكەنلا

كۆرۈشكەندە دېيىلىدىغان تەكەللۇپ سۆزلەر.

"ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دېسە، "بەش تەڭگە بەر" دەپتۇ. * ئەسسالام، ــ دەپ ئېگىشىپ سالام بەردى قىز ئاتىسىغا. * بازاردا سالام يوق، نامازدا تەكلىپ. * سالامغا ئىلىك ــ سۈننەت. * ــ ياخشىمۇسىز؟ ــ دېدى يىگىت قىزغا قول ئۇزىتىپ. * تىنچلىقمۇ، ئوبدان تۇرۇۋاتامىلا دەپ تىنچ ـ ئامانلىق سورىشىپ كەتتى ئۇلار. * تازىكەنلا، ــ دېدى تۇرپانلىق دوستۇم كۆرگەن ھامان.

ئەسقاتماق قۇتاتماق ئاش بولماق مال بولماق

كېرەككە كەلمەك، ئىشقا يارىماق.

باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان دوست ــ چىن دوست. * بار، بەرىكە، قۇتاتسۇن. * خوتۇن دېگەن بىلەن ئۆمۈر بويى ئاش بولۇشقا كۆزۈك يەتكەندە تۇرمۇش قۇر. * باقسا مال بولىدۇ.

ئەسكەر چېرىك لەشكەر جەڭچى يىگىت نۆكەر سىپاھ چورا سەرۋاز

ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان كىشى، ئارمىيىنى تەشكىل

قىلغۇچى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خادىم.

"ئەسكەر"، "جەڭچى" ئاكتىپ سۆزلەر، قالغانلىرى پاسسىپ سۆزلەر.

ھەممىلا ئەسكەرنىڭ مارشال بولالىشى مۇمكىن. * بىر چېرىك قوشۇن بولالماس. * لەشكەرنىڭ ھەممىسى بولالماس باتۇر، دەشتتە شىر، بۆرە ھەم قاشقىر باردۇر. * گېنېرال بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان جەڭچى ياخشى جەڭچى ئەمەس. * يىگىت بولساڭ، يىگىتلىكىڭ بىلەن تونۇل * نادان خاننىڭ نۆكىرىمۇ نادان. * سىپاھىنىڭ چېيى تاتلىق بولسا ئەگەر، ئۇندا شان ئەمەس، رەسۋالىق كۆپىيەر.

ئەسلەتمە مەمۇراندۇم

مەسىلىنىڭ پاكىتلىرى ۋە جەريانىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان دىپلوماتىك ھۆججەت.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئا ق ش نىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىگە ئەسلەتمە تاپشۇردى.

ئەسلىمەك يادلىماق زىكىر قىلماق

ئىش ـ ھەرىكەتنى قايتا خاتىرىسىگە كەلتۈرمەك.

كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر. * ئاينى كۆرۈپ، سېنى يادلىدىم. * دائىم سېنى زىكىر قىلىمەن.

ئەسلى ئەزىلى

دەسلەپكى ھالەت، ھەقىقىي ھالەت.

ھەممە چوكان يازدا چوكان، ئەسلى چوكان قىشتا چوكان. * سۇنغان ئەينەك ئەسلىگە كەلمەس. * ئەزىلى بىر ئىككى بولماس.

ئەسۋاب قورال جابدۇق سايمان ئۈسكۈنە دەستگاھ ئەنجام

ئىشلەر ياسىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان ۋاسىتە.

دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مېدىتسىنا ئەسۋابلىرى. * تۆمۈر ئەسۋاب ئىشلىتىلمىسە دات باسىدۇ. * ئىش قورالىڭ ساز بولسا، مۇشەققىتىڭ ئاز بولار. * ھارۋىكەشنىڭ جابدۇقى پۈتمەس. * باغاچتا ياسالغان سايماننىڭ پانا يېمەيدىغىنى يوق. * ئۇستام ئۇسكۇنىلىرى بىلەن ئاۋارە، قۇشناچىم ئۇپا-ئەڭلىكلىرى بىلەن ئاۋارە. * دەستىگاھى پۇختىنىڭ ئىشى پۇختا. * ئەنجام تولۇق بولسا، ئىش پۈتۈن بولىدۇ.

ئەسىر تۇتقۇن بۇلۇت بۇلغۇت

قولغا چۈشۈپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى.

ئىچىڭدە پىنھان بولسا سىرىڭ، ئۇ سېنىڭ ئەسىرىڭ، ئۆزۈڭ ئاڭا ئەسىرسەن قاچان قىلدىڭ ئاشكارا. * ئىران 400 ئىراق ئەسىرىنى ئۆز ئالدىغا قويۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. * مۇھەببەتكە تۇتقۇن بولساڭ، كۆز يېشىڭ قۇرۇماس. * بىز ھەممىمىز تۇتقۇنلارمىز، پەقەت ئايرىملىرىمىزنىڭ قاماقخانىمىز دېرىزىلىك، ئايرىملىرىمىزنىڭ دېرىزىسىز.

ئەسىر دىگەر ئىكىنتى

كۈن پېتىشتىن سەل بۇرۇنقى ۋاقىت.

ئەسىر نامىزى قازا بولىدى. * نامازدىگەردە كەلسىگىن. * ئىكىنتى ۋاقتى يازدا سالقىن ۋاقىت.

ئەش ھەمراھ

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن چۈشىدىغان، ئانىلىق ماتكىنىڭ ئىچىدە بولىدىغان، بوۋاق بىلەن ئانىلىقىنى باغلاپ تۇرىدىغان دومىلاق توقۇلما.

ئەش بوۋاق-تۆرەلمە بىلەن كىندىك ئارقىلىق باغلىنىدۇ. * بالىنىڭ ھەمراھى ۋاقتىدا چۈشمەي، ئايىمخان جىق قىينالدى.

ئەشەددىي مۇدھىش ياۋۇز ۋەھشىي

ئەڭ يامان، قەبىھ، ھايۋان تەبىئەتلىك.

ئاچلىق — ئەشەددىي دۈشمەن. * چاشقاننىڭ نەزىرىدە مۈشۈكتىن مۇدھىش نەرسە يوق. * يامانىنىڭ كۆزىدىن قورقما، ياۋۇزنىڭ سۆزىدىن قورق. * ياۋۇزغا ياخشىلىقنىڭ نۇرى چۈشمەس. * كىشىلەر بىر نىيەتتە كۈچ چىقارسا، ئەڭ ۋەھشىي ھايۋانىمۇ تۇتۇلار.

ئەشەددىيلىك مۇدھىشلىك ياۋۇزلۇق ۋەھشىيلىك

ئەڭ قەبىھ تەبىئەت.

ئەشەددىيلىك ئەركىنلىكنى بوغىدۇ. * مۇدھىشلىك مەنمەنلىك تۇغدۇرار. * ئارسلان ياۋۇزلۇق قىلسىمۇ، ئارسلان پېتى قالار. * ۋەھشىيلىك ۋەھىمە تۇغدۇرار.

ئەشمەك ئۆرۈمەك

يىپلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى بىر-بىرىگە ئۆتۈشتۈرۈپ ئورىماق.

يىپنى ئېشىپ ئارقان قىلساڭ، شىرمۇ قېچىپ قۇتۇلالماس. * ئۇزۇن ئارغامچا بىر باشتىن ئۆرۈلەر. * چېچى ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈلگەن قىز كېتىپ باراتتى.

ئەقەللىي ئەدناسى لائەقەل

ئەڭ ئاددىي، ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئاز.

ئەقەللىي بىر مۈشۈككە بولساڭ مېھرىبان، دېمەك، سالامەتتۇر سەندىكى ئىمان. * دۇكانلار قۇرۇق ئىدى، ئەدناسى يىڭنىمۇ تېپىلمايتتى.

ئەقىل ئىدراك پاراسەت زېھىن بۆگۈش ئۆگ مۇڭ

ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتى.

ئەقىل بىلەن ئەدەب قوشكېزەك، ئەقىل ھەمسەندۇر، ئەدەب

ھۇسەن. * ئەقىل تۇزۇماس، بىلىم خورىماس. * ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا. * كىچىككەن ئەقىل — ئورمىسىدىن كېيىنكى يامغۇر. * بەختلىككە ئەقىلنىڭ نېمە كېرىكى، ئەقلى يوققا بەختنىڭ نېمە كېرىكى. * ئەقىل بىلەن ئىدراك پەقەت ئاڭا يار، پۈتۈن تىلسىز ئالەم پەرمانىغا يار. * ئىدراكقا تولسا گەر ياشنىڭ قەلبى، ھەتتا قىرلاردىن ئۆتىدۇ ئەقلى. * كەپسىزنىڭ پاراستى يوق، غەمسىزنىڭ پاراغىتى. * ئادەمنىڭ زېھنى ئىشلەتكەنسىرى ئېچىلىدۇ، ئىشلەتمىسە تۇتۇلىدۇ.

ئەقىلسىز ئىدراكسىز پاراسەتسىز ئەقلى دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان كاللىسى يوق

ئەقلى يوق، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان.

ئەقىلسىزنىڭ پەمى يوق، گەپ-سۆزىنىڭ تەمى يوق. * ئەقىلسىز باش — جانسىز تەن. * ئىدراكسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ. * پاراسەتسىز پالاكەتكە يولۇقار. * ئەقلىڭىز دۈمبىڭىزگە ئۆتۈپ قاپتۇ، — دېدى شاھ مەخسۇت. * ئۇ ھازىر تاراقلاپ يۈرىدۇ، بىراق ئۇ كاللىسى يوق، دۆت بىرنېمە.

ئەقىللىق ئىدراكلىق پاراسەتلىك زېھنىلىق

ئەقىل-پاراستى بار، ئەقىلغە ئىگە.

ئەقىللىق ھەم ئالدىماس، ھەم ئالدانماس. * ئەقىللىقنىڭ يۈكى ئەخمەقنىڭ بويىندا. * بىر ئەقىللىق باش مىڭ باشنى قۇتقۇزىدۇرار. * ئىدراكلىق بىلەن ئەخلاقلىق بىر-بىرىگە ھەمىشە مۇۋاپىق كېلىدۇ. * پاراسەتلىككە بالا-قازا يولىماس. * زېھنىلىق ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشار.

ئەقىلغە مۇۋاپىق راتسىئونال

ئەقىلغە سىغىدىغان، ئەقىل ماقۇل كۆرىدىغان.

ئىككىنچى قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئەقىلغە مۇۋاپىق تەكلىپلەر ياخشى

بىر تەرەپ قىلىندى.

ئەقلى قىسقا ئەقلى كۈتا ئەقلى كەم كەم ئەقىل

ئەقىل-پاراستى يېتەرلىك ئەمەس.

دەۋر ئۆزگەردى، "خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" دېگەن گەپمۇ ئەمەلدىن قالدى. * ئەقلى كۈتا ئەردىن، ئەقىللىق بالا ئەلا. * ئەقلى كەمدىن ئەقىل سورىما. * كەم ئەقىل ئەقىللىقنى مەنسىتمەس.

ئەكس تەتۈر

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ قارشى تەرىپى.

ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەكس تەرىپى بولىدۇ. * ئوڭنىڭ تەتۈرى، تەتۈرنىڭ ئوڭى بولىدۇ.

ئەكسىچە تەتۈرىچە

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان تۈرىنىڭ ئەكسى تەرىپى، "تېخى، ئۇنىڭ ئۈستىگە" دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ.

يامغۇر ياغماس دەپ ئويلىۋىدىم، ئويۇمنىڭ ئەكسىچە يامغۇر قاتتىق ياغدى. * ئويۇننى قويايلى، ئۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش تۇتايلى.

ئەكسىلئىنقىلابچى كونتررېۋولىيۇتسىئون

ئىنقىلابقا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى شەخس.

ئەكسىلئىنقىلابچىلار ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنى. * ئىلگىرى يۈرگۈزۈلگەن "ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتى"دە نەتىجىمۇ بار، ئېغىشمۇ بار ئىدى.

ئەكسىيەتچى رېئاكسىئون

تەرەققىيپەرۋەرلىككە، ئىنقىلابىي ئىشلارغا قارشى گۇرۇھ ياكى ئۇنسۇر.

ئەكسىيەتچىلەر سوتسىيالىزمغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلدى. * ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرەققىيپەرۋەرلىكنى خالىمايدۇ.

ئەكسىيەتچىلىك رىئاكسىئونلۇق

ئەكسىيەتچىل ئىش - ھەرىكەت.

ئەكسىيەتچىلىك ئىنقىلابىي ئىشلارغا دائىم پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

ئەگەر گەر ئەگەردە ئەگەرچەندە ئەگەركى ئەگەركىم مۇبادا ناۋادا ئابام بىرۇكىيە قالى

شەرت باغلىغۇچىلار: قوشما جۈملىدىكى باش جۈملە بىلەن شەرت بېقىندى جۈملىنى باغلايدۇ.

قىلسا ئەگەر ئىككى جاھىل جېدەل - ماجىرا، ئۈزۈلىدۇ بولسا زەنجىر بۇ ئارىدا. * ئاددىي تاش سۇندۇرسا زەر قاچىنى گەر، تاش داڭقى ئۆسمەيدۇ، كەمسىتىلمەس زەر. * ئەگەردە دۈشمەنگە سەل قارىساڭ، مەغلۇپ بولىسەن. * ئەگەرچەندە يامغۇر ياغمىسا، ئەتە بارىمەن. * ئەگەركى، سەن بارمىساڭ، مەنمۇ بارمايمەن. * ئەگەركىم خامانىنى ۋاقتىدا تەپمىسەڭ، ھوسۇلدىن جەزمەن زىيان تارتىسەن. * مۇبادا تىرناقچە ئىش قىلسا شۇ ئەر، ياخشى ئايال ئۇنى تاغدەك كۆپتۈرەر. * ناۋادا ماختاش ئورۇنسىز بولسا، ئۇ خۇشامەتتۇر.

ئەگەشمەك ئىقتىدا قىلماق

كەينىگە كىرمەك، ئارقىسىدىن بارماق.

نەپسىگە ئەگەشكەن ئەخمەق — پالاكەت تېگىدە ياتماق. * ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا...

ئەگرى ئەگرى - بۈگرى ئەگرى - توقاي قىڭغىر قىيسىق قىڭغىر - قىيسىق سىڭايان قىيا قىيپاش يانتۇ ئەگمەچ ئىلەڭچ قىڭرۇ

تۈز ئەمەس، ھەر تەرەپكە ئېگىلگەن.

ھەممىلا ئەگرى ياغاچ يا بولىۋەرمەيدۇ. * ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى. * ئەگرى فورۇقتا دوناي توقماق. * ئەگرى سۆز باش يارار. * ھاسىڭمۇ ئەگرى - بۈگرىسى بار. * ساياھەتچىلەر چۈشكەن ئاپتوبۇسلار ئەگرى - توقاي تاغ يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. * قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر. * قىڭغىر پۇتاققا ئۆتكۈر پالتا. * قارىغۇغا قىيسىق كۆزمۇ سۇلتان. * قىيسىق بولساڭ، قىرلىنىسەن. * قىيسىققا كەمسىتىپ قارىما، كۆزۈڭگە قادىلار. * قىڭغىر - قىيسىق ياغاچمۇ تۈز كۆيىدۇ. * سىڭايان قارىغانغا تۈز سىڭايان كۆرۈنەر. * قومۇشنى قىيا تۇتما قولۇڭنى كېسىدۇ. * قىيپاش ياغاچ لىم بولماس. * يانتۇنىڭ سايىسىمۇ يانتۇ. * ئەگمەچ تاياق ھاسا بولماس.

ئەگىز سۈيى چېچەك سۈيى

ئەتىيازدا قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇ.

ئەگىز سۈيى ۋاقتىدا كەلدى. * چېچەك سۈيىدىن ئېتىزلار ئوسا قىلىۋېلىندى.

ئەڭ ناھايىتى ئىنتايىن بەك تازا راسا يامان ئەجەب ئاجايىپ قالتىس زەپ غايەت ئۆلگۈدەك

سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسىنى ياسايدىغان دەرىجە رەۋىشلىرى.

ئەڭ مۇشكۇل كەسىپ كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر. * ناھايىتى چوڭ ئىشلارمۇ كىچىك ئىشلاردىن چىقىدۇ. * ئىنتايىن زۆرۈر بولمىسا، ئۇرۇشتىن توختاپ سۈلھ تۈز. * مەردلىك ئەمەس، شەكسىز، جاھىل ھاياجان، يەرگە يىقىلغاننى تەپمەك بەك ئاسان. * بۈگۈنكى ئويۇن تازا قىزىدى. * مېنىڭسىز ئىشلىرى يۈرۈشەر تازا، بىرەر سۆز قىلىشىم ياراشماس ئاڭا. * ئادەمنىڭ راسا كەمتەر ۋاقتى ئۇلۇغلۇقتا تازا

يېقىنلاشقان چېغى. * بۇ بالا ئامان ياخشى بالا ئىكەن. * ئەجەب ياخشى بوپتۇ، بۇرنۇڭغا سۇ كىرىپتۇ. * گادايىنىڭ ئۇيقۇسى ئاجايىپ قاتتىق. * ھايات — قالتىس ھۈنەر. * زەپ چىرايلىق كەلدى باھار. * غايەت زور نەتىجە ياراتساڭمۇ مەغرۇرلانما. * مەن ئۇنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىمەن.

ئەلەس جىرتاق ئالغاي غىلجىق

كۆز ئەيىبناق، كۆز ئىقىسى بىلەن قارىچۇقى غەيرىي نورمال ھالەت.

"غىلجىق" قۇمۇل شىۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قارىغۇلار ئېلىگە ئەلەس پادىشاھ. * جىرتاق جىرتايسا، كۆز تاشلىدى دېمە. * ئۆز خوتۇنىغا جىرتاق ئەر. * ئالغاي قاسساپقا قاراپ، ناۋاينى كۆرىدۇ.

ئەمچەك مەمە مەمەق كۆكسى يېلىن ئەمىگ بۆكسەك

خوتۇن-قىزلار ۋە سۈت ئەمگۈزگۈچى چىشى ھايۋانلارنىڭ سۈت بېزى ئورۇنلاشقان ئەزاسى.

"يېلىن" ھايۋانغا قارىتىلىدۇ.

بالا يىغلىمىغۇچە، ئانا ئەمچەك سالماس. * ئاغزى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر. كىچىك بالا ئەمەسىمەن، "ئەمچەك"نى "مەمە"، "مەمەق" دېگىلى. * نېپىز كۆڭلەك ئاستىدا تولۇق كۆكسى لىغىلداپ تۇراتتى. * ھېچكىم يىلانغا ئۆز كۆكسىدىن جاي بەرمەيدۇ. * يېلىندىكى سۈت ئىچىلمەس.

ئەلچى I ساۋچى ئارقۇچى

ۋاستىچى، ئەر تەرەپ قىز تەرەپكە رازىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن كىشى.

"ساۋچى" ھازىر پاسسىپ سۆز.

ئەلچىگە ئۆلۈم، جارچىغا كۆرۈم. — توينىڭ ئەلچىسى بولغۇچە، باينىڭ غالچىسى بول. * ئەخمەق ساۋچى ئىككى تەرەپنى بۇزار.

ئەلچى II سەپەر پوسول

يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىك ۋەكىل. ئالدىغا "باش" سۆزى قوشۇلۇپمۇ كېلىدۇ.

ئەلچى باتۇر، پالۋان بولۇشى لازىم، دادىل سۆز، بىلىمدان بولۇشى لازىم. * ئەلچى دەخلىسىزلىك ھوقۇقىغا ئىگە. * جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پاكىستان زۇڭتۇڭىغا دۆلەت مەكتۇپى تاپشۇردى.

ئەلچىخانا ساپارەتخانا پوسولىستىۋا

بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر دۆلەتتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ۋەكالەت ئورنى.

جۇڭگونىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى. * ۋېنگرىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى.

ئەلچى كىرگۈزمەك ئادەم قويماق

يىگىت قىزنىڭ ئائىلىسىگە رازىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتمەك.

ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەي دېسەڭ، بىراۋنىڭ قىزىغا ئەلچى كىرگۈز. * قىز بىلەن كېلىشىپ قالغان بولساڭ، ئاتا-ئانىسىغا ئادەم قويۇپ باق.

ئەلگەك (ئەگلەك) غەلۋىر ئۆتكەمە ئەسكۈ

ئۇن ۋە دان تاسقايدىغان ئەسۋاب-سايمان.

ئەلگەككە بېرىپ، ئەرگە تېگىپتۇ. * ئەگلىكى بار، تاسقايدىغىنى

یوق. * غەلۋىردىن ئۆتۈپ، ئۆتكەمدە توختاپتۇ.

ئەلۋەتتە دەرۋەقە تەبىئىي

مودال سۆز: ئىش-ھەرىكەتنىڭ مۇقەررەر، شۈبھىسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئەلۋەتتە، ئۆگىنىۋېرىمەن. * ساختىپەزلىك، دەرۋەقە، يارىمايدۇ، لېكىن ھەممىلا يەردە تۈز كۆڭۈل بولۇۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. * تەبىئىي، بىز مەقسەتكە يېتىمىز.

ئەمەس تۈگۈل

ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ.

بىر ھۈنەر ئىگىسى بولسا ئادەم گەر، ئۇ ئەمەس، كۆرسەتەر ئۈنى شەھۋانە، ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس كۈمۈش، زەر؛ ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۈنەر. * قولۇڭدىن كەلگىنىنى ئەمەس، ياراشقىنىنى قىل. * بۇ ئىشقا سەن تۈگۈل، ئۇمۇ يارىمايدۇ. * دۆلەت بارىدا ئاتىنى كۆرۈڭ، مىڭلى يول يوق، دۆلەت كېتىپ، ئات تۈگۈل، نوختىمۇ يوق.

ئەمەل قىلماق رىئايە قىلماق

ئاساسلانماق، ئىجرا قىلماق.

ھەقىقەتكە بولغان ئەڭ زور ھۆرمەت ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىشتۇر. * ئالىم گەر ئىلمىگە قىلمىسا رىئايە، ئۇ ئۇستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئېشەك.

ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن توغرىسى

قىستۇرما سۆز: ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېرىشىغا باھا بېرىپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇ قۇرۇق گەپ ساتىدۇ، ئەمەلىيەتتە قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

* مۇھەببەت ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشى لازىم، مۇھەببەت ھازىر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. * دۈشمەنگە باش ئەگمە، توغرىسى، دۈشمەنگە دۈشمەن بول.

ئەمگەك مېھنەت پېشانە تەرى

جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن قىلىنغان ئىش، پائالىيەت.

"ئەمگەك" ئاكتىپ سۆز، "مېھنەت" پاسسىپ سۆز بولۇپ قالدى.

ئەمگەك قەھرىمانى. * ئەمگەك نەمۇنىچىسى. * ئەمگەك كۈچى. * ئەمگەك سۇغۇرتىسى. * ئەمگەك كۈنى. * ئەمگەك سىجىللىقى. * ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى. * ئەمگەك ئوبيېكتى. * ئەمگەك ۋاستىلىرى. * ئەمگەك پسىخولوگىيىسى. * ئەر ئەلگە ئەمگىكى بىلەن تونۇلار. * ئەمگەك جاننىڭ لەززىتى. * مېھنەتنىڭ تېگى راھەت. * ساقلىنى ساتقان قېرىدىن مېھنىتىنى ساتقان بالا ياخشى. * ھەممە بايلىق پېشانە تەرىدىن كېلىدۇ.

ئەمگەكسىز مېھنەتسىز

ئىش-ئەمگەك قىلماسلىق، مېھنەتتىن قېچىش ھالىتى.

ئەمگەكسىز ئويۇن-تاماشا — تۈزسىز بولكا. * مېھنەتسىز ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۆمرۈڭگە ھېسابلىما.

ئەمگەكچى مېھنەتكەش

ئەمگەك-مېھنەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

"مېھنەتكەش" ھازىر پاسسىپ سۆز.

"1-ماي" خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى. * ئەمگەكچىلەر بايلىق ياراتقۇچىلاردۇر. * مېھنەتكەش جاھان ئەھلىنىڭ ئەڭ زور كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئەمگەك كۈچى ئىش كۈچى

ئادەمنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتى، ئەمگەك قابىلىيىتى بار ئادەم.

ئالتۇن تاغ يېزىسىدا 208 ئەر ئەمگەك كۈچى، 180 ئايال ئەمگەك كۈچى، 18 يېرىم ئەر ئەمگەك كۈچى، 9 يېرىم ئايال ئەمگەك كۈچى بار.

ئەمما لېكىن بىراق ۋەلېكىن شۇنداق بولسىمۇ

قارىمۇقارشى باغلىغۇچى، قوشما جۈملىدە ئالددىي جۈملىلەرنى باغلايدۇ، بۇ باغلىغۇچىلار بىلەن كەلگەندە بۇ جۈملە ئالدىنقىسىغا قارشى كېلىدۇ ياكى باشقىچەرەك بولىدۇ.

ئىنسان ئۆلىدۇ، ئەمما خەلق ياشايدۇ. * بۆرە كۆل رەڭ تۈسكە كىرىشى مۇمكىن، لېكىن ئاق كۆڭۈل بولالمايدۇ. * نان كۆپەيدى، ئابروي كېمەيدى، بىراق يوقچىلىق خارلىقتىن كۆرە ياخشىراق. * جاندىن كېچىش ئاسان ۋەلېكىن جان دوستتىن كەچمەكلىك قىيىن. * كۈچ-قۇۋۋەتتىن قالدىم، شۇنداق بولسىمۇ ئىشتىن توختىمىدىم.

ئەمىسە ئۇ ھالدا ئۇنداق بولسا

باغلىغۇچى: قوشما جۈملىدە ئالدىنقى شەرت جۈملىنى باش جۈملىگە باغلايدۇ.

ئىش پۈتتى، ئەمىسە، قايتايلى. * دۈشمەن يېڭىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا، بىز تېخىمۇ زور تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. * دوستلار ئويناپ، كۈلسۇن، ئۇنداق بولسا، مەن شادلىنىمەن.

ئەن كەڭلىك

رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ توغرىسى.

ئېنى كەڭ خەسە كىرلىككە ئەپلىك. * كەڭلىكى چوڭ بولسا، ئۇزۇننىڭ ئۆلچىمى قىسقىرىدۇ.

ئەنئەنە ترادىتسىيە توقۇ

دەۋرلەردىن داۋام قىلىپ كەلگەن، ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي ئامىل.

ئىنقىلابىي ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىش — ياشلارنىڭ بۇرچى. * مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسى.

ئەندىزە قېلىپ ئاپقۇت تېز مودېل ياڭ

مەلۇم شەيئىنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى ياكى قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ نۇسخىسى.

سوتسىيالىزمنىڭ ھەممە ئەلگە باپ كېلىدىغان ئەندىزىسى يوق. * ئۆتنىگە لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت. * ئاندىن قىڭغىر توغۇلغاننى تېزگە سالساڭمۇ تۈزەلمەس.

ئەندىشە تەشۋىش ۋەھىمە بۇلغاش

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە قىلىنغان ئوي، غەم.

ئەندىشىنىڭ بىر ئېتى قورقاق. * خاتىرجەم بولار پېقىر ۋە دەرۋىش، پۇل بىلەن ئۇلغىيار خىيال، تەشۋىش. * ۋەھىمە باسسا ئۇيقۇ قاچار.

ئەنسىرىمەك ئەندىشە قىلماق غەم يېمەك ۋايىم يېمەك ئۆمسۈرۈن بولماق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە قاتتىق ئويلانماق.

ئەنسىرىگەن ئارماندا قالىدۇ. * قوغۇنلۇقتىكى قارانچۇق ئەندىشە قىلمايدۇ. * جەڭدە ئۆز بېشىدىن غەم يېگەن ئىنسان، ئۆزگە باشنى قولغا كىرگۈزگەن قاچان. * ئادەمنى غەم يەيدۇ، تۆمۈرنى نەم. * ئىش

ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ. ۋايىم يېمە. * ئۇ ئۆمۈرۈن بولۇپ ئۆيدىن قېچىپتۇ.

ئەنزە دېلو

"قىزىل تاغ" باج پونكىتى 30 مىڭ يۈەنلىك باج يوشۇرۇش ئەنزىسىنى پاش قىلغان. * مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى زور خىيانەت ۋە ئەسكىلىك قىلغىنى ئۈچۈن مەخسۇس دېلو بېكىتىپ تەكشۈرۈلدى.

ئەنقا سۇمۇرغ ھۇما مادا قىقنۇس

ئىسمى بار، جىسمى يوق ئەپسانىۋى ئۇلۇغ قۇشلار.

پايانسىز بىلىملەر سەندە مۇجەسسەم، ئەنقادىن بۈيۈكرەك ئاددىي ياشاڭ ھەم. * دۆلەت قۇشى قونسا چىۋىن بېشىغا، سۇمۇرغ كېلەر كۈندە قېشىغا. * ھۇما — كۈچ-قۇدرەتنىڭ تىمسالى. * مادادىن پاختەك ئەلا. * قاغا بالىسىنى قىقنۇس ھېسابلايدۇ.

ئەنقانىڭ تۇخۇمى تېپىلماسنىڭ خورمىسى

تېپىلمايدىغان نەرسە، بەك كەم نەرسىگە تەمسىل.

بىرۋاقىتلاردا توخۇ تۇخۇمىمۇ ئەنقانىڭ تۇخۇمى بولۇپ كەتكەنىدى. * ئال بۇ نېمەڭنى، تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى؟!

ئەھمىيەت ئېتىبار قەدىر-قىممەت تۇگان

ئىجابىي رول، ئاكتىپ مەنە.

ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، غەم-قايغۇدا، شاد-خۇراملىقتا ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشتا. * ئېتىبار قوشقان ھەسسىدىن كېلىدۇ. * قەدىر-قىممەت دۇنيا ئۈچۈن قىممەت يارىتىشتا. * ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى قانداق تۆھپە ياراتقانلىقىدا. * تۇگانى يوق.

ئەھمىيەتسىز ئېتىبارسىز قەدىرسىز

ئىجابىي رولى يوق، ئاكتىپ مەنىگە ئىگە ئەمەس.

ئەھمىيەتسىز ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەن كىشى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. * ئېتىبارسىز قالساڭ، ۋەھىمە يېمە. * قەدىرسىز قاچان بولسىمۇ قەدىرسىز.

ئەھمىيەتلىك ئېتىبارلىق قەدىرلىك قىممەتلىك

ئىجابىي رولغا، ئاكتىپ مەنىگە ئىگە.

ئەھمىيەتلىك ئىش — مەنىلىك ئىش. * ئېتىبارلىق ئادەم ھۆرمەت كۈتمەس. * قەدىرلىك قەدىرگە يەتكەن كىشىنىڭ. * قىممەتلىك قىممىتىگە يارىشا بولىدۇ.

ئەۋرىشكە نۇسخا نومۇنا

ئۈلگە قىلىنغان بۇيۇم.

ئەۋرىشكىنى كۆرۈپ مال ئال. * نۇسخا ھەممىدە بار. * ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارنىڭ نومۇناسى كۆرسىتىلدى.

ئەۋرىشىم ئېلاستىك

نازۇك، ئېگىلىشچان، يۇمشاق.

ئەرنىڭ كۆڭلى ئەۋرىشىم.

ئەيمەنمەك ھېيىقماق تەپ تارتماق قىسىنماق تارتىنماق تۇرقىنماق تورقۇقلانماق

ئادەم ياكى نەرسىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىپ قورۇنماق.

پادىشاھنى كۆرگەن بەگدىن ئەيمىنەمدۇ؟ * ھوشىيار، مەرد كىشىگە جاھان تار ئەمەس، تۈلكە ئاۋازىدىن ھېيىقماس يولۋاس. * كىمكى دۇچ كەلگەندە خەۋپ ۋە خەتەر، تەپ تارتمىسا، شۇ جاھاندا

مۆتىۋەر. * تارتىنغانغا ئاش تەگمەس.

ئەيلىمەك ئاشلىماق

تېرىنى پىشۇرماق، پىششىقلىماق.

تېرە ئەيلەش ھۈنەر تەلەپ قىلىدۇ. * تېرە ئاشلا، ياماﻧلىقنى تاشلا. * ئاشلىغان تېرە ئېچىمايدۇ.

ئەۋلاد جەمەت نەسىل ئۇرۇق تۇخۇم پۇشت بوغۇم تويگۈن تۆل

بىر ئاتا-بوۋىدىن تارقالغان.

ياخشى ئىستىلنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇش كېرەك. * ئەقىللىق بالا ئۆستۈرسەڭ، ئەۋلادىڭ ئابروي تاپار. * جەمەت جەمەتكە تارتىدۇ. * نەسلىنى قۇرۇتماق. * ئۇرۇق مىللەتنىڭ دەسلەپكى شەكلى. * ئەر تۇخۇمنى يوقاتماس. * يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك.

ئەينەك كۆزگۈ سىردىچقا

پارقىراق تۈز ئەينەكتىن ياسالغان، سىمانى كۆرگىلى بولىدىغان سايمان.

سەتلىككە ئەينەك ئەيىبلىك ئەمەس. * سەنئەت — ھاياتلىقنىڭ ئەينىكى. * تۇزۇغان گۈل شېخىغا چىقماس، سۇنغان ئەينەك ئەسلىگە كەلمەس.

ئەيش-ئىشرەت كەيپ-ساپا

شەھۋانىيەت ۋە ئىچكۈلۈك بىلەن ئېلىنىدىغان لەززەت، پاراغەت.

شاھ ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلسە، ئەلنى ئاپەت باسىدۇ. * ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىش — ئەقىل-ئىدراكنىڭ ھالاك بولغانلىقى. * كەيپ-ساپا مۇقەررەر ھالدا چاك-چېكىدىن بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەۋەسنى چۈشكۈنلەشتۈرۈشتۇر.

ب

باپ ئۇيغۇن مۇۋاپىق لايىق ماس

دەل جايىدا، ئېشىپمۇ كەتمىگەن، كېمىپمۇ قالمىغان. تازا جىپسا، ياپسا.

باپ كەلگەن ئىشتا پايدا بار. * ئۆتكەندىكى تەجرىبىنىڭ ھازىرغا ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. * ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتىنى تېجەش بىلەن باراۋەر. * مۇۋاپىق پەيتتە مۇۋاپىق ئىش قىلىش — ئۇلۇغ سەنئەت. * مۇناپىق دوستلۇققا ئەمەستۇر لايىق؛ مۇناپىقنى مۇناپىق بىل، مۇناپىق. * لايىقىدا بولغان ئىشتا بەرىكە بار. * سۆزۈڭگە ئىشىڭ ماس كەلسۇن.

باپلىماق جايلىماق

ئەدىپىنى، جاجىسىنى بەرمەك.

ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن باپلا. * ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن، سېنى جايلار ھەر باب بىلەن.

باتنىماق ياماﻧلىماق ئۆپكىلىمەك قىيىدىماق چاپان چۆرۈمەك چاپاننىڭ پېشىنى قاقماق تەتۈر قارىماق سىڭايان قارىماق

نارازى بولۇپ قارىماي يۈرمەك.

باتنىغاننىڭ نېسىۋىسىنى باشقىلار يەر. * ياماﻧلىغان ئابدالىنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان. * ئىگىسىگە كېرەك بولسا، قوشنىسى ئۆپكىلىمەس. * كۆپتىن قىيىداپ كۆنەلمەي قاپتۇ. * ئۇ چاپان چۆرۈپ چىقىپ كەتتى.

* چاپىنىڭنىڭ پېشىنى قاققىنىڭ بىلەنمۇ ئىش پۈتمەيدۇ. * تۇرسۇن نېمە بولدىكىن، تەتۈر قاراپ يۈرىدۇ. * سىڭايان قارىغانغا سان يوق.

باتۇر قەھرىمان قەيسەر جەسۇر مەرد غەيۇر بۆكە توڭا تىغراق قاغىز مىراۋۇل قىنىم كۇر يىلپاغۇ ئالپاغۇت

ئەقلىي-جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن، خەۋپ-خەتەر، ئۆلۈم-يېتىم، قىيىنچىلىق-ئېغىرچىلىقتىن قورقمايدىغان شەخس.

خەلق باتۇرى. * بارغا باتۇر. * باتۇر بولسا بالىسى، يايراپ كېتەر ئانىسى. * كۈرەش قەھرىمانى. * ئەمگەك قەھرىمانى * ئۆز بۇرچىنى ئورۇنلاۋاتقاندا جېنىنى ئايىمىغان ئادەم ھەقىقىي قەھرىمان. * قەيسەر قارىغاي سوغۇققا پەسەنت قىلمايدۇ. * ئازابنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ زور كېلىشمەسلىك دەپ قارايدىغانلار جەسۇر بولالمايدۇ. * جەسۇر ئادەم ئۆز ھېسسىياتىغا قۇل بولمايدۇ. * مەردنى مەيداندا كۆر. * غەيۇر يىگىت زوراۋاندىن قورقمايدۇ.

باتۇرلۇق قەھرىمانلىق قەيسەرلىك مەردلىك جەسۇرلۇق جاسارەتلىك غەيۇرلۇق توڭالىغ

باتۇر-قەھرىماننىڭ ئىش-پائالىيىتى، خىسلىتى.

ئۆلۈمگىمۇ باتۇرلۇق كېرەك. * باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەن يىگىتكە ئانىسى يىغلىماس * قەھرىمانلىق بىلەكتە ئەمەس، يۈرەكتە. * قەيسەرلىك بەختكە باشلايدۇ. * تەقدىرمۇ قەيسەرلىكنى قوللايدۇ. * مەردلىك — مەرھەمەتلىك ئىش. * جەسۇرلۇق ئۇلۇغ خىسلەت. * جەسۇرلۇق زوراۋانلىقنى يېڭەر. * ئەقىللىقنىڭ جاسارەتلىك بولۇشى ناتايىن. * ئىشنى غەيۇرلۇق بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

باخشى داخان پېرىخۇن

كېسەلنى دۇئا-تەكبىر، سېھىر-ئەپسۇن بىلەن داۋالىغۇچى.

باخشى داۋالايدۇ، داۋالىغىنى گۆرگە ماڭىدۇ. * كېسەل "جان" دەيدۇ، داخان "نان" دەيدۇ. * پېرىخۇننى پېرىدە كۆر. * پېرىخۇننىڭ دېپى پېرىلىسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ.

بادرا ۋاسا چەنزە

ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق ياغاچ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى.

"چەنزە" خەنزۇچە: 椽子

بادرىنىڭ تالادىكى بېشى بالدۇر چىرىيدۇ. * ۋاساجۇپ تورۇس چىرايلىق بولىدۇ. * يامۇلنىڭ ياغاچلىرى ئېگىز قارىغاي چەنزە، يامۇلنى تېشىپ چىققان سادىر ئۆزى خوخەنزە.

بار مەۋجۇت

يوقنىڭ تەتۈرى، ئەمەلىيەتتە تۇرغان، يوقالمىغان؛ ھازىر بار.

بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە. * بارنى ئايىماي، يوققا كايىماي. * بارنى تەڭ كۆرمىز. چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە. * ئۆچمەس نام ئەخلاق بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بارا-بارا بارغانچە بارغانسېرى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ دەممۇدەم ئىلگىرىلىشى.

كۈن بار-بارا ئىسسىپ قالدى. * سوغۇق بارغانچە كۈچەيدى. * تۇرمۇش بارغانسېرى ياخشىلانماقتا.

بارچە ھەممە پۈتۈن ھەممىلا پۈتكۈل بارى بار-يوقى بارلىق جىمى

ئېنىقلاش ئالماشلىرى، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ئېنىقلايدۇ.

بايرام بارچىنىڭ، توي تېگىشلىكنىڭ. * ھەممىنى بىلمەن دېيىش

بىرنىمۇ بىلمەسلىك. * ھەممە ئىشقا پەم كېرەك، ئۆتۈككە چەم. * ھاياتنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى ئىجادىيەتتۇر. * ھەممىلا تۇخۇمدىن چۈجە چىقىۋەرمەيدۇ. * ھەممىلا ئەگرى ياغاچ يا بولىۋەرمەيدۇ. * ئاتاقلىق ئۇسسۇل رېژىسسورى ھاجى راخمان ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى ئۇيغۇر خەلق ئۇسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىغان. * موللا ھوشۇرنىڭ بارى شۇ. * بار-يوقى بىر بالام — باش-كۆزى تاز بالام. * بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۈنگە موھتاج. * جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن، سەندىن ئۆزگە يارىم يوق.

بارماق پەنج ئەرڭەك

قولنىڭ، پۇتنىڭ ئۇچىدىكى بەش تارماق

بارماق ۋەزنى. * بارماقچىلىك. * بەش بارماق تەڭ ئەمەس. * بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. * بەش بارماقنى ئېغىزغا تەڭ تىققىلى بولمايدۇ. * يىرتقۇچنىڭ پەنجىسىنى كەس، ئاۋايلا، باسمىسۇن نەس. * ئۇلۇغ ئەرڭەك — باش بارماق. كىچىك ئەرڭەك — چىمچىلاق.

باركاللا بەللى ھايھاي ئاپىرىن تەھسىن ھۇششەرە يارايسەن ئوغۇل بالا سەللامنا

مودال سۆز: گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتنىڭ ياخشى ئورۇنلانغانلىقىغا خۇش بولۇپ، رەھمەت-تەشەككۇر ئېيتماقچى بولغاندا دېيىلىدۇ.

”سەللەمنا“ قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىدۇ.

قۇلنى باركاللا ئۆلتۈرەر. * ”بەللى“ دېسە، بەلىدىن تۇتۇپتۇ. * ھايھاي، قالتىس ئىشلەپسىلەر. * ئۇنىڭ ئەقلىغە ئاپىرىن. * ئۇنىڭ مەردلىكىگە ھەممە تەھسىن ئوقۇدى. * ھۇششەرە، ئەجەب ياخشى قىلىپسەن. * يارايسەن يىگىت، قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن. * ئوغۇل بالا، ئىشنى شۇنداق پۈتتۈرۈپسەنكى، ھەممە قايىل بولدى.

بازارغا سالماق كوزا-كوزاڭ قىلماق پەش قىلماق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى دەستەك قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ماختانماق، ئۇنى داملىماق.

كىچىككىنە مۇۋەپپەقىيەتنى تاپسا، سالىدۇ بازارغا. * ئۆزەڭدە يوق نەرسىلەرنى زىننەت قىلىپ بىكارلا كوزا-كوزاڭ قىلدىڭ. * ئۇ دائىم ساقلىنى پەش قىلىدۇ.

بازارلىق سارقىت زەللە

بازاردىن ۋە توي-تۆكۈندىن بالا-چاقىلىرىغا ئەكەلگەن نەرسە.

بالىلار بازارلىققا ئامراق. * تويماستىن سارقىت ئاشماس. * تۆرنى ئالغان ھېساب ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساب. * موللام سەللىسىگە ئىشىنىدۇ، قۇشناچىم زەللىسىگە.

باسما مەتبەئە

خەت-سۈرەتلەرنى قۇيما ھەرپلەر بىلەن تىزىپ، ماي سۈرتۈپ قەغەزگە چۈشۈرۈش سەنئىتى.

تەييارلانغان ماقالىلار باسمىغا بېرىلدى. * مەتبەئە ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زاماندىلا پەيدا بولغان. * مىسخ مەتبەئە سەنئىتى ياۋروپاغا ئۇيغۇرلاردىن تارقالغان.

باش باشاق

بەزى زىرائەت ۋە كۆكتاتلارنىڭ ھوسۇلى.

باش پىياز. * بۇغداي باش ئاپتۇ. * باشاق ساتماي، چاناق سانا.

باش كاللا

ئادەم ۋە ھايۋان بەدىنىنىڭ كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن

قاتارلىق ئەزالار ئورناشقان قىسمى.

باش ـ شىراق. * ھەر باشمۇ دوپپىغا ئەرزىۋەرمەيدۇ. * باشقا كەلگەندە باش قاشلاپتۇ. * كاللا ـ پاقالچاق. * كاللا دېسە، پاقالچاق دەپتۇ. * ھەر كاللىدا بىر خىيال، تاز كاللىدا مىڭ خىيال.

باش ئەگمەك تىز پۈكمەك بويسۇنماق بوي بەرمەك ئانقىتماق يىنچۇرمەك

ئىتائەت قىلماق، ئەل بولماق.

ياۋاش باش ئەگمىگەن يەردە، سەن تىزىڭنى پۈكمە. * تىز پۈكۈپ ياشىغاندىن ئۆرە تۇرۇپ ئۆلگەن ئەلا. * زالىمغا بويسۇنما. * بويتاققا بوي بەرمە.

باش بارماق باشمالتاق

بارماقلارنىڭ بىرىنچىسى.

ئۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ، "يارايسەن" دەپ قويدى. * باشمالتاق باش ئاغرىتماس.

باش تارتماق بويۇن تولغىماق

بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنى قىلىشنى رەت قىلماق.

ئەگەر ئۆمەك پۇل چىقىرىشتىن باش تارتسا، ئۇنىمۇ ئۆزۈم ھەل قىلىمەن. * ئۇ ئانىسىنىڭ گەپلىرىگە بويۇن تولغىماي، قۇلاق سالىدىغان بولدى.

باش قۇر يېڭى يول قۇر بېشى

يېزىقتا ماقالە ۋە ئەسەرلەرنىڭ ھەربىر ئابزاسى باشلانغان قۇر.

باش قۇردىن باشلا. * يېڭى يولدىن يېزىلغان جۈملە. * قۇر بېشى بىر ئابزاسنىڭ باشلىنىدىغان يېرى بولۇپ، ئابزاس خاس مەزمۇنغا ئىگە.

باشتا دەسلەپتە

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ باشلانغان ۋاقتىدا.

باشتا ئۇتقان كۆل ئۇتار؛ كېيىن ئۇتقان پۇل. * دەسلەپتە ئۇ يىغسا بىلىم، تەجرىبە؛ كەينىدىن ھەممىنى ئىشقا سالار، ئەلۋەتتە.

باشتىن بوران ـ چاپقۇنلارنى ئۆتكۈزمەك باشتىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمەك جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىماق

كۆچمە: تۇرمۇشتا ھەر خىل جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى كۆرمەك.

بۇ يىللاردا باشتىن نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلارنى ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلىك بولۇپ قالدىم. * بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن كىشى تۇرمۇشنىڭ يولىنى بىلىدۇ. * جاھاننىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان بۇ بوۋاي ئالدىرىماي ـ ئاسقىماي سۆزلەيتتى.

باشقا ئۆزگە بۆلەك ئادىنقۇقا

ئۆزىدىن غەيرىي، ئۆزگە يات.

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىنى شىر چاغلا. * ئۆيى باشقىنىڭ مۈڭى باشقا. * ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي. * نېمىشقا لازىم ئۆزگىگە تايانماق، ئۆزگىگە تايىنىپ تەستۇر جان باقماق. * تۇتۇنى بۆلەكنىڭ تۆشۈكى بۆلەك.

باشقىچە بۆلەكچە ئۆزگىچە

ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىدىن غەيرىي، ئايرىم تەرزدە.

باشقىچە يول تۇتۇش كېرەك. * ئەلدىن بۆلەكچە بولساڭ، ئاۋايلا. * ئۆزگىچە تۇرمۇش كەچۈرۈش تەس.

باشلانغۇچ ئىپتىدائىي

دەسلەپكى، تۆۋەن دەرىجىلىك.

باشلانغۇچ مەكتەپ. باشلانغۇچ جامائە. * بىز سوتسىيالىزمنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. * ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆملىشىپ ياشىغان.

باغ باغچا بۇردۇز چۈغ

گۈل - گىياھلىق، مېۋىلىك ۋە دەل - دەرەخلىك جاي. "باغچا" مەخسۇس ساھە بويىچە، كىشىلەرنىڭ ساياھەت، تاماشا قىلىشىغا تەييارلانغان جايىنى كۆرسىتىدۇ.

باغنى باقساڭ، باغ بولار، پاتمان - پاتمان ياغ بولار. * بېغى بارنىڭ تېغى بار. * ئىستىراھەت باغچىسى. * خەلق باغچىسى. * ھايۋانات باغچىسى. * ناباتات باغچىسى. * دورا ئوت بىلەن زەھەرلىك ئوت بىر باغچىدا ئۆسىدۇ.

باغاق تەكلىپنامە زەپىسكا

توي ياكى چايغا چاقىرىپ ئەۋەتىلگەن قەغەز.

سوپىغا باغاق كەتمەس، كوسىغا تاغاق. * تەكلىپنامە تەگمىسە بارما.

باغلىماق بوغماق تاڭماق چىرمىماق تۈگمەك قوشاقلىماق چىگمەك ماتىماق

يىپ، تانا، ئارغامچا قاتارلىقلار بىلەن قاتتىق ئورىماق.

بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن. * بويىنىدىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس. * پېتىۋاتقان كۈننى بوغقىلى بولمايدۇ. * يۈكۈڭنى تاڭ، تاڭ ئاتقاندا ماڭ. * چىرمىغانغا چىدىمىساڭ، چىنەككە چىدا. * بۇ ئاپامنىڭ تۈگكەن تۈگۈچى. * قوزىلارنى قوشاقلاپ قوي. * چىگىدە چىگكەننى چەدو بىلەن يەش. * ئۇ دۈشمەننى ماتاپ تاشلىدى.

باغۇبوستان باغۇباراڭ

مېۋە - چېۋە، قوغۇن - قاپاق چىقىدىغان يەر.

ئوت - چۆپ يوق باغۇبوستان يوق. * باغۇ باراڭ قىل، باغۇباراڭدا يايرا.

باقلاجان جاڭدۇ

ئوتياشىنىڭ بىر خىلى، ئۇزۇنچاق ۋە سەل ياپىلاق بولىدۇ.

قوغۇن پىلىكىدىن باقلاجان چىقماس. * جاڭدۇ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، 100 گرام جاڭدۇدىن 27 كالوكىلورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

باقماق كۈتمەك قارىماق خەۋەر ئالماق پەرۋىش قىلماق ئىگىتمەك

تەمىن ئەتمەك، ئۆستۈرمەك.

تايىنى باقساڭ تۇلپار بولار، بۆرە باقساڭ كۈلپەت كەلتۈرەر. * ئالتە كۈن ئاچ قالساڭمۇ ئىتىڭنى باق. * مېھماننى كۈت، بەرىكە تاپ. * مېھماننىڭ ئۆزىگە قارىغۇچە، ئىتىغا قارا. * ئاتا - ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش — بالىنىڭ بۇرچى. * ئېتىزلاردىكى زىرائەتنى پەرۋىش قىل، ھوسۇلغا تەييار تۇر.

بال ھەسەل مىر

ھەسەل ھەرىسى گۈللەرنىڭ شىرنىسىدىن ياسايدىغان تاتلىق نەرسە.

ئاغزىدىن بال تېمىپ تۇرىدىغان، ئىچىدە ئوغا قاينايدىغان. * ھەسەلنىڭ ھەرىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى. * تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر.

بالا پەرزەنت كەنج

ئادەم ۋە ھايۋاندىن تۆرەلگەن ئەۋلاد.

"پەرزەنت" ئادەمگىلا خاس.

ئاقمايدۇ بالا ئالدىدا ئاتا سۆزى "ھالۋا يېمە" دېسە ئۆزى يەپ تۇرۇپ. * بالا يىغلىمىغۇچە، ئانا ئەمچەك سالماس. * بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن. * بالىنى بىر تاپىسەن، ئىككى باقىسەن. * بالىنىڭ بالىسى بالىدىن تاتلىق. * قارغا: بالام ئاپپاق، كىرپە: بالام يۇمشاق. * پەرزەنت كۆرمىگەنمۇ يىغلار، پەرزەنتى يامانمۇ يىغلار.

بالىسىز پەرزەنتسىز

بالىسى يوق، پەرزەنت كۆرمىگەن.

بالىسىزنىڭ مېلى ھارام كېتىدۇ، ئىمانسىزنىڭ جېنى. * پەرزەنتسىز ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ ئەتىۋارى يوق.

بالىلىق پەرزەنتلىك

بالىسى، پەرزەنتى بار، بالىسى، پەرزەنتى كۆپ.

بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار. * پەرزەنتلىك ئاتا-ئانا بەختلىك.

بالىلار باغچىسى يەسلى

ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن.

ئۈرۈمچى قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى — نەمۇنىلىك ئورۇن. * يېزا ئىگىلىكىنىڭ قاتىلاڭچىلىق چاغلىرىدا مەھەللىلەردە ۋاقىتلىق يەسلى قۇرۇلدۇ.

بالا-چاقا بالا-بارقا

بىر ئۆينىڭ ئوغۇل-قىز ھەممە بالىلىرى.

ئەگەر پاك، مەرد بولساڭ، بالا-چاقاڭغا مال-دۇنيا قالدۇرما، قالدۇرغىن ئىپپەت. * بالا-بارقاڭغا گۈزەل ئەخلاقتىن مىراس قالدۇر.

بالا قازا بالا-قازا ئاپەت كۈلپەت ئادا بۇگاد قاتىغلىق

تەبىئىي ۋە سۇنئىي ھالدا يۈز بېرىپ، ئېغىر زىيان يېتىدىغان

قىيىن ئەھۋال.

خۇدا دېگەن يەردە بالا يوق، شال تېرىغان يەردە پولۇ. * ئۆزى چىقتى تالاغا، مېنى قويدى بالاغا. * ئەقىللىق مىڭ قازادىن قۇتۇلار، نادان بىر بالاغا تۇتۇلار. * بەختتىن بالا-قازا يۈگۈرۈك. * بالا-قازا قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا. * ئاپەت كۆرمەي دېسەڭ ھوشيار بول. * يامان خوتۇن جاننىڭ ئاپىتى. * تۈلكىگە ئۆز تېرىسى ئاپەت كەلتۈرەر. * ئاپەتنىڭ كەينىدە ئامەت بار. * كىم ئەگەر ئۆسكەنىكەن نازۇنېمەتتە، ھالى ئېغىر بولار قالسا كۈلپەتتە.

بالاغەتكە يەتمەك ئەر يەتمەك بويىغا يەتمەك ۋايىغا يەتمەك يېشىغا يەتمەك رەسىدە بولماق بوي يەتمەك

ئوغۇل-قىزلار جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلمەك.

سەن بالاغەتكە يەتكۈچە، ئەقلىڭ كامالەتكە يەتسۇن. * ئەر يەتكەن يىگىتتىن ھەزەر ئەيلە. * بويىغا يەتكەن قىزدا ئوي تولا. * ئوغلۇڭ ۋايىغا يەتسە، ئابرويۇڭ جايىغا يېتىدۇ. * يېشىغا يەتكەننىڭ بېشىنى ئوڭلا. * قىز رەسىدە بولسا، رەستىگە يۈگۈرىدۇ. * بويىغا يەتكەن بويىدىن بىلىنەر.

بالكون لياڭتەي كرات

قەۋەتلىك بىنانىڭ سىرت تەرىپىگە چىقىرىلغان تەكچىسى، سەگدەش، يىراقلارغا قاراشقا ئاتالغان.

ئۆينىڭ بالكونىدىن يىراققا قاراپ تۇرغان تۆت قىز توساتتىن بىزگە قارىدى. * لياڭتەيگە بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ نەرسە قويۇش كوچىلارنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. * لياڭتەيگە كىر يايماڭ.

بالىخانا مەنزەر

ئىككى قەۋەت ئادىي ئۆينىڭ ئۈستىنكى قەۋىتى.

بالىخانىغا باي خوتۇن چىقمىسۇن. * مېھمانىنى مەنزەرگە باشلا،

مەنزىرىنى تاماشا قىلسۇن.

بانان شاڭجياۋ بارا

ئىسسىق-تروپىك جايلاردىن چىقىدىغان مېۋە، ئۇزۇنچاق، سەل ئەگمەچ، تاتلىق بولىدۇ، ئوزۇقلۇق ماددىسى كۆپ.

بانان تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، 100 گرام باناندىن 90 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

باندىت باسمىچى قۇيرۇچۇق

قوراللىق ئوغرى-قاراقچى، بۇلاڭچى.

"قۇيرۇچۇق" قازاقچە، ئالتاي شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

باندىتلار پاراكەندىچىلىكىدىن **ساقلىنىش** ئۈچۈن، باندىتلارنى يوقىتىش ئەڭ ياخشى چارە. * باسمىچىنى **بويىدىن** باغلا.

باھا نەرخ-ھاۋا خۇن قاق

مالنىڭ پۇل بىلەن ئالماشتۇرۇلىدىغان قىممىتى.

باھا سىياسىتى. * باھانى بازار قويار. * ئانىسى ماختىغان قىزنىڭ باھاسى ئاشماس. * بازار نەرخى. * ئەرزان بىلەن قىممەتنىڭ بازاردا چىققان نەرخى بار. * قېچىرنىڭ نەرخى بىلەن بۆرىنىڭ نېمە كارى. * بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەھسۇلاتلارنىڭ نەرخ-ھاۋاسى بازارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. * سېتىلماس ئاتنىڭ خۇنى قىممەت.

باھاسىز باھاسى يوق بىباھا ئالتۇنغا بەرگۈسىز

باھا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغان.

كىتاب باھاسىز گۆھەردۇر. * بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق، بىلىمسىزنىڭ ساپاسى. * گۈزەل ئەخلاق — بىباھا گۆھەر. * ئالىم — ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت.

باھانە سىلتاق ئاغىي

ئورۇنسىز سەۋەب، ئۆزرە.

ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە. * دەل چۈشكەن باھانە ئىشقا يارار. سىلتاق بەزىدە ئۆتۈپمۇ قالىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي پاش بولىدۇ. * ئاغىي ئاقمايدۇ.

باي غەنىي دۆلەتمەن ھاللىق بارلىغ باياغۇت يايبارام

نۇرغۇن مال-دۇنياغا ئىگە كىشى.

باي بايغا باقار، سۇ سايغا. * بايدىن بالا-قازا قورقار. * باينىڭ ئالدى تار، كەينى كەڭ. * باي قەيەردە، ۋاي شۇ يەردە. * غەنىينىڭ غېمى كۆپ. * دۆلەتمەن دۆلىتى بىلەن خار. * ياز گادايىنىڭكى، قىش ھاللىقنىڭكى. * ھاللىق بولساڭمۇ ھال تارتما. * بارلىغ ئەر — باي كىشى، قول-ئىلكىدە بار كىشى.

باي دېھقان قۇلاق

كۆپ مىقداردا يەر ئىگىلىگەن، ئۆزى مۇھىم ئەمگەككە قاتناشمىسىمۇ، يېرىنى كىشى ياللاپ تېرىدىغان ياكى ئىجارىگە بېرىدىغان دېھقان.

يەر ئىسلاھاتىدا باي دېھقانلارنىڭ ئوشۇق يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنغانىدى.

بايا باياتىن بايام ھېلى ساي ساياتىن تىمەن

سۆز بولۇۋاتقان چاغدىن سەل بۇرۇن.

"ساي"، "ساياتىن" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

بايا كەلسەم، يوق ئىكەنسىز. * باياتىن بولغان سۆز-چۆچەك ھەممىنى ئەندىشىگە سالدى. * بايام ھېلىلا كەپكەتتى. * بۇ يەردە ئوغرى يوق، ھېلى قويغان ھېلى يوق. * ساي تۇرۇپ تۇرسىلا، ھازىر

چىقىمەن. * ساياتىن بۇ يەردە جىق ئادەم تۇراتتى. * تىمىن كەلدىم — بايا كەلدىم.

بايان ئىزھار

ئۆز قارىشى، پىكرى ۋە مەيدانىنى، تىلەك - ئارزۇلىرىنى ۋە باشقىلارنى سۆز بىلەن بىلدۈرمەك.

”قىلماق“ بىلەن پېئىللىشىدۇ.

تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق. * مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتا كۆز ئېغىزدىن چاققان.

بايانات ئاخبارات

زور ئىشلارنى ئومۇمغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن چىقىرىل ھۆججەت، ئېلان.

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىمىز بايانات ئېلان قىلىپ، ئا ق ش دۆلەت مەجلىسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. * 1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بېيجىڭدا جۇڭگو - ۋيېتنام بىرلەشمە ئاخبارات ئېلان قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

بايراق ئەلەم تۇغ سانجاق ئورۇڭ شەدە چۆكمە

دۆلەت، ئارمىيە ۋە تەشكىلاتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى.

دۆلەت بايرىقى. * قىزىل بايراق. * پارتىيە بايرىقى. * كومپارتىيە بايرىقىنىڭ بەلگىسى ئوغاق - پالتا ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى كۆرسىتىدۇ. * يا ئەلەمدە يوق، يا قەلەمدە. * بۈگۈن بايرام، يىغىندا تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

بايراقدار بايراقچى

كۆچمە مەنىدە: بىرەر سىياسىي - ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ

يېتەكچىسى، باشلامچىسى.

لۇشۈن — جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى ئىدى. * بايراقچى سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەككى، بۇ ئارقىدىكىلەرگە ئىلھام ۋە مەدەت.

بايرام ھېيت ئايەم پېستىۋال

مۇھىم تارىخىي ۋەقە ياكى چوڭ ئىشلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن خۇشاللىق بىرىدىغان كۈن.

”ھېيت“، ”ئايەم“ دىنغا ئالاقىدار بايرام.

دۆلەت بايرىمى. * خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى. * توي تېگىشلىكنىڭ، بايرام بارچىنىڭ. * قۇربان ھېيت. * روزى ھېيت. * ھېيتتا خوتۇن ئالما، قاراڭغۇدا ئوتۇن. * ئايەمدە ئايلىنىپ يۈرمە. * ئايتىللا دۇنيا ياشلار پېستىۋالىدا ئالتۇن مېدال ئېلىپ، بىزگە شەرەپ كەلتۈرگەن.

بايراملىق ھېيتلىق ئايەملىك

بايرام، ھېيت - ئايەملەردە ئىشلىتىدىغان ياكى بولۇپ تۇرىدىغان.

باقى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى. * دادام ھېيتلىق بەردى. * ئايەملىك نەرسە - كېرەكلەر تەييارلاندى.

بايلىق كان خەزىنە

قىممەتلىك نەرسىلەر.

”كان“ يەر ئاستى بايلىقىغا قارىتىلىدۇ.

”خەزىنە“ توپلانغان بايلىققا قارىتىلىدۇ.

ئەقىلدىن ئارتۇق بايلىق يوق. * ھارام بايلىق قولدا تۇرماس. * ساقلىقىم — بايلىقىم. * بايلىق قاچقاننى قوغلايدۇ، قوغلىغاندىن قاچىدۇ.

* بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز كانغا باي. * بۈگۈن بازارنىڭ ئاۋات ئىكەن، خەزىنە توپلا ياخشىلىقتىن سەن.

بەت سەھىپە ۋاراق غەرەك

كىتاب، ژۇرنال، خەت-ئالاقىلەرنىڭ ھەربىر يۈزى.

”غەرەك“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تەبىئەتنىڭ ھەربىر بېتى چوڭقۇر مەزمۇن بىلەن تولغان كىتابتۇر. * كىتابنىڭ بىر بېتىنى ئوبدان ھەزىم قىلىش پۈتۈن كىتابنى ئالدىراپ ئوقۇپ چىقاندىن ئەلا. * ئادەم ھايات تارىخىنى يېزىشتا ئەھمىيەتلىك سەھىپىلەرنى كۆپەيتىشى كېرەك. * ئۇن ۋاراقنى ئوقۇغاندىن بىر ۋاراقنى چۈشەنگەن ئەلا.

بەتخەج ئىسراپخور

پۇل-مال، نەرسە-كېرەكنى ئورۇنسىز خەجلەپ، بۇزۇپ-چاچىدىغان.

بېخىل ئاتىنىڭ ئوغلى بەتخەج بولار. * ئىسراپخور دۆلەت پۇلى بىلەن مەردلىك قىلىدۇ.

بەتخەجلىك ئىسراپچىلىق

ئورۇنسىز خەجلەش، بۇزۇپ-چېچىش قىلىقى.

بەتخەجلىك — بەتبەختلىك بىلەن بىر مەندە. * ئىسراپچىلىق نەدە، پېشانىسى تەرلىمىگەن ئەردە.

بەتقىلىق بەتخۇي قىلىقسىز چۇتۇر

خۇي-پەيلى، قىلىقى سەت، يامان.

بەتقىلىقتىن بەتتەر نېمە بار؟ * بەتخۇينىڭ بېتى قارا. * قىلىقسىزنىڭ قىلدەك قىلىقى قىرىق كۈنگىچە كۆڭۈلدىن كەتمەس. * چۇتۇر كىشى — بەتخۇي كىشى.

بەتنىيەت قارا نىيەت

نىيىتى يامان، نىيىتى بۇزۇق.

بەتنىيەت قاراپ قالار ئاقىۋەت. * بەتنىيەتنىڭ يولى تار. * قارا نىيەتنىڭ قارىسىنى كۆرمەي. * قارا نىيەتنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

بەتىنكە شىبلىت

كۆن-خۇرۇملاردىن تىكىلگەن قىسقا قونچلۇق ئاياغ.

بەتىنكىنى ئۆتۈكماي بىلەن مايلاپ تۇرساڭ، ھەم چىرايلىق، ھەم چىداشلىق بولىدۇ.

بەخت سائادەت تەلەي ئىقبال قۇت ئامەت دۆلەت ئۇراز بۇيان قاۋۇت قوۋى قۇۋ قىۋ ئۆلگۈ

كىشىنى ھۇزۇر، ھالاۋەتكە يەتكۈزىدىغان ھالەت، كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش.

دۇنيادا ئىستىسەڭ بەخت ۋە سائادەت، قىلغىن سەپداشلار دىدارىنى ئادەت. * بەخت باتۇرغا بولۇشار. * بەخت نەگە بارىسەن؟ دوقا ماڭلايغا. * سائادەتنىڭ يولى بىلىم بىلەن ئېچىلار. * كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ * تەلەيدە بوك-بوك. * تەلەيگە ئىشەنگىلى بولماس. * بىر كىشى ئۈچۈن پەقەت بۇ ھۈنەر ئىقبال ئىشىكىنى ئاچار مۇقەررەر. * قوناق كەلدى — قۇت كەلدى. * ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ. * ئامەت ئۆگدىن كەلسە، تەلەي دۆگدىن كېلەر. * دۆلەت قۇشى قونماق. * قېلىنلىق — يېرىم دۆلەت. * ئوشۇق دۆلەت باشنى يارماس. * بىلىڭدە بار قۇۋۋىتىڭ قىلغىن غەيرەت، مۇشۇ ياشلىق زامانىڭ كاتتا بىر دۆلەت.

بەختسىز بەختى قارا بەتبەخت تەلەيسىز بىتەلەي ئۇلگۇسىز بىرتىچ

بەختى-تەلىيى يوق، بەخت-تەلەيدىن مەھرۇم، بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلمىگەن.

خەقنى بەختسىز قىلغاننىڭ ئۆزىمۇ ياخشى كۈنگە قالمايدۇ. * بەخت ئىچىگە بەختسىزلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. * بەختىڭ قارا بولسا بولسۇن، كۆڭلۈڭ قارا بولمىسۇن. * بەتبەخت بولماي دېسەڭ، بەختىڭنى ئاسرا. * تەلەيسىزنىڭ سېڭىغا بۇغداي قويسا، ئارپا چىقار. * تەلەيخان تەلەيسىز بوپ قاپتۇ. * بىتەلەيگە سۇ كەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ. * بىتەلەي تالقان يېسە، قارنىدىن بوران چىقىپتۇ.

بەختسىزلىك تەلەيسىزلىك

بەختسىز بولۇپ قالغان ھالەت.

بەختسىزلىكتە نۇرغۇن تەسەللى ۋە ئۈمىد ئارىلاشقان بولىدۇ. * بەختسىزلىك كىشىگە مەردلىك سوۋغا قىلىدۇ. * ئەڭ چوڭ تەلەيسىزلىك — بىلىمسىزلىك.

بەختلىك تەلەيلىك سائادەتمەن دۆلەتمەن بەختىيار ئۇلگۇلۇك

بەختى بار، بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەن، تەلىيى كەلگەن، بەخت-تەلەي يار بولغان.

بەختلىككە يۇرتىنىڭ ھەممىسى بەختلىك كۆرۈنەر. * تەلەيلىك تەردىن بىلىنەر. * سائادەتمەن ئادەم شەھۋانىيەتكە بېرىلمەس. * تېنى ساق ئادەم — دۆلەتمەن ئادەم. * كىمنىڭ ياخشى نامى قالسا يادىكار، ئەرزىيدۇ دۇنيادىن كەتسە بەختىيار.

بەرپا ئەھيا بىنا

پەيدا قىلماق، تۆرەلمەك.

"قىلماق"، "بولماق"لار بىلەن پېئىللىشىدۇ.

كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغاننى ھەم، ئىلىم بىلەن بەرپا قىلىدۇ ئادەم. * ئىدىيە يېڭى ھاياتنى بەرپا قىلىدۇ. * ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ھەر ۋاقىت يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشتۇر. * ئورمان ئەھيا قىلىش خەلققە بەخت يارىتىشتۇر.

بەرىبىر ئوخشاش

ھەرقانداق ئەھۋالدا يەنىلا شۇنداق.

يورۇسۇن-يورۇمىسۇن، ئاي، بەرىبىر، ئاي. * ھېكمەت نەدە بولسا بولسۇن، بەرىبىر، ھېكمەت. * سالامەت بولساق، نەدە بولساق ئوخشاش.

بەز بىزار

زېرىكىش، يالتىيىش تۇيغۇسى.

ئۆيدىن بەزسەڭمۇ، ئەلدىن بەزمە. * ئاتىسى تۇرۇپ ئوغلى سۆزلىگەندىن بەز. * سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل. * دىل تازاردىن خۇدا بىزار. * ئاكا-ئۇكىنىڭ ئازارى بولسىمۇ بىزارى يوق.

بەزمە باراۋەت مەشرەپ مىلىس ئولتۇرۇش سۇغدىچ

دوستلار، قۇرداشلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي-زىياپەت، ئويۇن-تاماشا.

"باراۋەت" تەڭ پۇل چىقىرىپ، باغ-باراڭلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. "مىلىس" قۇمۇل شېۋىسى، "مىلىس" ئولتۇرۇشى قۇمۇلدا بولىدۇ.

بەزمە كۈنى ياشلار سېپىدە كۆيلە، ئەمما ئىش تەدبىرىنى قېرىدىن ئىزلە. * باراۋەت بولسا، شاراپەتمۇ بولار. * بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە. * بۈگۈنكى مىلىس كۆڭۈلدىكىدەك بولدى.

* ئولتۇرۇشتا چىرايلىق ئولتۇر، ئويىنا - كۈل، يە - ئىچ، قورساقنى تولدۇر.

بەزلىمەك پەپىلىمەك ئەركىلەتمەك

بىراۋنى ياخشى سۆز - ھەرىكەت بىلەن خاتىرجەم قىلماق، تەسكىن تاپتۇرماق.

كۆيگەن كىشىنى بەزلىسەڭ ھەر چاغ، ھەر سۆزۈڭ قويىدۇ ئوت ئۈستىگە ياغ. * پەپىلىسەڭ، پەم بىلەن پەپىلە. * ئەركىلەتسەڭ ئىتىڭگە سىيىدۇ.

بەزى بەزىبىر گاھىبىر

كۆپىنىڭ ئايرىم بۆلۈكى.

سىرتىدىن كۆرۈنمەيدۇ ھەر نەرسىنىڭ ئىچى ھەم، بەزى تاتلىق نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زەھىرى بار. * بەزىسىگە كۈلگۈم كېلىدۇ، بەزىسىدىن ئۆلگۈم. * بەزىبىر كۈنلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، بەزىبىر كۈنلىرىڭنىڭ كۆتىگە تېپەي. * گاھىبىر ئىشنى ۋاقتى كەلگۈچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ.

بەزىدە بەزەن گاھى گاھىدا ناگاندا

ۋاقىتنىڭ ئايرىم قىسمى.

بەزىدە ھەسەلمۇ ئاچچىق تېتىيدۇ. * ئادەم بەزىدە ئازىدۇ، ئات بەزىدە مۈدۈرىدۇ. * ئاپتاپ قانچىلىك بولسىمۇ روشەن، بىر پارچە بۇلۇتمۇ يوشۇرىدۇ بەزەن. * گاھى خۇدا بىلەن رۇسۇل، گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل. * كامالەتكە يەتكەن ئادەممۇ گاھىدا خاتالىشىدۇ. * ناگان - ناگاندا كەلسەڭ، جاي - جايىدا كۈتىدۇ. * ناگان - ناگاندا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەس I كۈپايە بولدى بولار

ئىش - ھەرىكەتنىڭ يېتەرلىك بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئادەم پەقەت ھۆسنى بىلەن گۈزەل ئەمەس، ئادەملىك جەۋھىرى بىلەن گۈزەل، بەس. * ئەقىللىققە ئىككى ئېغىز سۆز كۈپايە. * بولدى، يېتەرلىك بولدى. * بولار ئەمدى، دەيدىغاننى دەپ بولدىڭىز.

بەس II مۇنازىرە بەس - مۇنازىر مۇباھىسە مۇجادىلە دەتالاش تالاش - تارتىش تىل ئۇرۇشى

مۇخالىپىنىڭ پىكىر - قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ پىكىر - قاراشلىرىنى قويۇپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىقلاش پائالىيىتى.

"دە تالاش"، "تالاش - تارتىش" ئېغىز تىلىدا كېلىدۇ.

بەس تالاشماق. * مۇنازىرە — ھەقىقەتنىڭ ئانىسى. * پاكىت بەس - مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. * مۇباھىسە چىرايلىق بولسا، نەتىجە ئوبدان بولىدۇ. * مۇجادىلە بىر - بىرىگە يول قويمىغاننىڭ نەتىجىسى. * دەتالاش بولسا بولسۇن. ئۇرۇش - تالاش بولمىسۇن، * تالاش - تارتىشنىڭ كۆركى — كېلىشىم. * زەمبىرەك ئىشقا چۈشكەندە، تىل ئۇرۇشى توختايدۇ.

بەسلەشمەك مەنلەشمەك باغلاشماق مەردەملەشمەك

شەرت قويۇپ، بىرەر نەرسە تىكىپ، ۋەدىلىشىپ ئۇتۇق تالاشماق.

"مەردەملەشمەك" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بەسلەشسەڭ، بەسلەش، قېنى كىمنىڭ ھارۋىسى سۇناركىن. * قاغا بۇلبۇل بىلەن بەسلىشىپتۇ. * ئۇلار مەنلىشىپتۇ، ئاخىر بېرىپ سەتلىشىپتۇ. * باغلاشساڭ بەلبېغىڭنى باغلا.

بەك قاتتىق پىششىق چىڭ مۇستەھكەم مەھكەم پۇختا مەزمۇت تىغراق

چىداشلىق، ئۆزاققا تۆزىدىغان.

يەپ تۇر، بەك تۇر. * ھەممىگە بېرىلمەي، بىرنى بەك تۇت. * دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر، كالتىكىڭنى ئايىما. * ھەممە ئىش قولدىن كېلىدىغان كىشى بىرەر ئىشنىمۇ پىششىق بىلمەيدۇ. * ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما. * مۇستەھكەم ئىرادە بولغاندا، ئۇلۇغ ھايات بولار. * قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس. * ئۇلى مەھكەم بولسا، ئۆيمۇ مەھكەم بولىدۇ. * ئۆزى پۇختىنىڭ ئۆستىڭى يۇقىرىغا ئاقار. * ئوننى چالا بىلگەندىن بىرنى پۇختا بىلگەن ياخشى. * خىيالىڭ يۈكسەك نىيەتلىك بولسۇن، ئىشىڭ پۇختا ۋە مەزمۇت بولسۇن.

بەكە قەلەمتىراش

يانچۇققا سېلىپ يۈرىدىغان كىچىككىنە پىچاق.

ئالما سويىمەن بەكە بىلەن، ئوتتۇن يارىمەن كەكە بىلەن. * قەلەمتىراش يېنىڭدىن يوقالمىسۇن. * خوتۇن كىشىدە يىڭنە بولمىسا، ئەر كىشىدە قەلەمتىراش بولمىسا، ئىشىنىڭ تۈگىگىنى شۇ.

بەگ خوجا تۆرە

بىرەر يۇرتنىڭ ھوقۇقدارى، ئاقسۆڭەك.

بېگىڭگە يەتكۈچە، بىلىڭنى ئۇشۇتاي. * ھۈنەرسىز بولغاچقا قانچىلاپ خوجا، ئامالسىز قالماقتا قۇللار ئالدىدا. * تۆرىدىنمۇ ئاشپەز توق. * تۆرىنىڭ ئىتىمۇ تۆرىچە ھۈرىدۇ.

بەلدەم ئوتغۇچ

ئېتىزلاردا ئوت ئوتايدىغان ئەسۋاب، كىچىك كۈرەك.

بەلدەم تۇتقان قولۇڭدىن كەتمەن تۇتقان قولۇمغا ماغدۇر كىردى.

* ئوتغۇچنى ئال، ئوتاققا بار.

بەلباغ پوتا چاكانىياغلىق قىيىقچا قۇر قوشاق

بەلگە كېيىمنىڭ ئۈستىدىن باغلايدىغان، رەختتىن، چىگىدىن ياسالغان بۇيۇم.

”بەلباغ“، ”پوتا“ رەختتىن قىلىنىدۇ، ئۇزۇن بولىدۇ.

”چاكانىياغلىق“، ”قىيىقچا“ تۆت چاسا بولىدۇ، گۈل-كەشتە بېسىلىدۇ.

”قۇر“، ”قوشاق“ چىگىدىن قىلىنىدۇ.

يولدا تېپىۋالغان بەلباغ يولدا چۈشۈپ قالىدۇ. * يېتىمنىڭ ئاتىسى يوق، بېلىدە پوتىسى يوق. * ئاقسۇنىڭ يولى باغلىق، بېلىمدە چاكانىياغلىق، مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم، سېنىڭ كۆيگىنىڭ چاغلىق. * قىيىقچىنى قىڭغىر باغلاپ، قىز كۆرگىلى بارغان زاڭىنى كۆر. * قۇر باغلىغىن بېلىڭگە، خىزمەت قىلغىن ئېلىڭگە. * قوشاق باغلىغاننىڭ قوشاقچى بولۇشى ناتايىن.

بەلكىم مۇمكىن ئېھتىمال ھەرقاچان چېغى چېغىۋا ۋاللاھۇ ئالەم خايناخا كىم بىلىدۇ ئالاھازەل ئەلھال شايادكى

مودال سۆز: ئىش-ھەرىكەتنىڭ گۇمانلىق ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ.

خەقنىڭ بەختسىزلىكىدىن كۈلمە، ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكى، بەلكىم، ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشەر. * ياشلىق ۋاقتىدا شۇنداق پىكىرلەر تۇغۇلىدۇكى، بۇ پىكىرلەر كېلەچەكتە ئىنساننى پەلەككە كۆتۈرۈشى مۇمكىن. * مىڭ ئېھتىمالدىن بىر راست چىقماس. * ئېھتىمال ئادەملەر ئارىسىدىكى جىنازە پەرىشتىلەر ئۈچۈن تويدۇر. * ئېھتىيات قىل، دۈشمىنىڭ دۈشمەنلىك ئوتىنى يېقىۋاتقاندۇ ھەرقاچان. * ئۇ تۈنۈگۈن كەلگەن چېغى، مەن يوق ئىكەنمەن. * بۇلۇت كۆتۈرۈلدى، يامغۇر ياغىدىغان چېغىۋا.

* ۋاللاھۇئالەم، بۇ كۈنلەردىن قۇتۇلالارمىز. * خايناخا مەندىن يامانلاپ قالغاندۇ. * كىم بىلىدۇ، ئەتە نېمە بولىدۇ، كىم كېتىپ كىم قالىدۇ. * ئالاھازەل 40 ياشلاردا بار بىر كىشى كەپتۇ. * ئەلھال، ھەممە تەييار بولغاندۇ.

بەلگە ئالامەت ئىز ئەن تامغا

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئايرىمىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىزنا.

”ئىز“ بىرەر نەرسىدىن چۈشىدۇ.

”تامغا“، ”ئەن“لەر كۆپرەك مالغا سېلىنىدۇ.

يېزىق تىلىنى خاتىرىلەيدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. * سۈكۈت ــ رازىلىقنىڭ ئالامىتى. * ماڭغان يولدا ئىز قالىدۇ، كۆيگەن ئوتتا كۈل. * ئەنگە قاراپ مېلىنى تونۇيدۇ. * سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەممىگە سىنىپىي تامغا بېسىلغان بولىدۇ. * مالنى تامغىسىدىن ئايرى، ئادەمنى سۆزىدىن.

بەلگىسىز ئېنىقسىز

ناتايىن، نامەلۇم.

نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىمىز تېخى بەلگىسىز. * ئېنىقسىز گەپ ئەقلىڭنى ئازدۇرىدۇ.

بەلگىلىك مۇئەييەن

بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدە، تېگىشلىك، ئىجابىي.

شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىشلىرى بەلگىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. * خىزمەتتە مۇئەييەن ئۇتۇق قازانساق، ئۆز ھېسابىڭغا يازما، كۆپچىلىكنى ئويلا. * مۇئەييەن مەدەنىيەت ــ مۇئەييەن جەمئىيەت، سىياسەت ۋە ئىقتىسادنىڭ ئىنكاسى.

بەلگىلىمەك تەيىنلىمەك

بىرەر خىزمەت، ۋەزىپىگە قويماق.

ئۇ ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەندى. * بۇ خىزمەتكە تەيىنلەنگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى.

بەند زەنت

ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، باغلىنىپ قېلىش ھالىتى.

كىمنىڭ ئەقىل ـ پەمى بولسا خوپ بەلەند، پايدىسىز سۆزگە ئۇ قىلماس تىلىنى بەند. * ئىش بىلەن بەند بولۇپ، تاماقنى ئۇنتۇپتۇ.

بەھرىمەن مەنپەئەتدار

پايدىغا ئېرىشكۈچى.

ئۆز ھەققىڭدىن بەھرىمەن بول، كىشىنىڭ ھەققىگە قول سۇنما. * مەنپەئەتدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

بوپا بوغجۇما بولاق ئوراق چوغ ئارچى

نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئوراپ قويىدىغان لاتا.

بوپىسىنى كۆتۈرۈپ كەتتى، كېلىشىنى بىلمەيمەن. * بوغجىمىسىدا نېمە بارلىقىنى ئانام ئۆزى بىلىدۇ. * بولاق كۆپ بولسا، غەلۋىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. * ئوراقنى ئورىغان بىلەر.

بوتا بوتىلاق تايلاق بوتۇق تورۇم

تۆگىنىڭ بالىسى.

بوتا كۆز بالام ــ ئوماق بالام. * بوتىلاق بوزلايدۇ، ھىنگان زارلايدۇ. * تايلاق تايدىن يۈگۈرۈك.

بوتقا بۇلماق ئاتىلا

ئۈن، گۈرۈچ، ياغ بىلەن ئېتىلىدىغان يېنىك تاماق، ئاساسەن بوۋاق بالىلارغا تەييارلىنىدۇ.

بوتقا بويىدا بار ئايالغا ياخشى. * بۇلماق بالىغا، تاماق تاغامغا. * ئاتىلا تاغ ئاتلاپ كەلگەنگە ئاش بولماس.

بوتكا لەپكە تەنزە

كىچىك دۇكان ئۆي.

ئۇنىڭ بىر بوتكىسى بار ئىدى. * لەپكە ئاچ، خىيانەتتىن قاچ. * تۇرسۇن تەنزە ئېچىپتۇ.

بور تەبەشىر

ھاكتاشتىن ياسىلىپ، دوسكىغا خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ”قەلەم“.

ۋاي بىزنىڭ بالىلىرىمىز، دوسكىغا خەت يېزىشقا بور يوق، سىغىز ئىشلىتىدۇ.

بوردىماق سەمرىتمەك

ئادەم ۋە مالنى مەخسۇس بېقىپ ئەت ئالدۇرماق، ئېغىرلىقىنى ئاشۇرماق.

بۇ بالاڭنى بورداپ نېمە قىلىسەن؟ كىچىك بالا سەمرىپ كەتسە بولمايدۇ. * كەچلىك تاماقنى كۆپ يەپ يېتىش ئۇزاق داۋام قىلسا كىشىنى سەمرىتىدۇ.

بوز تىلڭ بىنەم خاڭدى مەرئا

ئېچىلمىغان، ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن يەر، ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئېچىپ تېرىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان يەر.

ئۇستا ئۇۋچى شىر ئاتار، قابىل دېھقان بوز ئاچار. * بۇغداي تېرىساڭ، كۈزگى تېرى، ئارپا تېرىساڭ، تىڭغا تېرى. * چەت بىنەمنىڭ تۈلكىسى كۆپ، خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسى. * بولسا سۇلۇق، بولمىسا بىنەم. * خاڭدىغا يېقىن بولساڭ، يېرىڭ كۆپىيىدۇ.

بوز سۇر كۆل رەڭ

كۆككە مايىل ئاق تۈس.

ئاتنىڭ ياخشىسى بوز بولىدۇ، ئەرنىڭ ياخشىسى تاز. * سۇر ئاتنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمەس، ئالتۇننىڭ سىنى كەتمەس. * كۆل رەڭ پاختەك تۈكى رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

بوز ئۆي كىيگىز ئۆي قوش ئوتاۋ چېدىر

مەخسۇس پىششۇرۇلغان كىگىز ياكى بىرېزىنتتىن مەخسۇس كېرىگە، چاڭغىراق ئۈستىگە يېپىپ قىلىنغان ئۆي. چارۋىچى قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ كىگىز ئۆيى.

”بوز ئۆي“، ”كىگىز ئۆي“لەر چوڭ بولىدۇ.

”قوش“ مالچىلارنىڭ ئۆيى.

”ئوتاۋ“ ھۇجرا كەپىسى، يېڭى ئۆي تۇتقان يىگىت-قىزلارغا خاس.

”چېدىر“ ھازىر، ئاساسەن، ھەربىي قوشۇنلار ۋە دالىدا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ”ئۆيى“.

بوز ئۆي يازدا سۆرۈن بولىدۇ. * كىگىز ئۆيگە كىرگەندە، قامچاڭنى پەگاھقا ئىل. * قوشقا ئىت قارايدۇ، ئىتنى قوش باقىدۇ. * يېڭى تويى بولغان يىگىت-قىز ئوتاۋدا. * ياز بىلەن قىش بىر چېدىردا ئۇچراشماس.

بوزەك ئانسى بوسۇنچۇق

قارشىلىق كۈچى يوق، ئاجىز. "بوسۇنچۇق" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بوزەكنى تاپسام، بۇرنىغا يىپ ساپسام. * ئانسىنى تاپسام، شىلىلىسىگە مىنىپ چاپسام.

بوزەك قىلماق ئانسى تاپماق

ئاجىز كۆرۈپ خارلىماق، كەمسىتمەك.

بوزەكنى بوزەك قىلساڭ، قىيامەتتە سوراق بار. * ئانسىنى تاپ، ئانسى تاپ.

بوسۇغا پەگاھ تاپسا تاپسۇق

ئۆينىڭ ئىشىكتىن كىرگەندىكى يېرى، تۆرنىڭ تەتۈرى.

بوسۇغا — داۋان. * باينىڭ تۆرىدىن گادايىنىڭ پەگاھى ياخشى. * تاپسىدا ئولتۇر، تۆرنىڭ تامىقىنى يە. * تاپسۇقتىن ھېچنېمە تاپمىدىم.

بوسۇغىسىنى توپا باسماق ئىشىكىگە قۇشقاچ ئۇۋۇلىماق

ئۆيىگە ھېچكىم كەلمەسلىك، ھېچكىم ئىشىكىدىن كىرمەسلىك.

ئۇنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بوسۇغىسىنى توپا باستى. * ئىشانىنىڭ ئىشىكىگە قۇچقاچ ئۇۋۇلىغىلى خېلى بولدى، ئۇنىڭغا ھېچكىم بارمايدۇ.

بوش بىكار

ئىش يوق، ئىش قىلماي يۈرۈش.

بوشقا بويۇن ئەگمە. * بىكار تۇرغۇچە بىكار ئىشلە.

بوغچا جىلت سومكا پوپكا جۇزدان

رەخت ياكى تېرىدىن تىكىلىپ، كىتاب - دەپتەر، ھۆججەت - ماتېرىيال سېلىشقا تەييارلانغان خالتا.

بالا بوغچىسىنى ئالدى، مەكتەپكە ماڭدى. * ئاپام جىلت تىكىپ بەردى. * سومكىنى سۇدىن ساقلا. * قولىدا پوپكا، بېشىدا شەپكە، تۇرقىدىن ئەپەندى ئوخشايدۇ.

بوغقۇچ ئىشنور

بەتىنكە - توپلىلەرنىڭ ئاغزىنى باغلايدىغان مەخسۇس تانا.

بوغقۇچۇڭ بوشاپ كەتسە، بەتىنكىدىن كۆرمە. * ئىشنورنى چىڭ باغلاش، ئاياغقىمۇ ياخشى ئەمەس.

بوغۇم I ئۇگە

نەرسىنىڭ بىرىگە باغلانغان بۆلەكلىرى.

كۆيگەن بامبۇكنىڭ بوغۇمى يەنىلا تۈز. * ئۇگەڭ ئاغرىسا، ئۆلۈم خەۋىرى دېگىن.

بوغۇم II ھەججە ئۇزۇك

بىر ياكى بىرنەچچە تاۋۇش ئېلېمېنتىدىن تۈزۈلگەن ئەڭ كىچىك فونېتىكىلىق بىرلىك.

ئوچۇق بوغۇم، يېپىق بوغۇم. * "ئانا" ئىككى بوغۇم. * ئۇ خەتنى ھەججىلەرگە بۆلۈپ ئوقۇشقا باشلىدى.

بولقا بازغان

تۆمۈرچىلىك سايمىنى، تۆمۈرنى سوقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بېشى تۆمۈردىن بولىدۇ، سېپى بېشىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ. "بولقا" كىچىكرەك، "بازغان" چوڭراق بولىدۇ.

بولاقنىڭ سېپى بوش بولسا، ئىش بۇزىدۇ. * سەندەل بازغاندىن قورقماس.

بولۇشسىز يوقلۇق

گراماتىكىلىق كاتېگورىيە، ئىنكار مەنىسىدە كېلىدۇ.

بولۇشسىز پېئىل، بولۇشسىز ئالماش. بولۇشسىز شەكىل، بولۇشسىز قوشۇمچە. * پېئىلنىڭ بۇ كاتېگورىيىسى ئىلگىرى "يوقلۇق" دېيىلگەن. هازىر "بولۇشسىز"غا مۇقىملاشتى.

بولۇشلۇق بارلىق

گراماتىكىلىق كاتېگورىيە، بولارلىق، مەۋجۇتلۇق مەنىسىنى بېرىدۇ.

بولۇشلۇق پېئىل؛ بولۇشلۇق شەكىل. پېئىلنىڭ بۇ كاتېگورىيىسى ئىلگىرى "بارلىق" دېيىلگەن، هازىر "بولۇشلۇق"قا مۇقىملاشتى.

بوۋا چوڭ دادا ياغ دادا

ئاتا ـ ئانىنىڭ ئاتىسى.

"ياغ دادا" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

يەتمىشتىكى بوۋاڭنىڭ يەتتە ياشلىق بالىغىمۇ هاجىتى چۈشەر. * چوڭ دادامنى چوڭ بىلىمەن.

بوۋاق بۆۋەك نىلقا

يېشىغا توشمىغان بالا.

"نىلقا" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بوۋاقنى سۆيۈش ياخشى ئەمەس. * ئامېرىكىنىڭ ئىللىنوس شتاتىدىكى بىر دوختۇرخانىدا 280 گرام كېلىدىغان بىر قىز بوۋاق تۇغۇلغانىكەن. هازىر 18 ئايلىق بوپتۇ. سالامەتلىكى ياخشى ئىكەن. * بۆۋەك چوڭ بولغۇچە، توي تۈگىگۈچە.

بوي تۇرۇق قەد قامەت سۇمبات

ئادەم بەدىنىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى.

بوي ئىشلىمەس، قول ئىشلەر. * ئۆكۈزنىڭ بويى مۈڭگۈزى بىلەن ئۆلچەنمەس. * باللارنىڭ بويى يازدا قىشتىكىگە قارىغاندا ئون پىرسەنت تېز ئۆسىدۇ. * تۇرقىغىلا قارىما، مىجەزىگىمۇ قارا. * بۆرىنىڭ تۇرقىدىن قورقما، چىشىدىن قورق. * بوران ـ چاپقۇن زەربىسى يىقىتسىمۇ دەرەخنى، پۈكەلمەيدۇ مەڭگۈ قامىتىنى، قەددىنى.

بويتاق سالتاڭ ساياق يالغۇز باش ئەرگەن

ئۆيلەنمىگەن ياكى خوتۇنىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغان ئەر.

بويتاقنىڭ ئەقلى ئىككى كۆزىدە. * پارىژ شەھىرىدىكى 3 مىليون ئاھالىنىڭ 1 مىليون 300 مىڭى بويتاق ـ تۇل ئىكەن. * گۆش داڭقانغا تۇشلۇق، قىزىم سالتاڭغا. * ساياق يۈرگەن تاياق يەر. * ئەلگەكتە سۇ تۇرماس، ساياقتا پۇل. * يالغۇز باش يېنىدىكى يېقىندىن يىراق.

بويۇن گەدەن شىللە

ئادەم ۋە هايۋاننىڭ گەۋدىسىنىڭ باش بىلەن تەننى بىرىكتۈرىدىغان قىسمى.

دوستۇڭنىڭ كۆڭلى قالغۇچە، دۈشمىنىڭنىڭ بويىنى سۇنسۇن. * گەدىنىدە ئىللىتى بارنىڭ پۇتى سىرقىرار. * ئانىنى تاپسام، شىللىسىگە مىنىپ چاپسام.

بويىچە پېتىچە

ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ.

ئۇ ۋەدىسى بويىچە، ۋاقتىدا كەلدى. * پىكرىمىز شۇ پېتىچە تۇرۇۋېتۇ.

بويىدىن ئاجراپ كەتمەك بالا چۈشۈپ كەتمەك

ھامىلدار ئايال مەلۇم سەۋەبتىن ۋاقىتسىز تۇغۇپ قويماق.

بۇمەرەمخان بويىدىن ئاجراپ كېتىپتۇ. * بۇسارىخاننىڭ بالىسى چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن، كۆتۈنۈۋېتىپتۇ.

بۇ مۇشۇ مۇنۇ مانا مۇشۇ ئۇشبۇ مەزكۇر بۇل

كۆرسىتىش ئالماشلىرى. سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى كۆرۈپ تۇرغان ياكى ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان نەرسىلەر ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. ”مەزكۇر“دىن باشقىلىرى كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى ئالىدۇ.

بۇ كىتاب مېنىڭ. * مۇشۇ كۈنلەردە نەدە يۈرۈۋسەن. * مۇنۇنى ئال. * مانا مۇشۇ چاپان چىرايلىق ئىكەن. * ئۇشبۇ خەت ئاكام توختىغا تەگسۇن. * مەزكۇر پىلاننى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بۇت سەنەم

بۇددا دىنىغا ئىشىنىدىغانلار سەجدە قىلىش ئۈچۈن ياساۋالغان ئادەمسىمان ھەيكەل.

بۇتقا ئىشەنمەيدىغان كىشىگە بۇت يىراق، ئىرادىسىز ئادەمگە يول.

بۇ دۇنيا پانىي دۇنيا بۇ ئالەم پانىي ئالەم

ھازىرقى مەۋجۇت دۇنيا-ئالەم.

بۇ دۇنيادا جان كېرەك، ئۇ دۇنياغا ئىمان. * پانىي دۇنيانىڭ ئىشىنى باقىي دۇنياغا قالدۇرما. * بۇ ئالەم — ئۇزۇن ئالەم. * پانىي ئالەمدە ئوبدان ئۆت، باقىي ئالەم نېسى.

بۇرنىدىن بۇلاق قىلماق كۆزىدىن چىقارماق

قاتتىق ئەدىبىنى بەرمەك، قىلغىنىغا تويغۇزماق.

تىلىڭنى چاينىما، ئاناڭدىن ئەمگەن سۈتۈڭنى بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىمەن. * ئۇ ئۇنىڭ قىلغىنىنى كۆزىدىن چىقىرىپتۇ.

بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويماق نوخلىسىنى ئېلىپ قويماق

كۆرەڭلەپ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئەدەبلەپ، پەسكارىغا چۈشۈرۈپ قويماق.

بازار بېگى سېيىت ھاجىنىڭ بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويۇشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. * كۆرۈۋسەن تېخى، بۇرنۇڭنىڭ نوخلىسىنى ئالىدىغان چاغلار كېلىۋاتىدۇ.

بۇرۇت ھويلەپ بېزىق سەبلەت

ئادەملەرنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستۈنكى لېۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان تۈك.

بۇرۇتنى يىكەندە ئاپتۇ. * ساقال-بۇرۇت قويماق زىيانلىق.

بۇلاق I سۇ بېشى چەشمە

يەر ئاستىدىن سىزىپ چىقىدىغان سۇ ئېغىزى.

سۇ ئانىسى بۇلاق، سۆز ئانىسى قۇلاق. * سۇ بېشىدا سۇ بولمىسا، ئېرىقتا نېمە بولىدۇ؟

بۇلاق II بۆشۈك كان ئاچقۇچ

كۆچمە: بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى، ئاساس بولغان يېرى.

خانلىق مەدرىسى ئۆز ۋاقتىدا مەرىپەت بۇلىقى ئىدى. * ھىرات XV ئەسىردە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ئىدى. * ياخشى كىتاب بىلىمنىڭ كانى. * كۆڭۈلدىكىدەك كىتاب ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئاچقۇچى.

بۇلبۇل ساندۇۋاچ ئەندەلىپ

جۇغى كىچىك، چىرايلىق ۋە يېقىملىق سايرايدىغان قۇش.

بۇلبۇلنىڭ چىرايلىق ھېكايىلىرىگە قۇلاق تويمايدۇ. * ئەي

بۇلبۇل، كەلتۈرگەن باھار خەۋىرىنى، ھۇقۇشقا تاشلا يامان سۆزنىڭ بەرىنى. * بۇلبۇلغا باغ ياخشى، كەكلىككە تاغ.

بۇلۇڭ بۇرجەك پۇچقاق بۇلۇڭ-پۇچقاق

تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ تۇتاشقان يېرى؛ نەرسىنىڭ بىر چېتى؛ چەت-ياقا جاي.

تۆت بۇلۇڭ، بىر كۇلۇڭ. * ھەر نەرسىنىڭ بۇرجىكى بار، سۆزنىڭ ئىلمىكى بار. * تازىلىق ھەرىكىتىدە ھېچبىر پۇچقاقلار قالمىسۇن. دۇشمەن بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا تۇرۇپ، بىزگە قارشى پىلان تۈزۈۋاتىدۇ.

بۇلىماق تالىماق

بىراۋنىڭ نەرسىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالماق.

بۇلاشنى بىلگەن سىيلاشنىمۇ بىلەر. * كىشىنىڭكىنى تالاپ يەپتۇ، ئۆزىنىڭكىنى يالاپ. * خەقنىڭ تېرىسىنى بۇلىغان يالىڭاچ قالار.

بۇيرۇق ئەمر پەرمان يارلىق دىكرىت ئوكاز سۆز

ھۆكۈمەتنىڭ پۇقراغا، يۇقىرىنىڭ تۆۋەنگە بەرگەن، ئىجرا قىلىش مەجبۇرىي بولغان كۆرسەتمىسى.

بۇيرۇقنىڭ قۇلى. * ئۆزى بۇيرۇق قىلىپ ئۆگەنگەن كىشى قىيىن باشقىلارغا قۇلاق سېلىشى. * ئەدەبىتىن ئەمر ئەلا. * خاننىڭ ئەمرىدىن خوتۇنىنىڭ بۇيرۇقى كۈچلۈك. * بارنىڭ ئىشى پەرمان بىلەن، يوقنىڭ ئىشى ئارمان بىلەن. * يارلىق چۈشسە، يەردە قالمايدۇ.

ۆدۆنە ۋىتۋىلداق بۆدۆرسىن

بېشى كىچىك، قۇيرۇقى قىسقا، پەيلىرى بېغىر رەڭ كېلىدىغان، ئوتلاق-چۆپلۈكتە ياشايدىغان كىچىك قۇش.

بۆدۆنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتۋىلداق.

بۆرە قاشقىر قارىشقۇ كۆك يايل قۇرت

شەكلى ئىتقا ئوخشايدىغان يىرتقۇچ ھايۋان، ئۇ دائىم مال-چارۋىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ.

"قارىشقۇ" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

بۆرىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرەر، خۇيى ئۆزگەرمەس. * بۆرىدىن قورققان قوي باقماس. * بۆرىنىڭ خىرىس قىلغىنىدىن تۈلكىنىڭ ھىجايغىنى يامان. * كۆك يايل قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمى ئىدى.

بۆشۈك سەگۈنچەك بۆلەنچۈك

بوۋاقنى بۆلەپ بېقىش ئۈچۈن ياسالغان جابدۇق.

"بۆلەنچۈك" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بۆشۈك بالىسى — بەگ بالىسى. * سەگۈنچەكتە سەگىگەن بالا يىقىلىق.

بۆلۈش تەقسىم

ھېسابتىكى تۆت ئەمەلنىڭ بىرى، بەلگىسى "÷ ، :".

100نى 10غا بۆلسەك، بولىدۇ : 10. * 15نى 3كە بۆلسەك، بولىدۇ : 5.

$$100:10=10 \qquad 15 \div 3=5$$

بۇك باراقسان بۇك-باراقسان

قويۇق، زىچ ئۆسكەن.

دەرەخلەر بۇك بولۇپ ئۆستى. * باراقسان سۆگەتلىك ھاۋالىق. * بۇك-باراقسان ئورماندا قۇشلار تولا.

بېخىل پىخسىق خەسىس پىششىق مومسىق ئاسمان ئىسسىنى، ئىت يۇندىسىنى كۆرمەيدىغان ئالقىنىنى يالايدىغان پىت ئۆچەي پىتتىن پوستۇما ئالىدىغان پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قۇيىدىغان تاشتىن سۇ چىقىرىدىغان تاشنى سىقىپ سۇيىنى ئىچىدىغان تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن ئۆمىلەپ ئۆتىدىغان چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان ئىتقا سۆڭەك بەرمەيدىغان تۈيىن ساران قىز قىزغاق ئىسرىكە

ئۆز پۇل - مېلىنى ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمايدىغان، كىشىگە قىلچە نەپ بەرمەيدىغان.

بېخىلنىڭ قازىنىدىكى ئاش — قۇدۇق تۈۋىدىكى تاش. * بېخىل بايدىن سېخىي گاداي ئارتۇق. * ئېتى ئورۇق دېگۈچە، ئىگىسى پىخسىق دېگىن. * خەسىسنىڭ ئۆيى دوزاخ. * پىششىق پىششىقان ئاشتىنمۇ قىزغىنىدۇ. * مومسىق خوتۇننى جەننەتكە كىر دېسە، قوتۇر ئۆچكىسىنى يېتىلەپ ماڭار. * ئۇ شۇنداق پىخسىقكى، ئاسمان ئىسسىنى، ئىت يۇندىسىنى كۆرمەيدۇ. * ئۇ راسا پىششىق ئالقىنىنى يالايدىغان ئادەم. * پىت ئۆچەي بايدىن قولى كەڭ كەمبەغەل مىڭ ئەۋزەل. * ئۇنداق پىتتىن پوستۇما ئالىدىغان نېمىدىن بىرنېمە چىقارمۇ؟ * ئۇ بوۋاي پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قۇيىدىغان ئادەم ئىكەن. * ئۇنى قوي، ئۇ تاشتىن سۇ چىقىرىدىغان ئادەم. * ئۇ ئادەم مۇنداق تۇرغىنى بىلەن تاشنى سىقىپ سۇيىنى ئىچىدىغان ئادەم. * ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت سەر ئىچىپ، ئون سەر مەست بولىدىغان گاڭگۈڭلار، تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن ئۆمىلەپ ئۆتىدىغان ساختىپەزلەر بار ئىدى. * شەھەر خەلقى مۇسانى چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان، ئىتقا سۆڭەك بەرمەيدىغان پىخسىق دېيىشىدىكەن.

بېرى بۇيان مابەينى

ئىش - ھەرىكەتنىڭ بولغان ۋاقتىنىڭ بۇ يېقى.

ئازادلىقتىن بېرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلى ئۆستى. * پارتىيىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېھقانلار ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ. * تەتىل تۈگىگەنىنىڭ مابەينى ئارام ئالماي ئوقۇۋاتىمىز.

بېزەك زىبۇزىننەت زىننەت جابدۇق پەرداز سەرئەنداز شۇرداق بەدىز ئىتىگ يىلتۇرۇق يېۋىگ يېۋىگ - تىزىگ

گۈزەل كۆرسىتىدىغان دەپ ھېسابلانغان ھەر خىل نەرسىلەر.

سۆزۈڭنى بېزەتمەك بولساڭ گەر تىلەك، راستلىقتۇر سۆزۈڭگە ئەڭ ياخشى بېزەك. * سۆزلىمەك، راست سۆزلەشنى قىل ئادەت، راستلىقتىن بارمۇ ياخشى زىبۇزىننەت. * تاغنىڭ زىننىتى قورام تاش، ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىباش. * خوتۇن كىشىنىڭ جابدۇقى تولا. * چىرايلىققا پەردازنىڭ لازىمى يوق.

بېزىمەك زىننەتلىمەك پەردازلىماق جابدۇماق بەدىزەتمەك يېۋەتمەك

چىرايلىق نەرسىلەر بىلەن ھۆسنىگە ھۆسن قوشماق، پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن يۈز - كۆزنى بويىماق.

گۈزەل ئەخلاق ئادەمنى بېزەر، بايلىق پەقەت ئۆينىلا. * بوياق بىلەن زىننەتلىگۈچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن تولدۇر ئىچىڭنى. * كېسەل كۆرسەتكەندە يۈزىڭىزنى پەردازلىماڭ، دوختۇرنىڭ چىرايىڭىزغا قاراپ دىئاگنوز قويۇشىغا دەخلى يېتىدۇ. * يۇيۇنۇپ چىقىپلا پەرداز قىلماڭ، زىيانلىق. * تاز جابدۇغۇچە توي تاراپتۇ.

بېشى بوش بېشى ئوچۇق

قىز تېخى بىراۋغا ماقۇل دېيىلمىگەن.

پاتەمخاننىڭ بېشى بوش ئىكەن. * قىزىمىزنىڭ بېشى ئوچۇق.

بېشى قاتماق مېڭىسى ئايلانماق

ئېغىر هالغا چۈشۈپ قېلىپ، نېمە قىلىشنىڭ يولىنى تاپالماي قالماق.

ئۆلۈم خېتىڭنى كۆرگەندە، كۆكسۈمگە پىچاق پاتتى، قانداق قىلىمىز نوچى، ئەجەبمۇ بېشىم قاتتى. * بىرمەزگىل جان ساقلىدىم سۆكسۆك سېتىپ، بۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىگەچ بېشىم قېتىپ. * مېڭەم ئايلىنىپ كەتتى، نېمە قىلارىمنى بىلمىدىم.

بېشىدا كۆتۈرمەك ئالقىنىدا كۆتۈرمەك

تازا بەك هۆرمەتلىمەك، ئايىماق، هىمايە قىلماق.

ئۇ كەلسە، خەلق ئۇنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ. * هېلىمۇ ئاپاپ مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق، بېشىمىزدا كۆتۈردۇق. * ئۇنى خەلق هىمايە قىلاتتى، ئالقىنىدا كۆتۈرەتتى.

بېشىنى چېتىپ قويماق بېشىنى ئىككى قىلىپ قويماق بېشىنى قوشۇپ قويماق

ئوغۇل-قىز، ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىگە نىكاهلاپ تۇرمۇشلۇق قىلىپ قويماق.

ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ، ۋاقتىدا بېشىنى چېتىپ قويايلى. * خەلق ئىچىدە "بېشىڭ ئىككى بولمىغۇچە، قاچاڭ ئىككى بولماس" دېگەن گەپ بار. ئەمدى بېشىڭنى ئىككى قىلىپ قويايلى. * پادىشاھ 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ.

بېشىنى يېمەك بېشىغا چىقماق

ئۆلمەك، يامان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ياخشى يولسا ئېشىنى يەر، يامان بولسا بېشىنى. * ئۆز ئەركىگە بېرىلگەن ئۆز بېشىنى ئۆزى يەر. * چېقىمچى نۇرغۇن كىشىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

بېكەت ئۇستانسا لەنگەر ئۆتەڭ چازا تۇسقا

يول ئۈستىدىكى تۇرۇپ، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي.

ئۈچقۇر ئات ئىككى بېكەتلا يۈگۈرەلەيدۇ، سالماق ئېشەك كېچە-كۈندۈز يۈرەلەيدۇ. * داخېيەن (تۈرپان) پويىز ئۇستانسىسى بەك ئاۋات. * لەنگەر يولنى قىسقارتىدۇ. * قەشقەر يولىدا ئۆتەڭ تولا.

بېلەت ساندۇقى ئۇرنا

سايلامدا، قارار ماقۇللىغاندا ۋەكىللەر ئاۋاز بىلدۈرگەن بېلەتنى سېلىشقا تەييارلانغان مەخسۇس يەشىك.

ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 7-يىغىنىدا يىغىن مەيدانىغا ئون بېلەت ساندۇقى قويۇلدى.

بېلى بوش كۆتى بوش

ئىش-هەرىكەتكە چىدامى يوق.

بېلى بوشنىڭ گېپى بوش. * كۆتى بوش كۈن سانايدۇ، سانى توشمايدۇ.

بېلىقچىقۇش چايكا

دېڭىز-دەريالاردا توپ-توپ بولۇپ، بېلىق ئۇۋلايدىغان قۇش، بېلىقچىلار قولغا ئۆگىتىۋالىدۇ.

بېلىقچىقۇش بار يەردە، بېلىقچى بار.

بىلگە پالتا چاپماق بىلگە تەپمەك

ئارا يولدا ئۈزۈپ قويماق.

بۇ ئاقىۋەت... ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنىڭ بىلگە پالتا چاپتى. * دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنىڭ بىلگە تەپتى.

بىئارام ئارامى يوق

تىنچلىقى بۇزۇلغان ھالەت.

ئۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىئارام بولدى. * كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق، يېگەن-ئىچكىنىمنىڭ تايىنى يوق.

بىچارە بايقۇش ياۋاش مۆمىن ئىرىنچكە

چارە-ئامالى يوق، ھالى-كۈنى ناچار.

تىرىك بىچارىدىن ئۆلۈك باتۇر ئارتۇق. * بىچارە ھاياتتىن مەزمۇنلۇق ئۆلۈم ئەلا. * بايقۇشنىڭ بويىنىدىن يىپ كەتمەيدۇ. * ياۋاش يولدا قالىدۇ. * مۆمىن ئاش تاپسا، قوشۇق تاپالمايدۇ.

بىخ نوتا مايسا بۆر

ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭى ئۈسۈپ چىققىنى، ياش ۋاقتى.

"بىخ" دەل-دەرەخنىڭ يېڭىلا چىققىنى، "نوتا" خېلى ئۆسكىنى.

"مايسا" زىرائەتنىڭ يېڭى ئۈسۈپ چىققىنى.

ئەتىياز كەلدى، دەرەخلەر بىخ سۈردى. * ياغاچنى نوتا چېغىدا ئەگ. * مايسىنى يۇلۇپ ئۆستۈرمەك — ئەخمەقلىق.

بىراۋ كىمدۇ بىرى ئاللىكىم

كىملىكى نامەلۇم ئادەم. كىم بولسىمۇ بىر ئادەم.

بىراۋنىڭ كۆڭلىنى توغرا يول بىلەن ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش،

* كىمدۇ بىرى ساڭا دوستلۇق بىلدۈرسە، سەممىيىتىنى سىناپ كۆر. * ئاللىكىمنىڭ ئۆيىدە ئاق ماي يەپ تويۇنغۇچە، داغ سۇ بىلەن كۈن ئۆتكۈزچىز بولۇشچە.

بىرە-بىرە ئاندا-ساندا ئاندا-مۇندا

ئارىلاپ-ئارىلاپ، ئىزچىل ئەمەس.

يولدا بىرە-بىرە ماشىنا ئۇچراپ قالاتتى. * ئۇ گەپ قىلماي ئولتۇردى، ئاندا-ساندا كۈلۈپ قوياتتى، ئاندا-ساندا ئاتسىمۇ دەل ئاتىدۇ.

بىر تىيىن بىر پۇل بىر يارماق

ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

چىن كۆڭۈللۈك دوست گۆھەر، ئالتۇن-كۈمۈش بىر تىيىن. * سېنىڭ ئۇ نېمەڭ بىر پۇلغىمۇ ئەرزىمەيدۇ. * دوستۇم مېنى بىر يارماققا ئالمىغىنى بىلەن، دوستۇمنىڭ بىر چېچىنى ئالەمگىمۇ ساتمايمەن.

بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بىر ئۇۋىنىڭ كۈچۈكلىرى بىر پىلەكنىڭ خەمەكلىرى

ئەسكىلىكتە، يامانلىقتا ئوپمۇئوخشاش.

توختىنى دەمسەن؟ ئۇ ھاشىم زومىگەر بىلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇۋىنىڭ كۈچۈكلىرى، ھېچقايسىسىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. * ئايىمخاننى دەمسەن؟ ئۇمۇ كۈمۈش خېنىم بىلەن بىر پىلەكنىڭ خەمەكلىرى.

بىرگە بىر باشمۇباش يەكمۇيەك

مۇسابىقىلاردا، جەڭلەردە يالغۇز ئېلىشىش.

بولدى، بىرگە بىر بولسۇن، بىردىن چۈشسۇن. * ئىككى تەرەپنىڭ

پالۋانلىرى باشمۇباش چۈشۈشتى. * ئۇلار يەكمۇيەك ئېلىشتى، ئاخىر تۇرسۇن يەڭدى.

بىرلىك ئىتتىهاد

بىر تۇتاشلىق.

جاھاننىڭ تەركىبى بىرلىككە ئىگە، بۇ بىرلىك شۈبھىسىز نەپسىگدە جەم. * ئىتتىهاد بولسا، كۈچ بولىدۇ.

بىرقەدەر نىسبەتەن خېلى

تولۇق ئەمەس، ئەمما نىسبەت قىلغاندا...

ئۇ بىرقەدەر ياخشىلىنىپ قالدى. * ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرى نىسبەتەن ياخشى. * ئوسمان خېلى ياخشى بالا.

بىرنەچچە بىرمۇنچە بىرقانچە بىرتالاي

ئېنىقسىز سان، ئەدىدى ئېنىق ئەمەس.

بىرنەچچە كۈن بولدى، يامغۇر ياغمىدى. * يېقىندىن بۇيان بىرمۇنچە ئۆزگىرىش بولدى. * بىرقانچە كىشى بىرلىشىپ شىركەت قۇردى. * بىرتالاي كىشىلەر يەككە ئىگىلىك ياراتتى.

بىر نىيەت يەكدىل

ھەممىنىڭ نىيىتى، ئىرادىسى ئوخشاش.

بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلساق، غەلىبە قىلماي قالمايمىز. * كىم ئەگەر دوستلار بىلەن يەكدىل بولار، ھەممە مەقسىتى ئۇنىڭ ھاسىل بولار.

بىر ئېغىزدىن بىر ئاۋازدىن

ھەممە بىردەك.

«نەشە چېكىشنى مەنئى قىلىش نىزامى» يىغىندا بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. * قارار ماقۇللانغاندا ھەممە بىر ئاۋازدىن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىرىكمەك ئۇيۇشماق بىرلەشمەك

بىر بولماق.

ئەندى ھەممىمىز بىرىكەيلى. * ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشايلى. * بىرلەشكەن كۈچ ئۇلغىيىدۇ.

بىزە پىشكە ئازغىنا كىچىككىنە ئەندەك جىندەك

سان جەھەتتىن بەك ئاز.

يارىم ئاڭلا بۇ سۆزنى، ساڭا بىزە سۆزۈم بار، خويمۇ كۆيىدۇم مەن ساڭا، يۈرىكىمدە ئوتۇڭ بار. * لەڭپۇڭدىن پىشكە سېلىپ بەرسىلە. * ئازغىنا مەنپەئەتنى دەپ، نومۇسقا قالما. * كىچىككىنە ئىشقا، ئانچىۋالا چېچىلما. * خەنزۇ تىلىدىن ئەندەك خەۋىرىم بار. * جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ.

بىسمىللا ئىنشائاللا سۇبھاناللا ئەلھەمدۇلىللا ماشائاللا كالامۇللا ئەستاغپۇرۇللا ئەلھۆكمىلىللا ئىللا-بىللا نەئۇزەنبىللا

ئادەت سۆزلىرى، دىنغا ئالاقىدار.

ئىشنىڭ بېشى بىسمىللا. * ئىنشائاللا، شىپالىق بېرەر. * سۇبھاناللا، ئۇنداقمۇ ئىش بولامدىغان. * دۈشمىنىڭگە دەردىڭنى سۆزلىمە ئەسلا، خۇش بولۇپ دېمىسۇن "ئەلھەمدۇلىللا". * ماشائاللا، ئىش ئوڭغا تارتتى. * گېپىم يالغان بولسا، كالامۇللا ئۇرسۇن. * ئالغاندا بىسمىللا، بەرگەندە ئەستاغپۇرۇللا. * زاھىت سۆزىدىن يۈز تۈۋا قىلدۇق، ئابىد ئىشىدىن ئەستاغپۇرۇللا. * قازاغا رىزا، ئەلھۆكمىلىللا. * ئىللا-بىللا، يالغان ئېيتمىدىم.

بىكار بىھۇدە خۇن

ئورۇنسىز، نەپ - مەنپەئەتسىز.

بىكار ياتقاننىڭ بۆرىكىنى ماي قاپلار. * ئەجەل ئوق ئاتقاندا قالغاننىڭ بىكار، ئېغناپ ئالتۇندا ياتقاننىڭ بىكار، تەكشۈردۈم ئالەمنى... ياخشىلىق ياخشى، بۇنىڭدىن باشقا، گەپ ساتقاننىڭ بىكار. * تۈنلەر باشتىن ئاياغ ئۇيقۇدا ئۆتسە، ئەجەب ئەمەس يېرىم ئۆمۈر بىھۇدە كەتسە. * خۇن ئىش — بىھۇدە ئىش، بىكار ئىش.

بىلەي چاق قايراق كاپ ئېكەك بىلەگۈ

تىغنى ئۆتكۈزلىتىدىغان بۇيۇم، سايمان، مەخسۇس تاش.

”كاپ“ كۆندىن ياسىلىدۇ.

بىلەي تاش قاپتالدا، ئېسىل سۆز يۈرەكتە. * چاق ھېچنېمىنى كېسەلمىسىمۇ پىچاقنى ئۆتكۈزلىتىدۇ. * قايراق قاچان بولسا بولسۇن پىچاققا دوست. * ئۇستىرا كاپ بىلەن، خوتۇن كىشى لاپ بىلەن. * پەرىشانلىق ئۆمۈرنىڭ ئېكىكى. * ئېكەككە دوقاقنى كەلتۈرۈپتۇ، ھۆررەككە پوقاقنى.

بىلگىنىڭنى قىل قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل بىلگەن پوقۇڭنى يە خالىغىنىڭنى قىل قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل

رەنجىگەن ئەھۋالدا ئېيتىلىدۇ؛ قولۇڭدىن كەلسە نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇنى قىل.

بىلگىنىڭنى قىل، — دەپ سەلەي رەسىملەرنى يە خىشتۇرۇپ تارتىمىغا سالدى. * مېنىڭ كارىم يوق، قانداق قىلساڭ، شۇنداق قىل. * جىق تۇسىدىم، ئۇنىمىدىڭ، ئەمدى بىلگەن پوقۇڭنى يە، كارىم يوق. * مانا ئەمدى خالىغىنىمنى قىلىمەن. * قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، ساڭا قىلىدىغان گېپىم يوق.

بىلىمەك چاقلىماق قايرىماق كاپلىماق ئېكەكلىمەك

تىغنى بىلەيگە سۈركەپ ئۆتكۈزلەتمەك.

پىچاق بىلىمىسە گاللىشىدۇ. * — تاش بىرنېمىنى كېسەلمىگىنى بىلەن، شەمشەرنى بىلەپ ئۆتكۈر قىلالايدۇ. * ئۇرۇش باشلانغاندا قىلىچىڭنى چاقلىساڭ كېچىكىسەن. * ئىككى ياخشى بىر بولسا، تىنچلىق تىلەيدۇ، ئىككى يامان بىر بولسا پىچاق قايرايدۇ. * ئۇستىرائىنى كاپلاپ تۇر.

بىلىم ئىلىم پەن بىلىك مەلۇمات ساۋات

ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا ئېرىشكەن بىلىش ۋە تەجرىبە.

بىلىم — كۈچ. * بىلىم — خورماس بايلىق. * بىلىم — ئەقىلنىڭ چىرىغى. * ئەقىلغە ئىلىم بىلەن بەرگىن ياردەم، ئەقىل بۇ ئىلىمگە خېرىداردۇر ھەر دەم. * پەندە تۈپتۈز يول يوق. * پەن ھەربىر كىشىدىن جىددىي ئىشلەشنى ۋە يۇقىرى قىزغىنلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» قۇتىدىغان بىلىم دېمەكتۇر. * مەلۇمات كىشىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. * مۇھەببەتنى ساۋات بىلەن ئۆلچىگىلى بولماس، * ساۋات — ئىلىم ئاساسى، ئىلىم — ھايات كۆزى، ھايات تەلەپ قىلساڭ بۇ ساۋات ئۆزى.

بىلىمسىز ئىلىمسىز نادان

ئىلىم - بىلىمدىن خەۋىرى يوق، مەلۇماتى يوق.

بىلىمسىز ئادەم ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. * بىلىمسىز بالا موزايدىنمۇ يامان. * بىلىمسىز تۆرە تۆردە ئولتۇرسىمۇ، ئۇ تۆرنىڭ پەگاھتىن پەرقى يوق. * ئىلىمسىز كىشى نېمە؟ ھايۋان پەقەت. جانسىز تەن، بىزەكلىك بىر ئايۋان پەقەت. * نادانغا سۆزلىگەن ئىسست سۆزۈم، ئۆلۈككە يىغلىغان ئىسست كۆزۈم. * نادان قازانغا قارايدۇ، تادان

ئوچاقتا.

بىلىمسىزلىك ئىلىمسىزلىك نادانلىق

ئىلىم ـ بىلىمدىن خەۋەرسىزلىك ھالىتى.

بىلىمسىزلىك ـــ سەتچىلىك. * ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلمەسلىك تېخىمۇ بىلىمسىزلىكتۇر. * ئىلىمسىزلىك ـــ قارىغۇلۇق. * نادانلىق ـــ خۇراپاتلىقنىڭ ئانىسى. * نادانلىقتىن ئۈچ بىخ ئۈنۈپ چىقىدۇ: قارا نىيەت، ساختا شۆھرەت ۋە ھاكاۋۇرلۇق.

بىلىملىك مەلۇماتلىق ئۇقۇمۇشلۇق قورسىقىدا ئۇمىچى بار بۆگۆلۆگ

ئىلىم ـ بىلىمدىن ياخشى بىلىش ھاسىل قىلغان.

گەپكە ئۇستىلىق ھەقىقىي بىلىملىكنىڭ ئىسپاتى ئەمەس. * بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز توزار. * مەلۇماتلىق كىشى نەگە بارسا ئىشقا يارايدۇ. * ئۇقۇغاننىڭ ھەممىسىلا ئۇقۇمۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. * قورسىقىدا ئۇمىچى بار ئادەم خەققە تۆھمەت قىلمايدۇ.

بىلمەسلىك ئۇقماسلىق چۈشەنمەسلىك ئەقلى يەتمەسلىك

ئادەم ياكى شەيئىنى ئېنىقلىيالماسلىق، بەلگىلىيەلمەسلىك.

بىلمەسلىك ئەيىب ئەمەس، تىرىشماسلىق ئەيىب. * خالىمىغان ھالدا كەلدىم، تىلىمىگەن ھالدا كېتىۋاتىمەن، ئىككى ئوتتۇرىدا قاڭقىرىپ يۈردۈم، بىلمىگەندىن باشقىنى بىلمىدىم. * ئۇقمىغاننى سوراش ئەيىب ئەمەس. * چۈشەنمىسەڭ چۈشەنمىدىم دە، يالغان چۈشەندىم دېمە. * بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمىدى.

بىلمەك ئۇقماق تونۇماق چۈشەنمەك ئەقلى يەتمەك

ئادەم ياكى شەيئىنى ئېنىقلىماق، بەلگىلىمەك.

ھەركىم ئۆز دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. * مىڭنى بىلسەڭمۇ، بىرنى بىلىدىغاندىن سورا. * ئۆز نادانلىقىنى بىلگەن ئەخمەق ئەمەس. * بىلگەن بىلگىنىنى ئىشلەر، بىلمىگەن بارمىقىنى چىشلەر. * بىر ئادەمنى بىلگۈڭ كەلسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ دوستىنى بىل. * ئۇقمىساڭ. قېرىلاردىن سورا، بىلمىسەڭ. ئۆيۈڭدە ياتما. * سەۋەنلىكنى تونۇش ئىشىكى دائىم ئوچۇق. * خاتالىقنى تونۇغانلىق يېرىم تۈگەتكەنلىك. * ئۇنى چۈشەنمىگەن بۇنى چۈشىنىدۇ. * بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئەقلى يېتىدۇ، ئىشلەش قولىدىن كېلىدۇ.

بىمالال بەھۇزۇر

تارتىنماي، قىسىلماي، كەڭتاشا، ئېچىلىپ، يېيىلىپ...

بىمالال سۆزلەڭ، خاتا بولسا كېرەك يوق. * بەھۇزۇر ئولتۇرۇڭلار، مېھمانلار!

بىنائەن ئاساسەن مۇۋاپىق

كۆرسىتىلگەن كۆرسەتمىنى ئاساس قىلىپ...

بۇيرۇققا بىنائەن يېتىپ كەلدىم. * قانۇنغا ئاساسەن، نەشەكەشلەرگە تېگىشلىك جازا بېرىش كېرەك. * يوليورۇققا مۇۋاپىق، ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش كېرەك.

بىنا ئىمارەت قورۇ ـ جاي بارىق

ئولتۇرۇشقا تەييارلانغان ئۆي، قورۇلۇش.

بىنانىڭ ئېگىزلىكىنى ئۇلى بەلگىلەر. * ئامېرىكىنىڭ بەش بۇرجەكلىك بىناسى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ نامى بولۇپ قالغان، ئۇنىڭدا 23 مىڭ خادىم ئىشلەيدۇ، 15 مىڭ چىراغ، 7 مىڭ 748 دېرىزە، 280 خالىجاي بار ئىكەن. * ئېگىز ئىمارەتنىڭ ئۇلى چوڭقۇر بولسۇن. * قورۇ ـ جاي ئىسلاھاتى زۆرۈر ئىسلاھاتلارنىڭ بىرى. * قورۇ ـ جايىڭ كەڭرى بولسا. ئىشىڭ ئوڭغا تارتار.

بىناكار مېمار ئارخىتېكتور

قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسى، ئىنژېنېرى.

بىزدە ئۇستا بىناكارلار تېخى يېتىشىپ چىقمىدى. بىناكار بولمىسا، زامانىۋى بىنا قۇرغىلى بولمايدۇ. * ئاۋۋالقى خىشنى قىڭغىر قويسا گەر مېمار، يۇلتۇزغا يەتسىمۇ قىڭغىردۇر دىۋار.

بىناكارلىق مېمارچىلىق ئارخىتېكتورا

ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى سەنئىتى.

بىزدە بىناكارلىق-قۇرۇلۇش شىركەتلىرى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. * ئۈرۈمچى بىناكارلىق مەكتىپى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىناكارلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ. * مېمارچىلىق ئۇستا بىناكارلارغا موھتاج.

بىۋاستە توپتوغرا

ئارىلىقتا ۋاستە قويماي...

كىشىنىڭ قەلبىگە بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان نەرسە، يەنىلا گۈزەللىكتۇر. * ئاراز بولۇپ قالغاننىڭ دورىسى بىۋاستە سۆزلىشىشتۇر. * دورغىلار ئاتخانىدىن چىقىپ، توپتوغرا موللازەيدىنىنىڭ ئۆيىگە باردى.

پ

پاپا يېپىسكوپ پوپ مىسسىئونېر

خرىستىئان-كاتولىك دىنىنىڭ روھانىلىرى.

پاپا — ۋاتىكاننىڭ ھۆكۈمرانى. * يېپىسكوپ يۇقىرى دەرىجىلىك روھانى. * پوپنىڭ كىيىمىنى كىيسە، ئالۋاستىمۇ قوڭغۇراق راۋىقىغا چىقالايدۇ. * شۋېت مىسسىئونېرلىرى بۇرۇن قەشقەر، يەكەنلەردىن نۇرغۇن يېتىم باللارنى شۋېتسىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

پات ئارىدا پات يېقىندا پات پۇرسەتتە

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەن ھالەتتە.

مەن پات ئارىدا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىمەن. * كۆرۈسەن، پات يېقىندا بىر چوڭ ئىش بولىدۇ. * بىز پات يېقىندا كۆرۈشۈپ قالارمىز. * بىز ۋەزىپىمىزنى خۇدا خالىسا، پات پۇرسەتتە ئورۇنلاپ بولىمىز.

پاتماق سىغماق

جايلاشماق، ماس كەلمەك.

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزايبېشى بوش كەلدى. * ئالەمگە پاتماي كەتمەك. * بېشىڭ سىغمايدىغان يەرگە ئورۇنما. * بەش قول ئېغىزغا سىغماس.

پاتېفون گراممافون

پلاستىنكىغا ئېلىنغان مۇزىكا، ناخشا، نۇتۇق ۋە باشقىلارنى ئاڭلىتىپ بېرىدىغان سايمان.

پاتېفون چېلىنىپ، ناخشا يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. * توك پاتېفونى سېتىۋالدىم.

پاجىئە تراگېدىيە

ئېچىنىشلىق ھادىسە، قايغۇلۇق ۋەقە.

ساۋاتسىزلىق، شۇ كىشى ئۈچۈن، بىر پاجىئە. * خەلقئاردا ھەر خىل تراگېدىيىلەر يۈز بەرمەكتە.

پاچاق پاقالچاق شىراق پايچەك ماشقاق

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ پۇتىنىڭ تىزدىن تۆۋەنكى قىسمى.

"ماشقاق" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"پايچەك" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

كاللا - پاچاق يېمەيمەن، چىشىمۇ چاقمايمەن. * بېشى باش بولسۇن، پاقالچىقى تاش. * شىرىقىدىن پۈۋلىسە، سەمرىدىغانلار بار.

پاخشە پالاق

ئەسلى بۇزۇلغان، ئۈچى سۇنغان تۇخۇمغا قارىتىلاتتى. ھازىر بۇزۇق، سۇنۇق، بۇزۇلغان، سۇنغان ھەممە نەرسىگە قارىتىلىدۇ.

پاخشە تۇخۇمدىن چۈجە چىقماس. * پالاقتىن پايدا كۈتمە.

پادا قورۇ ئۆيۈر سۈرۈك

مال - چارۋىلارنىڭ ئايرىپ باقىدىغان توپى.

پادا باقاردا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق. * چىشقاق موزاي پادىنى بۇلغار. * پەخەس بول، قورۇغا بۆرە چۈشمىسۇن. * باشباينىڭ 30 قورۇ مېلى بار ئىكەنمىش. * قاچقاق ئايغىر ئۆيۈرىنى تۇزۇتار.

پارا ئارىلىق رىشۋەت خىيانەت

بىرەر مەقسەتتە قانۇنسىز بەرگەن - ئالغان پۇل - مال.

"ئارىلىق"، "رىشۋەت" ھازىر پاسسىپ سۆزلەر.

قازى يېسە گەر بەش تەرخەمەك پارا، يۈز دەررە ھۆكۈمگە تاپىدۇ چارە. * پارىغا ۋىجدانىڭنى بۇلغىما. * ئارىلىق ئالغان ئارىدا تۇرالماس. * رىشۋەت — بۇزۇق ئەمەلدارنىڭ بەلگىسى. * خىيانەت — جىنايەت. * خىيانەت ھەقىقەتنى بۇرمىلايدۇ.

پارا بەرمەك ئارىلىق بەرمەك ئاغزىنى مايلىماق ئاغزىنى ياغلىماق ئاغزىغا ئۇرماق

بىراۋ مەلۇم مەنپەئەتنى كۆزلەپ، بىرىگە بىرەر نەرسە - پۇل بېرىپ ئاغزىدىن ئىلىۋالماق.

پارا بەر، بەرگىنىڭنى دېمە. * ئارىلىق بەرگەن دەۋاگەر ئاخىر زىيان تارتىدۇ. * ئاغزى مايلاشقاننىڭ تىلى ياغلىشار. * بەگلەرنىڭ ئاغزىنى ياغلاشقا كەمبەغەللەرنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. * ئاغزىغا ئۇرساڭ بولمامدۇ؟ ئىشىڭ ئاقاتتى.

پارىخور خىيانەتچى

پارا ئالىدىغان، خىيانەت قىلىدىغان كىشى.

"پارىخور جەننەتكە كىرەمدۇ - دوزاخقىمۇ" دەپ سورىدى بىرى "دوزاخقا كىرىدۇ، چۈنكى جەننەتتە پارا بېرىدىغانلار يوق" دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىرى. * خىيانەتچى قورققاق كېلىدۇ.

پاراۋان باياشات ئاسايىش

مول، تولۇق، كەڭتاشا.

چۈمۈلە ياز بويى يىغار يېمەك - دان، شۇڭا قىشتا ئۆيى بولار پاراۋان. * باياشات ياشاي دېسەڭ، پاك بول. * ئاسايىش كۈنلەر

كەلسە قۇچاق ئاچ.

پاراۋانلىق باياشاتلىق ئاسايىشلىق

مول، كەڭتاشا ھالەت.

نەدە ئىناقلىق بولمىسا، شۇ يەردە پاراۋانلىق بولماس. * دوستلىرىڭ كۆپىيەر پاراۋانلىقتا، ئۇلارنى ساناپ باق ناتىۋانلىقتا. * باياشاتلىق ئىرادەڭنى بوشاشتۇرمىسۇن. * ئاسايىشلىقتىن ئامانلىق ئەلا.

پارچە-پۇرات ئۇششاق-چۈششەك مەيدە-چۈيدە

پۈتۈن ۋە مۇھىم ئەمەس.

پارچە-پۇرات رەختتىن پەقەت قۇراق چىقىدۇ. * ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ كېتىپ، چوڭ ئىشلارنى تاشلاپ قويما. * مەيدە-چۈيدە يىغىلسا، چوڭ-چوڭ پايدا توپلىنار.

پارقىرىماق يالتىرىماق

نۇر چاچماق، يورۇقلۇق چىقارماق.

ئالتۇننىڭ يېنىدا بولسا، مىسمۇ پارقىرايدۇ. * ئالتۇن يەردىمۇ يالتىراپ تۇرار.

پاشنا ئۆكچە

ئاياغ كىيىمنىڭ تاپىنىغا قويۇلىدىغان قاتۇرما.

ئېگىز پاشنىلىق توپلەي ئاياللارنىڭ ئۆسۈشىگە زىيانلىق، يول يۈرۈشكە ئەپسىز. * ئۆكچە ئۆز لايىقىدا بولغىنى تۈزۈك.

پاقا قۇمچاق

سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ۋە قۇرت يەيدىغان پايدىلىق جانلىق.

"قۇمچاق" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ، ئورتاق تىلدا

پاقىنىڭ بالىسى، يېتىلمىگەن پاقا.

پاقا كوكرىمىسا بېشى ئاغرىيدۇ. * كېيىك سۇ ئىچكەن يەردىن پاقا سۇ ئىچمەس. * قۇمچاقتىن قورققان كۆلدىن سۇ ئىچمەس.

پاك I دىيانەتلىك سايدام

خىيانەتتىن خالىي، ھەق-ئادىل.

ئاق يول بولۇڭ، پاك قول بولۇڭ. * تاپىقىنىم پاك، قولىقىم ساق. * دىيانەتلىك بولۇش ھەربىر دۆلەت خادىمىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرت.

پاك II ساپ ئېرىغ

پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن بۇلغانمىغان، تازا، پاكىز.

ئاق بولمىسىمۇ پاك بولسۇن. * ئۆزى پاكقا ھەممە پاك. * ئاق بولسۇن، پاك بولسۇن. * ساپ ھاۋا تەنگە داۋا. * ئېرىغ سۇ تەنگە شىپا.

پاكار پەتەك پاكىنەك پىستەك پىندەك پارپا جەدۋار چۆكۈت ۋاخان

بويى پەس، بويى ئېگىز ئەمەس.

"پىستەك"، "پىندەك"لەر سەلبىي تۈسكە ئىگە.

"پارپا"، "جەدۋار"لار ئادەتتىن تاشقىرى، "پاكار"غا ئېيتىلىدۇ.

ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە، پاكارنىڭ جېنى چىقار. * پەتەك بولغان بىلەن پەمى بار. * پاكىنەك پەيتى كەلسە دارازىنى يېڭەر. * پىستەك دېمەڭ بىزنى، قايرىپ سۆيمەز سىزنى. * پىندەك بالا يېنىك چېكىدىكەن. * پارپا ئىشىكتىن ئېگىلىپ كىرەر. * «ئىسلى مەشرىپى»دە ئىككى جەدۋار سۆز ئويۇنى قىلىشتى.

پال رەم تۆلگە قۇرئى كۆرۈم ئرق ئوغۇر

كتاب ئېچش، تاش ـ قۇملاق سېلش يولى بلەن كشنڭ هال ـ ئەھۋالى، كەلگۈسنى بلدغان ساختا بېشارەت.

پالغا ئشەنمە، پالسز يۈرمە. * ئالدامچنڭ رېمدىن، ئۆزۈڭنڭ خيالى دۇرۇس. * تۆلگە ئاچتۇردۇم، تۈگمەنگە بارسەن، ـــ دېدى. * قۇرئدن چقان گەپكە ئشەنمە.

پالان ـ پۇستان پالان ـ پۈكۈن

ئېنقسز ئالماش: كمدۇ بر نامەلۇم كشى.

چقپ ئەمدى غاز ئزدە، تۇتۇپ سولا پەم بلەن، پالان ـ پۇستان دېگەنلەر زوكۇنلاشسۇن مەن بلەن. * ئستپاقلاشماي، پالان ـ پۈكۈن دېيشپ، ئاشر مانا مۇشۇ هالغا چۈشتۇق.

پالچى رەممال رەمچى تۆلگچى قۇرئەنداز مۇنەججم كۆرۈمچى

پال، رەم، تۆلگە ئاچدغان كشى.

پالچى پالچغا پال ئاچقۇزماس. * ئوغرى ئالالمغاننى رەممال ئالدۇ. * شەيتاننڭ ئشدن رەممال قزغنندۇ. * رەمچى ئۆزنڭ ئۆلدغان كۈننى بلمەس. * تۆلگچى قوي تۆللگەندە ئەدەپ كېتدۇ. * قۇرئەنداز قۇرئى ئاچسا، كۆزى ئالاق ـ جالاق بولدۇ.

پالەك بوسەي باشاقكۆك باشاق

ئوتياشنڭ بر خلى، يوپۇرمقى ئۈچ بۇرجەك، غولى قزغۇچ كېلدۇ.

"باشاقكۆك"، "باشاق" قۇمۇل شېۋسدە قوللنلدۇ.

پالەكنڭ تەبئتى ھۆل ئسسق، ئوزۇقلۇق قممتى يۇقرى، 100 گرام پالەكتن 18 كالوريە قۇۋۋەت هاسل بولدۇ.

پالۋان نوچى گاڭگۇڭ

جسمانى جەھەتتن كۈچلۈك كشى، جەسۇر.

"گاڭگۇڭ" خەنزۇچە: 光棍. ئەسلى مەنسى: بويتاق.

يۈگەنسز ئاتنى پالۋان منەر. * سادر پالۋان ـــ مللى قەهرمان. * گەپ ساتدغان يۈز پوچىدىن، ئش قلدغان بر نوچى ئەلا. * سېيت نوچى ئۆزنڭ ئۆلۈم خېتنى ئاپارغان. * ئابدۇل گاڭگۇڭ.

پالماق سۈرگۈن قلماق

جنايى جازانڭ بر تۈرى. "جنايەتچى" هېسابلانغان كشنى چەت يەرلەرگە مەلۇم مۇددەتكە ئەۋەتپ نازارەت ئاستدا تۇتۇش.

مەنچڭ هۆكۈمتى لن زېشۈينى ئلغا پالغاندى. * لېنن سبرىيگە سۈرگۈن قلنغان.

پاناه بولماق دالدا بولماق

ئۆز هامىيلقدا ساقلماق، يۆلەك بولماق.

ياخشلق قلساڭ دوستۇڭغا. پاناه بولار بېشڭغا. * يامانلقتا ئېشەك تېزكى دالدا بولار.

پاهشە زنا

قانۇن ـ قائدلەرگە خلاپ جنسى مۇناسۋەت، بۇزۇقچلق.

پاهشە ئجتمائى ئەخلاققا نۇقسان يەتكۈزدۇ. * زنا ئسلام دىندا هارام هېسابلندۇ.

پاهشۋاز زناخور پوخۇر

پاهشە خوتۇنلار بلەن زنا قلشقا ئۆگنپ قالغان، بۇزۇق ئەر.

پاھىشىۋاز پاھىشىدىن ئۆلەر. * زىناخورنى ئىشىكىڭگە يولاتما. * پوخۇردا يۈز يوق.

پايپاققا نال قاققاندەك ھۆل تامغا ئىشەك تەپكەندەك

جايىدا بولمىغان سۆز - ھەرىكەتكە ئوخشىتىش.

پايپاققا نال قاققاندەك، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلما. * نەدىكى ئىشنى قىلىۋاتىسەن، ھۆل تامغا ئىشەك تەپكەندەك.

پايتەخت ئاستانا ئوردۇ

دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ۋە ئىجرائىي ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان شەھەر.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى — بېيجىڭ. * ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاستانىسى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە يېزىسى ئىدى. * قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق ئوردىسى بالاساغۇن، قىشلىق ئوردىسى قەشقەر ئىدى.

پايدا ھايان نەپ مەنپەئەت چىقىش تاپاۋەت بەھرە ئاسىغ ئەز تۇسۇ چۇر قازغانچ

دىرىدىن ئاشقان دارامەت؛ ئېرىشكەن ياخشىلىق.

خەلقىمغە پايدام تەگمىسە قايسى كۈنى، ئۆمرۈم ھېسابىغا قوشۇلمايمەن ئۇنى. * ئەقىلسىز بازارغا بارغۇچە، ئەقىللىق پايدا ئاپتۇ. * ئۆتۈكۈڭ تار بولسا، جاھاننىڭ كەڭلىكىدىن نېمە پايدا، خوتۇنۇڭ بىشەم بولسا، ئالەمنىڭ تىنچلىقىدىن نېمە پايدا. * كەمبەغەلنىڭ ھايىنى يوق، تاپقان پۇلىنىڭ تايىنى. * قوي باقىدىغان ئىتلار تالاشسا، بۆرە ئارىدىن نەپ ئالار. * بېيىۋالغان تىلەمچى، بىچارىگە نەپ بەرمەس. * ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئادەم ئۆلمەيدۇ. * نېمە، چىقىش قىلمىدىڭمۇ؟ * چېقىمچىلىقتىن ھېچ تاپاۋەت تاپالمايسەن. * دوستقا ئاداۋەت — دۈشمەنگە تاپاۋەت.

پايدىلىق مەنپەئەتلىك توسۇلۇغ ئەزلىك

پايدا، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان.

خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى قىل. * مەنپەئەتلىك ئىشتىن شەيتان قىزغىنار.

پاينەكباش ياغاقباش تاقىرباش ئايپاقباش

چاچلىرى چۈشۈپ، چېچى شالاك بولۇپ قالغان، قۇماقسىز، چاقسىز تاز.

پاينەكباشتا كېپەك بولماس. * بىر ياغاقباش كىشى كېلىپ كەتتى. * تاقىرباش تىرىشچاق كېلىدۇ. * ئايپاقباش ئېھتىيات قىلمىسا، بېشىنى ئاسان زەخمىلەندۈرىدۇ.

پاي ئۈلۈش ھەسسە چۇۋ

شېرىكلىشىپ باشقۇرغان سودا - سانائەتكە قوشۇلغان دەسمايە، ئۈسۈمى بولىدۇ.

شىركەتكە ئالتە پاي قوشتۇم. * لىچۈن ھەسسەدارلار شىركەتتە ئالىدىغان ئۈلۈشۈم بار. * شىركەتكە قوشقان ھەسسەمنىڭ ئۈسۈمى چىقتى.

پايچىك ھەسسەدار

پاي قوشقان كىشى.

نۇرلۇق ھەسسەدارلار شىركەتنىڭ پايچىكلىرى يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. * ھەسسەدارلار يىللىق ئۈسۈم ئېلىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

پايلىماق ئىزدىماق چۈشمەك پېيىگە چۈشمەك كەينىگە كىرىۋالماق

ئىز باستۇرۇپ قاراپ يۈرۈپ، تەقىپ قىلماق.

دۈشمەننى كۈندۈزى ئويلا، كېچىسى پايلا. * ئىشپىيونلار ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، نەگە بارسا، شۇ يەرگە بىرىپ يۈردى. * كىمكى

چۈشىنىپ قالغاندا مېنى، دوستۇم دېمەيمەن ھەرگىز ئۇنى، بەلكى پېيىگە چۈشۈپ بىركۈنى، بەتنەزەر كۆزىنى ئويۇۋالىمەن. * دۈشمەن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانىدى، ئۇ ئۇنى سېزىپ، دەرھال بىر ياققا بۇرۇلدى.

پەردە I چىمىلدىق كۆشۈگە چارشاپ سەرئەنداز مۇندەرۇ

ئىشىك، دېرىزە، كارىۋاتلارغا توسۇش ئۈچۈن ياكى زىننەت بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس رەخت، تور.

دېرىزىگە پەردە كېرەك، ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدا پەردەشەپ كېرەك. * قىز يىگىتنى چىمىلداقتا تونۇيدىغان ئىشلار بار ئىدى. * يىغلىماڭ قىز، يىغلىماڭ، تويىڭىز بولدى، ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە ئۆيىڭىز بولدى. * كۆشۈگىدە كۆرۈشكەن چاغ ئەستىن چىقمىسا، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ. * چارشاپ تارتقان ئۆي كېلىنىڭ.

پەردە II كۆرۈنۈش

تىياتىرنىڭ ئايرىم ۋەقەلىكى كۆرسىتىلىدىغان قىسمى.

قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى تىياتىر كۆرىكىدە بىر پەردە، تۆت كۆرۈنۈشلۈك «ئەزىزە» درامىسىنى ئوينىدى.

پەرق تاپاۋەت

ئىش-ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىق، ئايرىما.

ئۇلۇغلۇق بىلەن چاكىنىلىقنىڭ پەرقى بىر قەدەم. * ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەننىڭ پەرق-تاپاۋىتى چوڭ بولىدۇ.

پەرىشتە مالايىك(مەلائىك) مەلەك

دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئاللانىڭ ئەمرىگە بىنائەن، مەخسۇس ئىشقا مۇئەككەل غەيرىي تەبىئىي مەخلۇق.

پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ. * ناتونۇش پەرىشتىدىن تونۇش جىن ئارتۇق.

پەرىشان بىسەرەمجان

چۇۋالچاق، تەرتىپسىز، قالايمىقان.

قۇرغۇيۇم ئۈچتى قولۇمدىن، قايدا مېھماندۇر بوگۇن، دەخلى بەرمەڭلار يارىمغا كۆڭلى پەرىشاندۇر بۇگۇن. * بىسەرەمجان بولما، سەرەمجان بول.

پەرىشانلىق بىسەرەمجانلىق

چۇۋالچاقلىق، قالايمىقانلىق.

پەرىشانلىق ئۆمۈرنىڭ ئېكىكى. * بىسەرەمجانلىق تۇرمۇشنى بۇزىدۇ.

پەس پەسكەش رەزىل بەدرەك ئىپلاس نەس نائەھلى ناكەس ئەسكى لەنتى

ئادەمگەرچىلىكتىن چىققان، ئەسكىلىك قىلىشتىن يانمايدىغان.

ئېسىل-پەسلەر قوشۇلۇپ قالسا ئەگەر، پەس تەبىئىتى غالىب كېلەر ھەر سەپەر. * پەسكەش ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولماس، سەركەش يۇگۇرگىنى بىلەن كېيىك بولماس. * رەزىل ئادەم ئاچ بۆرىدەك ھۇۋلار، گاھى ۋاي-دادلار، گاھى ۋارقىرار. * ئۇ بەدرەكتىن ۋاپا چىقمايدۇ. * ئىپلاس ئىپلاسلىقىنى قىلمىسا ئۇخلىيالمايدۇ. * مەست بىلەن بىللە ماڭساڭ ماڭ، نەس بىلەن بىللە ماڭما. * نائەھلىگە قەرزدار بولما، ناتونۇشقا ھەمراھ. * زېرەكلەر بىلەن زىندان گۈلىستان، ناكەسلەر قىلار گۈلزارنى زىندان. * ئەسكى ئەسكىلىككە يارىتىلغانمىكىن؟ * ئۇ لەنتىدىن نېرى يۈرگەن ياخشى. * لەنتى ئېھتىياج ئالدىدا ۋەدە بېرىپ، قانائەت ئالدىدا يۈز ئۆرۈيدۇ.

پەسلىك پەسكەشلىك رەزىللىك ئەسكىلىك

يىرگىنچلىك خۇي-ھەرىكەت.

پەسلىكتە كامال يوق، رەزىللىكتە ئىمان يوق. * پەسكەشلىك بىلەن

ياشىغاندىن ئۇچۇق-يورۇق ئۆلگەن ئەلا. * ئاجىزنى بوزەك قىلىغاندىن ئارتۇق رەزىللىك يوق. * خەقنى ياخشى تاماق بىلەن كۈت، ئەسكىلىك قىلىشقا زورلىما.

پەسىل I باب پاراگراف بۆلۈم تارماق

چوڭ ئەسەرنىڭ تۈرلۈك بۆلەكلىرى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» تۆت پەسىل، 29 باب، 16 بۆلۈم، 270 ماددىدىن ئىبارەت.

پەسىل II مەۋسۇم سىزون ئۇد

بىر يىلنىڭ بۆلۈنگەن تۆت قىسمىنىڭ ھەربىرى، پەسىلنىڭ 12 قىسمىنىڭ ھەربىرى؛ ئومۇمەن بىر مۇددەت.

ھەر نەرسە ئۆز پەسلىدە ياخشى. * كۈزدە جۈيخارگۈل، باھاردا شاپتۇل، ھەربىرىنىڭ ئۆز مەۋسۇمى بار. * سىزونغا قاراپ كىيىم كىي.

پەش I پۇچقاق ئېتەك

چاپان، كۆڭلەكلەرنىڭ ئالدى تەرىپى.

تاھىر پەشنى قېقىپ چىقىپ كېتىپتۇ. * پەشنى كىسىپ يەڭنى ياماپتۇ. * پۇچقاقتىن يەل بەرمەك. * ئىت ئېتەكتىن ئالىدۇ، خوتۇن ياقىدىن.

پەش II زەبىتۈي ئاپاستۇرۇق

تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى. جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەر ۋە قوشما جۈملىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنى ئايرىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. بەلگىسى: " ، ".

پەشخۇن ئەمبەل

نانىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇش، چەيلەش، زۇۋۇلا قىلىش، ئېچىش ئۈچۈن ھەم نانلارنى تىزىش ئۈچۈن تەييارلانغان

تاختا.

پەشخۇن ھەممىدىن بەك پاكىز بولۇشى كېرەك. * خوتۇن كىشىنى ئەمبەل تۈۋىدە كۆر.

پەقەت I زىنھار

مودال سۆز: "ھەرگىز، زادىلا" دېگەن مەنىدە.

ئەقلىغە تايىنىپ ئىش قىلسا پەقەت، تەقدىر يۈلتۈزىدىن ئايرىلماس ئەبەد. * گەركىمگە بولمىسا ئەقىل، بىلىم يار، قوشما ئۇنى ئادەم سانىغا زىنھار.

پەقەت II يالغۇز تەك

ئەگەر بىر ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىسا، بۇ تولىمۇ شەرمەندىچىلىك بولىدۇ. * ئىنساننى پەقەت تەجرىبىلا ھايات لەززەتلىرىنى قەدىرلەشكە ئۆگىتىدۇ. * بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلاردىن بۇ يەردە يالغۇز مەنىلا بىخەۋەر ئىكەنمەن.

پەلەي قولقاپ ئەلىكلىك

قولنى سوغۇقتىن، زەخىملىنىشتىن ۋە زەھەرلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان بۇيۇم.

قىش: "پەلىيىڭ نەدە؟" دەر. * قولقاپ كىيگەنلەر كىشى بىلەن قولقاپنى يېشىۋەتمەي كۆرۈشسە، ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

پەي سىڭىر تارمۇچ پاتاڭ چاندىر

بەدەندىكى مۇسكۇللارنى سۆڭەككە بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان چىڭ ۋە ئەۋرىشىم توقۇلما.

دۈشمەننىڭ پېيىنى قىرقى. * پەي تارتىشماق. * سىڭىر يېگەن ئىت جىم تۇرالماس. * تارمۇچنى تارتىپ يە. * غەيۋەت — پىشماس پاتاڭ، نەگە تارتسا شۇ يەرگە بارار.

پەيدىنپەي تەدرىجىي بىرۋاراقى بىرئۇچقاچ ئاستا-ئاستا

رەۋىش: ئىش-ھەرىكەتنى ئۆز يولى بىلەن، تەرتىپ بىلەن يۈرگۈزۈش.

پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش — سەكرەپ ئىلگىرىلەشتىن مىڭ ياخشى. * بۇ ئىش مۇرەككەپ، تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ. * قانداق قىلاتتۇق، ئىش دېگەن بىرۋاراقى پۈتىدۇ. * نېمە ئالدىرايسەن، بىرئۇچقاچ قىلارمىز. * مۇسۇلمانچىلىق ئاستا-ئاستا.

پەيغەمبەر روسۇل ئەلچى نەبى(ئەنبىيا) يالاۋاچ

ئاللانىڭ بەندىلەرنى ياخشىلىققا باشلاشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلى.

خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ. * زامان ئۆز پەيغەمبىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ. * گاھى خۇدا بىلەن روسۇل، گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل. * مۇھەممەد خۇدانىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسىدۇر. * «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نەشردىن چىقتى.

پروفېسسور مۇدەررىس

ئالىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتكۈچى، يۇقىرى ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچى.

پروفېسسور فېڭ جياشېڭ ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا جىق ماتېرىيال توپلىغان ۋە بىرنەچچە ھەق سۆزنى قىلغانىدى. * مەھمۇد قەشقەرى ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر مۇدەررىس ئىدى.

پروگرامما پلاتفورما

سىياسىي پارتىيىلەر، ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ۋەزىپە ۋە مەقسەتلىرى بايان قىلىنغان ھۆججەت.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى. * ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۆز ۋاقتىدا پلاتفورما جاكارلىغان.

پو لاپ

چوڭ گەپ، قۇرۇق كۆپتۈرمە.

قۇرۇق پوغا قەرز ئۈزۈلمەس. * ئۇستىرا كاپ بىلەن، خوتۇن كىشى لاپ بىلەن.

پو ئاتماق لاپ ئۇرماق شىلتىڭ ئاتماق پاختا ئاتماق

ئىش-ھەرىكەتنى كۆپتۈرۈپ، مۇبالىغە قىلىپ سۆزلىمەك.

سۈمۈرگىن بىرنى كەمتەرلىك جامىدىن، مەنمەنلىكنى، لاپ ئۇرۇشنى تاشلىغىن. * ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن. * پاختا ئاتقاندىن قورق.

پوپوزا قىلماق ھەيۋە قىلماق تەھدىت سالماق تەھلىكە سالماق تېرە تاراقشىتماق جۇۋا تاراقشىتماق سىياسەت قىلماق

ھەر خىل يوللار بىلەن قورقۇتماق.

دۈشمەن دائىم پوپوزا قىلىدۇ، پوپوزىدىن قورققان ئۆزلۈكىدىن يېڭىلىدۇ. * ھەيۋە قىلغان، كىم بىلىدۇ، قورققىنىدىن قىلىدىغاندۇ؟ * جاھانگىرلار ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرىگە تەھلىكە سېلىپ، تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. * تېرە تاراقشىتىشمۇ بىر تاكتىكا. * جۇۋا تاراقشىتىش قورقۇنچتىن بولىدۇ. * بەزى يېزا كادىرلىرى دېھقانلارغا سىياسەت قىلىدۇ.

پوچتا چاپار داك

خەت-چەك، گېزىت-ژۇرنال، خالتا ۋە پۇلنى قوبۇل قىلىپ، كۆرسىتىلگەن جايدىكى كىشى ۋە ئىدارىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇن.

"چاپار" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

9-ئۆكتەبىر خەلقئارا پوچتا كۈنى قىزغىن خاتىرىلەندى.

پوچتىكەش پوچتالىيون چىپەرچى پوچتىچى داكچى دارەندە كورىيېر تىركىش

پوچتىخانىنىڭ خەت-چەك، گېزىت-ژۇرنال توشۇش-تارقىتىش ئىشىنى قىلىدىغان خادىمى.

"چىپەرچى" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

پوچتىكەش قولىدا خەت كىرىپ كەلدى، ئاتام خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى، ئاكامدىن خەت كەپتۇكەن. * تۇرسۇنگۈل ھەر كۈنى پوچتالىيوننى كۈتۈپ تۇرىدۇ. * پوچتىچى — ۋاستىچى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى مۇشكۇل.

پوچى لاپچى دەڭگىرەك

پو، لاپ ئاتىدىغان كىشى.

گەپ ساتىدىغان پوچىدىن ئىش قىلىدىغان نوچى ئەلا. * لاپچى ھەممە يەردە بار، ھەممە يەردە ئىناۋىتى يوق.

پۇخادىن چىقماق خۇماردىن چىقماق

كۆڭلى-كۆكسى ئېچىلماق، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى كۆتكىنىدەك ۋۇجۇدقا چىقىرىپ ھوزۇرلانماق.

كۆز ئۇيقۇغا كەتكەندە، قوڭ پۇخادىن چىقار. * خۇماردىن چىققۇچە ئوينىدۇق.

پورتمال پورتفېل چەندازا ھەميان

پۇل ۋە ئۇششاق-چۈششەك لازىمەتلىكلەرنى سېلىپ قولدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بۇيۇم.

پورتمال تۇتقان بىر چوكان. دۇكانغا كىرىپ كەلدى. * پورتفېلنى يوقاتقان قىز يىغلامسىراپ تۇراتتى. * چەندازاڭغا قاراپ خەجلە. * قۇرۇق ھەميانغا قورساق تويمايدۇ.

پورتىخال ماندارىن جۈيزە

ئىسسىق-تروپىك رايونلاردىن چىقىدىغان مېۋە، پوستى قىزىل سېرىق، سەل ياپىلاق دوغىلاق، شىرنىسى كۆپ، تەمى تاتلىق بولىدۇ.

پورتىخالنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، 100 گرام پورتىخالدىن 53 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * پورتىخالنىڭ پوستىمۇ، ئېتى ئىچىدىكى پېيلىرىمۇ ئوزۇقلۇققا باي، تاشلىۋەتمەي، سايە يەردە قۇرۇتۇپ، لازىم بولغاندا چىلاپ سۈيىنى ئىچىش كېرەك. * پورتىخالنى قۇرۇتۇپ مۇزلاتقۇغا سېلىپ قويسا، مۇزلاتقۇدىكى بەتبۇينى ئالىدۇ.

پوق تېزەك ماياق قۇسلاق مىژىك

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ چوڭ تەرىتى.

كۆزىنى يۇمغان پوقىنى يەر. * ئېشىمدا يوق پۇرچاق پوقۇمدا نېمە قىلسۇن. * ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان. * بەختسىز قىز تېزەك تەرگىلى چىقسا، كالىلار سۇغا تېزەكلەپتۇ. * بارنىڭ مايىقى تېگەر، يوقنىڭ تايىقى.

پوكەي ستوپكا

سودا دۇكانلىرىدا ماللارنى تىزىش ئۈچۈن تەييارلانغان جازا.

ئۇ كېلىپ پوكەيگە پوكىنىنى قويۇپ مۈكچەيدى.

پولات گاڭ قۇيۇچ

تۆمۈر بىلەن كۆمۈرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان قېتىشما مېتال.

كۆپىنىڭ كۈچى پولات-گاڭ، كۆپىنىڭ كۈچى ئاي ۋە تاڭ.

پولۇ گۈرۈچ ئاش ئاش قويۇقئاش

ئۇيغۇر تامىقى: گۆش، پىياز، سەۋزىنى قورۇپ، كېيىن سۇ قۇيۇپ، ئاندىن گۈرۈچ دەملەپ پىشۇرۇلىدۇ.

پولۇ بولمىسا ئۇماچ ئىچكەن ياخشى، بىكار تۇرغاندىن جىگدە شۈمىگەن ياخشى. * خۇدا دېگەن يەردە بالا يوق، شال تېرىغان يەردە پولۇ يوق. * گۈرۈچ ئاش — توق ئاش. * ئەقىلسىز بىلەن ئاش يېگۈچە، ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ. * مېھمانلارغا ئاخىردا قويۇقئاش تارتىلدى.

پومېشچىك يەر ئىگىسى زېمىندار

كۆپ يەر ئىگىلىگەن، ئۆزى ئەمگەك قىلماي، يەرلىرىنى دېھقانلارغا ئىجارە بېرىپ، (ياكى نۇرغۇن يىللىقچى ئىشلىتىپ) ئىجارە ھەققىنى ئاساسىي تۇرمۇش مەنبەسى قىلغان كىشى.

زېمىندارلار يەر ئىسلاھاتىدا "يەر ئىگىسى" دەپ ئاتالغان، كېيىن ۋە ھازىر "پومېشچىك" دېيىلدى.

پويىزا كەمەر

تاسمىدىن ياسالغان بەلباغ، ئىشتانباغ.

پويىزاڭنى باغلا، بەلىنى بوشاتما. * باغلانسۇن قېرىلىقتا ھۆرمەت كەمىرى، قېرىغاندا بولارسەن قېرىلار سەرۋىرى.

پۇت تېپىشمەك ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماق كاللا سوقۇشتۇرماق

ئۆزئارا ئۈستۈنلۈك تالىشىپ ئېلىشماق، زىتلاشماق، رىقابەتلەشمەك.

ئۇ ئىككىسى دائىم پۇت تېپىشىپ يۈرەتتى، بىرىنى بىرى يېڭەلمەيتتى. * ئۇلار ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگىلى خېلى بولدى. * سەن ئۇنىڭ بىلەن كاللا سوقۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن، ھالى كۆڭلىڭ ياخشىمۇ، جىم يۈر.

پۇتبول پۇت توپ زۇچۇر

توپ ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر خىلى. ئىككى تەرەپ بولۇپ ئوينايدۇ، توپنى تېپىپ قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا كۆپ كىرگۈزگەن تەرەپ ئۇتىدۇ.

جۇڭگو قىزلار پۇتبول كوماندىسى يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن پۇتبول مۇسابىقىسىدا دانىيە قىزلار پۇتبول كوماندىسى بىلەن ئويناپ 2=2 توپ بىلەن تەڭ بولدى.

پۇتىغا ھۆل خىش قويماق قولتۇقىغا سۇ سەپمەك

ئورۇنسىز ماختاپ ئۇچۇرماق.

ئۇنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قوي، ئىشىڭ دەرھال ھەل بولىدۇ. * ئۇ قولتۇقىغا سۇ سەپكەننى بىلمەي، ئۆزىچە خۇشال بولۇپ يۈرىدۇ.

پۇتىماق چاتىماق

دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ، مېۋىلىك دەرەخ، تەڭ ۋە بەزى زىرائەتلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى كېسىۋەتمەك.

دەرەخلەرنىڭ ھارام شاخلىرىنى پۇتىۋېتىش كېرەك. * كېۋەز شاخلىرىنى چاتاش باشلاندى.

پۈچۈق پاناق لاپچۇق

پۈتۈن ئەمەس، كەمتۈك؛ بۇرنى پەس، ياپىلاق.

"لاپچۇق" قۇمۇل شېۋىسىدە "پاناق".

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۈچۈق. * پۈچۈق قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك. * پاناق بۇرۇننى قاڭشالىق قىلىدىغان ئامال تېپىلىپتۇ.

پۇراق ھىد بۇي ئىس

پۇراش ئەزاسى بۇرۇنغا سېزىلىدىغان شەكىلسىز، رەڭسىز نەرسە.

گۈلنىڭ خۇش پۇرىقىدىن باشقا، تىكىنىمۇ بار. * گېزىت خەۋىرى: ئامېرىكا ئالىملىرى يېقىندا پۇراقنىڭ ئادەمنىڭ ئەستە قالدۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. * گۈلنىڭ ھىدى رەڭگىدىن ئەمەس. * گۈل سولار، ھىدى قالار. * چىرايلىق گۈلنىڭ خۇش بۇي بولۇشى ناتايىن. * يىراقلاردىن گۈللەرنىڭ ئىسى بۇرۇنغا ئۇرۇلاتتى.

پۇرچىقى پىششىماسلىق پىيىزى پىششىماسلىق

چىقىشالماسلىق، كېلىشەلمەسلىك.

ئەجەبمۇ بۇ ھۆكۈمەت بىلەن پۇرچىقىم پىششىماي كەتتى. * ئۇ ئىككىسىنىڭ پىيىزى پىششىمايدۇ، ۋاقتىدا ئاجرىشىپ كەتكىنىمۇ تۈزۈك.

پۇرىماق ئىسكىمەك ئاللىماق

پۇراش ئەزاسى — بۇرۇن بىلەن پۇراقنى قوبۇل قىلماق.

”ئاللىماق“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

يۇزمايىنى ساتقۇچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئالما، پۇراپ ئال. * ئادەم سۆزلىشىپ تونۇشار، ھايۋان ئىسكىشىپ تېپىشار. * باخشىنىڭ يادىكارىنى كۆز ئىچىدا ساقلىغىن، غولى بولسا باشقا سانجىپ، غۇنچىسىنى ئاللىغىن.

پۇشايمان پۇشمان ئۆكۈنچ پەندىيات ئوخشۇن

نالايىق قىلمىشى ئۈچۈن ئازابلىنىش.

پۇشايماننى ئالغىنى قاچا تاپالماي قالماق. * كېيىنكى پۇشمان — ئۆزۈڭگە دۈشمەن. * ئېھتىيات قىل، كېيىنكى ئۆكۈنچ يامان. * ئاتبېشى نارىندا قاچتى ئات، ئات ئاتاڭچە بولسا، ئال قوزۇقنى باغلا - يات، مېنىڭ ئېيتىم موللا بارات، مەندىن باشقىلارغا پەندىيات.

پۇشايمان قىلماق پۇشمان يېمەك ئۆكۈنمەك پەندىيات چەكمەك ئوخشۇغاق

نالايىق قىلمىشى ئۈچۈن ئازابلانماق.

قىلىپ قويغان ئىشىمدىن قاتتىق پۇشايمەن قىلىۋاتىمەن. * پۇشمان يېگەن بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. * يوق ئۆكۈنىدۇ، توق كېكىرىدۇ. * ئۆكۈزۈڭگە ئۆلگەن يېرىدە ئۆكۈن. * تېز يۈگۈرسەڭ يىقىلىسەن، تېز سۆزلىسەڭ ئۆكۈنىسەن. * پەندىيات چەكمە، پەندىيات چېكىپ تاپقىنىڭ نېمە؟

پەرەز قىياس تەسەۋۋۇر بوداق مۆلچەر مولجال چاما تەخمىن ئۇناق

بىرەر ئىش - ھەرىكەت توغرىسىدا ئالدىنئالا قىلىنغان تەخمىنى مۆلاھىزە.

مىڭ پەرەزدىن بىر پاكىت ئەلا. * ”قىياس“تىن بىرنەچچىسى چىقسا، شەھەرنى بوتۇلكىغا تىقىشلى بولىدۇ. * ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى يوشۇرۇشقا ھەرگىز ئۇرۇنماسلىقى لازىم، ئىنتايىن يۈرەكلىك بىلەن قىياس ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇنۇشقىمۇ بولمايدۇ. * مىڭ خىل مۆلچەر بىر پاكىتقا تەڭ كەلمەيدۇ. * مولجال بەزىدە دەل چىقىدۇ. * چامامدا بۇ ئىش ئەتە پۈتەر. * تەخمىن تەختىنى غۇلىتىدۇ، ئۆزىگە ھېچگەپ كەلمەيدۇ. * ئۇناق ئۇناقتا كەلمىدى، ئارقىدىكى يەر قوناقتا كەلمىدى.

پەرتۇق پەشتاما پەشمال

تازىلىق نۇقتىسىدىن، تاماق ئەتكۈچى ئالدىغا تارتىۋالىدىغان بۇيۇم.

پەرتۇق تاماق ئېتىۋاتقان ئايالغا ھەم تازىلىق، ھەم زىننەت. * پەشتامىسى تازا تۇتۇش كىيىمنى تازا تۇتۇشتىن زۆرۈر. * پەشمال — ئاشپەزنىڭ زىننىتى.

پۇقرا رەئىيە گىراژدان قاراچى

بىر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىدىكى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە

هوقۇقىن پايدىلىنىپ، مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيدىغان كىشى.

ئىككى پۇتىدا تىك تۇرغان پۇقرا، تىز پۈككەن ئەربابتىن ئەلا. * ئوت قويسا ئامبال، يوق سوراق، پۇقرا ياقالمايدۇ چىراغ. * رەئىيەدىن قولۇڭنى تارتما. * گىراژدان ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىشى كېرەك.

پۇل ئاقچا تىزا پادا دەرەم تەڭگە تىيىن يارماق پىنناس

دۆلەت بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە قىلىپ تارقاتقان، سودا-سېتىق مۇئامىلىسىدە ۋاسىتىلىك رول ئوينايدىغان قەغەز ياكى مېتال.

"پۇل"، "ئاقچا" ئەڭ ئاكتىپ سۆزلەر.

"تىزا" ئەسلى مىنگونىڭ باشلىرىدا چىقىرىلغان پۇلنىڭ نامى (帖子)، بىزدە ئومۇمەن "پۇل" مەنىسىدە كېلىدۇ. هازىر ئىلى رايونىدا، ئېغىز تىلىدا بار.

"پادا"، "دەرەم"لەر كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ. كونىرىغان سۆز.

"تەڭگە"، "تىيىن"، "يارماق"لار ئەسلى پۇل بىرلىكلىرى. ئېغىز تىلىدا "پۇل" مەنىسىدە كېلىدۇ.

ئۆلۈمگە تۇتىدىغانمۇ پۇل، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ پۇل. * پۇل تاپقۇچە، ئەقىل تاپ. * پۇل بار چاغدا مىڭى دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست؟! * ئاقچىغا ئارام يوق. * بىر قارا ئاقچىغا سوزۇلسا قولۇم، بىر يېرىم تەڭگىگە كېسىلگىنى خوپ. * تىزاڭ كۆپەيسە، ئۆيۈڭ قاچىدۇ. * ئالتە تەڭگەم بار ئات ئالىمەن، يەتتە تەڭگەم بار نار ئالىمەن. * تەڭگىنىڭ كۆچى تىيىندا. * بىر تىيىننىڭ تايىنى يوق. * ياماق ياماپ، يارماق تاپ. * كىچىككىنە پىنناس، ئالەمنى كېزىپ تىنماس. ئۇ نېمە؟ (مېتال پۇل)

پۇل پاخاللىقى ئىنفىلاتسىيە

قەغەز پۇلنىڭ كۆپ چىقىرىلىشىدىن پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ چۈشۈشى.

جۇڭگو پۇل پاخاللىقىنى ئۈنۈملۈك چەكلىدى. * سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا پۇل پاخاللىقى ئېغىرلاشماقتا.

پۆپۈك چوچا جۇلا ساچۇ

نەرسىلەرنىڭ تالا-تالا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان زىننەتلىك قىسمى.

زەيتۇن تاۋار دوپپاڭنىڭ پۆپۈكلىرى گۈل ئىكەن، ساڭا كۆيگەن يىگىتلەر ئىندىگەن قۇرغۇي ئىكەن. * پەردىگىزنىڭ چوچىسى پەردىگىرگە زەپ يارىشىپتۇ. * ياقۇتنىڭ جۇلاسىنى لاي كۆمەلمەس.

پېتىدىن چۈشمەسلىك پىچىتىنى بۇزماسلىق

ئەسلى هالىتى بويىچە تۇرماق.

شەھەردىكى پېتىگىدىن چۈشمەي تۇرۇپ، ئىشلىدىملا دېيسەڭغۇ، بەك كۆپ لاپ ئۇرۇپ. * پىچىتىنى بۇزماي ئولتۇرغان زات بىردىنلا مات بولۇپ رەسۋا بولدى.

پېتلە ئىزما چىلتەك

كېيىمنىڭ تۈگمە ئۆتكۈزىدىغانغا ئېچىلغان يېرى.

پېتلىگىزنى پەملەپ ئېچىڭ. * ئىزما ئىزىغا چۈشسۇن.

پېشانە چېكە ماڭلاي

يۈزنىڭ قاشتىن چاچقۇچە بولغان ئارىلىقى.

پېشانەڭ تەرلىسە، ئاغزىڭدا ئاش بولار. * ئۇ نېمىگىنى چېكىگە تاڭ. * ئۆز ماڭلاي تەرىدىن نان يېگەن كىشى، هاتەم مىننىتىدىن ئازاد

ياز - قىشى.

پېشانىگە قويماق داقاق قىلماق

مىننەت قىلماق، تاپا - تەنە قىلماق.

ئېسىمگە كەلدى شۇ ئان بىرچاغلىرىم، كەتكەنىدىم تاغقا "ئوغرى" ئاتاق ئېلىپ. كىمدۇ بىرى بۈگۈن شۇ ئاتاقنى قويماقچى پېشانەمگە داقاق قىلىپ.

پېشىگە ئېسىلماق پېشىنى تۇتماق

پاناھ قىلماق، ياردىمىگە يۆلەنمەك.

سەن مېنى پىر تۇت، پېشىمگە ئېسىل. مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن. * ئەمدى قىسمەت چورۇقىنىڭ پېشىگە ئېسىلغىنىم ئېسىلغان. * بىزنىڭ تىرىكمىزدە بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇت.

پىت بۆرگە چۇسا كانا كۆكۈيۈن سالجا

پارازىت قۇرتلار: ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى چېقىپ، قېنىنى شوراپ ياشايدۇ.

پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاپتۇ. * بۆرگىنىڭ بېشىنى پالتا بىلەن چېپىش لازىم ئەمەس. * چۇسا چاقسا، بۆرگىنى ئەسلەيسەن. * كانا — مالنىڭ كۈشەندىسى. * كۆكۈيۈن ئاتقا ئارام بەرمەيدۇ. * سالجىدەك چاپلاشقاندىن قورق.

پىتنە پىتنە - پاسات ئىغۋا بولغاق ئۆسەك پىتنە - ئەڭگىز پىستى - پاسات پىستى - پۈچۈر

بىراۋنى قارىلاش مەقسىتىدە ئويدۇرۇپ چىقىلغان يالغان - ياۋىداق سۆز.

پىتنە زەھەردىن بەتتەر. * پىتنە بىلەن پاسات قۇچاقلىشىپ كېلەر. * ئىغۋاغا ئىشەنمەك — ئۆزىنى يوقاتماق. * بولغاق ھەممىنى بۇلغايدۇ.

* پىتنە - ئەڭگىزگە قېلىش پىچاق يېيىشتىن يامان. * يامان ئادەملەرنىڭ پىسقى - پاساتلىرىغا قوشۇلما. * كۆپ يامغۇر يەرنى بۇزار، پىسقى - پۈچۈر ئەرنى.

پىتنىخور ئىغۋاگەر ئۆسەكچى پىسقى - پاساتچى كۆيدۈرگە ئوتقۇيرۇق

دائىم پىتنە - پاسات، ئىغۋا تېرىپ يۈرىدىغان كىشى.

پىتنىخور تىرناقتىن تۆك ئۈندۈرەر. * ئىغۋاگەرنىڭ سۆزى يامان، سۆزىدىنمۇ ئۆزى يامان. * ئۆسەكچى ئۆزى ئازابلىنار. * پىسقى پاساتچى ئاخىر پاسات بولار. * كۆيدۈرگە خەقنى كۆيدۈرىدۇ، ئۆزىنى كۈل قىلىدۇ. * ئوتقۇيرۇقى دۈشمەندىن يامان.

پىچماق I ئاختا قىلماق

ئەرلىك جىنسىي بەزىنى ئېلىۋەتمەك.

توقلا پىچىش ۋاقتى كېلىپ قالدى. * ئاختا قىلىنغان ئات ئايغىردىن كۈچلۈك ۋە چىدامىلىق كېلىدۇ.

پىچماق II كەسمەك

كېيىملىكنى تىكىشكە ئۆلچەپ راسلىماق.

سەيگە قاراپ ئاش ئىچ، بويغا قاراپ كىيىم پىچ. * كىيىم كەسسەڭ، كەڭ كەس.

پىچىرلىماق شىۋىرلىماق كۇسۇلدىماق

باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان قىلىپ، پەس ئاۋازدا سۆزلىمەك.

قۇلاققا پىچىرلىغان پىكىرنىڭ قىممىتى يوق. * شىۋىرلىغاننىڭ گېپى راست ئەمەس. * پىچىرلايدىغان، شىۋىرلايدىغان ئېغىز سىر ساقلىيالماس. * كۇسۇلداش گۇمان تۇغدۇرار.

پىدا قۇربان

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى بىرەر شەخس ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، ئاتاش.

ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن جېنىم پىدا. * مىللەت يولىدا قۇربان بېرىش تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

پىدائىي ئىختىيارىي

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان كىشى.

قېنى بولمىسا، مېنى يېزىڭلار، بۇ ئىشقا مەن پىدائىي. * 50-يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو پىدائىيلار قوشۇنى چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرغان.

پىراق ھىجران

ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىدىن ئايرىلىش.

ماڭ پىراقىڭدىن بىر ئەلەمىڭ يامان. * سەپەرنىڭ ئاقىۋىتى ھىجران.

پىر ئۇستاز ئاچارى

بىرەر كەسىپنىڭ ئاساسچىسى ۋە ماھىر ئۇستىسى

پىرىگە يېقىپ مۇرىت، ساقالغا يېقىپ بۇرۇت. * ئۇستازىڭ — ئىككىنچى ئاتاڭ. * كونىسىنى تەكرارلاش بىلەن يېڭىسىنى ئۆزلەشتۈرەلىگەن ئادەم ئۇستاز بولالايدۇ.

پىرسەنت (پروتسېنت) پائىز

100نى مەخرەج قىلغان كەسىر، بەلگىسى " % ".

تالانتنىڭ 1 پىرسەنتى چېچەنلىكتىن، 99 پىرسەنتى تەردىن كېلىدۇ.

پىشلاق ئىرىمچىك سوغات

سۈتتىن ئىچىتىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك.

پىشلاقتا ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كۆپ. * ئىرىمچىك ئېرىپ قالمىسۇن.

پىلاگىئات كۆچۈرمەك

باشقىلارنىڭ ئەسىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىپ ئۆز نامىدا ئېلان قىلىش.

پىلاگىئات ئاپتور ئۈچۈن نومۇس. * باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆچۈرۈپ يازغان ماقالە ھەرقاچان پاش بولىدۇ.

پىلان گۇيخۇا

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن مەزمۇنى، باسقۇچى ۋە تەدبىرى.

ئىش پىلان بويىچە ئىشلەنسە، چوقۇم نەتىجىلىك بولىدۇ. * پىلانى بولمىغان ئىش — قېلىپسىز خىش. * ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى گۇيخۇاسى ماقۇللاندى.

پىيادە ياياق

ئات-ئۇلاقسىز، قاتناش قورالسىز.

پىيادىلەر يولى. * پىيادە ئەسكەر. * قاشاڭ ئات مىنگۈچە، پىيادە ماڭ ئۆلگۈچە. * ياياق كىشىگە يانچۇقمۇ ئېغىر.

پىياز سوغان

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. پوستى قات-قات بولىدۇ، تەمى ئاچچىق، سەل پۇرىقى بار.

ئانچىلىك ئاچچىق پىيازدىمۇ بار. * گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن. * پىيازنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، 100 گرام پىيازدىن 40 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

پىيما كەگىز ئۆتۈك چوت پايپاق

قوي يۇڭىدىن بېسىپ تەييارلىنىدىغان قىشلىق ئاياغ. "چوت پايپاق" ئاقسۇ شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

پىيما قىشتا پۇتنىڭ راھىتى. * كىگىز ئۆتۈككە نال قاقتۇرىدىغان ساراڭ.

ت

تائەت ئىبادەت

دىنىي قائىدىلەر بويىچە ئاللاغا سىغىنىش.

تائەت - ئىبادەتكە قاراقچى مىلىگىنى قايتۇرۇپ بەرمەس. * ئىبادەتكە ئۈزۈم ئۆنمەس.

تابۇ تېرگاۋ

بىرەر سۆزنى ئېيتىشتىن ساقلىنىش.

مەنىداش سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى تابۇدىن كەلگەن. * "بوغاز"نى تېرگاۋ قىلىپ ھامىلدار، ئىككىقات، ئېغىر بوي سۆزلىرى ياسالغان.

تاپا تەنە تاپا - تەنە مالامەت مازامەت غەزىمەت ئىلەنچ

سۆز بىلەن چېقىۋېلىش.

سەن ئالدىمدا كۈلۈپ، كەينىمدىن تاپا قىلما. * سەتنى تەنە قىلىپ خارلىما. * تاپا - تەنىنىڭ ئاخىرى جاڭجال. * چەككىنىم جەبىر - جاپا، ئاڭلىغىنىم تەنە - تاپا.

تاپانچا ناگان پىستولېت

يېقىن يەرگە ئېتىشقا لايىق كىچىك مىلتىق.

تاپانچا تاققان يىگىت دارۋازا تۈۋىدە تۇرىدۇ. * ئۇ يېشۇرۇنغان دۈشمەننى كۆرۈپ، دەرھال ناگىنىدىن ئوق ئۈزدى.

تاپان ھەققى چاي پۇلى تەر

بىراۋغا قارىشىپ، ئىشلىشىپ بەرگىنى، كۆتكىنى ئۈچۈن بېرد-

لىدىغان ئازغىنا ھەق، پۇل.

„چاي پۇلى" كۆپىنچە سودا-سېتىقتا قوللىنىلىدۇ.

چەت ئەللەردە مېھمانخانا، تاماقخانىلاردا ئىشلەيدىغانلارغا تاپان ھەققى، چاي پۇلى بېرىش ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەن. * مانا سىزگە تاپان ھەققى، رەھمەت سىزگە، — دېدى ھاشىم تۇردىغا. * چاي پۇلى بەرمەمسەن، شۇ كۈنلەردە بىكارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ؟ — دەپ قول ئۇزاتتى دائىم.

تاپشۇرۇق كۆنۈكمە مەشق

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا ھەر دەرستىن تەكرارلاش ئۈچۈن بەرگەن ۋەزىپە.

ھازىر باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلگەن تاپشۇرۇق، كۆنۈكمە ۋە مەشقلەر ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بۇلارنى مۇۋاپىق قىسقارتىش لازىم.

تاپقۇر تاپقاق

يوشۇرۇن ئەھۋالنى پەرەز بىلەن بىلىۋېلىش قابىلىيىتى ۋە شۇنداق كىشى.

„تاپقاق"تا سەلبىي تۈس بار.

تاپقۇر يىگىت خار ئەمەس. * موللا تاپقاق ھەممىنى تاپىدۇ.

تاپوچكا توشىيې تالاشىيې

ئۆي ئىچىدە كىيىپ يۈرۈشكە مۇۋاپىق يېنىك كەش.

ئۆي ئىچىدە تاپوچكا كىيىپ يۈرسە، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەپلىك بولىدۇ، ئۆيمۇ پاكىز تۇرىدۇ. * بىر توشىيې ئېلىۋىدىم، سەل كىچىك كەلدى.

تاپىلىماق جېكىلىمەك

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بىراۋنىڭ ئورۇنلىشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئورۇنلىشىنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلماق.

— بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپىلىدىم، ئۇ جەزمەن ئورۇنلايدۇ، — دەپ بالىسىنى خاتىرجەم قىلدى ئانا. * — سەن ئۇنىڭغا جېكىلەپ قوي، ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا بولمايدۇ، — دېدى ئەمەت.

تاتارماق ئۆڭمەك بوزارماق

غەزەپتىن ياكى خىجالەتتىن يۈز ئەسلى رەڭگىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەك. ئومۇمەن خاپا بولغان، رەنجىگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

يامان دوستنىڭ كۈلگىنىدىن ياخشى دوستنىڭ ئۆڭگىنى ياخشى. * تاتارساڭمۇ، بوزارساڭمۇ قەرزنى تۆلەيسەن.

تاتىق تەم لەززەت تېتىق مەززە

نەرسىنىڭ تىل بىلەن تېتىشتىن چىققان خۇسۇسىيىتى.

تاتىق يوق تائام، سۆزى يوق كالام. * ئاشپەز ئىككى بولسا ئاشنىڭ تەمى تېتىماس. * تەمى بولمىسا، تەردىن كەلمىسەن. * تېتىماي تاتىقنى بىلگىلى بولماس. * ئالدىرىغاننىڭ بۇرنى قانار، ئالدىرىمىغان لەززەت ئالار. * تېتىقى تاشقاندا چىقىدۇ. * ئۆلپىتى چار، ئۇنىڭدا مەززە بار.

تاتلىق شېرىن تەملىك مەززىلىك لەززەتلىك لەزىز تېتىملىق تاتاغلىق

بال، شېكەرنىڭ تاتلىقىدەك تەم.

„تەملىك"، „مەززىلىك"، „لەززەتلىك"لەر ئومۇمەن ئاش-تاماققا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

تاتلىقنى تىتتىغان ئاچچىققا يولىماس. * ئاچچىقنى تىتىپ كۆرمىگەن، تاتلىقنىڭ تەمىنى بىلمەس. * تەملىك بولسۇن دىسەڭ، ئازراق تۇز سال. * شېرىن — شېكەر. * شېرىن خىيال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەس. * ئاش تۇز بىلەن مەززىلىك. * ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك. * تېتىملىق بىر سۆز ئىككى سۆزگە تېتىيدۇ.

تاتلىقياڭيۇ بالتىرغان خۇڭشۇ - بەيشۇ

بىر يىللىق ياكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، هوسۇلى يىلتىزىدا بولىدۇ، پوستى قىزغۇچ ياكى ئاقۇش كېلىدۇ. "تاتلىقياڭيۇ" ئەڭ ئومۇمىي.

تاتلىقياڭيۇنىڭ تەبىئىتى هۆل ئىسسىق. 100 گرام تاتلىقياڭيۇدىن 127 كالورىيە قۇۋۋەت هاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات ئورنىدا يېيىشكە بولىدۇ. داغ چۈشكەن بولسا يېمەسلىك كېرەك، يېسىڭىز زەهەرلەپ قويىدۇ.

تاتلىماق قاشلىماق

قىچىشقان يەرنى قول ياكى بىرەر نەرسە بىلەن سۈركىمەك

يارىنى تاتلىساڭ قانايدۇ. * ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتلاپ نىمە قىلىسەن؟ * دوست سۆزىنى تاشلىما، تاشلاپ، بېشىڭنى قاشلىما. * بېشى قىچىشسا پۇتىنى قاشلاپتۇ.

تاج تەخت چىغا توغىر ئۆرگىن ئەۋرەڭ

كۆچمە: خان - پادىشاهلىق بەلگىسى، خان - پادىشاهلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق ۋە كىيىدىغان قالپاق.

ئىنسان بارلىق مەخلۇقنىڭ تاجىدۇر، ئۇ شەرەپلىك، پاك ۋە گۈزەل ياشىمىقى كېرەك. * خەلق قوزغالسا تەخت قوزغىلىپتۇ. * كەچتە ئاچ ئۇخلاشقا بولىدۇ مەجبۇر، ئۆز يۇرتىدا تەختتىن چۈشسە پادىشاه. * تاجىمۇ، تەختىمۇ هېچ بولسا موهتاج، يەرنى تەخت بىلگىن ۋە

ئاسماننى تاج.

تاجاۋۇز ئاگرېسسىيە

باشقا بىر ئەلنىڭ زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىش.

1990 - يىلى 8 - ئايدا ئىراق كۇۋەيتكە تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ئەيىبلەندى.

تاجاۋۇزچى باسقۇنچى

تاجاۋۇز قىلغۇچى.

كۇۋەيت خەلقى ئىراق تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق زەربە بەردى. * ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى غەلىبە قازاندى.

تاختاي شال پەن

تىلىۋېلىنغان نېپىز ۋە ئۇزۇنچاق ياغاچ.

"پەن" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ. خەنزۇچە: 板

ئېگىلىدىغان تاختاي سۇنمايدۇ. * سېسىغان شال مىخ تۇتمايدۇ.

تاختىبېشى جاۋەن

ئۆيلەردە قاچا - قۇچا قويىدىغان يەر، ئىشكاپ.

بالامنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن تاختىبېشىدىكى كەكە. * جاۋەننى جايىغا قوي.

تار سىم

چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەۋرىنىشتىن ئاۋاز چىقىرىدىغان يىپى. ئىشلىتىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى هەر خىل.

دۇتارنى چالالمىلا، تارىنى باسالمىلا. مەنىدەك بىر مۇسابىرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىلا. * ئىسكىرىپكىنىڭ سىمى ئۈزۈلدى، مۇزىكا چېلىش

تۇختىدى.

تارازا جىڭ مىسقال گىر

ئېغىرلىق ئۆلچەش ئەسۋابلىرى.

”گىر“ ئاشلىق ئۆلچەيدىغىنى.

تارازا ئېغىر-يېنىكلىكنىڭ ئۆلچىمى، ئەمەلىيەت — ھەق ناھەقلىقنىڭ سىناق تېشى. * ئادىل سۆز — ئەقىلنىڭ تارازىسى. * جىڭنىڭ گۆشى — جىننىڭ گۆشى. * جىڭدا تۇختايدىغان گەپنى قىل. * مىسقالدا ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ پەرقى يوق.

تاراكان سۇۋەرەك مايقۇرت

زىيانلىق ھاشارات، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلەرنى يەيدۇ، كېسەل تارقىتىدۇ.

بىزنىڭ يۇرتتا تاراكان كېيىنكى كۈنلەردە پەيدا بولدى. * سۇۋەرەكنى ئۆلتۈرۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى چىقتى.

تارتماق جىڭلىماق گىرلىمەك

ئېغىرلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋابلاردا ئۆلچىمەك.

ئېغىرلىقنى تارتقان بىلەر. * جىڭلاپ يېگەن گۆشتە بەرىكە يوق. * ئاشلىقنى گىرلەش ئاسان ئەمەس.

تارغاق سۈزگۈچ

چاچنى تارايدىغان چىشلىق ئەسۋاب.

”سۈزگۈچ“نىڭ چىشلىرى كۆپ ۋە زىچ بولىدۇ.

تازدىن تارغاق سورىما. * تازغا تارغاق بەرسەڭ، يېلىم سورايدۇ. * تارغاقتىن قالسا، سۈزگۈچ.

تار كوچا خالتا كوچا ئارقا كوچا

چوڭ كوچىغا نىسبەتەن يولى تار كوچا.

تار كوچىدا تاقەت ياخشى. * خالتا كوچىغا كىرىپ قالما. * ئارقا كوچىدا يۈرسەڭ، ئېھتىيات قىل.

تارىخچى تارىخشۇناس مۇئەررىخ

تارىخ يازغۇچى.

تارىخچى مۇسا سايرامى مەشھۇر «تارىخ ئەمىنىيە»، «تارىخ ھەمىدى»لەرنىڭ مۇئەللىپىدۇر. * تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخ رەشىدى» جاھانغا مەلۇم.

تارىشا خەشەك قىرىندى تۇتۇرۇق ياترۇ

ياغاچنى چېپىش، رەندىلەشتىن چىققان ئۇششاق ئوتۇن.

تارىشا ئوتىنىڭ بېشى. * خەشەك تېرىپ، ئوت ياق. * ياغاچ قىرىندىلىرىنى زايە قىلما. * تۇتۇرۇق ئاسان تۇتىشىدۇ.

تاز پاخشەك كەل جاقراق ئالۇق

باش چاقا سەۋەبىدىن چاچسىز بولۇپ قېلىش كېسىلى ۋە شۇنداق كېسەل بولۇپ قالغان كىشى.

تازنى تاز دېسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دېسە كۈلگۈسى كېلەر. * بارى-يوقى بىر بالام، باش-كۆزى تاز بالام. * تازنى خوجام، پاخشەكنى خېنىم دەپتۇ. * تاغدىن سۇ كېلىدۇ، كەل قۇۋ كېلىدۇ.

تازا پاكىز

چاڭ قونمىغان، مەينەت ئەمەس، كىر-غۇباردىن خالىي.

قولۇڭ تازا بولسۇن دېمە، كۆڭلۈڭ تازا بولسۇن دە. * پاكىز سۇ ئەكەلگۈچە، لاي سۇنى تۆكمەي تۇر. * بۇلاقنىڭ كۆزى پاكىز بولسا، سۈيى تازا بولار.

تازىلىق پاكىزلىق

كىر ـ غۇباردىن خالىيلىق.

تازىلىق تەقۋالىق بىلەن تۇغقان. * تازىلىقنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاق. * پاكىزلىق ــ مەسۇملۇق.

تازىلىماق پاكىزلىماق

نەرسە ـ كېرەكلەرنى چاڭ ـ توزان ۋە شۇنداق ئەخلەت، داغ، كىر ـ قاسماقتىن ئېرىغدىماق.

ھەركىم ئىشىك ئالدىنى تازىلىسا، شەھەر تازا بولار. * كىيىمنى پاكىزلاپ كىيىش چوڭ زىننەت.

تاس تاسلا تاس ـ تاماس ئاز تەھەن

بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشكە بېرىپ تاقالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىلىك قىلمايدۇ، ئۆزى چېتىمغا پاتقاندا، تاس قالدۇ ئۆلگىلى بىرى ئۇلجا تاپقاندا، * ماشىنىمىز ئۇنىڭ ماشىنىسىغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. * خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بېرىشكە تاس ـ تاماس قالدى. * يىقىلىشقا ئاز قالدىم.

تاسما قېيىش يارىنداق

تېرىدىن قېيىۋېلىنغان ئۇزۇن تانا.

تاسما يېگەن ئىتنىڭ خۇيى ئۆلگۈچە قالماس. * ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار.

تاش I سىرتى

"ئىچ"كە نىسبەتەن.

تېشى يىپەك، ئىچى كېپەك. * تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال،

* ئۇتنىڭ تېشىدا كۆيگۈچە، ئىچىدە كۆي. * سىرتىغا قارىما، ئىچىگە قارا. * ھېسابىنىڭ سىرتىدا ئىش يوق، كالپۇكىنىڭ سىرتىدا چىش يوق.

تاش II مۇقاۋا شىراز

كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ تېشىنى قاپلاپ تۇرىدىغان بېتى.

"شىراز" ھازىر ئىشلىتىلمەيدۇ.

كىتابنىڭ تېشى كىتابنىڭ زىننىتى. * كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىما، مەزمۇنىغا قارا.

تاشتەرمەك بەش تاش ئوقتاش چاكۇم

قىز باللار ئويۇنى، يۇملاق ۋە ئۇششاق بەش تاش ۋە بىر ئانىچۇق تاش بىلەن قوشاق ئېيتىپ ئوينايدۇ، تۈرى كۆپ.

تاشتەرمەك باللارنى كۆزى ئۆتكۈر، قولى چاققان، ھەرىكىتى بىلەن سۆزىنى ماسلاشتۇرىدىغان زېرەك قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. * قىزلار بەش تاش ئويناۋاتقاندا، مەيلىگە قوي.

تاشقى پېرېۋوت ۋەيخۇي ۋاليۇتا

خەلقئارا سودا مۇئامىلىدە ھېساباتنى ئۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەت ئەل ئاقچىسى ۋە چەت ئەل پۇلىنى ئالماشتۇرىدىغان چەك، پېرېۋوت قەغىزى، ۋېكسېل قاتارلىق ھۆججەتلەر.

جۇڭگونىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى بارغانسېرى ئۆسمەكتە. * تاشقى پېرېۋوت يوق بولسا، چەت ئەلگە چىقماق تەس.

تاشقىرىقى سىرتقى

ئىچكى جەھەتكە نىسبەتەن تاش تەرەپ.

تاشقىرىقى ئىشتىن ئەنسىرىگۈچە، ئىچكى ئىشنى پۇختا قىل. * ئەدەب ئىچىدىن بولۇشى كېرەك، ھوسۇل بەرمەس ھېچ سىرتقى بېزەك.

تاغار قاپ خۇرجۇن مەشكاپ مەشدەك چىپتا لاغلى كەسۇرگۇ كۆلۋار

ئاشلىق ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەرنى قاچىلايدىغان سايمان.

"خۇرجۇن" ئىككى ئېغىزلىق بولىدۇ، كۆپىنچە سەپەردە ئىشلىتىلىدۇ.

"لاغلى" لوپنۇر دىئالېكتىدا "تاغار".

تاغاردا بىر گەپ. * قاپ قوپۇپ تاغارنى يۆلەپتۇ، ئاغرىق قوپۇپ ساقنى. * قېرىنىڭ سۆزىنى قاپقا سال. * ھەممە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرسا، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي؟! * يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان. * ئەخمەقنىڭ ئەقلى خۇرجۇن.

تاق سىڭار

ئىككىگە بۆلۈنمەيدىغان، جۈپ ئەمەس، بىر.

تاق سان. * "تاق-جۈپ" ئوينىماق. * تاققا تاق قوشۇلسا جۈپ بولار. * تاق مۇھەببەت سۆيگۈ بولماس. * سىڭار تاپان چانا سىيرىلماس.

تاقەت سەۋر سەۋر-تاقەت مەتانەت

ئالدىرىماي كۈتمەك، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق.

تاقىتى تاق بولماق. * سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پىشار. * سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن. * سەۋرنىڭمۇ چېكى بار. * سەۋر قاچىسى توشماق. * زېرەك ۋە دانادۇر شۇ ئادەم، سەۋر-تاقەت قىلسا ئېغىر دەردتە ھەم.

تاقەتلىك سەۋرچان

سەۋر-تاقەت قىلالايدىغان.

تاقەتلىك كىشى تاماقتىن غەم يېمەس. * سەۋرچان ئادەم مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

تاقىماق I ئەتمەك

ئىشىك-دېرىزىلەرنى ياپماق، قۇلۇپلىماق.

ئىشىكنى تاقا، خاتىرجەم ئۇخلا. * ئىشىك-دەرۋازىنى ئەتسەك، ياۋدىن ساقلىسەن.

تاقىماق II قادىماق

بىرەر نەرسىنى باشقا بىر نەرسىگە ئىلمەك، ئاسماق.

ئەلنى كېلىشتۈرگۈچى — چاپانغا تۈگمە تاقىغۇچى. * نەمۇنىچىلەرنىڭ كۆكسىگە گۈل تاقىدۇق. * مەيدەڭگە قادىغان مېدال خىزمىتىڭ ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشقا بېرىلگەن ئىجازەت ئەمەس.

تاكاللاشماق گەپ تەرگەشمەك گەپ تالاشماق تەڭ تۇرماق كەرىشمەك ئىلتىشمەك

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈستىدە بىر-بىرىگە سۆز بەرمەي، ئېيتىشماق.

تاكاللاشقان تامدىن يىقىلار. * گەپ تەرگەشنىڭ ئاقىۋىتى جەڭگى-جېدەل. * گەپ تالاشماق — ئىسپاتسىز يوقنىڭ باھانىسى. * بىرنى دېسە، ئونnى دەپ، ئېرىگە تەڭ تۇرغان خوتۇن ئاخىرىدا ئۆزى زىيان تارتار. * ئۇل ئانىڭ بىرلە كەرىشتى.

تاكتاكچى توكۇلاڭچى خۇلاڭزىچى ئارىشىمال ئالان

كوچا-كويلاردا ۋارقىراپ يۈرۈپ ھەر خىل چەرچەن مال ساتقۇچى.

تاكتاكچى تامدىن چۈشىدۇ. * توكۇلاڭچى توختىماي ۋارقىرايتتى. * خولاڭزىچىلار ئىلگىرى كۆپ ئىدى، ھازىر ئانچە كۆپ ئەمەس.

تاڭ I تاڭەي

جاۋاب: بىلمەيمەن، ئۇقمايمەن.

— ئەمەت كەلدىمۇ؟

— تاڭ.

— سەمەت كېلەرمۇ؟

— تاڭەي.

تاڭ II سەھەر ئەتىگەن سۇبھى بامدات سوزۇر

كۈن يورۇشقا باشلىغا چاغ.

ھەر كۈننىڭ ئۆز تېگى بار، ھەر تاڭنىڭ ئۆز ئىسمى بار. * سەھەر تۇرغان ئىنتىن قورق. * ئەتىگەن تۇرغان ئەلدىن ئۆزار. * ئەسلەيمەن سېنى يارىم، سۇبھى-شام، ھەرقاچان. * بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى.

تاڭ ئاتماق سەھەر بولماق سۇبھى كۆتۈرۈلمەك

كۈن چىقماق، تاڭ سۈزۈلمەك.

تاڭنىڭ ئېتىشى خورازنىڭ چىللىشىدىن ئەمەس. * خورازنىڭ چىللىغىنى بىلەن سەھەر بولماس. * سۇبھى كۆتۈرۈلگەندە تۇر، كەچ كىرگەندە يات — كېسەلدىن غەم يېمە.

تال سۆگەت

غازاڭ تاشلايدىغان دەرەخ، تۈرى كۆپ.

ئۆستەڭنىڭ يارىشقى تال، قىزنىڭ يارىشقى خال. * تامچە سۇدا تال كۆكرەر. * سۆگەتكە ئەۋرىشىملىك يارىشار، قىيىنغا قاتتىقلىق.

تاللىماق ئىلغىماق سايلىماق پارلىماق ئادرۇماق

ئادەم ۋە نەرسىلەردىن ياخشى-يامىنىنى ئايرىپ چىقماق.

چىراي تاللىما، مىجەز تاللا. * قېرىنداشنى تاللىغىلى بولمايدۇ، دوستنى تاللاشقا بولىدۇ. * قۇش شاخىنى تاللاپ قونىدۇ، شاخ قۇشنى تاللىيالمايدۇ. * ياخشىنى ئىلغا، يامىنىنى تاشلا. * ياخشىنى سايلا، يامانىدىن يالتاي. * ئۇرۇق پارلاش — ھوسۇلغا ياندىش.

تالون ئوردېر ئىسچوت كۆۋىتانسىيە فاكتۇرا

ئېلىم-بېرىم، ئال-ساتتا بېرىلگەن ھۆججەت.

تالون يېزىلمىغان چىقىم ئىناۋەتسىز. * ئوردېر ھېساباتى ئۈچۈن زۆرۈر. * ئالغان مالغا ئىسچوت يازدۇر. * فاكتۇرا بولمىسا، چىقىم قىلغىلى بولمايدۇ.

تام دىۋار

ئۆي-ئىمارەتنىڭ ئۈستىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، كېسەك، خىش، لايدىن ياسالغان توسما.

"دىۋار" كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ.

تامنىڭمۇ قۇلىقى بار. * توخۇ ئۇچسا تامغا قونار، لاچىن ئۇچسا تاغقا. * ئاۋۋالقى خىشنى قىڭغىر قويسا گەر مېمار، يۇلتۇزغا يەتسىمۇ قىڭغىردۇر دىۋار.

تام مەش خوچاڭ

ئۆينىڭ تېمىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ياكى ئايرىم يەرگە كېسەك، خىشلاردىن سېلىنغان، ئوت يېقىپ ئىسسىقلىق ئېلىنىدىغان مەش.

تام مەشنىڭ ئىسسىقى ئاسان كەتمەيدۇ. * خوچاڭ خويمۇ ئوبدان ئەسقاتتى.

تاماشىبىن كۆرگۈچى كۆزۈنچ

ئويۇن-تىياتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل-ھەر تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى كۆرگىلى كەلگەنلەر، كىنو-تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانلار.

ھۇرمەتلىك تاماشىبىنلار، ئويۇنىمىزنى باشلايمىز، — دېدى ئېلانچى قىز. * ۋالىبول مۇسابىقىسىنى كۆرگۈچىلەر جىق ئىدى.

تاماكا موخوركا سىگارا سىگارېت پاپىروس شىياگېيەن

تاماكا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كەڭ يوپۇرماقلىق، ئوتسىمان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخى قۇرۇتۇلۇپ ئىشلىنىدىغان چېكىملىك.

"تاماكا" ئومۇمىي ئاتىلىشى.

"موخوركا" قولدا ئىشلەنگەن. كىشىلەر خالىغان چاغدا قەغەزگە ئوراپ چېكىدۇ.

"سىگارا"، "سىگارېت"، "پاپىروس"، "شىياگېيەن"لەر ھەرقايسى ئەللەردە زاۋۇتتا ئىشلەنگەن تاماكىلار.

تاماكىغا شەيتان كېپىل. * موخوركىدا ساختىپەزلىك جىق، ساپ تاماكا ئاز.

تامام ۋەسسالام تەممەتتامام

ئاخىرى، پايانى، تۈگەنچىسى.

شۇنىڭ بىلەن سۆزۈم تامام، — دېدى دوكلاتچى. * سەۋر بىلەن تاپساڭ ئەگەر ياخشى نام، ياخشى نامدىن تاپار ئىنسان سەرەنجام، بۇ كۆپكۆك ئاسمان تېگىدە تامام، پەقەت ياخشى نامىڭ قالار ۋەسسالام. * تەممەتتامام، ئىش تۈگىدى، ۋەسسالام.

تامامەن پۈتۈنلەي تۈگەل تولۇق تۆزۈگۈ

سىرا ھەممىسى، بارى.

بۇلار تامامەن ئۆز ئىلكىدە. * بىلگىنكى، ئىش پۈتۈنلەي سەن كۈتكەندەك بولمايدۇ. * يىلتىزى سېسىسا غولى تۈگەل تۈگەيدۇ. * ۋەزىپە تولۇق ئورۇنلانسا، كۆڭۈل خۇش بولىدۇ.

تامبال ئىشتان پەيجەمبى كۇسار تروسىك ئوتران

بەلدىن تۆۋەن تەرەپكە كىيىلىدىغان ئىچكى كىيىم.

"كۇسار"، "تروسىك"لارنىڭ پۇچقىقى قىسقا بولىدۇ.

"پەيجەمبى" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

تامبالنىڭ تازىلىقى ھەممىدىن زۆرۈر. * ئىشتانغا چىچقان كۆڭۈلگە تايىن.

تامچە قەترە تېمىم

سۇنى تېمىتىشتىن چۈشكەن ئازغىنا سۇيۇقلۇق.

دېڭىزدىن تامچە. * تامچە سۇدا تال كۆكىرەر. * قەترە سۇدىن كۆل ھاسىل بولار. * بىر تېمىم زەھەر بىر كۈپ مەينى زەھەرلەيدۇ.

تامغا پېچەت مۆھۈر تۇجاڭزا چوزا تۆگۈت

ياغاچ، تۇچ، كۈمۈش، سۆڭەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا ئىدارە ياكى شەخسنىڭ نامى ئويۇلۇپ ياسالغان، ھۆججەتلەرگە بېسىلسا، شۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە.

"تامغا"، "پېچەت"لەر ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ.

"مۆھۈر" قازى ئاخۇنۇملارنىڭ.

"تۇجاڭزا"، "چوزا" شەخسنىڭ. خەنزۇچە": 图章子, 戳子

ياش ۋاقتىدا قىلغان ئىبادەت تاشقا تامغا باسقاندەك، قېرىغاندا قىلغان ئىبادەت قۇمغا تامغا باسقاندەك. * پوچتا پېچىتى بېسىلغان ماركا ئىشتىن چىققان بولىدۇ. * قولۇمدا قازى ئاخۇنۇمنىڭ مۆھۈرى بېسىلغان خەت بار. * ھازىر تۇجاڭزا، چوزىلار ئانچە ئىشلىتىلمەيدۇ، ئىمزا ئىناۋەتلىك.

تاموژنا گۆمرۈك

دۆلەت چېگرىسىدىن كىرگەن-چىققان مال ۋە قاتناش قوراللىرىنى تەكشۈرىدىغان ۋە باج ئالىدىغان دۆلەت ئورگىنى.

تاموژنا بېجى. * ئۈرۈمچى تاموژنىسى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا چوڭ تۆھپە قوشتى.

تاماق تامچىماق سارقىماق

سۇيۇقلۇق تامچە بولۇپ چۈشمەك.

تاما-تاما كۆل بولار. * تامچىلىغان تامچە تاش تېشەر.

تاۋار تورقا دۇردۇن كاتان كىمخاب

يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل رەختلەر.

رەختنىڭ ياخشىسى تاۋار، تونىنىڭ ياخشىسى جۇۋا. * ئون تاۋار-تورقىدىن بىر توخلا تېرىسى ئەلا. * مايمۇن تاۋار-دۇردۇنغا ئورىنىۋالسىمۇ مايمۇن. * كاتان كىيگەن كالتە پەم بولمىسىدى! * كىمخاب ئۈستىگە گۈل باسماق.

تاۋاق لېگەن قابان

تاماق ئۇسىدىغان ئاستى پاپىلاق مەخسۇس قاچا.

تاماق نوشۇغان تاۋاق سورىماس. * ئېشىنى يەپ تاۋىقىنى چېقىپتۇ. * بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، يانمىساڭ سۇن تاۋىقىم. * ئېشىغا قاراپ لېگىنى، ئىشىغا قاراپ سېكىرى.

تاۋاكا قىمارخانا

قىمار مەيدانى.

قىمارۋازنى تاۋاكادىن سورا. * يېقىندا بىرمۇنچە قىمارخانىلار تېپىلدى ۋە بىتچىت قىلىندى.

تاياق توقماق چوماق كالتەك غولدا سويۇل باقان ئۇمۇت گۈرزى قوپارغۇ باسۇ سىرى ياپغۇچ

ئۇرۇش-سوقۇش ئۈچۈن تەييارلانغان سايمان.

تاياق ئېيىقنىمۇ موللا قىلار. * تاياق تەگكۈچە بېشىڭنى تارت. * ئەگرى قوزۇقىقا دوناي توقماق. * يامانىنىڭ توقمىقى يېنىدا. * كۆزگە ئىلىمغان پۈتقا چوماق. * دۈشمىنىڭنى قاتتىق ئۇر، كالتىكىڭنى ئايىما. * غولدا، سويۇل، باقان — چارۋىچىنىڭ قورالى. * ئۇمۇت، گۈرزى قەدىمكى زاماندا ئاساسىي قوراللاردىن ئىدى. * تۈز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلەر.

تايانچ يۆلەك ئارقا تىرەك ھىمات پاناھ

ھىمايە قىلىدىغان، يۆلەيدىغان ئادەم ياكى نەرسە.

تايانچ بولمىسا، ئىش ئاقمايدىغان بولۇپ قالىدى. * يار قېشىدا ئولتۇرسا، تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ، ئاغزىدا دېگەن بىلەن كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ، * ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك ئىكەن، بىزمۇ كۈچلۈكرەك ئارقا تىرەك تاپايلى. * ھىماتىڭغا ئىشەنمە، قۇدرىتىڭگە ئىشەن. * سېنى پاناھ تارتىپ كەلدىم.

تايانماق يۆلەنمەك سۆيۈنمەك

باشقا بىر ئادەم ياكى نەرسىگە ئۈمىد باغلىماق.

نېمىشقا ئۆزگىگە لازىم تايانماق، ئۆزگىگە تايىنىپ تەستۇر جان باقماق. * ئاقىل ئەمگىكىگە يۆلىنەر، نادان خام خىيالغا.

تەبرىكلىمەك مۇبارەكلىمەك قۇتلۇقلىماق

خۇشاللىق ۋە يېڭىلىقتا خۇشاللىقى ۋە خاتىرىسىنى بىلدۈرمەك.

ئۇرۇقلۇق بولغىنى بىلەن، مول ھوسۇلىنى تەبرىكلەشكە تېخى بالدۇر. * دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەش يىغىنلىرى

ئۆتكۈزۈلدى. * ئۇنىڭ 30 ياشقا توشقان كۈننى قىزغىن تەبرىكلىدۇق. * قۇربان ھېيت كۈنى ئاتا-ئانامنى مەرەكلەپ كەلدىم. * ئۇتۇقنى قۇتلۇقلاش لازىم.

تەبىقە قاتلام تەركىب

سىنىپلارنىڭ ھەربىر ئىجتىمائىي گۇرۇپپىسى، ئاھالە، جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى.

زىيالىيلار تەبىقىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى. * رەھبەرلىك قاتلىمى پاك بولسا، ئاساسىي قاتلاممۇ پاك بولىدۇ. * دېھقانلار ياللانما دېھقان، كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان ۋە باي دېھقان دېگەن تەركىبلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي تۇغما

يارىتىلىشتىن بولغان، ياسالما ئەمەس.

گۈزەللىك بىر خىل تەبىئىي ھادىسە. * بەزىلەر تۇغما ئەقىللىق كېلىدۇ.

تەپسىلىي مۇپەسسەل

ئىنچىكىلەپ، ئۇجۇر-بۇجۇرىنى قالدۇرماي.

ئىشقا تەپسىلىي پىلان كېرەك. * مۇپەسسەل بايان بولسا، ھەممە ئايان بولار.

تەپكۈچ جەنزە

يارماق، داچيەن، قوغۇشۇنلار بىلەن قىل، يۇڭ، پەيدىن ياسىلىپ، قىشتا يەرگە چۈشۈرمەي تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق، تۈرى كۆپ، ئويناش ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل.

”جەنزە“ خەنزۇچە: 毽子. ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تەپكۈچ تېپىپ ئويناش بالىلار ئۈچۈن تەننى قوغداش.

تەتىل كانىكۇل

ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ياز ۋە قىشتا دەم ئېلىشقا ئايرىلغان مەلۇم مۇددەت.

قىشلىق تەتىل. * يازلىق تەتىل. * تەتىلنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈز، كېلەر مەۋسۇمگە تىرىك كۆز.

تەجرىبە پراكتىكا ئېكسپېرىمېنت كۆرنەك

مەلۇم نەزەرىيىۋى بىلىم ياكى تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتى.

تەجرىبە — تېپىلمايدىغان قورال. * تەجرىبە — ياخشى ئۇستاز. * ئۆگەنگەننى پراكتىكىدىن ئۆتكۈزۈشمۇ ئۆگىنىش، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم ئۆگىنىش.

تەجرىبىخانا لابوراتورىيە

تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي.

ھازىر ئالىي مەكتەپلەردە ئۆز كەسپىگە خاس تەجرىبىخانىلار قۇرۇلدى. * لابوراتورىيىدە مەشغۇلات ئۆتكۈزدۇق.

تەخەللۇس لەقەب لەقەم

رەسمىي ئاتتىن باشقا ئات: بەزىسى ھۆرمەت بەلگىسى، بەزىسى چاقچاق تۇتقۇسى.

سۆيگۈ — چۈشىنىشنىڭ تەخەللۇسى. * لەقەب — ئادەمنىڭ، قەبىلە-ئۇرۇقنىڭ بەلگىسى. * ئويماقسىز خوتۇن بولماس، لەقەمسىز ئەر. * كىشىگە ئورۇنسىز لەقەم قويۇش ياخشى ئەمەس.

تەخەي خوتەك

ئېشەكنىڭ بالىسى.

تەخەي پايخانغا يارىماس. * ئېشەك پاتقان يەرگە خوتەك پاتماسمۇ؟

تەخسە تەلىنكە خونچا

تېگى ياپىلاق، تاۋاقتىن كىچىك قاچا.

ئىت كاللىسى تەخسىدە تۇرماس. * تەلىنكىدە مەزە، لېگەندە غىزا. * كۈتكۈچى قىز خونچىدا چاي كەلتۈردى.

تەرەپ يان ياق قات تامان تابا سارى

نەرسىنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ بىرى.

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى، شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. * ئەل قايان، سەن شۇ يان. * ھەرقانداق يامان ئىشنىڭ ياخشى يېقى چىقار. * ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ئىككى يېقى بولىدۇ. * ئۇ قاتتىكىنى بىلەي دېسەڭ دەريادىن ئۆت. * نوتىلىقىدا باغۋەن دەرەخنى ئېگىپ قويىدۇ خالىغان تامان.

تەرتىپ ئىنتىزام

تەشكىلات، جەمئىيەت رىئايە قىلىشقا بەلگىلەنگەن دەرىجە، قائىدە - يوسۇن.

تەرتىپنى سەن تاپمىساڭ، تەرتىپ سېنى تاپىدۇ. * ئىنتىزام ۋاقتىنى قەدىرلەشكە ئۆگىتىدۇ.

تەرجىمان تىلماچ تۇڭچى تىلمىچى

تەرجىمە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى،

تەرجىمان — مەرىپەتنىڭ يۈكچى ئېتى. * كۆڭۈلنىڭ تىلمىچى — تىل. * چالا تۇڭچى ئادەم ئۆلتۈرەر. * ئامبىلىدىن تۇڭچىسى يامان.

تەرجىمە قىلماق ئۆرۈمەك تولاماق

بىر مىللەت تىل - يېزىقىنى ئىككىنچى بىر مىللەت تىل - يېزىقىغا ئايلاندۇرماق.

دۇنيادىكى پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، سىياسىي، - قانۇن، مالىيە - سودا، قاتناش - ترانسپورت جەھەتتىكى جىمى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈشتە تەرجىمە بىردىنبىر چارە؛ تەرجىمە مىللەتلەر ئارا دوستلۇق ئالاقىنى كۈچەيتىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى...

تەرجىمىھال بىئوگرافىيە ئۆمۈر تارىخى

بىراۋنىڭ ئۆتمۈش - كەچمىشى بايان قىلىنغان ئەسەر ياكى ماقالە.

«مارشال شۆي شياڭچيەننىڭ تەرجىمىھالى» يېقىندا نەشىردىن چىقتى. * سايلام ئالدىدا نامزاتلارنىڭ قىسقىچە بىئوگرافىيىسى بېرىلدى. * ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ.

تەرخەمەك خىيار خاڭگا تارماز

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، ئۈستىدە ئاجىز تىكىنى بولىدۇ، يېشىل رەڭلىك بولىدۇ.

ئاچچىق تەرخەمەك ئاستا سېپىدۇ. * تەرخەمەكنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مول. 100 گرام تەرخەمەكتىن 13 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

تەركىب سوستاۋ

مەلۇم بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدىغان قىسىملار.

ھاۋانىڭ تەركىبى. * ھۆكۈمەت تەركىبى. * كوماندىرلار سوستاۋى.

تەرىقەت يول

دىنىنىڭ بىر خىل ئىدىيىۋى سىستېمىسى.

شەرىئەت ئىزدىسەڭ، ئۆلتۈر يىلاننى، تەرىقەت ئىزدىسەڭ، ئاغرىتما جاننى. * يول يولغا باشلار.

تەرنى تۈرمەك قاپىقىنى تۈرمەك

چىرايىنى پۈرۈشتۈرمەك: نارازىلىق ياكى خاپىلىقىنى بىلدۈرمەك.

ئالجىما! — دېدى ئىمىن ئەپەندى تەرنى تۈرۈپ. — مۇھەببەت؟ — نامەت تەرنى تۈردى، — مۇھەببەت يانچۇقتا. * رازى دەرھال قاپىقىنى تۈردى. * مۇشۇ ماقالە ئۈچۈنمۇ؟ — دېدى ھاشىر قاپىقىنى تۈرۈپ.

تەس قىيىن مۇشكۈل دىشۋار

ئاسان ئەمەس، كۈچ كېتىدىغان، ئاسانلىقچە ئىشقا ئاشمايدىغان.

دادىل، مەرد بولماق ئاسان ئىش ئەمەس، شىرنىڭ يۈزىگە تىك قارىماق تەس. * قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە. * چۈمۈلىنى چوقۇپ قىرار قىرغاۋۇل، قارچىغىدىن ئۆز ھالى مۇشكۈل.

تەسلىك قىيىنلىق مۇشكۈللۈك دىشۋارلىق

تەس ھالەت، قىيىن ئەھۋال.

تەسلىكنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلىگەن باتۇر. * ئىشنىڭ قىيىنلىقى كىشىنى ئاۋلايدۇ. * ھەرقانداق مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

تەس كۈن ئېغىر كۈن يامان كۈن

ئېغىر تۇرمۇش.

ئۆزىنى سورىغان تەس كۈنگە قالماس. * سىرداش ئېغىر كۈندە بىلىنەر. * يامان كۈن كىشىنى ئەقىللىق قىلار.

تەسەللى تەزىيە

بىراۋنىڭ ۋاپاتى ياكى كۆلپىتىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈش.

تەسەللى دورىدىنمۇ ئۈنۈملۈك. * تاغدەك ھەسرەتكە تېرىقتەك خۇشاللىق تەسەللى. * تەزىيە بىلدۈرۈش مۇسىبەتدار ئۈچۈن ھال سوراشتۇر.

تەسەللى ئېيتماق كۆڭۈل ئېيتماق كۆڭلىنى ياسىماق كۆڭلىنى ئاۋۇتماق ھال سورىماق كۆڭۈل سورىماق

مۇسىبەت ياكى بىرەر ئاپەت، ھادىسىگە ئۇچرىغانلارغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ياكى ماددىي نەرسىلەر تەقدىم قىلىپ ھالىغا يەتمەك.

كىشىلەر ”ئەتىنىڭ ئەتىسى بار“ دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى ئېيتار. * تاغدەك ھەسرەتكە تېرىقتەك خۇشاللىق تەسەللى. * مۇسىبەتكە ئۇچرىغانلارغا كۆڭۈل ئېيتماق ۋاجىپ. * بالىنىڭ كۆڭلىنى ياسا. * بىراۋنى رەنجىتىپ بولۇپ، كۆڭلىنى ئاۋۇتىمەن دېمە. * ھال سورىماق نان بەرگەندىن ئارتۇق. * ھالدىن كەتكەندىن كۆڭۈل سورا.

تەسۋىرلىمەك سۈرەتلىمەك

تەسۋىر، سۈرەتنى تىل بىلەن ئىپادە قىلماق، بايان قىلماق.

ئەدەبىياتتا تەبىئەتنى تەسۋىرلەش جەمئىيەتنى تەسۋىرلەشكە يول ئاچىدۇ. * روماندا باش قەھرىمان ياخشى سۈرەتلەنسە، روماننىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

تەسرات ھېسسىيات

ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ كىشى مېڭىسىدە قالدۇرغان ئىزى.

دەسلەپكى تەسىرات چوڭقۇر بولار. * دەسلەپكى ھېسسىيات تاپ باسماس. * رەسىم، نەقىش، مۇزىكا، شېئىر ۋە ھەر خىل تەبىئىي گۈزەللىكلەردىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بولمىسا، تۇرمۇش لەززىتىنىڭ يېرىمى قولدىن كەتكەن بولىدۇ.

تەسىر قىلماق ئەسەر قىلماق ئىلگۈنمەك

تەسىرات قالدۇرماق، ئېغىر تەگمەك.

دانالار سۆھبىتىدىن قاچمىغىن ئەسلا، قىلار تەسىر، ئۇنىڭ تىلىمۇ ساڭا. * ئاتام بارمۇ بۇ شەرىڭدە، ئانام بارمۇ بۇ شەرىڭدە، غېرىبلىق ئەسەر قىلدى، دودىشاڭ كۆرەلەردە.

تەشتەك گۈلدان يامچاق گۈل قاچىسى

ئۆيدە گۈل ئۆندۈرۈش ئۈچۈن ساپالدىن، چاقچۇقتىن تەييارلانغان مەخسۇس ئىدىش.

"يامچاق" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تەشتەكنى تازا تۇت، گۈلنى كۆر. * گۈلدان گۈلگە ئوخشاشلا تەسىر بەرسۇن.

تەشۋىق (تەشۋىقات) تەرغىب (تەرغىبات) ئاگىتاتسىيە پروپاگاندا

ئاممىنى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتكە ئىشەندۈرۈش ۋە ھەرىكەت ئۆتكۈزۈشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن چۈشەنچە.

تەشۋىقات بۆلۈمى، تەشۋىقات دۈيى * كىنو ـ تىياتىرلارنىڭ تەشۋىقات رولى چوڭ بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئوبرازلىق ئەمەسمۇ؟ * زامانىۋىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىنى تەشۋىق قىلىش زۆرۈر. * خەلق ئاممىسى ئىچىدە سوتسىيالىزم ھەققىدە تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشىنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

تەشكىلات پارتىيە پىرقە جەمئىيەت ئۇيۇشما بىرلەشمە ئىتتىپاق ئۆمەك ترۇپپا دەرنەك ياچېيكا گۇرۇپپا كۇرۇژوك گۇرۇھ بلوك مەزھەپ

سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مۇئەسسەسە.

تەشكىلات بۆلۈمى. * ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى. * كوممۇنىستىك پارتىيە. * گومىنداڭ پىرقىسى. * ئازادلىق جەمئىيىتى. * ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى. * ئايالللار بىرلەشمىسى. * شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى. * دېموكراتىيە ئىتتىپاقى. * ياشلار ئۆمىكى. * ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى. * مۇزىكا ترۇپپىسى. * پارتىيە ياچېيكىسى. * ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى.

تەقدىر قىسمەت پەلەك پېشانە چېكە يازمىش

ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويۇلغان تارتقۇلۇق.

ئادەمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا. * تەقدىرنى ئۇجۇقتۇر، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل. * گەر كەلتۈرەر بولسا ساڭا خىجالەت، ھېچ نەرسە قالدۇرما، ئۆلۈم بىر قىسمەت. * پەلەك باتۇرغا ساقار. * پەلەك ئاۋۋال كور قىلار ئەقىل كۆزىنى، كېيىن جايلار ئاقىلالارنىڭ ئۆزىنى. * پەلەككە تەگرىدەك ھۆكمىم ئۆتكۈزسەم، پەلەكنى قىلاتتىم دۇنيانى بەرھەم، يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك تۈزەتتىم، ياخشىلار تىلەككە يېتەتتى شۇ دەم. * ئۇ ئىشتا مەغلۇپ بولسام، ئۆز پېشانەمدىن كۆرىمەن، خەققە ئارتمايمەن. * چېكەڭگە چۈشسە چەكچەيمە.

تەقدىرگە تەن بەرمەك ئۆز پېشانىسىدىن كۆرمەك پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرمەك پېشانىگە يېزىلغاننى كۆرمەك

تارتقۇلۇقنى تارتماق.

ئەقىل ئىگىسى تەقدىرگە تەن بەرمەيدۇ. * گۇناھنى خەققە ئارتما،

ئۆز پېشانەڭدىن كۆر. * پېشانىگە پۈتۈلگەننى كۆرىمەن دەپ قاراپ تۇرما. * پېشانەڭ پاك، ھېچ نەرسە يوق. * پېشانىگە يېزىلغاننى كۆرۈش دېگەن تەقدىرچىلىك ئاللىقاچان پەن تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

تەقىب نەزەربەند

چەكلىمەك، نازارەت ئاستىغا ئالماق.

بۇرژۇئا ئەللىرىدە ئىلغار كۈچلەر تەقىب قىلىنىدۇ. * گومىنداڭ بىرمۇنچە كوممۇنىستلارنى چۆچەكدا نەزەربەند قىلغانىدى.

تەكەببۇر ھاكاۋۇر داخمىگەي كۆپەر كۆرەڭ

ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان.

تەكەببۇر يالجىماس، يالىڭاچ ئىسسىماس. * ھاكاۋۇردا ھايا يوق. * داخمىگەيگە دار پەرز. * تەكەببۇر، ھاكاۋۇر، داخمىگەيلەرگە تەكەببۇرلۇق قىل، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەن شۇ.

تەكەببۇرلۇق ھاكاۋۇرلۇق داخمىگەيلىك

تەكەببۇرنىڭ قىلىقى، ھاكاۋۇر ھالەت.

تەكەببۇرلۇق ئەقىلنى ئۇرار-تېپەر، ئەخمەقلەر بۇنىڭغا يول بېرەر. * ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئەخمەقلىق ئاكا-ئۇكا. * داخمىگەيلىك دەرد-ئەلەمگە ئېلىپ بارىدۇ.

تەكچە ئويۇق يوغا سەرۇ

تامدىن چىقىرىلغان، نەرسە-كېرەك تىزىپ قويىدىغان يەر. "يوغا" ئاقسۇ شىۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تەكچىدە نۇرغۇن نەرسىلەر تىزىلغانىدى. * ئويۇقنىڭ ئىچى لىق تولدۇرۇلغانىدى.

تەكرار تەكرار-تەكرار قايتا-قايتا

قايتا-قايتىلاپ، ئۈستى-ئۈستىگە، بىر قىلغان ئىشنى يەنە

قىلىش.

سۆزۈڭ تاتلىق بولسىمۇ، تەكرار سۆزلىمە. * تەكرار-تەكرار چۈشەنچە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرگە جازادىن باشقا ئامال يوق. * قايتا-قايتا پالتا ئۇرساڭ، چوڭ دەرەخمۇ ئۆرۈلەر.

تەكسى كىرا ماشىنىسى

كىرا قىلىدىغان پىكاپ.

ھازىر ئۈرۈمچىدىمۇ دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەرنىڭ تەكسىلىرى ئىشلەۋاتىدۇ.

تەكلىپ تەۋسىيە ئوغراغ

ئۆز تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تونۇشتۇرۇش.

ئىشتىن كېيىنكى تەكلىپ — ھوسۇلدىن كېيىنكى يامغۇر. * ئۆزىنى ماختاش ئۆزىنى تەۋسىيە قىلغانلىق بولماس.

تەگ ئاست تۈۋ

نەرسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قىسمى.

تېگىنى كۆرمەي سۇدىن ئۆتمە. * چوڭ بېلىق سۇنىڭ تېگىدە ياشايدۇ. * ئاستىدىكى ئاتنى ئالتە ئاي ئىزدەپتۇ. * تاغارنى تۈۋىدە ئايىغۇچە، ئاغزىدا ئايا. * چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ.

تەڭ باراۋەر بىردەك تەڭشى تىكىس تەڭپۇڭ مۇۋازىنەت موساۋەت تۈز

ئېگىز-پەسلىك، يۇقىرى-تۆۋەنلىك بولمىغان، ھەممە ئوخشاش بولغان ھالەت.

بەش قول تەڭ ئەمەس. * قاش بىلەن كۆز تەڭ بولمايدۇ. * باراۋەر ئىدۇق ھەممىمىز تەڭرى ئالدىدا، باراۋەر بولمىدۇق ئەمما دەۋر ئالدىدا. كېرىلىپ كەتمىگىن سەن ئامەتلىرىڭدىن. باراۋەر بولىمىز قەبرى

ئالدىدا. * بەش تال بارماق، بەش قېرىنداش، بىراق زادى بىردەك بولماس. * بىر كۈندە تۇغۇلغان بارماقمۇ تەكشى ئەمەس. * تىكىس يەر تېپىلماس. * تەڭپۇڭ بولماق تەس، * مۇۋازىنەت ئەلا. * موساۋەت فرانسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ شوئارى: ھۆرىيەت، موساۋات، ئادالەتنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا ھەممىنىڭ تەڭ-باراۋەرلىكى تەشەببۇس قىلىنغان.

تەڭلە چارا

ياغاچنى ئويۇپ ياسالغان، خېمىر يۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قاچا.

زېمىندا زاڭ كۆرمىگەن، تەڭلىدە نان كۆرمىگەن. * چارا خېمىر يۇغۇرغانغا چارچىماس.

تەڭلىكتە قالماق تەڭقىسلىقتا قالماق

قىيىن-قىستاق ئەھۋالغا چۈشمەك.

پاراۋانلىق ئىچىدە كۆپكە ئۆگەنگەن، تەڭلىكتە قالغاندا ئاچتىن ئۆلىدۇ. * تەڭقىسلىقتا قالماي دېسەڭ، ھاكاۋۇرلۇقتىن ساقلان. * تەڭقىسلىقتا قالساڭ، تەڭتۇشۇڭنى تاپ.

تەل تەق

تولۇق ۋە تەييار.

توققۇزى تەل. * ئەمگەك ھەممىنى تەل قىلار، ھورۇنلۇق ھەممىنى بەند. * ھەممە تەق بولسۇن، سودا نەق بولسۇن.

تەلەپ ئېھتىياج

زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان تىلەك، ئۈمىد.

تاغ ئېگىز، تەلەپ تاغدىنمۇ ئېگىز. * ئېھتىياج ھەممىنى دېگۈزىدۇ، ئۇچرىغاننى يېگۈزىدۇ.

تەلەپپۇز قائىدىسى ئورفوئېپىيە

ئەدەبىي تىلدا ئىملا قائىدىسىگە نىسبەتەن، سۆزلەرنى توغرا ئېيتىش ئۇسۇلىنىڭ يىغىندىسى.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى» 1987-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىنغان.

تەلىپ تەسنىپ

بار ماتېرىياللارنى رەتلەپ، تۈرگە ئايرىپ تۈزۈپ چىقماق.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ناھايىتى نۇرغۇن تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەلىپ قىلغان. * كىتاب تەسنىپ قىلىش — ئۇلۇغ ئىش.

تەلىم تەربىيە

ئىلىم-بىلىم، ئەدەب-ئەخلاقلار.

كۆپچىلىكتىن تەلىم ئال. * ياغاچنى رەندە تۈزەيدۇ، ئادەمنى تەربىيە.

تەلىمات دوكتىرىنا

ئىلىم-پەندە سىستېمىلىق قاراش ۋە تەشەببۇس.

چارلىز دارۋىن تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان. * ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتى — جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى تەلىمات.

تەمكىن ۋەزمىن سالماق ئېغىر-بېسىق ئۆزىنى توختاتقان تۆلەك توختۇن

يۇرۇش-تۇرۇش، خۇي-پەيلى تۇتاملىق ۋە تۇراقلىق.

تەمكىن پىل پەللىگە ھودۇققان ئاتتىن بۇرۇن بارىدۇ. * ھەرقانداق

ئەھۋالدا ئۆزىڭىزنى ۋەزمىن ۋە خۇشال تۇتۇڭ، * سالماق بولساڭ، زەخمەت چەكمەيسەن. * ئېغىر بولساڭ، خىزىر بولىسەن. * خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىلگەن ئېغىر-بېسىق بولار. * ئېغىر-بېسىق بولساڭ، ھۆرمەت تاپىسەن. * ئۆزىنى توختاتقان ھەرقاچان غالىب.

تەمكىنلىك ۋەزمىنلىك سالماقلىق ئېغىر-بېسىقلىق

يۇرۇش-تۇرۇش، خۇي-پەيلى تۇتاملىق، تۇراقلىق.

بىر مىسقال دۆلەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مىڭ مىسقال تەمكىنلىك كېرەك. * ۋەزمىنلىك — ئالىيجانابلىق. * سالماقلىق سۆز — ھېسابلىق سۆز. * ئېغىر-بېسىقلىق مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدۇ.

تەمىنلىمەك قامدىماق

ئىش-ھەرىكەتكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەك.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش تولۇق كاپالەتكە ئىگە. * ئىشىمىزنى كېرەكلىك ماتېرىيال بىلەن قامداش تەلەپ قىلىندى.

تەن بەدەن گەۋدە ۋۇجۇد جۇغ جىسىم ئەتىۋز سان كۆتۈك كۆشەندۈك يىن

ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ پۈتۈن ئورگانىزمى.

تەن ساغلىق — زور بايلىق. * ساپ ھاۋا تەنگە داۋا. * ياش بەدەننىڭ ساقايماس يارىسى يوق. * ئەر-خوتۇن بىر تەن-بىر گەۋدە بولۇشى كېرەك. * كەمتەرلىك ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مەنزىرىلىك بېغىدۇر. * جۇغى كىچىك دېمە، ئەقلى تۇزۇك دە. * جىسمى گەۋدىلىك بىر كىشى كەلدى.

تەنبىھ چارە جازا

قىلمىشىغا يارىشا كۆرۈلگەن تەدبىر.

تەنبىھ — تەربىيىنى ئاساس قىلىدۇ.
چارە — كۆپىرەك مەمۇرىي جەھەتتىن بولىدۇ.
جازا — قانۇنىي جەھەتتىن بولىدۇ.

تۇرسۇنغا تەنبىھ بېرىلدى. * مەمۇرىي ئىنتىزامنى بۇزغان مامۇتقا چارە كۆرۈلدى. ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى. * 10 مىڭ يۈەندىن كۆپ خىيانەت قىلغانلار قانۇنىي جازا بېرىلىشكە يوللىنىدۇ.

تەنتەربىيە تەنھەرىكەت ئىسپورت

جىسمانىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلغان ۋە تۈرلۈك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان سىستېمىلىق تەلىم-تەربىيە.

ئەمگەك ئادەمنىڭ بەختىنى ئاچىدۇ، تەنتەربىيە ئادەمنىڭ ھۆسنىنى ئاچىدۇ. * مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك شەھەرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى 20-سېنتەبىر تاڭسەن شەھىرىدە باشلاندى. * ئىسپورت ئادەمنى كۈچەيتىدۇ، ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ.

تەنتەربىيە مەيدانى ئىستادىيون

تەنھەرىكەت ئۆتكۈزۈشكە ئاتالغان كەڭ مەيدان.

ئۈرۈمچى نەنمېن تەنتەربىيە مەيدانىغا 5000 كىشى سىغىدۇ.

تەنتەنىلىك بەڭباش شوخ كەپسىز ئاسمانغا پىچاق (مۇشت) ئاتىدىغان قۇرغۇ

قىلىقلىرى ئادەتتىكىدىن جىددىيرەك؛ كۆپىنچە بالىلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

تەنتەكنىڭ تىلى ئۆز بېشىغا دۈشمەندۇر. * دۆتنىڭ تىلى قىچىشىدۇ، تەنتەكنىڭ قولى. * بەڭباشنىڭ سۆزى ئۆز بېشىغا چىقىدۇ. * شوخ بولساڭ مازارغا بار، بىكار بولساڭ بازارغا. * بالا بولسا شوخ بولسا،

شوخ بولمىسا يوق بولسا. * سەمەت قارىمىنىڭ بالىسى يۇنۇس تازا كەپسىز بالا بوپتۇ. * قۇرغۇ ئەر — تەنتەك ئادەم.

تەنتەنە داغدۇغا دەبدەبە ھەشەمەت

زىيادە شاد — خۇراملىق بىلەن قىلىنىدىغان پائالىيەت، كۆپىنچە مەرىكە — مۇراسىملارنى تەسۋىرلەپ ئېيتىلىدۇ

نادانىدىن زارلايدۇ ھەتتا تاغۇتاش، نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش. * قۇرۇق داغدۇغا قۇرۇپ قالغان ياغاچ. * دەبدەبە كىچىك ئىشقا ياراشمايدۇ. * دوستلار ئارا ھەشەمەتنىڭ لازىمى يوق.

تەنتەنىلىك داغدۇغىلىق دەبدەبىلىك ھەشەمەتلىك

شاد — خۇراملىق پائالىيەت ھالىتى.

سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 4 - يىغىنى 1991 - يىل 12 - ئاۋغۇست كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. * شىنجاڭنىڭ 140 مىڭ تونىلىق ئېتىلىن قۇرۇلمىسى توختامىنى ئىمزالاش مۇراسىمى 1991 - يىل 10 - ماي بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. * تەنتەربىيە مەيدانى دەبدەبىلىك پائالىيەتكە تولدى. * ھەشەمەتلىك مۇراسىم قىزغىن ئۆتتى.

تەنقىد پىپەن

بىرەر ئادەم ياكى ئىش — ھەرىكەتكە باھا بېرىپ، كەمچىلىك خاتالىقلارنى كۆرسىتىش.

"پىپەن" خاتالىقنى تەنقىدلەپ، ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

ھەقىقەت تەنقىدنى خالايدۇ، چۈنكى ئۇ تەنقىد ئارقىلىق غەلىبە قىلىدۇ. * مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى پىپەنلەر تېخى كىشىلەرنىڭ يادىدىن چىقمىدى.

تەھرىر ھەيئىتى تەھرىرات رېداكسىيە

گېزىت — ژۇرناللارنى تەھرىرلەش ئۈچۈن، مۇھەررىرلەردىن تەشكىل قىلىنغان كوللېكتىپ مۇئەسسەسە.

«شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر ھەيئىتى باش مۇھەررىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. * «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى يېقىندا قايتىدىن تەشكىل قىلىنماقچى.

تەھلىل ئانالىز

بىرەر شەيئى، ھادىسە ۋە ئۇقۇمنى ئاددىي تەركىبلەرگە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تېپىش ئۇسۇلى.

"ئانالىز" كۆپرەك تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. * ئۆلۈك ھالدا يادقا ئالماي، ئانالىز قىلىش يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان بىلىم ھەقىقىي بىلىمدۇر.

تەييار ھازىر سەپ

بىرەر ئىش — ھەرىكەتكە كىرىشكە تەق بولۇپ تۇرغان ھالەت.

تەييارغا ھەييار. * تەييار ئاشقا ئېغىز كۆپ. * ھەممە ھازىر، پەقەت بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىمىز.

تەييارلىماق ھازىرلىماق ئانۇنماق سەپلىمەك

بىرەر ئىش — ھەرىكەتنى ئىشلەشكە تەق قىلماق.

ھەممە تەييارلاندى، ئەندى رەسمىي كىرىشىشكە بولىدۇ. * كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلاپ بولدۇق.

توپ پومزەك

شار شەكىللىك، ئىچىگە يەل توشقۇزۇلغان ئويۇنچۇق؛ تەنتەربىيە سايمىنى، تۈرى كۆپ بولىدۇ.

"پومزەك" ئىلى شېۋىسىدە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

توپ ئوينايدىغاننى توپ ئۆزى تاپار.

توپا تۇپراق خاك-سار

يەرنى تەشكىل قىلغان جىسىم.

سېرىق توپا، سېغىز توپا. * توپا ئالساڭ دۆڭدىن ئال. * ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە. * تۇپراقنى ياخشىلاش دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەدبىرى. * يار دەردىدە خاك-سار بولدۇم.

توپلاشماق ئولاشماق

بىر يەرگە يىغىلماق، توپ-توپ بولماق.

ئۇلار، ھەممىمىز بارىمىز، دەپ ۋارقىرىشىپ، مەسچىت ئالدىغا توپلاشتى. * ئۇرۇش چىققان يەرگە بىردەمنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئولاشتى.

توپىلاڭ ئىسيان غەليان

ھازىر ھاكىمىيەتكە قارشى يىغىلىق، ئەنسىزلىك.

"ئىسيان"نىڭ ئىجابىي مەنىسى بار.

توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاپتۇ. * ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ھۆكۈمەت ئورگىنىغا بىسىپ كىردى.

توپىلاڭچى ئىسيانچى ئىسيانكار

توپىلاڭ، ئىسياننى ئويۇشتۇرغۇچى، ئۇلارغا قاتناشقۇچى كىشى.

"ئىسيانكار" ئىجابىي مەنىدە كېلىدۇ.

توپىلاڭچى توپىلاڭدا كېتىدۇ. * ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش جېڭى قاتتىق بولدى. * گۇمنام — ئىسيانكار شائىر.

توخۇ چېرىم غاجىغاندەك مۇشۇك پىياز يېگەندەك

بولمىغان، بولمايدىغان ئىش-ھەرىكەتكە ئوخشىتىش. ئادەتتە قىلمايدىغان ئىشنى قىلغانغا ئىشارە.

ھوي، نېمە بولدى، توخۇ چېرىم غاجىغاندەك تاماكا چېكىۋاتىسەنغۇ! * مامۇت ھاراق ئىچمەيتتى، تۈنۈگۈن تويدا مۇشۇك پىياز يېگەندەك، ئازراق ئىچتى.

تورپاق تايىنچا

ئىككى ياشلىق سىيىر.

تورپاق ئۆلۈۋىدى، ئورتاق ئايرىلدى. * تورپىقىمنى كىچىك دېسەڭ، يوغان تاغار ئارتىپ باق. * تايىنچا بۇقا تىنىم تاپماس.

توز تاۋۇس

قانات-قۇيرۇقلىرى چىرايلىق قۇش، ئىسسىق بەلباغ رايونلاردا ياشايدۇ، دان ۋە مېۋە يەيدۇ.

توز قۇيرۇق-پەيلىرىنى ئاسرايدۇ، ياخشى ئۆز ئابرويىنى ساقلايدۇ. * تاۋۇس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغاندا زاغ، كەكلىك كۈلكىسىدىن ياڭراپ كەتتى باغ.

توسقۇن توسالغۇ توسۇق پۇتلىكاشاڭ پۇتلاش

ئۆتۈشكە، ئىلگىرىلەشكە كاشىلا بولىدىغان نەرسە.

توسقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتتۇق. * باتۇرنىڭ ئالدىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق. * بىز ئىلگىرىلەيمىز، ھېچنېمە بىزگە توسۇق بولالمايدۇ. * خىزمەتتىكى پۇتلىكاشاڭلارنى يوق قىلىڭلار. * ئەسكى

تامدا قۇشقاچ تولا، نامراتقا پۈتلاش.

توسماق تورىماق

ئالدىدىن چىقىپ، ئىش-ھەرىكەت قىلىشقا يول قويماسلىق.

ھەقىقەت — قۇياش، ئالىقان بىلەن توسۇپ بولماس. * ۋاقىت ھېچكىمنى تورىمايدۇ.

توشقان قويان توشان

سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋان، قۇلىقى ئۇزۇن، يۇقىرى كالپۇكى كەمتۈك، ئالدى پۇتى كەينى پۇتىدىن قىسقا، يۈگۈرۈك، قورقۇنچاق؛ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ؛ قولدا بېقىلىدىغانلىرىمۇ بار.

ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش. * توشقان يۈرەك.

توغرىلىماق جۆندىمەك

كۆچمە مەنە: ئەدەبلىمەك ۋە ھەتتا ئۆلتۈرمەك.

كۈچۈڭ يەتسە، دۈشمىنىڭنى توغرىلا. * سېنى ئۇچۇرغىنى — جۆندىگىنى.

توقال كىچىك خوتۇن

خوتۇن ئۈستىگە ئالغان خوتۇن.

توقال — تۈلكە، ئالغان كۈلكە. * توقال. ئەركە بولسا، ئېرىغا تېكە بولار. * چوڭ خوتۇن ھەسەت قىلىدۇ، كىچىك خوتۇن ھەسرەت چېكىدۇ.

توقچىلىق مەمۇرچىلىق مولچىلىق

يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك مول، تۇرمۇش پاراۋان ھالەت.

ئاچارچىلىقنى باشتىن كەچۈرمىگەن توقچىلىقنىڭ قەدرىگە يەتمەس. * مەمۇرچىلىق بولسا، تۇرمۇش خاتىرجەم بولىدۇ. * مولچىلىق خۇشاللىق بېغىشلايدۇ.

توك قاپاق سۆرۈن چىراي

رەڭگى-رويىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇرىدىغان؛ مۇئامىلىسى سوغۇق.

توك قاپاق خېنىم توختاپ تۇرسىلا، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ بىر گەپ قىلاي. * بىزنى سۆرۈن چىراي بىر كىشى كۈتۈۋالدى.

توڭلىماق مۇزلىماق

سوغۇق تەسىر قىلىپ، ئىسسىقلىق يوقالماق.

بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ، بىرى توڭۇپ. * مۇزلىساڭ مۇز يە. * مۇزلىغان كۆڭۈلنى كۈن ئىسسىتالماس.

تولىماق توشماق

بوشلۇققا لىق كەلمەك.

ئەتىگەن قوپقاننىڭ ئېتەكى ئالتۇنغا تولىدۇ. * سۇ توشقان چېلەك جاراڭلىمايدۇ.

تولۇق مۇكەممەل تەلتۆكۈس ئۆزۈل-كېسىل تولۇم تولۇن

چالا ئەمەس، پۈتۈن؛ باشتىن ئاياغ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كەم-كۈتىسىز.

ئېھتىياتچاننىڭ ھازىرلىقى تولۇق. * ساپ ئالتۇن يوق، مۇكەممەل ئادەم يوق. * ئىش قىلساڭ، تەلتۆكۈس قىل. * تەلتۆكۈسمەن دېگەن خاننىڭ بىر تېتىم تۇزى كەم. * بەل باغلىغان ئىشنى چالا قويما، ئۆزۈل-كېسىل قىل.

تولۇقلانماق مۇكەممەللەشمەك

كەم يېرى تولدۇرۇلماق، تولۇق ھالەتكە كەلمەك.

ئىش بارا-بارا تولۇقلىنىدۇ. * ئادەم بىلىمى كۆپەيگەنسېرى مۇكەممەللىشىدۇ.

توم جىلد

چوڭ ھەجىملىك كىتابلارنىڭ ئايرىم قىسىملىرى.

«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ تۆت تومى ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

تومپاي گىرى

غەرەز ئۇقمايدىغان كىشى.

تومپايىنى تويغا ئېيتما. * گىرىنى گاچا چۈشىنەر.

تونۇش تونۇش-بىلىش

ئۇزاق بىللە بولغان كىشى.

تونۇشۇڭ كۆپ بولسا، تېپىشىڭ كۆپ بولار. * ناتونۇش پەرىشتىدىن تونۇش شەيتان ئەۋزەل. * تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ياردىمى موھتاجلىقتىن چىقىرار.

تونۇلماق بىلمەك

مەلۇم بولماق، ئېنىق بولماق.

دوست كۈلگەندە تونۇلماس، ئايرىلغاندا تونۇلار. * ياخشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر.

تۆۋا ئىستىغپار

گۇناھ، خاتالىقلىرىنى ئېقرار قىلىش، ئۇلاردىن پۇشايمان قىلىش ۋە قايتا قىلماسلىققا نىيەت قىلىش.

تۆۋىدىن كېيىن گۇناھ يوق. * تېز قارار قىلغان تېز تۆۋا قىلار. * تۆۋا-ئىستىغپار قىلىپ، يەنە گۇناھ قىلىش گۇناھنىڭ ئېغىرى.

توي تۆكۈن

ئوغۇل-قىزنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەرىكە.

"تۆكۈن" كېلىن ئالغۇچىنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا ئۆز ئۆيىگە قايتقاندىكى مەرىكە.

قىز تويى. * خەتنە توي. * تويدىن يامانلىساڭ، توي قىلىپ كۆر. * تويىنىڭ بولغىنىدىن "بولىدۇ"سى قىزىق. * تويغا بارساڭ، تويۇپ بار، بوز خالتاڭنى قويۇپ بار. * كېلىن تۆكۈنلىسە، تويدىن قىزىق.

توي خېتى پەتتە قىزىلقەغەز جاكزا

تۇرمۇش قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىپ، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن مەخسۇس ئورۇندىن بېرىلگەن قەغەز.

بۇلار ھەر جايدا مۇشۇنداق ھەر خىل ئاتىلىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ياش-قۇرامى توشمىغاچقا، يېزىلىق ھۆكۈمەت توي خېتى بەرمەپتۇ. * ئەندى بېرىپ پەتتە كەستۈرۈپ كېلىڭلار. * ئۇلار نىكاھ كۈنى ئىمامنىڭ ئالدىغان قىزىلقەغەزنى قويۇشتى. * جاكزا ئالماي، نىكاھ ئوقۇشقا بولمايدۇ.

تويلۇق بۆسۈت قالىن

قىز تەرەپ ئەر تەرەپكە سالغان كىيىم-كېچەك، ئاش-سۇ قاتارلىقلار.

"بۆسۈت" قىز ئېلىپ كېلىدىغان ئۆيۋاققا قارىتىلىدۇ.

بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر. * تويلۇقىنىڭ ئېغىرلىقى كەمبەغەل

بويتاقلارغا ئىغىرچىلىق كەلتۈرمەكتە.

تۇتۇق غۇۋا گۇڭگا خىرە

يورۇق ئەمەس، روشەن ئەمەس.

قۇرۇق گەپ ھەقىقەتنى تۇتۇق قىلىدۇ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى نۇرلۇق قىلىدۇ. * ئاچكۆزلۈكتىن ئەقلىمۇ غۇۋا. * گۇڭگا يورۇقتا كىتاب ئوقۇش كۆزگە زىيانلىق. * خىرە شام يورۇقى كۆرۈندى.

تۇتماق ئۇشلىماق قارىماق

بىرەر نەرسىنى قول بىلەن ئالماق.

ئىككى قولى بىلەن ئۈچ بېلىق تۇتۇپتۇ. * ھەممىنى تۇتىمەن دېگەن ھېچنېمىنى تۇتالماس. * بوش ئۇشلىغان ئۇشلىمىغانغا تەڭ. * بېلىقنى بېشىدىن قارما.

تۇتۇلمىغان گەپ پېچىتى بۇزۇلمىغان گەپ

قۇلاق ئاڭلىمىغان، بولۇپ باقمىغان گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت.

تۇتۇلمىغان گەپقۇ بۇ، — دېدى ئاسىم، — نەدە بوپتۇ، بۇ ئىش؟ * توختا، ساڭا پېچىتى بۇزۇلمىغان گەپتىن بىرنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى ئۇ.

تۇجۇركا كەمزۇل پەشمەت گىمناستۇركا پىنجەك

كۆڭلەك ئۈستىگە كىيىلىدىغان قىسقا چاپان. "پىنجەك" ئادەتتە يەڭسىز بولىدۇ.

تۇجۇركا كىيگەن كىشى كېلىپ كەتتى. * كەمزۇلۇڭنىڭ ياقىسىنى تۈزە. * پەشمەت كۆزدە كېرەك. * گىمناستۇركا بىزگە سىرتتىن كىرگەن ياڭزا. * پىنجىكىڭ چىرايلىق ئىكەن.

تۇخۇمدىن تۆك ئۈندۈرمەك تۇخۇمدىن سۆڭەك ئىزدىمەك تۇخۇمدىن يۇڭ قىرقماق

يوق يەردىن قۇسۇر تاپماق.

تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان "تۇتقۇ" ئەجەب جىمىقتى، — دېدى ھاشىم. * ئۇ دائىم تۇخۇمدىن سۆڭەك ئىزدەپلا يۈرىدۇ. * تۇخۇمدىن يۇڭ قىرقىش ئۇنىڭ كونا ھۈنىرى.

تۇرالغۇ ئولتۇراق جاي تۇرار جاي

ئولتۇراقلىشىشقا لايىق ئۆي-جاي.

ئولتۇراق جاي ئىسلاھاتى بولىۋاتىدۇ. * كېيىنكى يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئولتۇراق جايلار كۆپلەپ سېلىنىدۇ. * تۇرار جايىڭ چەت بولسىمۇ، تىنچ بولسۇن.

تۇرخۇن مورا تۇرقۇلۇق

ئوچاقلارنىڭ ئىس-تۈتۈنلىرى چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن تام ئىچىدىن قالدۇرۇلغان بوشلۇق، تۆشۈك.

تۈتۈننىڭ ئاچچىقىنى تۇرخۇن بىلەر. * ھەر ئۆينىڭ مورىسى باشقا. * مورا دېگەن ئەجدىھا.

تۇرمۇش ھايات روزىغار مەئىشەت تىرىكچىلىك كۈن جان

ياشاش يولى، ھايات ھالى، ھاياتلىقنىڭ پۈتۈن جەريانى.

تۇرمۇش بىر جەڭ. * ئويلاشمىغان تۇرمۇشنىڭ قەدرى بولماس. * تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن مەنىسى بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئىزدىنىشتە ئىپادىلىنىدۇ. * ھاياتتا ھەممىنىڭ ئۆلچىمى بار. * ھايات قارىغۇنىڭمۇ كۆزىنى ئاچار. * ھايات ھەممىنى ئۆگىنەر، ئۆگەنمىسەڭ تۈگىتەر. * ئىللىقلىق بىلەن تولسۇن روزىغارىڭ، قوپاللىق بۇزمىغاي سەبرۇقارارىڭ. * مەئىشەت مول بولسا، خاتىرجەملىك

بولىدۇ. * تىرىكچىلىكتە تۈز يول يوق. * تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى خوتۇن بىلەن. * ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما. * جان باقماق — پەرز. * جىنىڭنى جان ئەت.

تۇرۇپ چامغۇر لوبۇ

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. بېشى تۇپراق ئاستىدا بولىدۇ، سوقچاق ياكى دۈگىلەك كېلىدۇ، سورتى باشقا-باشقا بولغاچقا، پوستىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

تۇرۇپنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كۆپ. 100 گرام تۇرۇپتىن 26 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا چىچىماق ئېشىنى يەپ قازىنىنى چاقماق

باققان، تەربىيىلىگەن ئەجىرنى يەردە قويماق، ۋاپاغا جاپا قىلماق.

ئۇ خۇمپەر تۇزۇمنى يەپ، تۇزلۇقۇمغا چىچتى... خەپ، — دېدى ئۇ. * ئوسمان ئېشىمنى يەپ، قازىنىمنى چاقتى، مېنى تاشلاپ كەتتى، خۇداغا قويدۇم، — دېدى موماي ئېچىنىپ.

تۇغان دامبا توسما توما چۇشۇرگە

ئېرىق-ئۆستەڭلەردە سۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۈچۈن قۇرۇلغان سۇ ئىنشائاتلىرى.

سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت. * تۇغان قېشىدا دەرەخ ئايىنماس، باي قېشىدا گاداي. * دامبا پۇختا بولسا، سۇ راۋان بولىدۇ. * توسمىنى ۋاقتىدا چىڭىت. * توما دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇلۇشى كېرەك. * چۇشۇرگە سۇغا لايىق بولسۇن.

تۇغقان ئۇرۇق-تۇغقان خىيىش ئەقرىبا ئۇغۇش تۇغمىش تۇغمىس

بىر ئاتا-بوۋىدىن تارالغان جامائەت، قانداشلىق ياكى نىكاھ

سەۋەبىدىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان كىشىلەر.

تۇغرا ئېيتقان تۇغقىنىغا يارىماس. * ئۇرۇق-تۇغقاننىڭ ئۇرۇشى — تاۋار-تورقىنىڭ بىرتالىشى. * گۈلىنىڭ پۇرىقى توزۇغچە، ئۇرۇق-تۇغقان ئۆلگۈچە. * ئاۋۋال خىيىش، كېيىن دەرۋىش.

تۇغماق بوشانماق يەڭگىمەك كۆزى يورۇماق تەۋەللۇد قىلماق كۆزۈكمەك كۆزەيمەك كوساتماق

ھامىلدار ئايال بالا تاپماق، بالىلىماق.

ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ، قىز تۇغسا باشقىدىن. * بەھرەم بۇۋى بوشۇنۇۋاپتۇ، مەرەك بولسۇن. * كېلىنى ئامان-ئېسەن يەڭگىدى. * مەلىكە ياتلىق بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ھامىلدار بولۇپتۇ، ۋاقتى-سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ.

تۇغۇت چۇشۇك تۇغسۇق كۆزۈكۈش

بالا تۇغۇش ئىشى.

ئون تۇغۇتتىن بىر چۇشۇك يامان. * پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياستى.

تۇغۇلماق دۇنياغا كەلمەك تۆرەلمەك توغيوق

ئەسلى بالا ئانا بالىياتقۇسىدىن چىقىشنى كۆرسىتىدۇ، كۆچمە مەنىدە بىرەر تەشكىلاتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ.

تۇغۇلغان يەردىن تويغان يەر ياخشى. * ئادەم تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولماس. * تۇغۇلمىغان تاينىڭ دۈمبىسى يېغىر. * دۇنياغا كەپسەن، قۇرۇق كېلىپ، قۇرۇق كەتمە. * كەمچىلىكسىز ئادەم تېخى دۇنياغا كەلگىنى يوق. * جۇڭگو كومپارتىيىسى 1921-يىل 1-ئىيۇلدا شاڭخەيدە دۇنياغا كەلگەن. * ئىتتىن تۆرەلگەن بۆرە بولماس.

تۇل يېسىر بىۋە تۇغساق

ئەرگە تەگمىگەن ياكى ئەردىن ئايرىلغان خوتۇن.

خوتۇن كىشى تىلى بىلەن تۇل قالار. * يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلا.

تۇلپار دۇلدۇل ئارغىماق

نەسىللىك چاپقۇر، يۈرۈشلۈك ئات.

تۇلپارنىڭ ئايغى بارا-بارا قىزىيدۇ. * بېشى بۇلبۇل، ئايغى دۇلدۇل. * ئارغىماق ئالدىغا ئات ئۆتكۈزمەس.

تۇلۇم چاناچ تورسۇق مەش

تېرە خالتا.

يېتىم بۇلۇڭدا، تېرىق تۇلۇمدا. * ئۇسسىغاننىڭ چۈشىگە چاناچ كىرەر. * تورسۇقۇڭ تولغۇچە تۇر.

تۇماق تەلپەك قۇلاقچا تۆپە چاپپۇش ئولپاق

ئەلتىرە، كۆرپە قاما-قۇندۇزلاردىن تىكىلگەن قىشلىق باش كىيىمى.

"چاپپۇس" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

تازنىڭ كۆزى تۇماقتا. * باش ئامان بولسا، تەلپەك تېپىلىدۇ. * قۇلاقچا قىشنىڭ راھىتى. * قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا تۆپە ئىچىدە.

تۇمان مانان تۈنەك تۇغى

تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن ھاۋادىكى پار ئۇششاق تامچە بولۇپ، يەر ئۈستىدىكى ھاۋادا ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئاق ھالەت.

تاغ بېشىدا تۇمان، ئادەم بېشىدا گۇمان. * مانان چۈشكەن تاڭ

چىرايلىق. * تۈتەك چۈشسە، ئاۋايلايۇ، يولدىن قالما.

تۇنجى بىرىنچى تۇن

ئەسلى بالىنىڭ ئەڭ چوڭى، بىرىنچىسى؛ ھازىر ئومۇمەن ئەڭ دەسلەپكى، ئالدىنقى مەنىلىرىدە كېلىۋاتىدۇ.

تۇنجى، ئوتتۇرانجى، كەنجى.

يالغان سۆزلەش — ئوغرىلىق قىلىشنىڭ تۇنجى قەدىمى. * بىرىنچى قېتىم يىقىلىش ئىككىنچى قېتىمغا ساۋاق. * تۇن ئوغۇل — تۇنجى بالا.

تۇيۇق تەجنىس مۇختەمىلات

شېئىرنىڭ ئاھاڭداش سۆز-ئىبارىلەردىن قاپىيە تۈزۈلگەن بىر تۈرى.

مانا تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ تۇيۇقلىرىدىن بىرى: چۆلدە قالسامۇ نەھاجەت ئات ماڭا، سىڭدى "مەجنۇن" دەپ چىرايلىق ئات ماڭا، قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ، ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىنى ئات ماڭا.

تۆت كوچا چارسۇ

ئىككى تەرەپتىن كەلگەن ئىككى يولنىڭ ئۆتۈشكەن جايى.

ئۈرۈمچى شەھەر ئىچى چوڭ تۆت كوچىغا سېلىنغان "چوڭ تۆت كوچا سودا بىناسى" ئۈرۈمچىدىكى چوڭ ماگىزىنلارنىڭ بىرى.

تۆگە لوكتا تەۋە

سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋان، بويى ئېگىز كېلىدۇ، ئۈستىدە لوككىسى بولىدۇ، تاپىنى ياپىلاق بولىدۇ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا چىداشلىق بولىدۇ، پۇراش سېزىمى يۇقىرى بولىدۇ. يىراق يوللاردا يۈك توشۇشقا ئەپلىك ئىش ھايۋىنى. "كارۋان" شۇلاردىن تۈزۈلگەن.

"لوكتا" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تۆگە چۆل كېمىسى. * تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، سېگەكنىڭ كېگىز بىلەن.

تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە قوم چېچەكلىگەندە قوشقار قوزىلىغاندا تۆگە ياڭاق ھاياقلىغاندا ئاسماندىن قىزىل قار ياغقاندا

مەتەل: بولۇشى، كېلىشى مۇمكىن بولمىغان ئىش-ھەرىكەت، ۋاقىت.

— ئىسكەندەر؛ بۇ ئۆستەڭ تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۈتەرمۇ، — دېدى. * راستلا، مەن بۇ توپلەي قوم چېچەكلىگەندە پۈتەرمىكىن دەپ يۈرەتتىم. * بولىدۇ، سەن قوشقار قوزىلىغاندا كەل، شۇ چاغدا مەسىلەڭنى ھەل قىلىپ قوياي. * سېنىڭ ئىشىڭ، خۇدا بۇيرۇسا، تۆگە ياڭاقلىغاندا ھەل بولىدۇ. * ئالدىرىما، بۇ ئىش ئاسماندىن قىزىل قار ياغقاندا بىر تەرەپ بولىدۇ.

تۆھپە ھەسسە

خەلق، مىللەت، دۆلەتكە ۋە شۇلارغا دائىر ئىشلارغا قوشقان پايدىلىق زور ئىش، ھەدىيە.

چالا ئۆستىنىڭ ئەسۋابى كۆپ، تۆھپىسى ئاز. * مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشقانلارغا بارىكاللا!

تۆھمەت بوھتان قارا يالا شىلتاق ئىپتىرا يونغاق

يوقلاق باھانىلارنى تېپىپ، كىشىنىڭ نام-نىشانىغا داغ تەگكۈزۈش، زىيانكەشلىك.

تۆھمەتتە ھەقىقەت يوق، يالغاندا لەززەت. * بوھتان يېلاندەك ئۆملەپ كېلىدۇ. * تاپقىنى تۆھمەت-قارا، قىلغىنى زەخمەت-يارا.

يارنىڭ يالىسى تۈگىمەس. * شىلتاق چاپلاشا، يۇماق تەس.

تۆھمەتچى تۆھمەتخور يالىخور قارا يۈز

كىشىگە تۆھمەت، يالا چاپلايدىغان كىشى.

تۆھمەتچى تۆھمەتتە ئۆلەر، پىتنىچى پاساتتا. * تۆھمەتخورنىڭ تۆھمىتىدىن تۆگە بېرىپ قۇتۇلالمايسەن. * باتۇر سارىڭدىن قورقىدۇ، سارىڭ يالىخوردىن. * قارا يۈز بۇ ئالەمدىن قارا يۈز كېتىدۇ.

تۆھمەت قىلماق بوھتان چاپلىماق قارىلىماق قارا چاپلىماق يالا چاپلىماق

تۆھمەت-يالا ياساپ چىقىپ، بىراۋنىڭ ئۈستىگە ئارتماق.

تۆھمىتىڭگە تۆھمەت قىلاي، تۆھمىتىڭ ھەيران قالسۇن. * بوھتان ئوت، بوھتان چاپلىغاننىمۇ تەڭ كۆيدۈرىدۇ. * ئاقنى قارىلىغان — ئۆزىنى يارىلىغان. * قارا چاپلىغان ئىشەك، تاپقىنى كېسەك. * يامان نىيەتلىك كىشى بىراۋغا قارا چاپلاي دېسە، ھەرقانداق باھانە-سەۋەب تاپالايدۇ. * دىلى ھەسەتكە تولغان ئىچى قارا، دائىم پاك ئادەمگە چاپلايدۇ يالا.

تۆۋەن پەس ئالتىن قودى

يۇقىرىنىڭ تەتۈرى؛ ئېگىز ئەمەس.

توققۇز ئۇننىڭ تۆۋىنىدە. * شاخنىڭ مېۋىسى كۆپ بولسا، تۆۋەنگە ئېگىلەر. * ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس (ئۇ نېمە) * ئالتىن ئارتۇشنىڭ ئەنجۈرى داڭلىق.

تۈر خىل نەۋئى

ھايۋانات ۋە ئومۇمەن شەيئىلەرنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئايرىمىسى بويىچە بۆلۈنۈشى.

ئادەم خىلى بىلەن، ھايۋان تۈرى بىلەن. * ماللارنىڭ يېڭى-يېڭى

تۈرلىرى چىقتى. * قايسى خىلى مۇۋاپىق، ئۆزۈڭ تاللا. * ھايۋانلارنى، ناباتاتلارنى چاڭلاشتۇرۇشتىن يېڭى نەۋئىيلەر پەيدا بولدۇ.

تۈرلۈك ماللار دۇكىنى ئۇنىۋېرماگ

ھەر خىل، ھەر تۈردىكى تاۋارلار سېلىنغان چوڭ ماگىزىن.

ئۈرۈمچى تۈرلۈك ماللار دۇكىنى — چوڭ ماگىزىنلارنىڭ بىرى.

تۈرمە ئاۋاختا قاماقخانا گۇندىخانا ھەپسە زىندان بەنپاگزا بۇقاغۇ بۆك تۈنەك قىسىغ

مەھبۇسلارنى قاماپ قويىدىغان جاي؛ كۆچمە مەنىدە ئەڭ مۇشەققەتلىك، چىدىغۇسىز مۇھىت.

بۈگۈن بىز تۈرمىگە چۈشتۇق، كىم خالايدۇ دەيسىز بۇ تۈرمىنى، لېكىن مەڭگۈ تۈرمىدە يېتىشقا رازىمىز، يوقىتىش ئۈچۈن كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بېشىدىكى ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى. * ئاۋاختىدا ياتقانلارنىڭ ھەممىسىلا جىنايەتچى ئەمەس. * قاماقخانا ھاكىمىيەتنىڭ ئۈچ ئامىلىنىڭ بىرى. * گۇندىخانىدا يېتىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. * دادام شېڭ شىسەينىڭ ھەپسىدە قازا قىلغان. * ئاغرىق — تەنىنىڭ زىندانى، قايغۇ — جاننىڭ زىندانى. * نادانلارنىڭ سۆھبىتىدىن زىندان ياخشىراق. * سادىر پالۋان بەنپاگزىدا ياتقان.

تۈزلەڭ تەكشىلىك تەكچە ياپرى

تۈز، تەكشى كەتكەن يەر.

سوراشقا ماھىر تاغدىن ئۆتەر، سورىمىغان تۈزلەڭدىمۇ تېنەر.
* نەنسەندىكى بۇرھان تەكچىسى ناھايىتى چىرايلىق تەكشىلىك.

تۈس ئۆڭ رەڭ رو

بوياقنىڭ بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئايرىم تۈرلىرى.

ئېشەك قۇلىقىنى ئوينىتار، ئەخمەق ئاقىل تۇسىگە كىرىۋالار. * ئۆڭى

ئۆچمەك. * رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلدى. * رويىدىن توپا چىقىپ تۇرىدۇ.

تۈكۈرمەك قاقىرماق ساغۇرماق

تۈكۈرۈك، قاقىرىقنى ئېغىزدىن چىقارماق.

ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر. * قۇياشقا قاراپ قاقىرغان ئۆزىنى پاسكىنا قىلار.

تۈكۈرۈك خەپرۈك بەلغەم قاقىرىق سۈزۈك

ئۆپكە، كانايلاردىن چىقىدىغان شىلىق نەرسىلەر.

تۈكۈرۈك قاچىسى. * تۈكۈرۈك سىڭگۈچە. * تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكنى ئېغىزغا ئالغىلى بولماس. * خەپرۈك كېسەل تارقىتىدۇ. * بەلغەم بوشىسا چىقىرىۋېتىش كېرەك. * قاقىرىق تازىلىقتا زىيانلىق.

تۈگەتمەك تاماملىماق ئاخىرلاشتۇرماق خاتىمە بەرمەك

ئىش-ھەرىكەتنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەك.

ھەممىنى بىر قېتىمدا تۈگەتمەكچى بولغان بىرىنىمۇ تۈگىتەلمەس. * بىر ئىشنى تاماملىماي، يەنە بىر ئىشقا ئۆتمە. * ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. * ھەر ماقالىنىڭ ئاخىرىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. * بۇنداق يامان قىلىقلارغا خاتىمە بەر.

تۈگمە توپچا

كىيىم-كېچەككە تاقاپ، ئىزمىلىنىدىغان نەرسە.

تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتمەك. * توپچا ئىزمىدىن قورقماس.

تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتمەك قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتمەك

قاملاشمىغان ھالدا كۆپتۈرمەك، كىچىكنى مۇبالىغە قىلىپ چوڭ كۆرسەتمەك.

زەربىدارلار يېپىشتى بىزگە يوقنى ئۇندۇرۇپ، تۈگمىنى تۆگە قىلىپ

كۆپتۈرۈپ. * يا ھەزرەت، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك كۈلۈپ، — سىلى دائىم قىلنى پىل قىلىپ كۆرسىتەتتىلە، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىلا.

تۆگمەن موپاك يارغۇنچاق لەڭزە تىڭگەن

دانىنى ئۇۋاق، كۆكۈن قىلىدىغان سايمان، ۋە شۇنداق سايمان ئورنىتىلغان جاي.

"موپاك" خەنزۇچە: 磨坊

بۇغداينىڭ بارار يېرى تۆگمەن. * موپاك بىر ئايلانغۇچە، ئىگىسى مىڭ ئايلىنار. * يارغۇنچاقتا يارما بولغۇچە، تۆگمەندە ئۇن بول.

تۆگمىنىگە سۇ قۇيماق كەتمىنىنى چاپماق

خىزمىتىنى قىلماق، بولۇشماق (سەلبىي مەنىدە).

مۇنداق قىلسام... ئۇلارنىڭ تۆگمىنىگە ئۆز قولۇم بىلەن سۇ قۇيۇپ بەرگەن بولىمەن، دەپ ئويلىدى ياق زىبىگشىن. * ھۆكۈمەتنىڭ كەتمىنىنى مەن چېغىمدا 40 يىل چاپتىم. * سىبىت ھاجى ئاش-تۈزىمىزنى يەپ تۇرۇپ، يەنە ئاشۇلارنىڭ كەتمىنىنى چاپسا...

تۈگىمەك پۈتمەك

ئىش-ھەرىكەت ئاخىرىغا يەتمەك.

ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەس. * ئىشلىقىنىڭ ئىشى پۈتەر، ئىشسىزنىڭ كۈنى ئۆتەر. * قول سېلىپ ئىشلىگىنى — ئىشىنىڭ پۈتكىنى.

تۆگۈلۈك جاغاراق

ئۆينىڭ ئۈستىدىن كۈن يورۇقى كىرىش، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئېچىلغان تۈشۈك.

باينىڭ ئىشىكىدىنمۇ كىرىدۇ، تۆگۈلۈكىدىنمۇ.

تۈمەن ئون مىڭ

ساناق سان، مىڭدىن ئونى.

نۆلدىن مىڭى بىرگە تەڭ كەلمەس، تۈمەن خىيال بىر ئىشلىگەنگە يەتمەس. * تۈمەن "O"دىن بىرلا "1" ئەلا.

تۈنۈگۈن كېچە

بۈگۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى.

تۈنۈگۈنكى ئىش ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. * كېچە كەلگەن بۈگۈننىڭ ئىشى.

تۈنىكە قاڭالتىر

قەلەيدىن قىلىنغان نېپىز تاختا.

تۈنىكە مەش تۈندە كېرەك. * قاڭالتىر ئۆگزىدىن يامغۇر ئۆتمەس.

تۈۋرۈك تىرەك تۈركۈك

ئۆي-ئىمارەتنى يۆلەپ تۇرىدىغان موما.

ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ئەر، كۆركى ئايال. * يىقىلغانغا تىرەك قوي.

تىرناق تاتىلىماق كىگىز تاتىلىماق يەرگە قارىماق

خىجىللىقتا، تەڭلىكتە قالغانغا ئىشارە.

قادىر تىرنىقىنى تاتىلاپ جىم بولۇپ قالدى. * ھوشۇر ئىمام ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك كىگىز تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى. * بۈگۈن، نېمىلا بولمىسۇن، بېشىڭ چۈشتى، يەرگە قارىدىڭ.

تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق

سۆزلەشكە ئەرزىمەيدۇ.

ئۇنىڭ خىزمىتىنى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، — دېدى ئىدارە باشلىقى. * چىرايلىقمىش، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، —

دېدى يىگىت.

تېپىشماق تاقماق جومباق مۇئەمما ئاپىزۇغ تاپۇزغۇق

فولكلورنىڭ بىر تۈرى؛ بىرەر نەرسىنىڭ بەلگىلىرىدىن بېشارەت بېرىپ، نېمە ئىكەنلىكى تېپىپ ئويىنىلىدىغان ئويۇن. بەزەن تېگى ئېنىقلانمىغان مەسىلە مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

تېپىشماق تاپماق — زېھىننى ئاچماق. * بىر مەخلۇق كۆردۈم، ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق، چۈشتە ئىككى پۇتلۇق، كەچتە ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نېمە؟ * تاقماق تېپىشماققا ئوخشاش. * يوگوسلاۋىيىدە ئەھۋالنىڭ ئاخىر قانداق بولۇشى تېخى بىر تېپىشماق.

تېجەشلىك ئىقتىسادچىل

ئىسراپچىلىقنىڭ تەتۈرى، ئاياپ ئىشلىتىش.

تېجەشلىك ئادەم قىيىن ئۆتكەلدىن ئاسان ئۆتەر. * ئىقتىسادچىللىقنىڭ ئۆزى بىر بايلىق.

تېجىمەك ئىقتىساد قىلماق

ئىسراپ قىلماي، ئاياپ ئىشلەتمەك.

چۈشلۈكدىن تېجىگەن، كەچلىكدە تويۇپ يەر. * ئەمگەك بەختنىڭ ئوڭ قولى، تېجەش بولسا سول قولى. * ئىقتىساد قىلىش — باي بولۇشنىڭ شەرتى.

تېرە پوست

ئادەم، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت توقۇلما.

بۆرە قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەر. * ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا، سامان تىقار پوستۇڭغا. * ئەخمەقنىڭ دوستى تولا، پىيازنىڭ پوستى.

تېرىسىگە كىرىۋالماق پوستىغا كىرىۋالماق كېپتىگە كىرىۋالماق

ئارىغا چوڭقۇر يوشۇرۇنۇۋالماق.

ئارىمىزدا بىزنىڭ تېرىمىزگە كىرىۋالغان ناھايىتى مەككار بىر دۈشمەن بار. * ئۇ كىمگە غادايسا مەنمۇ غادىيىپ، ئۇ كىمگە ئالايسا مەنمۇ ئالىيىپ، ئۇ كىمگە ھىجايسا مەنمۇ ھىجىيىپ، پوستىغا چوڭقۇر كىرىۋالىمەن. * مۈشۈك كالتە پەمنىڭ كېپتىگە كىرىۋالسام، ئوشۇقۇم ئالچۇ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

تېرىكتۈرمەك جىنىغا تەگمەك جىنىنى چىقارماق چىشىغا تەگمەك جىلە قىلماق يېغىرىغا تەگمەك يېغىرىنى ئاچماق تىتىڭ تومۇرىغا تەگمەك تېلىغا تەگمەك

بىرەر يول بىلەن بىراۋنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، ئۇنى خاپا قىلماق.

ئۆۋىسىدىكى بۆرىنى تېرىكتۈرمە. * جىنىمغا تەگكەن — دۈشمىنىم. * ئۇنىڭ جىنىنى چىقارمىساڭچۇ. * چىشىغا تەگسەڭ، چۈمۈلىمۇ چاقار. * كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ جىلە قىلىش ياخشى ئەمەس. * ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ نېمە قىلىسەن، بولدى قىل. * كىشىنىڭ يېغىرىنى ئاچقان كىشى ئۆز يېغىرىنى ياپالماس. * قانداق، تىتىڭ تومۇرلىرىغا تەگدىمۇ؟ * تېلىغا تەگكىنىڭ يامان بوپتۇ.

تېرىككەك كۆكەرمە جىلىخور تەۋاز چۇرۇڭقاي چېۋىرقاي قانچىچار ھۆددەت

ئاسان تېرىكىدىغان.

"چۇرۇڭقاي"، "چېۋىرقاي" ئىلى شىۋىسىدە قوللىنىلىدۇ. "قانچىچار" كەمسىتكەن، نەپرەتلەنگەن ھالەتتە ئېيتىلىدۇ.

تېرىككەك تىرىك ئۆلىدۇ. * كۆكەرمىنىڭ كۆڭلى نازۇكمىش.

* جىلىخور ئاسان قېرىيدۇ. * تەۋازدىن تېرە سورىما. * ئۇ قانچىچار مېنىڭ ئۆيۈمگە يولىمسۇن.

تېرىكمەك چىچىلماق مۆڭمەك ئىزا بولماق چىچاڭشىپ كەتمەك توقۇمنى قارنىغا ئالماق تۆت پۇتى ئۆرە بولماق جىنى تۇتماق

ئىزا ـ ئاھانەتتىن ۋە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن قاتتىق خاپا بولماق، قارشىلىق كۆرسەتمەك.

تېرىككەننىڭ جېنىنى ئال. * چىچىلغان چىچىلىدۇ. * كىچىككىنە ئىشلارغا بۇنچىۋالا مۆڭۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ * ئۇ ئاسان ئىزا بولىدۇ. * بەگگى جىلە بولسا، ناسۋال يەيدۇ، مەست جىلە بولسا، دەسمال يەيدۇ. * تۇرسۇن ئۇ گەپنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كەتتى. * مانا ئەمدى ئۇ توقۇمنى قارنىغا ئالدى، چاتاق بولدى. * ئۇ تازا تېرىكتى، تۆت پۇتى ئۆرە قالدى. * جاپپارنىڭ جىنى تۇتتى.

تېرىم تېرىلغۇ

ئەتىيازدا زىرائەتنى تېرىش ـ ئېكىش ئىشى.

تېرىم بولمىسا، يىغىم بولماس. * تېرىلغۇ ۋاقتى ـ قاتىلاڭچىلىق ۋاقتى.

تېرىماق ئەكمەك

زىرائەت تېرىلغۇسى قىلماق.

تېرىغان خامان ئالار، تېرىمىغان ئارمان قىلار. * بىر كۈن بۇرۇن ئەكسەڭ، بىر ھەپتە بۇرۇن ئورۇسەن.

تېز پات چاپسان ئىتتىك ئىلدام شاپ تەرك تاۋراق

يۇقىرى سۈرئەت.

ئىشى تېزنىڭ ئېشى تېز. * تېز قارار قىلغان تېز نۇۋا قىلار.

* پات بېرىپ، پات كەل. * چاپسانغا بار، لايىپاسقا يوق. * ئاسان كەلگەن چاپسان كېتەر. * بەك ئىتتىك پالتا پات گاللىشار. * گىجىك ئۈستىدىن ئىلدام گاداي ياخشى. * ھاياسىز ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتقىن، خەيرلىك ئىش بولسا، ئىلدامراق چاپقىن.

تېكىست مەتىن

ئەسەرنىڭ ئىزاھ، ئىلاۋەلىرىدىن باشقا رەسمىي مۇھاكىمە قىسمى؛ ناخشىنىڭ سۆزى.

ئەسەرنىڭ تېكىستىنى ئوقۇماي، مۇندەرىجىدىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىمەن، بىلىم ئالىمەن، دىمە. * «ئازاد زامان»نىڭ تېكىستىنى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ يازغان.

تېكىن مۇت ھەقسىز پۇلسىز بىكارغا

ھەق تۆلەنمەيدىغان نەرسە. كۆپىنچە ئېغىز تىلىدا قوللىنىلىدۇ.

تېكىن بولسا، تىكەن بولسىمۇ ئال. * مۇت ـ زەھەر بولسىمۇ يۇت. * ھەقسىزنىڭ ھەققى يامان. * پۇلسىز ئىش پۇلغا زامىن. * بىكارغا پۇل تاپساڭ، سانىۋال.

تېگى تېگى-تەكتى زاتى كېلىپ چىقىشى

شەخسنىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشى ياكى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بەلگىلەيدىغان سالاھىيتى.

"كېلىپ چىقىش" يېزىق تىلىدا، قالغانلىرى ئېغىز تىلىدا كېلىدۇ.

تېگىم دېھقان، كېيىن ئىشچى بولدۇم. * تېگى ـ تەكتىدىن پەخىرلىنىش ساراڭنىڭ ئىشى. * زاتى پەسنىڭ ئۆزى پەس. * كېلىپ چىقىش ئادەم ئۈچۈن زۆرۈر، لېكىن ھازىرقى ئىپادىسى مۇھىم.

تېگى پەس زاتى بۇزۇق

ئاتا-بوۋىسى، ئەجدادى يامان، كېلىپ چىقىشى ناچار.

تېگى پەسنىڭ قىلىقى پەسكەش. * زاتى بۇزۇق زالىم كېلىدۇ.

تېگىشمەك ئالماشتۇرماق ئايرىۋاشلىماق

نەرسىگە نەرسە بېرىش؛ تاۋارنى تاۋارغا بېرىش.

تېگىشسەڭ، تۈگىشسەن. * مال ئالماشتۇرۇش سودىنىڭ بىر تۈرى. * ئايرىۋاشلىغاندىن ئايرىلىسەن.

تېڭىرقىماق گاڭگىرىماق مەڭدىمەك

نېمە قىلارىنى بىلمەي قالماق.

ئالدىرىماڭ ئالدا كېلەر، تېڭىرقىماڭ تاڭلا كېلەر. * ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، گاڭگىراپ قالدى. * ھۆي، نېمە ئانچە مەڭدەيسەن؟

تېنىۋالماق يېنىۋالماق ئىنكار قىلماق

ئېيتقان سۆز، بەرگەن ۋەدىدىن قايتماق.

ئېيتقىنىڭ توغرا بولسا، تېنىۋالغىنىڭ خاتا بولىدۇ. * ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىش ۋاپاسىزنىڭ ئىشى. * ئەقىللىق سۆزىنىڭ خاتالىقىنى بىلسە، يېنىۋالالايدۇ، ئەخمەقمۇ شۇنداق قىلالايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

تېيىز يۇزە ساياز تاخسا

چوڭقۇرنىڭ تەتۈرى، ئانتونىمى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى تاشتىن ئىچكە بولغان ئارىلىق ئاز، كىچىك.

"تاخسا" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

تېيىز ئېرىقنىڭ شاۋقۇنى قاتتىق. * يۇزە بولسا، يىلدا بىلىنەر. * ساياز سۇدا بېلىق يوق.

تېيىزلىك يۇزەلىك سايازلىق

تېيىز ھالەت؛ چوڭقۇرلۇقنىڭ تەتۈرى، ئانتونىمى.

ئېرىقنىڭ شىرىلدىشى تېيىزلىقىدىن. * يۇزەلىك يۇزۇكنى چۈشۈرىدۇ. * سايازلىق ساختىلىق بىلەن قوشنا.

تىترىمەك دىرىلدىمەك تىترەك باسماق

سوغۇقتىن ياكى قورقۇنچتىن بەدەن سىلكىنمەك.

تۈپتۈز يولدا تىترىسە دارۋاز ئايىغى، نېمە بولار ھالى دارغا چىققان چېغى. * دىرىلدىگەن غەيرەتتىن ئايرىلار. * قورققاننى تىترەك باسار.

تىرناق قاۋۇس ئىسكوپكا

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى، ئىزاھ جۈملىلەر ئارىسىدا بېرىلسە، تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ ياشىغان ۋاقتى تىرناق ئىچىدە بېرىلىدۇ؛ باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆچۈرگەندە، ئاپتور سۆز قوشسا، قوشۇلغان سۆز تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ؛ كۆچۈرمە سۆزلەردە، خاتاسى تۈزىتىلگەندە، ئۇ تۈزىتىش تىرناق ئىچىدە بېرىلىدۇ؛ تەرتىپ رەقەملەرنى تىرناققا ئېلىشمۇ بار.

تېكىستنى ئوقۇغاندا، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆز-جۈملىنى تېكىستتىن بەرقلىق ئوقۇش كېرەك.

تىرېنېر جىياۋلىيەن مەشقاۋۇل

تەنتەربىيىدە مەلۇم تېخنىكىنى ئۆگەتكۈچى.

تىرېنېر ئۇستا بولسا، چېنىقچى خام بولمايدۇ. * ۋاللېيبول كوماندىسىغا جىياۋلەن تەكلىپ قىلىندى.

تىرىك ھايات

جېنى بار؛ ئۆلۈكنىڭ تەتۈرى، ئانتونىمى.

تىرىكى بىرنى ئۆلتۈرسە، ئۆلۈكى مىڭنى ئۆلتۈرۈپتۇ. * ئۆلۈك قەبرىسىز بولماس، تىرىك پاناھسىز. * تىرىكتە ۋاي داد، ئۆلۈكتە پەرياد. * ھايات چېغىمدا تىللىما، ئۆلگەن ۋاقتىمدا يىغلىما.

تىزگىن چۇلۋۇر بوجا قايتۇرۇق باشباغ ئۆرك

ئات ـ ئۇلاغقا سالىدىغان يۈگەن ـ نوختىلارنىڭ بېغى. كۆچمە مەنىدە كونترول قىلىدىغان نەرسە.

تىزگىن تۇتۇشنى بىلمىگەن تاغ ئاشالماس. * ئادەمنىڭ تىزگىنى ئەقىل. * ئازراق ئىچسەڭ، تىلىڭنىڭ تىزگىنى بوشاپ كېتىدۇ. * ئات بەرگەنگە ئېگەر بەر، تۆگە بەرگەنگە چۇلۋۇر. * تىلىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇت. * بوجا بوش بولسا، ئات ئەپقاچىدۇ.

تىزگىنلىمەك كونترول قىلماق

ئىش ـ ھەرىكەتنى باشقۇرماق.

تىلىنى تىزگىنلىيەلىگەن ئادەم دانىشمەندۇر. * شادلىقنى تۇرمۇشتىكى ئەڭ يۇقىرى نىشان دەپ قارايدىغانلار ئۆز ـ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ.

تىزىملىك ئىسىملىك رويخەت يوقلىما سومۇن

ئادەملەرنىڭ ئىسمى، نەرسىلەرنىڭ نامى بويىچە تۈزۈلگەن خاتىرە.

تىزىملىككە چۈشكەن چۈشۈپ قالمايدۇ. * ئىسىملىكنى ئېلان قىلغۇچە تۇرۇپ تۇر. * نەرسىلەرنىڭ رويخىتى ياخشى يېزىلدى. * ئوقۇغۇچىلار يوقلىما بويىچە يوقلىما قىلىندى.

تىكەن يانتاق خوخا شوخا جىغان بۇدۇشقاق

شېخىدا سانجىيىدىغان نەشتىرى بار چاتقاللار ۋە ياكى پاكار غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر.

تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال. * سېنىڭ پۇتۇڭغا كىرگەن تىكەن، مېنىڭ كۆزۈمگە كىرسۇن. * ئالتۇن توشۇيدىغان تۆگىنىڭ يەيدىغىنى شۇ يانتاق. * تۆگىنىڭ مەيلى بولسا يانتاققا بويىنىنى ئېگەر. * خوخا سانجىلسا، جاندىن ئۆتەر. * شوخىسىدىن قورقما، پۇتىقىدىن قورق. * چىتلاققا جىغان كېرەك. * يەر قېرىسا بۇدۇشقاق بولار، خوتۇن قېرىسا ئۇرۇشقاق. * بىر ئۇرۇشقاقتىن قورق، بىر بۇدۇشقاقتىن.

تىكتاك توپ پىڭپاڭچۇر

توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىرى بولۇپ، توپ تاختىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېتكا ئورنىتىپ، مۇسابىقىلاشقۇچى ئىككى تەرەپ توپ تاختىسىنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرۇپ توپنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ، سېتكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئوينايدۇ.

جۇڭگو تىكتاك توپ كوماندىسى خەلقئارا مۇسابىقىلاردا ئۇدا چېمپىيون بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

تىكمەك تەپچىمەك كۆكلىمەك شىرىماق

بىر ـ بىرىدىن ئايرىم نەرسىنى ياكى يىرتىلىپ، ئايرىلىپ كەتكەن نەرسىنى يىڭنە يىپ بىلەن قوشماق ۋە پۈتۈنلىمەك „تەپچىمەك“، „كۆكلىمەك“ ئاراچ قالدۇرۇپ شالاڭ ـ شالاڭ تىكىشنى، „شىرىماق“ يول ـ يول چىقىرىپ تىكىشنى كۆرسىتىدۇ.

شاكچىك تىككەن توقۇمنىڭ ئالدى ـ كەينىنىڭ پەرقى يوق. * كىيىم تىكسەڭ، ئۆلچەپ تىك. * چاپاننى تەپچىۋېلىپ، ئاندىن تىكسەڭ، تۈز چىقىدۇ. * كۆكلىگەن يەر كۆرۈنمەيدۇ. * يوتقان شىرىش بىر ھۈنەر.

تىل I زۇۋان لىسان

ئىنساننىڭ سۆزلەش قابىلىيىتى، مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى، كىشىلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى.

"زۇۋان" تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىلا كېلىدۇ.

تىلى چىقماق؛ تىلى تۇتۇلماق؛ تىلى قىسىق؛ تىلى ئۇزارماق. * ئۇيغۇر تىلى؛ تىلشۇناسلىق. * ئانا تىلدىن ۋاز كېچىش ئاتا-ئانىدىن ۋاز كېچىشتۇر. * تىل ئەقىلنىڭ مالىيى. * تاتلىق تىل — تاياقتىن ئۆتكۈر. * ئېغىز — ئايغاق، تىل — تايغاق. * تىلى يۇمشاق ئاش يەر، تىلى قاتتىق مۇشت. * تىلنىڭ يەتمەيدىغان يېرى يوق. * زۇۋان سۈرمەك؛ زۇۋانى تۇتۇلماق. * جەۋھىرى قۇدرەت بار، تىل-زۇۋانىڭدا، ھەقىقەت-ساداقەت ھەر بايانىڭدا.

تىل II ھاقارەت قارغىش سۆكۈش ئاھانەت ئەكەك

كىشىنىڭ دىلىغا تېگىدىغان يامان سۆز.

تىغ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس. * تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن. * تىلى ئۇزۇننىڭ دىلى قىسقا. * تەقدىر راستچىل ئادەمنى ھاقارەتكە قويماس. * قارغىش ئالغۇر. * ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس. * سۆكۈش يولسىزنىڭ ئىشى، يولسىزلىقنىڭ بەلگىسى. * يالغان ئېيتقان ئۆزى ئاھانەتكە قالار.

تىلدىن قالماق گەپتىن قالماق زۇۋاندىن قالماق

سۆزلەش، گەپ قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولماق.

ئۇنىڭ كېسىلى بارا-بارا ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ تىلدىن قىلىپ، گەپ قىلالماس بولۇپ قالدى.

تىلغا ئالماق ئېغىزغا ئالماق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى گەپ-سۆز ئارىسىدا سۆزلەپ قويماق.

ئۆتۈپ كەتكەن ئۆكۈنچنى تىلغا ئالما. * ئۆتكەن ئىشنى ئېغىزغا ئالما.

تىلى بىر گېپى بىر

ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، كېلىشىۋالغان.

ئوغرى بىلەن قاراقچىنىڭ تىلى بىر. * ئەر بىلەن خوتۇننىڭ گېپى بىر بولسا، ئانىنىڭ كۈنى تەس بولىدۇ.

تىلى تۇتۇق تىلى قىسىق تىلى قىسقا

بىرەر سەۋەبتىن بىراۋنىڭ ئالدىدا سۆز قىلالماسلىق.

مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ تىلى تۇتۇق. * تىلى قىسقىنىڭ جېنى يېرىم. * قەرزدارنىڭ تىلى قىسقا.

تىلى كەلمەك ئاغزى كەلمەك

تاۋۇش، سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلماق.

خەنزۇچە ئۆگەنگەندە، بەزىدە يوق تاۋۇشلارغا تىلىم كەلمەي، تازا قىينالدىم. * خالىسەنىڭ خەنزۇچىغا خېلى ئاغزى كەپ قاپتۇ. * گېزىتتىكى بەزى يېڭى سۆزلەرگە زادى ئاغزىم كەلمەيدۇ.

تىلى گەپكە كەلمەك ئاغزى گەپكە كەلمەك

سۆزلەش ئىقتىدارىغا كەلمەك.

ئۇ ئۇزاق تۇردى، دېمىنى ئالدى، ئاندىن ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلدى. * موماي بىر پىيالە چاي ئىچكەندىن كېيىن، تىترىكى بېسىلىپ ئاغزى گەپكە كەلدى.

تىلىڭنى تارت تىلىڭنى يىغ ئاغزىڭنى يۇم ئاغزىڭنى يىغ

سۆزلەشتىن توختىماق.

جېنىم سىڭلىم ئاغزىڭنى يۇم، مەيلى يىگىت سېنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ ئاچىسى. * جان بابا: زۆھرەخان، ئاغزىڭنى يىغ، شاھ ئاتاڭنىڭ مۇبارەك شەنىگە داغ تەگكۈزمە.

تىلنى بىلمەك كۆزنى بىلمەك

بىر ئىشنىڭ يولىنى، سىرىنى ۋە ئېپىنى بىلمەك.

ئۇ تراكتورنىڭ تىلىنى بىلىپ قالدى.

تىلەمچى قەلەندەر دىۋانە ئابدال تېجىمەل قولتۇقچى قاراچى

كىشىلەردىن پۇل-مال، نەرسە-كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى.

"قەلەندەر"، "دىۋانە"لەرنى بەزى دىنىي كىتابلاردا خۇدا يولىدىكى "ئاشىق" دەپمۇ تەرىپلەيدۇ.

"ئابدال" كۆپىنچە خاماندىن ئاشلىق تىلەيدۇ.

"تېجىمەل" باشقىلارنىڭ ئۆيىدە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى ئىشلەپ، "ھەق" ئېلىپ كۈن ئالىدۇ.

تىلەمچىنىڭ خالتىسى تۈۋى يوق ھاڭ. * ئارزۇ ئەمەلىيەتكە باراۋەر بولسا، تىلەمچى ئاللىقاچان باي بولۇپ كېتەتتى. * قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنى توشماس. * قەلەندەردىن قەلەندەرگە خەير يوق. * دىۋانىگە نېپىز نان بەرسەڭ، "قېلىنىنى كىم ئالغان" دەر. * ئىتنىڭ قاۋىغىنى بىكار، ھايان دىۋانىنىڭ. * ئابدالغا كەپسەن بەرسەڭ، جىنىڭ راستىمۇ دەرە. * بۇقا بوينىغا يىغار، ئابدال قوينىغا. * يالاقچى يالاق بىلەن ماڭىدۇ، تېجىمەل تاباق بىلەن. * تېجىمەل كېپەن تاپسا ئۆلۈۋالار.

تىلخەت ھۆججەت جى

بىرەر نەرسە قەرز ئالغان ياكى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئۈچۈن يېزىلغان ئىسپات قەغىزى.

تىلخەت ئېلىش-بېرىش ئىشى ئۈچۈن زۆرۈر. * قېيىن ئانا كۆيئوغلىغا: قىزىم تۇغۇپتۇ، تەبرىكلەپ مىڭ يۈەن بەرسەم، نېمە بېرىسىز؟ — دەپ سورىغان ئىكەن. كۆيئوغلى: ھۆججەت يېزىپ بېرەرمەن، — دەپتۇ.

تىللىماق كايىماق سۆكمەك قارغىماق ھاقارەتلىمەك ئاغزىنى بۇزماق ئاھانەت قىلماق تىل سالماق تىل تەگكۈزمەك تىل ياغدۇرماق ئەكەكلىمەك يىرىنتۇرمەك

بىراۋغا دىلغا تېگىدىغان، جاندىن ئۆتىدىغان، كۆڭۈلنى بۇزىدىغان گەپلەرنى قىلماق.

"قارغىماق"نىڭ يامان تىلەك تىلەش مەنىسى بار.

"تىل سالماق"، "تىل ياغدۇرماق" ئارقا-ئارقىدىن تىللاشنى كۆرسىتىدۇ.

تىللاش — داۋلى بىلمەيدىغاننىڭ داۋلىسى. * ھاياتنى كايىپ، لېكىن يەنىلا ياشاپ يۈرگەن ئادەمدىن ئۇنى ئالقىشلاپ ياشىغان ئادەم ئەقىللىق ئەمەسمۇ؟ * سەن ئۆزۈڭنى كايىشنى بىلسەڭ خوپ، باشقىلارنىڭ كايىشنى ئاڭلىمايسەن كۆپ. * شاراب ئىچكەندە سۆكۈپ، مەست بولغاندا سۆيۈپتۇ. * قاغىنىڭ قارغىشنى بۆلبۇلغا كار قىلماس. * ھاقارەتلىگەنگە بىر تال تۈكۈم زايە بولمايدۇ. * ئاھانەت قىلساڭ، ئاھانەت كۆرىسەن. * ئۇ قاراپ تۇرۇپلا تىل سالدى. * تىلىڭنى تارت، تىل تەگكۈزمە. * ئۇ ئۇنىڭغا تىل ياغدۇردى.

تىمساھ لەھەڭ كروكودىل

يىرتقۇچ چوڭ بېلىق.

دېڭىز بويىدا بولساڭمۇ تىمساھ بىلەن دوست بولما.

تىنچ خاتىرجەم پاڭىشلىك

بىخەتەر، ۋەقە-ھادىسىلەردىن خالىي، كۆڭۈل ئارامىدا.

تىنچ ئۇخلىغان چۈش كۆرمەس. * بالىسى يوقنىڭ جېنى تىنچ بولار، قېرىغاندا قورقۇنچ باسار. * قوشناڭ ياخشى بولسا، خاتىرجەم ئۇخلايسەن. * تەييارلىقنى پۇختا قىل، پاڭىشلىك كېتىۋەر.

تىنچلىق I ئامانلىق

ئۇرۇش يوق، خەۋپ-خەتەردىن خالىي ھالەت.

دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش. * تىنچلىق — پۈتۈن ئەلنىڭ مەنپەئىتى. * تىنچلىق دېسەڭ، جەڭگە تەييار تۇر. * تىنچ-ئامانلىقنىڭ قەدرىنى بېشىدىن مالىمانچىلىق ئۆتكەن بىلەر.

تىنچلىق II سۈلھ

جەڭ-جېدەل يوق، ئۇرۇش-تالاش يوق ھالەت.

تىنچلىقتىن شادلىقنى قولغا كەلتۈرسەڭ، ئاقىل كىشى ھەرگىز قوزغىمايدۇ جەڭ. * سۈلھ جەڭدىن ياخشىراق، بولار بىگۇمان، ھوشيار بول، كەتمىسۇن قولدىن مال ۋە جان.

تىنىش بەلگىلىرى پۇنكتۇئاتسىيە

يېزىقنىڭ ئورگانىك قىسمى. توغرا قويۇلغان تىنىش بەلگىلىرى يازغۇچىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلايدۇ؛ يازغۇچىنىڭ تۇيغۇسى ۋە سۆزىنىڭ ئورامىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئوقۇغۇچىغا ئاسانلىق بېرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مەتبۇئاتىدا قوللىنىۋاتقان تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. چېكىت	.
2. سوئال بەلگىسى	؟
3. ئۈندەش بەلگىسى	!
4. پەش	،
5. چېكىتلىك پەش	؛
6. قوش پەش	“ ”
7. يالاڭ پەش	‘ ’

8. قوش چېكىت	:
9. قوش تىرناق	« »
10. يالاڭ تىرناق	‹ ›
11. تىرناق	( )
12. سىزىقچە	-
13. سىزىق	—
14. كۆپ چېكىت	...

تىياتىر ئويۇن

ئىجتىمائىي توقۇنۇشلاردىن تېپىكلەشتۈرۈپ يېزىلغان پيېسىنى ئارتىسلار ئارقىلىق ئوينايدىغان سەنئەت: دراما، ئوپېرا، بالېت، كومېدىيە، تراگېدىيىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تىياتىر — ئويناپ چىقىش سەنئىتىنى مەركەز قىلغان ئەدەبىيات، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق سەنئەتلەرنىڭ يىغىندىسى. * ئويۇن قويماق، ئويۇن كۆرمەك.

ج

جارچى چاۋۇش ھۆددىچى ئەلچى

يارلىقنى كۆپچىلىككە ئېلان قىلغۇچى، خەۋەر يەتكۈزگۈچى.

ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، جارچىغا كۆرۈم. * چاۋۇش چىقسا چاي تەييارلا.

جازانە سۈت

يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز.

جازانە ھارام. * جازانە بىلەن كۈن كۆرگۈچىنىڭ كۈنى تەس.

جازانىخور سۈتخور

يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقاتقۇچى.

جازانىخورنىڭ جاجىسىنى بېرىش — ساۋاب. * جازانىخورنىڭ جايى دوزاخ.

جاسۇس ئىشپىيون تىڭچى پايلاقچى قۇلاق ئاخباراتچى ئاگېنت ئايغاقچى ئالچىق

دۆلەت، تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ مەخپىيىتى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، پايلاشقا تەييارلانغان ۋە قويغان كىشى.

جاسۇس جان ئالدۇ. * ئىشپىيوننىڭ ئىشتىھاسى چوڭ. * ئاشكارا ئىشقا تىڭچىنىڭ نېمە كېرىكى؟ * مۈشۈكنى بېلىققا پايلاقچى قىلساڭ، بېلىقنىڭ يوقىلىش خەۋپى بار. * قۇلاق قۇلاقنى تىنچىتماس. * گومىنداڭ ئاخباراتچىلىرى تېزىملاندى.

جالاپ پاھىشە بۇزۇق قىزبىلئىشتان غەر

ئىپپەت ـ نومۇسنى ساتىدىغان خوتۇن.

جالاپ قېرىسا بۈۋى بولار. * پاھىشە خوتۇن — پاخشە خوتۇن. * بۇزۇق خوتۇن ئەرنى بۇزىدۇ. * قىزبىلئىشتان يۇرتقا ئاپەت.

جالاپخانا پاھىشەخانا مابەنزە بارداق

جالاپلارنى ئىپپەت ـ نومۇسنى سېتىشقا يىغىۋالىدىغان جاي.

11 ـ سېنتەبىر گېزىت خەۋىرى: تەيۋەن ھەربىي دائىرىلىرى جىنمېنىدا جالاپخانا (پاھىشەخانا)لارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۈلكى ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن. * گومىنداڭ زامانىدا ئۈرۈمچى چوڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا بىرنەچچە مابەنزە بار ئىكەنمىش.

جاللات كاللىكېسەر بېچتاچى چانتال يارقان

بۇرۇنقى زاماندا ئۆلۈم ھۆكمىنى ئىجرا قىلغۇچى، ھازىر ئومۇمەن ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگۈچى.

جاللاتنىڭ گۆشىنى يولۋاسمۇ يېمەس. * كاللىكېسەرنىڭ كاللىسى خەقنىڭ قولىدا.

جان ھايات

ئاددىي، تۇرمۇشتىكى چۈشەنچە بويىچە، تىرىكلىك ئاملى.

جان كىرمەك؛ جان چىقماق: جان ئۈزمەك؛ جاندىن جۇدا قىلماق؛ جان باقماق * جان بار يەردە قازا بار. * جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان. * ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. * ئۇلۇغ ھايات ئاددىي

تەندە بولار.

جان بېشىغا كىشى بېشىغا

ھەربىر ئادەم بويىچە ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن.

بۇ يىل بىزنىڭ يېزىمىزدا جان بېشىغا نەچچە ئون يۈەن سېلىق توغرا كەلدى. * دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1990 - يىلى 699 نامرات ناھىيىدە دېھقانلارنىڭ يىللىق كىرىمى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 377.2 يۈەن بولغان.

جان ھەلقۇمىغا (جان تۇمشۇقىغا) كەلمەك سەكراتتا چۈشمەك جان تالاشماق

ئادەم ئۆلەر ھالەتتە، ئۆلۈم ئالدىدا تۇرماق.

جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە، جان قايغۇسى قىلىپتۇ. * جان تۇمشۇققا كەلگەندە سورە ياسىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ * سەكراتقا چۈشكەن ئانام كۆز ئېچىپ بىر قارىدى. * ئۇ ئۆلۈمگە قارشى جان تالاشماقتا ئىدى.

جاندارلار جانىۋارلار جانلىقلار

ھەممە جانلىق مەۋجۇدات (ئۆسۈملۈكتىن باشقا).

جاندارلاردىن بېلىق بوغان، جانسىزلاردىن قومۇش. * جانىۋارلار جان غېمىدە. * جانلىقلارنىڭ قايسىسى تۇرمۇشنى سۆيمەيدۇ؟

جانلىق تېتىك روھلۇق

كۆچى-مادارى بار، روھى كۆتۈرەڭگۈ.
"تېتىك" قېرىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

جانلىق ئادەم جاندىن غەم يېمەيدۇ. * ھاشىم بوۋاي خېلى تېتىك تۇرۇپتۇ. * ئىشتا روھلۇق بولساق، ئۈنۈمىڭ كۆپ بولىدۇ.

جانلانماق روھلانماق

كەيپىيات ئۆرلىمەك، روھ كۆتۈرۈلمەك.

ناتىقنىڭ سۆزىدىن يىغىندىكىلەر جانلىنىپ كەتتى. * ھازىرقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن روھلانغان ئىشچىلار تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بەل باغلاشتى.

جېنىڭ بارىچە ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي پۈتۈن كۈچى بىلەن

بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ...
"ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي" سەلبىي تۈسكە ئىگە.

قۇشقاچ مۈشۈككە جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن... * دۈشمەن ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي ئىلگىرىلەپ كېلەتتى. * بىز بۇ ۋەزىپىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز.

جاھىل كاج تەرسا قىرسىق قىيىق تەتۈر تۈمسكە تىرتەڭ

ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان، ئىدىيىدە قاتمال.

جاھىلغا يول تاپار دائىما ئاقىل، ئەمما ئاڭا بەرھەم بېرىدۇ جاھىل. * كاجنى بازار ئوڭلايدۇ، ساراڭنى مازار. * تەرساغا گەپ ئۆتمەس، تاشقا مىخ. * قىرسىقنىڭ كۈلكىسىمۇ قىرسىق. * قىيىق قېرىسىمۇ پەيلىدىن يانمايدۇ. * تەتۈرگە پۈتتۈرۈپ كەل دېسەڭ، بۇزۇپ كېلىدۇ. * تەتۈرنىڭ كۆنى خەتەر.

جاھىللىق كاجلىق تەرسالىق قىرسىقلىق قىيىقلىق تەتۈرلۈك

ئىدىيىدە قاتماللىق، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماي، ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋېلىش ھالىتى.

جاھىللىق جان ئازابى. * كاجلىق ساقايماس كېسەل. * تەرسالىق تەننى ئازابلايدۇ. * قىرسىقلىق قىرىق يىلدىمۇ ئوڭشالماس. * قىيىقلىق قېرىلىقتا يارىشىدۇ. * تەتۈرلۈك تەم بىلمەس.

جاي ئورۇن يەر ماكان تەك

مەلۇم بىر بوشلۇق، بۆلەك، بىر قىسىم.

جاي بەرگەنگە جان بەر. * ئورۇننىڭ تارلىقى تارلىق، كۆڭۈلنىڭ تارلىقى خورلۇق. * ئورۇن ئادەم كۆركى ئەمەس، ئادەم ئورۇن كۆركى. * ئەقىل بار يەردە يول بار. * پەن ھەممە يەردە ماكان تۇتىدۇ، بىراق ئۇرۇق سېلىنمىغان يەر ھوسۇل بەرمەيدۇ.

جەبىر جاپا جەبىر-جاپا جاپا-مۇشەققەت رىيازەت ھەرەج سىتەم غىمزىغۇت

جىسمانىي ئېزىلىش، ئازابلىنىش.

نەۋرىسى يوقنىڭ جەبىرىسى يوق. * جاپاسى كۆپ، ھالاۋىتى يوق. * ئانىجان يادىمدىدۇر، ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ، كېچىلەردە ئۇخلىماي جەبىر-جاپا تارتقانلىرىڭ. * جاپا-مۇشەققەت ئادەم تاۋلايدىغان ئالىي مەكتەپتۇر. * تىجارەتتە رىيازەت بولىدۇ. * ھەرەجنىڭ ئەجرى بار.

جەبىر تارتماق جاپا چەكمەك جاپا تارتماق جاپا-مۇشەققەت چەكمەك ھەرەج تارتماق مۇشەققەت چەكمەك رىيازەت چەكمەك

ئېغىرچىلىق، قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرمەك.

كىمكى جاپا چەكمىدى، راھەتكىمۇ يەتمىدى. * جاپا تارتىپ تاپقان شەرەپ ئاسانلىقچە ئۇنتۇلماس. * جاپا-مۇشەققەت چەكمىگەن ئاشىق مېھىر-مۇھەببەتنىڭ قەدرىگە يەتمەس. * ھەرەج تارتساڭ ئەجىر ئالىسەن. * مۇشەققەت چەكسەڭ، مۇسىبەت كۆرمەيسەن. * رىيازەت چەكمىگەن ۋاپانىڭ قەدرىگە يەتمەس.

جەرراھ خىرۇرگ

ئاشقى كېسەللەر دوختۇرى، ئوپېراتسىيە قىلغۇچى.

جەرراھ جەڭلەردە جاننى قۇتقۇزىدۇ. * بىزدە ياخشى خىرۇرگلار يېتىشمەكتە.

جەرىمانە ئىشتىراپ فاكۇەن

قانۇنغا، توختامغا خىلاپلىق قىلغۇچىغا ئەدلىيە ياكى مەمۇرىي ئورگان مەجبۇرىي تاپشۇرتىدىغان مەلۇم ساندىكى جازا پۇل.

قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا جەرىمانە قويۇش بىر خىل جازا چارىسىدۇر. * قالايمىقان ئىشتىراپ سېلىشقا بولمايدۇ. * قالايمىقان ئىشتىراپ سېلىش قانۇنغا خىلاپ. * توختامدا شەرتلەشكەن ماددىغا ئەمەل قىلمىغان فاكۇەن تۆلەيدۇ.

جەريان پروتسېسس

ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېرىشى، راۋاجى.

چوڭقۇر بىلىم ئېلىش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېرەك. * جەڭ جەريانى جەڭچىنى تاۋلايدۇ.

جەزمەن چوقۇم مۇقەررەر ئېنىق سۆزسىز شەكسىز شەرتسىز تەھقىق تۇرغان گەپ ئۇدۇغۇراق

مودال سۆز: ئىش-ھەرىكەتكە مۇئەييەنلىك بېرىدۇ.

چوققىغا چىقىمەن دېگەن ئادەم جەزمەن يول تاپالايدۇ. * تۈن ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، چوقۇم تاڭ ئاتىدۇ. * توپلانغاننىڭ تارقىلىشى مۇقەررەر. * ھەرقاچان دۈشمەندىن قاچقاندا لەشكەر، سۇلتانىغا يەتكەچ توختار مۇقەررەر. * دوست بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئاجرىتىش مۇھىم مەسىلە. * بىز سۆزسىز غەلىبە قىلىمىز. * بۇ پىلان شەكسىز ئىشقا ئاشىدۇ. * دۈشمەننىڭ يېڭىلىشى، بىزنىڭ يېڭىشىمىز تەھقىق.

* ئىشىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تۇرغان گەپ.

جەندە رەسە جەببە كۇلاھ

راھىب ـ زاھىتلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى.

"كۇلاھ" باش كىيىمى.

جەندە كەيسىلا راھىب بولمايدۇ. * رەسە ـــ ماناخىنىڭ بەلگىسى. * جەببە كىيگەن جەبىر چەكمەسمۇ؟ * دەرۋىش كۇلاھ كىيسە، قولى ئۇزىرار.

جەننەت بېھىش ئۇجماق ئىرەم رەۋزە رىزۋان

دىنى چۈشەنچە بويىچە، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە تەييار، ھەممە گۈزەل باغ

"ئىرەم، رەۋزە، رىزۋان"لار جەننەتنىڭ ناملىرى.

جەننەت زۇلۇم يوق يەردە. * مېھمان كەلگەن ئۆي جەننەت. * دوزاختا كۆنگەن كۆڭۈل بېھىشكە كۆنمەپتۇ.

جەۋلان سەير

كەڭناشا، ئەركىن ـ ئازادە يۈرمەك، دەۋر سۈرمەك.

بىزنىڭ ئۇچقۇچىلىرىمىز كەڭ ئاسماندا لاچىنلاردەك جەۋلان قىلماقتا. * كەڭ زېمىندا سەير قىل.

جەنۇب كۈنيورۇش كۈندۈن بەرىيە

تۆت تەرەپنىڭ بىرى، شىمالنىڭ قارشىسى، كۈن چىقىدىغان تەرەپكە قارىغاندا ئوڭ قول تەرەپ.

جەنۇبتىن جەڭ ساداسى ئاڭلانغاندا، جەڭچىلەر جانىنى ئالقىنىغا ئالدى. * جەنۇب تەرەپ كۈنگەي بولىدۇ.

جۇ چىللە

قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان كۈنلىرى، جۇ ھەربىرى 9 كۈندىن 81 كۈن بولىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 22 ـــ 23 ـ كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

بۈگۈن ئۈچ جۇغا ئۈچ. 三九三 * چىللە كىردى ـــ قىش كەلدى.

جۇت جۇدۇن بوران ـ چاپقۇن سوغۇق ئىقىم تۇپى

قاتتىق سوغۇق، شىۋىرغان.

ئورغاقتا ئۈزاتقان قول كۆپ بولسا قۇت، تاۋاقتا ئۈزاتقان قول كۆپ بولسا جۇت. * جىنىڭغا جۇت كىرسۇن. * قالپىقى جۇت قىچقىرىدۇ، كالپۇكى يەر سۈپۈرىدۇ. * تاغاقسىدا جۇدۇن كۆپ بولىدۇ. * بېلىقچىقۇش بوران ـ چاپقۇندىن قورقماس. ھاۋا رايى ئىستانسىسى، ئەتە سوغۇق ئىقىم كىرىدۇ، دەپ ئالدىن مەلۇمات بەردى.

جۇدالىق ھىجران

ئايرىلىش، يېقىنلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىش.

جۇدالىق ئوتى تۇتاشسا، جۇدالىق دېغى قالىدۇ. * ھىجران قايغۇسى، ۋىسال شادلىقىنى تارتمىغان كىم بار؟

جۇغلانما جەمغۇرمە

مىللىي دارامەتنىڭ كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان قىسمى.

جۇغلانما مۇۋاپىق نىسبەتتە بولۇشى لازىم. * جەمغۇرمە بىلەن ئىستېمالنى تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك.

جۇغلىماق جەمغۇرمەك

پۇل ـ مالنى تېجەپ، توپلىماق.

جۇغلاش — چوڭ بايلىق. * جۇغلاش بىلەن تېجەشنى مۇھىم بىل، تاڭ قۇياشى كۈن بويى نۇر چېچىۋەرمەس. * جەمغۇرۇش — زور بايلىق.

جۇمھۇرىيەت رېسپۇبلىكا

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى بويىچە تۈزۈلگەن، يەنى دۆلەت باشلىقى ۋە ھاكىمىيەت ئورگىنى قەرەللىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان سىياسىي تۈزۈلمە يۈرگۈزۈلىدىغان دۆلەت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى. * 1990 — 1991 - يىللىرى ئىچىدە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت بولغانلىقىنى ئارقا - ئارقىدىن جاكارلاشتى.

جۇۋا پوستەك كۈرك

ئەلتىرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇڭلۇق تېرىلەردىن تىكىلگەن قىشلىق كىيىم.

خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپتۇ. * پۈرۈچتىن پوستەك پۈتەر.

جۇۋاۋا بەنشى

تۈگۈپ ئېتىلىدىغان تاماقنىڭ بىر تۈرى. قىيما پىياز، دارى - دەرمەك، تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، كېيىن جىلتىگە تۈگۈپ، سۇدا پىشۇرۇلىدۇ، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان تۈرىمۇ بار.

"بەنشى" قۇمۇل - تۇرپان شىۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

جۇۋاۋا يەيمەن دېگۈچە، گۆش يەيمەن دېگىن. * جۇۋاۋا خەنزۇلاردىمۇ ئېسىل تاماقنىڭ بىرى، چاغاننىڭ ھارپا كۈنى كېچىدە قول - ئىلكىدە بارلار چوقۇم جۇۋاۋا تۈگۈپ يەيدۇ.

جۆۋەندە قوشۇق نان

بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلغان نان.

جۆۋەندە يېيىشلىك كېلىدۇ. * قوشۇق نان قورساقتا ئۇزۇن تۇرىدۇ.

جۆيلۈمەك چۈشەكمەك

چۈش كۆرۈپ چۈشىدە سۆزلىمەك؛ كۆچمە مەنىدە ئاساسسىز، قۇرۇق گەپلەرنى قىلماق.

ئۇ تۈنۈگۈنكى يىغىندا جىق جۆيلۈدى، ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. جۆيلۈسەڭ، جىنىڭ چىقسۇن. * چۈشەكگەننىڭ گېپى لاۋزا.

جۈپ جورا

قوش، ئىككى. "تاق"نىڭ تەتۈرى.

بۇ يەردە ئەر - ئايالنىڭ ۋە ئەركەك - چىشى ھايۋاننىڭ بىر جۈپلۈكىگە ئېيتىلىدۇ.

يالغۇز تۇرساڭ دەردىسەر، جۈپ بولۇپ تۇرساڭ، ئۇنىڭدىن بەتتەر. * قۇش جورىسى بىلەن ئۇۋا سالىدۇ. * جورىسى يوق نەرسە يوق.

جۈپ سۆز ئانالوگ

ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك.

قايغۇ - ھەسرەت؛ پۈتمەس - تۈگىمەس. * دەپتەر - قەلەم؛ يوتقان - كۆرپە. * ئاق - قارا؛ ئېگىز - پەس؛ بېرىش - كېلىش. * بالا - چاقا؛ قاچا - قومۇچ. * يول - يول؛ چېكىم - چېكىم. * نان - پان؛ چاي - پاي. * ئوڭغۇل - دوڭغۇل؛ ئوڭتەي - توڭتەي. * تارمار؛ بىتچىت.

جۈرئەت جاسارەت شىجائەت شات

قورقماسلىق، ھېيىقماسلىق، باتۇرلۇق خىسلىتى.

ئىنسان جۈرئەت قىلىپ تىكسە گەر جانىنى، يەرگە ئېلىپ چۈشكەي ئاسماننى. * شېرنى ساغماق ئۈچۈن، ئالاھىدە جاسارەت كېرەك. * قايغۇڭ دېڭىزدەك بولسىمۇ، شىجائىتىڭ بولسا ئۆتىسەن.

جۈرئەتلىك جاسارەتلىك شىجائەتلىك

قورقمايدىغان، پەرۋا قىلمايدىغان ھالەت.

جۈرئەتلىك بولساڭ، مۇرادقا يېتىسەن. * جاسارەتلىك باش يېرىلماس. * شىجائەتلىك يىگىت ئۆزىنى خار قىلماس.

جۈمە ئازنا

ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى.

1991 - يىل 8 - مارت جۈمە كۈنى كەلدى. * شەنبە شىكار، ئازنا بىكار.

جۈمەك جوغا توقۇرقا

چۆگۈن، چەينەككە ئوخشاش بۇيۇملارنىڭ سۇ چۈشىدىغان ئاغزى.

جۈمىكى ئۇزۇننىڭ سۈيى سوغۇق. * جوغا ئېتىلسە، چۆگۈندە نېمە گۇناھ؟!

جۇنۇپ جىنابەت

جامادىن كېيىن غۇسل قىلمىغان ھالەت، ناپاكلىق.

جۇنۇپنىڭ يۈزىگە قارىما. * نىيەت قىلدىم غۇسلى قىلايىن دەپ، جىنابەتتىن پاك بولايىن دەپ، تېشىمنى سۇ تازىلىسۇن، ئىچىمنى ئىمان، ئىچ - تېشىمدا قالمىسۇن بىر زەررە گۇمان.

جېدەل جودا غوۋغا جاڭجال ماجىرا نىزا غەلۋە غۇلغۇلا چۇغى

خۇسۇمەت - ئاداۋەت، دەۋا - دەستەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز - ھەرىكەتتىن چىققان ئۇرۇش - تالاش.

ئۇ جېدەلنى سېتىۋالىدۇ. * كۈندەشلىك ئۆيدە كۈندە جېدەل.

* جودا ئەقىلنى ئازدۇرىدۇ، دوستلۇقنى بۇزىدۇ. * جودادىن جۇدا بول. * شانىياز ئۇۋغا چىقسا، كەينىدىن غوۋغا چىقار. * كۈندەش كىرسە ئىشىكتىن، جاڭجال چىقار تۈشۈكتىن. * ماجىرا — ئەقىلسىزنىڭ قورالى. * نىزا — دوستلار ئارا ئوغا. * گەپ قىلمىغىن تەلۋىسىگە، تەلۋە ئامراق غەلۋىگە. * بۇ نېمە غۇلغۇلا، تىنچ تۇرۇڭلار.

جېنىم باغرىم جىگىرىم تىرىكىم چىرىغىم قانتىم قوزام بوتام قۇلۇنۇم

بالىلارنى ئەركىلىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر.

جېنىم بالام، جېنىڭنى ئايا. * باغرىم، كەل، باغرىمغا باساي. * جىگىرىم، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، خاپا قىلما. * بالام، سەن مېنىڭ تىرىكىم. * بالام — چىرىغىم. * قانتىم بالام. * قوزام بالام، بوتام بالام، قۇلۇنۇم بالام، ئاناڭ سېنىڭ دەردىڭدە كۆيۈپ - پىشىپ يۈرىدۇ.

جېنى ئون ئەمەس بېشى ئون ئەمەس

ئىمكانىيىتى ۋە قۇۋۋىتى يوق.

ئون ئادەمنىڭ ئارقىسىغا بىردىن دورغا قويدۇق، ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغىلى جېنى ئون ئەمەس. * ئۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئۇنداق قىلغۇدەك ئۇنىڭ بېشى ئون ئەمەس.

جىددىي كەسكىن رادىكال

پۇختا ئويلاپ قىلىنغان تېز ھەرىكەت.

بىلىم ئادەمدىن ئەڭ جىددىي ۋە ئەڭ ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. * كەسكىن ئۇستازنىڭ كايىشى مېھرىبان ئاتىنىڭ ئەركىلەتكىنىدىن ياخشى.

جىرغا ناسىلكا دەنجا

يارىدارلار ۋە كېسەللەرنى توشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان

سايىمان.

جەڭ بار يەردە جىرغا بار. * ناسلىكىدا يارىدارلار توشۇلىدى. * دېھقانلار دەرھال ئېلىپ كېلىپ، يارىدارلارنى توشۇپ تۇردى.

جىسىم زات

ماددىدىن تۈزۈلگەن، مەلۇم ماكاننى ئىگىلىگەن نەرسە.

سۇيۇق جىسىم، قاتتىق جىسىم، گاز جىسىم. * ئەينەك يورۇقلۇق ئۆتكۈزگۈچ جىسىم. * ئىسمى بار، جىسمى يوق. * ھەر زاتكى، بولغاي، بىر جايدا تۇرغاي.

جىگەر بېغىر

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەزاسى.

ھاراق ئاش بولماس، جىگەرگە ئاش بولار. * جىگەردە ۋىتامىن A كۆپ بولىدۇ. * نامازشام قارىغۇسى بولۇپ قالغانلارغا جىگەر ئەڭ ياخشى دورا. * گۆش ئورۇق بولسا بولسۇن بېغىر بولمىسۇن.

جىلغا جىرا يالغا تار تارمۇت

ئىككى تاغ ياكى ئىككى سۇنىڭ ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭ يەر.

تېغى ئېگىز بولسا، جىلغىسى چوڭقۇر بولىدۇ. * جىرادىن ئۆتكۈچە جېنىم چىقتى.

جىم شۈك خەپشۈك تەك

ئۈن چىقارماسلىق، سۈكۈت.

پىچىقى كەسمەسنىڭ ئاغزى جىم تۇرماس. * سەن شۈك، مەن شۈك، ئوتتۇرىدا قارا مۇشۈك. * گەپ دېسە بەش ئېشەككە يۈك، ئىش دېسە خەپشۈك. * تەك تۇر — جىم تۇر.

جىمجىت ئىمتاس ئېپتىنچ

ئۈن-تىنسىز، شاۋقۇنسىز.

جىمجىت دېڭىزدا ھەممە ئادەم يول باشلىغۇچى بولالايدۇ. * كۆپ كاسىلدىغان داناندىن بىراق، جىمجىت ئولتۇرغان نادان ياخشىراق. * بىردەمدە ھەممە جاھان ئىمتاس بولۇپ قالسا، بىرگەپ بار. * ئېپتىنچ ياتقان يولۋاسقا چېقىلما.

جىمجىتلىق ئىمتاسلىق ئېپتىنچلىق

ئۈن-تىنسىز ھالەت.

جىمجىتلىقنىڭ كەينى بوران-چاپقۇن. * ئىمتاسلىقنى تەنتەك بۇزىدۇ. * ئېپتىنچلىق پەقەت قەبرىستاندىلا بولىدۇ.

جىمىماق ئىنماق ئىنچىماق

جىم ھالەتكە كەلمەك.

قاۋاپ ئىنمىغان ئىتنىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن جىمىيدۇ. * كۆپ سۆزلىگەن ئاخىر ئىنىدۇ. * يۇرەكلەر تىلغا كىرگەندە، تىل ئىنچىيدۇ.

جىن شەيتان ئالۋاستى ھازازۇل ئىبلىس ئۆتكۈن ھۆجۈ يەلك راكشاش ئاباچى شىمنۇ ئىچكەك

دىنىي ئەقىدىلەر، چۆچەكلەردە دېيىلىدىغان ئادەمنى ئازدۇرىدىغان، ئادەمگە زىياندashlıq قىلىدىغان مەخلۇق.

جىن قورقاقنى قورقۇتىدۇ. * جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا. * شەيتاننىڭ پەيلى. * شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمە. * شەيتانغا بارمىقىڭنى بەرسەڭ، قولۇڭنى تارتار. * ئۇ خۇداغىمۇ ئىشىنىدۇ، ئالۋاستىغىمۇ ئەگىشىدۇ. * ئەل نەزەرىدە ئايال ئەمەس پەرىشتە، ئۆيدە ھازازۇل جېدەل تېرىشتا. * ئۆتكۈن ئۆتتى دېگەن گەپنى خېلى جىق ئاڭلىدىم. * بالىنى ھۆجۈ كەلدى دەپ قورقۇتۇش بالىنى قورقۇنچاق ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى.

جىنازا تاۋۇت ئۆكەك

كۆمۈشكە ئېلىپ بارىدىغان مۆردىنى سېلىشقا مەخسۇس تەييارلانغان تەختراۋان.

جىنازا نامىزى. * ئاچكۆز باي مالنى جىنازىسىغا يىغىدۇ.

خوجا نەسىردىن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، تاۋۇتنىڭ ئالدىدا ماڭغان ساۋابمۇ، كەينىدە ماڭغان؟

— ئالدىدا ماڭغانمۇ، كەينىدە ماڭغانمۇ ئوخشاشلا ساۋاب، ئىچىدە ماڭمىساڭلا بولدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

جىنى تۇتماق خۇيى تۇتماق ئالا كۆچۈكلىرى كەلمەك

خاپا بولۇپ، خۇيلىنىپ قالماق.

ئۇنىڭ جىنى تۇتقاندا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. * بۇ بالىنىڭ خۇيى تۇتسا، ئىت بىكار قالسۇن. * ۋۇي، بۇ خېنىمنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كەپ قاپتۇغۇ.

چ

چاپارمەن ياساۋۇل

بۇرۇنقى زاماندا بەگ-تۆرىلەرنىڭ مەخسۇس ئىشقا سالىدىغان كىشىلىرى.

چاپارمەن چاققان بولسا، چاتاق كۆپ چىقىدۇ. * ياساۋۇلنى كۆرسەڭ، يار بويى قاچ.

چاپان تون پېرىجە نىمچا چەكمەن پەلتو ئوپىراق قاپتان

تۇجۇركا ئۈستىگە كىيىلىدىغان ئۇزۇن كىيىم.

"چاپان" ئومۇمىي ئاتىلىشى.

"تون" ياقىسىز بولىدۇ، ئادەتتە بەقەسەم، چەكمەنلەردىن تىكىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۇلۇغلارغا، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تون يېپىدىغان ئادەت بار.

"پېرىجە"، "نىمچا"لار ئەستەرلىك، يالاڭ بولىدۇ.

"چەكمەن" يەرلىك چەكمەن رەختتىن تىكىلىدۇ، بۇنىڭمۇ ياقىسى يوق، تۈز بولىدۇ.

"پەلتو" بىزگە ياۋروپادىن رۇسلار ئارقىلىق كىرگەن، دىراپ، سوكنا، سارجا قاتارلىق ئېسىل يۇڭ رەختلەردىن تىكىلىدۇ، "قىشلىق"، "يازلىق" دېگەن تۈرلىرى بار.

چاپان كۆيسە كۆيسۇن، قازان قاينىسۇن. * كونا چاپان ئىت ھۇرسىمۇ يىرتىلار. * ئاتىسىنىڭ سالغان يولى بار، ئانىسىنىڭ تىككەن تونى بار.

* ھەقىقەتكە تونىنىڭ لازىمى يوق. * ئەسكى پىرىجنىڭ ئىچىدە ئەۋلىيا بار، ئەسكى ئېگەرنىڭ ئاستىدا دۈلدۈل. * نىمچا كىيگەن قۇشناچىم تۆرگە لايىق. * ئەسكى چەكمەن يامغۇردا ياخشى. * پەلتو پەم بىلەن كىيگەننى ياخشى كۆرىدۇ.

چاپانچى تەخسىچى داققالچى پورداقچى

بىراۋلارغا خۇشامەت يۈزىسىدىن خىزمەت قىلغۇچى.

چاپانچى چاينى چالا ئىچىدۇ. * تەخسىچىنىڭ تەخسىسى سۇنۇپتۇ. داققالچى داغدا قالىدۇ. * پورداقچى پورداق كۆتەرمىسە، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ.

چاپانچىلىق قىلماق تەخسىچىلىك قىلماق داققالچىلىق قىلماق پورداقچىلىق قىلماق چاپان كۆتۈرمەك تەخسە كۆتۈرمەك پورداق كۆتۈرمەك

بىراۋلارغا خۇشامەت يۈزىسىدىن خىزمەت قىلماق.

چاپانچىلىق قىلىپ، چاپىنىدىن ئايرىلىپتۇ. * تەخسىچىلىك قىلساڭ، تەخسەڭگە ھېيىزى بول. * داققالچىلىق ھۈنەر ئەمەس، ئەيىب. * پورداقچىلىق ۋىجدانى يوقنىڭ ئىشى. * چاپان كۆتۈرۈپ تاپقىنىڭ شۇمۇ؟ * تەخسە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، مەنسەپكە چىقماق نومۇس. * پورداق كۆتۈرگەن پوپۇزىدىن قورقار.

چاپچاپ بازار ئىتتىك بازار

ئەسلى بازارنىڭ ئاۋات، سودىنىڭ تېز بولۇۋاتقىنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە كۆچمە مەنە: جىددىي ئۆزگىرىش پەيتى.

ئىلگىرىكى ھەرىكەتلەردە بەزى يولداشلار چاپچاپ بازارغا كەتكەنىدى. * ئىتتىك بازار ئۆتۈپ كەتكۈچە، ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ تۇر.

چاپلىماق يېپىشتۇرماق

بىرنەرسىنى بىرنەرسىگە يېلىم بىلەن تۇتاشتۇرماق.

تامغا تەشۋىقات ۋارىقى چاپلانغان چاغلارنى ئۇنتۇسا بولمايدۇ. * ئاغزىمدىن چىقتى، ياقامغا يېپىشتى.

چاتاق كاشىلا

ئىش-ھەرىكەتكە توسقۇن ۋە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئىش-ھەرىكەت.

چاتاق يوق دېگەن يەردە چاتاق تولا. * چاتاق چىقارساڭ، چايدىن كېيىن چىقار. * سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار. يول قوغلىغان خەزىنىگە.

چاتماق ئۇلىماق

بىر-بىرىگە باغلىماق.

چاتقانىنىڭ چاتىقى يوق، چاتاقىنى چاتقىلى بولمايدۇ. * ئۇلىغانغا ئۇنىمىغان، يۇنىغانغا ئۇنايدۇ.

چاچراپ كەتمەك چەتنەپ كەتمەك چېچىراپ كەتمەك

بوۋاق بالا ئۆلۈپ قالماق.

بالىسى چاچراپ كەتكەن ئانا يىغلايتتى. * توختىخاننىڭ قىزى چەتنەك تەگدىمىكىن، تۇيۇقسىز چەتنەپ كېتىپتۇ. * چېچىرىغان بالىنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ.

چارە تەدبىر ئامال ئىلاج سەۋەب ئۇسۇل تەرز يول ۋاستە مېتود بەدىك چەۋىش

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ھەل قىلىشتا قوللىنىلىدىغان قائىدە-يوسۇن.

ئاققا قارا يوق، قارىغا چارە. * تەدبىرنىڭ قانداق بولسا، تەقدىرنىڭ شۇنداق بولار. * ھەر تەدبىر ھەممىگە ماس كېلىۋەرمەس. * يوققا ئامال يوق. * ئامال تاپقاندىن ئەجەل قاچار. * قۇرتنى يوقىتىشنىڭ ئىلاجى قايناق سۇ. * سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختار. * دەردكە سەۋەب تېپىلار. * تەرتىپنى تەرزى كۆپ بۇزار. * ھەر ئىشنىڭ يولى بار. * يولىنى بىلسەڭ سۇ ئۆگزىگە چىقار. * ۋاستىسى رەزىلنىڭ مەقستى ياخشى بولماس. * ئوقۇتۇش مېتودى ناھايىتى مۇھىم.

چارىسىز تەدبىرسىز ئامالسىز ئىلاجىسىز

چارە-ئۇسۇل يوقلۇق.

چارىسىز ئىش بولماس، چارىسىز ئاش. * تەدبىرسىز بولساڭ، تەمەگەر بولىسەن. * ھەقىقەتنىڭ يەتكىنىگە يالغان-ياۋىداق ئامالسىز قالار. * ئاچ قالساڭمۇ قال، ئىلاجىسىز قالما.

چارباغ داچا

شەھەر سىرتىدا سېلىنغان باغ-باراڭلىق، قورغانلىق ھويلا.

شاھى ئابباس سەنەمگە مەخسۇس چارباغ سالدۇردى. * ياز كۈنلىرى داچىدا ئارام ئالماق راھەت.

چارچىماق ھارماق بولدۇرماق ئەمگىمەك تالماق

كۈچ-قۇۋۋەت كېتىپ، ھارغىنلىق ھېس قىلماق؛

"بولدۇرماق" ئات-ئۇلاغقا نىسبەتەن ئىشلىتىلىدۇ.

چارچىغان چىققان كۈنىنىمۇ كۆرمەس. * ئالدىرىغان تېز ھارار. * بىر ئاچ قالغانغا، بىر ھارغانغا گەپ قىلما. * ئېتىڭ بولدۇرسا، دۆڭگە چاپ.

چارلىماق قىدىرماق

ئارىلاپ يۈرۈپ تەكشۈرمەك، ئېنىقلىماق.

تارىم بويىدا نېفىت زاپىسىنى چارلاش ئىشى كېتىپ بارىدۇ. * تۇرپان ئويمانلىقىدا يەر ئاستى بايلىقلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجە قازاندى.

چازا شىپىلكا

خوتۇن-قىزلار چېچىغا تاقايدىغان كىچىككىنە بۇيۇم.

چازام يوقىلىپ كېتىپ، چېچىم چۇۋۇلۇپ تۇرىۋاتىدۇ، — دېدى ئامىنەم.

چاسا تۆت بۇرجەك مۇرەببە تۆرتكۈل

تۆت تەرىپى تەڭ، بۇرجەكلىك شەكىل.

چاسا ئۇلجۇق يۇمىلاق مۇجۇققا چۈشمەس. * كىچىككىنە تۆت بۇرجەك يەرگە ئۆي سالغىلى بولامدۇ؟ — دېدى تۇرسۇن خاتا ھالدا.

چاشكاھ ئاشۋاقتى

كۈندۈز سائەت 10 — 9 بولغان ۋاقىت.

چاشكاھ بولدى، تېخى چاي قاينىمىدى، — دېدى ئېرى خوتۇنىغا خاپا بولۇپ. * ئاشۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، قازان ئاساي، — دېدى ھېلىمىخان ئاچا.

چاغان باھار بايرىمى

خەنزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى.

1991-يىل چاغان 15-فېۋرال كەلدى. * "باھار بايرىمى" ھازىر جۇڭگودىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى بولۇپ قالدى.

چاق چەرخ غىلدىرەك

ھارۋا (ماتورلۇق ھارۋا: ماشىنا، تراكتور)نىڭ ئايلىنىپ ماڭىدىغان، دۈگىلەك قىسمى.

ئەسكى چاقنىڭ ئاۋازى قاتتىق. * تارىخ چاقىنى كەينىگە بۇرىغىلى

بولمايدۇ.

چاقچاق مازاق مەسخىرە زاڭلىق شىلتاق ھەزىل شاڭخو ئىستىھزا مەسقىل ئەلۆك يالتىغا

بىراۋنىڭ لەقىمى، يېشى ۋە ئەيىبىنى ئېچىپ، سۆز-ھەرىكەت بىلەن ئېيتىشىش، كۆڭۈل ئېچىش.

ھەربىر چاقچاقنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتنىڭ ئۇچقۇنى بار. * سېنىڭ جېنىڭغا خۇش ياققان چاقچاق، ئۆزگە تىلىغا نەشتىرى پىچاق. * مازاق-مەسخىرەڭدىن كەلمىسۇن ئازار، سوغۇق چاقچاق ئابرويىنى يەرگە ئۇرار. * كىمنى پادىشاھ ئۆزىدىن يىراق تۇتسا، ئۆي ئىچىمۇ زاڭلىق قىلىدۇ ھەتتا. * شىلتاڭ قىلىپ قويسام شىلىلەمگە مىنىدى. * ئەگەر كىشى چاقچاق قىلسا، ئەيىب ئەتمە، بۇ ئىشقا يول قويار دائىم ئەقىل، دىن؛ كۆڭۈل بىر ئەينەك چاڭ بېسىپ تۇرار، چېگى كېتىپ روشەنلىشەر ھەزىلدىن. * شاڭخو شاھقىمۇ لازىم. * ئىستىھزاغا ئىنتىقام يوق.

چاقچاقچى ھەزىلكەش خۇش چاقچاق

چاقچاق-ھەزىلگە ئامراق، ئۇستا.

چاقچاقچى چاندىن ئەيىب تاپار. * چاقچاقچى چاقچىغا ئوخشاش. * ھەممە ھەزىلكەش قالپىقى بىلەن ماختىنار. * خۇش چاقچاق ھەممىنىڭ دوستى.

چاقچۇق فارفور جانان

ئەلا سېغىزلىق لايدىن ئىشلەنگەن سۇنئىي مىنېرال ماسسا.

چاقچۇق زاۋۇتتا ئىشلەنگەن چاقچۇقلار خېرىدارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. * فارفور ئىدىشلەر پۇختا بولىدۇ. * لايىنى چالا تەپسەڭ كوزا بولىدۇ، تولا تەپسەڭ جانان.

چاققان چەبدەس ئەپچىل تېتىك ئايىغى يېنىك ئايىغى ئىتتىك

ئىشنى تېز ۋە جايىدا پۈتتۈرىدىغان، ھەرىكىتى تېز.

تەگرى پۇت-قولى چاققانغا ئامراق. * چاققان جۇۋاننى بۆشۈك ئاستىدا كۆر. * چېچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى. * ئەپچىلنىڭ ئىشى ئوڭ. * توقسانغا كىرگەن تېتىك بولماس. * ئايىغى يېنىك ئەلگە ياقىدۇ. * ئايىغى ئىتتىك ئاشقا، ئاغزى ئىتتىك باشقا.

چاقماق I چېقىن يېشىن ئىلدىرىم

بۇلۇت بىلەن بۇلۇت ياكى بۇلۇت بىلەن يەر ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان توك چىقىرىش ھادىسىسى.

كۆپ ياشىغان ئەخمەقتىن يېنىپ ئۆچكەن چاقماق ياخشى. * چاققاق ئوتقا چاقماق چۈشمەس. * چېقىن چۈشكەننىڭ ئۈستىگە يىلان چاقتى.

چاقماق II راژىگالكا

ئوت ھاسىل قىلىدىغان كىچىك سايمان، تۈرى كۆپ.

ھەقىقەتنى چاقماققا ئوخشاتقان ياخشى، ئۇ قانچىكى كۆپ سۈركەلسە، ئۇنىڭدىن چىققان نۇر شۇنچە يارقىن بولىدۇ. * ھازىر ئېلېكترون چاقماق چىقتى.

چاقماق III چېقىشتۇرماق يوڭاتماق

بىراۋدىن ئەيىب تېپىپ، يەنە بىرىگە يەتكۈزمەك.

چاقماققا ئىتنى تېگىشكەن ئەخمەق. * چاقساڭ چاق، كېسىپ بەرسە، بويىنۇڭغا تاق. * ئۇ ئۇنى باشلىقىغا چېقىشتۇرۇپتۇ. * ئول ئانى بەگكە يوڭاتتى — ئۇ ئۇنى بەگكە چاقتى.

چاقىرماق قىچقارماق

ئالدىغا كېلىشكە ئۈندىمەك.

ھېچكىم تونۇغۇنىنى چاقىرىپ كېلەلمەس. * ئادەم قىچقارسا

بارمايدۇ، ئاش قىچقارسا قالمايدۇ. * كاككۇك ئۆز ئىسمىنى قىچقىرار.

چاقىرىق تەشەببۇس مۇراجىئەت

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا ئۈندەپ چىقىرىلغان تەكلىپ، ئۆتۈنچ.

ۋەتەنىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوش. * تۇرمۇشقا، كىشىلەرگە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. * ب د ت يۇگوسلاۋىيەدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇرۇش توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى.

چاكار مالاي يىللىقچى ياللانما خىزمەتكار غالچا

باي-بەگلەرگە ياللىنىپ ئىشلەيدىغان كىشى.

ئەقىللىق — يۇرتىنىڭ ئاغىسى، ھۈنەرۋەن — يۇرتىنىڭ چاكىرى. * جەننەتتە مالاي بولغۇچە، جەھەننەمدە خوجا بولغان ئەلا. * بىر مالاينىڭ ئىككى بايىنى كۆتمىكى تەس. * يەر ئىسلاھاتىدا نۇرغۇن يىللىقچىلار يەرگە ئىگە بولدى. * ياللانما ئەسكەر جان تىكىپ سوقۇشماس. * خىزمەتكارنىڭ خوجىسىغا سادىق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ * يالاقچى يالاپ تويماس، غالچا غاجىلاپ.

چاكىنا پۇچەك چۈپەي رودۇپاي

قابىلىيىتى يوق، قىلىقى يامان، كۆزى كىچىك، تەبىئىتى پەس.

ئېرىق تىنماي شارىلدار، چاكىنا ئۆزىنى ماختار. * پۇچەك ئادەم چاكىنا كىشىدىن كۈلۈپتۇ. * پالۋان نومۇسنى ئويلايدۇ، چۈپەي قورقۇپ زارلايدۇ. * چاققان ئىككى ئاشار، رودۇپاي بىر.

چاڭ توزان توزۇندى غۇبار بوغۇناق

ئۇششاق، كۆككۈن ھالەتتىكى توپا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

ياخشى ئاتتىن چاڭ چىقماس. * ئالماسنىڭ جۇلاسىنى توزان توسالماس. * شامال چىقمىسا توزۇندى چىقماس.

چاڭغا لىۋا

قاردا يۈگۈرۈش ئۈچۈن پۇتقا بېكىتىۋالىدىغان بىر جۈپ ئۇزۇن سىلىق تاختا.

ئالتايدا چاڭغا تېيىلىش راۋاجلانغان. * خەلقئارالىق چاڭغا تېيىلىش مۇسابىقىسى قىشلىق تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى.

چاڭغىچى لىۋنىك

چاڭغا تېيىلىدىغان، چاڭغىغا ئۇستا.

چاڭغىچى باتۇر بولۇشى كېرەك. * خەۋپ-خەتەردىن قورققان ياخشى چاڭغىچى بولالماس.

چاڭگا ساقال بومبا ساقال

ساقال-بۇرۇتى قويۇق ۋە يىرىك.

ھارۋىنىڭ ئاستىدا بىر باغ پاخال، كۆيۈ يىگىت سورىسىڭىز چاڭگا ساقال («يار-يار»دىن). * بومبا ساقال كىشى بومبىيىپ تۇراتتى.

چاڭگال ئوچۇم سىقىم

قولنىڭ بارماق-پەنجىلىرى جايلاشقان ئەزانىڭ ئىچكى تەرىپى.

بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا تۇتۇلدۇم. * ۋاقىت ئوچۇمىڭدا تۇرمايدۇ. * سىقىپ سىقىمنى يالايدىغان.

چاڭگال سالماق، چاڭ سالماق

ھۇجۇم قىلماق، زورلۇق قىلماق.

باشقىلارنىڭ ئىشىغا چاڭگال سالغان ئادەملەر ئاخىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. * كەچتە تېرەك تۈۋىدە ئولتۇرسام، بىر جۈپ ئاشىق-

مەشۇق كەلدى. يگت كۆزۇمچلا قزغا چاڭ سالدى.

چالا قورساق يېرم ئاچ - يېرم توق

قورساق تويمغان هالەت.

چالا قورساق چامسدن كېتدۇ. * برمۇنچه دېهقانلار تېخى هازرمۇ يېرم ئاچ - يېرم توق كېتۋاتدۇ، ئۇلارنى يۆلەش كېرەك.

چالما داڭگال كېسەك پامپا پالپاڭ پاڭپا

ئاختارمدن چققان مۆنەك نەرسە.

پوققا چالما ئاتساڭ، يۈزۈڭگە چاچرار. * بر چالمدا ئككى پاختەكنى سوقماق. * بر داڭگالدا ئككى كەپتەرنى سوقماق. * داڭگالنى ساناپ بولغلى بولماس. * كېسەك ئاتقانغا ئېشەك غەم قلماس. * ئاختارمدن پامپا تېپلماپتۇ.

چالما كېسەك قلماق تېرسنى تەتۈر سويماق پوستغا سامان تقماق

بۇرۇنلاردا ئسلام جازا قانۇندكى ئەڭ يۇقرى جازا. هازر قيناپ ئۆلتۈرۈشكە تەمسل قلپ ئېيتلدۇ.

* ئۇنى چالما كېسەك قلسا بولدۇ. * هوشۇڭنى تاپ، بولمسا تېرەڭنى تەتۈر سويمەن. * ئشەنمگن دوستۇڭغا، سامان تقار پوستۇڭغا.

چامغۇر ياش

ئوتياشنڭ بر خلى. كۆكى ئۇچلۇق ۋە ياپلاق كېلدۇ، بېشى توپا ئاستدا بولدۇ.

چامغۇرنڭ تەبئتى هۆل ئسسق، ئۇنڭ ئۆزگە قارىغاندا كۆكدە ئوزۇقلۇق ماددلار كۆپ بولدۇ. * چامغۇر ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئاساسي كۆكتات. * چامغۇر بولمغان بولسا، زاغرا يەپ، ئوماچ ئچدغان

بچارلەرنڭ كۆپچلكنى قارا تەمرەتكە بېسپ كەتكەن بولاتتى.

چاۋسنى چتقا يايماق چۇۋۇتقۇسنى يايماق

نامنى بۇلغماق، شەنگە داغ تەگكۈزمەك.

ئۇ ئەبلەخ بەك كۆرەڭلەپ كەتتى، ئۇنڭ ئشلرنى بلمەن، ۋاقتى كەلگەندە چاۋسنى چتقا يايمەن. * ئۇنڭ چوۋۇتقۇسنى يېيش ۋاقتى كەلدى.

چاي زياپەت بانكت كۇتېيل

مېهماننى نازۇنېمەت، هاراق - شاراب بلەن كۈتۈۋېلش يولدا ئۆتكۈزۈلدغان ئولتۇرۇش.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق هۆكۈمتى قۇربان هېيت مۇناسۋتى بلەن خەلق سارىيدا چاي بەردى. * گوۋۇيۈەن زۇڭلسى لى پڭ شاهزادە سخانۇكنڭ شەرپگە زياپەت بەردى.

چايان سېرقئېشەك

ئۆملگۈچلەر ئائلسگە كردغان، تېنى بوغۇم - بوغۇملۇق، ئومۇرتقسز زەهەرلك جانۋار.

يلان - چايان ئزدسەڭ، قازنڭ گۆرنى ئاچ. * سېرقئېشەك چاققاندا دەرهال ئامال قلش كېرەك، ئۆلۈم خەۋپى بار.

چاي قويماق چاي تۇتماق

ناماقۇل بولماق. ئارازلشپ قالغاندا ئەيبلك تەرەپ چاي بېرپ، غۇنچلاپ چاي تۇتۇپ ئەپۇ سورماق.

يارم بارمغان تويغا مەن سورماي بارالمايمەن، يارنڭ كۆڭلى بەك نازۇك، چاي قويۇپ ئالالمايمەن. * چاي تۇتساڭ، كەك يوقلدۇ.

چايخانا ساماۋارخانا

دەملەنگەن چاي، قەنت - گېزەك، نان بلەن مېهمان كۈتد-

غان جاي.
قەشقەردە چايخانىلار كۆپ. * ئەتىگەن ئا ساماۋارخانىدا چاي ئىچتىم.

چايدان تېرموس

تېشى قەلەي، سۇلياۋلاردىن قاپلانغان، ئىچىگە ئىككى قات ئەينەك قاچا سېلىنغان، ئەينەككە ئىككى تەرەپتىن سىماب بىلەن ھەل بېرىلگەن، ئارىلىقىدىن ھاۋا چىقىرىۋېلىنغان، قايناقسۇنى ئۇزاقراق ئىسسىق ساقلايدىغان ئۆي سايمىنى.

چايدان ھەممە ئۆيگە لازىم، چايداننىڭ سۇيىدە چاي دەملىسە، چاينىڭ پايدىلىق ماددىلىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. * شىنجاڭ تېرموس زاۋۇتى تاشكەنتتە ئىككى تەرەپ ھەمكارلاشقان تېرموس زاۋۇتى قۇردى.

چاينىماق كۆشىمەك

ئېغىزدىكى نان، تاماق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى يۇمشاتماق.

چاينىماي يېگەن ئاغرىماي ئۆلەر. * چېچەن يىگىت يىلاننىڭ كۆشگىنىنى تويار.

چاي ئىچۈرمەك بېشىنى باغلاپ قويماق

تۇرمۇش قۇرۇشقا ماقۇل بولغان قىزنى رەسمىيەت ئۆتكۈزۈپ ئېنىق بېكىتىپ قويماق.

چىمەنگۈلگە چاي ئىچۈرۈپ قويدۇق، — دېدى ئانا خۇشال. * پاتىگۈلنىڭ بېشىنى باغلاپ قويغىلى خېلى بولدى، ئەمدى توي تەرەددۇتىنى قىلىۋاتىمىز.

چەت ياقا كانار قىر گىرۋەك ئاقسە

مەركەزدىن ئۇزاق يەر.

چەتتە ئىشلە، ئۆيدە يە. * يەككە بولۇپ كېتىمىز، يەر چېتىگە يېتىمىز. * دەريا ياقىسىدا يۈر، تۇرما. * ئالەمنىڭ كانارى يوق، بىلىمنىڭ چېكى. * بىلىم زېمىنىنىڭ قىرى يوق. * گىرۋىكى يوق ئېرىقتا سۇ يېيىلىپ ئاقىدۇ. * ئاقسە چىن خوتەننىڭ چېتى، چېگرىسى دېمەكتۇر.

چەك باسماق يىك باسماق

كۆچمە: گەپ-سۆز ئۈرۈنلۈق بولماق.

گەپ قىلساڭ، چەك باسىدىغان گەپنى قىل. * سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭ چەك باسمايدۇ. * ئۇنىڭ گەپلىرى يىك باسمايتتى.

چەكسىز بىپايان پايانسىز كەرىك

چەك-بايانى يوق.

ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، مۇشۇ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە چەكسىز ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. * بىر شولىسى دىلىغا چۈشكەن ئان، بىلىمەنكى، ئىلىم بىپايان. * پايانسىز دۇنيادا پايانسىز ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

چەلپەك پوشكال قۇيماق يىت

يۇمشاق يۇغۇرۇلغان خېمىردىن مايدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىك.
كۆپىنچە نەزىر-چىراغلاردا مېھمانغا قويۇلىدۇ.

ئاچ بىلەن توقنىڭ ئارىلىقى يېرىم چەلپەك. * ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، پوشكىلىنى ئىتلار تالاشتى. * يېمەيمەن دەپ تۇرۇپ، يەتمىش قۇيماق يەپتۇ. * نەزىرنىڭ يىتى ئوخشاپتۇ.

چەللە قالىق ئەپچە لاپاس سۆرە

ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىلغان ئۆي، جاي.

تازغا مەنسەپ تەگسە چەللىدە ئات چاپار. * قالغىتىن چۈشكەن پامغۇر تاشنى تېشەر. * لەمپىسى يوق ساراي، مەن قايان باراي.

* لاپاستا ساقلىغان مال ئىگىسىنى خۇش قىلار.

چەم ئۇلتاڭ

ئاياغ كىيىملىرىنىڭ تاپان تەرىپى.

ئۆتۈككە چەم كېرەك، ئىشقا پەم. * ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول.

چەمبەر چەمبىرەك هالقا دائىرە

چېتى دوملاق، ئىچى بوش شەكىل.

هۇرۇنغا بىر چەمبەر سىزىش ئۈچۈن بىر ئاي كېتىدۇ. * قەهرىمانلار مۇنارىغا گۈل چەمبىرەك قويۇلدى. * هالقا بولۇپ ساما سالدۇق. * بىلىمنى كەڭ دائىرىدە ئال، بىرىگە كۆپرەك زەن سال.

چەينەك چۆگۈن چاجۇش بۇرناچ كۇپ

چاي دەملەيدىغان، قاينىتىدىغان تۇتقۇچلۇق، جوغىلىق ئۆي سايمىنى.

ئاق چەينەككە چاي قۇيسام، كۆك چەينەككە دەز كەتتى. * چۆگۈن تاشسا ئۆز بويىنغا تاشار.

چوت سەنپەن

سانلارنى هېسابلايدىغان ئەسۋاب.

چوت سېلىشنى بىلىۋېلىش زۆرۈر. * سەنپەن بىلگەن هېسابتا ئاداشماس.

چوشقا توڭگۇز قارىقۇلاق خىنزىر

قىسقا پۇتلۇق، دۈگىلەك تۇمشۇقلۇق، ئۇزۇن قۇلاق، ئاچا تۇياقلىق سۈت ئەمگۈزگۈچى هايۋان.

چوشقا چوشقىغا ئېيتسا، چوشقا باشقىغا ئېيتار. * ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى. * قارىقۇلاقنىڭ قارنى تويماس.

چوغ قوقاس چۇچۇلا قوغ

يالقۇنى ئۆچكەن ئوت.

چوغ كۈل ئاستىدا يانار. * ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتماق. * قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك. * ئىككى چۇچۇلا باياۋاندا يانار، بىر چۇچۇلا ئوچاقتا ئۆچۈپ قالار. * ئوتنى ئۆچۈرۈپ، قوغىنى قويماق ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس.

چوغدان سەندەل ئوتدان ماڭغال ئوتقاش

چوغ سېلىپ ئىسسىقلىق ئېلىنىدىغان سايمان.

چوغداندىكى چوغ — يالقۇنى يوق ئوت. * سەندەل شاڭخەيدە قىشلىق ئىسسىقلىق ئالىدىغان سايمان. * ئوتدانىنىڭ ئوتى ئۆچسە، كۈلى كۆچىدۇ. * ماڭغالغا ماختانما. * ئوتقاشتىن ئوت ئالما.

چوقا چوقچا

تىك نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى.

هەرقانداق چوقىلار پۇت بىلەن تۈزلىنەر. * چوقچىيىپ تۇرغاننىڭ هەممىسى چوقچا ئەمەس.

چوقۇنماق سىغىنماق تىۋىنمەك سەجدە قىلماق باش قويماق ئايىغىغا باش قويماق ئايىغىغا سەجدە قىلماق باش ئۇرماق

قاتتىق ئېتىقاد قىلماق، ئىززەت-هۆرمەت قىلماق.

تولۇن ئايغىمۇ كۈندىن ئارتۇق چوقۇنما. * تەڭرىگە سىغىنغان تەڭرىگە باقار. * تەڭرىگە تىۋىنىدۇ، شەيتانغا يېلىنىدۇ. * ئاللادىن باشقىغا سەجدە قىلىش يوق. * باش قويماق تەمەدىن بولىدۇ. * زالىم هۆكۈمرانىنىڭ ئايىغىغا باش قويغانىنىڭ بېشىنى ئال. * بەزىلەر چوڭلارنىڭ ئايىغىغا سەجدە قىلغۇسى كېلىپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ مەنسەپ تەمە قىلىدۇ.

چوكا كويزا چۆكۈچ

سەي ۋە بەزى تاماقلارنى يېيىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر جۈپ ئىنچىكە ياغاچ.

"چۆكۈچ" قۇمۇل شىۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"كويزا" خەنزۇچە: 筷子

بىر تال چوكىنى سۇندۇرماق ئاسان، بىر توپ چوكىنى سۇندۇرماق تەس. * كويزا تۇتۇشنى بىلمەيدىغان سەي يېيەلمەيدۇ.

چوكان جۇۋان سىكىلەك قۇزۇز

ئەرگە تەگكەن ياش خوتۇن.

ئوغلۇڭ چوڭ بولسا يىگىت بولار، قىزىڭ چوڭ بولسا چوكان. * ئاۋۇ چوكانىنىڭ ھالىنى، ئۆتۈكۈمنىڭ نالىنى. * تاشلاپ قاچىدىغان قىز بار، ئېلىپ قاچىدىغان جۇۋان. * چىراغنىڭ ئۆچكىنى بورانغا غەم بولماس، يىگىتنىڭ ئۆلگىنى جۇۋانغا. * چېچەن سىكىلەكىنى ئوچاق بېشىدا سىنا.

چوڭ زور يوغان كاتتا

كۆلىمى جەھەتتىن باشقىلاردىن ئارتۇق، كىچىك ئەمەس.

چوڭنىڭ دەردى چوڭچە. * چوڭنىڭ ئەقلى چوڭ. * زورنىڭ زورلۇقى بار. * يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر. * كاتتا ئىشىكنىڭ ئۆلگۈچىمۇ كاتتا.

چوڭ-كىچىك ئۇلۇغ-ئۇششاق كاتتا-كىچىك

يېشى ھەر خىل كىشىلەر، ھەممە كىشى، ھەممە ئادەم.

چوڭ-كىچىك، ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممە يىغىلدى. * كاتتا-كىچىك ھەممە بايرام قىلىدۇ.

چوڭلۇق زورلۇق يوغانلىق كاتتىلىق

چوڭ ھالەت.

موزاي قوزۇقتا چوڭلۇق قىلار. * زورلۇق ئەقىللىق دېگەنلىك ئەمەس. * يوغانلىق قېلىپتىن ئەمەس. * كاتتىلىق كاتتىباشتىن ئۇلۇغ.

چوڭ سۆزلىمەك يوغان سۆزلىمەك چوڭ گەپ قىلماق يوغان گەپ قىلماق

چوڭ سۆزلىگەن پۇشمان قىلىدۇ. * يوغان سۆزلەپ تاپقىنىڭ شۇمۇ؟ چوڭ گەپ قىلغۇچە، چوڭ ئىش قىل. * ھۆرمەتكە سازاۋەر بولساڭمۇ، چوڭ گەپ قىلما.

چوڭچى يوغانچى مەنمەنچى

ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچى، ھاكاۋۇرلۇق قىلغۇچى.

چوڭچىنىڭ چوڭچىلىقى بىر دەملىك. * يوغانچى يوغانچىدىن قورقىدۇ. * مەنمەنچى ھاكاۋۇرلۇقنىڭ ئىنىسى.

چوڭچىلىق يوغانچىلىق مەنمەنلىك

چوڭچىنىڭ قىلىقى.

چوڭچىلىق قىلساڭ، جامائەتتىن ئايرىلىسەن. * يوغانچىلىق ئاپەت تاپىدۇ. * مەنمەنلىك "مەن"دىن چىققان.

چوڭايماق زورايماق يوغىنىماق

چوڭ بولماق، بارغانسېرى زور بولماق.

قۇرت سۇدا كۆپىيەر، يامانلىق ھورۇنلۇقتا چوڭىيار. * زورىغا زورايغان ئۆزۈڭغا بارمايدۇ. * يوغىنىغان دەرەخ ئىلدامراق سۇنىدۇ.

چوڭقۇر تىرەن ئويي تەرىڭ گۆن تۆترۇم

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە، سىرتتىن ئىچكىرىگە بولغان ئارىلىق چوڭلۇق.

چوڭقۇر دەريانىڭ شاۋقۇنى ئاز. * ئېرىق شىلدىرلار، تىرەن كۆل جىم تۇرار. * تاغدىن ئېگىز، دېڭىزدىن تىرەن. * بىلمىگەن يەرنىڭ ئويي-چوڭقۇرى تولا. * تەرىڭ تەگىز — تېرەن دېڭىز.

چوڭقۇرلۇق تېرەنلىك

چوڭقۇرنىڭ دەرىجىسى.

قاناس كۆلىنىڭ ھەجمى 44.78 كۋادرات كىلومېتر، چوڭقۇرلۇقى 188.5 مېتر، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 120.1 مېتر. * تېرەنلىك بېلىق ئۈچۈن پايدىلىق.

چويلا توپ تېننىس ۋاڭچۇر

توپ تۈرلىرىنىڭ بىرى، مەيدانى ئۇزۇنچاق تۆت بۇرجەك بولىدۇ، ئوتتۇرىغا تور تارتىلىپ، ئىككى تەرىپىنى مۇسابىقىلاشقۇچى بىردىن ئىگىلەيدۇ. بىر كىشىلىك، جۈپ كىشىلىك بولىدۇ. پالىقى چويلىغا ئوخشايدۇ.

جۇڭگو ماھىرى لى فاڭ 1991 - يىلى 4 - ئاۋغۇست سېتسىلىيە ئارىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئاياللار چويلا توپ مۇسابىقىسىدا چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن.

چۇۋۇماق تىتماق

پۇتۇن، تۈگۈنچەك نەرسىنى پارچىلىماق.

ماشىنا دېتاللىرىنى چۇۋۇدۇم. * يۇڭنى تىتىپ، يۇمشاق قىلىپ، يوتقانغا سالسا، يوتقان ئىسسىق ھەم يۇمشاق بولىدۇ.

چۆپ نېرىن بەش بارماق

گۆشنى ئۇششاق توغراپ كەسكەن خېمىر، پىياز ۋە باشقا دارا-دەرمەك سېلىپ يېيىلىدىغان غىزا.

ئاتۇشنىڭ چۆپى ئوخشىسا ياخشى تاماق. * قىرغىز كىچىككىنە گۆش تاپسىلا نېرىن قىلىدۇ. * قازاقنىڭ بەش بارمىقى — تاماقنىڭ قايمىقى.

چۆكمەك چۆممەك غەرق بولماق

سۇيۇقلۇق ئىچىگە پاتماق.

“غەرق بولماق” چۆكۈپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

ھەقىقەتنى چۆكتۈرىمەن دېيىش ئالتۇننى سۇدا لەيلىتىمەن دېگەنگە ئوخشاش. * سۇغا چۆككەن ھايات قالماس. * ھەقىقەت ئوتتا كۆيمەس، سۇدا غەرق بولماس.

چۆگىلىمەك ئايلانماق پىرقىرىماق

ئۇ يۆنىلىشتىن بۇ يۆنىلىشكە بۇرۇلماق، چەمبەر شەكلىدە يۈرمەك.

ئەجەب بىرزامان بولدى، ئالەم چۆگىلەي دەيدۇ، يۈرەكتىكى زەرداب سۇ قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ. * تۈگمەن بىر ئايلانغۇچە، ئېگىسى مىڭ ئايلىنار. * يەر ئايلىنىدۇ، ئەرمۇ ئايلىنىدۇ. * پىرقىراپ كەلدىم، ھېچنېمە كۆرمىدىم.

چۆل دەشت باياۋان جەزىرە گوبى ساي قىر دالا سەھرا قۇملۇق ئۆڭ يازى

سۇ يوق، ئىقلىم قۇرۇق، ئۆسۈملۈك ئاز، قۇم ۋە ياكى شېغىل بىلەن تولغان يەر.

بىرى چۆل، بىرى گۈل. * چۆلگە يامغۇر ياخشى، يومدانىغا چامغۇر. * دەشت-باياۋاندا ئۇسسۇز قالمىغان سۇنىڭ قەدرىنى بىلمەس. * جەزىرىدە جەرەن تۇت. * گوبىدا گىياھ يوق. * پايدىسى يوق بايدىن سۇيى يوق ساي ياخشى. * دالىدا ئۆسكەن مەھەللىگە كۆنمەس. * سەھرانىڭ بېگى بولغۇچە، شەھەرنىڭ ئىتى بول. * قۇملۇقتىن ئۆتەلىگەن قۇمدىن قورقمايدۇ. * تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تاشيول ياسالدى. * يازدا بۆرە ئۆلسە، ئەۋدە ئىت باغرى تارتىشۇر.

چۇچۇمەل چۇچۇك ئاچچىق-چۇچۇك چىۋشاغۇت

تەم، ئاچچىق بىلەن تاتلىق ئارىلاشقان، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى تاتىق.

چۇچۇمەل ئۇسسۇلۇق ئاماقنى سىڭدۇرىدۇ. * چۇچۇك ئالما يېپىشلىك بولىدۇ. * ئاچچىق-چۇچۇك مېۋە تاتلىق مېۋىدىن ياخشى.

چۈش قىيام پېشىن

كۈندۈز سائەت 12 بولغان ۋاقىت.

ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن كېلەر. * قىيام ۋاقتىدا كۈن نۇرى تىك چۈشىدۇ. * پېشىن نامىزى قازا بولمىسۇن.

چولە جۇلاپ گۇلاپ مېۋە سۇيى كامۇت مورس

مېۋە شىرنىسىدىن ياسالغان ئۇسسۇلۇق.

چولە ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق. * جۇلاپ ئىچ جەۋلان قىل. * چىمەندە ئېچىلسا قانچە تازا گۈل، تېزىلىپ گۈلاپقا ئالار يول. * مېۋە سۇيى ھازىر كۆپىيىپ قالدى.

چومبەل چومبەت پەرەنجە پۈركەنچە ياشماق

بۇرۇنلاردا ئاياللار يۈزىنى كىشىگە كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن يۈزىگە تارتىۋالغان پەردە.

چومبەل تارتىش بارغانسېرى ئازايدى. * چومبەت ئاياللار ئۈچۈن ئاپەت. * پەرەنجىنى تاشلا، نومۇسنى ساقلا. * پۈركەنچە ساپلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس.

چومۇلە مايا قومۇرسقا

توپ-توپ بولۇپ بىر ئۇۋىدا تۇرىدىغان ئۇششاق ھاشارات.

چومۇلىگە بىر چىنە سۇ ئوكيان. * بىر چومۇلە ئۇۋىسى بىر توغاننى يوق قىلار. * چومۇلە ئۆز ئېغىرلىقىغا قارىغاندا ئون ھەسسە ئېغىر نەرسىنى سۆرىيەلەيدۇ.

چۈنكى سەۋەبى سەۋەبى شۇكى زىراكى نىچۈككى نېمىشقا دېسەڭ

سەۋەپ باغلىغۇچى. قوشما جۈملىدە باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى باغلايدۇ، باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ.

“زىراكى”، “نىچۈككى” كلاسسىك ئەدەبىياتتىلا ئۇچرايدۇ، پاسسىپ سۆز.

ئىلمىسىز قازىنى “ئېشەك” دېمە، چۈنكى بۇ ئېشەككە تۆھمەت. * مەن تويغا بارمايمەن، سەۋەبى ئېنىق، ساقلىقىم يوق. * بازارغا بارمىدىم، سەۋەبى شۇكى، ھېچ نەرسە ئالمايمەن. * يازدا ئورۇقلاپ كېتىمەن، نېمىشقا دېسەڭ، ئىسسىققا چىدىمايمەن.

چىچەك قىزىل

بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل، كېسەل مىكروبىدىن بولىدۇ.

چىچەكتە چېكىلمىگەن قىزىلدا ئۆلەر. * چوقۇر دېمەكلەر چىچەكنىڭ ئىزى. * چىچەك چېكىش چىچەكتىن ساقلايدۇ. * ئىنسانىيەت چىچەك بىلەن قىزىلنى ئۇنۇتۇلۇك چەكلەپ، ئىنسانىيەتنى كېسەل ئازابىدىن

ساقلىدى.

چېركاۋ بۇتخانا سى چائىدان ساڭرام

خىرىستىئان، بۇددا دىنلىرىنىڭ ئىبادەتخانىسى.

"سى" خەنزۇچە: 寺, 祠

چېركاۋغا بارغاننىڭ ئەۋلىيا بولۇشى ناتايىن. * بۇتخانىنىڭ چېقىلغىنىنى چاققان بىلەر.

چېقىق سۇنۇق

چېقىلغان، سۇنغان.

چېقىق ئەينەك كارغا كەلمەس. * سۇنۇق ساقىن كۈلۈپتۇ.

چېقىلماق سۇنماق

پۈتۈن نەرسە بىرەر زەربىدىن پارچىلىنىپ كەتمەك.

چېقىلغان ئەينەك ئورنىغا كەلمەس. * باش سۇنسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە. * ئۆتمەيدىغان ئۆمۈر يوق، سۇنمايدىغان تۆمۈر يوق.

چېقىم چاقۇ يوڭاغ

بىراۋغا ئەيىب چاپلاپ قىلىنغان تۆھمەت.

چېقىمغا كەتكەن ناھەقچىلىقنىڭ ناھىقى. * چاقۇ ھۆكۈمرانىنىڭ پۇقرانى ئازابلىشىنىڭ باھانىسى.

چېقىمچى سۇخەنچى ئالىقاغا ئىنكاسچى شۇپۇر ئىغىز نۇمشى

بىرىنىڭ سۆزىنى يەنە بىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشى، گەپ توشۇغۇچى.

چېقىمچىنىڭ سىلىق گېپىگە ئىشەنمە. * قەرزدارنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى. * بۇ گەپنى ساڭا قايسى ئالىقاغا يەتكۈزدى؟ * ئىنكاسچى — يېڭى چىققان چېقىمچى. * شۇپۇر ئىغىزدىن خۇدا

ساقلىسۇن.

چېكىت توچكا نۇقتا چەكىك

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى. ئومۇمەن خەۋەر - بايان جۈملىلەر، مەيلى ئاددىي جۈملە بولسۇن ياكى قوشما جۈملە بولسۇن، مەيلى شەخسلىك جۈملە ياكى شەخسسىز جۈملە بولسۇن، بىر پۈتۈن مەنىنى ئۇقتۇرسا قويۇلىدۇ. بەلگىسى ".".

چېكىت ئۇرماق قارا چېكىۋالماق خەتچۈك سالماق

كۆچمە مەنىدە: بىراۋنى ئەدەبلەش ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلىۋالماققا ئىشارە.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا ئۇ ماڭا چېكىت ئۇرغانىكەن، كېيىن مەلۇم بولدى. * قارا چېكىۋالغان بولسا، قارىدىن قۇتۇلماق تەس. * ئىلگىرى ھوقۇقدارلار ئۆزىگە "بويسۇنمىغان"لارغا تىزىملىكتە خەتچۈك سېلىپ قويىدىكەن.

چېكىپ باقماق تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماق

كۆچمە: ئوي - پىكرىنى، پوزىتسىيىسىنى بىلىپ باقماق.

ھۆرنىساخان قىلغىلى قىلىق تاپالماي، گەپ ئەگىتىپ، قىزىنى چېكىپ باقتى. * تومۇرىنى تۇتۇپ باقسام، يېقىن كېلىدىغاندەك ئەمەس، "ياق" دەپ تۇرۇۋالدى. * قانداق ماقۇل دېدىمۇ، يۈرىكىگە قول سېلىپ باقمامسەن؟

چېچەك چىقماق تۆك چىقماق چىگىت چاقماق پىستان چاقماق

كۆچمە: ئىش - ھەرىكەت كاشىلىغا ئۇچرىماق، پېشكەللىك يۈز بەرمەك.

ئىش ماڭسا چېچەك چىقماي مۇشۇ پېتى، تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ

ئاقۋىتى. * سېنىڭ توي ئىشىڭغا تۆك چىقىپ قاپتۇ. * ئىشىمىز بىرئوبدان يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، نېمە بولدى، تۇساتتىن چىگىت چىقىپ قالدى. * پىستان چاقمىسىلا، ئىشىمىز قەرەلىدە پۈتىدۇ.

چېكىسىگە تاڭماق پېشانىسىگە تاڭماق بېشىغا كىيمەك چېكىسىگە قىسىۋالماق

كىنايە: ئۆزى ئەتىۋارلاپ تۇتماق.
ئالە پۇلۇڭنى چېكەڭگە تاڭ. * بولدى، ئۇ نېمىسىنى پېشانىسىگە تېڭىۋالسۇن، مەن ئالمايمەن. * ئۆزۈڭ بېشىڭغا كىي، ماڭا لازىمى يوق. * شۇ جورىڭىزنى چېكىڭىزگە قىسىۋېلىڭ.

چېكىلىك كوزىرىك

شەپكە، كەپكە ۋە پۇراشكىلارنىڭ ئالدىغا چىققان، قاتتىق قەغەزدىن ئىشلەنگەن يېرىم دائىرە قىسمى.
شەپكەڭنىڭ چېكىلىكى بەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. * كەپكىنىڭ كوزىرىكى ئاپتاپتىن ساقلايدۇ.

چېگرا پاسىل ھۇدۇت

تېررىتورىيىنىڭ، زېمىننىڭ ئىككى دۆلەت، ئىككى رايون ۋە ياكى شەخسنىڭ ئارىسىدا تۇتاشقان يېرى.
شىنجاڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستانلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئومۇمىي چېگرا سىزىقى 5379 كىلومېتىر. * زېمىنىمىزنىڭ شىمالىي پاسىلى ئۆستەڭ، جەنۇبىي پاسىلى ساي... * يېزىلارنىڭ ھۇدۇتى ئېنىق بولمىغان جايلاردا پات-پات تالاش-تارتىش بولۇپ قالىدۇ.

چىڭقىماق تاۋلانماق

تۇرلۇك ۋاستىلەر بىلەن بەدەننى چىڭىتماق، ئاڭ-پىكرىنى

ئۆستۈرمەك.
ياشلىقىدا چىنىققان قېرىغاندا چىداشلىق بولار. * تۆمۈر تاۋلاشتىن، ئات مىنىشتىن. * تاۋلا يۇمران تېنىڭنى، ئۆگىنىپ ھەربىي ھۈنەرنى. * ئاپتاپ يەرنى تاۋلايدۇ، جاپا ئەرنى تاۋلايدۇ.

چىنىمەك قارىغا ئالماق قورۇلغا ئالماق

ئېتىشتا ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن مىلتىق، توپلارنىڭ ئورنى، ئېگىز-پەسلىكىنى تەڭشەپ نىشاننى دەل مۆلچەرلىمەك.
ئۇ مىلتىقنى بەتلەپ، دۈشمەنگە ئېتىش ئۈچۈن چېنىدى. * ئۇ شۇئان كېتىۋاتقان جەرەننى قارىغا ئالدى. * دۈشمەنلەر كېلىۋاتاتتى، ھەممىمىز دەرھال قورۇلغا ئالدۇق.

چىدام بەرداشلىق بەردەم سۇبات

بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە تېرىكمەي-زېرىكمەي تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى.
چىدامنىڭ ئۆزى ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق. * چىدام قابىلىيەتتىن ئەلا. * بەرداشلىق — خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى. * بەردەم بولساڭ، بارنى يېگەسەن.

چىدىماق پايلىماق بەرداشلىق بەرمەك تۆزمەك سەرمەك كۆيمەك

ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەتكە تاقابىل تۇرماق.
دۈشمىنىڭ جاپا سالسا چىداشنى بىل. * ئاتنىڭ تەپكىنىگە ئات چىدايدۇ. * چىدىغانغا چىقارغان، گۆش بىلەن ياغنى پۇلغا ئالغان. * چىدىماسنىڭ ئۆيى پايلىماسنىڭ قېشىدا. * بەرداشلىق بېرىش — ياخشى خىسلەت. * قىيىنچىلىققا تۆزگەن ئۆتىدۇ.

چىراغ لامپا شام پانار پانۇس يولا

ئۆي ۋە يولنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ. * ھەركىمنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقى ئۆزىگە چۈشەر. * سەن چىراغنى كۆرەلمىسەڭ، چىراغ بىلەن نېمە كۆرۈسەن؟ * شام خەقنى يورۇتار، ئۆزىنى يوق قىلار. * ئادەمنىڭ ھاياتى خۇددى شامدەك باشتىن ئاخىرغىچە نۇر چېچىپ تۇرۇشى كېرەك. * پانار كېچىنىڭ كۈنى.

چىراغپاي شامدان

چىراغ-شام قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان سايمان.

چىراغپايدا چاي ئىچكەن چېچەننى كۆرۈڭ. * شامنىڭ كۆركى شامدان بىلەن.

چىراي يۈز بەت دىدار مەڭز رۇخسار تەر تەلئەت ئەپت بەشىرە ئۆڭ ھۆسن رەپتار چېھرە كۆرۈم كۆرك قىياپەت جامال تۇس ئايتىن

چىراي ئاسان ئۆزگىرەر، شەپقەت مەڭگۈ ساقلىنار. * چىراي كۆيدۈرەر، خۇلق سۆيدۈرەر. * چىراي كۆرۈپ ھال سورا. * چىرايىغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولماس. * ئادەم كۆركى يۈز، يۈز كۆركى كۆز. * بېتى ئەدەب كۆرمىگەن، كۆتى تەرەت. * دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت. * شاھزادە مەلىكىنىڭ رۇخسارىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. * تەرى يامانىنىڭ مېھرى يامان. * دېڭىزنى كوزىدا ئۆلچىگىلى بولماس، ئادەمنى ئەپتىدىن بىلىپ بولماس. * بەشىرىسى سەتنىڭ قىلىقى يامان بولۇشى ناتايىن. * ئوسماننىڭ قىزىنىڭ ئۆڭى بار. * ئەينەككە قارىغانغا ھۆسن قېتىلماس. * مەرتىۋە ئادەمگە ھۆسن قوشمايدۇ، ئادەم مەرتىۋىگە ھۆسن قوشىدۇ. * ئۆمۈر ئۆتەر، ھۆسن ئۆچەر. * چېھرە ئۆزگىرەر، شەپقەت ساقلىنار.

* سۆز كۆركى ماقال، ئەر كۆركى ساقال. * سەممىمي سىرتقى قىياپەت ئورغۇن كەمچىلىكىنى يېپىپ تۇرىدۇ. * ئالەمدە ھەر كۈندە بار زاۋال، ئەبەدىي قالمايدۇ بۇ ھۆسن-جامال.

چىرايلىق گۈزەل كۆركەم ئۇز ئاي جامال گۈل جامال ئاي يۈزلۈك ساھىبجامال ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار قىرقىش ئاجەپ تۈز كۆشەك

رەڭگى-رويى يېقىملىق، كېلىشىملىك، كۆرۈنۈشى كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان.

چىرايلىق چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق. * چىرايلىق قىز بالدۇر توزار. * گۈزەل نام گۈزەل چىرايدىن ئەلا. * كۆركەمنىڭ كۆركى بار. * ئۇز ئۇزىدۇ. * ئاز قىل، ئۇز قىل. * ئاي جامال، ئاي يۈزلۈك، گۈل جامال ئاي ۋە گۈلگە ئوخشىتىشتىن ھاسىل بولغان. * تەيۋەندە بۇلتۇر ساھىبجامال قىز تاللاش بولۇپ ئۆتتى. * شاھزادە ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس قىزنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتتى. * پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار بىر قىزى بار ئىكەن. يىراق-يېقىندىكى شاھزادىلەر ئاشىقى بىقارار بولۇپ يۈرۈشىدىكەن.

چىرايلىقلىق گۈزەللىك ئۇزلۇق

چىرايلىق، گۈزەل، ئۇز ھالەت.

چىرايلىقلىقتىن ياخشى ئەمەس، ياخشىلىقتىن چىرايلىق. * گۈزەللىك كۆڭۈلگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. * بۇ خېنىمنىڭ ئۇزلۇقى، ئاپتاپتا قاپتۇ تۇزلۇقى.

چىشلىگەك چاققاق

چىشلەيدىغان، چاقىدىغان.

چىشلىگەك ئىت چىشىنى كۆرسەتمەس. * چاققاق ئوت يۇلۇۋەتسەڭمۇ چاقىدۇ.

چىشلىمەك چاقماق قاپماق ئىسرىماق

چىش ئاستىغا ئالماق، زەھىرىنى چاچماق.

ئۆز چىشىڭ ئۆز تىلىڭنى چىشلەيمۇ قويار. * كەمبەغەل تۆگە مىنسىمۇ ئىت چىشلەر. * ئىتنى چىشلىمەيدۇ دېمە. * چايانىنى چاقمايدۇ دېمە. * يىلان چاققان ئالا يىپتىن قورقار.

چىشى ئۇرغاچى مادا زۇۋەججە

ھايۋاناتتا ئىككى خىل جىنسنىڭ بىرى، ئەركەكنىڭ ئانتونىمى.

غەمسىز كىشى بولماس، ئەركەكسىز چىشى. * چىشى پىل ئۇزاقتا تۇغقىنى بىلەن، تۇغۇت ئىقتىدارىنى يوقاتمايدۇ. * ئۇرغاچى ئۆچكە شوخ كېلىدۇ. * مادا ئېشەك بولسىمۇ بولسۇن.

چىغىر يول يالغۇز ئاياغ يول

بىر كىشى يۈرەلەيدىغان، بىردىن-بىردىن يۈرۈش لازىم بولغان تار، قىستاڭ يول.

مېڭىپ-مېڭىپ بىر چىغىر يولغا چۈشتۇق، بىر-بىرلەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. * يالغۇز ئاياغ يولدا كېتىۋېتىپ بىر بۆرىگە ئۇچراپتۇ.

چىقان قوڭيوغان غەلۋىرەك

قاننىڭ قويۇقلۇقىدىن، يەنى غەيرىي تەبىئىي قان ماددىسىنىڭ ئۇستۇن كېلىشىدىن پېشانە، بويۇن، كاسا، تېقىم، پاقالچاقلارغا چىقىدىغان چاقا.

چىقان چىقىدىغان يېرىنى سەندىن سورىمايدۇ. * قوڭيوغان قاننىڭ بۇزۇلۇشىدىن دېرەك. * غەلۋىرەك چىققان يەردە ئىز قالدۇرىدۇ.

چىقىشقاق ئەلتەك

كەمتەرلىك خىسلىتىدىن ھەممە بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قىلالايدىغان.

چىقىشقاق ئادەم ھەممىگە ياقىدۇ، بىردەمدىلا چىقىشىپ كېتىدۇ. * ئەلتەك بولساڭ، ئەرمەك تاپىسەن.

چىلە گۆك شىۋەر

ئات-ئۇلاغ، مال-ۋارانىڭ تېزىكى، قىغى.

چىلە — قوتان قىغى. * گۆك — كونا مال قورۇسى قىغى. * شىۋەر — ئېغىل قىغى.

چىلگە سويما ئوينىغۇچ خەمەك

قوغۇننىڭ بالدۇر پىشىدىغان تۈرى.

چىلگە تەرسەڭ، چېنەپ تەر. * سويماڭ نەچچە پۇل، ئۆزەمغۇ يېمەيمەن، نەۋرەمگە ئالغاچ كېتەي دېۋىدىم. * ئوينىغۇچ ئوبدان نېمە يازلىقى بار، كۆزلۈكى يوق، يېڭى يار ئوبدان نېمە ئاغزىدا بار، كۆڭلىدە يوق. * بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك.

چىللىماق ئېيتماق چاقىرماق جارلىماق

چايغا-مېھمانغا تەكلىپ قىلماق.

دوست چىللىسا قالما، دۈشمەن چىللىسا بارما. * ئېيتماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ. * چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما.

چىلىم غاڭزا تۇرۇپكا

تاماكا چېكىدىغان سايمان.

چىلىمنى تارتقىنىڭ — تاۋۇتۇڭغا ياتقىنىڭ. * غاڭزا چەككەننىڭ ئىچىمۇ كۆيىدۇ، پۇلىمۇ كۆيىدۇ. * تۇرۇپكاڭنى تاشلا.

چىمالتا گۆجەي

پاقالچەككە ئورايدىغان ئۇزۇن لاتا، چېرىكلەر كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

چىمالتا پۇتنى چىڭ تۇتىدۇ، چۇۋۇلۇپ كەتسە، پۇتقا جاپا سالىدۇ. * گۆجىيگىنى ئورىۋال-دە، ئىشقا ماڭ.

چىمچىلاق چىمەلتەك چىمىت

بەشىنچى بارماق، ئەڭ كىچىك بارماق. كۆچمە مەنىسى: كىچىك، ناچار، ئاز.

"چىمەلتەك" ئىلى شېۋىسىدە، "چىمىت" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئۇ چىمچىلىقنى چىقىرىپ، چاۋار ئاخۇننىڭ ناچار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

چىنە پىيالە سىركايە ئاپقۇر گەردىن سىغراق ھېجىر غېدىرا

يېمەك-ئىچمەكلىكلەر ئۇسسىدىغان قاچا، ئادەتتە ئاغزى كەڭرەك، تۈۋى تارراق، دۈگىلەك بولىدۇ.

بىر چىنە ئاش يېيىشكە بىر چىنە تەر تۆك. * دېڭىزغا بىر پىيالە سۇ قۇيۇش — بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك. * سىركايە بولسىمۇ سىرىڭنى ئېيتما. * ئاپقۇر، ئاپقۇردا چاي كەلدى، داستىخانغا ۋاي بولدى. * گەردىن چىنە، ئەتكەن چاي، ياغلىق توقاچ، قورساق ئاچ.

چىۋىن قاراسىگەك

ھاشارات، تۈرى كۆپ، باش تەرىپىدە بىر جۈپ يوغان كۆزى بار، كېسەل تارقىتىدۇ.

"قاراسىگەك" لوپنۇر دىئالېكتىدا ئىشلىتىلىدۇ. "چىۋىن" خوتەن دىئالېكتىدا "پاشا".

چىۋىن "تۆت زىيانداش"نىڭ بىرى. * چىۋىننى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈر.

خ

خاپا رەنج مالال چىمار ئۆۋكە

كۆڭۈلسىز ھالەت.

خاپا قىلساڭ دوستۇڭنى، خۇش قىلارسەن دۈشمىنىڭنى. * ئاقىلغا پەس ئادەم كۆرسەتسە جاپا، كۆپ ئەلەم چەكمىسۇن، بولمىسۇن خاپا. * غەم تىغىنى دوست ئاتسا، ئاڭا رەنج يوق. * قىسقا سۆزلەش تارىخي ياخشى ھالدۇر، كۆپ سۆزلەش ھەمىشە دىلغا مالالدۇر.

خاپا بولماق رەنجىمەك ئاغرىنماق مالال بولماق

كۆڭۈلسىزلەنمەك، ئاچچىقلانماق.

خاپا بولساڭ، خىيال باسىدۇ. * يەتتە يېشىنى ئەسلىتەر، يەتمىش يېشىدىن رەنجىشەر. * ئىشتىن كېيىنكى رەنجىش ۋاقتى ئۆتكەن يامغۇر. * كەمتەر سەۋەنلىكىنى ئۇنتۇماس، مەغرۇر خەقتىن ئاغرىنار. * مالال بولسا، مالامەت تارتىدۇ.

خاپىغان سەپرا

خاپىلىقتىن بولغان كېسەللىك.

خاپىغان باشتا ئەقىل تۇرمايدۇ. * قۇشسىز ئۇرمان خاپىغان. * سەپرا سەلدىن يامان.

خاپىلىق خاپىچىلىق

كۆڭۈلسىزلىك.

خاپىلىقتا قالماي دېسەڭ، كېپىل بولما. * خاپىچىلىق تارتماق —

قىيىلىقتا ماڭماق.

خاتا سەۋەن غەلەت

توغرا ئەمەس، ناتوغرا.

بىر خاتا ئون خاتادىن ساقلار. * پازىلىنىڭ خاتاسىنى يىغساڭ تاغدەك بولار. * سەۋەن ئىش بىلىنمەي قالماس. * غەلەت گەپ غەلۋە چىقىرار.

خاتالىق سەۋەنلىك كەمچىلىك ئەشپكە يانلۇغ

ناتوغرا، نالايىق ئىش-ھەرىكەت.

خاتالىقنى ئىنكار قىلغىنىڭ — قاتلاپ خاتا قىلغىنىڭ. * ئۈزۈلمەيدىغان ئارقان يوق، تۈزەلمەيدىغان خاتالىق. * خەقنىڭ سەۋەنلىكىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ سەۋەنلىكىنى تۈزەت. * بالىنىڭ كەمچىلىكى ئاتا-ئانىنىڭ كەمچىلىكى. * كەمچىلىك مەندىن، كەچۈرۈش سەندىن.

خاتىرە يادىكار ئەستىلىك يادنامە تەۋەررۈك

ئەستە تۇتۇش، ئەسلەپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن بۇيۇم.

سۈرەتكە چۈشەيلى، خاتىرە قالسۇن. * بۇ ساڭا مەندىن يادىكار. * ياخشىمۇ، يامانمۇ قالماس پايدار، ياخشىسى ياخشى ئىش بولسۇن يادىكار. * ئەستىلىكنى كۆرۈپ ئەسلىمە، ئەسلەپ كۆر. * بۇ ياغلىق سىزگە مەندىن يادنامە بولۇپ قالسۇن. * بۇ پىچاق ئاتامدىن قالغان تەۋەررۈك.

خاتىمە ئېپىلوگ ئاخىرقى سۆز تۈگەنچ

بىرەر ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى، كىرىش، سۆز بېشىنىڭ تەتۈرى، ئانتونىمى.

"ئېپىلوگ" كۆپىنچە ئەدەبىي ئەسەردە قوللىنىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ خاتىمىسى يەكۈن خاراكتېرلىك بولىدۇ، خاتىمىنى تاشلىماي

ئوقۇش كېرەك. * ئېپىلوگ، بەدىئىي ئەدەبىياتتا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتتە زۆرۈر. * ئاخىرقى سۆزنى ياخشى يېزىش كېرەك.

خاجۇ كاۋاۋىچىن قارنىپىردىق

دارا ــ دەرمەكنىڭ بىر تۈرى. دۈگىلەك، قوڭۇر رەڭ كېلىدۇ.

خاجۇ سۆرەلمە مەيدە ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. * كاۋاۋىچىن ئۇيغۇر مىللىي تىبابەتچىلىكىدە بىر خىل دورا ھېسابلىنىدۇ.

خار خور ھەقىر زەبۇن باداق

ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالغان.

ئۆزىنى بىلگەن خار ئەمەس. * كىمنىڭ ئارزۇلۇقى كىمگە خار بولمىغان. * خور بولغۇچە، ئۆر بول. * پۇلى بارلار ئۇ دۇنيادىمۇ ھەقىر بولماس. * زەبۇن بولماي دېسەڭ، زېرەك بول.

خارلىق خورلۇق ھەقىرلىك زەبۇنلۇق

ئېتىبارسىز قىلىش ھالىتى.

ئىككى ئالەم دۆلىتى بىر خارلىققا ئەرزىمەس. * نادان بىلەن دوستلۇق ــ خورلۇق ــ تەمەخورلۇقنىڭ باشلىنىشىدۇر. * ھەقىرلىك كىشىنى ھەر كويغا سالىدۇ. * زەبۇنلۇق زار قاقشىتىدۇ.

خارلىماق خورلىماق

قەدىر ــ قىممىتىنى چۈشۈرمەك، كەمسىتمەك.

خارلىغانغا خار بولما. * كىشىنى خورلىغان ئۆزى خورلۇق تارتىدۇ.

خاراب ۋەيران ئادا

بۇزۇلۇپ ــ چېچىلىپ تۈگىمەك، چۈشكۈن، ھالى قىس.

قولۇڭدا خاراب بولمىسا ياۋ ئەگەر، ئۇنى سۇغا چۆكۈرسۇن ئىلمىي ھۈنەر. * ئويلىمىغاننىڭ تەكتى ۋەيران، ئىككى خوتۇنلۇقنىڭ ئۆيى ۋەيران. * مەن ئىشەنگەچكە كىشىلەرگە، سۆزلەرگە ئىشەنچ تىلەپ ئادا

بولدۇم.

خاس مەخسۇس

بىراۋغا ۋە بىرەر ئىدارىغا تېگىشلىك.

بۇرۇت تولغاش مۈشۈككە خاس قەدىمكى ھالدۇر، ساقال قويۇش ئەرلىك دېگەن، ئۆچكە مىسالدۇر. * مەخسۇس ئىشقا مەخسۇس كىشى.

خاسىڭ يەر ياڭىقى

بىر يىللىق، سامان غوللۇق، يوپۇرماقلىرى يەر ئۈستىدە بولىدىغان، سېرىق چېچەكلەيدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى، تۇپراق ئاستىدا بولىدۇ.

"يەر ياڭىقى" ئاقسۇ شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

خاسىڭ يۈرەك كېسىلىگە شىپا بولىدۇ. * قورۇلغان خاسىڭنىڭ پوستىنى ئېلىۋەتمەي يېگەن ياخشى.

خاڭ كۆمۈركان شاختا

كۆمۈر ئېلىنىدىغان يەر، مەيدان.

خاڭدا ئىشلەپ خارلانغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆز ۋاقتىدا زۇلۇمغا چىدىماي قولىغا قورال ئالغانىدى. * ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئىكەن. * شاختىدا ئىشلىگەنلەرگە قوشۇمچە ھەق بېرىلىدۇ.

خال مەڭ

بەدەندە بولىدىغان قارا بۆرتمە. بۇرۇننىڭ تۈۋىدە بولغىنى كىشىگە ھۆسن قوشىدۇ.

ئۆستەڭ يارىشىقى تال، قىز يارىشىقى خال. * مەڭدەك دورا ئېغىر كېسەلنى ساقايتار.

خالات شالدۇرۇق شىلگەي

ئاياللار ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كەڭ كۆڭلەك.

"شىلگەي" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

خالات تازىلىق ئۈچۈن، خالات تازا بولۇشى كېرەك. * شالدۇرۇق كىيگەن خېنىمنىڭ جېنى يايرار.

خالتا I توۋرا پەتتە

رەختتىن، پالاستىن تىكىلگەن، نەرسە كېرەك سېلىپ قويىدىغان نەرسە.

"توۋرا" ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان خالتا.

خالتىغا قارىماي مېهمان باشلاپتۇ. * قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋرا تېشەر. * قۇشناچىمىنىڭ سۇزگۇچى پەتتىسىگە پاتماپتۇ.

خالتا II پوسۇلكا بۆلەك

بىر يەردىن بىر يەرگە ئەۋەتىلگەن بولاق.

تۇغقانلاردىن خالتا كەلدى — دەرد كەلدى. * بىرى پۇل يىغار، بىرى خالتا تىكەر. * پوسۇلكىنى ۋاقتىدا ئېلىۋېلىش كېرەك. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، پوچتىخانا ھەق ئالىدۇ.

خالىي خىلۋەت پىنھان ئاغلاق

يوشۇرۇن، كۆپكە مەلۇم ئەمەس.

ئازمىغان گۇناھتىن خالىي بولار. * خىلۋەت جايدا خەير بار. * ئارتۇقچە كەمتەرلىك پىنھان تەكەببۇرلۇقتۇر. * ئاغلاق يېر — خىلۋەت يەر.

خام چىكى تولۇق ئالا يىگ

پىشۇرۇلمىغان، پىشمىغان.

چۆچۈرىنى خام ساناپتۇ. * بالا خام بولسا، ياردىن يانىدۇ، ئاش خام بولسا گالدىن. * كالا گۆشىنى چىكى يېيىش زىيانلىق. * توڭ قوغۇن تەمسىز بولىدۇ. * ئاشنىڭ ئالىسى قورساق ئاغرىتار، كۆڭۈلنىڭ ئالىسى ئادەم ئۆلتۈرەر.

خام ئەشيا خام مال

زاۋۇت-فابرىكىلاردا پىششىقلاپ ئىشلەشكە تەييارلانغان ماتېرىيال.

خام ئەشيا يېتىشمەسلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنۇمى يۇقىرى بولمىغان ئۇششاق كارخانىلارنى تاقاش، باشقىغا يۆتكەش لازىم. * خام مال يېتەرلىك بولسا، پىششىق مال ۋاقتىدا چىقىدۇ.

خام خىيال يوق خىيال

ئورۇنسىز، ئىشقا ئاشمايدىغان ئوي-پىكىر، ئارزۇ-ئارمان، تەسەۋۋۇر.

خام خىيال ئىنسان بەختىگە ئۇلتۇرىدۇ. * يوق خىيال يولىدىن ئازدۇرار.

خام سەي شوسەي ئاچا كۆك يەھنە سالات

كوكتاتنى يۇيۇپ تازىلاپ، پىشۇرماي قىلىنغان سەي.

ئاش ئالدىدا خام سەي يېيىش ئىشتىھانى ئاچىدۇ. * ئىلگىرى ئاشپۇزۇللاردا تاماق ئالدىدا شوسەي تارتاتتى. * ئاچا كۆك يېيىشلىك بولىدۇ. * يەھنە گۆش نانۇشتىدا يارىشىدۇ. * سالاتنىڭ خىللىرى كۆپ.

خامۇت جاۋەن

هارۋىغا قوشۇلىدىغان ئاتنىڭ بويىنىغا كىيدۈرۈلىدىغان سايمان.

بىر ئاتقا ئىككى خامۇت كىيدۈرمەس. * جاۋەن بويۇنغا قاراپ

بولىدۇ.

خان خاقان تەڭرىقۇت بەگ ئىلىكبەك ئەلىگ تەركەن؛ پادىشاھ، شاھ سۇلتان ئەمىر خەلىپە؛ كورول ئىمپېراتور چار قىرال (قىرالچە) كىنەز؛ ۋاڭ

خانلىق ـ پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەردە ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىلىشى.

ئالدىنقى چېكىت پەشنىڭ ئالدىدىكىلىرى ھون، تۈرك، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاتىلىشى؛ ئىككىنچى چېكىت پەشنىڭ ئالدىكىلىرى ئىسلام ئەللىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىلىشى؛ ئۈچىنچى چېكىت پەشنىڭ ئالدىدىكىلىرى ياۋروپا ئەللىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىلىشى؛ ئەڭ كېيىنكىسى جۇڭگودا ئۆتكەن ۋە ھازىر بەزى مەملىكەتلەردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاتىلىشى.

يۇقىرىقى ھۆكۈمرانلار نامىدىن بىزدە بىرمۇنچە ماقال ـ تەمسىللەر ھاسىل بولغان:

خان ــ قوزۇق، پۇقرا ــ ئۇزۇق. * ئۆردەك يوق كۆلدە لايخورەك خان بوپتۇ. * بەگ بىلەن ئېلىشما، دەرەخ بىلەن چېلىشما. * بېگىڭگە يەتكۈچە، بېلىڭنى ئوشۇتاي. * پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار. * بالا بۆشۈكىدىن يىقىلغۇچە، شاھە تەختتىن غۇلىسۇن. * ئۆزگە يۇرتتا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول.

خانىش خانىكا خانچە خانئاغىچا قاتۇن (خاتۇن)

خان، پادىشاھ، بەگلەرنىڭ خوتۇنىنىڭ ئاتىلىشى.

خانىش ــ پادىشاھ ـ خانلارنىڭ خوتۇنى. * خانىكا ــ خان ـ پادىشاھلارنىڭ خوتۇنى. * خانچە ــ خاننىڭ خوتۇنى. * خانئاغىچە، ئومۇمەن، خانۇبەگلەرنىڭ خوتۇنى. * قاتۇن ــ ھون ـ تۈركلەردە

تەڭرىقۇت، خاقانلارنىڭ خوتۇنى.

خانىم ئاغىچا خېنىم بانۇم فۇچۇن ئاپپاق قۇشناچ ئىتىر

ئاياللارنىڭ ھۆرمەت نامى.

"خانىم" ئوقۇمۇشلۇق ئاياللارنىڭ ئاتىلىشى.

باشقىلىرى ئۆزىگە قارىغاندا ئېرىنىڭ ھۆرمىتىدىن شۇنداق ئاتىلىدۇ. مىساللاردىن قاراڭ. "ئاپپاق" قۇمۇل شېۋىسى.

كىشىگە قىلغان ئىزادىن خانىم بىزار. * قىرىق ئاغىچا ئاچتىن ئۆلۈپتۇ. * غوجامنىڭ ئالماسلىقىنى بىلىپ، خېنىم تەگمەس بوپتۇ.

ئايال: كۆلگە چۆكۈپ كەتكەن فۇچۇننى قۇتقۇزۇۋالغان سىزمۇ؟

يىگىت: ھەئە، بانۇم.

ئايال: ئەمىسە، ئۇنىڭ بىر پاي پەلىيى قېنى؟

* قۇشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللامنىڭ ئوت يېشى.

خاھىش مەيل راي

كۆڭۈل خالىغانلىق تۇيغۇسى.

بالىنى خاھىشىغا قويۇپ بەرسەڭ، ئاخىر ئوچىقىڭنى ئۆرەر. * مەيلىڭ بولسا مەيخانا، چىلىم بولسا سەيخانا. * قانۇن ھامان شاھنىڭ رايىغا باقار. * خەلقنىڭ رايى ــ ھەقىقەتنىڭ ئۆزى. * بۇ ئىشقا ھېچ رايىم يوق.

خائىن ئاسىي ساتقۇن ئازغۇن رىنىگات يۇدا غاددار

ۋەتەن ۋە مىللەتتىن يۈز ئۆرۈگەن ئىپلاس كىشى.

خائىندىن دائىم ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، دىل بىردەم خالىماس، نامىنى ئۇنۇت. * ئاسىيغا ئازاب ھالال. * ساتقۇننىڭ سالامىنى ئېلىك ئالما. * ئازغۇننى يەر يۇتسۇن. * قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت.

خائىنلىق قىلماق ئاسىيلىق قىلماق يۈز ئۆرۈمەك يۈزسىزلىك قىلماق

ۋەتەن ۋە مىللەتكە، دوستقا خىيانەت قىلماق.

مىللەتكە خائىنلىق قىلغاندىن چوڭ جىنايەت يوق. * ئاسىيلىق قىلغانغا ئۆلۈم راۋا. * يېڭى دوست تۇتساڭ كونا دوستتىن يۈز ئۆرۈمە. * پەندۇنەسىھەتتىن كىم ئۆرۈدى يۈز، زەخمىتى مىڭ بولار، پۇشايمانى يۈز. * دوستقا يۈزسىزلىك قىلغان كىشى ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ.

خەت مەكتۇپ نامە بىتىك

ھال-ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ھال ئەھۋال سوراپ، خەۋەر بېرىپ ياكى پىكىر ئېلىپ مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە يېزىلغان قەغەز؛ ھۆججەت.

خەت — ئەقلىنىڭ سۈرىتى. * خەت پۈتۈپ، نامە ئەۋەتتىم يارىم ساڭا، ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال، مەلۇم بولار ھالىم ساڭا. * فرانسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋولتېر ئۆمرىدە 21 مىڭ پارچە خەت-مەكتۇپ يازغان. ئۇ خەت يېزىش بويىچە دۇنيا چېمپىيونى. * ئامېرىكىلىق كالتەك توپ ماھىرى ھانك ھاللون بىر يىل ئىچىدە تاماشىبىنلاردىن 900 مىڭ پارچە خەت-مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ خەت تاپشۇرۇۋېلىش بويىچە دۇنيا چېمپىيونى. "مەكتۇپ" ئارخائىزىم بولۇپ قالدى.

خەتچى خەتكەش

كىشىلەرگە خەت-چەك، ئەرز-داد يېزىپ بېرىدىغان كىشى.

خەتچىگە سالام خەت يازدۇردۇم. * پوچتىخانا ئالدىدا خەتكەش بار.

خەتكۈچ خەلچەك غەجەپ

كىتاپ ئوقۇغاندا كەلگەن يەرنى بەلگە قىلىپ سېلىپ قويۇلىدىغان نەرسە.

«موللازەيدىن ھەققىدە قىسسە»نى ئوقۇپ كېلىپ، خەتكۈچ سېلىپ قويغانىدىم. ئەتىسى داۋاملاشتۇردۇم.

خەرىتە كارتا ئاتلاس گلوبۇس

يەر شارىنىڭ قەغەز، تاختا قاتارلىق تەكشى نەرسىلەرگە سىزىلغان تەسۋىرى. ئايرىم مەملىكەت، رايوننىڭمۇ خەرىتىسى بولىدۇ.

"ئاتلاس" خەرىتىلەر مەجمۇئەسى.

"گلوبۇس" مەخسۇس يەر شارى شەكلىدە ياسالغان.

دۇنيا خەرىتىسى؛ جۇڭگو خەرىتىسى؛ شىنجاڭ خەرىتىسى. * دۇنيانىڭ تەبىئىي خەرىتىسى؛ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي بۆلۈنۈش خەرىتىسى. * ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قاتناش خەرىتىسى. * ئەڭ بۇرۇنقى دۇنيا خەرىتىسى مىلادىدىن 600 يىل بۇرۇن بابىل-ئاسۇرىيىدە سىزىلغان. * مەكتىپىمىزدىكى ئاتلاستىن تولۇق پايدىلىنىمىز. * تۇرسۇن مۇئەللىم جۇغراپىيە دەرسىدە چوڭ گلوبۇسنى ئۇنتۇماي سىنىپقا ئەكىرىدۇ.

خەق كىشى

باشقا بىرىنى كۆرسىتىدۇ. "خەق" بەزىدە باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

خەقنىڭ ئاغزىغا قارىغان ئاچ قالار. * كىشىنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇپتۇ. * مەكتىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى شىفونىدىن كۆڭلەك كىيىپتۇ، خەقنىڭ يوق (مېنىڭ يوق).

خەلق ئەل بۇدۇن مەردۇم

بىرەر مەملىكەت، يەرنىڭ ئاھالىسى، ئادەملەر توپى.

خەلقنى خارلىغان بىلەن دوست بولغان ئۆزىمۇ خار بولار. * خەلقنىڭ ئوي-پىكرى يەردىنمۇ قېلىن. * ئەلنى يىغلاتقان كۈلمەس. * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونال بەينەلمىلەل

دۆلەتلەر ئارا، دۇنيادىكى دۆلەتلەر ئارا، شۇ دۆلەتلەرگە ئائىت.

خەلقئارا ۋەزىيەت؛ خەلقئارا رېيىرى؛ خەلقئارا ئۆلچەم بىرلىكى تۈزۈمى؛ خەلقئارا مېتىر تۈزۈمى؛ خەلقئارا ترانسكرىپسىيە؛ خەلقئارا جەمئىيەت؛ خەلقئارالىق مەسىلە. * ھازىر خەلقئارادا جىددىي ئۆزگىرىش ۋە قايتا تەشكىللىنىش بولۇۋاتىدۇ.

خەنجەر نەيزە نەشتەر قانئالغۇ بۆگدە بىنتىپالتا سۆگۈ

ئۇچلۇق، ئىككى بىسلىق، سانجىپ ئىشلىتىلىدىغان قورال، تىغ.

خەنجەر — قىسقا ساپلىق، يانغا ئېسىۋېلىشقا ئەپلىك.

نەيزە — ئۇزۇن ساپلىق، قولدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە لايىق.

نەشتەر — قىسقا بولىدۇ.

قانئالغۇ — نەشتەرگە ئوخشايدۇ، مىللىي تىبابەت ئىنستىرومىنتى.

قەلەم سوققان خەنجەر سوقماس. * نەيزىنىڭ ئۇرنى جەڭگاھ. * باشقىلارغا كۆتۈرمە نەيزە ئەسلا، ھەسەل بەرمىسەڭمۇ نەشتەر سانجىما.

خەۋەر دېرەك ئۇچۇر سىرتەق ئىنفورماتسىيە

ئادەم، نەرسە ياكى ۋەقە-ھادىسە توغرىسىدىكى مەلۇمات.

خەۋەر ھېچ ۋاقىت بولمايدۇ ئايانىدەك، گۇمان يولىماس كۆڭۈلگە چىن راۋاندەك. * ئادەمدە تەۋەززۇ ئەقلىدىن دېرەك، ئۇلۇغلۇق ھىممەتتىن تاپىدۇ سېزەك. * ھازىرقى زامان ئۇچۇر زامانى، ئۇچۇر ئالماي ئىش قىلماق تەس.

خەۋىرى بار خەۋەردار

بىلىدۇ، خەۋەر تاپقان.

ئۇ ئىشتىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار. * سەنىغۇ، ھەممىدىن خەۋەردار. بىلمەيدىغان ئىشىڭ يوق.

خەۋەر تاپماق خەۋەردار بولماق ۋاقىپ بولماق

خەۋەر-ئۇچۇرلارنى بىلمەك، ئاڭلىماق.

بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇش زۆرۈر. * ھەممىدىن خەۋەردار بولۇش تەس، لېكىن ئۆز ئىشىغا دائىر ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇشۇڭ لازىم. * يازغان خېتىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق.

خەۋەرسىز بىخەۋەر دېرەكسىز ئۇچۇرسىز خەۋىرى يوق

خەۋەر-ئۇچۇرلارنى بىلمەسلىك.

ئىلىم ۋە ھۈنەردىن خەۋەرسىز ئادەم بەخت ئىشىكىنى تاپالماس. * نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى، بەزىسىدىن بىز بىخەۋەر. * دوستۇم دېرەكسىز يوقالدى. * خەتتىن ئۇچۇرسىز قالدىم. * تەبىئىي پەندىن خەۋىرى يوق كىشى نۇقسانسىز شادلىقتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

خەۋپ خەتەر خېيىم-خەتەر ئاداتۇرا تۇدا

قورقۇنچلۇق ھالەت، زىيان-زەخمەت.

خەۋپ تۇغۇلسا، ئەقلىدىن ئازما. * خەتەر بولسا يادىڭدا، ياشايسەن

ئارامخۇدا. * خەتەردىن قورقىقان مۇۋەپپەقىيەت قازانماس. * خېيىم-خەتەر كۆز بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا.

خەۋپسىزلىك بىخەتەرلىك تۇداسىزلىق

خەۋپ-خەتەر يوقلۇق، خەۋپ كەلمەسلىك.

ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى قولتۇق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. * دوستنىڭ ياردىمى بىخەتەرلىك كۆۋرۈكى.

خەۋپلىك خەتەرلىك ئادالىغ

خەۋپ-خەتەرگە ئائىت.

ئۆز ئارزۇسىنىڭ قۇلى بولۇش خەۋپلىك. * قورقۇنچاقلىقا ھەممە يەر خەتەرلىك.

خەير ئېھسان خەيرىيەت ساخاۋەت سەدىقە سادىغا بۇشى

خالىس ياردەم، ياخشىلىق.

”بۇشى“ خەنزۇچە: 布施

ھىيلىلىك ئىشتا خەير يوق. * خەير-ئېھسان بار، خالتا يوق. * خەيرىيەت ئىشى — ئۇلۇغ ئىش. * بىر سائەتلىك ساخاۋەت مىڭ سائەتلىك ئىبادەتتىن ئەلا. * سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى.

خەيرلىك ساخاۋەتلىك

خەير-ئېھسانغا ئائىت.

خەيرلىك كېچە. * خەيرلىك ئىشقا شەيتان ئارىلىشىدۇ. * ساخاۋەتلىك ئادەم — سالامەت ئادەم.

خەيرىيەت خەيرىيەتكى بىر ياخشى

مودال سۆز: ئىش-ھەرىكەتتىن مەمنۇنىيەت ھىس قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

خەيرىيەت، بىز ئۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان ئىكەنمىز. * خەيرىيەتكى، ئىشىمىز ئۆز جايىدا كېتىۋاتىدۇ. * چوڭ جېدەل چىقىپتۇ، بىر ياخشىسى، ساقچىلار يېتىپ كەپتۇ.

خەيسىڭ قاراشوخا

تېنىدە شوخىسى بار، دېڭىزدا ياشايدىغان، گۆشلۈك ھايۋان. ئاغزى بىلەن كۆتى ئىككى ئۇچىدا بولىدۇ.

خەيسىڭ قىممەتلىك يېمەكلىك. ئوزۇقلۇق ماددىسى كۆپ.

خرىستىئان ناسارا

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ بىرى. ئەيسا ياراتقان دىن، مەزھەپلىرى كۆپ، ئىسلاھات يۈرگۈزگەنلىكتىن يېڭى دىن ئاتالغانلىرىمۇ بار.

خرىستىئان دىنى كلاسسىك ئەدەبىياتتا ”ناسارا“ دەپ ئاتىلىدۇ.

خوپ بوپتۇ زەپ بوپتۇ ياخشى بوپتۇ

شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى.

خوپ بوپتۇ، كىم ئۇنى جاھىللىق قىلسۇن دەپتىكەن!؟ * ئۇ مۇناپىق جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشۈپ زەپ بوپتۇ-دە. * ياخشى بوپتۇ، ئەمدى شۇنىڭ بىلەن بۇرنۇڭغا سۇ كىرسە ئەجەب ئەمەس.

خورەك دىماغ كىبىر جازا ھال

تەكەببۇرلۇققا دائىر.

خورىكى چوڭ. * خورىكى ئېگىز. * خورىكى ئۆسمەك. * خورىكىنى ئېلىپ قويماق. * خورىكى چوڭنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك. * دىمىغى ئۆسۈپ قاپتۇ. * دىمىغى ئېگىز تاشقا پۇتلىشار. * دىمىغى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر. * كىبىرىسى بار. * كىبىر قىلغان كېيىن قالار. * جازىسى بار. * جازىسى ئۈستۈن. * ئۇ جازىسى ئۈستۈن نېمە ئىكەن. * سەندە بار جازا، ئۇنىڭدىمۇ بار. * ئاۋۇ خوتۇننىڭ ھالىنى ئۆتۈكۈمنىڭ ئالىنى.

* ھالى چوڭ ھەممىدىن ئايرىلار. * ھالى بارنىڭ نازى بار.

خوش خوپ لەۋەي ماقۇل ئەۋەت ئۇۋا

مودال سۆز: ماقۇللۇقنى بىلدۈرىدۇ.

خوپ دېسەڭ ئۇتىسەن، ھوپ دېسەڭ يۇتىسەن. * ئالدىرىغاندا "لەۋەي" تېپىلماپتۇ. * ماقۇلغا جاۋاب يوق.

"خوش" دەپ تۇرماق "خوپ" دەپ تۇرماق

قۇللۇق قىلماق.

"خوش" دەپ تۇرغاننىڭ بېشى ئاغرىماس. *"خوپ" دېسەڭ قۇتۇلىسەن، "ياق" دېسەڭ تۇتۇلىسەن.

خوش خوش ئەمىسە خەير خەير خوش ئەلۋىدا

خوشلاشقاندا، سەپەرگە چىققاندا، ئايرىلىشتا ياخشى تىلەك بىلەن ئېيتىلىدۇ.

"ئەلۋىدا" كەتسە كەلمەيدىغان مەنىدە ئېيتىلىدۇ.

"خەير" قىسقا، بىر بوغۇملۇق ھەم ئەپلىك تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ياشلىق ئۆتتى، "خوش" دېگىنى يوق، قېرىلىق يەتتى، "توختا" دېگىنى يوق. * ھاراقتا "سالام" دېسەڭ، ئەقلىڭ "خوش ئەمسە" دە. * خەير بۇرادەرلەر، يەنە كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭلار! * خەير خوش، ئەزىز يۇرت.

خوش قېنى

قىستۇرما سۆز: جۈملە ئالدىدا كېلىپ، سۆزلىگۈچىنى سۆزلەپ بېرىشكە، تاماق يېيىشكە، ئىچكىلىك ئىچىشكە ئۈندەيدۇ.

— خوش، يەنە نېمە گەپلەر بار؟ * — قېنى، سۆزلە، قايسى كۈنى كەلدىڭ؟

خوشلاشماق خەيرلەشمەك

بىر-بىرىدىن "خوش" ئېيتىپ ئايرىلماق.

خوش بولمىسا، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دەپ قول ئۇزاتتى قاسىم. * ئۇلار كەچ سائەت ئونلاردا خەيرلەشتى.

خويمۇ زەپمۇ تولىمۇ بەكمۇ

رەۋىش: كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

خويمۇ سەنەم چالغۇم بار، پۇتۇم قوپال، قولۇم گال. * زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار. * تولىمۇ ئوبدان بالىكەنلا، پات-پات كەپ تۇرسىلا. * بەكمۇ ئوبدان كەپسەن، يوقىرى ئۆت.

خۇدا ئاللا ئاللاتائالا رەببى رەببانا ئىلاھ تەڭرى خالىق خەللاق ھەقتائالا ياراتقان ئىگەم

دىنىي چۈشەنچە بويىچە، دۇنيانى ياراتقان ۋە ئۇنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان زات، ئىسلام دىنىدا ئىلاھ.

خۇدا قارغۇغا قانداق قارىسا، قارىغۇمۇ خۇداغا شۇنداق قارايدۇ. * ئاللانىڭ ئالقىنىدىكىدىن باشقىنى سورىما. * ئاللاتائالا تۈلكىگە ئارسلاننىڭ ھەيۋىسىنى بەرمىگەي. * يا رەببى، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. * رەببانا بەرمىگەننى موللا نەدىن بىرەر. * ئىلاھا، تازغا تىرناق بەرمىگەيسەن. * تەڭرى گۆشنى چىشى يوققا بىرەر. * تەلۋە ئات مىنسە تەڭرىنى ئۇنتار. * ياخشىلىق قىل، بالىق بىلمىسە، خالىق بىلەر. * ھەقتائالا بەرمىگەننى باي بەرمەس. * ياراتقان ئىگەم، مەن ساڭا دوست، كەلگەن بالانى توس. * ياراتقان ئىگەم يار بولسا، يەر يۈزى ياۋ بولسىمۇ مەيلى.

خۇدا بۇيرۇسا خۇدا خالىسا خۇدا نېسىپ قىلسا

خۇدا ماقۇل كۆرسە، رۇخسەت بەرسە.

خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە بارىمەن. * بۇ ئىش تەس ئەمەس، خۇدا

خالسا، ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە تۈگەيدۇ. * خۇدا نېسىپ قىلسا، قورساق توق، كىيىم پۈتۈن كۈنلەرنىمۇ كۆرەرمىز، دەيتتۇق، هازىر بۇ كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىمىز.

خۇداغا ئامانەت خۇداغا تاپشۇردۇم

خوشلاشقا ئېيتىلىدۇ: خۇدا شۆز پاناهىدا ساقلىسۇن، خەۋپ - خەتەرگە ئۇچراتمىسۇن.

خوش بالام، خۇداغا ئامانەت! — دېيىشتى تۇرسۇننىڭ ئاتىسى، — ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز. * ماڭ ئەمدى، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم، خۇدا ئۆزى بار، — دېدى هاشىم.

خۇداغا شۈكۈر ئەلهەمدۇلىللا

خۇداغا تەشەككۈر، خۇداغا رەھمەت. قانائەت قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

خۇداغا شۈكۈر، هالى - كۈنىمىز يامان ئەمەس، ئوبدان كېتىۋاتىمىز. ئەلهەمدۇلىللا، ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كېلەرمەن.

خۇدا هەققى ۋاللاهى ئىللا - بىللا ئەزبىرايى خۇدا

خۇدا ئۈچۈن، خۇدا يولىدا.

خۇدا هەققى، راستىلا ئىشەنسىلە، بار - يوقى بىر قىزىم بار، — دەپتۇ جۇۋازچى يالۋۇرۇپ. * ئۇنداق بولسا، ۋاللاهى، ئەتە كېلىپ قالار. * بۇ گەپنى مەن دېمىدىم، ئىللا - بىللا مەن دېمىدىم. * ئەزبىرايى خۇدا، ئەگەر ماڭا چېقىلىدىغان بولساڭ، كالىلاڭنى ئېلىپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن.

خۇدا ئۇرسۇن نان ئۇرسۇن كالامۇللا ئۇرسۇن

ئاددىتىنكىچە قەسەم: جاجامنى يەي.

خۇدا ئۇرسۇن، مەن ئۇنى ئالدىمىدىم، — دەپتۇ قىز. * ئەگەر يالغان ئېيتقان بولسام، داستىخاندىكى نان ئۇرسۇن. * بۇنىڭدىن خەۋىرىم

يوق بىلمەيمەن، كالامۇللا ئۇرسۇن بىلمەيمەن.

خۇدراي گۇستاخ بىغەزەر

ئەدەبسىز، غەرەز ئۇقمايدىغان.

خۇدراي خۇدىنى يوقاتسا، خۇرجۇنىنى قالايدۇ. * گۇستاخ ئاخىر خەلق ئالدىدا مات بولىدۇ، گۇم بولىدۇ. * بىغەرەز پادىشاهتىن چوڭ.

خۇددى گويا گوياكى بەجايىكى بەئەينى

ئوخشىتىش مەنىسىدە كېلىپ، ئوخشىتىشنى كۈچەيتىدۇ.

خۇددى تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر قىزنى كۆردۈم. * ئۇ گويا هېچنېمە بولمىغاندەك تۇراتتى. * گوياكى جىمى ئالەم قاراپ تۇرغاندەك سېزىلدى ئۇنىڭغا. * ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي. * بۇ بالا بەئەينى ئانىسىغا ئوخشاپتۇ.

خۇدۇكسىنمەك خاۋاتىرلەنمەك

گۇمانلىنىش روهىي هالى.

خۇدۇكسىنمە، سەن توغرۇلۇق سۆز بولمىدى. * ئۇ تۈنۈگۈنكى ئىشتىن خاۋاتىرلىنىپ، بىئارام بولۇپ يۈرىدۇ.

خۇرۇچ دورا - دەرمان دورا - دەرمەك

ئاشقا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن سېلىنىدىغان نەرسىلەر.

خۇرۇچى بولمىسىمۇ تۈزى بار. * دورا - دەرمان كۆپ سېلىنىپ قالسا، تاماقتىن مەززە قالمايدۇ. * دورا - دەرمەك غىزاغا تەم كىرگۈزىدۇ.

خۇسۇسەن بولۇپمۇ ئايىنەقسا

باشقىلىرىغا قارىغاندا، باشقىلىرىغا كۆرە.

هەرخىل مېۋىلەر، خۇسۇسەن ئالما ئىنسانغا پايدىلىق. * تازىلىققا دىققەت قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە تازىلىققا دىققەت قىلىش ناهايىتى مۇهىم.

خۇش كەپسىز مەرھابا

كەلگەن مېھماننى كۈتۈۋالغاندا ئېيتىلىدۇ.

خۇش كەپسىز ئەزىز دوستۇم، ئۆيگە مەرھەمەت. * مەرھەبا، مەرھەبا، تۆرگە، تۆرگە چىقىسىلا.

خۇش خۇشال-خۇرام شاد خۇرسەن شادىمان ئۆگرۈنچ قۇۋانچ سۆيۈنچ

رازى ۋە مەمنۇنلىقتىن كۆڭۈل ئېچىلىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈلۈش ھالىتى.

"قىلماق، بولماق" بىلەن بىرلىشىدۇ.

بەختىڭنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم. * خۇشال بولغاندا، كۆزگە پالاكەت كۆرۈنمەس. * خۇشال-خۇرام ياشا، بەختىڭگە يارىشا. * ئۆزگىنى يېپىشتىن كىمىكى بولسا شاد، ئۇنى بۆرە دېگىن، دېمە ئادەمزات. * ئازغىنا ئىشىڭدىن بولما خۇرسەن، ئۇندىن چوڭنى كۆرۈسەن. * يامانلىق قىلىپ بولما شادىمان، جازاسىنى تارتىدۇ ئاخىر يامان.

خۇشلۇق خۇشاللىق خۇشال-خۇراملىق شادلىق خۇرسەنلىك مەڭگۈ ئۆگرۈنچلۈگ

رازى مەمنۇنلۇقتىن كۆڭۈل ئېچىلىش، كۆڭۈل كۆتۈرۈلۈش ھالىتى.

پۇل-مال كېتەر بوشلۇقتىن، پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن. * خۇشاللىق ئازابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، خۇشاللىق بار يەردە، خاپىلىقمۇ بار. * خۇشال-خۇراملىق جاپادىن كېلىدۇ، جاپا چېكىشتىن كەلگەن خۇشال-خۇراملىق ھەقىقىي بولىدۇ. * كۆڭۈل شادلىقىنى تىلەر، ئېغىز تاتلىقنى. * شادلىق — غەشلىكنىڭ ھەمشىرىسى. * خۇرسەنلىك — خورلۇقنىڭ يەمچۈكى.

خۇشامەت قىلماق كۈچۈكلەنمەك قۇيرۇق شىپاڭلاتماق يارانماق

بىراۋغا بىرەر تەمە بىلەن ھۆرمەت قىلماق، ئۇنى ئورۇنسىز ماختىماق، ئۇنىڭغا يېلىنماق.

خۇشامەت قىلغانغا قورساق تويماس. * خۇشامەت قىلالىغان ئادەم تۆھمەتمۇ قىلالايدۇ. * كۈچۈكلەنگەن دوست ئەمەس. * ھەي ئىنسان، قۇيرۇق شىپاڭلىتىش ئىتنىڭ ئىشى.

خۇمار كەيپ

ئادەتلىنىشتىن قاتتىق بېرىلىپ كېتىش.

كىچە سالقىن بولسىمۇ، ئالەم كۈندۈزگە خۇمار. * خوتۇنغا خۇمارنىڭ نېمە ئىشى، كالىغا تۇمارنىڭ نېمە ئىشى. * ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ ئەمدى تۇتتى خۇمارى. * كەيپكە بېرىلىش كەيپىياتنى بۇزىدۇ. * كەيپ زەئىپلىككە ئاپارىدۇ.

خۇنسا ئەركەكزەدەك

ھەم ئەرلىك، ھەم ئاياللىق بەلگىسى بولغان ئادەم.

"خۇنسا" يېزىق تىلىدا، "ئەركەكزەدەك" ئېغىز تىلىدا ئۇچرايدۇ.

ھازىرقى تىبابەت خۇنسانى تۈزەيدىكەن، تۇنۇگۈن ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىدىكى قىزنى بۈگۈن ئەرلەر كوماندىسىدا كۆردۈم. * ئەركەكزەدەك قىلىقسىزلىق قىلسا، يا ئۇ ئەمەس، يا بۇ.

خۇيى بار جۇدۇنى بار

يامان قىلىقلىق، قىلىقى، خۇيى ئەسكى.

خۇيى بار چوكاننىڭ ئۆي بولمىقى تەس. * ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق. قېرىنىڭ جۇدۇنى بار، ماغدۇرى يوق.

خېرىدار شاجا

سېتىۋالغۇچى؛ ئويۇن ئويناشقا ھەمراھ بولغۇچى.

خېرىدارنىڭ كۆزى بولسا، كاسىپ ئاچتىن ئۆلەر. * شاجا يوق، شاھمات ئوينىيالمىدىم.

خىتاب ئىتاب

ھاياجانلىق نىدا، چاقىرىق.

ئىشقتۇر ئەبەدىيلىك ئەۋجىدە ئاپتاپ، ھايات چىمەنىدە بەختتىن خىتاب. * ئاھ خۇدا، — ئۇ خۇداغا ئىتاپ قىلىپ، نېمىشقا مېنى بۇنداق ئىشق يولىغا سەپقويدۇڭ، — دېدى.

خىتابنامە مونىفېست دېكلوراتسىيە خارتىيە

تەشكىلات، دۆلەت ۋە شەخسنىڭ مەقسەت-مۇرادى، تەدبىر-ئىلاجى، ئوبيېكت-نىشانى، نەزەر-قاراشلىرىنى بىلدۈرۈپ چىقارغان باياناتى.

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» 1847-يىل 12-ئاي — 1848-يىل 1-ئايدا يېزىلغان. 1848-يىل 2-ئايدا بىرىنجى قېتىم كىتابچە شەكلىدە لوندۇندا نەشر قىلىنغان.

خىجىل خىجالەت

ئۇياتتىن كېلىپ چىققان ئوڭايسىزلىق تۇيغۇسى.

"بولماق"، "قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

خىجىل بولماي دېسەڭ، خاتا ئىش قىلما. * راست سۆزگە خىجالەت بولۇش يوق. * شۇنداق بىر ئىش تاللىۋال، شۇنداق ئەمگەك قىل، ئۆمرۈڭدە ئۇنىڭدىن خىجالەت بولما.

خىجىللىق خىجالەتچىلىك

خىجالەت — خىجىل بولۇش ھالىتى.

خىجىللىقتا قالماي دېسەڭ. نومۇسسىزلىق قىلما. * بارنىڭ خىجالەتچىلىكىدىن يوقنىڭ خىجالەتچىلىكى يامان.

خىراج ئولپان ۋېرگى

بېقىندى-مۇستەملىكە ئەللەر مېتروپولىيىگە ۋاقتى-قاراردا تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان سېلىق.

قارام ئەل خىراج تۆلەيدۇ. * بېقىندى دولەت ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر.

خىراجەت راسخوت چىقىم سەرپىيات

بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە سەرپ قىلىنىدىغان پۇل.

مائارىپ خىراجىتى يېتىشمەيۋاتىدۇيۇ، مېھمانخانا سېلىشقا ئېشىپ-تېشىپ ياتىدۇ. * ئىش راسخوتىنى تېجەش — دۆلەتنىڭ چاقىرىقى. چىقىمنى ئازايتىپ، كىرىم مەنبەسىنى ئېچىش مالىيىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىدا رول ئوينىندى. * سەرپىياتنى ئازايتىش ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى.

خىزمەتچى خادىم

بىرەر ئىدارە ياكى تەشكىلاتتا ئىشلەيدىغان كىشى.

دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە دىيانەتلىك بولۇش ئەڭ چوڭ شەرت بولۇشى كېرەك. * ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم.

د

داپ دۇمباق ناغرا بارابان توسۇك كۆرۈك

كەردىشكە ئاقلانغان تېرە تارتىلىپ، ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى.

"داپ" قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، باشقا چالغۇلارغا تەڭكەش قىلىنىدۇ.

"دۇمباق" يەرگە قويۇپ تاياق بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ.

"ناغرا" يەرگە قويۇپ جۈپ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، ناغرا ئاساسەن توي-تۆكۈن، ھېيت-ئايەملەردە چېلىنىدۇ، سۇناي تەڭكەش قىلىنىدۇ.

"بارابان" ھەربىي قوشۇن، پىئونېرلار ئەترىتى ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يۈرۈش قىلغاندا، جۈپ چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، كاناي تەڭكەش قىلىنىدۇ.

ئىككى نان تاپسا، بىرىنى داپ قىلىپ چالىدىغان. * دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق. * تويدىن كېيىن ناغرا. * بارابان باللارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ.

داجىماق چېكىنمەك

كەينىگە قايتماق.

ئالغا باسمىغان ئارقىغا داجىيدۇ. * چېكىنىش يېڭىلىش ئەمەس.

داد پەريات نالە پىغان

دەرد-ئەلەمدىن چىققان قاتتىق ئاۋاز، يىغى-زار.

دادىمنى ئېيتقۇچە، دەرمانىم قالمىدى. * كۆڭلى خوش نەدىن بىلسۇن پەرياتنى، دەرد تارتىپ كۆرمىگەن بىلمەيدۇ دەرتنى. * نالەم كۆككە يەتتى، خۇداغا يەتتى. * كىتاب بىلەن ياشىغان ئادەم مەڭگۈ پىغان چەكمەيدۇ.

دادلىماق زارلىماق

ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-جاپا، دەرد-ئەلەمگە چىدىماي، ئەرز-شىكايەت قىلماق؛ قاتتىق ۋارقىرىماق ۋە يىغلىماق.

ئۇ خوجايىنىدىن قاتتىق دادلىدى. * ئايشەمخان ئېرىدىن زارلاپ، جىق نالە قىلاتتى.

دادىل تۈرگۈن بەردەم تۇغۇش

ئىش-ھەرىكەتكە جۈرئەتلىك.

ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن دادىل بولۇش كېرەك. * تۈرسۇن تۈرگۈن يىگىت. * ئۇكام بەردەم بېرىپ ئىشلە.

داراڭلىماق تاراقلىماق

داراڭ-دۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق ئاۋاز چىقارماق.

قۇرۇق چېلەك داراڭلايدۇ، قۇرۇق ھارۋا تاراقلايدۇ.

دارىلمۇئەللىمىن سىفەن

ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ.

سابىق ئۆلكىلىك ئۈرۈمچى ئىككىنچى دارىلمۇئەللىمىن كۆپلىگەن تالانتلىق، ئىقتىدارلىق، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى، قابىلىيەتلىك كادىرلارنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ چىققان. * قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن نۇرغۇن ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈردى.

* مەن ئۈرۈمچى سەپىرىمدە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم شاكىر باتىسوۋ بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە خۇشال بولدۇم.

داس جاۋۇر

سۇيۇقلۇق ۋە يېمەكلىك ئۇسسىدىغان تۇۋۇقى ئويمان ئىدىش.

داس باشقا بولغىنى بىلەن مونچا بىر. * جاۋۇردا ئۇتىياش يۇدۇم.

داستان پوئېما ئېپوس

نەزمە ياكى نەسىر بىلەن يېزىلغان ھېكايە، قىسسە، رىۋايەت.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا نۇرغۇن داستانلار بار. «ئوغۇزنامە» داستانى ئەڭ قەدىمكى داستانىمىزدۇر. * قىرغىز خەلقىنىڭ «ماناس» ئېپوسى ناھايىتى چوڭ ھەجىملىك بولۇپ، دۇنيا بويىچە زور قەدىمىي ئېپوسلارنىڭ بىرى.

داستىخان سۇپرا تەرگى

چاي-تاماق تارتقاندا، ئاش يايغاندا سېلىنىدىغان رەخت ياكى پالاستىن قىلىنغان بۇيۇم.

داستىخان سالماق. * داستىخان ئېلىپ بارماق. * داستىخان كىرگۈزمەك. * داستىخان سالغۇچىلىكى يوق. * داستىخىنى كەڭ. * ئېتى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق.

داشۆ ئۇنىۋېرسىتېت

ئالىي بىلىم يۇرتى.

شىنجاڭ داشۆسى مەملىكەت بويىچە نوقتىلىق داشۆلەرنىڭ بىرى. * «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» گېزىتى خەۋەر قىلىدۇ: مەكتىپىنىڭ سابىق مۇدىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى 1991-يىل 28-سېنتەبىر كۈنى بۇ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەن.

دالان دەھلىز ئارىلىق كارىدور

چوڭ ئۆيگە كىرىش ئالدىدىكى كىچىك ئۆي.

دالاننى دائىم تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. * دەھلىزدە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ، دېدى مېھمان. * ئارىلىق ياز كۈنلىرى سالقىن بولىدۇ. * كارىدورنى سۈپۈرمەي، ئۆينى سۈپۈرگەننىڭ ئەمگىكى زايە، ئۆي يەنىلا پاسكىنا بولىدۇ.

داھىي يولباشچى سەرۋەر سەردار ئاغا لىدېر ئۇگە سۇۋچى قۇلابۇز يورچى يولچى

ئەقىل-پاراسەتتە ۋە خىزمەت ئىقتىدارى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئەل-يۇرتقا باشچىلىق قىلىدىغان ئەرباب.

داھىي دانا بولسۇن. * ئېشەك يولباشچى بولسا، ھەممىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. * قانائەتنى قولغا كىرگۈزسەڭ ئەي دىل، ئارام دۇنياسىدا ئۆزۈڭنى سەرۋەر بىل. * سەردار سەزگۈر بولسۇن. ئاغىسىز ئەل بولماس، ياقىسىز تون. * ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ لىدېرى ماجور ئەنگلىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى بولدى.

داۋا شىپا دەرمان ئىلاج ئەم تۇسۇ

كېسەلنىڭ ساقىيىشىغا قىلىنىدىغان ۋاستە، كېسەلنى ساقايتىدىغان نەرسە.

ئۆلۈمدىن باشقىغا داۋا بار. * دەردكە داۋا، رەنجكە شىپا. * ئاغرىقنى ئۆزۈڭ تاپساڭ، شىپاسىنى نەدىن ئالارسەن؟ * دەردكە دەرمان بول. * ئىلاجى يوق كېسەل يوق. * ئەمگەك كېسەلگە ئەم.

داۋالىماق ئەملىمەك ئىلاج قىلماق سەۋەب قىلماق

كېسەلنى ساقايتىش ئامالىنى قىلماق.

قورقۇنچاقنى خەۋپ-خەتەر بىلەن داۋالا. * ئەملىسەڭ، ئېپ بىلەن

ئەملە. * ئىلاج قىلساڭ، سۇنۇقمۇ ساقىيىدۇ. * تىرىكىدە سەۋەب قىل.

داۋامى ئاخىرى

ئىش-ھەرىكەت جەريانىنىڭ كېيىنكى تۈگەش قىسمى.

دوست دىدارىنى كۆرۈش شادلىق داۋامى، دوست بولمىسا نەدە يۈرەك ئارامى. * مۇناپىققا ھەمراھ بولسا ھەر ئىنسان، ئاخىرى جايى بولىدۇ زىندان.

داۋان ئارت كۆتەل

تاغ، توپىنىڭ ئۆتۈشكە بولىدىغان، ئەپلىك يېرى.

داۋاندا ئۇچرىغانغا سالام بەر. * بەدەلئارت ئۇچ بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى كۆتەل.

داۋراڭ چۇقان سۈرەن شوم

قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراش-جارقىراش.

بوراندىن قورقما، داۋراڭدىن قورق. * ئىش چۇقان بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن پۈتەر. * سۈرەن سالغانغا سۈرئەت ئىلگىرىلىمەس.

دائىم ھەمىشە ھەرقاچان ھەرۋاقىت ھەردەم ھامان ئۈرلۈگ تۈتچى

ھەممە ۋاقىت.

دائىم پەخەس بول، ھەرۋاقىت بوشاشما. * دىلىڭ ھېچ بولمىسۇن غەمكىن، غەش، خىرە، گۇناھتىن ۋۇجۇدۇڭ پاك تۇرسۇن ھەمىشە. * ياتقان نەرسە ئورنىدا، ھەرقاچان ئۆز قولۇڭدا. * قول ھەرۋاقىت گۇناھكار. * بىلىمىڭ ئاسمانغا يەتكەن بولسا ھەم، باشقىلار ئىلمىگە قۇلاق سال ھەردەم. * پاتقاقتىن خارراقتۇر جاھاندا نادان، بىرەر ياخشىلىقتىن خالىيدۇر ھامان.

دەپسەندە ئاياغ ئاستى پايمال

دەسسەپ-يانچىپ يوقاتماق، خارلىماق.

"قىلماق"، "بولماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى دەپسەندە قىلغانىدى. * ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلارنى قانۇن بويىچە جازاغا تارتىش لازىم. * پايمال بولماي دېسەڭ پاك بول.

دەپنە قىلماق كۆممەك

جەسەتنى يەرلىككە قويماق.

مەرھۇم ئابلىز مۇھەممەدى ئىنقىلابىي قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. * ئۆلۈشكە قاراپ كۆمۈش.

دەججال يالماۋۇز

چۆچەكلەردە كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم سالىدىغان سەلبىي ئوبراز.

دەججالنىڭ توقۇمى پۈتمەس، زۇلمى تۈگىمەس. * يالماۋۇزدىن قورقما، يالماۋۇز نىيەتلىك كىشىدىن قورق. * يەتتە باشلىق يالماۋۇز قىزنىڭ تاپىنىدىن قېنىنى شورايدىكەن.

دەرد ئەلەم دەرد-ئەلەم كۆپۈك

كىشىنىڭ پىكرى-خىيالىنى چاچقان روھىي ئازاب، قىيىن-قىستاق.

كۆرمەيىن باستىم تىكەننى، تارتادۇرمەن دەردىنى، كۆرسەم ئەردىم، باسماس ئەردىم، تارتماس ئەردىم دەردىنى. * ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم، ئەلەم ئەمەس، بەختىكە قويىدۇ قەدەم. * دەرد-ئەلەملەر كېلىدۇ، ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا، سايىدا تۈگمەن چۆرگىلەر كۆزدىن ئاققان ياشىغا.

دەرس ساۋاق

مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ بۆلەكلىرى.

دەرسلىك، دەرس ۋاقتى، دەرس تېكىستى. * دەرس تەكرارلىمىساڭ، دەرد بولىدۇ. * ھاياتنى ئۆتكۈزسە ئۆگىنىپ ساۋاق، ئۇستىمۇ، شاگىرتمۇ خۇشال ھەممە ۋاق.

دەرگۇمان بولماق بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەسلىك

گۇمانلانغانمۇ ئەمەس، ئىشەنگەنمۇ ئەمەس ھالەت.

دەرگۇمان بولۇش ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىق تېپىش. * ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمەتكە تەيىنلانغانلىقىغا بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي يۈردى.

دەرھال دەرمەھەل دەررۇ تېزدىن شۇ ئان شاق-شۇق ئالمان-تالمان

ناھايىتى تېز پۇرسەت ئىچىدە.

يالغان قۇيرۇق دەرھال ئۈزۈلىدۇ. * ھەقىقەت يېقىنلاشسا، سەپسەتە دەرھەل قاچار. * دەررۇ بېرىپ، دەررۇ كەل. * كېسەلنى كېچىكتۈرمە، تېزدىن داۋالا. * بارغىن، شۇ ئان قايتقىن. * ئىش دېگەننى شاق-شۇق بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىم. * ئالمان-تالمان قىلغان ئىشتىن چاتاق چىقماي قالمايدۇ.

دەريا سۇ ئۆزەن مۆرەن نەھىر ئۆگۈز

تەبىئىي زور سۇ ئېقىمى، چوڭ سۇ ئاقىدىغان يەر.

دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي كەلمەك. * سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما. * ھەر ئۆزەننىڭ ئۆز يۆنىلىشى بار. * مۆرەن مەڭگۈ توختىماس. * قەترە-قەترە ئۇستىگە جەم بولسا، ئۇ بولغاي نەھىر، نەھىر ئۇستىگە نەھىر كەلسە، بولار دېڭىز ئاخىر. * توشقان ئۆگۈز ئۈچتا.

دەز چاك تو

بىرەر تاشقى تەسىردىن يېرىلىپ كەتكەن چىزىق.

قەرزى بارنىڭ يۈرىكىدە دەزى بار. * دەز كەتكەن قوڭغۇراق جىرىڭلىماس. * گەر كىشى ئىش قىلسا بىئەقىل-ئىدراك، قىلمىشىدىن بولىدۇ يۈرەك-باغرى چاك. * چاپانلىقا گەپ قىلسام، جۇۋىلىقا تو كەتتى.

دەزمال ئۈتۈك

قىزدۇرۇپ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ قاتلاق، پۈرلاقلىرىنى تۈزەيدىغان ئەسۋاب.

تىككۈچى كەم قىلىدۇ، دەزمال تەڭ قىلىدۇ. * «تۈركىي تىللار دىۋانى» بەرگەن مەلۇمات: ئۇيغۇرلار مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ئۈتۈك ئىشلەتكەن.

دەستەك تۇتقۇ

ئاساس قىلىشقا بولىدىغان نەرسە.

ئۆتكەندە بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئىشنى دەستەك قىلىپ، كىشىگە زەربە بېرىش رەزىللىك. * "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقۇ قىلىش" خېلى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى.

دەسمال يۇغۇچ جامبۇ

چىنە-قاچا، قازان-چۆمۈچلەرنى يۇيۇشتا، ئېرتىشتا ئىشلىتىلىدىغان لاتا.

بەڭگى جىلە بولسا، ناسۋال يەيدۇ، مەست جىلە بولسا، دەسمال يەيدۇ. * يۇغۇچۇڭ تازا، قازىنىڭ تازا. جامبۇسىغا قاراپ، ئاشپەزىگە باھا بەر.

دەسمايە بىكچەن

سودا-سېتىققا سېلىنغان مەبلەغ.

دەسمايە غالتەككە چىقتى. * بىكچەن كۆپ بولسا، سودا چوڭ بولىدۇ.

دەقىيانۇسنىڭ زامانى ئەلمىساق ئاتام زامان تەيپۇنەمنىڭ ۋاقتى

يىراق قەدىمكى زاماننى كۆرسىتىدۇ، ئېنىق بۆلگەن ۋاقتى يوق.

* دەقىيانۇسنىڭ زامانىدا بولغان ئىش. * پىتنەر-پاسات ئەلمىساقتىن تارتىپ بار. * ئاتام زاماندىن قالغان قورامساقنى ئەمدى تاشلا. * تەيپۇنەمنىڭ ۋاقتىدىكى گەپنى هازىر قىلىۋاتقىنىنى!

دەككە دەشنام زەربە سوققا داۋا دوق پەشۋا تېپىك پەچمە يېزەك

نالايىق ئىش-هەرىكەتلەرگە قارىتا ئېيتىلىدىغان قاتتىق ۋە ئاچچىق سۆز، تەنبىھ.

دەردمەنگە دەككە بەرمە. * دەشنام يېگىنىم — بەش نان يېگىنىم. * بىرىنچى زەربە ئۇرۇشنىڭ يېرىمىغا تەڭ. * قاتتىق سوققا تەلۋىنى تۈزەيدۇ. * داۋىخورنىڭ داۋىسىنى بەر. * هۇرۇن دوق يەيدۇ، باتۇر ئوق. * يۇرتىغا ئىشەنگەن پەشۋا يېمەس. *. قىلغىنىغا يارىشا تېپىك يېدى.

دەللال بېدىك

سودا-سېتىقتا ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئارىسىدا ۋاستە بولۇپ كېلىشتۈرگۈچى.

سۆزنىڭ ئۇزۇنى دەللالغا كېرەك. * بېدىكنىڭ دەسمايىسى يالغانچىلىق.

دەللە تاسمىچى

خوتۇن-قىزلارنى بۇزۇقلۇققا باشلىغۇچى.

ئۆيۈڭگە يولاتما قېرى دەللىنى، كىرىپ-چىقىپ بۇزىدۇ پەللىنى. * تاسمىچى ئەسكىلىكنىڭ بېشى.

دەلىل ئىسپات

ئىش-هەرىكەتنىڭ توغرىلىقىنى ئەستىقلايدىغان پاكىت.

شەيتانغا كېرەك بولسا قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرەر. * گەپكە ئۇستىلىق ھەقىقىي بىلىملىكنىڭ ئىسپاتى بولماس.

دەلىللىمەك ئىسپاتلىماق

پاكىت كۆرسىتىپ، ئىش-هەرىكەتلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئاساسلىماق.

ئىش بىلەن دەلىللىمىسەڭ، ئۇلۇغ سۆزۈڭ قۇرۇق گەپ. * خەلق گۇمانلانغان ئىشنى ئىسپاتلاشنىڭ هاجىتى يوق. * سۆزلىمىسەڭ سەندە كىمنىڭ ئىشى بار، دېدىڭمۇ دادىل ئېيت، ئىسپاتلا تەكرار.

دەم I تىركەك تاقاق غول غورۇ كىلتاڭ

ئىشىك، دارۋازىلارنى ئىچىدىن ئېتىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

ساڭا قاراپ مەن، ئىشىككە قاراپ دەم. * تىركەك كېرەك، تىرتەك لازىم ئەمەس. * تاقاقنى تاقا، خاتىرجەم ئۇخلا. * غول ساڭا ئوڭ قول. * ئىشىكنى ئاچار، ئارقىغا قاچار، ئۇ نېمە؟ (غورۇ، كىلتاڭ)

دم II ئارام هاردۇق

هارغىنلىقتىن كېيىن، ئىش-هەرىكەتنى توختىتىپ، هاردۇقنى چىقارماق.

”ئالماق“ بلەن پېئىللىشدۇ.

دەم ئېلشنى بلمگەن خزمەت قلشنى بلمەيدۇ. * ئارام ئېلش تېخمۇ ياخشى ئشلەش ئۈچۈندۇر. * ھاردۇق ئالماق كۈچ يغماقتۇر.

دەۋا دەستەر ئەرز شكايەت

ئۆزنىڭ ھەق-ھوقۇقنى قوغداپ، ئەدلىيە ئورۇنلرىغا قويغان تەلەپ.

ئالتۇن چرىماس، دەۋا قېرىماس. * تۇغمەن سۇ بلەن چۆگلەر، دەۋا پۇل بلەن. * ئۆزۈم تاپقان بالاغا، قايدا باراي دەۋاغا. * دەستەر دەرمانىنى كەتكۈزەر. * ئەمەلدار قەرزدار بولسا، ئەرزڭنى خۇدا سورىسۇن. * شكايەت قلساڭ، تاپقىنڭغا شۈكۈر قل.

دەۋالاشماق سوتلاشماق

سوت ئورۇنلرىغا ئەرز ئېيتىپ، ئىشنى ھەققە چقىرىشقا ئۇرۇنماق.

باي بلەن دەۋالاشما، باتۇر بلەن چېلىشما. * ئاساسىڭ بولسا سوتلاش، بولمسا جم يات.

دەۋەت ئۈندەك دالالەت

بىر ئىش-ھەرىكەتكە باشلاش.

ھەققە دەۋەت، ناھەققە دەككە. * مۇھەببەت قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە ئۈندەك بولىدۇ. * بلمگە دالالەت قلغاننى دوستۇم دە.

دوپپا بۆك تەقىيە

ئەستەرلىك، پىلتە ئۆتكۈزۈپ، سىيرىپ تىكىلگەن باش كىيىمى، تۈرى كۆپ، گۈللۈك، سىدام، ھەر خل بولىدۇ.

دوپپىغا پاتقان بېشىم جاھانغا پاتمىدى. * كېلىننى كەلگەندە كۆر، بۆكنى كىيگەندە. * تەقىيىدە ياماق بولماس، ياخشىدا دىماق.

دوختۇر تېۋىپ ئەمچى ھېكىم ئاتاساغۇن مىدىك

كېسەللەرنى داۋالىغۇچى كىشى.

دوختۇرغا يۇرتنىڭ ھەممىسى دوست. * تېۋىپ قانچە سلىق بولسا، قولى شۇنچە شىپالىق بولار. * كۆپ ئاغرىغان ئەمچى بولار، كۆپ يۈرگەن يولچى. * تېۋىپنىڭ ھەممىسى لوقمان ھېكىم ئەمەس.

دوختۇرخانا شىپاخانا خەستەخانا كېسەلخانا بالنىتسا ئامبۇلاتورىيە

كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئورۇن.

ئۈرۈمچىدە ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ دوختۇرخانىلىرىدىن باشقا سەككىز چوڭ دوختۇرخانا بار. * شەرقىي ئۆستەڭ شىپاخانىسى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. * تەڭرىتاغ رايونى خەستەخانىسى قۇرۇلۇشى باشلاندى. * نۇرغۇن يېزىلاردا كېسەلخانا قۇرۇلدى. * 2-دوختۇرخانىنىڭ بالنىتسا بىناسى ياخشى سېلىنغان.

دورا ئوت

كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ماددا.

يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا. * نېمە ئانچە ئاچچىقسەن؟ — دەپ سوراشتى كۆكتاشتىن. — مەن دورىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى كۆكتاش. * دورا بلەن جان باققىلى بولماس. * ئاچلىق ئەڭ ياخشى دورا، ھارغىنلىق ئەڭ ياخشى ياستۇق.

دورىخانا ئاپتېكا

دورا تەييارلايدىغان ۋە دورا ساتىدىغان ئورۇن.

ئۈرۈمچىدە دورىخانىلار كۆپ. * 1-دوختۇرخانىنىڭ ئاپتېكىسى ياخشى.

دورامچۇق تەقلىدچى

باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى دورايدىغان، دوراشقا ئۇستا.

دورامچۇقنىڭ ئاغزى پۇچۇق. * كور بولمىساڭ، كۆرمىگەنگە قۇلاق سالما، ئىسپات ئىزدەپ تەقلىدچىگە ئوخشاپ قالما.

دورامچىلىق تەقلىدچىلىق

دوراش، تەقلىد قىلىش ئىشى.

دورامچىلىقنى دوغا تىك. * تەقلىدچىلىك ئىجادىيەتتە ئوبدان ئۇسۇل ئەمەس.

دورىماق تەقلىد قىلماق

تەييار بىر ئىش-ھەرىكەتكە ئوخشىتىپ ئىشلىمەك.

ئوغۇل ئاتىنى دورايدۇ، قىز ئانىنى. * مال ئىگىسىنى دورىسا ھارام. * تەقلىد قىلىنغان ئەسەرنى ئىجادىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. * بىرەر قورال-سايمانىنى باشقا قورال-سايمانغا تەقلىد قىلىپ ياساشقا بولىدۇ.

دورغا يايى

كونا چاغلاردىكى ھۆكۈمەتنىڭ، يەنى يامۇلنىڭ مۇلازىملىرى.

دورغا نەدە بولسا، غوۋغا شۇ يەردە. * بېگىم چىقتى ئوردىسىدىن، قورقۇپ كەتتىم دورغىسىدىن. * يامۇلنى تېشىپ قويۇپ، ئىككى چىقتىم تالاغا، مېنى باققان بەش يايى ئەمدى قالدى بالاغا.

دورىگەر ھەتتار پورماتىسپ ئوتاچى

دورا تەييارلايدىغان مۇتەخەسسىس.

"ھەتتار" كۆپىنچە دورا سېتىقچىلىقى قىلىدىغان كىشىگە قارىتىلىدۇ.

دورىگەرنىڭ دورىسى — جاننىڭ ئارامى. * شەھەردە خۇسۇسىي دورىخانا ئاچقان ھەتتار خېلى كۆپەيدى. * شىنجاڭ يېشۈيۈەندە پورماتىسپلار تەييارلايدىغان سىنىپ بار.

دوزاخ جەھەننەم قامۇغ تامۇ تىنلىغ

دىنىي چۈشەنچە بويىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، گۇناھكارلارنىڭ روھى مەڭگۈ ئازاب چېكىدىغان يەر؛ شۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ دۇنيادىكى پاجىئەلىك، زۇلمەتلىك تۇرمۇش مۇھىتى تەمسىل قىلىنىدۇ.

دوزاخنى كۆرگەن جەننەتنى ئۇنتۇماس. * ئاغزى كۆيمىسە دوزاخنىمۇ يۇتۇۋېتىدىغان. * جەھەننەمگە ئۆگەنگەن كۆڭۈل بېھىشكە كۆنمەپتۇ.

دوست ئاداش بۇرادەر ئاغىنە ئۆڭگە ساغىندىچ ئىش

بىر تۇغقان قېرىنداشتەك يېقىن.

"دوست"نىڭ دائىرىسى كەڭ، شەخسلەر ئارا بولۇپلا قالماستىن، باشقا جەھەتلەردىمۇ بولىدۇ.

"دوست"، "ئاداش" بىر جىنسكە خاس، ئىككى جىنس ئارا بىر-بىرىگە دېيىلمەيدۇ. "بولماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

"بۇرادەر"، "ئاغىنە"، "ئۆڭگە" ئەر-ئوغۇللار ئارا دېيىلىدۇ؛ خوتۇن-قىزلار ئارا دېيىلمەيدۇ.

مىڭ دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپ. * دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن. * ئاداش، ئاداش بولايلى، بىرنىمە تاپساق تەڭ يەيلى. * بۇرادىرىڭ ساپ بولسا، تاشلىقتا ئات بولسا. * ئاغىنەڭ ساق بولسا، قولۇڭ كۆيمەس. * مىسلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، ئۆڭگەڭ مىڭغا يەتسۇن.

دوستلۇق بۇرادەرلىك ئاغىنىدارچىلىق

يارۇبۇرادەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت، راۋىتە، مۇناسىۋەت.

"بۇرادەرلىك، ئاغىنىدارچىلىق" ئەرلەر ئارا بولىدۇ.

دوست ئۆلەر، دوستلۇق ئۆلمەس. * دوستلۇقنىڭ تېگى راستلىق. * بۇرادەرلىك ئەڭ ئېسىل خىسلەت. * ئاغىنىدارچىلىق قىل، ئاغىنەڭدىن ئايرىلما.

دوغاپ دوغ راخاپ جۇلاپ

سۇغا قېتىق، سۈزمە، شىرنى قوشۇپ چېيقىلغان ئۇششاق مۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان ئۇسسۇلۇق.

"دوغاپ"، "دوغ" قېتىقتىن، "راخاپ"، "جۇلاپ" شىرنىدىن تەييارلانغان.

قەشقەرنىڭ دوغىپى ياخشى بولىدۇ. * داغ سۇدا قىلىنغان دوغنى ئىچىشتىن ئېھتىيات قىل. * راخاپنى رايىڭغا بېقىپ ئىچ. * جۇلاپنى بىريولى كۆپ ئىچىش زىيانلىق.

دوغاپچى راخاپچى

دوغاپ-راخاپ ئەتكۈچى ۋە ساتقۇچى.

دوغچى ئاپتاپ تىلىسە، تاڭگاچىنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ. * راخاپچى مۇزنى ماختايدۇ.

دوك دۈمچەك

دۈمبىسى دۈمچەيگەن.

دوك ئەر توكۇر خوتۇندىن كۈلۈپتۇ. * دۈمچەك گۆرگە كىرگەندە تۈزىلەر.

دوكلات مەلۇمات راپورت

ئەھۋال ۋە ماتېرىيالنى يۇقىرىغا، باشلىققا ياكى ئاممىغا مەلۇم قىلىش.

"راپورت" ئادەتتە قوشۇنلاردىلا ئىشلىتىلىدۇ.

سۇڭ خەنلياڭ شۇجى جياڭ زېمىن باش شۇجىغا شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. * خىزمەت گۇرۇپپىسى يېزىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا مەلۇمات ئالدى. * جەڭچى كوماندىرغا راپورت بەردى.

دوكلات مەرۇزە ۋەز خۇتبە

بىرەر مەسىلە ئۈستىدە كۆپچىلىككە سۆزلەنگەن نۇتۇق.

"دوكلات" كەڭ قوللىنىلىدۇ.

"مەرۇزە" ئىستېمالدىن قالدى.

"ۋەز" سەلبىي مەنە ئەپقالدى.

"خۇتبە" خاتىپ جۈمەدە ئوقۇيدىغان چۈشىنىكسىز ئەرەبچە سۆز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بولۇمى دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزدى. * بۆلۈم باشلىقى ئېقىم مەسىلىسى ئۈستىدە دوكلات بەردى. * ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنىڭ 1949-يىلى مايدا ئىلىدا ئىتتىپاق ئاكتىپلىرى يىغىنىدا بەرگەن «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىلىرىمىز» دېگەن مەرۇزىسى ئۆز ۋاقتىدا چوڭ تەسىر قوزغىغان. * تۆلكە ۋەز ئېيتسا، توخۇ ئوبدان ئويلانسۇن. * جامەدە جۈمە نامىزىدىن كېيىن خاتىپ خۇتبە ئوقۇدى.

دولقۇن مەۋج ئۆركەش چايقاق قۇم

دېڭىز-ئوكيان، كۆل-دەريالاردا كۆتۈرۈلۈپ-پەسىيىپ تۇرغان سۇ يۈزى.

"چايقاق" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ھەقىقەت ئوت ئىچىدە كۆيمەس، دولقۇنىدىمۇ غەرق بولماس. * دولقۇنى يوق دېڭىز بولماس. * سايرام كۆلى مەۋج ئۇرغاندا، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ. * ئۆركەش يېرىپ ئۈزگەندىلا، سۇنىڭ مەنبەسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

دۇئا تىلاۋەت دۇئا-تىلاۋەت دۇرۇد

ئايەت ياكى ئەپسۇن ئوقۇپ قىلىنىغان تىلەك ۋە شۇنداق ھەرىكەت.

ئاتا-ئانا دۇئاسى ئوتقا-سۇغا پاتۇرماس. * ئىت دۇئاسى قوبۇل بولسا، ئاسماندىن ئەت ياغار ئىدى. * تىلاۋەت قىلدىم، تاپالمىدىم راھەت. * بالام ئاللادىن سېنىڭ تىنچ-ئامانلىقىڭنى تىلەپ، دائىم دۇئا-تىلاۋەت قىلىپ تۇرىمەن. * دورۇد دۇنيا بەرمەس.

دۇئاخان دۇئاگۆي

تىلەكلەر تىلەپ خۇداغا يېلىنىپ دۇئا قىلغۇچى.

دۇئاخان دۇئادىن تىلىكىگە يەتسە، ھەرگىز دۇئاخان بولماس ئىدى. * ئاخۇنۇم دۇئاگۆي، ئالدىغا سەدىقە قوي.

دۇبۇلغا ساۋۇت بارىق تۇغلۇغا

جەڭچىلەر جەڭدە كىيىپ، بېشى ۋە تېنىنى قوغدايدىغان ئاسرايدىغان مېتال كىيىم، قالپاق.

بىر كاتتا لەشكەر باشلىقىنىڭ دوبۇلغا، ساۋۇت كىيىپ تۇرغانلىقى سىزىلغان رەسىم كۆرگەزمىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى.

دۇچ كەلمەك دۇچار بولماق ئۇچرىماق

يۈزمۇيۈز كەلمەك.

دۇچ كەلسەڭ قايتۇرالماس بالا-قازا، يۈزمۇيۈز تۇر، دۈمبەڭنى

كۆرسەتمە ئەسلا. * دۇچار بولساڭ يولۋاسقا، بەل باغلىشىن قايتماسقا. * پالاكەتكە ئۇچرىماي دېسەڭ، ئاغزىڭنى يىغ، تىلىڭنى تارت.

دۇدۇقلىماق تىلىنى چايناماق

سۆزنى ئېنىق سۆزلىيەلمەسلىك.

نېمە دۇدۇقلايسەن، گېپىڭ بولسا ئېنىق ئېيتمامسەن؟ * ئۇ تىلىنى چايناپ گەپ قىلالماي قالدى.

دۇدۇلانماق تۇتۇلۇپ قالماق ئالا كۆچۈكلىرى كەلمەك

خۇيلىنىپ، خاپا بولۇپ قالماق.

دۇدۇلانسا، كارىڭ بولمىسۇن، تۈزىلىپ قالىدۇ. * خان قىز بىردەمدىلا تۇتۇلۇپ قالدى. * ئايىمقىزنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كەپقاپتۇ.

دۇربۇن بىنوكىل تېلېسكوپ

يىراقتىكى نەرسىنى يېقىن قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەسۋاب.

كوماندىر دۇربۇن بىلەن يىراقلارغا قاراپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. * بىنوكىل ھەربىي ئىشتا بەك مۇھىم. * تېلېسكوپتا ئاسمان جىسىملىرى كۆزىتىلىدۇ.

دۇكان ماگىزىن

مال ساتىدىغان ئورۇن.

ياخشى مال دۇكاندا تۇرماس. * دۇكىنىمغا كىرىۋەر، مېلىمغا تەگمە. * "دوستلۇق" ماگىزىنى — ئۈرۈمچىدە ئەڭ چوڭ ماگىزىن. * تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرىدا ھازىر نېمە دېسەڭ، شۇ تېپىلىدۇ. * — دادىسى، — دەپتۇ ئايالى، — سىز بىلەن بىللە چىقسام، ماگىزىنلارغا كىرگۈم كېلىدۇ. * — ئانىسى، — دەپتۇ ئېرى، — ماگىزىنلارنى ئويلىسام، سىز بىلەن بىللە چىققۇم كەلمەيدۇ.

دۇنيا ئالدىم جاھان يەر يۈزى 18 مىڭ ئالەم يەتتە ئىقلىم ئاجۇن(ئاژۇن، ئاچۇن) يىرسۇۋ

ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان پۈتۈن مەۋجۇدات، يەر شارى ئۈستىدىكى ھەممە يەر.

دۇنيا قاراش؛ ھايۋانات دۇنياسى؛ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى؛ دۇنيا تىلى؛ تەركىدۇنيا؛ بىۋاپا دۇنيا. * ئالەم كېمىسى؛ ئالەمنى مالەم قىلماق؛ ئالەم كەزمەك. * بۇ ئالەم — ئۇزۇن ئالەم. * مەندە بار، سەندە بار، ئالەمدە يوق، بۇ نېمە؟ (— چېكىت). ئالما ساتقىلى چىقسام، قىزىلىنى تاللايدۇ، ئالەمدە كىشى يوقتەك، كۆڭلۈم سىزنى خالايدۇ. * جاھان تۇتماق؛ جاھاندا بىر؛ جاھاندارچىلىق قىلماق؛ جاھان سورىماق؛ جاھانكەزدى؛ جاھانغا پاتماسلىق؛ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالماق؛ جاھان تەكشى ئەمەس؛ جاھاننىڭ كارى چاغلىق. * يەر يۈزىدىن ئەقىل يوقىلىپ كەتسىمۇ ھېچكىم ئۆزىنى نادان دېمەيدۇ، نادان. * يەر يۈزىدىكى دەرەخ زاتىنى شامال ئىرغىتار. * ھەممىدىن كۆڭۈل ئىتتىك بىردەمنىڭ ئىچىدە 18 مىڭ ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ. * يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ چىقتىم، كۆڭلۈمگە يارىغۇدەك مەھبۇب تاپالمىدىم، دېدى يىگىت. * بۇنداق چىرايلىق قىز يەتتە ئىقلىمدا يوق.

دۇنيا قاراش كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

دۇنيا ۋە تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي قاراش.

تۇرمۇشتا ئېنىق دۇنيا قاراش بولمىسا، تۇرمۇش بىر خىل يۈك بولۇپ قالىدۇ. * شاد-خۇراملىققا ئىنتىلىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىلا تەبىئىي، چىن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدۇر.

دۇنياۋى ئالەمشۇمۇل يەرتىنچىلىك

دۇنيا مىقياسىدا، ئالەم دائىرىلىك.

بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىز دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. * بىزنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان مەسلىكىمىز ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتتۇر.

دۆت كالۋا گالۋاڭ لەقۋا گالىزاڭ گاراڭ كومىشا دېۋەڭ مەتۇ گول دەلتە گاراھ ئاڭكاۋ پاڭقۇش ھاڭۋاقتى خامۇش خاراموش پوشۇلۇ لەللە لەلشو قاپاقباش سامانقورساق پوققورساق مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان قىچىشقان يەرنى تاتىلايدىغان ئاشپەزگە پۇل بېرىپ نانۋايغا قارايدىغان ئاغزىڭ قېنى دېسە، بۇرنىنى كۆرسىتىدىغان بېشى قىچىشسا، پۇتىنى تاتىلايدىغان تاغدىن سورىسا، باغدىن جاۋاب بېرىدىغان

ئەقلى كوچى ئاجىز، تولۇق يېتىلمىگەن، توغرا پىكىر قىلالمايدىغان.

بۇ يەردىكى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردىن "قاپاقباش، سامانقورساق، پوققورساق"لارنىڭ بىلىمسىز، نادانلىقتىن "دۆت"لۇكنى كۆرسىتىدۇ؛ قالغانلىرى كۆپىنچە جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. پېئىل ھالىتىدە جۈملە بۆلەكلىرى بولۇپ كېلىدۇ: ئۇ، سەندىن قاچان كەلدىڭ دەپ، سوراۋاتىدۇ، سەن تاغدىن سورىسا، باغدىن جاۋاب بېرىۋاتىسەنغۇ دېگەندەك.

كالۋا مەسچىتنىمۇ تاماق يەر. * كالۋاڭنىڭ بېشى زىيادە. * گالۋاڭغا ئالۋاڭ يوق. * راھەتكە بېرىلگەن ئۆگەنمەس، لەقۋا بولار. * ئەلنىڭ جېنى چىقسا، گالىزاڭنىڭ كۈلكىسى كېلەر. * ئاقىلنىڭ ئىشى تۈگىمەس، گاراڭنىڭ غېمى. * كومشانىڭ كۈن كۆرۈشى تەس. * دېۋەڭگە تاياق دېۋەيلىمە، ئۇرۇنسىز. * مەتۇ مېھراسقا سىيىدۇ. * گول ئاسان ئادىشىدۇ. * دەلتە دەردىنى بىلمەيدۇ. * گاراھ گاستا

يولۇقسا ئىش بۇزۇلىدۇ. * ئاڭقاۋ ئالمىغا ئامراقمىش. * پاڭقۇش پايخانىدا قالىدۇ. * ھاڭۋاقتىغا ھارامزادە ئامراق. * ھاڭۋاقتىنىڭ ھالى خاراب. * خامۇش ئاشنى خام يەيدۇ. * خاراموش خارلانمىسۇن. * قاپاقباشتا ساپ ئەقىل يوق. * سامانقورساق سامانلىقتا ياتىدۇ. * ئۇ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان نېمىكەن. * باقى قىچىشمىغان يەرنى تاتىلاپ يۈرىدىغاننى دوست تۇتۇپتۇ. * ئاشپەزگە پۇل بېرىپ، نانۋايغا قارايدىغان كىشىدىن ئاغزىڭ قېنى دېسە، بۇرنىنى كۆرسىتىدىغان ئارتۇق ئەمەس. * ئۇ شۇنداق قىزىق بالىكەنكى، تاغدىن سورىساڭ، باغدىن جاۋاب بېرىدىغان كىشىلەردىن كۆلدىكەن.

دۆڭ تۆپە بارخان تۆپۈ يوق ئۆزۈ ئۆيۈك

يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېگىزلىك.

ئېتىڭ ھارسا دۆڭگە چاپ. * قوناقنى دۆڭگە تېرى، بېدىنى ئويغا. * تۆپە كېيىپ تۆپىگە چىقما. * تارىم بويىدا، تەكلىماكاندا قۇم بارخانلىرى كۆپ.

دۆلەت خېتى دۆلەت مەكتۇپى ئېتىمادنامە

دۆلەت باشلىقىنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى، دىپلوماتىك ۋەكىلىگە بەرگەن ۋەكالەت خېتى.

ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشقا يېڭى بەلگىلەنگەن باش ئەلچىسى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۆلەت رەئىسى ياڭ شياڭكۇنگە دۆلەت خېتى تاپشۇردى.

دۇدۇك ئۇشتەك سىۋىستوك

مېتال ياكى سۇلياۋدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چالىدىغان سايمان.

رېپېرى دۇدۇك چالدى، تەنتەربىيە ھەرىكىتى ۋاقتىنچە توختىدى. * ساقچى ئۇشتەك چالدى، بىرنەچچە ساقچى ئۇنى ئاڭلاپ، ۋەقە چىققان يەرگە دەرھال يېتىپ كېلىشتى.

دۈشمەن ياۋ خەسەم ئەدۇۋ گېزەندە تۆتۈش غەش

مەنپەئەت توقۇنۇش سەۋەبىدىن بىر-بىرىگە زىت تەرەپ.

دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى دوستۇڭ. * ئاتا دۈشمىنىنى دوست تۇتما. * دوستۇڭنىڭ دۈشمىنى بىلەن دۈشمىنىڭنىڭ دوستى ساڭا ئوخشاشلا خەتەرلىك. * دوستۇڭنىڭ دوستىنى دوست تۇتمىساڭمۇ بولىدۇ. دۈشمىنىڭنىڭ دوستىنى دۈشمەن بىل. * ئىت ئېتەكتىن ئالار، ياۋ ياقىدىن. * ياۋنىڭ ئېتىمۇ ياۋ.

دۈگىلەك يۇمىلاق تۆرۈك

شار شەكىللىك، تولۇن ئاي شەكىللىك.

”تۆرۈك“ قۇمۇل-تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

دۈگىلەك ئۆينىڭ تۆرى يوق. * يۇمىلاق تاۋۇز. * يۇمىلاقنى دومىلاتما.

دۈمبە ئۇچا ئۆشنە غولا دولا

ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ئارقا تەرىپى، ئۈست تەرىپى.

ئورمانچىنىڭ دۈمبىسىنى پالتا ئىسسىتار. * ئۇچاڭ قىچىشسا تۈگمەنگە بار. * ئۆشنەڭ غولاڭغا گۇۋاھ. * دولىسى يېغىرنىڭ پۇتى ئېغىر.

دۆۋەت سىياھدان

سىياھ قۇتىسى.

دۆۋەتتە سىياھ تۈگەپ كېتىپتۇ. * قارا سىياھقا سىياھدان كېرەك.

دېتال زاپچاس

ماشىنا، مېخانىزملارنىڭ قىسمى، پارچە بۆلەكلىرى.

ماشىنا-ستانوكلار ئايرىم دېتال، زاپچاسلاردىن قۇراشتۇرۇلىدۇ. * ماشىنا دېتال، زاپچاسلىرى دۇكىنىغا بېرىپ، بىرنەچچە دېتال-زاپچاس سېتىۋالدىم.

دېدەك چوْرە كۆك قىرغىن قىرناق

قۇل ئايال، قىز قۇل.

فىلىپپىن دېدەك ئېكسپورت قىلىدىكەن. ھازىرغىچە فىلىپپىن ھەر يىلى چەتكە 60 مىڭچە دېدەك ئېكسپورت قىلىدىكەن ۋە ئۇنىڭدىن تاشقى پېرېۋوت تاپىدىكەن. * چوْرە قىزلارنىڭ ھالىغا ۋاي.

دېرىزە روجەك پەنجىرە گۆزۈنۈك

ئۆي ـ ئىمارەتنىڭ يورۇق چۈشۈشى ۋە ھاۋا ئالمىشىشى ئۈچۈن ئېچىلغان رامى.

دېرىزىگىنى ئاچ، تىنچىقتىن قاچ. * روجەك جەنۇپ تەرەپكە قارىسا ياخشى. * پەنجىرە پەمىزنىڭ ئۆيىدە تۇتۇق.

دېكابىر ئون كۈن

ئون كۈنلۈك مەزگىل.

مەن بۇ ئىشنى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ دېكابىرىدا تۈگىتىشكە بەل باغلىدىم. * 8 ـ ئاينىڭ كېيىنكى ئون كۈنىدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مەجلىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

دېگەنبىلەن ھەر ھالدا

باغلىغۇچى، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ خېلى جايىدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆپ قىيىنچىلىق تارتتۇق، دېگەنبىلەن ئارقىدا قالمىدۇق. * ئىشىمىز ھەر ھالدا جايىدا كېتىۋاتىدۇ.

دېڭىز ئوكيان بەھر تالۇي دالاي سۇندۇرى

يەر شارىنى ئوراپ تۇرغان سۇلۇق يەرلەر.

دېڭىز چاڭدىن قورقماس. * دېڭىز قۇرۇماس، خەلق تېنىمەس.

---

* چېلەكلەپ تۈگىمەكمۇ، ئوكياننىڭ سۈيى تۈگىمەس. * بەزى چوڭ كۆللەرمۇ دېڭىز دەپ ئاتىلىدۇ، مەسىلەن، كاسپىي دېڭىزى. * "ئۇلۇغ ئوكيان" بۇرۇنلاردا "بەھرمۇھىت كەبىر" دەپ ئاتىلاتتى. * دېڭىز ـ ئوكيانلار يەر شارى سەتھىنىڭ ئوندىن يەتتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۇلۇغ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، شىمالىي مۇز ئوكيان دېگەن تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

دېمەك يەنى

[illegible] باغلىغۇچى، ئالدىدا ئېيتىلغان پىكىرنى يىغىنچاقلاش، ئېنىقلاش، تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئۆمۈرنى بىكار ئۆتكۈزۈش، دېمەك، ئالمىغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلەش. * تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يەنى دۆلىتىمىزنى كۈچلۈك ـ باي سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ چىقىش ـ ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپىمىز.

دېموكراتىيە خەلقچىللىق

خەلق ھاكىمىيىتى، خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ياكى دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە ئەركىن پىكىر بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولۇش ئىمكانىيىتى، تۈزۈمى.

سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزدە خەلق ئەڭ كەڭ دېموكراتىيىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. * 1948 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتا ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان "شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى" 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا "شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى"غا ئۆزگەرتىلدى. كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

دېھقان ئېكىنچى

تېرىلغۇ، ئېكىن ئېكىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل، موللا بولساڭ تەكرار قىل.

* دېھقاننىڭ بۇرنىغا يەر پوراپتۇ.

دېھقانچىلىق ئىكىنچىلىك

زىرائەت - ئېكىن ئېكىپ قىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىشى.

دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ ئاساسىي تارمىقى.

دىئالېكت شېۋە

ئەدەبىي تىلدىن ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئايرىلىپ تۇرىدىغان يەرلىك تىل. "شېۋە" ئېخىمۇ كىچىكرەك دائىرىدە بولىدۇ، دىئالېكت يەنە شېۋىلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى، لوپنۇر دىئالېكتلىرىغا بۆلۈنىدۇ. * كەلپىن شېۋىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە شېۋە ھېسابلىنىدۇ.

دىرى ئىز پۇلى تەننەرخى

بىرەر مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كەتكەن چىقىم.

پايدىسىنى خەجلە، دىرىنى ساقلا. * بولسا بولار، بولمىسا ئىز پۇلى قالار. * تەننەرخنى ئازايتىش مەھسۇلاتنىڭ پايدىسىنى ئاشۇرىدۇ.

دىرىژور جىخۇي

ئوركېسترغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

بىزدە ھازىر خېلى يېتىشكەن دىرىژورلار بار.

دىسسېرتاتسىيە ئىلمىي ماقالە

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئۆز كەسپى بويىچە يازىدىغان ماقالىسى؛ بىرەر مەسىلە تەتقىق، مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالە.

قادىر ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. * ۋەتەنپەرۋەر، دېموكراتىك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار توپلام قىلىندى.

دىككىدە لەپپىدە

ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە.

ئۆيگە دىككىدە بېرىپ كېلەي. * مۇختەر ئالدىمدىن لەپپىدە ئۆتۈپ كەتتى.

دىمىق تىنچىق

دەم - نەپەسنى بوغىدىغان ئىسسىق.

دىمىق ھاۋادا ئۇزاق تۇرۇش زىيانلىق. * دېرىزەڭنى ئاچ، تىنچىقتىن قاچ.

دىندار روھانىي

دىنغا ئىشەنگۈچى ۋە دىننىڭ ئەركان - ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلغۇچى شەخس.

دىندارلارنىڭ مۇۋاپىق دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇنلار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. * روھانىيلار ئەرۋاھقا ئىشىنىدۇ.

دىنسىز ئىمانسىز دەھرى ئاتېئىست

دىنغا ئىشەنمەيدىغان ۋە دىنىي قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلمايدىغان شەخس.

ئىككى خۇداغا تەڭ ئىشەنگەن - دىنسىز. * دىنسىزنىڭ ئەدىبىنى ئىمانسىز بىرەر. * گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر "دەھرى" دەپ قارىلاتتى.

دىۋان I ئانتولوگىيە

شېئىرلار توپلىمى.

«دىۋان زەللىلى» رەتلىنىپ، ئىزاھلىنىپ نەشر قىلىندى.

دىۋان II سافا كۆرسى كىرىسلو

جەينەك بىلەن تايىنىپ ئولتۇرىدىغان يېرى بار يۇمشاق ئورۇندۇق. بەزىلىرى پۇرژىنىلىق بولىدۇ، بىر كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىكلىرى بار.

دىۋاندا ئولتۇرساڭ، ئۇيقۇ باسىدۇ. * ھازىر ئۈرۈمچىدە سافا خېلى ئومۇملىشىپ قالدى.

ر

رازى رىزا مەمنۇن مىننەتدار

ئىش - ھەرىكەتتىن قانائەتلىنىش تۇيغۇسى.

بارغا رازى بول، يوقىغا سەۋرى قىل. * ئاز پايدىغا رازى بولمىساڭ، كۆپ زىيانغا ئۇچرايسەن. * قازاغا رىزا بولماقتىن ئۆزگە چارە يوق. * يار شۇدۇر كۆنسە يار جاپاسىغا، ئارزۇسىنى كۆندۈرسە يار رىزاسىغا. * سەن ئۇنى مەمنۇن قىلىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭ دېگىنىنى قىل. * قىلغان ياخشىلىقىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن.

رازىلىق رىزالىق مەمنۇنلۇق مىننەتدارلىق

رازى - رىزا بولغان ھالەت.

بوۋاي بالىسىغا رازىلىق بەردى. * رىزالىق ئۇمىدۋارلىق تۇغدۇرار. * ئۇنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. * ئۇلار، ياخشى ئىشلىگىنىمىز ئۈچۈن، مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

راست چىن جىنىڭ ھەق توغرا تۈز ھەقىقىي دۇرۇس لىللا بايىقى تومۇلۇدۇ كۆنى كەرتى

ئەمەلىي پاكىتقا ئۇيغۇن، يالغىنى يوق.

ئەخمەقنە يالغانمۇ راست بولار. * راست گەپكە جاۋاب يوق. * راستنى قولىلاش شەرەپ. * چىن گەپ جاندىن ئۇلۇغ. * جىنىڭ ئالتۇن سىناق تېشىدىن قورقماس. * ھەق سۆز ئاچچىق بولار. * ھەقنىڭ رىزقى ھەق. * ھەق ئۆلۈم ئابرويى. * توغرا يول: توغرا سۆزلە: توغرا ئاتلا: توغرا تۇر؛ توغرىنى دە؛ توغرىنى كۆر. * تۈز

كەس، توغرا ئېيت. * تۈز دەرەخنىڭ پايدىسى تولا، تۈز ئادەمنىڭ دوستى. * ھەقىقىي سۆزگە قەسەم كەتمەيدۇ. * ھەقىقىي بەخت قانتەردىن كېلىدۇ. * دوستۇڭغا دۇرۇس سۆزلە. * جىنىڭنى ئېلىشقا قىلىچ تەڭلەنسىمۇ لىللا گەپ قىل.

راستلىق راستچىللىق چىنلىق جىڭلىق ھەقلىق توغرىلىق

راست-توغرا ھالەت.

راستلىق — راۋانلىق. * راستچىللىق — ئەڭ گۈزەل ئەخلاق. * چىنلىق گۈزەللىكتۇر. * چىنلىق ئاخباراتنىڭ جېنىدۇر. * جىڭلىق جىڭ كۆتۈرىدۇ. * ھەقلىق — ئۇلۇغلۇق. * توغرىلىق تۈگىمەس بايلىق.

راگاتكا (رەگەتكە) ساپقان

ئۇششاق تاش ۋە داڭگاللارنى ئېتىش ئۈچۈن ئاچا ياغاچقا رېزىنكا بېكىتىپ ياسالغان ئويۇنچۇق.

راگاتكىنى كىشىگە قارىتىپ ئېتىش — ئەڭ يامان قىلىق. * راگاتكاڭنى پايدىلىق قۇشلارغا ئاتما.

راھەت پاراغەت راھەت-پاراغەت ھۇزۇر ھالاۋەت ھۇزۇر-ھالاۋەت ئىنچ (ئىنچكۇ)

تىنچ ۋە پاراۋان تۇرمۇش ھالىتى.

سالقىندا يالقۇن راھەت، ئىسسىقتا سالقىن راھەت. * ئىنىكى بارنىڭ راھىتى بار. * ئادالەت زالىملارغا بولسا ئاپەت، جاپا چەككەنلەرگە بەرگەي پاراغەت. * راھەت-پاراغەت ئىرادىنى يوق قىلار، ئىرىشچانلىق ئىرادىنى چىڭىتار. * ھالاۋەت بىلەن مۇشەققەت دائىم بىللە. * جاپا چەكمىگۈچە ھالاۋەت يوق. * كىشىلىك ھايات ھۇزۇر-ھالاۋەت ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك خىزمەت.

راھىب ماناخ شەيخ دەرۋىش زاھىت تويىن سالىڭ

تەركىدۇنيا بولۇپ، ئىبادەتخانىلاردا تائەت-ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

"راھىب"، "ماناخ"لار ناسارادىن چىقىدۇ.
"شەيخ" گۆرىستاندا بولىدۇ.
"دەرۋىش"، "زاھىت" مۇسۇلمانلاردىن چىقىدۇ.
"تويىن"، "سالىڭ" خەنزۇچە: 道人、僧. بۇددىستلاردىن چىقىدۇ.

كاسايا كىيگەننىڭ ھەممىسى راھىب ئەمەس. * ماناخ مائاش دېمەيدۇ. * شەيخلارغا تەسەللىنىڭ ئالاقىسى يوق، ئېشەك مۈڭگۈز دېسە، خام خىيال قۇرۇق. * خالىتىسىدا نېمە بارلىقىنى دەرۋىش ئۆزى بىلەر. * زاھىتقا سەللە كېرەك ئەمەس، ئاشىققا دەللە.

راۋاج روناق تەرەققىيات

بىر ھالەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى ھالەتكە ئۆسۈش، كۆتۈرۈلۈش، مۇۋەپپەقىيەت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. * روناق ياخشىغا ئورتاق. * تەرەققىيات تەردىن كېلىدۇ. * شىنجاڭنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلار بولدى.

راۋاجلانماق روناق تاپماق تەرەققىي قىلماق

يۇقىرى پەللىگە ئۆسمەك، ئۆرلىمەك.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش — ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى ھەم مەقسىتى. * قولىغا چۈشكەن توشقاننى قويۇپ بەرگەن روناق تاپارمۇ؟ * يامان نىيەتلىك كىشىنىڭ ئىشى روناق تاپماس. * شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى.

رەت مەرتىۋە قېتىم مەرتەم سەپەر قۇر نۆۋەت

مىقدار سۆز: ھەرىكەتنىڭ بىرلىكلىرى.

رەت ئورنىنى تاپىدۇ. * ئەقىللىق ئادەم بىر تاشقا ئىككى قېتىم پۇتلاشمايدۇ. مەرتەم، مەرتەم — ئۈچ مەرتەم. * كۆپ ئىش قىلىشنىڭ يولى — ھەر سەپەردە بىرلا ئىشنى قىلىش. * ھەرقانداق كىتابنى بىرقۇر ئوقۇپ باقماق زىيانلىق ئەمەس. * نەچچە نۆۋەت مەغلۇپ بولساڭمۇ، ئىشىڭ ھەق بولسا ئۇتىسەن.

رەخت گەزلىمە گەزمال خېرىت ماتېرىيال

ھەر خىل يىپ بىلەن توقۇلغان توقۇلما، مال، كىيىملىك.

رەختىڭگە ئىشەنمە، بەختىڭگە ئىشەن. * رەختى بارنىڭ بەختى يوق، بەختى بارنىڭ رەختى يوق. * ھازىر دۇكانلاردا ھەر خىل گەزلىمىلەر تولا. * گەزمال گەزلىگەندە، گەزمالچىنىڭ قولى تىترەيدۇ. * خېرىت پۇل ئەمەس، ھۈنەر پۇل.

رەستە گۇزە چوغا

شەھەرنىڭ سودا-سېتىق قىلىدىغان دۇكانلار قاتار كەتكەن كوچىسى.

"چوغا" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

رەستىدە گەپ تولا. * بېيجىڭدىكى "چيەنمېن" رەستىسى ئەڭ ئاۋات كوچا. * گۇزە گۈللەر بىلەن قاپلاندى.

رەسەتخانا ئوبسېرۋاتورىيە

ئاسترونومىيە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان مائارىپ ئورگىنى.

بېيجىڭ رەسەتخانىسىغا كېلىپ-كېتىۋاتقان ئادەملەر مىغ-مىغ قىلاتتى.

رەسسام رەسىمچى خۇدوژنىك

رەسىم سىزغۇچى سەنئەتكار.

چى بەيشى — جۇڭگونىڭ ۋەتەنپەرۋەر رەسسامى. * ئۇستا رەسسام غازى ئەھمەت سىزغان «جىننايى ھۆكۈم»، «مۇقام» دېگەن رەسىملەر ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. * رەسىمچى تەسەۋۋۇرغا باي كېلىدۇ.

رەسىم سۈرەت سىزما

سىزىق ۋە بوياقلاردىن تۈزۈلگەن ئوبراز ۋە شۇنداقلا فوتو ئاپپاراتتا چۈشۈرۈلگەن ئوبراز.

رەسىم سىزىش چوڭ ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. * سۈرەتسەڭ ئەينەكتىن چاڭنى ھەر نۆۋەت، روشەنرەك كۆرۈنەر ئەينەكتە سۈرەت.

رەقەم سان-سىفىر ساغىش

ساننى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر.

ئەرەب رەقەملىرى: رىم رەقەملىرى. * ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى تەھلىل قىلىشتا سان-سىفىرلار ناھايىتى مۇھىم. * دىئاگراممىدا سان-سىفىرلار يېزىلغانىدى.

رەقىب مۇخالىپ رىقابەتچى كۈشەندە كونكۇرېنت

مۇسابىقە، مۇنازىرىلەردە بىر-بىرىگە قارشى تەرەپلەر.

رەقىب ئەسلىدە "ئىشقىي دۈشمەن"نى كۆرسىتەتتى. ھازىر تەنتەربىيىدە مۇسابىقىلاشقان تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

"مۇخالىپ" ئىلمىي-نەزەرىيىۋى كۈرەشتە بىر-بىرىگە قارشى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

"رىقابەتچى" سىياسىي-ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر-بىرىگە قارشى تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

"كۈشەندە" ھەر جەھەتتىكى قارشى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.

ئاجىز دۈشمەننى سەل چاغلىما، مۇدھىش رەقىبتىن قورقما.

* مۇخالىپلىرىمىز يەڭمەكچى، بىز يېڭىلمەيمىز. * رىقابەتچىگە رىئايە يوق. * يەڭگەن بولساڭ، كۈشەندەم يوق دېمە.

رەڭ بوياق ئۆڭ

نەرسىنى بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماددا، نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈسى: كۆچمە مەنىدە ئۇپا-ئەڭلىك.

قىزىڭنى رەڭگە ئۆگەتمە، ئوغلۇڭنى بەڭگە. * ئەل-يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس. * ئەرزاننىڭ بويىقى تېز ئۆڭەر. * ئۆڭى ئۆچكەنگە تۆلمەس. * ئۆڭگەدىن ئۆرگىلەي، زەپ چىرايلىق قىز ئىكەنا.

رەھمەت تەشەككۈر ھەشقاللا

رازى ۋە مەمنۇنلۇقنى بىلدۈرۈپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

مېھمان تويمىسىمۇ "رەھمەت" دەر. * دۇتار چالدىم يۇسۇپ ئەھمەتكە، ھېچنېمە كەلمەس قۇرۇق رەھمەتكە. * تەشەككۈر تاش تېشەر. * تەشەككۈر ئېيتىش ھەم ئەدەبتىن، ھەم ئىنساپتىن. * ھۈنىرىڭگە بارىكاللا، ھىممىتىڭگە ھەشقاللا.

رەھىم شەپقەت مېھىر كۆيۈم

ئېچىنىش تۇيغۇسى، مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت.

رەھمى يوق ئادەمدىن رەھمى بار ئىت ياخشى. يولۋاسقا قىلىنغان شەپقەت — قويغا قىلىنغان دەھشەت. * يىلانغا قىلىنغان شەپقەت — ئىنسانغا قىلىنغان ۋەھشەت. * مېھرىڭدىن كەچكۈچە، ئەقىدەڭدىن كەچ. * كۆيۈمى بارنىڭ كۆرۈمى بار.

رەھىمدىل كۆڭلى يۇمشاق دىلى يۇمشاق

رەھىم-شەپقەتنى بىلىدىغان، خەيرخاھلىق قىلىدىغان.

رەھىمدىل ئادەم ھېچنېمىدىن ئايرىلىپ قالمايدۇ. * كۆڭلى يۇمشاقنىڭ كۆكسى كەڭ. * دىلى يۇمشاق دىلدىن يول تاپىدۇ.

رەھىمسىز شەپقەتسىز كۆيۈمسىز مېھرى يوق تاش يۈرەك باغرى تاش

رەھىم-شەپقەت، كۆيۈمنى بىلمەيدىغان.

رەھىمسىزدىن "رەھمەت" كۈتمە. * رەھىمسىز ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرى قىسقا. * شەپقەتسىز شەپقەتسىزنىڭ قولىدا تۈزىلەر. * بالاڭ كۆيۈمسىز بولسا، بەختىڭ قارا دە. * مېھرى يوق ئادەم — سۈتى يوق سېيىر. * تاش يۈرەك نادانلار تۇغۇلغان ئۆيىنى يامانلار. * باغرى تاش ياردىن تونۇشمىغان يات ياخشى.

رەھىملىك شەپقەتلىك كۆيۈملۈك كۆيۈمچان مېھرىبان

رەھىم-شەپقەتكە ئىگە، رەھىم قىلىدىغان.

رەھىملىك يەرگە قارىماس. * رەھىملىك بول، رەھمەت ئال. * شەپقەتسىز چىرايلىق بولغۇچە، كۆيۈملۈك سەت بول. * كۆيۈملۈك كۆيدۈرىدۇ. * ئاپئاق بالام — كۆيۈمچان بالام. * مېھرىبان مېھرىباندىن تۇغۇلىدۇ. * تۈلكە ئاق چاچ سېلىۋالغىنى بىلەن مېھرىبان بولماس.

رەھمى كەلمەك ئىچى ئاغرىماق

ئېچىنىشلىق ھالەتتىن ئېچىنماق، ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا بولماق.

بىچارە بالىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ رەھمى كەلدى. * تاياق زەربىدىن ياتقان كىشىگە ئىچىم ئاغرىپ، دوختۇرخانىغا ئاپاردىم.

رەۋىش پادىژ

سۆز تۈركۈملىرىنىڭ بىرى، ھەرىكەت ۋە ھالەتلەرنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشلەر ئىككىنچى لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ۋاقىت رەۋىشلىرى، ئورۇن رەۋىشلىرى، دەرىجە رەۋىشلىرى ۋە ھالەت رەۋىشلىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

رەۋىشتە يوسۇندا ھالدا

ئالدىدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ ھالەت-رەۋىش ئورنىدا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ.

ئۇ ئۆز پىكرىنى قەتئىي رەۋىشتە تەشكىلگە بايان قىلدى. * ئۇ جىددىي يوسۇندا مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى. * مەسىلىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ھەل قىلىش لازىم.

رەئىس رەھبەر باشلىق

دۆلەت، رايون، ئىدارە، پارتىيە، تەشكىلات، يىغىن ۋە ئائىلىنى باشقۇرغۇچى شەخس.

”رەئىس“ ۋەزىپە نامى. ”رەھبەر“ ”باشلىق“لار مەۋھۇم.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى؛ پارتىيە رەئىسى؛ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى. * ئىدارە رەھبىرى؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر. * ئىدارە باشلىقى؛ ئائىلە باشلىقى.

روزا رامىزان

ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. زۇلۇق يېگەندىن تارتىپ تا ئىپتار قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچ نەرسە يېمەسلىك، ئىچمەسلىك، چەكمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئوتتۇز كۈن روزىسىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار. * روزا تۇتتۇم جان ئۈچۈن، جاندا ئىمان بار ئۈچۈن، تۇتماي دېسەم قورقىمەن، گۆردە گۆرزى بار ئۈچۈن. * رامىزاننى بىز تۇتساق، ھېيتنى باشقىلار ئويندى.

رومان پوۋېست ھېكايە نوۋېللا

بەدىئىي نەسرىي ئەسەرلەر، ژانىرلار. بۇلار ھەجمى ۋە ۋەقەلىك تەسۋىرى بويىچە پەرق قىلىدۇ.

رومان — چوڭ ھەجىملىك، بايان خاراكتېرلىك بولىدۇ. شېئىرىي شەكىلدىمۇ بولىدۇ.

پوۋېست — ئوتتۇرا ھەجىملىك، قىسسە خاراكتېرلىك كېلىدۇ.

ھېكايە — كىچىك ھەجىملىك، سۇژېتى ئاددىي ئېپىك ئەسەر.

نوۋېللا — ئەڭ كىچىك ھەجىملىك ھېكايە.

ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» دېگەن رومانى قايتا نەشر قىلىندى. * «قىيانلىق دەريا» ئەخەت تۇردىنىڭ ئۇتۇقلۇق چىققان پوۋېستلىرىنىڭ بىرى. * كېيىنكى يىللاردا بىرمۇنچە ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى. * ”نوۋېللا“ بىزدە ”مىكرو ھېكايە“، ”بىرپەسلىك ھېكايە“، ”بىر مىنۇتلۇق ھېكايە“ دېگەن نام ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

روھ ئەرۋاھ

دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، جەسەتتىن ئايرىلىپ ياشايدىغان غەيرىي-تەبىئىي نەرسە.

بالام، — دەيتتى ئانا، — ئۆلگىنىمدىن كېيىن روھىمغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇت، ئەرۋاھىم سېنى قوللىسۇن.

رۇبلى سوم تەڭگە چىرۋان

روسىيىنىڭ، كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۇل بىرلىكى. ”سوم“، ”تەڭگە“، ”چىرۋان“ ئۇيغۇر، ئۆزبەك تىلىدا ئاتىلىشى.

رۇبلىنىڭ قىممىتى كېيىنكى كۈنلەردە بەك چۈشۈپ كەتتى. تېخى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا بىر رۇبلى 6.7 ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولسا، 1991 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەلگەندە بىر دوللار 47 رۇبلىگە تەڭ بولدى.

رۇخسەت ئىجازەت جاۋاب

يول قويۇش، ماقۇل كۆرۈش.

ئۆلۈمگە ھېچكىم رۇخسەت سورىماس. * ئىجازەت بېرىلگەن ئىشنى يەنە سوراۋەرمە. * جاۋاب ئېنىق، قورقماي ئىشلە.

رۇخسەتسىز ئىجازەتسىز جاۋابسىز

يول قويۇلمىغان، ماقۇل كۆرۈلمىگەن.

رۇخسەتسىز كېتىپ، نەچچە كۈن يوق بولۇپ كەتكەنلىكىڭ ئېسىڭدىمۇ. * چوڭ ئىشلاردا ئىجازەت ئېلىش زۆرۈر، كىچىك ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىلىپ ئىجازەتسىز قىلىۋەر. * ئىلتىماس جاۋابسىز قالماس.

رېپىدە يەڭلىك گەنزە

نان ياققاندا قولغا كىيىۋالىدىغان، تۇتۇۋالىدىغان قولقاپ ياكى يەڭقاپ.

نائۇستىنىڭ رېپىدىسىنىڭ يېرىمى يىرتىق، يېرىمى كۆيۈك. * يەڭلىكىڭ ياخشى بولسا، قولۇڭدىن ئەنسىرىمە. * گەنزە نانۋاينىڭ جېنى، ئاۋايلايدۇ، دەسسىمەيدۇ، پاكىز تۇتىدۇ.

رېتسىپ دورا قەغىزى چۆرنى

دورا ئېلىش ئۈچۈن دوختۇر يېزىپ بەرگەن قەغەز.

تاماقنى ئاز يېيىش، ياخشى ئارام ئېلىش، خۇشال يۈرۈش — كېسەل بولماي ئۇزاق ياشاشنىڭ رېتسىپى. * دورا ئالساڭ دورا قەغىزىگە قاراپ ئال، باشقا دورا ئېلىپ زەخملىنىپ قالما.

رىزق نېسىۋە نېمەت نازۇنېمەت

ھەر خىل ئوزۇق - تۈلۈكلەر مەجمۇئى.

ئادەم ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس. * ئېغىز بەرگەن خۇدا رىزقىنىمۇ بېرەر. * نازۇكنىڭ نېسىۋىسىنى قېلىن يەر. * نېمەتكە شۈكۈر كېرەك. * نازۇنېمەتلەرنىڭ كۆپلۈكى تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

رىسالە بروشۇرا كىتابچە

بىرەر كەسىپ، ساھە، دائىرىگە ئائىت كىچىك كىتاب.

ھەر خىل كەسپىي ساھەگە دائىر رىسالىلەرنى كۆپرەك نەشر قىلىش تەلەپ قىلىندى. * «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»دىن بىرمۇنچە ئەسەرلەر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بروشۇرا قىلىپ چىقىرىلغانىدى. * قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى»، «ئىشلەپچىقىرىش مەسلىھەتچىسى» دېگەن كىتابچىلار ئالقىشقا ئېرىشتى.

رىۋايەت ئەپسانە چۆچەك مىف

ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان، خەلق يارىتقان فولكلورغا كىرىدىغان ھېكايە-قىسسە، نەقىللەر.

رىۋايەتتە كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئەپسانىدە قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى فانتازىيىلىك رەۋىشتە تەسۋىرلىنىدۇ.

چۆچەكتە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر قىسقا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

«كۆچ» رىۋايىتى ئۇيغۇرلارغا ئائىت رىۋايەتلەر ئىچىدە ئەڭ مۇھىم رىۋايەت. * ئۇيغۇرلار بۆرە (كۆك يايىل)نى توتېم قىلغاندىن بېرى، توتېم ھەققىدە بىرمۇنچە ئەپسانىلەر توقۇلغان. * «نۇر توقماق» چۆچىكى بىزدە كەڭ تارالغان، بىلمەيدىغان كىشى يوق دېيەرلىك. * ئابدۇكېرىم

راخمان يازغان «يېپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر»دە ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرىدىن ئۈلگىلەر بېرىلگەن.

رىقابەت كونكۇرېنسىيە

ئۇستۇنلۇك تالىشىپ قىلىنغان ھەرىكەت.

بۇ ئاي، بۇ كۇنلەردە رىقابەت ئېگى بولمىسا بولمايدۇ. * ئا ق ش دا ھەر قېتىمقى زۇڭتۇڭ سايلىمىدا نامزاتلار ئارا كەسكىن رىقابەتلەر بولىدۇ.

ز

زار ئىنتىزار مۇشتاق

تەلەپ، ئۆتۈنچ.

كەلگەن دوستقا تار بولساڭ، كېلەر دوستقا زار بولىسەن.

* دوستقا زار، دۇشمەنگە خار، نامەردكە ئىنتىزار بولما. * نائەھلىگە مۇشتاق بولما.

زار يىغلىماق قاڭغىر قاقشىماق قان يىغلىماق

قاتتىق ئەلەم بىلەن قاتتىق يىغا - زار قىلماق.

زار يىغلىغاندىن پايدا يوق. * قاڭغىر قاقشىغاندىن كۆرە قورال ئال. * ئەقىلسىزنى ئەركىگە قويۇپ بەرسەڭ قان يىغلارسەن.

زارلانماق قاقشىماق ئىڭرىماق

بىرەر نەرسىدىن، ئەھۋالدىن قاتتىق شىكايەت قىلماق، قاتتىق ئېچىنىپ سۆزلىمەك.

تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن زارلانما! — زارلىنىش ئاجىزلارغا خاس. * قاقشىغاندىن پايدا يوق. * دۇشمەننىڭ زۇلمىدىن زارلانما، دوستنىڭ جاپاسىدىن ئىڭرىما.

زارلىماق نالىماق

زالىمنىڭ ئالدىدا زارلىما. * خۇداغا نالىدىم. ھېچنېمە تاپمىدىم.

زاكا يۆگەك

بوۋاقنى ئورايدىغان لاتا.

زاكا قىرىسى؛ زاكا تازا بولسۇن. * يۆگىكىدە تەربىيە كۆرمىگەن ئۆمۈردىن پەشۋا يەر.

زاكات پىتىر كاپارەت

ئىسلام پەرزلىرىنىڭ بىرى. مالدار كىشى مېلىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى كەمبەغەللەرگە ياكى دىنىي مەھكىمىلەرگە بېرىش؛ روزا ئېيىدا گۇناھلاردىن ساقىت بولۇش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان خەير ـ ساخاۋەت.

زاكىتى بېرىلمىگەن مال شەرىئەتتە پاك ئەمەس. * كەمبەغەللەرگە پىتىر بېرىش مۆمىننىڭ ئىشى. * كاپارەت بەرسەڭ، گۇناھىڭ كېمىيدۇ.

زاكاز بۇيرۇتما

سېتىۋېلىشقا، ئىشلەپ بېرىشكە ئالدىن كېلىشىپ قويغان مال، نەرسە.

شائخەي تېلېۋىزور زاۋۇتىغا زاكاز قىلىنغان تېلېۋىزورلار كەلدى. * بۇيرۇتمىنىڭ سۈپىتى، ۋاقتىغا كاپالەت قىلىش توختامدا ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

زاكالەت پۇل ئۆچى دىڭچەن زاداتكا

مال سېتىۋېلىشتا ۋە زاكاز بۇيرۇتۇشتا ئالدىن بېرىپ تۇرىدىغان ھەق.

توختىبايدىن مىڭ يۈەن زاكالەت ئالدىم. * شائخەيدىن سېتىۋالىدىغان مال ئۈچۈن 400 يۈەن پۇل ئۆچى بەردىم. * دىڭچېنىڭنى ئالماي تۇراي، مېلىم كەلگەندە بەر.

زاڭ ماز

قىلىقى غەلىتە، تۇتامى يوق كىشى.

زاڭدىن يىراق بول، زىيىنى تېگىدۇ. * كەم سۆز يىگىت ــ ساز يىگىت، مەدداھ يىگىت ــ ماز يىگىت.

زاڭ جوتاڭ

سەي سېلىپ يېپىلىدىغان بىر خىل قوناق ئۇنى ئېشى.

ھالۋىنى كۆپ يېسەڭ، زاڭ تېتىيدۇ. * جوتاڭ قوساقتا تۇرىدىغان تاماق.

زال سالون

چوڭ ئۆي، مېھمانخانا ئۆي.

مەجلىس زالدا مەجلىس بولۇۋاتىدۇ. * زالنى تازىلاش زۆرۈر. * خەلق زالى. * سالوندا سالپايما.

زالىم ئەزگۈچى زومىگەر شەددات

رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغان، كىشىگە زۇلۇم سالىدىغان كىشى.

زالىمنى پەقەت زالىم جازالايدۇ. * زالىم ھەممىدىن بەتتەر قورقۇنچاق. * ئەزگۈچى بىلەن مۇرەسسە قىلىش ــ جىنايەت. * زومىگەرنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بارماس. * زومىگەرنىڭ قولىدىكى بىلىم ــ مەستنىڭ قولىدىكى قىلىچ.

زامان دەۋر مەزگىل دەھر قولۇ ئۆدۈن ئۆزلەك

ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۇزاقراق ۋاقىت.

زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق. * زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ. * زامان ئۆزگەرسە، ئادەممۇ ئۆزگىرەر. * ياشلىق دەۋر ئېسىل تاش، بىر يوقاتساڭ مەڭگۇ تېپىلماس. * ھەقىقەت دەۋرنىڭ قىزى. * دەۋر بىلەن تەڭ ماڭغان مەڭگۇ قېرىماس. * دۇنيانىڭ سىرىنى بىلەي دېسەڭ، ئۇزاق مەزگىل شاگىرت بول.

زاۋۇت فابرىكا

سانائەت ۋە ياكى ھۈنەرۋەنلىك كارخانىسى.

دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى دېھقانلارنى ھەر خىل سايمان بىلەن تەمىنلىمەكتە. * 1-ئىيۇل توقۇمىچىلىق فابرىكىسى كۈندىن-كۈنگە راۋاجلىنىۋاتىدۇ.

زەربىدار ئۇدارنىك

ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىش-ھەرىكەتنى تېز ئورۇنلىغۇچى.

زەربىدارلار قوشۇنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلىدى.

زەمبىرەك توپ پو

چوڭ كالىبىرلىق، يىراققا ئاتىدىغان جەڭ قورالى.

زەمبىرەك زۇۋانغا كىرگەندە، مۇنازىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتەر. * كۈمۈتىغا توپتىن ئوق ئاتما.

زەمبىلگە چۈشمەك ئۇششۇقلۇق قىلماق

ئورۇنسىز مۇتتەھەملىك قىلماق، بېزىرىپ تۇرماق.

ئۇنىڭغا گەپ قىلما، ھېلى بىكار زەمبىلگە چۈشىدۇ. * ئۇ ئەسكى ئادەم، ئۇششۇق ئادەم، ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق ئۇششۇقلۇق قىلىدۇ.

زەمزەم كەۋسەر

مەككىدىكى كەبىگە يېقىن بۇلاق، جەننەتتىكى ئېرىقتىكى سۇ.

مۇسۇلمانلار مۇقەددەس سۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

قارىغۇ يىلانغا زەمزەممۇ شىپا بولماس. * تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى گۆھەر، سۈيى كەۋسەر.

زەھەر ئوغا

ئورگانىزىمغا كىرگەندىن كېيىن خىمىيىۋى ئۆزگىرىش ياساپ، تىرىك ئورگانىزىمنى بۇزىدىغان ھەتتا ئۆلتۈرىدىغان ماددا.

زەھەرنىڭ دورا بولىدىغان ۋاقتى بار. * ئۆلچىمىدىن ئاشقان دورا — زەھەر. * ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرەر.

زەيلىك زەيكەش جاما

زەي، شورلۇق يەرنىڭ شورى-زېيىنى يوقىتىش ئۈچۈن چوڭقۇر قېزىلغان ئېرىق.

"جاما" تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

شورلۇق يەرنىڭ ئەدىبىنى زەيلىك بېرىدۇ. * زەيلىك چاپ، زېمىنىڭغا زەڭ سال.

زورلۇق زورلۇق-زومبۇلۇق

يولسىزلىق، كۈچىگە تايىنىپ، باشقىنى ئېزىش.

ئۆزۈڭدىن تۆۋەنلەرگە زورلۇق قىلما. * زورلۇق-زومبۇلۇقتىن بېيىغان ئۆي قارغىشتىن تۈگىشەر.

زورلىماق مەجبۇرلىماق

بىراۋنى بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىشقا قىستىماق.

خورازنى تۇخۇم تۇغۇشقا، ئۆردەكنى تۇخۇم بېسىشقا زورلىما. * زورلىغاننىڭ زورى بار، ئىسسىق ناننىڭ ھورى. * كۆزنى يۇمۇشقا مەجبۇرلىغىنىڭ بىلەن ئۇيقۇغا كېتىشكە زورلىيالمايسەن.

زوق شوق زوق-شوق ئىشتىياق

قىزىقىش.

ئېستېتىك زوق ئالماق. * مېنى ئەسىر قىلار شوقى بار كىشى، گەدىنىمدە ئىشقىنىڭ زوقى بار كىشى، سەن نەدىن بىلسەن ئىشق لەززىتىنى، بۇ شارابنى ئىچكەي زوقى بار كىشى. * زوق-شوق بىلەن يېزىلغان يېرىم ۋاراق، زوقسىز يۈز كىتابتىن ياخشىراق. * ئىشتىياق — بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

زوقلانماق شوقلانماق ئىشتىياق باغلىماق

قىزىقماق، قىزىقسىنماق.

قېرىلىقتا زوقلانما، ئەخلاقىنى ھۆرمەتلە. * ھەقىقەتنىڭ يېڭىشىدىن شوقلان. * بىلىمگە ئىشتىياق باغلا.

زۇڭتۇڭ دۆلەت رەئىسى رەئىس جۇمھۇر پرېزىدېنت

جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدە ئىدارە قىلىنىدىغان بەزى مەملىكەتلەرنىڭ دۆلەت باشلىقى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كىتو، 14-سېنتەبىر تېلېگراممىسى. ئېكۋادور زۇڭتۇڭى بورخا بۈگۈن مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئېكۋادورغا ياردەم قىلىپ سېلىپ بەرگەن قۇرۇلۇشلار ئېكۋادورنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق. * دۆلەت رەئىسى ياڭ شاڭكۇن چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى كىم ئىرسېن بىلەن سۆھبەتلەشتى.

زۇڭلى باش ۋەزىر سەدر ئەزەم پرېمېر-مىنىستىر شۇشياڭ

ھۆكۈمەت، ئىچكى كابىنېت باشلىقى.

گېزىت خەۋىرى: ئىتالىيە زۇڭلىسى جۇلىئو ئاندرېئوت لى پېڭ زۇڭلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 9-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە ئېلىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولدى. * ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى ساچېر خانىم يېقىندا باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى. * گوڭزې شىيى ياپونىيىنىڭ باش ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى.

زۆرۈر مۇھىم

زور ئەھمىيەتكە ئىگە، كەم بولسا بولمايدىغان.

ئىنسانغا رىئايە قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر. * ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى مۇھىم ئەمەس، ياخشىلىق-يامانلىق مۇھىم.

زۇۋان سۈرمەك زاۋانغا كەلمەك زۇۋانغا كىرمەك

تىلغا كىرمەك، سۆزلەشكە باشلىماق.

شامىل شۇجى!... ئېلى ئۈچ كۈندىن كېيىن زۇۋان سۈرۈپ، شۇ ئىسمىنى ئاتىدى. * بۇ چاغدا موزاي زۇۋانغا كېلىپ، گۇۋاھلىقتىن ئۆتتۈپتۇ. * بۇ بىر ياشتىكى بالا دەرھال زۇۋانغا كىرىپ، "مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن" دەپتۇ.

زېرەك زەكى پەتانەت

پەم-پاراسەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر.

زېرەك خۇشامەتنى دوست تۇتماس. * زېرەك، ھوشىيار بولسا گەر ئىككى دىل، شۇنى ئىتتىپاقلىق ئاساسى دەپ بىل. * بۈگۈنكى دوستلىرىڭدىن، ئەتىكى دۈشمەنلىرىڭ زەكى.

زېرىكمەك ئىچى پۇشماق

بىكارچىلىقتىن ياكى بىر خىل ئىش-ھەرىكەتنى تەكرارلاشتىن سىقىلماق، دىققەت بولماق.

ئەخمەق بولمىسا، ئاقىل زېرىكەر. * ئىچى پۇشقان ئىككى ساتىراش بىرىنىڭ چېچىنى بىرى ئالدۇ.

زىبا زىلۋا لەۋەن لەتىپ سۇمبات بەرنا تال

قەددى-قامىتى كېلىشكەن، غايەت گۈزەل.

خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك. * ياشلىق چېچەكلىك —

زىلۋا چېچەك * ئادەم تاشتىن قاتتىق، گۇلدىن لەۋەن.

زىغزىق چىقارماق نۇقسان تاپماق قۇسۇر چىقارماق

بىرەر باھانە بىلەن ئىش ـ ھەرىكەتتىن كەمچىلىك تاپماق.

خىزمىتىم كۆپ، ئىشىم ئالدىراش. بىكار تۇرماي ھەر يان چاپىمەن، ياخشىلاردىن زىغزىق چىقىرىپ باشلىقىمغا دەرھال چاقىمەن. * ياماننىيەتلىك كىشى ئىشتىن ھەرقانداق يول بىلەن نۇقسان تاپالايدۇ. * قۇسۇر چىقىرىمەن دېگەنگە قۇسۇر تېپىلىدۇ.

زىل نازۇك سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان

تەبىئىتى چۇس، مىجەزى ئىتتىك.

زىل ئادەم زىلچىدىنمۇ ئاغرىنىدۇ. * نازۇك قىز ناز قىلىدۇ. نازىدىن زىيان تارتىدۇ. * ئائىلىدىكى بىرقانچە خاتا مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن، يەنە سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان مىجەزىدىن بولۇپ تۇراتتى.

زىيادە ئارتۇقچە ئارتۇق ئۇشۇقچە ئۇشۇق

بەلگىلىك چەكتىن ئاشقان.

ئۆلۈك داۋلى زىيادە سۆزلەنسە، توغرا سۆزمۇ سەپسەتە بولار. * ئارتۇقچە ئامراقلىق ئادەمگە زىيانلىق. * تەۋەككۇلنىڭ بىر ناخشىسى ئارتۇق. * ئۇشۇق دۆلەت باشقا تاج بولماس.

زىچ قېلىن قويۇق

ئارىلىققا قارىتا: بەك يېقىن، بوشلۇق يوق، قىستا ـ قىستاڭ.

زىرائەتنى مۇۋاپىق زىچ تېرىش لازىم. * مىللەتلەرنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى ئىشىمىزنىڭ كاپالىتى. * قېلىن ئورماندا ئاداشماي دېسەڭ، خىيالدىن خالىي بول. * قوناق بەك قويۇق بولسا، بېشى ئۇششاق بولۇپ قالىدۇ. * قويۇق تۇمان بۆرىنىڭ تويى.

زىرائەت ئېكىن

ئېتىزدا ئۆسۈۋاتقان ئاشلىق.

ئەتىيازدا ئۇرۇق سېلىنمىسا، يازدا زىرائەت ئۆسمەيدۇ. * مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم باشقىلار تېرىپ قويغان زىرائەتنى ئورۇۋېلىشلا، خالاس. ئېكىن ئەككىن ئېگىزغا، يېغىۋالغىن ئېتەككە.

زىيارەت تاۋاپ

بىرەر شەخس ياكى جاينى بېرىپ كۆرمەك، ئۇنىڭغا سىغىنماق.

"تاۋاپ"تا دىنىي تۇس بار.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت. * دۆلەت رەئىسى ياك شىياڭگۇن يېقىندا پاكىستان، ئىرانلارنى زىيارەت قىلدى. * بۆرىنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا ئىشەنمە.

زىيالىي ئىنتېللىگېنت

ئوقۇمۇشلۇق، ئەقلىي ئەمگەك قىلىدىغان كىشى.

جۇڭگودا زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى. * پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئېغىشماي ياخشى ئىجرا قىلىش كېرەك. * زىيالىي ياشلار يېزىلارغا چۈشۈپ چېنىقتى، بىراق بەزى ئەھۋاللىمۇ يۈز بەردى.

زىيان زەرەر زەخمەت قور ياس

بەدەلسىز قولدىن كەتكەن، يوقالغان نەرسە.

ھايىل ماڭا بولسۇن، زىيان ساڭا. * زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق. * كىمنىڭ كېيگەن لىباسى بولسا گەر ئىلمۇھۇنەر، ئۆيىدىكى زىلچىسى

بورا بولسا نە زەرەر. * قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كىچىك كەت، راھەتتىن كۆپ، ساڭا زىيان ـ زەخمەت.

زىيانلىق زەرەرلىك

ئارتۇقچە ئامراقلىق ــ بالىغا زىيانلىق. * ھارغىنلىق ــ زەرەرلىك.

ژ

ژارگون قارا تىل

بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ ئۆزىگە خاس، شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يوشۇرۇن تىلى.

دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ژارگونى ئاخىر مەلۇم بولىدۇ. * قارا تىل قانۇنسىز.

ژۇرنال مەجمۇئە

قەرەللىك چىقىرىلىدىغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي... رىسالە.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1991 ـ يىل ئاۋغۇستتا ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى ۋە 100 سان چىقىرىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. * «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش جەھەتتە چوڭ ئىشلارنى ئىشلىدى.

س

ساپ تۇتقۇچ باغ قۇلاق جولدا دەستە تۇتقۇ

ئەسۋاب-سايمانلارنىڭ قول بىلەن تۇتىدىغان يېرى.

سېپى ئۈزىدىن. * پىچاقنىڭ سېپى تەگمەك. * تۇتقۇدەك سېپى يوق، قىچارغۇدەك ئېتى. * توخۇمغا تۇتقۇچ كەتمەيدۇ. * سېۋەتنىڭ بېغى چىڭ بولسۇن. * ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. * قۇلاقنى نەدىن چىقارسا قازانچىنىڭ ئىختىيارى. * جولدىسى سۇنغان پالتا كېرەككە كەلمەيدۇ. * پىچاق دەستىسىنى كېسەلمەيدۇ. * يېتىكەن پىچاقنىڭ دەستىسى ئالتۇن. * چۆگۈننىڭ تۇتقۇسى قىزىپ كېتىپتۇ. * ئىشىكنىڭ تۇتقۇسىنى تۇت.

ساپاق پىلەك

پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى.

قوغۇن پىشسا ساپىقىدا تۇرماس. * پىلىكى سېسىغان قوغۇن لاۋزا بولىدۇ.

ساپال كاھىش ۋا

لايدىن ياساپ، خۇمداندا پىشۇرۇلغان قاچا، ئۆي-ئىمارەتكە ئىشلىتىلىدىغان نەرسە.

ساپال ۋە زەر قاچا ئىشتا باراۋەر، قىممەتتە بىرى لاي، بىرى بولسا زەر. * ئۆگزىدىكى كاھىشنى دەپ، ئۆيدىكى بىر تامدىن ئايرىلىپتۇ.

ساپان قوش سوقا بوقۇسا ئاماچ قوشۇماچ

يەر ئاغدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان، چۆيۈن چىشلىق ئاددىي دېھقانچىلىق سايمانلىرى.

ساپان سالغان يەر ساندا بار. * قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمگە ساپتۇ. * سوقا دېھقاننىڭ ئىشەنچلىك دوستى. * بوقۇسىدىن تېخى قۇتۇلالمىدۇق — دەيدۇ دېھقان، — خەقلەر تۆمۈر سوقىنى تراكتورغا سۆرىتىپ، يەر ھەيدىشىۋاتىدۇ.

ساپلىق چۆمۈچ نوگۇي چۆمچە ئۇسقاق سۇسغاق قامىچ

سۇ، تاماق ئۇسىدىغان سايمان.

"چۆمچە" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىدۇ.

"ئۇسقاق" لوپنۇر دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

كەتمەن ئەرنىڭ قولىدا بولغىنى بىلەن، ساپلىق خوتۇننىڭ قولىدا. * ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ. * قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ. * نوگۇي — دېھقاننىڭ ئۆز مەھسۇلى.

ساتىرا ھەجۋىيە كېكەتمە

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ناچار ئىللەت، كەمچىلىكلەرنى ئاچچىق مازاقلاپ يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر. ئۇ ھەر خىل ژانىردا يېزىلىشى مۇمكىن.

"ساتىرا كەمچىلىكلەرنى، كىشىلەرنىڭ زەئىپ تەرەپلىرىنى، يامان قىلىقلىرىنى مەسخىرە قىلىش بولماي، بەلكى ئاچچىقلانغان ھېسنىڭ كۈچى. ئالىيجاناپ غەزەپنىڭ گۈلدۈرمامىسى ۋە چاقمىقى بولۇشى كېرەك."

ساداقەت سەممىيەت

چىن قەلب، راست كۆڭۈل.

دوستلۇق. ساداقەتكە بېلىگىنى باغلا، تەنە، مالامەتتىن تىلىگىنى داغلا. * بىر گرام ساداقەت بىر تونا ئەقىلگە تەڭ. * سەممىيەت — ھېكمەتنىڭ تۈنجى بابى.

ساداقەتلىك سەممىيەتلىك

چىن قەلبىدىن بېرىلگەنلىك.

خەلققە ساداقەتلىك كۆرسەتكەن ئۆلمەس. * مۇھەببەتنىڭ ئادەتتىكى شەرتى — سەممىيەتلىك.

سادىق سەممىي كىرتۇ

چىن دىلدىن بېرىلگەن، راستچىل.

سادىق قەلب مۇھەببەتنىڭ بىخەتەر مەنزىلىدۇر. * خەلققە سەممىي، ئىشقا ئەستايىدىل بول.

سادىقلىق سەممىيلىك

چىن دىلدىن بېرىلگەنلىك ھالىتى.

سادىقلىق — ئۇلۇغلۇقنىڭ بەلگىسى. * سەممىيلىك گۆھەردىنمۇ قىممەتلىكتۇر.

سادىغاڭ كېتەي تەسەددۇغۇڭ بولاي ئايلىنىپ كېتەي

يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆلكەت سۆز، كۆپىنچە ئانىلار ئىشلىتىدۇ.

سادىغاڭ كېتەي بالام، ئەمدى ئەسكىلىكنى قوي. * تەسەددۇغۇڭ بولاي، ئۇسۇلنى زەپ جىرايلىق ئوينايدىكەنسەن. * ئايلىنىپ كېتەي، پات-بات كېلىپ تۇر.

ساراڭ جىندى ئېلىشاڭغۇ تەلۋە گالزاڭ سانقى

ئەقلى كۈتا، كاللىسى جايىدا ئەمەس.

ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى. * تېگى-تەكتىدىن پەخىرلىنىش — جىندىنىڭ ئىشى. * بىر ئېلىشاڭغۇ مىڭنى كاردىن چىقىرىدۇ. * تەلۋە بىلەن تەڭ بولما، * گەپ قىلمىغىن تەلۋىگە، تەلۋە ئامراق غەلۋىگە. * ئادەمنىڭ جېنى چىقۋاتسا، گالزاڭنىڭ كۈلكىسى كېلەر.

ساراڭلىق جىندىلىك تەلۋىلىك ئېلىشاڭغۇلۇق

ساراڭلىقى تۇتسا بۇزىدۇ، ئوڭلانسا تۈزىدۇ. * جىندىلىك جىن چاپلاشقاندىن ئەمەس. * ئەقىللىقلاردىمۇ تەلۋىلىك بولىدۇ. * ئېلىشاڭغۇلۇق ئەقىلدىن ئاداشتۇرىدۇ.

ساز I چالغۇ مۇزىكا

كۈي-ئاھاڭ چىقىرىدىغان، چېلىنىدىغان ئەسۋابلار.

ساز چېلىشنى بىلمىگەن كىشى — چالا كىشى. * چالغۇ چالغان قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن. * بىردەم مۇزىكا چالايلى.

ساز II نەغمە ناۋا

چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىشتىن چىققان ئاھاڭلىق، رىتىملىك كۈي.

سازىغا قاراپ ئۇسسۇلى. * ئۆلۈمنىڭ يىغىسى بار، توينىڭ نەغمىسى. * قۇشلار ناۋا قىلىدۇ، كۆڭۈلنى خوش ئېتىدۇ. * ئۆيدە گەپ-سۆزنىڭ بولماسلىقى — تويدا ساز-نەغمىنىڭ بولماسلىقى.

سازچى سازەندە چالغۇچى مۇزىكانت

ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالىدىغان كىشى.

تويغا سازچىلار تەكلىپ قىلىندى، نەغمە-ناۋا قىلىمىز. * مەشرەپكە سازەندە كېرەك. * چالغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك. * بىزدىن

چوقۇم ياخشى مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

سازايى قىلماق كوچا ئايلاندۇرماق

جىنايەتچى ھېسابلانغان كىشىنى كوچىلاردا خەلققە ئالەمگە كۆرسىتىپ، جاجىسىنى بەرمەك.

"مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا سازايى قىلىش كۆپ بولۇپ كېتىپ، سازايىنىڭمۇ ئېتىبارى قالمىغان. * ئادەمگە قالپاق كىيدۈرۈپ، كوچا ئايلاندۇرۇش فېئوداللىزمنىڭ ھازىرقى قالدۇقى.

سازاۋەر مۇيەسسەر نائىل مۇۋەپپەق

ئېرىشىشنىڭ سىپايە تۈرى. "قىلماق، بولماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

مۇرەتكە سازاۋەر بولساڭمۇ چوڭ گەپ قىلما. * بۇ چەرخقە بەكمۇ كۆپ سالدى نەزەر، يىپ ئۇچى ھېچكىمگە بولماي مۇيەسسەر. * مۇكاپاتقا نائىل بولدۇڭ، مەسئۇلىيىتىڭ ئارتتى. * ئۇلۇغلارنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

ساغرا كاسا يوتا يانپاش سان قويمۇچ

ئادەم ۋە ھايۋانلار ئايىغىنىڭ تىز بىلەن بەل ئارىلىقىدىكى قىسمى.

بېلىق ئالساڭ، ساغرىسىغا قارا، كاۋا ئالساڭ ساپىقىغا. * ئۇنىڭ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى كاسىسىغا چۈشەتتى. * پۇلىنى يىغىدۇ ئاتام، ئاغرىيدۇ مېنىڭ يوتام. * سول قولىدا يانباش، ئوڭ قولىدا پىچاق. * يانباشقا كەلتۈر، كۆتۈرۈپ ئات. * مېھمانغا سان تارتىلدى.

ساق I بىجىرىم بەرگىلىك

بۇزۇلمىغان، پۈتۈن.

ساق يىقىلار، سۆڭىكى ساق قالار. * چىۋىن ساق تۇخۇمغا قونمايدۇ. * ئۆزۈڭ بىجىرىم بولساڭ، گەپ-چۆچەكتىن قورقما.

ساق II سالامەت ساغلام تازا سەھەت ئەسەنگۇ

كېسىلى يوق، ئاغرىق-سىلاقتىن خالىي.

ساقلانساڭ، ساق بولىسەن. * ساق كۆز يىغلىسا، قارىغۇ كۆزدىن ياش چىقار. * سالامەت تەندە ساغلام ئەقىل. * ساغلام روھ بولمىسا، ساغلام تەن بولماس. * كېيىشىم ماتا، تېنىم تازا.

ساقلىق سالامەتلىك ساغلاملىق تەن تازىلىق

كېسەل، ئاغرىق-سىلاقتىن خالىيلىق.

ساقلىقىڭ — بايلىقىڭ. * ئىككى نەرسىنىڭ قەدرى يەتكەندىن كېيىن بىلىنەر: بىرى ياشلىق، بىرى سالامەتلىك. * پۇلىڭنى تاپارسەن، سالامەتلىكىڭنى نەدىن ئالارسەن. * ساغلاملىق نەدە، گۈزەللىك شۇ يەردە. * تەن تازىلىق — زور بايلىق.

ساقايماق تۈزەلمەك ئوڭلانماق ياخشى بولماق ئۆرە بولغاق بىنەقماق

كېسەلدىن قۇتۇلماق، شىپا تاپماق.

ساراڭ ساقايماس. * قىلىچ يارىسى ساقىيار، تىل يارىسى ساقايماس. * قىڭغىر ئېغىزنى قىرىق دورا بىلەن داۋالىساڭمۇ تۈزەلمەيدۇ. * سەۋرى قىلغان ئوڭلىنار. * كېسەلگە سەۋەب قىل، ياخشى بولۇپ قالىدۇ. * ئۆمەر كېسەلدىن ئۆرە بولۇپ قاپتۇ.

ساقچى پولىتسىيە مىلىتسىيە ژاندارما

بىر دۆلەتنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئامانلىقىنى ساقلايدىغان قوراللىق كۈچلىرى.

خەلق ساقچىسى، قاتناش ساقچىسى، قانۇن ساقچىسى. * ئوغرىغا ئۇچراشقانىنىڭ ھەممىسى ساقچى كۆرۈنەر. * گومىنداڭ ۋاقتىدا

ئۈرۈمچىدە ژاندارمىلار كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرەتتى.

ساقى ئاياقچى كاسىگۈل سۈكات

هاراق ـ شاراب قۇيغۇچى.

ساقى بولساڭ، ساق بول. * ئاياقچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمە.

سالام تەزىم يىنچۇرۇ

بىركىمگە قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ياكى بويىنى ئېگىپ قىلىنغان ھۆرمەت.

بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر. * مېۋىسىز شاخ بېشىنى كۆتۈرەر تىك، مېۋىلىك شاخ بېشى سالامغا ئېگىك. * ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت. * ئالدىرىغاندا ئېرى خوتۇنىغا تەزىم قىپتۇ.

سالام بەرمەك تەزىم قىلماق

سالام ـ تەزىم ھەرىكىتىنى بەجا كەلتۈرمەك.

سالام بەرسە، ئېلىك ئالماق ۋاجىپ. * ئۆزۈڭدىن چوڭغا سالام بەرمەسلىك ئەدەبسىزلىك. * تەزىم قىلىش ھۆرمەتلەشنىڭ بىر خىلى.

سالاملاشمات ئامانلاشماق ھال ـ ئەھۋال سوراشماق تىنچلىق سوراشماق

بىر ـ بىرىگە سالام بېرىپ، ھال ـ ئۇقتىنى سوراشماق.

سالاملاشقانىڭ ھەممىسى تۇغقان ئەمەس. * ياخشى ئامانلىشىپ كۆرۈشەر، يامان يامانلىشىپ. * ھال ـ ئەھۋال سوراشقىنىڭ ئاغرىغان يەرنى سىلىغىنىڭ. * تىنچ ـ ئامانلىق سوراشماق تىرىكلىكنىڭ نىشانى.

سالاھىيەت لاياقەت

كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، بىرەر ئىشكە يارامىلىقلىق شەرتلىرى.

مەملىكىتىمىزدە كىشىنىڭ سالاھىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. * كىمكى چوڭ بەختسىزلىك پەيتلىرىدە ۋەتەنگە جانپىدا قىلىشتىن باشقا خىياللارغا بېرىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئازاد دۆلەتتە ياشاش لاياقىتى يوق.

سالاھىيەت كىنىشكىسى پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى

پۇقرالىق سالاھىيىتىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بېرىلگەن گۇۋاھنامە، كىنىشكا.

ھازىر مەملىكىتىمىزدە سالاھىيەت كىنىشكىسى تارقىتىلدى. * ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھەربىر 16 ياشتىن يۇقىرى ئاھالە پۇقرالىق گۇۋاھنامىسى ئېلىش شەرت ئىدى. * سىنگاپوردا مايمۇنغا سالاھىيەت كىنىشكىسى تارقىتىدىكەن.

سالقىن سۆرۈن

ھاۋا ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس.

كېچە سالقىن بولسىمۇ، ئالەم كۈندۈزگە خۇمار. * سۆرۈن يەردە سەگسەك، ھاردۇق چىقىدۇ.

سالما چالما قۇرۇق سويلا سىرتماق ئۇقۇرۇق كەمەك

يىلقىچىلىق سايمانلىرى، ئات تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ:

"سالما"، "چالما" مەخسۇس ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئىلمەك قىلىپ، ئاتقا ئاتىدۇ، ئىلمەك ئاتنىڭ بوينىغا چۈشسە، ئات تۇتۇلىدۇ.

"قۇرۇق"، "سويلا"، "سىرتماق" مەخسۇس ياغاچنىڭ ئۇچىغا سىرتماق يىپ باغلاپ ياسىلىدۇ.

"ئۇقۇرۇق"، "كەمەك" ئەگمەچ، ياشەكىللىك ياغاچقا ئىلمەك تانا بېكىتىش بىلەن تەييارلىنىدۇ.

سامان مەڭگەن پاخال مىسىل غوزۇ ئۆيە

ئارپا ـ بۇغداي، شاللار تېپىلىپ، دېنى ئېلىۋېلىنغاندىن

كېيىن قالغان شېخى. كۆچمە مەنىدە: كۆپ. قىممىتى، ئەتىۋارى يوق.

سامان نەرخى. * سامانىنىڭ ئاستى ئالتۇن. * مەڭگەننىڭ كۆشۈكى بىر پۇل. * قەيەرگە يىقىلىشنى بىلسەم، شۇ يەرگە پاخال سېلىپ قوياتتىم. * مىسىل — كەمبەغەلنىڭ كۆرپىسى.

سامانيولى كۆكيولى

ھاۋا ئوچۇق كۈندە ئاددىي كۆزگىمۇ خۇددى يولدەك يورۇق كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار توركۈمى.

بۈگۈن كۈن نېمدېگەن ئوچۇق، سۈزۈك-ھە، سامانيولى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ.

سامسا سامبۇسا پەرمۇدە گۆش گىردە

ئېچىلغان جىلتىگە قىيما سېلىپ تۈگۈپ، ئادەتتە تونۇرغا يېقىپ ياكى مايغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك.

ئاقسۇنىڭ سامسىسى، قەشقەرنىڭ سامبۇسىسى، كۇچانىڭ پەرمۇدىسى، خوتەننىڭ گۆشگىردىسى داڭلىق. * مايدا پىشۇرۇلغان سامسا، سامبۇسىنىڭ تۈرى كۆپ بولىدۇ.

سامساق سارمۇساق سادۇن باسار

ئۆتياشنىڭ بىر خىلى. تەمى ئاچچىق بولىدۇ، پۇرىقى كۆڭۈلگە تېگىدۇ.

سامساق ئۆز ئەتراپىدىكى 5 سانتىمېتر كېلىدىغان يەردىكى مىكروپنى ئۆلتۈرىدۇ. * سامساقنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، 100 گرام سامساقتىن 114 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

سان ساناق ئەدەت مىقدار ھېساب ساغدىچ

شەيئىلەرنىڭ قانچىلىكىنى بىلدۈرىدىغان چۈشەنچە.

ساندا بار، ساناقتا يوق. * كۆكلۈكدە سان بولسا، يېرىم غەلبە قىلغىنىڭ. * نادان دوستنى ساناققا قوشما. * ئېدىتسىز ئىش يوق، ئىشنى بىل، ئېدىتىنى بىل. * بىرىلمىگەيسەن ھەسەتكە زىنھار، ھەسەتتە يا چەك يوق، يا مىقدار. * دوستۇڭ دوست بولسۇن، ھېسابىڭ دۇرۇس بولسۇن. * ھېسابچى توغرا بولسا، ھېساب خاتا بولماس.

سانائەت ئىندۇستىرىيە

تەبىئىي ماددىي بايلىقلاردىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى ياساش ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قايتا ئىشلەشتەك ئىشلەپچىقىرىش ئىشى.

سانائەت ئىنقىلابى؛ سانائەت دۆلىتى؛ يېنىك سانائەت: ئېغىر سانائەت. * سانائەت — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي تارمىقى.

سانائەتلەشتۈرۈش ئىندۇستىرىيەلەشتۈرۈش

زامانىۋى سانائەتنى خەلق ئىگىلىكىدە يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكۈزۈش.

سانائەتلەشتۈرۈش — زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى.

ساناتورىيە لياۋياڭيۈەن

كېسەللەر يېتىپ داۋالىنىدىغان ۋە دەم ئالىدىغان مەخسۇس جاي.

كادىرلار ساناتورىيىسى. * ئۇلانباي كادىرلار ساناتورىيىسىدە كادىرلار دەم ئالىدۇ ۋە داۋالىنىدۇ. * ئىشچىلار ساناتورىيىسى. * نەنسەن ئىشچىلار ساناتورىيىسىدە ھەر يازدا نۇرغۇن ئىشچىلار داۋالىنىدۇ ياكى دەم ئالىدۇ.

ساناقلىق ھېسابلىق

ئۇنچە كۆپ ئەمەس، چەكلىك مىقداردىكى.

ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنى قالدى. * ھېسابلىق كۈنۈڭنى ھېسابلاپ ئۆتكۈز.

ساندۇق چامادان يەشىك شەشۈك

نەرسە ـ كېرەك سالىدىغان، ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇرىدىغان قاپقاقلىق مەنقۇلات.

"شەشۈك" خوتەن دىئالېكتىدا "يەشىك".

ئاچقۇچى يارىماي قالسا، ساندۇقمۇ بىكار بولار. * چامادان سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بەك زۆرۈر. * غۇلجىدىن يەشىك ـ يەشىكتە ئالما كەلدى.

سانسىز سان ـ ساناقسىز ھەددى ـ ھېسابسىز سانى يوق ھېسابى يوق

سانىنى ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ.

سانسىز يالتىراق قوڭغۇز بىر چىراغچە دال بولماس. * سان ـ ساناقسىز كۈنلەر ئۆتتى. * بىلگەنلىرىمىز چەكلىك، بىلەلمىگەنلىرىمىز ھەددى ـ ھېسابسىزدۇر. * بۇزغىنىڭنىڭ سانى يوق، تۈزىگىنىڭنىڭ تايىنى. * ھازىر سېلىق قالايمىقان سېلىنىۋاتىدۇ، دېھقانلار تۆلىگەن سېلىقنىڭ ھېسابى يوق.

سانىتار سېستىرا تىببىي ھەمشىرە خۇشى

دوختۇرخانا ـ بالنىستلاردا كېسەللەرنى داۋالاش ـ كۈتۈش ئىشىنى قىلىدىغان خادىم.

خەلقئارا سانىتارلار بايرىمى قىزغىن تەبرىكلەندى. * يېقىندا نەمۇنىلىك سېسترالار مۇكاپاتلاندى. * مىللىي ئازادلىق جېڭىدا قۇربان بولغان تىببىي ھەمشىرە رىزۋانگۈلنى خەلقىمىز مەڭگۈ خاتىرىلەيلى.

سانىماق سانالماق ھېسابلىماق ھېسابلانماق

ھېساب دەپ بىلمەك.

ئوغرى ئوغرىلىغان مىلىنى بەخت سانايدۇ. * قاغا بالىسىنى ھەممىدىن چىرايلىق ھېسابلايدۇ. * بىر قارلىغاچ كەلگەنگە باھار سانالماس، يالغۇز مەيدانغا چۈشكەن باتۇر ھېسابلانماس.

سانىماق ئېدىتلىماق ھېسابلىماق

سان ـ سانىقىنى ئېنىقلىماق.

قانچە سانساڭمۇ يۈزنىڭ بىرىمى ئەللىك. * سانىماي "سەككىز" دېمە. * ئىشنى ئېدىتلاپ قىل. * باشاق ھېسابلىماي، چاناق ھېسابلا.

ساھە دائىرە

ئىنسان پائالىيىتى، ئىلىم ـ پەننىڭ بىر تارمىقى، كەسىپ ئايرىمى.

ئىلىم ساھەسى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى. * ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. * ھەركىم ئۆز دائىرىسىگە مەنسۇپ. * ئىلىم ـ پەن دائىرىسى ـــ چوڭ دائىرە.

ساۋاتسىز قارىتۈرۈك قارا قورساق قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق ئېلىپنى تاياق دەيدىغان كۆزى ئوچۇق قارىغۇ

خەت تونۇمايدىغان، خەت ـ ساۋاتى يوق.

ساۋاتسىزلار ئىچىدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ. * مەن بىر قارىتۈرۈك ئادەم. * قارا قورساقتىن قورق. * ئۇ قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق بىرنېمە. * ئېلىپنى تاياق دەيدىغانلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەك تەس. * ئېلىپنى (ا) تاياق دېيەلمەيدۇ، مىمنى (م) چوماق. * ئوقۇماي، سىلمەي، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالدىم.

ساۋاتلىق قولىدا خېتى بار

خەتنى ئوقۇش - يېزىشنى بىلىدىغان.

ساۋاتلىق بولغان ياخشى، لېكىن ساۋاتلىق بولۇش كۆپايە قىلمايدۇ، مەلۇماتلىق بولۇش كېرەك. * ئۇ قولىدا خېتى بار ئادەم.

ساياق سالپا - ساياق سالتاڭ

ماكانسىز، يالغۇز تېنەپ يۈرىدىغان.

ساياق يۈرگەن تاياق يەر. * سالپا - ساياق يۈرگەن ئاخىر يەرگە قارايدۇ. * سالتاڭ سايدا قالىدۇ.

ساياھەت سەيلە تۇرىزم تەزگىن

كۆرۈش، ئۆگىنىش مەقسىتىدە قىلىنىدىغان سەپەر، ئويۇن - تاماشا.

ساياھەت — بىلىمنىڭ ئۇلۇغ مەنبەسى. * سەيلىگە چىققاسىڭمۇ ھەمراھ تاپ.

ساياھەتچى سەيياھ تۇرىست سەيلىچى سەيرچى

سەيلە - ساياھەت قىلغۇچى.

شىنجاڭغا خەلقئارا ساياھەتچىلەر كۆپلەپ كەلمەكتە. * شامالنىڭ يۆنىلىشى سەيياھنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. * خەلق باغچىسىدا ھەر يەكشەنبە كۈنى سەيلىچىلەر توشۇپ كېتىدۇ. * ھەزرەت سەيلىسى تېرىلغۇدىن كېيىن، ئومىدىن بۇرۇن بولىدۇ، سەيلىچىلەر ھارۋا - ھارۋىلاردا كېلىشىدۇ، ئويناپ - كۈلۈپ، دەم ئېلىپ قايتىشىدۇ.

* سەيرىچى — ھايۋانات باغچىسىنىڭ مېھمىنى.

سايە كۆلەڭگە قالقا

جىسىمنىڭ كۈن نۇرىنى توسۇۋالغاندىن كېيىن يەردە ياكى

باشقا جىسىمدا كۆرۈنگەن شەكلى، قارىسى.

ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى ئۈركۈپتۇ. * ئۆزىنىڭ سايىسىگە ئۆزى مۇشت ئېتىپتۇ. دوستلۇق قۇياشنىڭ كۆلەڭگىسى، كۈن ئۇرچۇق چاغدىلا چىقىدۇ. * كۈنگەيدە ھەمراھ بولىدۇ، تەسكەيدە يوشۇرۇنىدۇ، ئۇ نېمە؟ (سايە - كۆلەڭگە).

سەپ قاتار رەت سىرا

دەپتەردە ئوبدان شېئىر تارتمايدىكەن سەپ، ئۇ دۇردانىدىن خالىي پۇچەك سەدەپ. * دۇتار تارىسى ساتاردا يوق، بىلىمسىز كىشى قاتاردا يوق. * قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال. * ئالدىنقى رەت تىياتىردا، كەينىدىكى رەت كىنودا ئەتىۋارلىق.

سەپرا نېرۋا

نېرۋا سىستېمىسىنىڭ جايىدا بولماسلىقىدىن بولىدىغان چۇس مىجەز.

چىداش ياخشى سەپرا ئۆرلىگەن ئان، سەپرانى تاشقىرى چىقارماق يامان.

سەپسەتە قۇرۇق گەپ قالماش

ئاساسسىز، بىمەنە نەزەرىيە ۋە باشقىلار.

سەپسەتە ئاققان يەردە، ھەقىقەت ئاقمايدىكەن! * سەپسەتە بىر كۈنلۈك، ھەقىقەت مەڭگۈلۈك. * قۇرۇق گەپكە يول قويساڭ، ھەممىنى قۇرۇتىدۇ.

سەت خۇنۇك ئۆرىنى سوغۇق بەتبەشىرە

چىرايلىق ئەمەس، كۆرۈمسىز قىياپەت.

ئەڭ چىرايلىق مايمۇنمۇ ئادەم ئالدىدا يەنىلا سەت. * سەت تونۇكىنى سىرتقا كىيمە. * خۇنۇكنى پەردازلىساڭمۇ خۇنۇك. * ئۇ ئۆرىنى

سوغۇق نېمىسكەنا. * دۈشمەننىڭ بەتبەشىرىسى ئاشكارا بولدى.

سەتلىك خۇنۇكلۇك

كۆرۈمسىز قىياپەت.

سەتلىكىڭنى نېمىشقا ئەينەكتىن كۆرۈسەن؟ * بۆرە خۇنۇكلۇكىدىن ئەمەس، قوي يەيدىغانلىقىدىن ئۆلىدۇ.

سەرەڭگە گۈڭگۈرت ياڭخو

تال-تال ئۇششاق ياغاچقا فوسفور ياكى گۈڭگۈرت بىرىكمىسى سۈركەشتىن ئوت ھاسىل قىلىدىغان نەرسە.

"گۈڭگۈرت" قەشقەر، ئاقسۇ شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"ياڭخو" خەنزۇچە، ھازىر ئىشلىتىلمەيدۇ.

سەرەڭگە چاقماق — قاراڭغۇدا ياقماق. * بىر دەرەختىن ياسىلار مىڭلاپ سەرەڭگە، مىڭ دەرەخنى كۆيدۈرەر بىر سەرەڭگە.

سەرگۈزەشتە كەچۈرمىش

باشتىن كەچۈرگەن ئىش-ھەرىكەت.

سەرگۈزەشتىسى كۆپنىڭ كۆرگەن-بىلگىنى كۆپ. * كەچۈرمىش — پاراسەتنىڭ ئانىسى.

سەزگۈ تۇيغۇ ئېموتسىيە

شەيئىلەرنىڭ ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشىدىن مېڭىدە پەيدا قىلغان ئىنكاسى.

ئۇ جىم ياتىدۇ، ھېچنېمىنى سەزمەيدۇ، سەزگۈسىنى يوقاتقان ئوخشايدۇ. * باللار ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇلاردا مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ.

سەزگۈر تۇيغۇن تايۇق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى تېز سەزگۈچى، تۇيغۇچى.

سەزگۈر كىشى زىيان-زەخمەتكە ئاز ئۇچرايدۇ. * تۇيغۇن يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدۇ.

سەزمەك تۇيماق

سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق ھېس قىلماق.

كىم ھوشيار بولسىلا ھەربىر قەدەمدە، ئىبلىس شۇملۇقىنى سېزەر شۇ دەمدە. * يوشۇرۇن ئاپەتنى تۇيغىنىڭ، يېرىمىدىن ساقلانغىنىڭ.

سەكرىمەك ئاتلىماق تاقلىماق

ئىككى پۇتنى كۈچەپ، بەدەننى تۇرغان ئورنىدىن بىردىنلا ئايرىماق.

يىراققا سەكرەش، ئېگىزگە سەكرەش، * "سەكرە" دېگەننىڭ ئايىغى سۇنماس، سەكرىگەننىڭ سۇنار. * ئالغا ئاتلا ئاۋايلا، كەينىڭگىمۇ باق، قارا. * بىر تاقلاپلا ئاسمانغا چىققىلى بولماس.

سەگىمەك سايىدىماق سالقىنلىماق

سايە چۈشكەن، سالقىن يەردە تۇرۇپ، ساپ ھاۋادا دەم ئالماق.

سايىسىدا سەگىگەن دەرەخنىڭ سايىسىدىن يامانلىما. * بىر تۈپ بۈيىنىڭ سايىسىدا ئون ئادەم سايىداپتۇ. * سالقىندا سالقىنلىماق جانغا ئارام بېرىدۇ.

سەل قىيان تاشقىن كەلكۈن توپان ھۆندۈز

قاتتىق ھۆل-يېغىندىن ياكى قار ئېرىشتىن ھاسىل بولغان كۈچلۈك سۇ ئېقىمى.

تەۋرىگەن ئەلدىن قورق، يامرىغان سەلدىن قورق. * قىيان ئۈنسىز ئۇرۇش، تىلسىز جەڭ. * تاشقىن كېتەر، تاش قالار. * چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىدا تامچىمۇ تاشقىن. كەلكۈندە لاي سۇ ئىچەرسەن. * كەلكۈن

سۆزـــ بىرتۇتۇچ ھايۋان. * جاھاننى توپان باسسا، ئۆردەككە نېمە غەم.

سەللە سىپىچ دەستار سۈۋلۈق شاپات

باشقا ئورالىدىغان ئۇزۇن رەخت.

سەللە يوغان، باش كىچىك. * سەللە يوغان، ئىمان يوق. * سەللە دېگەن يۆلۈك، ساقال دېگەن تۈك. * سېرىق سېپەچلەر قوزغىلىڭى — جۇڭگودا بولۇپ ئۆتكەن چوڭ قوزغىلاڭلارنىڭ بىرى.

سەن سىز سىلى ئۆزلە سىلىرى ئۆزلىرى

ئىككىنچى شەخس كىشىلىك ئالمىشى. پەقەت كىشىلەرنىڭلا ئالمىشى بولۇپ كېلىدۇ.

"سىز" ئەسلىدە "سەن"نىڭ كۆپلۈكى ئىدى. (مەن — بىزگە ئوخشاش). ھازىر كۆپلۈك كاتېگورىيىسىدىن چىقىپ، بىرلىكنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئورتىچە بولۇپ قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن جايلار ئارا پەرق قىلىدۇ.

"سىلى، ئۆزلە، سىلىرى، ئۆزلىرى" سىپايە تۈرى.

مەن سېنى "سەن" دەپ چاقىرسەمن، شۇنداق چاقىرىشنى ياخشى كۆرىمەن. سۆيىمەن قەۋەتلا قەۋەت، ئەمما دېسەڭمۇ سەن مېنى "سىز". * پۇل تاپارغا سەن تۇر، يەپ ياتارغا مەن تۇراي. * ئالدىرىماڭ يارەي، سىزگىمۇ بۇگۈن بارەي. * سىلىگە بىر باغاق كەپتۇ، — دېدى خوتۇنى ئېرىغا. * ئۆزلە يېقىندىن بۇيان كۆرۈنمەيلىغۇ. * سىلىرى تۇرۇپ تۇرسىلا، دادامنى قىچقىراي. * ئۆزلىرى قاچان كەللە.

سەنئەتچى سەنئەتكار

سەنئەت خادىمى، سەنئەت ئەربابى.

سەنئەتچىلەر ھەرقانداق چاغدا كىشىلەرگە گۈزەللىك، چىنلىق ۋە بەخت ئاتا قىلىشى لازىم. * جانلار ئارا كىرسۇن سەنئەتكار دېگەن، جانغا

پەيۋەندە بولغاچ ھېچ ئۆلمەيدىكەن.

سەن-پەن دېيىشمەك نېرى-بېرى دېيىشمەك

قاتتىق ئاكاللىشىپ قالماق، ئۇرۇشۇپ قالماق.

بىز ئۇنىڭ بىلەن "سەن-پەن" دېيىشىپ قالغان، ئۇ بار يەرگە بارمايمەن. * نېرى-بېرى دېيىشىپ يۈرمە، جېدەل چىقمىسۇن يەنە.

سەھنە ئەسىرى پيېسە سېنارىيە

كىنو-تىياتىرلاردا ئاساس قىلىنىدىغان بەدىئىي ئەسەر. "سېنارىيە" كىنوغا خاس.

زۇنۇن قادىر «غۇنچەم» قاتارلىق بىرنەچچە سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاپتورى. * «كۈرەش يولى» پيېسىسى قايتا-قايتا تۈزىتىلدى. * «نەسىرىدىن ئەپەندى» كىنو سېنارىيەسى فىلىمگە ئېلىنىۋاتىدۇ.

سەھىيە گىگىيېنا ھېبزىسسەھەت قاراق

ئاغرىق-سىلاقتىن ساقلىنىش، سالامەتلىكنى ساقلاش.

سەھىيە نازارىتى؛ سەھىيە باشقارمىسى. * سالامەتلىك ئۈچۈن سەھىيە تەدبىرلىرى كۆرۈلدى. * مەكتەپ گىگىيېنىسىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، * ھېبزىسسەھەت مەخسۇس دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈشى كېرەك ئىدى.

سەۋەب ۋەج بائىس

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈچۈن ئامىل، ئاساس بولغان باشقا بىر ئىش-ھەرىكەت.

سەۋەبىنى ئاتىدىن ئىزدە، نۇقسانىنى بالىدىن. * سەۋەب بولمىسا، نەتىجە بولماس. * نېمە ۋەجىدىن ئاتا-ئاناڭدىن خەۋەر ئالمايسەن؟ * ئۆتكەن يىلى باققاللىقتىن زىيان تارتتىم، شۇ بائىستىن بۇ ئىشقا ھەپىسلەم يوق.

سەۋەبچى سەۋەبكار زامىن

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا سەۋەب بولغۇچى.

كېسەلنىڭ سەۋەبچىسى ھەركىمنىڭ ئۆزى. * ئوغرى ئالغان مالغا ئىگىسى سەۋەبكار. * ئۆز ئەيىبىگە دوست بولغان ئۆز بېشىغا زامىن بولار.

سەۋەبسىز ۋەجسىز

ھېچ سەۋەب ـ ۋەج يوقلۇق.

سەۋەبسىز ئىش بولماس. * سېغىزخان سەۋەبسىز شاقىلدىماس. * ۋەجسىز ئىشقا دەلىل يوق.

سەۋدايى مەجنۇن

ئەقلىدىن ئازغان، ئېلىشىپ قالغان.

سەۋدايىنى سۇغا بۇيرۇما. * لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى كېرەك.

سەۋزە زەردەك

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. بېشى توپا ئاستىدا بولىدۇ.

"زەردەك" قەشقەر شېۋىسى، خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ. * تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا يەتتە تاختا زەردەكنى بۇزار. * سەۋزىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، 100 گىرامىدىن 34 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مول ۋە سۈپەتلىك.

سەي قورۇما قورداق قەلىي

گۆش، كۆكتاتنى ياغدا قورۇپ تەييارلىغان يېمەكلىك.

"سەي" خەنزۇچە: 菜

سەيگە قاراپ تاماق ئىچ، بويىغا قاراپ كىيىم پىچ. * قورۇمىنىڭ تەمىنى سەي دېسەك، تېتىپ كۆر. * قورداقنى كۆرگەندە، موللام قورۇنۇشنى ئۇنتار.

سەييارە پىلانېتا پاغارلى

قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ھەم قۇياشتىن نۇر ئالىدىغان يۇلتۇزلار.

قۇياش سىستېمىسىدا توققۇز چوڭ سەييارە بار. * "ئۈرۈمچى" دەپ نام بېرىلگەن كىچىك سەييارە يېقىندا خەلقئارا ئاسترونومىيە ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، ئۇنىڭغا 2729 ـ رەت نومۇرى بېرىلگەن.

ستولبا موما ياغاچ

ئېلېكتر، تېلېفون، رادىئو سىملىرىنى تارتىش ئۈچۈن، ياغاچ، سېمونتلاردىن ياسالغا موما ياغاچ.

ستولبىغا ئات ـ ئۇلاغ باغلاش خەتەرلىك. * موما ياغاچ جامائەتنىڭ مۈلكى، ئاسراش، بۇزماسلىق كېرەك.

سوئال سوراق

جاۋاب ياكى چۈشەنچە ئېلىش ئۈچۈن قويۇلغان مەسىلە.

سوئال جۈملە؛ سوئال گەپ. * شەك ـ شۈبھىسىزكى، سوئال ـ ھەرقانداق پەننىڭ ئاچقۇچى. * ئەخمەقنىڭ بىر سورىقىغا يۈز ئاقىل جاۋاب بېرەلمەس.

سوپى ئىشان بۇۋى

تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ چوڭلىرى، يېتەكچىلىرى.

"بۇۋى" ئايال سوپى.

ئوغرى قېرىسا سوپى بولار، جالاپ قېرىسا بۇۋى. * سوپى سوۋۇ-

ھانى بەر، تاپسا يوغاننى. * شەيتانغا ئىشەنسەڭ ئىشەن، ئىشانغا ئىشەنمە. * ئۆلىما، ئىشانلاردىن ئازار كەلسە، ياۋاش ئەسكەر ياخشى ئۈندىن يۈز ھەسسە. * بۆۋى سوپىدىن قېلىشمايدۇ. * بۆۋى نېمە دېگىنىنى، نېمە قىلغىنىنى ئۆزى بىلسە ئىدى، "بۆۋى" بولماس ئىدى.

سوپىلىق ئىشانلىق تەسەۋۋۇپ

ئىسلام دىنىدا 8 — 9 ـ ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، 11 — 12 ـ ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن تەرىقەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق ئېقىمى.

سوپىلىق ـ ئىشانلىق بىرۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، باشقا مەزھەپلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش لازىم. * تەسەۋۋۇپ تەقدىرنىڭ تاماشاسىغا يول قويىدۇ.

سوتكا كېچە ـ كۈندۈز

ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى: بىر كۈن.

بىر سوتكا 23 سائەت 56 مىنۇت 1 سېكۇنت. * سوتكىنىڭ كۈندۈزى بىلەن بىللە تۈنىمۇ بار. * ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە.

سودا تىجارە ئوقەت سودا ـ سېتىق ئالسات يۇلۇغ

تاۋار ئالماشتۇرۇش، ئېلىش ـ سېتىشقا باغلىق مۇئامىلە.

دەسلەپكى سودىدىن يانما. * سودا ساقال سىيپىغۇچە. * سودىدا دوست يوق. * تىجارەتنىڭ يېرىمى يالغانچىلىق. * قازىئاخۇنۇم ئوقەتنىڭ كويىدا، قۇشناچىم پەردازنىڭ كويىدا. * سودا ـ سېتىق پۇلدىن باشقىنى تونۇماس. * ئالسات ئامانەتنى بىلمەيدۇ.

سودىگەر تۇججار تىجارەتچى بازارچى سېتىقچى ئېلىپساتار دۇكاندار يۇلۇغچى

ھەر خىل سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

"بازارچى" يېزا بازارلىرىدا سودىگەرلىك قىلغۇچىغا ئىشلىتىلىدۇ.

"دۇكاندار" مەخسۇس دۇكان ئېچىپ سودا قىلغۇچىغا ئىشلىتىلىدۇ.

"سېتىقچى" دەسمايىسى ئاز، ئۇششاق "سودىگەر".

سودىگەرنىڭ يولى بىر، رىزقى باشقا. * ئۆچكە تالغا تويماس، تۇججار مالغا. * تىجارەتچى مېلى بىلەن ئەمەس، تىلى بىلەن تىجارەت قىلىدۇ. * بازارچى بازار ئالىدۇ، مال ساتىدۇ. * پۇلى يوق تاللاشقا ئۇستا، سېتىقچى ماختاشقا. * قاسساپ مالنى پىچاق بىلەن سويىدۇ، ئېلىپساتار ئادەمنى پىچاقسىز سويىدۇ.

سودىيە سوتچى

سوتلاش ۋە كېسىم ئىشلىرىنى قىلغۇچى سوت خادىمى.

دۆلىتىمىزدە سودىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلماقتا. * ۋاقىت ــ ئەڭ ئادىل سوتچى.

سوراق تەرگەش سوت

سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئەيىبلەنگۈچىدىن ئىشنىڭ تەپسىلاتى ۋە ئالاقىدار تەرەپلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان سوئال ـ جاۋاب.

سۆيسەڭ ياخشىنى سۆي، قىيامەتتە سوراق بار. * تەرگىگەنگە ماقۇل، سەتلىگەنگە ياق. * ھەقىقەت سوتتىن قورقمايدۇ.

سورىماق ئۆتۈنمەك تىلىمەك

بىرەر تەلەپ بىلەن ئىلتىماس قىلماق.

سوراپ ـ سوراپ بولار دانىشمەن. ھەر ئارزۇغا يېتىدۇ جەزمەن. * بىلىم لازىم بولسا سورا. * ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماپتۇ. * خەقتىن ئۆتۈنگۈچە، يەردىن ئۆتۈن. * كۆكتىن تىلىگىنىمنى يەردىن

تاپتىم.

سوقا - سەندەلدەك يېگەن - ئىچكەندەك

قاۋۇل، ساغلام، كۈچلۈك كىشىگە ئوخشىتىش.

ماڭا قارىساڭلار، مەن شۇنداق يېگەن - ئىچكەندەك، سوقا - سەندەلدەك ئۆلتۈرۈپتىمەن. * ئاڭلىمىغانلار ئاڭلاپ قويسۇن، مەن گۈلئايشەمگە يېگەن - ئىچكەندەك ئەر تاپتىم.

سوغا تۇڭ مالتاق چۆگەك ماتال ساغۇ سۇسىق

سۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان ياغاچ قاچا، چېلەك.

"چۆگەك" لوپنۇر دىئالېكتىدا، "ماتال" خوتەن دىئالېكتىدا، "مالتاق" ئاقسۇ شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"تۇڭ" خەنزۇچە: 桶

تامچىلىغان سۇدىن سوغا توشار. * تۇڭ توشقۇچە، سۇ تۈگەپتۇ.

سوغۇق سوغ ئىزغىرىن تۇم تۇملىغ

تۆۋەن هارارەت، تېمپېراتۇرا نولدىن تۆۋەن هالەت.

كۆچمە مەنىدە: يېقىمسىز.

قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى باشلاندى. * ئۆزى سوغۇقنىڭ قىلىقى سوغۇق. * بۇ يىل قىش بەك سوغ بولدى. * ئىزغىرىن شامال يۈزگە ئۇراتتى.

سوغۇق سۆز قوپال سۆز

كىشىنى رەنجىتىدىغان يامان گەپ.

قۇلاققا تەگكەن سوغۇق سۆز يۈرەككە بىرىپ موز بولار. * قويال سۆز ئاغزىڭدىن چىقسا، ئاڭلىغاننىڭ جېنى چىقىدۇ.

سول چام

ئورمىدا ۋە چېپىقتا كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىلگەن ۋەزىپە.

ئاش تەڭ، نان تەڭ، سول نېمىشقا كەڭ؟ * چامدىساڭمۇ چام بولسۇن.

سولامچى شوۋىچى گۆي يۇمشاقباش

ئۆزىنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىشىغا يول قويىدىغان ئەر كىشى.

سولامچى سوراقتا تارتىلسۇن. * شوۋىچىنىڭ شورى قۇرۇسۇن. * گۆي گۇم بولسۇن. * يۇمشاقباشنى يەر يۇتسۇن.

سولماق سولاشماق سالپايماق

جانلىق هالەتنى يوقاتماق.

ئەقلىڭ تولىدۇ، هۆسنىڭ سولىدۇ. * تاماكىدىن ياشمۇ سولىشار. * سادىن قورقۇپ سالپايغان ساراڭ.

سوۋغات سوۋغا تارتۇق هەدىيە ئارمىغان

هۆرمەتلەپ، تەبرىكلەپ سۇنۇلغان نەرسە.

سوۋغات بەرگەنگە ئىشەنمە. * سەن سوۋغىغا سېتىۋالغان دوستنى خەقمۇ سوۋغىغا سېتىۋالالايدۇ. * يىللار بىزگە تەجرىبە سوۋغا قىلسا، كىتاب بىزگە بىلىم سوۋغا قىلىدۇ. * تارتۇق قىممەتلىك ئەمەس، كۆڭۈل قىممەتلىك. * هەدىيە قىل، مىننەت قىلما.

سويماق بوغۇزلىماق

مال - ۋارانلارنى، ئۆي قۇشلىرىنى بوغۇزىغا تىغ تارتىپ ئۆلتۈرمەك.

چۆجىنى سويغىلى ئاپارساڭ، قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. * قوي سويۇشتىن

بوغۇزلاش يامان.

سۇ ئامبىرى ھەۋزە

بىكار سۇلارنى يىغىپ ساقلايدىغان يەر.

ئۇلاسباي سۇ ئامبىرى ئەتىيازلىق تېرىلغۇدا ئۆز رولىنى جارى قىلدى.

سۇپا بۆگۈلۈك پەچكۇم سۇكە

ھويلا-ئارام، باغ-ۋارانلارغا، ئوچۇق يەرلەرگە ئولتۇرۇش-يېتىش ئۈچۈن يەردىن ئېگىزرەك قىلىپ ياسالغان جاي-قۇرۇلما.

"بۆگۈلۈك" كات شەكلىدە بولىدۇ.

"سۇكە" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

سۇپىدا ئولتۇرۇپ سۆزلەشتۇق. * باغدىكى بۆگۈلۈكتە ئارام ئال.

سۇخسۇر قوشماقئۆردەك

ياۋا ئۆردەككە ئوخشايدىغان، جۇغى كىچىك، ئاغزى ياپىلاق، بويىنى ۋە قاناتلىرى ئۇزۇن، سۇدا ۋە قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان قۇش. ئەركەك-چىشىسى دائىم بىللە بولىدۇ. شۇڭا ئىناق ئەر-خوتۇنغا تەمسىل قىلىنىدۇ.

بىر-بىرىڭلارغا سۇخسۇردەك مېھرىبان بولۇڭلار. * قوشماقئۆردەكلەر سەيلىگە چىقىپسىلەر.

سۇدان ياتۇق كۆرتە باكلاشكا

ئۇسسۇلۇق سۇ قاچىلاپ ئېلىپ يۈرىدىغان قاچا.

"ياتۇق، كۆرتە" قۇمۇل-تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

يىراققا بارىدىكەنسىلەر، بالام، — دېدى ئانىسى يالىنىپ، — سۇداندا ئۇسسۇلۇق ئېلىۋال. * يېڭى جەڭچىلەرگە بىردىن باكلاچكا تارقىتىلدى.

سوس ئاچ

قېنىق ئەمەس (رەڭ-بوياق ئۇستىدە).

سوس سېرىق كۆڭلەك كىيگەن قىز كېلىپ كەتتى. * ئاچ قىزىل چىرايلىق رەڭ.

سۇلالە خاندانلىق دىناستىيە

ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان خانلىق-پادىشاھلىق.

چىڭ سۇلالىسى 1616-يىلدىن 1911-يىلغىچە داۋام قىلىپ، 1911-يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلابى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. * قاراخانىلار خاندانلىقى مىلادى 850-يىلدىن 1212-يىلغىچە 400 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەندى.

سۇندۇرماق چاقماق ئۇشتۇماق

سۇ كەلتۈرگەن خارۇزار، كوزا سۇندۇرغان ئەزىز. * ئېشىنى يەپ، قازىنىنى چېقىپتۇ. * نانۇشتىدا نان ئۇشتۇ.

سۇنماق يوللىماق تەقدىم قىلماق

ئىزرەتلەپ، ھۆرمەت بىلەن بەرمەك.

رەھبەرلىككە ئىلتىماس سۇندۇم. * ئالىي سوت مەھكىمىسىگە ئەرز يوللىدىم. * تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى تەقدىم قىلغان نەرسىدىنمۇ قىممەتلىك.

سۇنۇق چېقىق

سۇنغان، چېقىلغان، بىرەر يېرى پۇچۇلغان.

سۇنۇق ئوقيادىن ئاتقان ئادەم قورقار، ئالدىدا تۇرغان ئادەممۇ قورقار. * دوستۇڭغا سۇنۇق چىنىدە چاي بەرمە، كۆڭلى سۇنمىسۇن. * چېقىق چىنە چېقىق پېتى قالدى.

سۆرەم تىرنا تاتىلا كولتىۋاتۇر يوپۇرغا

يەرنى يۇمشىتىش، چالما-پامپىلارنى ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرى.

"تاتىلا" لوپنۇر دىئالېكتىدا "تىرنا".

قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە ساپتۇ. * يەرگە تىرنا سال، ياخشى هوسۇل ئال. * كېۋەزلىككە كولتىۋاتۇر سېلىندى.

سۆز گەپ پاراڭ لەۋز كەلىمە كالام سۇخەن نۇتۇق لۇغەت لېكسىكا

تىل تاۋۇشى ياكى تىل تاۋۇشلىرىدىن ئىبارەت مەنە بېرىدىغان تىل بىرلىكى.

"كەلىمە"، "كالام"، "سۇخەن" ئىستېمالدىن قالغان، پەقەت سۆز بىرىكمىلىرىدىلا كېلىدۇ: كەلىمە تەيىبە، كالامۇللا، سۇخەنچىلىك قىلماق...

"سۆز"، "نۇتۇق"لارنىڭ مەنىسى كېڭەيگەن، دوكلات، مەرۇزە مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

"لۇغەت"، "لېكسىكا" تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى سۈپىتىدىلا خىزمەت قىلىدۇ.

ئەقىلنىڭ كۆركى تىلدۇر، تىلنىڭ كۆركى سۆز. * سۆزدىن سۆز چىقىدۇ، شوردىن تۇز. * هەر ئىلىمدىن ئاڭلىساڭ بىر سۆز، ئۆگەن ئۇنى كېچە-كۈندۈز. * باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ لۇشۇننى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگەندۇق. * گەپ گەپنىڭ تېگىنى ئاچىدۇ. * گەپ يۈزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۈزدە. * پاراڭ بار يەردە ساراڭ بار، ساراڭ بار يەردە پاراڭ. * لەۋزى چىرايلىقنىڭ ئۆزى چىرايلىق. * «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا

سۆزلىگەن نۇتۇق»نى ئۆگەندۇق. * كىمدە بىھۇدە سۆز بولسا بىسيار، ئۇ نۇتۇق مەجلىسىدە بولار خار. * ئاساسىي لۇغەت فوندى؛ لۇغەت تەركىبى؛ لۇغەت مەنىسى. * ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى. * ئىنگلىز تىلىدا RNU لېكسىكىسىنىڭ 832 خىل مەنىسى بار ئىكەن.

سۆز ئالدى قوشۇمچىسى پرېفىكس

سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىلا بار. * نا — نامەلۇم؛ ناتوغرا؛ نامەرد. * بى — بىئەدەپ؛ بىتەرەپ؛ بىگۇناھ.

سۆز كەينى قوشۇمچىسى ئافىكس

سۆزنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا سۆز كەينى قوشۇمچىلار ئەڭ ئۇنۇملۇك قوشۇمچىلاردۇر. * سۆز كەينى قوشۇمچىلارمۇ كۆپ. * چى — ئىشچى؛ ياغاچچى؛ تۆمۈرچى؛ ئوتۇنچى. * ۋاز — قىمارۋاز؛ كەپتەرۋاز.

سۆزلەشمەك گەپلەشمەك پاراڭلاشماق

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر بىرەر مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشماق.

خىزمەت مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. * ئايدىڭدا ئولتۇرۇپ، ئۇزاق گەپلەشتۇق. * پاراڭلاشقاندا پاراڭ يوق، پاراڭ بار چاغدا ئۇلپەت يوق.

سۆزلىمەك ئېيتماق دېمەك

مەقسەتنى تىل بىلەن ئۇقتۇرماق، چۈشەندۈرمەك، سۆز قىلماق.

سۆزلىگەندىن سۆزلىمىگەن ياخشىراق. * ئاۋال ئويلا، ئاندىن سۆزلە. * تۈز كەس، توغرا ئېيت. * "ئا"نى ئېيتقان ئىكەنسەن، "ب"نىمۇ ئېيت، * دەپ ـ دەپ دەردىڭنى ئال. * چۈشكە نېمە كىرمەيدۇ، دۈشمەن نېمە دېمەيدۇ.

سۆزگە كىرمەك تىل ئالماق

پىكىر، نەسىھەتنى قوبۇل قىلماق.

بۇ بالا ئوبدان بالا، سۆزگە كىرىدۇ. * تىلىمنى ئالمىدىڭ، ئاخىر مۈشۈ كۈنگە قالدىڭ.

سۆھبەت ئەڭگىمە

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا سۆزلىشىش؛ بىرەر ماۋزۇدا بايان قىلىنغان سۆز.

"ئەڭگىمە" كەمدىن كەم ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇستازىنىڭ سۆھبىتى ـــ جاننىڭ ئوزۇقى. * سۆھبەت ـــ ئىككى دىلنىڭ بايرىمى. * دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى دالاي لاما مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت بايان قىلدى.

سۆيمەك I ئۆپمەك بوسە قىلماق

ئېغىز ـ كالپۇكنى باشقا بىرىنىڭ ئاغزىغا، يۈزىگە، قولىغا ۋە باشقا يېرىگە تەگكۈزۈپ، يېقىنچىلىقنى بىلدۈرمەك.

سۆيگۈنىڭنى سۆيۈش نېسىپ بولسۇن. * سۆيگۈنۈمنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، سۆيمىگەننى سۆيمەن. * بوۋاقنى ئۆپۈش ياخشى ئەمەس، سالامەتلىكىگە زىيانلىق.

سۆيمەك II ياقتۇرماق ياخشى كۆرمەك كۆيۈپ قالماق ئاشىق بولماق

مۇھەببەت قويماق، ئىشىق چۈشمەك.

سۆيمىگەنگە سۈركەلمە، دۈشمەن سۆيگەننى سۆيمە. * كۆز مېڭىنى كۆرەر، كۆڭۈل بىرىنى سۆيەر. * ياراتمىغاننى ياقتۇرما. * ـــ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ـــ دېدى يىگىت سەل تىترىگەن ئاۋازدا.

ـــ مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ـــ دېدى قىز يەرگە قاراپ تۇرۇپ. * بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالما. * ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە، قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، تەڭ تاپماستىن ئۆزۈمگە، ئەمدى يەتتىم مەقسەتكە.

سۈپەت ساپا

ئادەم ۋە نەرسىنىڭ خىسلىتى، خۇسۇسىيىتى.

ئۆگىنىشتە سان ئەمەس، سۈپەت مۇھىم. * مۇھىمى مالنىڭ سانى ئەمەس، ساپاسى. * سانى بار، ساپاسى يوق.

سۈپۈرگە يامداق

سۈپۈرۈش ـ يامداش ئۈچۈن، سۈپۈرگە، شىۋاق، چىغ، چىغان، يامداقتىن باغلاپ ـ تىكىپ ياسالغان جاھاز.

"يامداق" شۇ ناملىق ئوتتىن ياسىلىدۇ، قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بوشاڭ كېلىنىنىڭ سۈپۈرگىسى ئەخلەت ئاستىدا. * يامداقنى يەرگە تىك قويما.

سۈپۈرمەك يامدىماق

سۈپۈرگە، يامداقلار بىلەن ئەخلەت ـ ئۇخلەت، چاڭ ـ توزانلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى تازىلىۋەتمەك.

"يامدىماق" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۆينى دائىم سۈپۈرۈپ تۇرۇش كېرەك.

سۈرئەت تېزلىك

ھەرىكەتتىكى جىسىم مەلۇم يۆنىلىشتە بىرلىك ۋاقىتتا ئۆتكەن

ئارىلىق.

ئىشتا ھەددىدىن زىيادە سۈرئەت قوغلىشىش ئەڭ چوڭ خەۋپلەرنىڭ بىرى. * سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈزىنىيە ئالىيېگ ئىسىملىك 17 ياشلىق بىر قىزنىڭ كۆرۈش تېزلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ 1200 بەتلىك ”ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى ئۇن مىنۇتتا كۆرۈپ بولغان.

سۈرتمەك ئېرتماق

لاتا بىلەن چاڭ-توزان، كىر-ئەخلەتنى چىقىرىۋەتمەك.

مەرۋايىت سۈرتمىسە پارقىرىمايدۇ. * كۆزەينەكنى ئېرتىپ تۇرمىسا، كۆزگە زىيان.

سۈرگە ئىغراج سانا

ئىچنى بوشىتىدىغان، سۈردۈرىدىغان دورا.

ئىچى قېتىپ قالغان كىشى سۈرگە ئىچىشى لازىم، سۈرگە ئىچنى بوشىتىدۇ. * مەلۇم مۇددەتتە ئىغراج ئىچىپ، ئىچنى بوشىتىپ تۇرۇش سالامەتلىككە پايدىلىق. * سانا ئىچكەنمىدىڭ، ئولتۇرالمايسەنغۇ؟

سۈرمە قاشلىق

قاش-كۆزگە سۈرتىدىغان قارا رەڭلىك ماددا.

كۆزگە سۈرمە سۈرتۈش قەدىمدىن قالغان ئۇدۇم. * قېرىغاندا قاشلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟

سۈزۈك تىنىق زۇلال تۇرۇغ

سۇ ۋە سۇيۇقلۇقنىڭ ساپلىقى.

سۈزۈك بۇلاقتىن لاي سۇ ئاقماس. * سۈزۈك سۇدا ئېرىقنىڭ تېگى كۆرۈنەر، * تىنىق سۇدا دۇغ يوق.

سۆكەن كاجۋا توكاڭ بارداڭ كۆشۈك تەۋەڭ زەمبىل

تال چىۋىقتىن ياكى سىدىن توقۇلغان، ئاشلىق ۋە باشقا

ئەرسىلەر سېلىپ قويۇلىدىغان، توشۇلىدىغان سايمان.

”تەۋەڭ“ ياپىلاق بولىدۇ.

”كاجىۋا“ ئاساسەن ئات-ئۇلاغقا ئارتىپ، ئادەم توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

سۆكەندە ئاش، كاجۋادا باش. * توكاڭ ئاشلىققا تولۇق. * ئاشنى بارداڭدىن سوراڭ، ئىشنى كاردانىدىن. * بايىنىڭ كۆشۈكىدە سۇ توختايدۇ. * تەۋەڭلەردە نان تىزىلغان. * زەمبىلدە ئۇغۇت توشۇدۇق.

سۈلكەت تەكەللۇپ تۈزۈت تەۋاززۇ

ھۆرمەتلەش، تارتىنىش، ماتەم بىلدۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلاردا قىلىنىدىغان ئادەت شەكلى، بۇلارنى ئاشۇرۇپ ئادا قىلىش.

دوستلار ئارا سۈلكەت ئۇشۇقچە ئىللەت. * تەكەللۇپ ئەدەبكە ياتىدۇ، ئېشىپ كەتسە خۇشامەتكە. * ئاچ مۈشۈك چاشقاننى كۆرسە تۈزۈت قىلمايدۇ. * تەۋاززۇ بول، تەۋاززۇ-كەمتەرلىكنىڭ بەلگىسى.

سۈننەتنى قىلماق خەتنە قىلماق ياتقۇزۇپ قويماق

ئالتە-يەتتە ياشلىق ئوغۇل بالىنىڭ چوچىقىنىڭ ئۇچىدىكى قاپلىما تېرىسىنى كېسىۋەتمەك. بۇ-ئىسلام دىنىدا سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

سوپىئاخۇن ئوغلىنىڭ سۈننىتىنى قىلىپتۇ، تويىغا باغاق كەلدى. * بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش مىدىتسىنا تەلىپىدىن ئېيتقاندا ياخشى ئىش ئىكەن. * ياقۇپ ئوغلىنى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

سۈنئىي ياسالما غەيرىي تەبىئىي كۆگۈس

تەبىئىي ئەمەس؛ بىرەر ئۇسۇل بىلەن تەبىئىيگە ئوخشىتىپ ياسالغان، تەييارلانغان.

سۇنئىي يەر شارى ھەمرىيى؛ سۇنئىي پاختا؛ سۇنئىي گۆش. * كىشىگە سۇنئىي مۇئامىلىدىن ئوشۇق خورلۇق يوق. * ياسالما قىلىق ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ياراشماس. * غەيرىي تەبىئىي ھالەت چىقىپ قالدۇ.

سۈيدۈك كىچىك تەرەت پېشاپ زارا قاشان

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدە بۆرەك ئىشلەپچىقىرىپ، سۈيدۈك يولى بىلەن سىرتقا چىقىدىغان سۇيۇقلۇق.

دوختۇرخانىدا سۈيدۈك تەكشۈرتتۇم. * بالامنى كىچىك تەرەتكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم.

سېخىي جۇمارت قولى ئوچۇق ئاغى

بېخىل ئەمەس، پۇل-مېلىنى ئىشلىتىشكە مەرد، كىشىگە ھەر جەھەتتىن نەپ يەتكۈزىدىغان، ياردەم بېرىدىغان.

سېخىي جەننىتى — خۇدا رەھمىتى. * جۇمارت — ئالىيجاناب. * قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق.

سېرىقتال ئۈزۈكچىلىك ئارسال ۋاقتى

بولتۇرقى ئاشلىق تۈگەپ قالاي دېگەن، بۇ يىلقى يېڭى ئاشلىق ئېلىنمىغان ئارىلىق.

سېرىقتالدا ئەر سارغىيار. * سېرىقتال ۋاقتىدا كەمبەغەلنىڭ كۈنى تەس. * ئۈزۈكچىلىكتە كەلگەن مېھمان ئوغرىدىنمۇ يامان. * ئارسال ۋاقتى كەپقالدى.

سېسىق بەتبۇي يىزىغ

پۇرىغىسىز يامان پۇراق، خۇش بۇينىڭ تەتۈرى.

سېسىق چۆپنى سال ياقتۇرماس، كۆرەك يىگىتنى ئەل. * بەتبۇي پۇراقنى بەتخۇي بالىمۇ سېزىدۇ.

سېغىناق كۆرگۈسى كەلمەك

ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىنى ئايرىلغانىدىن كېيىن ئۇنتۇماي ئەسلەپ، كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلماق.

سېغىنغان بىلەن كېلىش يوق، سارغايغان بىلەن ئۆلۈش يوق. * يارنىڭ كۆرگۈسى كەلسە، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ.

سىكىل چاتما شېئىرلار

بىرقانچە ماۋزۇدا مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنىشلىق بولغان بىر پۈتۈن شېئىرلار گۇرۇپپىسى.

سېكۇنت سانىيە

مىنۇتنىڭ ئاتمىشتىن بىرىگە تەڭ ۋاقىت بىرلىكى.

بىر سېكۇنتتا 75 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى نەرسىنى بىر مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈشتە كەتكەن كۈچ بىر ئات كۈچى دېيىلىدۇ.

سېمېنا بەن

ئىشلەش ياكى ئوقۇش بىلەن دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەش ياكى ئوقۇش بۆلۈكى.

"بەن" خەنزۇچە: 班

كۈندۈزلۈك سېمېنادا ئىشلەيدىغانلار ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى، ئىشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆيگە كەتتۇق. * سىڭلىم كېچىلىك بەندە ئىشلەيدۇ.

سېمىز بورداق پور

كۆپ ئەتلىك، قاتتىق سەمرىپ كەتكەن.

"بورداق"، "پور" ئادەمگىلا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

سېمىز كالا ئورۇق كالىنىڭ كۆتىنى يالاپتۇ. * بورداق ئورۇقلىغۇچە، ئورۇق جان ئۈزەر. * پور ئادەم پۇسۇلداپ ماڭالمايدۇ.

سېمىزلىك بورداقلىق پورلۇق

سېمىز ھالەت.

سېمىزلىك ھايۋانغا يارىشىدۇ. * بورداقلىق كىشىگە ئاپەت. * پورلۇق يۈرەك كېسەلگە ئاپارىدۇ.

سېنىڭ راست دەپ قويسا كۈچۈكۈم - كۈچۈكۈم دەپ قويسا

ئەركىلىتىپ، دېگىنىنى قىلىپ بەرسە.

سېنىڭ راست دەپ قويسا، جاھانغا پاتماي كېتىدۇ. * كۈچۈكۈم - كۈچۈكۈم دەپ قويسا، چوچقىنى چىقىرىپتۇ.

سېھىر جودا ئەپسۇن ئارۋاش ئەرۋەش ياد يەلۋى تەۋكۈر

خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، جىن - شاياتۇنلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر خىل ھالەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان دۇئا - تەكبىر ۋە ھەرىكەت.

سۆزدىن كېلەر ھەممە سېھىر ۋە ئەپسۇن، كەلىمە بولغاندا مەۋزۇن. * جودا قىلساڭ، جايىنى تاپىدۇ. * ئەپسۇن ئەر يىگىتكە كار قىلمايدۇ.

سېۋەت قوشۇقلۇق پۇلۇق كارزىنكا كاڭكا

تال چىۋىقتىن ياكى سىمدىن توقۇلغان، ئۈستىدە تۇتقۇچى بار سايمان، نەرسە - كېرەك سېلىش، ئېلىپ يۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

”پۇلۇق“ لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

”سېۋەت“ چوڭراق، ”قوشۇقلۇق“ كىچىكرەك بولىدۇ.

”كاڭكا“ خوتەن دىئالېكتىدا ”سېۋەت“ مەنىسىدە كېلىدۇ.

سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ. * كوچادا خوتۇن - قىز دېھقانلار قوشۇقلۇقلاردا شاپتۇل، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلەرنى ئەكىرىپ ساتىدۇ. * كارزىنكا ئوتياش ئەكىرىشكە ئەپلىك.

سىر مەخپىيەت تايانچ راز

باشقىلارغا مەلۇم بولمىغان، باشقىلاردىن مەخپىي تۇتىدىغان ئىش، گەپ، نەرسە.

چىشىنىڭ سىرىنى تىل بىلەر. * ئوغرىنىڭ سىرى كۆزىدە. * دۈشمەن سىرىنى دۈشمەنگە بەرمەس. * كۆز — نۇرنىڭ ئۆلگىسى، كۆڭۈل — سىرنىڭ ئۇۋىسى. * كۆڭۈلدىكى سىرنى كۆز ئاشكارىلايدۇ. * مەخپىيەتىڭنى ساتقۇن ئاچار. * ئەڭ يۈكسەك دوستلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ مەخپىيەتلىك بولىدۇ.

سىرداش ئەسرا

بىر - بىرىگە سىرىنى، دەرد - ئەلەم، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېيتىدىغان، مەخپىي تۇتمايدىغان كىشىلەر.

ھەقىقىي سىرداش دوستتىن باشقا، ھېچقانداق دورا يۈرەككە تەسىر قىلالمايدۇ. * ئەزىمەت ئۆز سىردىشى ئۈچۈن ياشايدۇ. * ئادەم ئۆمرىدە بىر ئەسرا تاپالىسىلا كۇپايە.

سىر بەرمەسلىك تومۇرنى تۇتقۇزماسلىق

مەخپىيەتنى ئاشكارا قىلماسلىق.

سەن ئۇنىڭدىن سىر ئالىمەن دېمە، ئۇ سىر بەرمەيدۇ. * ئانچە قىلدىم، كۆپ سۆزلەشتىم، لېكىن ئۇ تومۇرىنى تۇتقۇزمىدى.

سىرتلان چىلبۆرە ئادبۆرە

تاپ يەيدىغان، يۈڭى بۇجۇغۇم، بويىنىدا يايل بار، رەڭگى ياشاۋاتقان يەرگە ماسلاشقان، سۈت ئەمگۈچى يىرتقۇچ ھايۋان.

سىرتلان قولغا كۆنمەس. * چىلبۆرە چۆجىگە تويماس.

سىزىق تىرې

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى. ئىگىمۇ، خەۋەرمۇ ئىسىمدىن، ئالماشتىن بولغان جۈملىلەردە ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ، بەلگىسى "—".

سىزىقچە دېفىس

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى. قۇر كۆچۈرگەندە، قوش سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلىدۇ. بەلگىسى "-".

سىڭمەك ھەزىم بولماق

يېگەن نەرسە ئاشقاندا يۇمشاپ ئورگانىزىم قوبۇل قىلىدىغان ئوزۇقلۇققا ئايلانماق.

سىڭگەن نېنىڭنى يە. * ئوغرىلاپ يېگەن تەنگە سىڭمەس. * تەك يېگەن تەنگە سىڭەر. * ئاشنى ھەزىم بولغاندا ماختا، خوتۇننى ئۆلگەندە.

سىلىق سىپتا نەپىس

ھېچقانداق غىدىرى يوق، تەپتەكشى، يۇمشاق؛ قوپال ئەمەس.

تېۋىپنىڭ قولى قانچە سىلىق بولسا، داۋاسى شۇنچە شىپالىق بولىدۇ. * سىپتا توقۇلغان ماتادىن تىكىلگەن كۆڭلەك شايىدىن تىكىلگەندىنمۇ چىرايلىق بولىدۇ. * نەپىس سەنئەت. * بۇ كىيىم تولىمۇ نەپىس تىكىلىپتۇ.

سىلىقلىق سىپتىلىق نەپىسلىك

سىلىق - نەپىس ھالەت.

سىلىقلىقتىن كۆپ دىل مەپتۇن-رام بولار، قوپاللىقتىن پىششىق قايتا خام بولار. * سىپتىلىق سىنالغانغا خاس. * نەپىسلىك گۈزەللىكتۇر.

سىلىماق سىيپىماق سىلاپ - سىيپاپ

نەرسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ، ئۇ ياق - بۇ ياققا يېنىك يۆتكىمەك.

بوۋاقنىڭ يۈز - كۆزىنى سىلىماق ياخشى ئەمەس. * مۈشۈكنى سىيپىساڭ، سىيپىغاننى بىلىدۇ. * قاراڭغۇدا ئىشىكنى سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم.

سىمۋول تىمسال رەمزە

بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئىپادىلىگۈچى، ئەسلەتكۈچى بەلگە، ئىشارە.

كەپتەر ۋە زەيتۇن شېخى — تىنچلىقنىڭ سىمۋولى. * "V" غەلىبىنىڭ تىمسالى. * مەشئەل — يورۇقلۇقنىڭ تىمسالى.

سىنىپ دەرسخانا

مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈلىدىغان مەخسۇس ئۆي.

ئەمەت سىنىپدا دەرس تەييارلاۋاتىدۇ. * يېزىمىزدا بەش سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سېلىنىدى. * بىزنىڭ دەرسخانىمىز ھەم كەڭ، ھەم يورۇق.

سىياسەتچى سىياسىيون

سىياسىي چۈشەنچە ۋە سىياسىي قابىلىيەتكە ئىگە ھەم سىياسىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس.

ب د ت نىڭ سابىق باش كاتىپى پېرېز دېكۇللار مەشھۇر خەلقئارا سىياسەتچى ئىدى.

سىيىر كالا ئىنەك

سۈت ئەمگۈزگۈچى، ئاچا تۇياق ھايۋان، قۇيرۇقىنىڭ

ئۇچىدا ئۇزۇن تۈك بولىدۇ. بۇ يەردىكىسى سېغىن كالا.

سىيىر باقساڭ ئۇستى ئۇلاغ، ئاستى بۇلاق. * ئورۇق سىيىرنىڭ پوقى يوغان. * كالا سۇ ئىچسە، موزاي مۇز يالار. * ئىنەككە سۈت كۆرسەتمە، ئەحمەق قىز. * ئىنەك قارا بولغىنى بىلەن سۈتى ئاق.

ش

شاپاشلىماق پايپاسلىماق لاپاسلىماق

تېز ۋە كېلەڭسىز يۈرمەك.

ئىشنىڭ بېشىدا تاراقلايدۇ، ئايىغىدا شاپاشلايدۇ. * پايدىنى كۆرگەندە كەينىدىن پايپاسلىما.

شاتۇر يەلتاپان بادپاي

يۈگۈرۈك، تېز ۋە ئۇزاققا يۈرىدىغان كىشى.

بۇرۇنلاردا شاتۇرلار خەت-ئالاقە توشۇشقا قويۇلاتتى. * يەلتاپان كىشىلەر نەچچە كۈنلۈك يول يۈرسىمۇ هارمايدىكەن.

شادىپاچاق دارازا ئۇزۇنتۇرا دوزاخ شوتىسى نوغۇچئاياق

بويى ئېگىز كىشى، پاكارنىڭ ئانتونىمى.

"دوزاخ شوتىسى" ئورنىغا قاراپ، يا تىل، يا چاقچاق.

ئۇ بىر شادىپاچاق ئادەم بىلەن كېتىپ باراتتى. * ھەسەن دارازا توختىماي كۈلەتتى. * ئەلدارازۇن ئەخمەقۇن ئىللا ئۆمەر، ئەلپاكارۇن پىتنەتۇن ئىللا ئەلى. * ئۇزۇنتۇرا ئۆمەرمۇ كەلگەنىدى. * ھۆي دوزاخ شوتىسى، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە، — دېدى ئايشەمخان. * مۇنۇ دوزاخ شوتىسىنى قارا، گەپ قىلمىسا، ھەددىدىن ئېشىۋاتىدۇ.

شارائىت مۇھىت

شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشى، ياشىشى ۋە ئۆسۈشىنى تەمىن ئېتىدىغان ئامىللار، ئەتراپتىكى شەرتلەر.

قىيىن شارائىت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ. * مۆھىت تازىلىقنى ساقلاش ھەربىر ئاھالىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدىكى بۇرچى.

شارپ بويۇنلۇق گۆڭگا

بويۇنغا ئورىۋالىدىغان ياكى يەلكىگە سېلىۋالىدىغان بۇيۇم.

"گۆڭگا" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

شارپ ئورىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. * قۇمۇلدا بويۇنلۇقنى زىننەت بۇيۇمى قاتارىدا كۆرىدۇ.

شازا بوجى

ئۆيدە ئەخلەت ئالىدىغان جاھاز.

ھەربىر ئۆيگە شازا لازىم. * بىزدە بوجى تۇتۇش يېڭىلىق ئەمەس، ئۇزاق زامانلاردىلا بار ئىدى.

شاش توسۇن ئاساۋ شاي

كۆندۈرۈلمىگەن شوخ ئات.

"شاي" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قاشاڭغا مىنگۈچە، شاشتىن يىقىل. * توسۇن ئاتنى تويدا مىنمە. * ئاساۋ ئات ئادەم ئۆلتۈرەر.

شاكال پوست قاسىراق شۆپۈك شاپاق قوۋزاق

دەل-دەرەخ، مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ئۈستىدىكى بىر قات توقۇلما.

تېرىقنىڭ شاكىلى تېرىقچە يوق. * پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى تولا. * زەھەرلىك يىلاننىڭ قاسىرىقى ئالا. * ئۇ ئاناناس شۆپۈكىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. * تاۋۇز شاپىقىدىن تېيىلىپ يىقىلغان. * شاپاق-شالتاقنى يە، كۆتۈرمە. * قارىغايغا قوۋزىقىغا قاراپ باھا بەرمە.

شاكىچەك بالاكىچەك جىنتەك

بالىلارنى ئەركىلىتىپ ئاتاش.

"جىنتەك" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

شاكىچەك تىككەن توقۇمنىڭ ئالدى كەينىنىڭ پەرقى يوق. * بالاكىچىكسەن-دە، بالا كىچىك، -دېدى ئۇ بالىسىنىڭ ئىشىدىن نارازى بولۇپ.

شاگىرت نىمكار ئۈزماق

بىرەر ئۇستىدىن ھۈنەر ئۆگەنگۈچى.

ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار. * ئۇستام تۆت-بەش نىمكارغا ھۈنەر ئۆگىتىۋاتىدۇ.

شالاڭ تارىقاي ئالاڭ

زىچ ئەمەس، ئارىلىقى كەڭ.

شالاڭ بولۇتنىڭ يامغۇرى ئاز، شالىنى شالاڭ چاچقاندىن قويۇق چاچقان ياخشى. * ئېتىزدىكى قوناقلار تارىقاي ئۆسكەندى.

شاللاق شەپشەك شىتىلە يېنىك شەقشەقە شىغىلداق كۆڭلى سۇيۇق

مىجەز-خۇلقى ئىتتىك، سۆزى تۇتۇرۇقسىز.

"شىغىلداق" ئىلى شېۋىسىدە "يېنىك" مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

شاللاق قىز ئاشىقىدىن بىزار. * شاللاق ئايالغا سوقۇر ئەر ياخشى. * شەپشەك قارنى تويغان چاغ، شەپشەكلىكى بولار دادىلىراق. * شىتىلە ئېرىق ئاتلار، ئېغىر-بېسىق دەريا. * يېنىك چوكان ئەردە توختىماس. * شەقشەقە شەھەرگە پاتماس. * كۆڭلى سۇيۇقنىڭ ئىشى ئاقماس، كۆڭۈلگە ياقماس.

شاما قىلىۋەتمەك ۋەتۋەرىكنى چىقىرىۋەتمەك خام گۆش قىلىۋەتمەك سۆزمە خالتىسى قىلىۋەتمەك

كۆچمە: ئۇرۇپ-ئېزىپ، پۈتۈنلەي كېرەكسىز قىلىۋەتمەك.

ئۇنى ماڭا قويۇپ بەر، شاما قىلىۋېتىمەن. * ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشما، ئۇ يامان نېمە، ۋەتۋەرىكىڭنى چىقىرىۋەتمىسۇن يەنە. * تۇرسۇن قادىرنى ئۇرۇپ خام گۆش قىلىۋېتىپتۇ. * — ئۇنداق نېمىنى ئىككى تېپىك بىلەن سۆزمە خالتىسى قىلىۋېتىمەن، — دېدى پازىل پوچى.

شامالغا ئۇچماق بەرباد بولماق

ئورۇنسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەك، يوق قىلىۋەتمەك.

ياشلىق ئاجايىپ نەرسە، ئۇنى شامالغا ئۇچۇرۇۋېتىش جىنايەت. * ئىش ئۆتتى، ھەممە بەرباد بولدى.

شامال يەل بوران سەلكىن ساباھ باد ئەسىن تان

ھاۋانىڭ يەر ئۈستىدىكى ھەرىكىتى. دەرىجە پەرقى بار.

"بوران" 7-8 بالدىن يۇقىرى شامال.

"يەل"، "سەلكىن" ئىللىق، يېنىك شامال.

شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ. * تۆگىنى شامال ئۇچۇرسا، ئۆچكىنى ئاسماندا كۆر. * يەل يەرنى قۇرۇتىدۇ. * يەل چىققاندا يەپ يات. * قارا مۇشۇك قارىغانغا بوران چىقمايدۇ. * ئايرىلغاننى قار باسار، بۆلۈنگەننى بوران. * ئارپا-بۇغداي سامىنىنى سەلكىن ئايرىيدۇ، ئاتا-ئانا، قېرىنداشتىن ئۆلۈم ئايرىيدۇ. * سەلكىن شامال توپلانسا، تەيفېڭ بورىنى بولار.

شامالغا قاراپ خامان سورىماق يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماق

كۆچمە: ئەمەلىي ئەھۋالغا، كۈچ-قۇۋۋەتكە قاراپ ئىش كۆرمەك.

شامالغا قاراپ خامان سورۇش كېرەك، — دېدى ئەكبەر، — يېڭى

كەلگەن شۇجى بىلەن چىقىشىۋېلىش لازىم. * ئارزۇ — ئارزۇ. ئەمەلىي ئىشتا بولسا، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش كېرەك.

شامالنىڭ ئالدىدىكى شامدەك مۆڭگۈزنىڭ ئۇچىدىكى تۇخۇمدەك

كۆچمە: ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا تەمسىل.

ئۇ چاغدا دۈشمەن ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدا تۇراتتى. ئەھۋال شامالنىڭ ئالدىدىكى شامدەك ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. * ئەھۋال خەتەرلىك، خۇددى مۆڭگۈزنىڭ ئۇچىدىكى تۇخۇمدەك، كىچىككىنە شەپىدىنمۇ چوڭ ئىش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

شان شەرەپ شۆھرەت شەۋكەت نىشان

پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان زور ھۆرمەت، قەدىر-قىممەت، ئابروي، ئىجابىي خىسلەت، چوڭ داڭق.

ئالىيجاناب ئادەم شان-شەرەپنى جېنىدىن ئارتۇق بىلىدۇ. * ھەقىقەت يولىدا ئازاب چېكىشمۇ شەرەپ. * شەرەپ بىلەن غەلىبە بىر تۇغقان قوشماق. * شۆھرەتكە ئىنتىلىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ رەزىل ھەۋەستۇر. * بىلمەمسەن، كىمكى بۇزدى ئەھد-پەيمان، بۇ توپتا تاپمىدى شەۋكەت يا شان.

شاھاپ ئىرماق ئىلەك

بىرلىشىپ چوڭ دەريا ھاسىل قىلىدىغان كىچىك سۇ-دەريا؛ چوڭ دەريانىڭ كىچىك ئېقىمى.

تارىمنىڭ شاھاپلىرى كۆپ. * ئاقسۇ دەرياسى بىرمۇنچە ئىرماقلار قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان.

شاھمات شەترەنج

64 قارا ۋە ئاق كەتەكلىك تاختىدا 16 ئاق ۋە 16 قارا ئورۇقنى مەخسۇس قائىدىلەر بىلەن ئويناپ، "شاھ"نى "مات"

قىلىشنى ئۆتۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان قاتار ئويۇنى.
شاھماتتا ئۇتساڭمۇ-ئۇتۇلساڭمۇ شاھمات تاختىسى مەۋجۇت تۇرىدۇ.

شائىر قوشاقچى

شېئىر يازىدىغان، قوشاق توقۇيدىغان كىشى.

"شائىر" بەدىئىي ئەدەبىياتتا شېئىر يازغۇچى.

"قوشاقچى" فولكلور دائىرىسىدە قوشاق توقۇغۇچى.

ۋايىغا يەتكەن پەيلاسوپ بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ داڭلىق شائىر بولالمايدۇ. * ئايۇپ قوشاقچى نۇرغۇن قوشاق توقۇغانىدى.

شەبنەم قىراۋ قىراغۇ سارقىم

ھاۋادىكى ھورنىڭ تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشىشىدىن سۇغا ئايلانغان تامچە.

ئۇسسۇغان ئېيىق شەبنەم يالار. * شەبنەمگە ئۇسسۇزلۇق قانماس. * يامغۇردا قالغان قىراۋدىن قورقماس.

شەپە تىۋىش باران

بىلىنەر-بىلىنمەس ئاۋاز، بىرەر نەرسىنىڭ كۆرۈنەر-كۆرۈنمەس قارىسى، بىرەر نەرسىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى.

"باران" قومۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بىر ئىت شەپىگە قاۋسا، ئون ئىت تىۋىشكە قاۋار. * تىۋىشى كەلسە، ئۆزىمۇ كېلەر.

شەپەق قىزىللىق

كۈن چىقىدىغان ۋە كۈن پاتىدىغان چاغدا ئۇپۇقتا پەيدا بولىدىغان ھادىسە.

شەپەق خورازنىڭ چىللىشىدىن ئەمەس. * قىزىللىقنى كۆرەي دېسەڭ، سەھەر تۇر.

شەجەرە نەسەبنامە جورۇڭقاي گېنېئالوگىيە

بىرەر ئۇرۇق-ئەۋلاد، نەسەبنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۆزئارا قېرىنداشلىق ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان رويخەت.

"جورۇڭقاي" قومۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

شەجەرە يېزىش بىر مىللەت، بىر ئۇرۇق ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. * قاراخانىلار خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى بار، ئەمما تولۇق ئەمەس.

شەخسىي خۇسۇسىي ئىندىۋىدۇئال

بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق، شەخسكە ئائىت.

شەخسىي مەنپەئەت — كوكات شولىسى، ئومۇمىي مەنپەئەت — ئېگىز ئاسمان. * ھەرقانداق خۇسۇسىي ئىش ئىجتىمائىي ئىشتەك ئۇزاق پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. * يازغۇچى ئىندىۋىدۇئال ئۇسلۇبىنى ساقلىشى، راۋاجلاندۇرۇشى ۋە مۇستەھكەملىشى لازىم.

شەربەت شىرنە قىيام شىرە تاڭشى چاغىر يۇئۇ

پىشىپ يېتىلگەن مېۋىلەردىكى قەنت ماددىسى، شۇنىڭدىن قىلىنغان شېرىن سۇيۇقلۇق.

"تاڭشى" خەنزۇچە: 糖稀

ئۆلۈم شەربىتى ئاچچىق بولسىمۇ ھەممە ئىچەر. * ھەرە يازدا ئىشلەپ، قىشتا شىرنە يەر. * شېكەر قىيامىغا يەتكەندە قىيام بولار. * شىرىسى تاتلىق بولسا، يېپىشلىك بولىدۇ.

شەرتنامە توختام كېلىشىم بىتىم (پۈتۈم) مۇئاھىدە ئەھدىنامە ئاكت دوگوۋور

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈستىدە كېلىشكەنلىك ھەققىدىكى ھۆججەت.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر بىكار قىلىندى. * شىنجاڭنىڭ 140 مىڭ تونىلىق ئېتىلىن قۇرۇلمىسى توختامى 1991-يىل 10-ماي بېيجىڭدا ئىمزالاندى. * 13-سېنتەبىر شىنجاڭ خەلق سارىيىدا ياپونىيە خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر جەمئىيىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ياپونىيىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرىدىغان 75 ئوقۇغۇچىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. * 11 بىتىم شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت خەلق ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا 1946-يىل 6-ئايدا ئىمزالانغان. * «دۇنيا نەشرىيات ھوقۇقى ئەھدىنامىسى» 1952-يىلى 6-سېنتەبىر جەنۋەدە ئىمزالىنىپ، 1955-يىلى 16-سېنتەبىردە كۈچكە ئىگە بولغان.

شەرق كۈنچىقىش مەشرىق كۈنتۇغاي كۈنتۇغسۇغ سول كۈناي

تۆت تەرەپنىڭ بىرى، غەربنىڭ قارشى تەرىپى، كۈن چىقىدىغان تەرەپ.

يېقىن شەرق؛ ئوتتۇرا شەرق؛ يىراق شەرق. * شەرق ئەللىرى؛ شەرق مەدەنىيىتى؛ شەرق ئەدەبىياتى.

شەرمەندە رەسۋا ئوسال قارىيۈز

شەرم-ھايانى يوقاتقان، ھايا، نومۇسنى بىلمەيدىغان.

كىم قىبلە قىلمىسا ھەزرىتى ئىنساننى لەنەتكە ئۇچرايدۇ، بولۇپ

شەرمەندە. * شەھەر ئالىمەن دەپ شەرمەندە بوپتۇ. * ئەگرى ئوق مەرگەننى رەسۋا قىلىدۇ. * ئوسالدىن ئۈمىد كۈتمە. * قارىيۈزنىڭ يۈزىگە قارىما.

شەرمەندىلىك شەرمەندىچىلىك رەسۋالىق رەسۋاچىلىق ئوساللىق ئوسالچىلىق قارايۈزلۈك

شەرم-ھايا، ئار-نومۇسنى يوقاتقان ھالەت.

قورقۇنچاق بار يەردە شەرمەندىلىك بار. * قارا بۇنى، نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك بۇ. * رەسۋالىق بىلەن ئۆتكەن ئۇزاق ئۆمۈردىن قىسقا بولسىمۇ ھالال ئۆتكەن ئۆمۈر ئەۋزەل. * ئويلىمىغان يەردىن ئىش چىقىپ، رەسۋاچىلىققا قاپتۇ. * ئوساللىق ئۈمىدسىزلىكتىن چىقىدۇ. * ئوسالچىلىق بولمىسۇن دېسەڭ، قىلما. * قارايۈزلۈك قىلغاننىڭ يۈزى قارا.

شەرھ تەپسىر

بىرەر كىتاب-ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش

«زىددىيەت توغرىسىدانىڭ شەرھى» يېقىندا قايتا نەشر قىلىنىدىكەن. * قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە بىرنەچچە خىل تەپسىرى بار.

شەكىل فورما تەرز سىڭارى

بىرەر شەيئىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، تۈزۈلۈشى.

قوغدىنىشنىڭ ئەپلىك شەكلى — ھۇجۇم. * فورما مەزمۇنغا بېقىنىدۇ. * بۇ تەرز بىزگە لايىق ئەمەس.

شەھەر كەنت بالىق

ئاھالىسى كۆپ، سودا-سانائەت تەرەققىي قىلغان رايون؛ يېزىغا نىسبەتەن ئاھالىسى دېھقانچىلىق قىلمايدۇ.

ئەل ئامان — شەھىرىڭ ئامان. * تاشكەنت تاش شەھەر دېمەكتۇر.

* بېشبالىق ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى ئىدى.

شەرىئەتنىڭ مىڭبىر پۇتىقى بار شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار

كۆچمە: قانۇن-قائىدە، ئىنتىزام-يوسۇنلارنىڭ ماددىلىرى تولا، بىرىگە چۈشمىسە، بىرىگە چۈشىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مىڭبىر پۇتىقى بار، بىرىگە توغرىلايمىز. * شەرىئەتنىڭ يەتمىش ئىككى پۇتىقى بار، شاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر. بىرىگە چۈشمىسە، بىرىگە چۈشىدۇ.

شەنگە داغ تەگكۈزمەك شەنگە ئولتۇرماق نامىنى بۇلغىماق شەنگە چىچماق

ناباپ ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، نام-نىشانىنى يوققا چىقارماق.

سىز قاراپ تۇرۇپ، بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ شەنگە داغ تەگكۈزىدىغان غەيۋەت-شىكايەتكە يول قويۇۋاتىسىز. * بىزنىڭ باشلىقىمىز ئوبدان ئادەم ئىدى، كېچىككىنە ئىش بىلەن شەنگە ئولتۇردى. * ئۇنىڭ نامىنى بۇلغىما، ئۇ ياخشى ئادەم. * ئۇ يوقىلاڭ ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، شەنگە چىچتى.

شەھۋانىي جىنسىي

جاما قىلىشنى ئىستەش خاھىشى.

شەھۋانىي نەپسىنى ئېشىپ چۈشىدىغان رەقىب يوق. * جىنسىي مۇناسىۋەت جايىدا بولسۇن.

شەھۋەت شەھۋانىيەت شەھۋانىلىق

جىنسىي ھېرىس.

ئارتۇقچە بىرىلىسەڭ شەھۋەت زىياندۇر، تەنىنىڭ ئاجىزلىقى بالاچى جاندۇر. * كېسەل — شەھۋانىيەتنىڭ بەدىلى. * شەھۋانىلىق ئاپەت كەلتۈرەر.

شەيتان ئاتلىماق ئېھتىلام بولماق

چۈشىدە جىنسىي قوزغىلىشتىن مەنى كەلمەك.

ئەرلەرنىڭ بەزىدە چۈشىدە شەيتان ئاتلىشى، يەنى ئېھتىلام بولۇشى نورمال فىزىئولوگىك ھادىسە، لېكىن كۆپ قېتىم بولۇش كېسەللىك ئالامىتى، نېرۋا ئاجىزلىقى، جىنسىي كېسەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. داۋالىنىش كېرەك.

شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالماق شەيتانغا نوختا سالماق شەيتاننىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزمەك

ھىيلە-مىكىردە شەيتاندىنمۇ يامانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ئۇ يامان نېمە جۇمۇ، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدۇ. * توۋا، غۇلجىلىقتىن ساختىپەز چىقسا، ئۇنداق-مۇندىقى چىقمايدىكەن. نامەت ساختا شەيتانغا نوختا سالىدۇ دېسىلە. * بىلىپ قوي، يۇسۇپ رەۋەندە دەيدۇ ئۇنى، شەيتاننىڭ بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزىدىغان نېمە ئۇ،

شوئار ئۇران

بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ، رىغبەتلەندۇرۇش، چاقىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان قىسقا، پروگرامما خاراكتېرلىك سۆز-جۈملە.

مەرھەمەت شوئارنى تاشلىما دىلىڭدىن، ئازار بەرمە ھېچكىمگە قول ۋە تىلىڭدىن. * موللىنىڭ قۇرئانى بىر، ئوغرىنىڭ ئۇرانى بىر.

شوتا باسقۇچ بالداق نارۋان

يۇقىرى-تۆۋەنگە چىقىش-چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان، پەلەمپەيلىك مەخسۇس سايمان.

"باسقۇچ" لوپنۇر دىئالېكتىدا "شوتا" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"باسقۇ"مۇ دېيىلىدۇ.

شوتىنىڭ ئىككى بېشى بار. * ھەقىقەت شەيئىلەرنى تونۇشتىكى قورال، كىشىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يۇقىرى ئۆرلەش يولىدىكى شوتا.

شوخلا پەمىدۇر

كوكتاتنىڭ بىر خىلى. دۈگىلەك، ياپىلاق، قىزىل، سېرىق بولىدۇ.

شوخلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مول. 100 گرام شوخلىدىن 13 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * شوخلىنى خام يېگەن ياخشى. ئۇرۇقىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى.

شورا سۈڭگۈچ

قورۇق تامدىن ئادەم ئۆتۈش، سۇ ئاقتۇزۇش ئۈچۈن ئېچىلغان تۆشۈك.

ھاراق ئادەمنى شورىغا يېتىلەر، گادايلىق بىلەن دەرد ئەرگىشەر. * ئاش كەلسە، ئاغزىڭنى ئاچ، سۇ كەلسە سۈڭگۈچنى.

شورىماق شۈمىمەك

سۇيۇقلۇقنى ئاستا-ئاستا سۈمۈرمەك.

پاشا قان شورايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. * پولۇ بولمىسا ئۇماچ ئىچكەن ياخشى، بىكار تۇرغاندىن جىگدە شۈمۈگەن ياخشى.

شۇڭا شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ سەۋەبتىن شۇڭلاشقا

سەۋەب باغلىغۇچى، قوشما جۈملىدە باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى باغلايدۇ، باش جۈملىدە ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىدۇ.

سەندە قۇلاق ئىككى، ئېغىز بىر، شۇڭا كۆپرەك ئاڭلا، ئازراق

ۋالاقلا. * ياشلىق پەيتى قىممەتلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھەرگىز بوش ئۆتكۈزمە. * قار يېغىپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن بارالمىدىم. * ھېرىپ قالدىم، شۇڭلاشقا بارمايمەن.

شۇم شور

يامان تەقدىرگە ئائىت.

شۇم يېسىمۇ بىچارە. * شۇم موزاينى ئانىسىمۇ يالىمايدۇ. * شۇم رەڭگىدىن بىلىنەر. * كېلىن كەلسىمۇ قويىنىڭ شورى، ئادەم ئۆلسىمۇ قويىنىڭ شورى.

شۇملۇق شورلۇق

تەقدىرى يامانلىق.

چۆجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇدا ئەمچەك يوق. * شورلۇق بېشىم ساقايماس.

شۇم تەقدىر شۇم پەلەك شۇم(تەتۈر)پېشانە تەتۈر پەلەك كاج(تەتۈر)تەلەي شور پېشانە

رەھىمسىز، يامان تەقدىر؛ تەتۈر زامان.

قار لەيلىسىدەك پاك، ئىپپەتلىك بىر قىزنى شۇم تەقدىر ئەنە شۇ لەنتىنىڭ ئىپلاس قويىنغا تاشلىماقچى. * ئەزدى بىزنى شۇم پەلەك، قانغا ئۆرۈلدى بۇ يۈرەك، كىمگە يىغلاپ ئاھ ئۇراي، كىمدىن تىلەي، ئاھ تىلەك. * ۋاي شۇم پېشانە! — دەپ ئۇنىڭغا چۆمۈچىنى ئاتتى ئانىسى. * مەن خانلىق مەدرىسىدە خېلى ئوقۇغان، لېكىن تەتۈر پەلەك بىلىم ئەھلىنى خارۇزار قىلىپ كەلمەكتە، — دېدى سەيدۇللا موللا. * ئۇ تەتۈر تەلەينىڭ ئەلچىسىمۇ ياكى ئەجەلنىڭ خەۋەرچىسىمۇ بىلمەيمەن. * كاج تەلەي ئۇنى يەنە جەزىرىگە ئەكېلىپ تاشلىدى.

شۇم خەۋەر يامان خەۋەر

كۆڭۈلسىز گەپ، يامانلىققا دائىر خەۋەر.

تاز بازارغا بارسا، شۇم خەۋەر تاپار. * يامان خەۋەر ئەكەلگۈچە، يېرىم يولدا قالساڭچۇ!

شۇمتەك يېتىمئوغلاق غۇرتەك ساپاق

ئىنتايىن كەپسىز، تىنىم تاپمايدىغان بالا.

"غۇرتەك" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

"ساپاق" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ھوي شۇمتەك، بۇ نېمە قىلغىنىڭ-ھە! * ھوي خەقلەر، مۇنۇ يېتىمئوغلاقنىڭ ئاغزىنى بېسىڭلار! — دېدى ھۇرنىساخان.

شۇنداق قىلىپ شۇنىڭ بىلەن شۇنىڭ ئارقىسىدا

باغلىغۇچى، ئالدىنقى جۈملىنى كېيىنكى جۈملىگە باغلايدۇ، ئالدىنقى جۈملىدە بايان قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدە كېيىنكى ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتتۇم، ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمىدىم، شۇنداق قىلىپ، مەلۇم نەتىجە قازاندىم. * مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ماتېرىيالغا ئېرىشتۇق. * ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردۇق، شۇنىڭ ئارقىسىدا شەھەر تازىلىقىدا زور نەتىجىگە ئىگە بولدۇق.

شۇنىڭدەك شۇنداقلا

باغلىغۇچى، ئالدىنقى جۈملىنى كېيىنكى جۈملىگە باغلايدۇ، ئالدىنقى جۈملىدىكىگە ئوخشاش، شۇ قاتاردا.

دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم، شۇنىڭدەك دۈشمەننىڭ دوستىغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. * بىز ئالغا باسىمىز، شۇنداقلا غەلىبە قازىنىمىز.

شۆبە تارماق فىلىئال

بىرەر تەشكىلات ياكى مۇئەسسەسەنىڭ ئايرىم بىر قىسمى.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى. * جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقى.

شۆلگەي شال سېرىقسۇ شالدام شالۋاق قۇيار يار

ئېغىز بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان شىلىق سۇيۇقلۇق.

ئىت ئۇستىخان غاجىغان يەرگە شۆلگىيىنى ئېقىتىدۇ. * ئىشچاندىن تەر ئاقار، ئېرىنچەكتىن شال. * ھەسەتخورنىڭ ئاغزىدىن سېرىقسۇ قۇرۇمايدۇ. * بولدى، شالدىمىڭنى ئېقىتما، مەن سېنى بىلىمەن.

شۆيۈەن ئىنستىتۇت دارىلفۇنۇن

ئالىي مەكتەپنىڭ بىر خىلى، مەلۇم بىر خىل كەسپىي تەربىيىنى ئاساس قىلىدۇ.

ھازىر ئۈرۈمچىدە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، مېدىتسىنا شۆيۈەنى، سانائەت شۆيۈەنى، سەنئەت شۆيۈەنى، نېفىت شۆيۈەنى ۋە مالىيە-ئىقتىساد شۆيۈەنى بار.

شېرىك ئورتاق تەڭ شېرىك تەڭ ئورتاق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بىللىشىپ بېجىرگۈچى.

پىتنىخور شەيتاننىڭ شېرىكى. * ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق، يامان ئەر مالغا. * تېرىمدا يوق، خاماندا تەڭ شېرىك. * بۆرە تاپسا تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۇچىدا.

شېكەر قەنت

شېكەر قومۇشى، قىزىلچىلاردىن ئېلىنىدىغان تاتلىق ماددا.

شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى. * ياخشى بىلەن سۆزلەشمەك

بالغا شىكەر قوشماق. * ئوقۇغان قەنت يەيدۇ، ئوقۇمىغان غەم.

شېئىر نەزمە بېيىت قوشاق تاغشۇت شلوك

مەلۇم ۋەزىنلىك، قاپىيىلىك تىل بىلەن يېزىلىدۇ ياكى توقۇلىدۇ.

"شېئىر" ئەدەبىيات ژانىرلىرىدىن بىرى.

"بېيىت"، "قوشاق" فولكلورغا ياتىدۇ.

شېئىر - بارلىق بىلىملەرنىڭ جەۋھىرى. * شېئىر پەردىنى قايرىۋېتىپ، دۇنيادىكى يوشۇرۇن گۈزەللىكلەرنى نامايان قىلىدۇ. * نەزمە كىشىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئاچىدۇ. * بېيىت ئېيتىپ چاي تۇت، قول قوشتۇرۇپ ناماقۇل بول. * خەلق قوشىقى كونىرىمايدۇ.

شېئىرىيەت پوئېزىيە

بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىي فورمىسى، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى.

مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى.

شېشە بوتۇلكا

سۇيۇقلۇق ئۇسىدىغان، بوغۇزى تار ئىدىش، كۆپىنچە ئەينەكتىن ياسىلىدۇ.

لىق شېشە شالاقلىماس. * شېشە ئۆزى ياسلار قۇم - تاشتىن، لېكىن تاش ئۇنى سۇندۇرار باشتىن. * بوتۇلكا بويىندىن سۇنىدۇ.

شىركەت كومپانىيە

مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش ياكى باشقا قۇرۇلۇش ئىشلىرى بويىچە قۇرۇلغان چوڭ سودا - سانائەت تەشكىلاتى.

شىنجاڭ نېفىت شىركىتى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللار شىركىتى، شىنجاڭ ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار شىركىتى ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ قۇرغان شىركەتلەر ئىدى.

شىلامچى ياغلىمچى گۇپپاڭچى

بىراۋنى ساختا، شېرىن سۆزلەر بىلەن ماختاپ ئۇچۇرغۇچى.

شىلامچى شىر ئايىغىدا ئۆلىدۇ، * ياغلىمچى ياندىكىنىڭ قەدىرىگە يەتمەس، ئاخىر كۈتكىنىگىمۇ يەتمەس. * گۇپپاڭچى ئاخىر گۇم بولىدۇ.

شىمال تەسكەي قۇز

تۆت تەرەپنىڭ بىرى، جەنۇبقا قارشى تەرەپ، كۈن چىقىدىغان تەرەپكە ئالدىنى قىلغاندا سول قول تەرەپ.

شىمالدىن شامال چىقسا، يار بۇرنۇمغا پۇرايدۇ. * تەسكەينىڭ مېۋىسى قىزارماس، ئۇياتسىزنىڭ يۈزى.

غ

غاجماق كېمرمەك مۇجماق

سۆڭەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق نەرسىلەرنى چىشكە بېسىپ يېمەك.

ئاچ قالغان تاشنىمۇ غاجىلار. * غاجىماق — كەينىدىن تىللىماق. *ئىت غاجىغان سۆڭەكتەك. * كېمىرگەنگە نېمە چىدايدۇ؟ * سۆڭەك مۇجىغانغا قورساق تويماس.

غادايماق گىدىيىمەك **كېردىمەك**

بويىنى تىك قىلىۋالماق، كۆچمە مەنىدە: ھاكاۋۇرلۇق قىلماق.

غادايغانغا غاداي، بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە، ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە. * كىچىككىنە مەنسەپكە گىدىيىپ كەتمە. * قوينىڭنى پۇچەك ياڭاق بىلەن تولدۇرۇۋېلىپ گىدىيىپ يۈرمە. * كېرىلگەننىڭ چاترىقى يىرتىلىدۇ.

غار ئۆڭكۈر

تاغ، يارلاردىكى چوڭ تۆشۈك بوشلۇق.

ئىنسانلار قەدىمكى زاماندا غار، ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان. * ئىسسىق ئۆڭكۈردە، قورققان ئۆيدە كۈچلۈك.

غازاد جىھاد

دىن ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇش، مۇقەددەس ئۇرۇش.

"غازادتا ئۆلسەڭ شېھىت، قالساڭ غازى" دېگەن ئەقىدە مۇسۇلمانلارغا سىڭگەن. * سادداام ھۈسەيىن دېگىز قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئەرەبلەرنى جىھاد قىلىشقا چاقىردى، ئەمما ئاۋاز قوشقانلار كۆپ بولمىدى.

غازاڭ پاسار پاساڭ

ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماق ـ بەرگىلىرىنىڭ كۈزدە شېخى، پىلىكىدىن چۈشۈپ قۇرۇپ قالغىنى.

غازاڭ چۈشتى، قىش كىردى. * ياشلىق ئۆمرۈڭ غازاڭ بولمىسۇن. * پاسار ئوتىنىڭ كۆلى چوڭ، ساپساپچىنىڭ گېپى. * پىلەكنىڭ مېۋىسىدىن پاسىڭى جىق چىقتى.

غالتەك قول ھارۋىسى ناچا تاچانكا

قول بىلەن ئىتتىرىپ ماڭدۇرۇلىدىغان ئىككى چاقلىق كىچىك ھارۋا.

غالتەك دېھقانلار ئوغۇت ـ توپا توشۇشتا جانغا ئەسقاتتى. * قول ھارۋىسى ئىش ـ ئەمگەكنىڭ ياردەمچىسى.

غالجىر قۇترىغان

غالجىرلىق كېسىلگە گىرىپتار بولغان.

غالجىر پىلنىڭ يولىدا تۇرما. * قۇترىغان ئىت قىرىق كۈنلا ياشايدۇ.

غالجىرلاشماق قۇترىماق

غالجىر ھالىتىگە كەلمەك، ساراڭلارچە ھەرىكەتلەنمەك.

غالجىرلاشقان دۈشمەن ئۆز ئادىمىنىمۇ قىرىدۇ. * قۇترىغان چاچىسىنى تارتماي قالماس.

غالىب مۇزەپپەر

ئۇرۇش، كۈرەش ۋە مۇسابىقىدا يېڭىپ چىققان كىشى.

چىدىغان — غالىب. * ئەتىگە قالمىسا بۈگۈنكى ئىشى، بۇ دۇنيادا

غالىبتۇر شۇ كىشى. * بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشى دائىم مۇزەپپەردۇر.

غانجۇغا بۆكتەل بۆكتۈرگە

ئىگەرنىڭ كەينىگە بىرەر نەرسە باغلىۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس بېكىتكەن نەرسە.

"بۆكتۈرگە" قومۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئېھتىيات قىل غانجۇغاڭدىكى نەرسە چۈشۈپ قالمىسۇن. * ئېگىرىمنىڭ بۆكتەل بېغى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

غايە ئىدىيال

ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ يۇقىرى مەقسەت، تىلەك، ئارمان.

غايىسى يوق ئادەم بېشى قايغان توخۇ. * مېكىيانىنىڭ غايىسى — بىر سىقىم چار. * غايىسى يوق ئادەم ئەڭ بىچارە ئادەمدۇر. * ھەقىقەتكە يېتىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئالىي ئىدىيالدۇر.

غايىسىز ئىدىيالسىز

غايىسى يوق، غايىسى بولمىغان.

غايىسىز ئادەم — قاناتسىز قۇش. * ئىدىيالسىز ھايات — ئەھمىيەتسىز ئۆمۈر.

غەرب كۈنپېتىش مەغرىب ئولڭ

تۆت تەرەپنىڭ بىرى. شەرققە قارشى تەرەپ، كۈن چىقىدىغان تەرەپكە قارىغاندا ئارقا تەرەپ.

غەرب ئەللىرى؛ غەرب مەدەنىيىتى؛ غەرب دۇنياسى. * غەربتىن شەپە بېرىپ، شەرقتىن ھۇجۇم قىلماق. * شەرق شامىلى بېسىپ چۈشمىسە، غەرب شامىلى بېسىپ چۈشىدۇ.

غەر كۈلكە يالغان كۈلكە

ھىجىيىپ، ساختىلىق بىلەن كۈلگەن كۈلكە.

بولدى ئەمدى، غەر كۈلكەڭنى قوي. * يالغان كۈلكە بىلەن كۆڭۈلنى ئالغىلى بولماس.

غەللە كاسسا

پۇل سالىدىغان قۇتا، ساندۇق، پۇل ئىشىغا ئائىت.

غەللە غالتەككە چىقتى. * كاسسا قۇرۇقدىلىپ قالدى.

غەللە قاچىسى تىيىن قۇتىسى كوپىلكا

ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە بالىلار تاپقان پۇلىنى سېلىپ ساقلايدىغان كىچىككىنە ساندۇق.

غەللە قاچىسى تولدى، ئىش پۈتتى. * تىيىن قۇتامدا يىغىلغان ئون يۈەن پۇلنى ئاپەت بولغان رايونلارغا ئىئانە قىلدىم.

غەللە-پاراق شاڭ لەڭ دەيىيەك

دېھقانچىلىق بېجى، دېھقانلار ئاشلىقتىن تېگىشلىك مىقداردا دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان سېلىق.

"شاڭ"، "لەڭ"، "دەيىيەك" ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

غەللە-پاراق تاپشۇرۇش — دېھقانلارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى.

غەلىبە زەپەر غالىبىيەت باشا

ئىش-ھەرىكەتتە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەت، ياخشى نەتىجە.

كېڭەش بار يەردە غەلىبە بار. * باراردا خاتالاشقىنىڭ يادىڭدا بولسا، ياناردا غەلىبە قىلىسەن. * ئادەم چېنىقمايدۇ قىلمىسا سەپەر، تىرىشمىغان كىشى تاپمايدۇ زەپەر. * غالىبىيەت قەتئىي ئىرادىلىك ئادەمگىلا خاس.

غەلىبە قازانماق زەپەر قۇچماق غالىبىيەت قازانماق باشاماق

ئۇتۇق ـ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەك.

غەلىبە قازىنىشنى ئىستىسەڭ چىدامىلىق بول. * زەپەر قۇچ، ئالغا باس ـــ ئاتائىنىڭ تىلىكى شۇ. * غالىبىيەت قازانغاندا غادىيىۋالما.

بىغەم غەمسىز بىپەرۋا پەرۋاسىز غەم يېمەس پەرۋايى پەلەك ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە مانتا يەيدىغان سىمتاق

ھېچبىر غەم ـ ئەندىشە قىلمايدىغان.

بىغەمنىڭ ئۇيقۇسى تاتلىق. * پەمسىزنىڭ پاراستى يوق، غەمسىزنىڭ پاراغىتى. * بىپەرۋا پات سەمرىيدۇ، ئاسان تۈگىشىدۇ. * پەرۋاسىزغا پەرۋا قىلما. * قىز تارتىنچاق كېلىدۇ، يىگىت غەم يېمەس. * پەرۋايى پەلەككە پەگا بىلەن تۆرنىڭ پەرقى يوق. * ئۇ ـــ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدىغان ئادەم.

غەمخور غەمگۇزار خەيرخاھ ھامىي پاسىبان

بىراۋنىڭ غەم ـ قايغۇسىنى يېنىكلەتكۈچى، بىراۋغا كۆيۈنگۈچى، بىراۋنى قوغدىغۇچى.

ئانا ـــ بالىنىڭ غەمخورى. * ئاندەك غەمخور نەدە. * خۇش سۆز ئېيتار ئۇ يارىغا يارى، كى ھەر گەپكە كېرەكتۇر غەمگۇزار. * خەيرخاھ كىشى خەيرخاھقا ئېرىشەر. * ھامىيسى بار ھارمايدۇ. * ئىستىسەڭ ياخشىلىق ئەقىل پاسىبان، قارا بۇلۇتتىنمۇ چىقىسەن ئاسان.

غەمخورلۇق قىلماق بېشىنى سىلىماق ئاتىدارچىلىق قىلماق خەۋەندىخالىق قىلماق خەيرخاھلىق قىلماق

كۆڭۈل بولۇپ ئاسرىماق، تەربىيىلىمەك.

ئاجىز ـ سېپىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ـــ گۈزەل ئەخلاق. * بارلىق بولساڭ بېشىڭنى سىلايدۇ، يوقلۇق بولساڭ بېشىڭ سىغمايدۇ. * يامان

بېشىنى سىلىغاننى بىلمەيدۇ. * ئاتىدارچىلىق قىلغاننى ئاتاڭدىن ئەزىز بىل. * خەۋەندىخالىق قىلغان كىشىدىن مىننەت چىقمايدۇ. * كەمبەغەل ـ يوقسۇللارغا خەيرخاھلىق قىلىشىمىز لازىم.

غەمكىن مىسكىن غەمناك پەچمۇردە

غەم ـ ئەندىشىگە پاتقان، مەيۇسلەنگەن.

ئادەم بەك غەمكىن بولۇپ كەتسە، ھايات لەززىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ. * مىسكىن ـ بىچارە، يوق ئامال ـ چارە. * غەمناك ياشاشتىن بىزار.

غەمكىنلىك مىسكىنلىك

غەمكىن، مىسكىن ھالەت.

غەمكىنلىك كېسەلگە چاقىدۇ. * مىسكىنلىك مۇسلىمىياڭغا خاس.

غەملىۋالماق تەييارلىۋالماق

كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەق قىلىپ قويماق.

قىشلىق ئوتۇن ـ ياغاچنى ئوبدان غەملىۋالساڭ، قىشتا غېمىڭ ئاز بولىدۇ. * چارۋىچىلار ئورغۇن قىشلىق ئوت ـ چۆپ تەييارلىۋالدى.

غەۋۋاس ماتروس دېڭىزچى

سۇ ئاستىغا چۆشۈپ ئىشلىگۈچى، دېڭىز ـ دەريا قاتنىشىدا ئىشلىگۈچى.

لەھەڭ ئاغزىدىن قورقسا غەۋۋاس گەر، قولغا كىرمەيتتى دۇر بىلەن گۆھەر. * تىنچ كۆلدىن قاۋۇل ماتروس چىقمايدۇ. * دېڭىزنىڭ سىرىنى دېڭىزچى بىلەر.

غەيرەت ئىجتىھاد سەئيى

ئىش ـ ھەرىكەتنى پۈتتۈرۈشكە بولغان ئىنتىلىش، ئىشتىياق.

غەيرەت كەمىرىنى باغلىماق. * غەيرەت بىلەن ئىشلە. * ھۇزۇرۇڭنىڭ

تېنىدا جان بار، غەيرەت يوق. * غەيرىتىڭ بولسا، يۇلتۇز سانايسەن.
* ئىجتىهاد قىلغان ئۇتار. * ئىجتىهاد — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى.
* سەئىي قىلساڭ، تاشتىن ئوت ئالىسەن.

غەيرەتلىك ئىجتىهادلىق

غەيرەت-ئىجتىهادى بار.

غەيرەتلىك ئەردىن شىر قېچىپ قۇتۇلالماس. * ئىجتىهادلىق يىگىت خار بولماس.

غەيۋەت شىكايەت كىسسە گۆسمە

بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلماق. "كىسسە" ئاقسۇ شېۋىسىدە، "گۆسمە" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

غەيۋەت گۇركىرىگەن شامال، ئاڭلايسەنۇ، كۆرمەيسەن. * ئادەم خۇدانىڭمۇ غەيۋىتىنى قىلىدۇ. * ياخشىغا شىكايەت يوق، يامانغا ھۆرمەت.
* غەيۋەت-شىكايەت جېدەلگە ھامىلدار.

غەيۋەتخور غەيۋەتچى شىكايەتچى

كىشىنىڭ كەينىدىن يامان گېپىنى قىلغۇچى.

غەيۋەتخورنىڭ تىلىنى كەس، ئاڭلىغۇچىنىڭ قۇلىقىنى. * بۇرادەر، غەيۋەتكە بېرىلمە ئەسلا، غەيۋەتچىنىڭ يۈزى قارادۇر، قارا. * شىكايەتچى شىكايەتتىن كەچمەس، جاندىن كېچەر.

غەيۋەت قىلماق ئارقىسىدىن غاجىماق شىكايەت قىلماق يامانلىماق

بىراۋنىڭ ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئابروي-ئىشەنچىنى چۈشۈرمەك.

گاس ئىكەن دەپ غەيۋەت قىلما، قارىغۇ دەپ خىيانەت. * خەقلەر ئارقاڭدىن غاجىسا غاجاۋەرسۇن، سېنىڭ كارىڭ بولمىسىلا بولىدى.

---

* شىكايەت قىلغان نومۇسقا قالار، ئاخىر بېرىپ تىلىدىن قالار.
* يامان بولمىسا ئۆزى، يامانلىمدۇ كىشىنى.

غۇدۇرىماق كوتۇلدىماق

نارازىلىقتىن چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلماق.

دەرمانسىز دەرمانسىزغا غۇدۇرار. * بۆسۇتسىز كەلگەن قىز كوتۇلدىماس.

غۇربەتچىلىك موھتاجلىق

تۇرمۇشنى قامدىيالماي، باشقا بىرسىگە يۆلىنىشكە توغرا كەلگەن ھالەت.

غۇربەتچىلىك دەستىدىن بېشىمنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى.
* نەچچە يىل بولدى، موھتاجلىقتا ياشاۋاتىمىز.

غۇلىچى تۈگەپ غىرىچى قالماق ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالماق

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي قىسمى، كۆپ قىسمى تۈگەپ، ئاز قىسمى قالماق.

غەيرەت قىل، غۇلىچى تۈگەپ غىرىچى قالغاندا بوشاپ كەتمە. * ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالغاندا، ماڭا قىسىندىڭمۇ، بولدى، ساڭا قوتاتسۇن.

غىرىچ سۆيەم

بارماقلارنى ئېچىپ ئۆلچىگەندە، باش بارماق بىلەن چىمچىلاق ئارىلىقى؛ باش بارماق بىلەن بېگىز بارماق ئارىلىقى.

ئۆزى بىر غىرىچ، ساقىلى ئۈچ غىرىچ. * غۇلاچقا چىداپ، غىرىچقا چىدىماپتۇ. * بىر سۆيەمنى دەپ، ئون گەزدىن قۇرۇق قالما.

غىڭ قىلماسلىق غىڭ-پىڭ قىلماسلىق لام-جىم دېمەسلىك

ئۈندىمەسلىك، هال-ئەھۋال ئېيتماسلىق.

دانىشمەن قايغۇرسىمۇ، خۇشاللانسىمۇ غىڭ قىلمايدۇ. * غىڭ-پىڭ قىلمىسا، بوزەكمەكنى دېمە، كىم بىلىدۇ، پۇرسەت كۈتۈۋاتقاندۇ.

غىلاپ قىن

پىچاق، قىلىچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سىرتقى زەخمەتتىن ساقلاش ئۈچۈن، شۇنىڭ شەكلىگە باپ ياسالغان قاپچۇق.

غىلاپ بەندىسى. * خىش قېلىپىدا ياخشى، پىچاق غىلىپىدا. * قىلىچ قىنىدا ياتسا گاللىشار.

ف

فاكۇلتېت كافېدرا

ئالىي مەكتەپلەردە پەنلەر، كەسىپلەر بويىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان، باشقۇرىدىغان تەشكىلات.

"فاكۇلتېت" مەمۇرىي باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ، "كافېدرا" كەسپىي ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ.

شىنجاڭ داشۆدە 22 فاكۇلتېت ۋە نۇرغۇن كافېدرا بار. * ماركسىزم-لېنىنىزم كافېدراسى فاكۇلتېت دەرىجىلىك.

فرازېئولوگىيە تۇراقلىق ئىبارە

بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى كۆچمە مەنىلىك تۇراقلىق ئىبارىلەر يىغىندىسى.

ئابدۇسالام ئابباس تۈزگەن «ئۇيغۇر تىلى فرازېئولوگىيىسىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» يېقىندا شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

فورمۇلا ئىپادە

ماتېماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان ئىپادىسى.

ئالگېبرايىك فورمۇلا. * راتسىئونال ئىپادە، ئارىفمېتىكىلىق ئىپادە.

فولكلور خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

خەلق بىۋاستە ئىجاد قىلغان، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارالغان ئېغىز ئەدەبىياتى: بېيىت، قوشاق، چۆچەك، رىۋايەت، ئەپسانىلار، ماقال - تەمسىل، تېپىشماق ۋە باشقىلار.

هەر مىللەتنىڭ فولكلورلىرىنى توپلاش ئىشى ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ. * قۇمۇل ۋىلايىتى نەشر قىلغان «قۇمۇل نەزمىلىرى» بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنىڭ بىرى. * خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — زور بايلىق، بۇ بايلىقنى ئېچىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

فۇگۇەن ئادىيۇتانت كونوۋوي

ھەربىي قوشۇندا باشلىقلارنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئوفىتسېر.

فېرما مەيدان

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئايرىم تارماقلىرى بويىچە قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتى.

چارۋىچىلىق فېرمىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەكتە. * بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى دېھقانلارغا ياردەم بەردى.

فېليەتون زاۋېن

بىر خىل ئەدەبىي ژانىر. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەر، ئايرىم كىشىلەردىكى نۇقسانلار ھەجۋىي ئۇسۇل بىلەن پاش قىلىپ يېزىلىدىغان ئەسەر.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ قايىنام ئۆركىشىنىڭ «پادىشاھ ساموraيلىرى قاتتىق ھالسىرايدۇ» دېگەن فېليەتونى

فېليەتونىنىڭ ياخشى مىسالى. * لۇشۈن زاۋېنلىرى ۋەقەنىڭ رېئاللىقى، تىلىنىڭ كىنايىلىكى، ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ھەممىگە ئايان.

فېليونكا جاۋجۇەر

سۈرەتكە تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان لىنزا.

"فۇدا" فېليونكىسى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن ياخشى فېليونكىلارنىڭ بىرى.

ق

قابىلىيەت ئىقتىدار ئىستىدات تالانت بىگىسى تەسلىك تۇرتۇم

ئىش - ھەرىكەتكە يارامىلىق سۇبىيېكتىپ شەرتلەر. "ئىقتىدار" كۆپىنچە كۈچ - قۇۋۋەتكە دائىر. "ئىستىداتا"، "تالانت"لار تەبىئىي ئەقىل - پاراسەت، ئىجادىي كۈچ ۋە تەسەۋۋۇر كۈچىگە قارىتىلىدۇ. "بىگىسى" خەنزۇچە: 本事. ئېغىز تىلىدا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ، كۆپىنچە ماھارەتكە قارىتىلىدۇ.

بىلىم ئەمگەكتىن كېلەر، قابىلىيەت كۈرەشتىن. * قابىلىيەتنى قىيىنچىلىقتىن ئۆگەن. * ئىقتىدارمۇ مۇشكۇلدەك چېنىقىشتىن كېلەر. * مەندە مەسىلىنى تېگى - تەكتىگىچە سۈرۈشتۈرۈشتىن باشقا ئىستىدات يوق. * تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلەر. * "تالانت" تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس مەكتەپ يوق. * بىگىسىڭ بولسا، كۆرسەت. * ئادەمنىڭ بىگىسى قورساقتا، ھايۋاننىڭ بىگىسى تۇياقتا.

قابىلىيەتسىز ئىقتىدارسىز ئىستىداتسىز

ئىش - ھەرىكەتكە يارىماسلىق، يارامسىزلىق؛ كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەت يېتىشمەسلىك.

قابىلىيەتسىز ئادەم قارامىلىققا تايىنىدۇ. * ئىقتىدارسىز ئادەم ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ. * ئىستىداتسىز شائىر — قىرچاڭغۇ ئات.

قابىلىيەتلىك ئىقتىدارلىق ئىستىداتلىق

ئىش - ھەرىكەتكە يارامىلىق، كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - پاراسەتتە يېتىكلىكلىك.

قابىلىيەتلىك بولاي دېسەڭ، ئۆگەن! * ئىقتىدارلىق ئادەم ھەممە يەردە ئەزىز. * ئىستىداتلىق شائىر ئەلنىڭ غۇرۇرى.

قاپقاق تۇۋاق

قازان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىدىشلەرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويىدىغان سايمان.

تۆشۈك چېلەككە سۇنۇق قاپقاق. * يېپىق تۇۋاق يېپىقلىق قالسۇن.

قاپقان تۇزاق تاپان تۇزاق قىسماق باسماق تور ئورا سىرتماق ئالدام خالتا دام قىلتاق قارماق بوغماق ساچراتقۇ قۇشمار قۇللاب

ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قانائلار ۋە سۇ ھايۋانلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ياسالغان سايمانلار. كىنايە مەنىسىدە ھىيلە - مىكىر يولى بىلەن ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشقا قارىتىلىدۇ. بۇ يەردە شۇ كېيىنكى مەنىدە.

قېرى تۈلكە قاپقانغا چۈشمەس. * بىراۋنى قەستلەپ ئورا قازغان ئىنسان، ئاقىۋەت ئۆزىگە قۇرار قاپقان. * قۇشقاچقا قۇرغان تۇزاققا لاچىن چۈشمەس. * دۈشمەن كۈلىدۇ، ئارقىدىن تاپان - تۇزاق قۇرىدۇ. * ساڭا قىسماق قۇرغانغا باسماق قۇر. * ئەقىللىق يىگىت ھارامزادىنىڭ تورىغا چۈشمەس. * باشقىغا ئورا قازساڭ، ئۆز بويۇڭغا ئۆلچەپ قاز. * گۈلدەستىنىڭ كەينىدىن بىللە كېلىدىغىنى سىرتماق. * بىر قېتىم دامغا چۈشكەن بىر ئەقىل تاپار. * قىلسا تۈگىمەيدىغان ئىش يوق، قىلتاققا چۈشمەيدىغان قۇش يوق. * بېلىق قارماقنى كۆرمەس،

يەمچۈكنى كۆرەر.

قاپىيە ئۇيقاش

شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاھاڭداش، تەلەپپۇزى ئوخشاش سۆزلەر، بوغۇملار.

"ئۇيقاش" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قاپىيە شېئىر-قوشاقلارنى تەسىرلىك ۋە ئاھاڭدار قىلىدۇ. يادلىۋېلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. * قاپىيە ئاچ قاپىيە ۋە توق قاپىيە شەكلىدە كېلىدۇ. * يەنە باش قاپىيە، ئالماش قاپىيە، تار قاپىيە، قوش قاپىيە، كەڭ قاپىيە، ئىچكى قاپىيە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

قاتتىق-قۇرۇق غورىگىل چۆپچۈل

مېھمانغا تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ئېيتىلىدىغان ئۆزرىخاھلىق.

"چۆپچۈل" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قاتتىق-قۇرۇق بولۇپ قالدى، خاپا بولماڭلار. * داستىخىنىمىز غورىگىل بولسىمۇ، كۆڭلىمىز سىلىنى تارتتى. * مېھماننى ياخشى كۈت، چۆپچۈل بولۇپ قالمىسۇن.

قاتلىما قوتۇرماچ

يېيىلغان خېمىرنى قات-قات قىلىپ، قازاندا پىشۇرۇلغان نان.

ھەجەرخان قاتلىمىغا ئۇستا. * قوتۇرماچ مەززىلىك بوپتۇ.

قاتناش ترانسپورت نەقلىيات

ئادەم ۋە مال توشۇش ئىشى.

قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ تومۇرى. * قاتناش ھادىسىسىنى ئازايتىش قاتناشنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. * ئۈرۈمچى ترانسپورت شىركىتى ۋەزىپىسىنى

ياخشى ئورۇندىدى.

قاتناشماق ئىشتىراك قىلماق داخىل بولماق

بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە، پائالىيەتكە ۋە ياكى چاي-زىياپەتكە بارماق-كىرمەك.

ئەقىل قاتناشقان ھەرىكەتكە قاتناش. * سۆزلىمە قىلماستىن ئەقلىڭ ئىشتىراك، ئۇنى تەڭ قىلمايدۇ ئارىغا ئىدراك. * زىياپەتكە داخىل بولساڭ تىلىڭ تۇتۇلماسلىقنى كۆزدە تۇت.

قاتىل شۈكپەن ئۆلۈتچى

ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى.

"شۈكپەن" ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى بىلىنىپ، تۈرمىگە ئېلىنغان كىشىگە قارىتىلىدۇ.

ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى قاتىل، ئادەمنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزگەنمۇ قاتىل. * شۈكپەننىڭ جاجىسى بىر تال ئوق.

قاچقۇن قاچاق قاچىغ

"قاچقۇن" جازادىن ياكى جازا ئورنىدىن، تۇتقۇنلۇقتىن ياكى تۇتۇلۇشتىن قاچقان كىشى.

"قاچاق" قوشۇندىن ياكى سەپتىن قاچقان كىشىگە قارىتىلىدۇ.

قاچقۇنغا شەپقەت يوق، ئازغۇنغا ھۆرمەت. * قاچقۇندىن يول سوراشقا بولماس. * قاچاق ھەق ئۈچۈن قاچقان بولسا، ياردەم كېرەك.

قاچقۇنلۇق قاچاقلىق

قاچقۇن، قاچاقتا دائىر.

قەھرىمانلىقتا تېتىيدىغان قاچقۇنلۇق بار. * قاچاقلىق، بەلكىم، قەھرىمانلىقتۇر.

قاچماق تىكىۋەتمەك بەدەر قاچماق قۇيرۇقىنى خادا قىلماق تەزمەك

بىرەر ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى بىرەر ئىشتىن قورقۇپ بىر يۆنىلىشكە كەتمەك.

"تىكىۋەتمەك"، "بەدەر قاچماق" سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. "قۇيرۇقىنى خادا قىلماق"دا سەلبىي مەنىدىن باشقا، مەنسىتمەسلىك مەنىسىمۇ بار.

قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ. * كالا قاچقاندىن كېيىن قوتان ساپتۇ. * ھەيۋەت بىلەن كەلگەن، بىر پەشۋادىن كېيىن بەدەر تىكىۋېتەر. * دۈشمەن قوشۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن بەدەر قاچتى. * "ئەكسىيەتچىلەر ئاغدۇرۇلدى، جاھانگىرلار قۇيرۇقىنى خادا قىلدى."

قارا ئىزنا

يىراقتىن غۇۋا كۆرۈنگەن نەرسە.

كېتىپ باراتتۇق، يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. * ئۇنىڭ قارىسى يوقالغۇچە، قاراپ تۇردۇق. * ئۇنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمىدى. خېلى تۇردۇق، ئاخىرى شارت قىلىپ، ئۇنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈپ قالدۇق.

قارا تۇتماق قارىلىق تۇتماق

مۇسىبەت، ماتەم كۈنلىرى ھازا تۇتماق.

ئۆلگەننى ئۇزاتمىدىم قارا تۇتۇپ، يا نەزىر قىلالمىدىم، ياغ پۇرۇتۇپ. * قارىلىق تۇتقانمەن، رازىيە، دادامنىڭ قىرقىنى بەرمىگۈچە ساقال-بۇرۇت ئالدۇرمايمەن.

قاراچىراغ جىنچىراغ

مازدىن پىلىك ياساپ، سۇ ماي ياكى كېرسىنگە چىلاپ يېقىپ يورۇقلۇق ئېلىنىدىغان بەك ئاددىي چىراغ.

بىزدە تېخى نۇرغۇن ئۆيلەر قاراچىراغدىن قۇتۇلغىنى يوق. * چىنچىراغدىن چىققان ئىس-تۈتەك، چامامدا، ئەڭ چوڭ بۇلغىنىش بولسا كېرەك.

قاراش نۇقتىئىنەزەر كۆرۈم

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈستىدىكى چۈشەنچە.

مىللەت قارىشى. * بىر تەرەپلىمە قاراش نادانلىققا قارىغاندا ھەقىقەتكە تېخىمۇ يىراق. * سىنىپىي نۇقتىئىنەزەر. * توغرا مەيدان بولمىسا، توغرا نۇقتىئىنەزەر بولمايدۇ.

قاراڭغۇ زۇلمەت چۆمبەك

يورۇقلۇق بولمىغان ھالەت، تۈن-كېچىدىكى ھالەت.

"زۇلمەت" جەمئىيەتنىڭ قالاقلىقى، ھۆكۈمرانلىقنىڭ چىرىك، ئەكسىيەتچىل ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ.

قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق. * زۇلمەت قانچە ئېغىر بولسا، باتۇرنىڭ نامى شۇنچە نۇر چاچىدۇ.

قارام تۇم گىرى يوغانباش ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان

ئەقىل-پاراسەتكە يۆلەنمەي، قارا كۈچكە يۆلىنىپ ئىش كۆرۈپ، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرىدىغان.

"يوغانباش" كۆپىنچە باشباشتاق، ئۆزۈمچىل كىشىگە قارىتىلىدۇ.

كېيىنكى ئىككى ئىبارە "قارام"نىڭ تەسۋىرىي كۆرۈنۈشى.

قارامنىڭ ئەقلى — قوتازنىڭ ئەقلى. * توم گىرنى تويغا يولاتما. * يوغانباش يۇرت بۇزىدۇ. * ئۇ — ئەپلاتوننىڭ زەنجىرىنى ئۈزىدىغان نېمە، ئىشنىپ ئىش تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ. * بۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، — دەپ ئويلىدى مىرغەزەپ.

قاراملىق يوغانباشلىق ئالىجوقىلىق توم گىرلىك

ئەقىل-پاراسەتكە يۆلەنمەي، قارا كۈچكە يۆلىنىش قىلىقى، ھالىتى.

قاراملىق نادانلىقتىن كېلىدۇ. * يوغانباشلىق قىلساڭ، يولدا قالىسەن. * توم گىرلىك قىلىشتىن ساقلان، ئۈزىيان بىلەن تولغان.

قارا نىيەت نىيىتى قارا يامان نىيەت نىيىتى يامان قارا كۆڭۈل كۆڭلى قارا

يامانلىقنى ئويلايدىغان، رەھىم-شەپقەتنى بىلمەيدىغان.

قارا نىيەت يورۇقتىن قورقىدۇ. * نىيىتى قارىنىڭ يېنىغا يېقىن يولىما. * يامان نىيەت ياخشىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. * نىيىتى يامانىنىڭ نەسلى قۇرۇسۇن. * قارا كۆڭۈل قارغىشتىن ئۆلىدۇ. * ئىنساپسىزنىڭ كۆڭلى قارا، كۆڭلى قارىنىڭ ئىنساپى يوق.

قاراۋۇل پاترۇل پوست كۆزەتچى جىسەكچى پاششاپ مىرشەپ قاراغۇ

جەمئىيەت، ئىدارىلەرنى قورۇغداش ئۈچۈن قويۇلغان مەخسۇس خادىم.

"پاترول"، "پوست"لار ھەربىي قوشۇنغا ئائىت ياكى قوراللىق ساقچىلاردىن بولىدۇ.

"پاششاپ"، "مىرشەپ"لەر كېچىلىك كۆزەتچىلىكنى

ئانقۇرغۇچى.

يامانىدىن قاراۋۇل قويساڭ، ئوغرىغا يول ئۇچۇق. * پاترۇللار ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك. * پوست ھوشيار بولسا، ھەۋپ ئاز بولىدۇ. * ئاغزىنى ئاچمايدىغان ئىت ياخشى كۆزەتچى بولالماس. * جىسەكچى ئۈچ جىڭغا جاڭ چالدى. * پاششاپ پايىدىغا ئامراق. * مىرشەپ تۈننىڭ ئەمرى.

قارشى زىت ئانتى

قارىمۇقارشى، خىلاپ، تەتۈر.

بىز مىللىي كەمستىشكە قارشىمىز. * خىيانەتچىلىك خەلق مەنپەئەتگە زىت.

قارشى تۇرماق قارشى چىقماق ئۈزمەمەك

ياقلىماسلىق، قوشۇلماسلىق؛ سۆز-ھەرىكەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەك.

ھەقىقەتكە قارشى تۇرماق — تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماق. * ھەقىقەت ساڭا قارشى چىقسا، سەن ئۇنىڭغا تەسلىم بول.

قارغىش تەگكۈر جىنىڭ چىققۇر قانقۇسقۇر تۇزۇپكەتكۈر

تىل-قارغىش: يامان كىشىلەرگە قارىتىلغان.

بىرەر قارغىش تەگكۈرنىڭ قولىغا قالساق، ھالىمىزغا ۋاي. * جىم تۇر، جىنىڭ چىققۇر. * ئۇ قانقۇسقۇر بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى. * ئۇ بەتبەخت تۇزۇپكەتكۈر، تۇزۇپ كەتسۇن.

قارىغۇ سوقۇر كور ئەما قارو تۈكلۈگ

كۆزى كۆرمەيدىغان.

"ئەما" كىتابىي سۆز.

قارىغۇنى ياردا قىستىماق. * قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرسەڭ، گوداڭغا

يېقىلسەن. * قارىغۇ سوقۇر ئاتقا مىنگەندەك. * سوقۇردىن يول سوراش كەتمەيدۇ. * سوقۇرغا رەھىم كېرەك. * كور مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپتۇ. * ئەما قارىم قىرائەتكە ئۇستا.

قارىماق باقماق كۆز سالماق نەزەر سالماق كۆز تىكمەك تابارۇ

كۆز نۇرىنى ئادەم ياكى نەرسىگە ئۇچراشتۇرماق.

"كۆز سالماق"، "نەزەر سالماق" يېزىق تىلىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

"كۆز تىكمەك" دىققەت قىلىپ، ئۇزاق قارىماق.

كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ. * پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە قارىما، ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا. * ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە. * زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق. * بېلى ئاغرىمىغاننىڭ نان يېيىشىگە باق. * ئالغا ئاتلا، ئاۋايلا، كەينىڭگىمۇ باق، قارا. * كەلگۈسىگە كۆز سال. * ئۆتمۈشكە نەزەر سالسام، جىق-جىق ئىشلاردىن پۇشايمان قىلىمەن. * ئۇ كېتىۋېتىپ، قىزغا كۆز تىكتى.

قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز ئانتونىم

مەنىسى بىر-بىرىگە زىت سۆز-ئىبارىلەر.

ئۇيغۇر تىلىدا قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر كۆپ. قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر لېكسىكا كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

ياخشى-يامان؛ چوڭ-كىچىك؛ ئېگىز-پەس؛ تاتلىق-ئاچچىق؛ ئۇزۇن-قىسقا. * بارماق-يانماق؛ ماڭماق-تۇرماق؛ كۈلمەك-يىغلىماق.

مەنىداش سۆزلەر قاتارى قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر قاتارىغا زىت كېلىشى مۇمكىن:

گۈزەل، چىرايلىق، كۆركەم، ئۇز-سەت، خۇنۈك، كۆرۈمسىز.

قازان داش داڭقان قۇمغان ساج ئەشىچ ئىشىچ

ئاش پىشۇرۇلىدىغان جاھازلار، ئاشخانا جاھازلىرى.

"قازان" ئوتتۇرىچە، ئومۇمىي نام.

"داش" چوڭ قازان، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، زارا خەتمىلەردە ئاش پىشۇرۇلىدۇ.

"داڭقان" ئۈچ پۇتلۇق كىچىك قازان.

"قۇمغان" كىچىك قازان، كۆپرەك دورا قاينىتىلىدۇ.

قازان ئاسماق. * قازىنىنى ئاسماق. * قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيماق. * قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. * ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ. * داش قازاننىڭ ئىشىنى يېيىشتىن جىق زىيان تارتتۇق. * داڭقان پۇتى گەپ. * گۆش داڭقانغا چۇشلۇق، خېنىم سالتاڭغا. * قۇمغاننىڭ ئىچى تاتلىق، دورىسى ئاچچىق.

قازماق كولىماق چاپماق ئويماق

جىسىمنىڭ ئۈستىدىن ئاستىغا قول ياكى قورال بىلەن ئىشلەپ، بىر قىسمىنى ئېلىۋەتمەك، ياكى كۆمۈپ قويغان نەرسىنى ئالماق.

"چاپماق" كۆپرەك ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

"ئويماق" ئاستىدىن قومۇرۇۋالماققا قارىتىلىدۇ.

سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق قازغان بىلەر. * بىلىملىك ئويلاپ تاپار، بىلىمسىز كولاپ. * كولىغانسېرى چوڭىيىدۇ، كۆمگەنسېرى كىچىكلەيدۇ. * ئۆستەڭ چاپساڭ، تىرەن چاپ. * كۆرەلمەسنىڭ كۆزىنى ئوي.

قازى كالان مۇپتى رەئىس ئاخۇنۇم

ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى.

"ئاخۇنۇم" ئومۇمىي نام.

"قازى" يۇقىرى دەرىجىلىك سودىيە. "قازى قۇززات"مۇ دېيىلىدۇ.

"كالان" ھۆكۈم چىقارغۇچى، "قازى كالان"مۇ دېيىلىدۇ.

"مۇپتى" ئىسلام قانۇنلىرى مۇتەخەسسىسى.

"رەئىس" ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى.

قازى بىلەن كېتەمسەن، مۇپتى بىلەن قالامسەن. * دەۋاگەر سۇس بولسا، قازى مۇتتەھەم بولار. * كالان ئاخۇنۇم كانىينى ياغلايدىغانغا يان باسىدۇ. * مۇپتىنىڭ مۇددىئاسىنى بىسمىللاسىدىن بىلگىلى بولىدۇ. * مۇپتى پەتىۋا بەردى، قازى ھۆكۈم قىلدى، ئەمدى گەپ رەئىستە قالدى. * ئاران باققان كالامنى سويۇپ يېگەن ئاخۇنۇم.

قاس چىقارماق پۇتاق چىقارماق

ئىش - ھەرىكەتتىن قەستەن نۇقسان تاپماق، ئېۋەن چىقارماق.

يامان نىيەتلىك كىشى ھەرقانداق ئىشتىن ھەرقانداق يول بىلەن قاس چىقىرىشى مۇمكىن. * بىر قىسىم كىشىلەر «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»كە ئوخشاش ئەسەرلەردىن پۇتاق چىقىرىشقىمۇ ئۇرۇندى.

قاسساپ پوكانچى

مال سويىدىغان ۋە گۆش سېتىش يولى بىلەن سودا قىلىدىغان كىشى.

"پوكانچى" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

قوشقاچ سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن. * ئۆچكىگە جان قايغۇسى. قاسساپقا ياغ قايغۇسى.

قاسناق گەردىش

غەلۋىر، داپلارنىڭ چەمبىرىكى.

باخشىنىڭ دېپىنىڭ قاسنىقى سۇنسا، مايمۇنغا ئويۇنچۇق بوپتۇ. * غەلۋىرنىڭ گەردىشى غەلۋىرگە تىرەك.

قاش I يان

يېقىن ئەتراپ.

بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار. * يېرىم بولسىمۇ يېنىڭدا بولسۇن. * ياندىكى كاسىپنىڭ قەدىرى يوق. * ياتنىڭ ياندىن ئۆتەر، ئۆزنىڭ جاندىن.

قاش II قاشتاش گرافىت

رودا، تېگى چىلىك، يۈزى پارقىراق تاش. زىننەت بۇيۇملىرى، ھەيكەل ياسىلىدۇ.

قاش سىلىقلىمىغۇچە يالتىرىماس. * قاشتاش يونۇمىغۇچە ئىسكەتتىكە كىرمەس.

قاش ئاتماق كۆز تاشلىماق كۆز قىسماق ساقال تاشلىماق قانات سۆرىمەك

شەھۋانىي نىيەتتە قىلىنىدىغان ئىشارەت. كۆپىنچە ئەرلەر تەرىپىدىن بولىدۇ.

ئۇخلىغان ئىتقا تاش ئاتما، تونۇشمىغان قىزغا قاش. * سەن ئالامسەن بۇ جاننى، يان - يانىڭغا كۆز تاشلاپ. * كۆز قىسقانىنىڭ كۆزى چىقسۇن، ئىلاھىم! * بىر قىلىقسىز كىشى بىر گۈزەل ئايالغا ساقال تاشلاپ:

— خانىم، پايپىقىڭىز چىرايلىق ئىكەن، قەيەردىن ئالدىڭىز؟ — خوتۇنىمغا ئېلىپ بىرەي دېۋىدىم، — دەپتۇ. ئايال:

— ئېلىپ بەرمەك، قىلىقسىز ئەر قانات سۆرەپ يۈرمىسۇن! — دەپتۇ.

قاشا چىت چىتلاق قوشام

بادرا، يۇلغۇن، چىغانلاردىن ياسالغان توسما تام، قورۇق.
"قوشام" ئاقسۇ شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس. * باغ قىلساڭ چىت قىل، مال قىلساڭ ئىت باق. * چىتلاق چىڭ بولسا، ئۆيىڭ چىڭ بولىدۇ. * قوشام ياسا، خاتىرجەم ياشا.

قاششاق تېتىر

ھوسۇل بەرمەيدىغان، تۇپرىقى قاتمال زېمىن.

يېرىڭ قاششاق بولسا، ھالىڭ خاراب بولىدۇ. * تېتىر يەرگە تاۋۇز تېرىما.

قاغا قۇزغۇن قاغا-قۇزغۇن زاغ قۇز

تۈكى قاپقارا ياكى ئالا-بۇلا كۆچمەنچى قۇش.
"زاغ" خوتەن دىئالېكتىدا، "قۇز" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇماس. * قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق. * قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ. * قاغا پۇتى خەت. * ئەجەلى يەتكەن قۇزغۇن قارچىغا بىلەن ئوينىشار. * قاغا-قۇزغۇنغا يەم بولماق. * تاۋۇس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغاندا زاغ، كەكلىك قەھقەسىدىن ياڭراپ كەتتى باغ. * سېخىينىڭ بېغىغا قۇز قونماس.

قاق داش چايدام

تاغلاردا، چۆللەردە ۋە دەريا بويىدا سۇ توختاپ قالغان كۆلچەك.
"چايدام" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇسسۇزلۇقتا قاق سۈيى جانغا ئارام بېرىدۇ. * تارىم بويىدا

داشلارغا تېرىپ قويۇلغان قوغۇن بەكمۇ تاتلىق بولىدۇ.

قاقاس قاقىر تاقىر

ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ يوق يەر.

قاقاس يەردە قونما. * قاقىر قورقۇنچلۇق. * تاقىر يەردە تۇرما.

قاگرۇق خىڭخىڭ

سۆزلىگەندە بۇرنىدىن غەيرىي بىر خىل ئاۋاز چىقىدىغان كېسەللىك ۋە شۇنداق كىشى.

مېنى تۇتىمەن دېگەن، سەن تاغلىق، قارا تاغلىق، مېنىمۇ تۇتالمايسەن، ئوغۇل بالىمەن قاگرۇق. * خىڭخىڭ خېنە ياقسىمۇ خىڭىلدايدۇ.

قالپاق مالخاي شلەپە كۇلاھ

كىيىگىز، مۇۋۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىيالدىن ياسىلىدىغان، سايىۋىنى بار باش كىيىمى.
"كۇلاھ"نى كۆپىنچە دەرۋىشلەر كىيىدۇ.

قىرغىزغا تۇشلۇق قالپاق يوق. * ماختىغان قىز مالخايغا چىچىپتۇ. * شلەپە يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ شەھەرلەردە زىيالىيلار ئارىسىدا كۆپىيىپ قالدى.

قاما قۇندۇز سۆسەر كەمچەت

تېرىسى ئېسىل ھايۋانلار. بۇ يەردە شۇنداق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى دېيىلىۋاتىدۇ، تۇماق-قۇلاقچا تىكىلىدۇ، قىشلىق پەلتوغا ياقا قىلىنىدۇ.

قاما ياقىلىق پەلتو كىيگەن خېنىم ئۆتۈپ كەتتى. * قۇندۇز تۇمىقىم بار ئىدى، يوقالغىنى خوپ بولدى، بېشىمغىمۇ تار ئىدى. * توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا. * كەمچەت تۇماق كىيگەن يىگىت خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

قامىماق سولىماق

قاماقتا ئالماق، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، قاماقخانا، سولاقخانا... غا تاشلىماق.

خىيانەتچى ئۇنسۇر تۈرمىگە قامالدى. * جىنايەتچى ئاخىر ھەپسىگە سولىنىدۇ.

قان خۇن

ئادەم ۋە ھايۋانات بەدىنى ئىچىدىكى قىزىل سۇيۇقلۇق.

قانخور. * قان ئىچەر. * قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس. * ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلماق. * خۇن تۆلەتمەك. * ئۇنى يوقنىڭ خۇنى يوق.

قانخور قانئىچەر قەتتال

ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان.

قانخوردىن ئىمان كەپتۇ، پالتىدىن زۇۋان. * قانئىچەرنىڭ قولىدىن قان تامىدۇ.

قانائەت شۈكۈر

بارىغا رازى بولۇش، قېنىش، مەمنۇنىيەت.

قانائەت — سالامەتلىكنىڭ كۆزى. * قانائەت — تۈگىمەس خەزىنە. * قانائەت قىلمىغاننىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپماس. * ئازغا شۈكۈر، كۆپكە ئۈمىد. * قىلدىغىنىم شۈكۈر، تىلەيدىغىنىم ئۆمۈر.

قانات ياپماق قانات ئاستىغا ئالماق يان باسماق

بىراۋ بىراۋنى ھىمايە قىلماق، كەمچىلىك-خاتالىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماق.

يامانغا قانات ياپقان ياماندىن يامان. * جىنايەتچىنى قانات ئاستىغا ئېلىش يەنە بىر خىل جىنايەت. * ۋاقىت ھېچكىمگە يان باسمايدۇ، ئۇ ھەممىگە ئوخشاش 24 سائەت بېرىدۇ.

قانچە نەچچە دۆك

نەرسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى سورايدىغان سوئال ئالمىشى.

قانچە كۆپ قايناسا قىيام-قەنت سۈيى، ناۋىتى شۇنچە سۈزۈك بولغۇسى. * جەڭ ۋاقتى ئۇ ئەگەر كۆرسەتسە ئارقىسىنى، ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۆلتۈرەر باتۇرلارنىڭ قانچىسىنى. * پۇرچاق نەچچە-نەچچە سەكرىسىمۇ تاۋىنى چاقالماس. * دۆك مىڭ — نەچچە مىڭ.

قانچەيلەن نەچچەيلەن

ئادەمنىڭ سانى توغرىسىدىكى سوئال ئالماش.

بۈگۈنكى مەجلىسكە سىلەردىن قانچەيلەن كەلدى. * نەچچەيلەنگە بېلەت يەتمىدى؟

قان قېرىنداش جانجىگەر

بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان، قانداش.

بىز ھەممىمىز قان قېرىنداش، جانجىگەرلەرمىز. بىزنى ئۆزىمىزدىن چىققان خائىندىن باشقا ھېچكىم ھېچنېمە قىلالمايدۇ.

قانۇن شەرىئەت زوكۇن تۆرۈ

”قانۇن“ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ماقۇللىغان، ”شەرىئەت“ دىندا قوبۇل قىلىنغان، ئىجرا قىلىنىشى شەرت، مەجبۇرىي بولغان ھەرىكەت مىزانى.

قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر. * قانۇنى ئاجىز ئەلدە زار تۈگىمەس. * شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۇتىقى بار. * قول قولنى تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى.

قاۋۇل بەرنا زەبەردەس تەمبەل گەۋرى گوسمۇس ئاپتوللۇغ بۆكتەل

جىسمانەن گەۋرىلىك ۋە كۈچلۈك.

"گوسمۇس" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"ئاپتوللۇغ" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

قاۋۇل ئالتە بالىنى ئىشچان ئانا باقار. * بەرنا يىگىت — ئالتۇنغا بەرگۈسىز يىگىت. * زەبەردەس بىر ئادەم ئىشىك باقار ئىكەن. * تەمبەل تەنگە باغلىق. * گەۋرى بىلەن چېلىشما، بەگ بىلەن ئېلىشما.

قايتماق يانماق

تۇرغان يېرىدىن ئەسلى چىققان يېرىگە بارماق.

بېرىشتىن بۇرۇن قايتىشنى ئويلا. * كىشىگە قىلغان ئۆزىگە يانار. * يېرىم كۆڭۈلنىڭ يېنىشى يوق.

قايغۇ ھەسرەت ئازاب ئوقۇبەت غەم غۇسسە ئاچچىغ تارىق ساقىنچ غىن

روھەن ۋە جىسمانەن قاتتىق قىينىلىش تۇيغۇسى.

قايغۇڭ دېڭىزدەك بولسىمۇ، جاسارىتىڭ بولسا ئۆتىسەن. * بىز شادلىق يولىدا كۈرەشتۇق، شادلىق يولىدا ئۆلىمىز. شۇڭا بىزنىڭ ئىشىمىزغا قايغۇ-ھەسرەت ئارىلىشىپ قالمىسۇن. * ھەسرەت رەھىم قىلار. * بىردەملىك ئاچچىقتا سەۋرى قىلساڭ، بىر ئايلىق ئازاب-ئوقۇبەتتىن خالىي بولىسەن. * پۇلى ئازنىڭ غېمى ئاز. * ئادەمنى غەم يەيدۇ، تۆمۈرنى نەم.

قايغۇرماق ھەسرەتلەنمەك ئازابلانماق

قاتتىق قىينالماق، روھەن ۋە جىسمانەن قىيىن ھالدا قالماق.

باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ، بۆرە قالغىنىغا. * ھەركىم ئۆز دەردىنى ئېيتىپ ھەسرەتلىنىدۇ. * بېشىدىن ئايرىلغان چېچىدىن ئازابلانماس.

قايغۇلۇق ھەسرەتلىك ئازابلىق مۇڭلۇق ئەلەملىك بوسۇشلۇغ

قايغۇ-ھەسرەتكە دائىر.

قايغۇلۇق خەۋەرنى راست بولسىمۇ دوستۇڭغا دېمە. * ئەمگەكسىز ئېشىم — ھەسرەتلىك بېشىم. * ئازابلىق كۆڭۈللەرنى ئاز تارتىمدۇق. * ئون باش ئوڭلۇق باش، بىر باش، مۇڭلۇق باش. * ئەلەملىك ئىش ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ.

قايناق جۇشقۇن

قىزغىنلىق قايناپ-تېشىپ تۇرغان ھالەت.

قايناق تۇرمۇش ئىچىگە بار، قايناق تۇرمۇشتىن ئۆگەن. * ياشلار ھەر ۋاقىت جۇشقۇن بولۇش كېرەك.

قاينام گىرداب گۆلەڭ ئىگىرىك

دەريادا سۇ ئايلىنىپ، قاينىغاندەك بولۇپ تۇرغان يەر.

"گۆلەڭ" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىزدىگەن قاينامدىنمۇ يىگىتنى تاپار. * يا قاينامدىن چىقسۇن، يا سايرامدىن. * دۈشمەن ئەجەل گىردابىغا بېرىپ قالدى، ئەمما تېخى ھالاك بولمىدى.

قاينىماق جۇش ئۇرماق

قاتتىق ئىسسىقنىڭ تەسىرىدىن سۇ بۇلدۇقلىماق، ھور چىقارماق، پىشماق ۋە شۇنداق قىزغىن ھالەت.

چاپان كۆيسىمۇ قازان قاينىسۇن. * قاينىمىغان داغ سۇنى ئىچمەسلىك كېرەك. * مەشرەپتە ياشلار تازا قاينىدى. * بىزنىڭ ھەققانىي ئىشىمىز جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا.

قايىل بولماق قول قويماق ئاپىرىن ئوقۇماق تەن بەرمەك

ھەق ۋە راست دەپ تەستىقلىمەك، ئىچ-ئىچىدىن ماقۇل تاپماق.

قاسىم قادىرنىڭ قەھرىمانلىقىغا قايىل بولدى. * تېۋىپنىڭ ھۈنىرىنى ئەل باھالار، كېسەل كىشى قول قويار. * دارۋازنىڭ جاسارىتى ۋە ھۈنىرىگە ھەممە ئاپىرىن ئوقۇدى. * ئۇ ئاخىر ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە تەن بەردى.

قەبىلە قوۋم ئەل ئۇرۇق بۇدۇن بوي تۈركۈن

بىر ئەجدادتىن تارقالغان، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپى.

ياخشى قوۋم يامان ناخشا ئېيتماس. * ئۆز ئېلىڭنىڭ بېشى بولساڭمۇ سايىدىكى تېشى بول. * ئەلگە كىرگىن ئېلىڭچە، سۇغا كىرگىن بېلىڭچە. * ئۆز ئۇرۇقىغا تارتمىغان ئۆزىنى ئورۇنسىز ياشىدىم دېسۇن.

قەدەم چامدام ماڭدام ئاتىم ئارىش

ماڭغاندا پۇتنىڭ ھەربىر ئاتلىشى.

يولنى كۆرۈپ قەدەم باس. * كېچىكىپ قەدەم تاشلىغان قەدەم تاشلىمىغاندىن ئەلا. * ئىككى قەدەم ئارتقا، بىر قەدەم ئالغا. * ئىككى چامدام مېڭىپ بىر توختىغان مەنزىلگە كەچ بارىدۇ. * پۇتى قىسقىنىڭ ماڭدىمى قىسقا. * ھايات بىلەن ماماتنىڭ ئارىلىقى بىر ئاتىم.

قەدەھ جام پىيالە رومكا ئىستوپكا باكال توس ئاياق ساغەر

ئىچكۈلۈك ئىچىدىغان كىچىك قاچا، چىنە.

"قەدەھ كۆتۈرمەك" رەسمىي سورۇنلاردا، "رومكا سوقۇشتۇرماق" ئاددىي ئولتۇرۇشلاردا دېيىلىدۇ.

"باكال" پىۋا ئىچىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ھاراقكەشنىڭ بايلىقى — قەدەھ. * قەدەھتە ئۆلگەن دېڭىزدا ئۆلگەندىن جىق. * ھەي ئىنسان، قولۇڭدا پەۋەس تولغان جام، ۋەسۋەسىدىن تىنماس دىل، بىسەرەمجان. * مەست قولىغا چۈشسە پىيالە، ئەسلا ئۇنى سۇندۇرۇشنى كۆرمەيدۇ راۋا. * كىشىلەر "سالامەتلىك ئۈچۈن" دەپ رومكا سوقۇشتۇرۇپ سالامەتلىكىدىن ئايرىلىدۇ. * پىۋا ئىچتۇق باكالدا، خار بولمايلى ئۆز ماكاندا.

قەدىر ئەھۋال يامان ئەمەس بازار نەرخى ئەل قاتارى

ھال-ئەھۋالىنىڭ، تۇرمۇشىنىڭ شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى ئوتتۇرىچە ھالىتى.

قەدىر ئەھۋال ئۆتتۈۋاتىمىز. * تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس. * بازار نەرخى كۈن كۆرۈۋاتىمىز. * ئەل قاتارى كېتىپ بارىمىز.

قەدىمىي ئانتىك

يىراق ئۆتمۈشكە دائىر.

قەدىمىي ئادەتلەرگە قانداق قاراش كېرەك؟ تەھلىل قىلىش كېرەك، بىراقلا ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ، بىردەك قوبۇل قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. * ئانتىك دۇنيادا ياشىغان ھايۋانلارنىڭ نۇرغۇنىنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگەپ كەتكەن.

قەرز ئۆتنە لاپقۇت ئارىيەت نېسى بىرت تۆشۈك

قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بېرىلگەن-ئېلىنغان نەرسە.

"لاپقۇت" ئىش-ئەمگەك ئۈستىدىكى ئېلىم-بېرىم.

"نېسى" ھەققىنى نەق ئالماي، قەرز قالدۇرۇشقا ئېيتىلىدۇ.

بۆرە قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەر. * قەرزى يوق گاداي شاھزادىدىن ئازادە. * بۇ جاھان — ئۆتنە جاھان. * ئاش — ئۆتنە، ئىش —

لاپقۇت، ئۆتۈككە ئاپقۇت. * شىر چىشىنى ئارسىيەت بەرمەس. * يىگەسىنى ئارسىيەت ئالغاندىن كونىسىنى يۇغان ئەلا. * نېسى ساتقاننىڭ ھالى خاراب، قالدۇ قۇرۇق دەپتەرگە قاراپ. * نېسى يېمە گۆشنى، ئاغرىتىدۇ تۆشنى.

قەسەم ئانت كىرىتۇ

ئۆزىنىڭ ھەقلىق، سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش، ئۇنىڭغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر مۇقەددەس نەرسىنى (قۇرئان، نان، دەستىخان...) دەلىل كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆز، يالغان بولۇپ قالسا، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ دېيىشىدۇ.

قەسەم قىلىشتىن ئۆتكۈر. * ھەقىقەتكە قەسەم كەتمەيدۇ. * ئانتنى بۇزۇش — خائىنلىق. * ئانت ئىچكۈچىگە كۆنمىسەك، قان ئىچكۈچى كېلەر.

قەست سۇيىقەست

يامان نىيەت بىلەن يامانلىق قىلىش ھەرىكىتى.

قەست قىلغاننى پەس قىل. * دۈشمەننىڭ ھەرقانداق سۇيىقەستىدىن ئۆز ئىچىمىزدىكىلەرنىڭ ئورا كولىشى قورقۇنچلۇق.

قەغىش خەقىش جىجىلاق

كىچىك بالىنىڭ ئەركىلىك قىلىپ ياكى بىرنەرسە تەلەپ قىلىپ قىلغان قاملاشمىغان ھەرىكىتى.

”جىجىلاق“ ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بالا قەغىش بولسىمۇ، ئاتا-ئانىغا سۆيۈملۈك. * ئانىغا بالىنىڭ خەقىشى كۆرۈنمەيدۇ.

قەلەم قېرىنداش گاڭبى موبى

يېزىق قوراللىرى.

”گاڭبى“ خەنزۇچە: 钢笔. سىپىدا سىياھ قاچىلايدىغان يېرى بار، سىياھ قەلەم ئۇچىغا ئۆزى چۈشىدىغان قەلەم.

”موبى“ خەنزۇچە: 毛笔. يۇڭ قەلەم.

قەلىمى كۈچلۈك. * قەلەم كۈرىشى. * قەلىمى توختىغان. * قىلىچنىڭ كۈچىدىن قەلەمنىڭ كۈچى ئارتۇق. * قېرىنداش قانچە سىزسىمۇ قەغەز چىدايدۇ. * گاڭبى بىلەن خەت يازغاندا، گاڭبىنى قانداق تۇتۇشنى بىلىش زۆرۈر. * موبى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە باپ كېلىدۇ.

قەلەمدان قەلەم قۇتىسى

قەلەم-قېرىنداش سېلىپ قويىدىغان سايمان.

ئىش ئۈستىلى ئۈستىدە كىتابلار، گېزىت-ژۇرناللار يەنە قېرىنداش سېلىپ قويۇلغان قەلەمدان تۇراتتى. * قەلەم قۇتىسى قەلەملەرنى رەتلىك تۇتۇش ئۈچۈن زۆرۈر.

قەھۋە كوفېي

ئىسسىق بەلباغدا ئۆسىدىغان قەھۋە ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىدىن قىلىنغان تالقان ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ئىچكۈلۈك.

قەھۋىنىڭ شادلاندۇرىدىغان ۋە ئاشقازاننى تازىلايدىغان رولى بار * ھازىر ئۈرۈمچىدە خېلى كۆپ قەھۋىخانىلار ئېچىلدى، كىشىلەر ئۇ يەردە قەھۋە ئېچىپ، پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

قەي قىلماق قۇسماق ياندۇرماق

يېگەن-ئىچكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋەتمەك.

ئۇ تۈنۈگۈن خېلى ئىچكەن ئوخشايدۇ، كۆتۈرەلمەي قەي قىلىۋەتتى. * سەن قۇسقان قۇسۇقنى ئىتمۇ يېمەيدۇ. * ياسىن شۇ ئارىدا يېگەن-ئىچكەننىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى.

قەيەر قاياق قايان نە

سوئال ئالماشلىرى: "قايسى يەر، نەيەر"دىن قىسقارغان سۆزلەر.

ئەجەل ـ ئۆلۈم قەيەردە يوق؟ * قاياققا بارساڭمۇ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. * ھەق قايان، مەن شۇ يان. * ياشلىقنىڭ نەدە قالغانلىقىنى قېرى چال بىلەر. * نەنىڭ سۈيىنى ئىچسەڭ، شۇ يەرنىڭ ئادىتىگە كىر. — نەگە بارساڭ، شۇ يەرنىڭ ناخشىسىنى ئېيت.

قوبۇل قىلماق ئىلىك ئالماق

رەت قىلماي، ئۈستىگە ئالماق.

توغرا مەسلىھەتنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىش كېرەك. * سالام بېرىش پەرز، ئىلىك ئېلىشمۇ پەرز.

قوتاز توپاز ئارغۇن

كالىنىڭ بىر تۈرى. كالىغا قارىغاندا پۇتى قىسقا، تۈكلۈك كېلىدۇ.

"ئارغۇن" كالا بىلەن قوتازدىن چىققان شالغۇت.

قوتاز سۈتىنىڭ قايمىقىدىن ئوغلاق دەسسەپ ئۆتسىمۇ پۇتى پاتمايدۇ. * توپاز گۆشى ئىسسىق بولىدۇ. * ئارغۇننى كۆپەيتىش كالىچىلىقتا مۇھىم ئىش.

قوتان ئېغىل ئاتخانا ئاتقوتان ماخو مالخانا ئاران قاسى

ئات ـ ئۇلاغ، مال ـ ۋاران باقىدىغان، سولايدىغان يەر.

"ماخو" خەنزۇچە: 马厩

"ئاتخانا"، "ماخو"، "مالخانا"لار ئېتىدىن مەلۇم.

"ئاران" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

قوينى قوتاندا ساقلا، ئاشنى ئورنىدا * يىلپىز بىلەن تۆچكە بىر قوتاندا ياشىماس. * ئېغىل بولسىمۇ تازا بولسۇن. * ئاتخانا قانچە

يورۇق، تازا بولسا، ئات ـ ئۇلاغ شۇنچە ياخشى ئارام ئالىدۇ. * "گوڭشې" ۋاقتىدا ھەربىر شىاۋدۇيدە ماخو بولاتتى. * مالخانىنى پۇختا ياساش — مالنى ئاسراش.

قوتۇر قىچىشقاق ئۇزۇز

بەدەندە پەيدا بولىدىغان، قاتتىق قىچىشتۇرىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل.

بەرمىگەن قوناقنى يېمىگەن قوتۇر. * قىچىشقاقتىن نېرى قاچ.

قورال ياراغ تىغ ئەسلىھە تولۇم كەدىمىلىگ

جەڭ، ئۇرۇش سايمانلىرى، مۇداپىئەدىمۇ، ھۇجۇمدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، دۈشمەنگە تالاپەت يەتكۈزەلەيدۇ.

"ئەسلىھە" ھەربىي قورال ـ ياراغلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

ئۇرۇشتا قورالغا تايىنىش كېرەك، باتۇر يۈرەككە تېخىمۇ تايىنىش كېرەك. * بايلىقىڭنى ئۆيدە قوي، يارىغىڭنى ياندا تۇت. * ئويماقسىز خوتۇن بولماس، تىغسىز ئەر. * ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ئاسراش ھەربىر گراژداننىڭ بۇرچى.

قورچاق ئويۇنچۇق قۇزۇرچۇق

ئەسلى بالىلار ئوينايدىغان ھەر خىل نەرسىلەر. بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە: ئۆز ئەركى ئۆزىدە بولمىغان بىراۋلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، ھوقۇقسىز.

ۋاڭ جىڭۋېي قۇرچاق ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ نەپرىتىگە قالدى. * ھاياتىڭدا ئويۇنچۇق بولما، ئاچقۇچ بول.

قورشاۋ مۇھاسىرە

تۆت تەرەپتىن ئورىۋالغان ھالەت.

دۈشمەننىڭ بىر تۈمەن (پولك) ئەسكىرىي قورشاۋدا قالدى. * دۈشمەن

مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

قورغان قەلئە ئىستىھكام سەد سېپىل ھىسار پوتەي تۇرا كىرىپپوست

مۇھىم جايلارغا سېلىپ مۇداپىئەلىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان جاي، قۇرۇلۇش.

"قورغان"، "قەلئە"لەر شەھەر شەكلىدە، "سەد"، "سېپىل"لار ئېگىز قورۇق تام شەكلىدە، "پوتەي"، "تۇرا"لار توپ ئېتىدىشقا لايىق ياسالغان بولىدۇ.

قورغان ئىچىدىن غۇلار. * كونا قەلئەدە جىن بار. * ھەقىقەت ئاتمىش ئىستىھكامنى بۇزار. * سەددىچىن سېپىلى — ئۇچ مۆجىزىنىڭ بىرى. * ئەقىل ھەمراھى ھەم جان يارى ئىلىم، ئىككى ئالەمدە جان ھىسارى ئىلىم. * گومىنداڭ ماگدامدا بىر پوتەي سالغانىدى. * قۇمۇلدا قەدىمي تۇرالار كۆپ.

قورقاق قورقۇنچاق يۈرەكسىز توخۇ يۈرەك توشقان يۈرەك جىگەرى يوق

ھەر نەرسىدىن قورقۇۋېرىدىغان.

قورقاقنى قوغلاۋەرسەڭ باتۇر بولار. * قورقاق بىلەن قورقۇنچاق تارتىنماي كۆرۈشەر. * قورقاق تىرىك بولسىمۇ ئۆلۈك، باتۇر ئۆلۈك بولسىمۇ تىرىك. * قورقۇنچاقتا نومۇس يوق. * قورقۇنچاقنىڭ ئايىغى تىترەيدۇ. * يۈرەكسىزدىن يىراق قاچ. * تۇرمۇش جېڭىدا توخۇ يۈرەكلەردىن بولما. * توشقان يۈرەكلەر جەڭدە بالدۇر ئۆلىدۇ. * جىگەرى يوق ئادەم جەڭگە يارىماس.

قورقاقلىق قورقۇنچاقلىق يۈرەكسىزلىك

قورقۇش ھېس قىلىش پسىخىكىسى.

باتۇرلۇق ئادەمنى كۆككە چىقىرار، قورقاقلىق جەھەننەمگە تىقار. * قورقۇنچاقلىق بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلغىلى بولماس. * يۈرەكسىزلىك كىشىنى ناھەق ۋەيران قىلىدۇ.

قورقماس قاپ يۈرەك توم يۈرەك يۈرەكلىك جىگەرلىك جىگەرى بار

ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، قورقۇشنى بىلمەيدىغان.

قورقماسقا يىراقمۇ يېقىن. * قورقماسقا يول ئوچۇق. * ئۇ — قاپ يۈرەك يىگىت. * تۇرسۇن ئۆزىنى توختىتىۋالدى، يەنە بىردىنلا توم يۈرەك بولۇپ قالدى. * يۈرەكلىك كىشى يولۋاسنى بوي سۇندۇرالايدۇ. * جاپپارنىڭ ئوغلى جىگەرلىك بالا بوپتۇ. ناھەقچىلىققا قارشى چىقالايدۇ. * جىگەرى بار يىگىتلەر جەڭدە دۈشمەن بىلەن ئېلىشماقتا.

قورقماق چۆچۈمەك ئۈركۈمەك بەلەڭلىمەك

بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىدىن خەۋپسىرەپ، دەھشەتكە چۈشمەك.

"قورقماق" ئومۇمەن ۋەھىمە ھېس قىلماقتا قاردىتىلىدۇ.
"چۆچۈش" تاسادىپىي قورقۇنچ ھېس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.
"ئۈركۈمەك" ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلاردا بولغان قورقۇنچ.

قورققانغا قوش كۆرۈنەر. * كۆزى مىدىرلىغاندىن قورق. * قورققان يەردە جىن بار. * چۆچۈگەن يىراققا قاچار. * ئۈركۈگەن ئاتقا تەڭ كەلگەن — باتۇر.

قورقۇتماق جىنىنى ئېلىپ، جاڭگالدا قويماق ھەيۋە قىلماق كەكىنەمەك بەلەڭلەتمەك

بىئارام قىلماق، دەھشەت سالماق.

قورقۇتقاندىن قورقما، قورققىتىدۇ. * نىزام باراتقا قورقما ئۇكام مەن

بار، باي خاپا قىلسا، مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىمەن، قورقۇتۇپ جېنىنى چىقىرىمەن، — دېدى. * ئۇ كىشىلەرگە دائىم قۇرۇق ھەيۋە قىلىدۇ.

قورقۇنچ دەھشەت ۋەھىمە بەلىڭ

قورقۇش ھېس قىلىش ھالىتى.

قورقۇنچ ئېغىر بولسا، روھىي ھالەتكە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. * دەھشەت دەرد كەلتۈرىدۇ. * ۋەھىمە سالامەتلىككە زىيانلىق.

قورقۇنچلۇق دەھشەتلىك

كىشىنى قورقۇتىدىغان، ۋەھىمىگە سالىدىغان.

بۈگۈن قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. * تۈنۈگۈن قاتناش ۋەقەسى يۈز بەردى، بەك دەھشەتلىك.

قورۇل مۆلجە مۇشكا

مۇداپىئە ئىستىھكامى، قوغدىنىش ئۈچۈن سېلىنغان مەخسۇس جاي

ئاتۇشتىكى سۇغۇن قورۇلى زامانىسىدا مۇستەھكەم قورۇل ئىدى. * ئۈچتۇرپاندىكى مۆلجە تاغ ”ئۈچ“ ئاتالغاندا بۇ يەر مۇھىم مۆلجە بولغان.

قوزىقارنى موگۇ زەمبۇرۇغ ئاخۇنباش

يېيىشكە بولىدىغان ياۋا سەي.

”موگۇ“ خەنزۇچە: 蘑菇

”زەمبۇرۇغ“ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكتە ئاتىلىشى.

”ئاخۇنباش“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قوزىقارنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، ئۇنىڭ تەركىبىدە 30 خىلدىن ئارتۇق ھورمۇن بولغاچقا، ئۇ ھورمۇن يېتىشمەسلىكتىن بولغان كېسەللەرگە

شىپا بولىدۇ. * ھۆل قوزىقارنىڭ 100 گرامىدىن 23 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

قوزىلىماق تۆللىمەك

مال - قوي باللىماق، تۇغماق.

تۆت قويىمىزنىڭ ئۈچى قوزىلىدى. * قويلار 4 - ئايدا تۆللەشكە باشلايدۇ.

قوزىنى پوزا قىلماق بىرنى ئىككى قىلماق

دارامەتنى كۆپەيتىشكە ئىشارە.

قوزىنى پوزا قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، ئۆزۈم پوزا بوپكەتتىم. * بىرنى ئىككى قىلغۇچە، ئىككى پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلايدىغان ئوخشايدۇ.

قوش پەش كاۋىچكا

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى. كۆچۈرمە گەپلەر، نەقىللەر، ماۋزۇلار، بەزى تۇراقلىق ئىبارە - ئىدىئوملار، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا، تەكىتلەشكە تېگىشلىك سۆز - جۈملىلەر ۋە باشقا سۆزلەرنى جۈملىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بەلگە.

بەلگىسى (” “).

قوش چېكىت قوش توچكا

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ بىرى. تۆۋەندىكى سۆز - جۈملىلەرنى بايان قىلىش، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆز - جۈملىلەرنىڭ يەكۈنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلىدۇ. بەزىدە قاراتما سۆزلەردىن كېيىنمۇ قويۇلىدۇ.

بەلگىسى (:).

قوشكېزەك ئىككېزەك ئېگىز قوشماق

ئەسلى بىر ئانىدىن بىر ۋاقىتتا تۇغۇلغان ئىككى بالا، كۆپ ھاللاردا شۇنداق بىرلىكنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ يەردە كېيىنكى مەنىدە.

شەرەپ بىلەن غەلىبە قوشكېزەك. * خۇشاللىق بىلەن مۇھەببەت ئىككېزەك. * يۈزلۈك قۇياشمىكىن يا قۇياش يۈزلۈكمىكىن، كى قايسى ئىكەن، پەرق ئەمەس، نېچۈككى ئېگىز. * باتۇرلۇق بىلەن ئۇتۇق قوشماق.

قوشنا قوشنا-قولۇم ھەقەمسايە تام قوشنا يان قوشنا ئاراتام قوشنا تۇتچى قونشى كۆرچى

ئۆي-جايى يانمۇيان ياكى يېقىن ئائىلىلەر، كىشىلەر ۋە بەزىدە شۇنداق يېقىنلىققا كىنايە.

قوشناڭ قارىغۇ بولسا، كۆزۈڭنى قىس. * قوشنا ھەققى — خۇدا ھەققى. * كەمتەرلىك بىلەن ئۇلۇغلۇق قوشنا-قولۇم. * ئۆي تاللىغۇچە ھەقەمسايە تاللا. * ھەمسايىڭنىڭ قىزىنى كۆر، قېشى بىلەن كۆزىنى كۆر، ئاۋۇلىدا بەردى كۆڭۈل، ئەمدى مانا نازىنى كۆر. * يېگىش بىلەن يېگىلىش تام قوشنا. * يان قوشنا ياردىن يېقىن. * يىراقتىكى تۇغقاندىن ئاراتام قوشنا ياخشى.

قوشۇش جەمئى

ھېسابتىكى 4 ئەمەلنىڭ بىرى. بەلگىسى (+)،
5 كە 5نى قوشساق بولىدۇ 10. 5+5 = 10

قوشۇق قالاق

يېيىش-ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى.
ياماندىن ئاشقان يېرىم قوشۇق. * قورۇق قوشۇق ئېغىزنى يىرتار.

* بىرتال باش — بىر قالاق ئاش.

قوشۇلماق قېتىلماق ياقىلماق

بىراۋنىڭ پىكىر-تەشەببۇسلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇ پىكىر-تەشەببۇسلار تەرىپىدە تۇرماق.

مەن قۇربانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن. * يىغىندا ھەممەيلەن باشلىقنىڭ تەشەببۇسىغا قېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. * يەپ-ئىچىشكە كەلگەندە كىم كىمنى ياقلايدۇ؟

قوغدانماق ساقلانماق مۇداپىئە كۆرمەك

ھۇجۇمدىن، زەربىدىن ۋە زىيانكەشلىكتىن ئېھتىيات قىلىپ، ساق بولۇپ تۇرماق.

قوغدانمىساڭ، قاغىمۇ كۆزۈڭنى چوقۇيدۇ. * دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەست قىلىشىدىن ساقلان. * تاجاۋۇزچىلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش دۆلەتنىڭ زۆرۈر ئىشى.

قوغدىماق ئاسرىماق ساقلىماق ئايىماق مۇھاپىزەت قىلماق

ھىمايە قىلىپ، تاجاۋۇزغا، زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن. * ھەقىقەتنى قوغدىغان ئاھ ئۇرمايدۇ. * مېۋە ئالاي دېسەڭ، چېچەكنى ئاسرا. * ئۆلۈككە يىغلىما، تىرىكنى ئاسرا. * ھۆرمىتىڭنى ياشلىقىڭدىن ساقلا. * ئايىساڭ ئۇتىسەن، يامىساڭ پۈتىسەن. * كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۆزۈڭنى خار قىلما. * ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىڭنى مۇھاپىزەت قىل. * يىگىت بولساڭ، ئاجىزلارنى مۇھاپىزەت قىل.

قوڭغۇراق زىل كولدۇرما

مىس ياكى تۆمۈردىن ياسالغان، ئىچى كاۋاك، سوقىمىقى

بار سايمان، سىلكىنىشتىن سوقمىقى سوقۇلۇپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. ”كولدۇرما“نى كارۋان تۆگىگە ئاسىدۇ.

بىر قوڭغۇراق قوشۇلسا، بىر ئاۋاز كۆپىيەر. * زىل چالغاندا دەرسكە چىقىمىز، دەرستىنمۇ چۈشىمىز. * كولدۇرما تۆگىگە يارىشىدۇ.

قول ئىلىك

ئادەمنىڭ يەلكىسىدىن بارماقلىرىغا كەلگۈچە بولغان ئەزاسى.

قولىدا بار. * قولىدا يوق. * قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق. * بەش قول تەڭ ئەمەس. * قول — تەبىئەتنىڭ ھۆكۈمرانى. * قولدىكى تەر ئالتۇن ئۈزۈكتىنمۇ ئەزىز. * قول قولنى تونۇيدۇ. * مەن سېنىڭ ئىلكىڭدە، كۈلدۈرسەڭمۇ مەيلى، يىغلاتساڭمۇ مەيلى. * قول - ئىلكىدە بار. * قول - ئىلكىدە يوق.

قول باغلاپ قول قوشتۇرۇپ

ئىككى قولنى ئالدىغا ئېلىپ، كىندىكى ئۈستىگە قويماق، ئالدىدىكى كىشى، جامائەتكە ھۆرمەت بىلدۈرگەن، قوللۇق قىلغاننى بىلدۈرىدۇ.

پاششاپ...قول باغلاپ بىر چەتتە ئۈن - تىنسىز تۇردى. * قاچانغىچە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇسەن، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشتىن نېمە دەردلەرنى تارتمىدۇق.

قول بەرمەك بەيئەت قىلماق

بىراۋغا ئىخلاس قىلماق، پىر دەپ تونۇماق، مۇرىت بولماق، مۇخلىس بولماق.

نادان كىشىلەر ئەۋلىيا دېيىلگەنلەرگە قول بېرىدۇ، بەيئەت قىلىدۇ، ئالدانغىنىنى بىلمەيدۇ.

قولتۇق كۆرپەز

دېڭىز - ئوكياننىڭ قۇرۇقلۇققا كىرگەن قىسمى.

بوخەي قولتۇقى دېڭىز قاتنىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. * پارس كۆرپەزىدىكى ئۇرۇش ئىراقنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى، ئىراق خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈردى.

قولچوماق يانتاياق ئاتارمەن - چاپارمەن

زالىم - زومىگەرلەرنىڭ زۇلمىغا ياردەملەشكۈچى غالچىلار، يالاقچىلار.

پادىشاھ ئوردىدا بولمىسا، قولچوماقلىرى جاھاننى بۇزار. * يامانغا يانتاياق بولما. * زالىمنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى يۇرتنىڭ ئاپىتى. * زومىگەرنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى زومىگەردىنمۇ يامان.

قول چىراغ پروژېكتور

باتارېيىنى توك مەنبەسى قىلىپ يورۇتۇلىدىغان، قولدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك يورۇتۇش ئەسۋابى.

قول چىراغ تۇتقان يىگىت چىراغنى يېقىپ يول كۆرسىتىپ بەردى.

قولداش قاياش

تويدا يىگىت، قىزغا يولداش بولغۇچى. ھەر ئىشتا بىللە بولغۇچى، ياردەم قولىنى سۇنغۇچى، مەدەت بەرگۈچى.

يىگىت قولدىشى؛ قىز قولدىشى. * ياخشى بىلەن بولساڭ يولداش، ئېغىر ئىشىڭغا بولار قولداش. * ئاغرىق ئاشتىن كېلەر، بالا قاياشتىن.

قولتۇقىغا كىرىۋالماق يېقىنىغا كىرىۋالماق

كۆچمە: پەسكەش ئۇسۇل بىلەن بىراۋنىڭ ھىمايىسىگە

ئېرىشمەك، بىراۋنى ھىمات قىلماق.

ئەمتاخۇن بولسا، بەگ، دورغىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، شۇلارنىڭ يالىقىنى يالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى، — دېدى نۇرزۇل بوۋا. * ئۇ ئۆزى باشلىقنىڭ بىقىنىغا كىرىۋېلىپ، باشقىلارنى بوزەك قىلىدۇ.

قوللانما دەستۇر قۇلابۇز

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ قائىدە-يوسۇنى، چارە-ئۇسۇلى يېزىلغان ھۆججەت؛ بىرەر كەسپىي بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان كىتابچە.

يېقىندا «خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش قوللانمىسى» تۈزۈپ نەشرىياتقا بەردۇق. * مەھەللىگىنىڭ نامىنى ئۇنتۇساڭمۇ دەستۇرنى ئۇنتۇما.

قوللىماق قۇۋۋەتلىمەك قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەك مەدەت بەرمەك دەم بەرمەك شاپائەت قىلماق

تەرىپىنى ئالماق. مەنىۋى ئىلھام ياكى ماددىي ياردەم بەرمەك.

پۇلى بارنى قوللايدۇ، پۇلى يوقنى قوغلايدۇ. * مەن بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەيمەن. * ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيمىز. * ئاجىزلارنىڭ ئىشىغا مەدەت بېرىش — ياخشى ئەخلاق. * دەردى بارغا دەم بەر. * قىيامەت كۈنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە شاپائەت قىلىدۇ.

قول ئۈزمەك قول يۇماق قولنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئۇرماق

بىرنەرسىدىن ئىخلاسى قايتىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى توختاتماق، ۋاز كەچمەك.

دوستۇڭ بولسا دۈشمەن بىلەن بەك يېقىن، ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈشنى ئاقىللىق دېگىن. * يامانلىقتىن قول يۇ، ياخشىلىققا قول سۇن.

* مەن خىرويىن چېكىشكە ئۆگىنىپ قېلىپ، كۆپ دەرد تارتتىم. مانا ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۇنىڭدىن قول يۇيۇپ قولتۇقۇمغا ئۇردۇم.

قولى ئەگرى قولى تۇتقاق قولى ئەمگەكلىك

ئوغرى، ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدىغان كانتۇ.

ئۇنىڭ قولى ئەگرى چىقىپ قالدى. * ئۇ قولى تۇتقاق خوتۇن ئىكەن.

قولى تەگمەك چولىسى تەگمەك

ۋاقتى يەتمەك، بوشىماق.

قولۇم تەگسە، بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي. * سىلەرنىڭكىگە باراي دەيمەن، ھېچ چولام تەگمەيۋاتىدۇ.

قولىدىن كەلمەك چىشى پاتماق

كۈچ-قابىلىيىتى يەتمەك.

قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قارىغۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ. * چىشىڭ پاتىدىغان ئىشنى خەققە بەرمە.

قول ياغلىق دەستىرومال

ياندا ئېلىپ يۈرۈپ قول، بۇرۇن ۋە تەر ئېرتىدىغان تۆت بۇرجەك كىچىك توقۇما.

قول ياغلىق تۇتۇش — تازىلىق. * دەستىرومال بولمىسا، دەرد-ئەلەم كەلدى دېگىن.

قوماندان سەركەردە سىلىڭ سىلىڭگۈن لەشكەربېشى

ئارمىيىدە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى جەڭلەرگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى.

”سىلىڭ“، ”سىلىڭيۈەن“لەر خەنزۇچە: 司令, 司令员

كۈچلۈك قوماندان قولىدىن ئاجىز ئەسكەر چىقماس. * ياغاچتىن ئامبۇر پۈتمەس، ئەخمەقتىن قوماندان. * سەركەردە يۇرت ئالىدۇ، يۇرت سورىمايدۇ. * گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سىلىڭى. * جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭيۈەنى. * لەشكەر بېشى قورقۇنچاق بىلەن مەسلىھەتلەشمەيدۇ.

قومۇش كودەي

تۈۋرۈك شەكلىدە ئېگىز ئۆسىدىغان، ئىچى كاۋاك، بوغۇنلۇق ئۆسۈملۈك، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، بەزى سايمانلار ياسىلىدۇ.

”كودەي“ لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئەرنى نومۇس.

قونالغۇ مەنزىل ئۆتەڭ رىبات

يول-سەپەردە چۈشۈپ ئۆتىدىغان، قونىدىغان يەر.

ماكانىدىن ئايرىلغانغا يەتتە يىل قونالغۇ يوق. * ئات ئورۇق، مەنزىل يىراق. * تاش ئۆتەڭدە بىر كۈن قوندۇق.

قونداق پەغەز

قۇشلار تۈنەيدىغان بالداق، جاي. ”پەغەز“ كەپتەرگە تەييارلانغان.

ئۆردەكنى قونداقتا زورلىما. * گەپ-سۆز قەغەزدە، كەپتەر پەغەزدە.

قوۋۇرغىسىنى ئەگمەك غىدىقىنى كەلتۈرمەك

قېيسىنى يوق ئىش-ھەرىكەت بىلەن چىشىغا تەگمەك، خاپا قىلماق.

ئەپلىكلىكنى كۆرمەمدىغان، قوۋۇرغامنى ئېگىپ، — دېدى ئۇ كىيىملىرىنى

كىيىۋېتىپ. * ئۇلار كىم؟ بىز كىم؟ قوۋۇرغامنى ئېگىپ ئەلچىلىككە كېلەرمىش. * نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن، غىدىقىمنى كەلتۈرۈپ، — دېدى ئايىسخان.

قۇتلۇق كۈن ئەبىيەز كۈن ئاق كۈن

خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، كۈنلەرنىڭ بىرى ياخشىلىق، بەختتىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ ھېسابلاپ شۇ كۈننى تاللاش، كۈتۈش.

قايسى كۈن ئىشلىمەك بولساڭ، شۇ كۈن قۇتلۇق كۈن. * قۇتلۇق كۈن قۇشنىڭ سايرىشى بىلەن باشلىنار. * ئەبىيەز كۈننى كۈتۈپ ئىشنى كېچىكتۈرمەك — نادانلىق. * ئاق كۈننى ئىزدەپ ئاۋارە بولما، ئوڭغا تارتقان ھەممە كۈن — ئاق كۈن.

قۇچاق قويۇن

كۆكرەك ئالدى.

قۇچاققا كىرگەن قۇشنى مەرگەنمۇ ئاتماس. * غەلىبە بىزگە قۇچاق ئاچتى. * ئىسسىق قوينۇم، سالقىن دۈمبەم. * قويۇنىدىن تۆكۈلسە قونچىغا.

قۇدۇق I كارىز قۇزۇغ

يەرنى سۇ قاتلىمىغىچە قېزىپ سۇ تارتىدىغان چوڭقۇر ئۆرەك؛ ”كارىز“ شۇنداق قۇدۇقلارنى ئاستىدىن بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ سۇ چىقىرىدىغان قۇرۇلۇش.

سۇ ئىچىدىغان قۇدۇققا ئىت ئۆلۈكىنى تاشلىما. * قۇدۇقتىكى پاقا دېڭىزدىن بىخەۋەر. * كارىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى. * تۇرپان ناھىيىسى يېڭى شەھەر سىرتىدىكى ئەسقەرھاجى كارىزىنىڭ سۈيى قىش-ياز توختىماي ئاقىدۇ، بۇ كارىزنىڭ سۈيى ھەم سۈزۈك، ھەم تاتلىق.

قۇدۇق II شاختا

كۆمۈر قۇدۇقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ: كۆمۈر قاتلىمىغىچە قېزىپ، يەنە يول ياساپ كۆمۈر ئېلىنىدۇ.

تىك قۇدۇق. * قۇدۇقتا ئىشلەش ناھايىتى مۇشكۈل.

قۇرئان كالامۇللا پۇرقان كالامشېرىپ

ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن تۆت كىتاب — تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل، قۇرئان — نىڭ بىرى.

“قۇرئان” ئاللانىڭ كۆرسەتمىسى سۈپىتىدە جەبرائىل ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن ۋەھيىلەرنىڭ يىغىندىسى، ۋەھيىلەر يېزىلغان كىتاب.

چېڭدۇ شەھىرى جىننيۇ رايونى جىننيۇ يېزىسىدا ما...ئىسىملىك بىر خۇيزۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئاجايىپ نەپىس ئىشلەنگەن بىر كىچىك قۇرئان تېپىلغان، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېغىرلىقى 6 گرام ئىكەن.

قۇربان شېھىت

ھەق-ئادالەت يولىدا، ۋەتەن ۋە خەلق يولىدا ۋاپات بولۇش.

“قىلماق”، “بولماق”لار بىلەن پېئىللىشىدۇ.

گۈزەل كېلەچەك يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ھەممىسى تاش ھەيكەلدەك مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. * ھەق يولدا جان بەرگەننىڭ ھەممىسى شېھىت، شېھىتلەر شەكسىز جەننەتتۇر.

قۇرت ھاشارات قۇرت-قوڭغۇز

بوغۇملۇق ھايۋاناتنىڭ بىر تۈرى. تۈرى كۆپ، بەزىلىرى

پايدىلىق (ھەسەل ھەرىسى)، بەزىلىرى زىيانلىق (چىۋىن).

قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرت يەر. * قۇرت ياغاچنى ئىچىدىن يەر. * پايدىلىق ھاشاراتلارنى ئاسرا. * قۇرت-قوڭغۇز پايدىلىق، زىيانلىق دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. پايدىلىقىنى ساقلاش، زىيانلىقىنى يوقىتىش كېرەك.

قۇرداش تەڭتۇش تەڭدېمەت ھەمسال

ياش-قۇرامى تەڭ.

“ھەمسال” تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قۇرداش كۆڭۈلنى چۈشىنىشى، كۆڭۈلنى ئېچىشى كېرەك. * تەڭتۇشۇڭنى تاپمىساڭ، ئۆمۈرۋايەت ئۆكۈنەرسەن. * تەڭدېمەت باللار قىزىق ئوينىشىۋاتىدۇ.

قۇرماق تەسىس قىلماق

ئىدارە-تەشكىلاتلارنى تەشكىل قىلماق.

“تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتى” قۇرۇلغىنىغا 20 يىل بولدى. * ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلدى.

قۇرۇق I بوش

ئىچىدە ھېچنېمە يوق.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس. * بوش خالتا يومپايماس. * قورسىقى يوغان، كاللىسى قۇرۇق. * قۇرۇق ۋەدە — قوڭالتاق كەش.

قۇرۇق II قۇرغاق قاقشال

نەملىكى تۈگەپ، قۇرۇپ كەتكەن.

ھۆل نوتا ئېگىلەر قاياققا ئەگسەڭ، قۇرۇقنى توغرىلارغا ئىلاج يوق، ھەرنېمە قىلساڭ. * قۇرغاق يەردە سۇ توختىماس. * قاقشال دەرەختە

مېۋە بولماس.

قۇرۇق گەپ قۇرۇق سۆز بىكار گەپ يوقىلاڭ گەپ تۇتۇرۇقى يوق گەپ

قۇرۇق گەپ — خام خىيال. * قۇرۇق گەپكە پۇتۇك قۇلاق. * قۇرۇق سۆز قۇلاققا ياقماس. * بىكار گەپ بىكارچىغا ياقىدۇ. * بىكار گەپتىن بىمەززە نەرسە يوق. * يوقىلاڭ گەپكە زىرائەت ئۆسمەس. * تۇتۇرۇقى يوق گەپ — تۇزسىز تاماق.

قۇرۇق ھارۋىنى ئەپقاچماق ئاغزىدا شەھەر ئالماق

ئەمەلىي ئىش قىلماي، قۇرۇقتىن قۇرۇق لاپ ئېتىپ، تاراقلاپ يۈرمەك.

ئۇنىڭ قابىلىيىتى يوق، گەپكە ئۇستا. قۇرۇق ھارۋىنى ئەپقېچىپ يۈرگىنى يۈرگەن. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا... ھەر-ھەر پوچىلار، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغان قاپاق نوچىلارمۇ بار ئىدى.

قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق سۇسىز ئۆستەڭگە مىراب بولماق

ھوقۇق-مەنپەئەتى يوق مەنسەپكە ئولتۇرماق.

ئۇ ئۆزىمۇ قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ قالغىنىغا رەللە بولاتتى. * سۇسىز ئۆستەڭگە مىراب بولغاندىن ئۆيدە جىم ئولتۇرغان ياخشى.

قۇرۇلتاي پارلامېنت ئالىي سوۋېت چوڭ خۇرال

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ياكى قانۇن چىقىرىش ئورگىنى.

جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى — ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى. * پارلامېنت بەزى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى. ئالىي سوۋېت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىدى. * چوڭ خۇرال موڭغۇلىيىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى.

قۇرۇم كۆيە دۇت

ماددا كۆيگەندە تولۇق كۆيمەي قېپقالغان قىسمىدىن ھاسىل بولغان ئۇششاق دانىچىلەر.

قۇرۇمنىڭ دەردىنى مورا بىلەر. * قازاننىڭ كۆيىسى يۇقار، يامانىنىڭ يالىسى. * كۆڭۈل ئوتى يانمىسا، ھەممىنى دۇت قاپلايدۇ.

قۇش ئۇچار قانات پەرەندە

ئومۇرتقىلىق ھايۋاناتنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى، تۇخۇم تۇغىدۇ ۋە باسىدۇ، ئۇلاردا چىش بولمايدۇ، تېنى پەيلەر بىلەن قاپلانغان، قانات قېقىپ ئۇچىدۇ، يەردە ماڭىدۇ.

قۇشنى يەم بىلەن ئالدايدۇ، كىشىنى گەپ بىلەن. * مۈگدىگەن قۇشقا ئاسان ئوق تېگىدۇ. ئۇچار قانات قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، پۇتى بىلەن قونىدۇ. * ئۇچار قانات ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز تاغلاردىن ئۆتتۇق.

قۇشخانا گوداڭ ئەگدى ئۆلۈتلۈك

مال سويۇشقا تەييارلانغان مەخسۇس يەر.

ھازىر قۇشخانىدا سويۇلغان مالغا تامغا بېسىپ قويۇلىدۇ. * گوداڭدا قان يالىغان ئىتتەك يۈرگەندىن قورق.

قۇشقاچ تورغاي تۇمۇچۇق چىمچىق

قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى، جۈغى كىچىك، قاناتلىرى ئۇزۇن، تۇمشۇقى سوزۇنچاق بولىدۇ، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى، قۇرت-قوڭغۇز يەيدۇ.

”تۇمۇچۇق“ چىرايلىق سايرايدۇ.

قۇشقاچتىن قورققان تېرىق تېرىماس. * ئاسماندىكى تورنىدىن قولۇڭدىكى قۇشقاچ ياخشى. * قوزا بىلەن تەڭ ئۇخلا، تورغاي بىلەن

تەك تۇر. * تۇمۇچۇقۇم سايرايدۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ. * تۇمۇچۇق يات يۇرتتا سايرىمايدۇ.

قۇشقۇن كۆتۈەللىك

ئېگەر-توقۇمنىڭ ئارقىسىدىن ئات-ئۇلاغنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا ئېلىپ قويىدىغان تاسما.

"كۆتۈەللىك" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىدۇ.

قۇشقۇن پۇختا بولسا، داۋاندىن چۈشۈشتىن قورقما. * قۇشقۇنغا قىستۇرۇلغان پوقتەك. * قۇشقۇنغا ئولتۇرماق.

قۇشقۇنغا ئولتۇرماق ئارقىسىغا سىيمەك

ئىش-ھەرىكەت قىيىن كەلگەندە، دەسلەپكى ۋەدىسىدىن، غەيرىتىدىن يېنىۋالماق، يالتىيىۋالماق.

ئىش چىڭىغا چىققاندا، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. * ئۇ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئانچە ئۆتمەيلا ئارقىسىغا سىيىپتۇ.

قۇل يانچى بەندە

ئەركىدىن ئايرىلغان، پۈتۈن تەقدىرى خوجىسىنىڭ ئىختىيارىدا بولغان كىشى.

"بەندە" ئاللا ئالدىدىكى قۇل.

قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە. * قۇلنىڭ ناخشا ئېيتقىنى شادلىقتىن ئەمەس، ئاچلىقتىن. * ئەقىل بىلەن يانچى بولار ئازاد. * بەندىنىڭ نومۇسى يۈزىدە.

قۇلاقنى يوپۇرۇۋالماق قۇلاققا پاختا تىقىۋالماق

كۆچمە: گەپ-سۆزلەرگە قەستەن قۇلاق سالماسلىق.

ئۇ گەپكە قۇلاق سالمايدۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ يۈرىدۇ. * قۇلىقىڭغا پاختا تىقىۋالساڭ بولمامدۇ، مۇنداق بىمەنە گەپلەرنى

ئاڭلىغۇچە.

قۇلان كۆكيار

ياۋا ئېشەك.

جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى چۆللەردە قۇلانلار كۆپ. * شۋېتسىيە يېقىندا بۇرۇن شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن بىرنەچچە قۇلاننى قايتۇرۇپ كېلىپ قويۇۋەتتى.

قۇلىقىغا يىپ باغلاپ قويماق قۇلىقىنى چىشلىتىپ قويماق

كونا ئادەت، ئوغۇل-قىزلار كىچىك ۋاقتىدىلا ئاتا-ئانىلىرى چوڭ بولغاندا نىكاھلىنىشقا ۋەدىلىشىپ قويماق؛ ئەمەلىيەتتە بۇ يوق، ئايرىم ھالدا بولغاندىمۇ، ئەمەل قىلىش مەجبۇرى ئەمەس.

قۇربانخاننىڭ قىزىنىڭ قۇلىقىغا ئايىمخانلار يىپ باغلاپ قويۇپتۇكەنمىش. * بۇ ئوماق قىزنىڭ قۇلىقىنى ئوغلۇمغا چىشلىتىپ قويايمىكىن.

قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتماق قوي كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشى ساتماق

ياخشى نامنى پەردە قىلىپ، يامان ئىش قىلماق.

قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتىدىغان ئەبلەخلەر بۇرۇن بولغانىكەن، ھازىرمۇ بار. * جاھانگىرلار كۆپ ھاللاردا قوي كاللىسىنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشىنى ساتىدۇ.

قۇيۇن قۇيۇنتاز

بىر جاينىڭ ھاۋاسى ئىسسىپ تېز كۆتۈرۈلۈشى، تۆت ئەتراپتىكى ھاۋانىڭ دەرھال كىرىشى بىلەن توقۇنۇشۇپ ھاسىل بولىدىغان بۇرىما شەكىللىك سوققان شامال.

شامالنىڭ ئالدى قۇيۇن، جېدەلنىڭ ئالدى ئۇيۇن. * قۇيۇنتازدا جىن

بار دەيدىغان كونا گەپلەرگە ھازىر خەلقىمىز ئىشەنمەيدۇ.

قېتىق ئايران يۇرغۇت

سۈتنى قايناتىپ ئېچىتقۇ سېلىپ ئېچىتقان سۈت مەھسۇلاتى.

ئاغزى كۆيگەن قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچەر. * قېتىق ئىچكەن قۇتۇلۇپ، قاپاق يالىغان تۇتۇلۇپتۇ. * نامەردنىڭ ئايرىنى قىرىق يىل ئېغىز كۆيدۇرەر.

قېرى بوۋاي چال ئابۇشقا ياشانغان قارت

يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، قېرىغان، چوڭ ياشلىق كىشى.

قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قېرىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق. * قېرى كىشى بولسا نادان ۋە جاھىل، ئەقىللىق گۆدەكنى ئۇنىدىن ئەۋزەل بىل. * بوۋاينىڭ بىلىدىغىنى كۆپ. * چال چامىدىن كەتكەنىكەن، ئاياش كېرەك. * ئابۇشقا كلاسسىك ئەدەبىياتتا بىر مۇھىم پېرسوناژ سۈپىتىدە چىقىپ تۇرىدۇ. * ب د ت 1 - ئۆكتەبىرنى دۇنيا ياشانغانلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلىدى.

قېرىشماق ئېيتىشماق

بىراۋ بىلەن ئارازلىشىپ، ئۇنىڭ قارشىسى بويىچە قىلماق.

قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ، ئېيتىشقاندىن نېرى قاچ. * قېرىشقاننىڭ قىزىنى ئال، ئېيتىشقاننىڭ ئېتىنى.

قېرىق قىرتاق تاڭسۇق

كەكرىنىڭ تەمىدەك بىر خىل تەم.

بىر خىل يەرلىك ھاراقتىن ئىچىۋىدىم، قېرىق ئىكەن، قەي قىلغۇم كېلىپ كەتتى. * قىردىن ئاشقانغا ھەممە قىرتاق بىلىنەر * گۆش كۆرمىگەنگە ئۆپكە تاڭسۇق.

قېرىماق ياشانماق

ياش چوڭىيىپ، قېرىلىق ۋاقتى يەتمەك.

ئادەم قېرىغاندا، ئەقلى قىسقىرىپ، تىلى ئۇزىرىدۇ. * قېرىغىنىڭغا تەن بەرمىگىنىڭ بىلەن، قېرىلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. * ياشىنىپ قالغىنىڭ ئەقلىڭنىڭ يانغىنىدىن مەلۇم.

قېرىنداش بىر تۇغقان قاداش قاداس

بىر ئاتا - ئانىنىڭ بالىسى، يەنە شۇنداق مۇناسىۋەتكە تەمسىل.

قېرىندىشىم جىق، تاماق يەيدىغان ئۆيۈم يوق. * غايە بىلەن جاسارەت بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكا.

قېزا چۈجۈق كولباسا

ئۈچەيگە قوۋۇرغا، قىيما تىقىپ ياسالغان يېمەك.

"قېزا" ئاتنىڭ قوۋۇرغىسىنى ئۈچەيگە سېلىپ ياسىلىدۇ. "چۈجۈق"، "كۆلباسا"لار كۆپىنچە كالا گۆشى قىيمىسىدىن ياسىلىدۇ.

خەقنىڭ قېزىسىنى يەيمەن دېگەن، ئۆز قارتىسىدىن ئايرىلار.

قىپيالىڭاچ ئانىدىن تۇغما

ئۇستىباش، كىيىم - كېچەك كىيمىگەن ھالەت.

ئادەم بۇ دۇنياغا قىپيالىڭاچ كېلىدۇ، ئۇ دۇنياغىمۇ قىپيالىڭاچ كېتىدۇ. * دۈشمەن قولىغا چۈشكەن زويانى ئانىدىن تۇغما قىلىپ، تالادا تۇرغۇزدى.

قىتئە قۇرۇقلۇق ماتېرىك كونتىنېت

يەرنىڭ دېڭىز - ئوكيانلار بىلەن ئورالغان ئالتە قىسمىنىڭ ھەربىرى.

"قۇرۇقلۇق" قىتئەنىڭ كەڭ يېرىنى كۆرسىتىدۇ، ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

يەر شارى يەتتە قىتئەگە بۆلۈنگەن: ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىكا، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، جەنۇبىي قۇتۇپ. * جۇڭگونىڭ تەيۋەن قاتارلىق ئاراللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان تېررىتورىيىسى "چوڭ قۇرۇقلۇق" دەپ ئاتىلىدۇ.

قىچىق قىتىق غىدىق غىجىق غۇجىچۇق

بەدەنگە، تېرىگە بىر نەرسىنىڭ تېگىشى بىلەن پەيدا بولىدىغان سەزگۈ.

"غۇچچۇق" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

"غىدىق" قۇمۇل شېۋىسىدە، "غىجىق" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قىچىقنى كەلتۈرمە. * ئۇنىڭ قىتىقى يوق. * قىتىق كۈلگە بىلەن بېسىلىدۇ.

قىچىقلىماق غىدىقلىماق

بەدەنگە تېگىپ قىچىق پەيدا قىلماق.

بولدى، قىچىقلىما، جېنىم چىقىپ كېتىدۇ.

قىرغاق قاش ساھىل بويى قىر گىرۋەك

دەريا، دېڭىز، كۆللەرنىڭ ئەتراپى.

كىچىك قولۋاقنىڭ قىرغاققا يېقىن ئۈزگىنى ياخشى. * ئېقىن سۇ ئالدى بىلەن قاشنى بۇزىدۇ. * بىلىم دېڭىزىنىڭ ساھىلى بولماس. * دەريا بويى سالقىن بولىدۇ. * كۆلنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالدۇق. * گىرۋىكى يوق ئېرىقتا سۇ يېيىلىپ ئاقىدۇ.

قىرغىن قىرغىنچىلىق ئات ـ چاپ ئۇر ـ يىقىت پوگروم

كۆپلەپ ئۆلتۈرۈش بولىدىغان ئۇرۇش ـ جەڭ.

قىرغىندا خانىمۇ ئۆلەر. * 1932 ـ يىلى يازدا توقسۇندا زور قىرغىنچىلىق بولغان. * ئات ـ چاپتىن ئامان قالماق تەس. * ئۇر ـ يىقىتتا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى يوق.

قىزىق I ئىسسىق تەپت

قىزىپ ـ ئىسسىپ تۇرغان، قىزىغان پەيت ياكى ھالەت.

"تەپت" سىرتىنىڭ، سىرتتىن بولىدىغان ئىسسىق.

تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق. * ئىسسىق سۇنىڭ سوغۇق سۇدىن كەلگىنىنى ئۇنتۇما. * ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى، ۋاپاسىز تۇغقاندىن يات ياخشى. * ئىسسىق سۇ بىرۋاقىتتا سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايدۇ. * ئەگەر ئۆزۈڭ سوغۇق تاشتەك سوغۇق بولساڭ، ئىسسىتالماس ئاتاڭ تەپتى قانچە قىلساڭ.

قىرماق قىرغىن قىلماق

ئاھالىنى كۆپلەپ ياكى يۈتۈنلەي ئۆلتۈرمەك.

ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، نۇرغۇن جۇڭگولۇقنى قىرغان. * ياپون جاھانگىرلىكى نەنجىڭدا 300 مىڭدىن كۆپ جۇڭگولۇقنى قىرغىن قىلغان.

قىرىندى قىپىق كېسەك پۈرۈچ

ياغاچنى قىرىش، رەختنى كېسىشتىن چىققان كېرەكسىز نەرسىلەر.

"قىرىندى" ياغاچنى قىرغاندىن چىققان.

"قىپىق" رەختنى كەسكەندىن چىققان.

"كېسەك" ياغاچ، تۆمۈر ۋە باشقا نەرسىلەرنى كەسكەندىن

چىققان.

"پۈرۈچ" تېرىنى پىچقان، كەسكەندىن چىققان.

قىرىندىدىن قىزغانغانغا قارا. * قىيىقتىن قۇراق چىقسا ئەجەب ئەمەس. * كېسەك كېرەكلىك بولۇپ قالدۇ. * پۈرۈچتىن پوستەك چىقىپتۇ.

قىز مېلى قىزلىق مال سەپ بۆسۆت

ياتلىق قىلىنغان قىزغا تويدا ئەر تەرەپ ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ـ كېرەك.

ھىندونېزىيىنىڭ جۇڭگار شەھىرىدە دائىم قۇرغاقچىلىق بولۇپ سۇ قىس ئىكەن، قۇرغاقچىلىق بولغاندا سۇنىڭ قىممىتى ياغ بىلەن تەڭ بولىدىكەن. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار قۇدىلاشقاندا قىز مېلى ئۈچۈن مال ـ دۇنيا ئالماي سۇ ئالىدىكەن. * ھىندىستاننىڭ بەزى يەر، بەزى قەبىلىلىرىدە كېلىن قىزلىق مالنى يېتەرلىك ئەپكېلەلمىگىنى ئۈچۈن خورلىنىدىكەن ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويۇلىدىكەن ياكى كېلىن ئىزا ئاھانەتتىن ئۆلۈۋالىدىكەن. * شۇ كۈنلەردە تويدا سەپ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

قىزىق II قىزىقارلىق

كۆڭۈللۈك، كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان.

تۈنۈگۈنكى ئولتۇرۇش ناھايىتى قىزىق بولدى. * كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ قىزىقارلىق ئىش كونىنى ئۈزۈپ، يېڭىنى كۈتۈۋېلىشتۇر.

قىزىقچى مەسخىرىۋاز كومىك قەلجاۋ قوماقچى

قىزىق سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن كىشىنى كۈلدۈرگۈچى، ئويۇن ـ تاماشادا قىزىق ئويۇن كۆرسەتكۈچى ئارتىس.

قىزىقچىنىڭ كۆڭلىدە كۈلكىلا بار. * مەسخىرىۋاز ئويۇن ئارىلىقىدا

قىزىقچىلىق قىلىپ، ھەممىنى كۈلدۈردى.

قىزىققان چۇس ئەسەبىي نېرۋا جىلىخور قېنى قىزىق توپا سەپرا

قىزىققان بىر بالاغا ئۇچرار. * مىجەزى چۇس كىشى ھېچكىم بىلەن ئەپ بولالمايدۇ. * ئەسەبىي ئادەم ھەممىنى بىزار قىلىدۇ. * نېرۋا بولۇپ قاپسەن، ئاغىنە، جىم تۇر. * ئوت قېشىدا سالقىن بولماس، جىلىخورغا ئەقىل قونماس. * قېنى قىزىق كىشى تۇساتتىن چاتاق تاپىدۇ. * تۇرسۇن تازا توپا سەپرا ئىكەن.

قىزىل رەقەم دېفىتسىت

ئىقتىسادىي پائالىيەتتە چىقىم كىرىمدىن كۆپ بولۇش؛ بوغالتىرىيە دەپتەرلىرىدە بۇ رەقەم قىزىل سىياھتا يېزىلىدۇ، شۇنىڭدىن كەلگەن.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر مۇنچە ناھىيىلىرىدە قىزىل رەقەم كۆپ.

قىزىل كرېست قىزىل ھىلال

خەلقئارالىق قۇتقۇزۇش ـ خەيرىيەت جەمئىيىتى، 1864 ـ يىلى جەنۋە ئەھدىنامىسىدا ئاقنىڭ ئۈستىگە قىزىل كرېست (+) قويۇش ئۇنىڭ بەلگىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلقئارا قىزىل كرېست كۈنى. ھازىر دۇنيادا 148 مەملىكەتتە قىزىل كرېست جەمئىيىتى بار. بۇ جەمئىيەتنىڭ 2 ملىيارد 500 ملىيون ئەزاسى بار. * قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە "قىزىل ھىلال" دەپ ئاتىلىدۇ.

قىزىلمۇچ لازا

كۆكتاتنىڭ بىر خىلى. تەمى ئاچچىق.

ئاغزى قىزىلچا، كۆڭلى قىزىلمۇچ. * قىزىلمۇچنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق،

ئۇزۇقلۇق ماددىلىرى كۆپ. 100 گىرام قىزىلمۇچتىن 24 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

قىزىماق ئىسسىماق

ئىسسىقنىڭ تەپتى ئۆتمەك.

ئاسان قىزىيدىغان نەرسە ئاسان سوۋۇيدۇ. * ئىسسىساڭ ئىسىڭنى يوقاتما، سوۋۇساڭ، خۇدىڭنى ساقلا.

قىس زىق

ۋاقىت جىددىي ھالەت.

ۋاقتىم قىس، ئويۇنغا چولام يوق. * مۇشۇ كۈنلەردە ئىش تولا، ۋاقتىم بەك زىق.

قىسقا كالتە كۇتا

ئىككى ئۇچىنىڭ ئارىلىقى كىچىكلىك، "ئۇزۇن"نىڭ ئانتونىمى.

ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنى ياخشى، سۆزنىڭ قىسقىسى. * يازدا ئالتە چاپان، قىشتا كالتە چاپان. * پىتنىڭ ئۆمرى كۇتا.

قىسقۇچ لاخشىگىر

چوغ ياكى ئىسسىق تۆمۈرنى تۇتۇش ئۈچۈن تۆمۈردىن ياسالغان سايمان.

قىسقۇچ قىشتا ئەتىۋارلىق. * لاخشىگىر بولمىسا، ئوتتىن ھوزۇر كەم بولىدۇ.

قىسقىسى ھاسىل كالام خۇللەس كالام يىغىپ ئېيتقاندا يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا

قىستۇرما سۆز. نۇتۇقتا ئۇزۇن سۆزلەپ، يەكۈنلەش تەرزىدە ئېيتىلىدۇ.

قىسقىسى، ئىشىمىز غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، كۈچىمىز ئۇلغىيىۋاتىدۇ. * سۆزۈم تۈگىدى، ھاسىل كالام، بىز يېڭىمىز. * ھاياتتا كىم قالدۇرسا ئەبەدىي نام، ئەڭ بەختلىك ئادەم شۇ: خۇللەس كالام. * يىغىپ ئېيتقاندا، نەتىجە زور، كەمچىلىك جىق. * يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، قىيىنچىلىق كۆپ، ئۈمىد زور.

قىسماق سىقماق

ئارىغا ئېلىپ باسماق، ئىلىۋالماق.

ئىككى تاۋۇزنى قولتۇقتا قىسقىلى بولماس. * ئۇ سىقىپ سۈيىنى ئىچىدىغان بېخىل.

قىسىم بۆلەك

بىر پۈتۈننى تەشكىل قىلغۇچى.

ئىككىدىن بىر قىسمىنى سەن ئال، بىر قىسمى ماڭا قالسۇن. *ياسىن نانىنى تۆت بۆلەككە بۆلۈپ، بىرىمىزگە بىر بۆلەكتىن بەردى.

قىش زىمىستان

تۆت پەسىلنىڭ بىرى. كۈزدىن كېيىن كېلىدىغان سوغۇق پەسىل.

قىش قارسىز بولسا، يازدا قىش بولار. * قىشنىڭ كۆزى قارىغۇ. * قىش ئۇچىقى تار، قوپ ئۆيۈڭگە بار. * زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

قىڭراق چاپقۇ چەيدو قىرڭاق

ئوتىياش، گۆش توغرايدىغان، چوڭ بىسلىق پىچاق.

"چەيدو" خەنزۇچە: 切刀, 菜刀

قىڭراق تۇتۇش بىر ھۈنەر. * چاپقۇدا گۆش چاپساڭ، قولۇڭغا

ھېزى بول. * چەيدۈننىڭ گالىدىن كەكىنىڭ ئۆتكۈرى ياخشى.

قىل سىغمايدۇ گەپ كەتمەيدۇ شامال كىرمەيدۇ

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئېنىق، شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

نۇرەك باخشىنىڭ ھۆكمىگە قىل سىغمايدۇ. * ئۇ، گەپ كەتمەيدىغان، ياخشى ئادەم. * ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى، شامال كىرمەيدۇ.

قىلماق ئەتمەك

ئىسىم، سۈپەت، سان ۋە رەۋىشلەرنى پېئىل ھالىتىگە كەلتۈرىدىغان ياردەمچى پېئىل سۈپىتىدە شۇلاردىن ھاسىل بولىدىغان ھەرىكەت-ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ.

دېھقان بولساڭ شۇدىگەر قىل، موللا بولساڭ تەكرار قىل. * ئاۋۋال تام ئەت، كېيىن باغ ئەت.

قىلمىش قىلغۇلۇق

ناباب ئىش-ھەرىكەت

قىلمىشىغا قاراپ جازاسى. * قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، ئەمدى نېمە دەيسەن؟

قىلىچ شەمشەر زۇلپىقار

بىر بىسلىق ئۇزۇنچاق قورال.

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ. * ۋاقتى ئۆتكەندە قىلىچىڭنى پوققا چاپ. * تىل شەمشەردىن قاتتىق تېگەر. * ئۇرۇشتىن كېيىن شەمشەر سوقۇپتۇ. * تىزلىنىپ تۇرغان دۈشمەنگە زۇلپىقارىڭنى تۇتقۇزما.

قىلىچسىز شەمشەرسىز زۇلپىقارسىز

ئومۇمەن قورالسىزلىق، قولىدا قورال بولماسلىق.

قىلىچسىز جەڭگە كىرگىنىڭ نېمىسى، ھايات قايتىپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟! * شەمشەرسىز ئادەم بوزەك بولار. * زۇلپىقارسىز جەڭ قىلمەن دېگەن — جاندىن تويدۇم دېگەن.

قىمىرلىماق مىدىرلىماق

جايىدىن قوزغالماق، ئاستا ھەرىكەتلەنمەك.

ياتقان ئاقىلدىن قىمىرلاۋاتقان نادان ياخشى. * قىمىرلىغان قىر ئاشار. * مىدىرلىغان كۆزدىن قورق.

قىينىماق قىستىماق

قىيىن-قىستاققا ئالماق، قاتتىق ئازابلىماق.

دەرد قىينىغان كىشى دورا ئىزدەر. * قىستىغانغا بوي بەرمىگەندىلا، يېڭىشتىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ.

قىينچىلىق ئېغىرچىلىق قاتتىقچىلىق

كۆتۈرۈش قىيىن، ئېغىر ھالەت، ئېغىر ماددىي ئەھۋال.

قىينچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى، باتۇر ئۈچۈن توخۇنىڭ تۈكى. * ئاجىزلارنىڭ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈر. * قاتتىقچىلىق بولغان كۈنلىرى زاغرا نانغا زار بولغاندۇق.

قىيا-چىيا قىي-چۇ

تەرتىپسىز قاتتىق ئاۋازلار، ۋارقىراشلار.

ھويلىدا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. * بالىلار سىنىپتىن قىي-چۇ قىلىشىپ چىقتى.

ك

كاپالەت ھۆددە بوجا

بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتكە بېرىلگەن كېپىللىك.

”بوجا“ قۇمۇل شېۋىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

توغرا دەم ئېلىشنى بىلىش ــ ئۇزاق ياشاشنىڭ كاپالىتى. * ئاشنىڭ ياخشىسى چۆچۈرە، ئىشنىڭ ياخشىسى ھۆددە. * تۇغۇتقا بوجا يوق.

كاپرون نىلون

بىر خىل سۈنئىي تالا ۋە ئۇنىڭدىن توقۇلغان رەخت.

كاپروندىن تىكىلگەن، توقۇلغان كىيىملەرنى دائىم كىيىش زىيانلىق. * نىلون پايپاق چىداشلىق كېلىدۇ.

كاپىتال سەرمايە

سودا ـ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان دەسمايە، پۇل ـ مال.

كاپىتالنى كاپىتال تاپىدۇ. * كاپىتالىڭغا يۆلەنگۈچە، ئەقلىڭگە يۆلەن. * ھەقىقىي دوست ھەممە سەرمايىدىن ئەلا. * سەرمايە ۋاقتى كەلسە كىشىنى سەرسان قىلىدۇ.

كاپىتالىست سەرمايىدار

كاپىتال ـ سەرمايە ئىگىسى. زور مىقداردا كاپىتالغا ئىگە بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كىشى.

كاپىتالىستلار سىنىپى. * جۇڭگودا كاپىتالىستلار سىنىپى سىنىپ سۈپىتىدە يوق قىلىنغان.

كاپىر تەرسا ئوتپەرەس بۇتپەرەس ئاتەشپەرەس تات

ئىسلام دىنىدىن غەيرىي دىندىكىلەر.

”كاپىر“ ئومۇمىي.

”تەرسا“ خرىستىئان؛ ”ئوتپەرەس“، ”ئاتەشپەرەس“ شامانىزم دىندىكىلەر؛ ”بۇتپەرەس“ بۇددىستلار.

مەيلىدۇر ئوتپەرەس جامى قىلسا مەست،
مەن بولسام كاپىرۇ تەرسا، بۇتپەرەس؛
ھەر گۇرۇھ ھەققىدە ھەر خىل سۆز قىلۇر،
مەن بولاي ھەر نەرسە، مەن ئۆزۈمنىڭ، بەس.

كاتالوگ مۇندەرىجە

كىتابلار تىزىمى، ماۋزۇلار تىزىمى.

ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولوگى ئىشلەندى. * مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈگەن «مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە كىتابلار مۇندەرىجىسى» (1953 ــ 1993) 1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشردىن چىقتى. * كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى ناھايىتى مۇھىم، مۇندەرىجە تېكىست ئىچىدىكى ماۋزۇلار بىلەن ئوخشاش كېلىشى لازىم.

كاتەك كاندۇك

ئېتىزلارنى، بولۇپمۇ ئوتياشلىقنى سۇغىرىشتا ئەپلىك قىلىپ بۆلگەن بۆلەكلەر.

تۆگىنى ئۇسسۇلغا تارتساڭ تۆت كاتەك زەردەكنى ۋەيران قىلار. * ئوتياشلار بىرنەچچە كاندۇكقا تېرىلدى.

كاتۇك مۇز مەيدانى

مۇز تېيىلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان مۇزلۇق.

ئۈرۈمچى تەنتەربىيە مەيدانىدا خېلى ياخشى كاتۇك بار. * شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇز مەيدانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق تەنھەرىكىتى ئۈچۈن قولايلىق تۇغدۇردى.

كاتىپ شۇجى سېكرېتار

پارتىيە ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى.

"شۇجى" خەنزۇچە: 书记

مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى. * ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى.

كاچات تەستەك شاپىلاق

ئېچىق ئالقان بىلەن ئۇرۇش ھەرىكىتى.

قۇرۇق سۆزدىن كاچات ياخشى. * تەنىدىن تەستەك ياخشى. * شانىيازنىڭ شاپىلىقى ماموتنىڭ مۇشتىدىن يامان.

كاچاتلىماق تەستەكلىمەك شاپىلاقلىماق

ئېچىق ئالقان بىلەن ئۇرماق.

توختىخان ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى. * تەستەكلىگەنگە تەسەللى يوق. * شاپىلاق تەگسە، ۋاي دەپتۇ، جىم تۇرسا، ھاي دەپتۇ.

كاربون ئۇگلېرود

غەيرىي مېتال ئېلېمېنت.

"كاربون" خەلقئارا ئاتالغۇ، "ئۇگلېرود" رۇسچە.

كاربوننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 12.011، بەلگىسى C، ئاتوم تەرتىپى

۶. * قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كاربون ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىش كېرەك.

كارتوچكا كاپىيەن

قاتتىق - قېلىن قەغەزدىن ئىشلەنگەن، بىرەر مەلۇمات، خەۋەر ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ماتېرىيال يېزىپ قويۇلىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز، ۋاراق.

مۇھىم مەسىلە، ئەھۋال، مەلۇماتلارنى كارتوچكىغا يېزىپ بېرىش ياخشى ئادەت. * بۇ «لۇغەت»نى تۈزۈش ئۈچۈن 10 مىڭغا يېقىن كاپىيەن يېزىلدى.

كارتوشكا ياڭيۇ مەككىچامغۇرى

كۆكتاتنىڭ بىر خىلى، ھوسۇلى يىلتىزىدا بولىدۇ.

"مەككىچامغۇرى" خوتەن دىئالېكتىدىلا ئۇچرايدۇ.

كارتوشكىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، تەركىبىدە ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كۆپ. 100 گرام كارتوشكىدىن 78 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * 0.5 كىلوگرام ياڭيۇ بىر - ئىككى كىلوگرام ئالما بىلەن باراۋەر.

كارۋان ئاتچى ئېشەكچى ئارقىش

تۆگە، ئات - ئېشەك، ھارۋىلاردىن تەشكىل تاپقان، يىراق يەرگە يۈك ۋە ئادەم توشۇيدىغان چوڭ كىراكەشلەر قوشۇنى.

ئىت ھۈرەر، كارۋان يۈرەر. * ئاتچى سۇ يوق يەرگە قونماس. * ئېشەكچى ئېشەكتىن ئايرىلماس.

كارىكاتۇرا مەنخۇا

كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنىڭ سەلبىي تەرىپىنى، ئىش - ھەرىكىتىنى، خۇسۇسىيەتلىرىنى مەسخىرە قىلىپ سىزىلغان ھەجۋىي رەسىم.

كارىكاتۇرا ئىللەت - نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلايدۇ، يەنە

كىشىگە قىزىقچىلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى ئىككى مەنخۇاغا قاراڭ:

ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا.



تارتىش كۈچى.

كارىۋات كات كاتۇ

تۆت پۇتلۇق، تۆشەك سېلىپ ياتىدىغان ۋە ياز كۈنلىرى كۆرپە سېلىپ ئولتۇرىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى.

“كاتۇ” خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

مۈشۈكنى هارۋىغا قاتساڭ، كارىۋات ئاستىغا تارتار. * خىيالى كۆكتە، قويرۇقى كارىۋاتتا. * ئېشەككە كاتىنىڭ نېمە كېرىكى؟ * ئۆستەڭ بويىدا كاتۇ، زەينەپخان دۇتا چاتۇ، زەينەپخان دۇتا چاسا، ئەلنىڭ ئاغزى هاڭ قاتۇ.

كاززاپ قەللاپ ئاۋاپ قاپىلاڭ

يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلغۇچى؛ يالغان ۋە ساختا ئىش قىلغۇچى.

“قەللاپ”، “ئاۋاپ” خوتەن دىئالېكتىدا، “قاپىلاڭ” ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كاززاپنىڭ كەينىگە كىرمە، كاززاپنىڭ كەينىگە كىرگىنىڭ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگىنىڭ. * قەللاپ قىلغان قىلىقىدىن تونۇلىدۇ.

كاسات بانكروت

تاۋار ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىپ، خېرىدارى بولماي تۇرۇپ قېلىش هالىتى.

بازىرى كاسات. * كاسات مال ـــ ئۆتمەس مال.

كاسىپ هۈنەرۋەن

بىرەر كەسىپ ـ هۈنەرنىڭ ئەھلى، ئۇستىسى.

ياندىكى كاسىپنىڭ قەدىرى يوق. * گەر كاسىپ مۇساپىر بولمىسا يات يۇرتتا، قىيىنچىلىق دېگەننى بىلمەس ئەسلا. * هۈنەرۋەن بىكار تۇرالماس. * ئۇستا هۈنەرۋەنگە ھەممە يول ئوچۇق.

كاكىلىماق تۇغماق قويماق

توخۇ تۇخۇملىماق.

بۇ توخۇ دانىنى ئۆيدىن يەپ خەقنىڭكىدە كاكىلايدۇ. * قارا

توخـۇمۇ ئاق تۇخۇم تۇغىدۇ.

كالته قۇيرۇق قىزىلپاچاق يالاڭتۆش

ئىلگىرى باي-خوجاملار كەمبەغەل-يوقسۇللارنى ھاقارەت يۈزىسىدىن شۇنداق ئاتاشقان.

نادەمنىڭ ئاكىسى نادىر ئاتلىق كالته قۇيرۇق كىشىلەرنى قوتراتىپ، بىزنى يوقاتماقچى بولغان، — دېدى ئەختەمباي. * ئۇ قىزىلپاچاق ئوغرىنىڭ ئەدىبىنى بېرىش كېرەك، — دەيتتى ئۇ باي. * يالاڭتۆشلەرگە ھەرگىز رىئايە قىلمايمەن، — دېدى ساقچى باشلىقى.

كالپىندار تەقۋىم

يىلنىڭ ئاي-كۈنلىرى ئۆز تەرتىپى بىلەن كۆرسىتىلگەن جەدۋەل ياكى كىتابچە.

ئەزرائىل كالپىندارغا قارىماس.

كامار يوچۇق تۆشۈك

نەرسىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئوچۇق يېرى.

كىچىك چاغدا كۆرگەن يوچۇق، چوڭ بولغاندا كامار بوپتۇ. * ھەقىقەت نۇرى كىچىككىنە يوچۇقتىنمۇ جاھاننى يورۇتالايدۇ. * تۆشۈك يىرتىقتىن كۈلەر. * كىچىككىنە تۆشۈك چوڭ كېمىنى ھالاك قىلار.

كاناي سۇناي بۇرغا سۇپۇتمۆرە پەشمە

مىستىن ياسالغان، نەيچىسى ئۇزۇن، ئاغزى كەڭ، پۈۋلەپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى.

"سۇپۇتمۆرە" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كانايغا ياغ يوق، سۇنايغا ياغ نەدە. * بۇرغا چالغاننىڭ ئۆۋچى

بولۇشى ناتايىن.

كانايچى سۇنايچى

كاناي، سۇناي چېلىشنى كەسىپ قىلغان كىشى.

كانايچىدىن يەل كېتىدۇ. * سۇنايچىدىن سۇناي سورىغۇچە جان سورا.

كاۋاك يېرىق

نەرسىنىڭ ئوچۇق قالغان يېرى.

يەككە قولدىن چاۋاك چىقماس، پۇختا ئىشتىن كاۋاك. * تولا يېگەن بۆرىنىڭ كۆتى يېرىق.

كائىنات مەۋجۇدات ئالەم كوسموس

پۈتۈن بارلىق، يەر، ئاسمان ھەممە.

كائىناتنىڭ چېرىغى بىلىم. * ھەممە مەۋجۇدات ئۆز قانۇنىيەتلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. * ئالەم بىنا بولغىنىغا نەچچە يۈز مىليون يىل ئۆتكەنلىكىنى ئالىملار مۆلچەرلىمەكتە.

كايىماق جۇۋىماق جورىماق

بىرەر نەرسە تەييارلاش ئۈچۈن ئۇرۇنماق، ئاۋارە بولماق.

بارنى ئايىما، يوققا كايىما. * تولا جوۋاپ كەتلە، رەھمەت. * جورىغانغا جان كىرمەيدۇ.

كەپە باراڭ ئالچۇق ساتما سەتكە

قوغۇن-تاۋۇزلۇقتا قاراش، ئۇلارنى سېتىش ئۈچۈن سېلىنغان ئاددىي ئۆي.

"سەتكە" كۇچا شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قىزنىڭ ياخشىسى گادايىنىڭ كەپىسىدىن تېپىلار. * باراڭغا چۈشكەن خام قاپاقنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ھالى بار. * ئالچۇقنىڭ ئاستى تۆشۈك.

* ساتىمدا قىلغان سۆزنى سارايدا قىلغىلى بولماس.

كەپتەر كۆگەرچىن كەبۇتەر كۆكۈشكەن

كۆپ ئۇچرايدىغان قۇش، تۈرى كۆپ، پەيلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، ئۆي كەپتىرى، ياۋا كەپتەر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، دان يەيدۇ.

ئۆي كەپتىرى ئۆيۈنچۈق قىلىنىدۇ، ئۆگىتىپ خەت-ئالاقە توشۇشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

"كۆكۈشكەن" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بىر كەپتەردە قىرىق قىزنىڭ ئىشقى بار. * ئاغزىدا زەيتۇن شېخى چىشلىۋالغان كەپتەر — تىنچلىقنىڭ سىمۋولى.

كەپشەرلىمەك پاياتلىماق

ئېرىتىلگەن مېتال بىلەن مېتال بۆلەكلىرىنى ئۇلىماق، ئېرىتىلگەن مېتال بىلەن مېتال قاچىلارنى يامىماق.

قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى تۆمۈر كېشەكلەرنى كەپشەرلىدى. * كاستۇرۇلكا تېشىلىپ قالغانىدى، ئۇستامغا پاياتلاتتىم.

كەپكۈر چويلا چولى

ئاشخانا سايمىنى. ئاش-خېمىرنى سۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

"كەپكۈر" تۆمۈردىن ياسىلىدۇ، بېشىدىن تۆشۈك ئېچىلغان بولىدۇ.

"چويلا" سىمدىن ياكى چىۋىقتىن توقۇلىدۇ، بېشى ئاراچ بولىدۇ. خەنزۇچە: 笊籬دىن ئۆزگەرگەن.

بالىسى بارنىڭ گېلى چويلا، بالىسى يوقنىڭ گېلى كويلا.

* كەپكۈرنىڭ قازانغا تەگكەن ئاۋازى يېقىملىق.

كەتمەك جۆنىمەك ماڭماق

بىر يەردىن ئىككىنچى بىر يەرگە يۈرمەك.

قونىمىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى ياخشى، ساقايمىغان كېسەلنىڭ ئۆلگىنى. * ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى. * ۋاقىت جۆنەر، ھەقىقەت تۇرار. * تۇرغانلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ماڭغانلارنى يە.

كەچ كەچقۇرۇن كېچە ئاخشام تۈن شەپ

سوتكىنىڭ كۈندۈزى تۈگەپ، قاراڭغۇ چۈشكەن ۋاقتى، شۇ ۋاقىتتىن تاڭ ئاتقۇچە بولغان ۋاقىت.

كەچ يات، سەھەر تۇر. * كەچقۇرۇن كەلگەن مېھماننى ياخشى كۈت. * كېچىنى كېچە دېمەي ئىشلىمەك. * سۈت كېچىدىمۇ ئاق. * ئاخشام بولدى يات، سەھەر بولدى كەت. * كۈننى تۈنگە ئۇلاپ. * تۈننىڭ راھىتى — تىنچ ئۇيقۇ. * نىسىمى شەپتە ئويغاندىم.

كەچ كىرمەك كەچ بولماق قاراڭغۇ چۈشمەك

كەچكە يېقىنلاشماق.

كەچ كىرگەندە يات، تاڭ ئاتقاندا تۇر — سالامەت بول. * كەچ بولدى كەت. * قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇيقۇ باستى.

كەچلىمەك تۈنىمەك قونماق

مېھمان ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە كەچكىچە بولماق، قونۇپ قالماق.

كەچلىگەن مېھماننى كەت دېمە. * ئارسلاننىڭ ئۆيىدە تۈنىگەن ئۈچكىدىن قورق. * مېھمان قونسا، ئۆينىڭ تارلىقى بىلىنەر.

كەچۈرمەك ئەپۇ قىلماق يارلىقاماق مەزۇر كۆرمەك

بىپەرۋالىق، ئەدەبسىزلىك ۋە ياكى خاتالىقنى كۆڭۈلگە

ئالماسلىق، ئەيىبلىمەسلىك ياكى جازالىماسلىق.

سەن يامان كۆرىدىغاننى كەچۈر، سېنى يامان كۆرىدىغاننى كەچۈرمە. * كەمچىلىك مەندىن كەچۈرۈش سەندىن. * ئەپۇ قىلىش — ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ شىپالىق دورىسى. * دوستىنىڭ كەمچىلىكىنى ئەپۇ قىلىش — گۈزەل ئەخلاق.

كەچۈرۈم ئەپۇ

بىپەرۋالىق، سەۋەنلىك، خاتالىقنى تەگمەسلىك.

ئىشتىن ئاۋۋالقى ئېھتىياتچانلىق، ئىشتىن كېيىنكى كەچۈرۈمنى ئىچىگە ئالىدۇ. * چۈشىنىشنىڭ ئۆزى — ئەپۇنىڭ ئاساسى.

كەرەپشە چىكىسەي

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. غولى تۈز، يوپۇرمىقى چوڭ، يېشىل بولىدۇ.

كەرەپشىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، 100 گرام كەرەپشىدىن 20 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * كەرەپشە تەركىبىدىكى مىنېرال ماددىلار تىنچلاندۇرۇش ۋە قان تومۇرلارنى قوغداش رولىغا ئىگە. * كەرەپشە يوپۇرمىقىدا ئوزۇقلۇق ماددىلىرى غولىدىكىدىن جىق.

كەرەن كاپۇستا كاللەكبەسەي لەنخۇابى

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. يوپۇرماقلىرى چوڭ، سىلىق بولىدۇ، قات-قات بولۇپ، دۈگىلەك شەكىلگە كىرىدۇ.

كەرەننىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، ئوزۇقلۇق ماددىلىرى كۆپ. 100 گرام كەرەندىن 24 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

كەسىپ ھۈنەر

قول سانائەت تېخنىكىسى.

ئاتا كەسپى بالىغا مىراس. * كەسىپ — ھاياتلىقنىڭ تۈزى. * كەسىپ ۋە ھۈنەردە ھەرقانچە كامىل بولساڭمۇ مەغرۇرلانما. * ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ. * بىر ھۈنەر مىڭ ئەيىبنى يېپەر. * ھۈنەر ھۈنەرەس، بىھۈنەر خارەس.

كەسپىي پروفېسسىئونال

كەسىپ-ھۈنەرگە ئائىت.

كەسپىي ئەخلاق؛ كەسپىي مەكتەپ. * كەسپىي ھۈنەرگە ماھىر كىشى ئۇستام دېيىلىدۇ، ماھىر بولمىسا، چالا موللام دېيىلىدۇ.

كەش كالاچ

ئاياغ كىيىمنىڭ ئۈستىگە كىيىلىدىغان ياكى يالاڭ كىيىۋالىدىغان يېنىك ئاياغ.

كۆتۈر كەشىڭنى پەگاھتىن. * ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان كالاچ پاتقاقتا.

كەكە پالتا چوت ئايپالتا

ئۆي سايمىنى، ئوتۇن يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ ياغاچچىلىق سايمىنى، ياغاچنى چېپىش تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆكەكە-پالتىسىنى سوقتۇرۇپ كەپتۇ. * پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ. * چوتى يوق ئۇستا چالا ئۇستا. * يامانغا ھەمراھ بولساڭ، ئايپالتاڭ يېنىڭدا بولسۇن.

كەڭ كەڭرى

ھەجمى، سىغىمى ۋە سەتھى چوڭ.

تار يەردە تېپىشقان، كەڭ يەردە تېپىشەر. * يۇرت ئىچىكى كەڭ. * كەڭرىگە كەڭ دۇنيا، تارغا تار دۇنيا.

كەمبەغەل نامرات گاداي قاششاق قاق سەنەم قولى قىسقا قولى ئۈزۈك يوقسۇل ئورۇق ئات چىغاي چىغانى

ھال - ئوقىتى ناچار، تۇرمۇشى قىيىن كىشى.

كەمبەغەل دېھقان؛ شەھەر كەمبەغەللى. * كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق. * نامراتلارنى يۆلەش كېرەك. * نامرات بولساڭ شەھەر قوغلاش. * ئىت گادايدىن قورقىدۇ، گاداي ئىتتىن. * گادايىنىڭ بالىسى، باينىڭ كالىسى. * ئۇ بىچارە قاششاق ئادەم. * ھەممىدىن ئايرىلدىم، قاق سەنەم بولۇپ قالدىم. * قولى قىسقىنىڭ يولى قىسقا. * قولى ئۈزۈكنىڭ قولى كەجگىسىگىمۇ يەتمەيدۇ. * كېيىك ئوقسىزغا ئۇچراپتۇ، بالا - قازا يوقسىزغا. * يوقسۇلغا يولدا يولۋاس ئۇچراپتۇ. * مەن بىر ئورۇق ئات، رەھىم قىلسىلا.

كەمبەغەللىك نامراتلىق گادايلىق يوقسۇللۇق يوقسىزلىق قاششاقلىق

ھال - ئوقىتى ناچارلىق، تۇرمۇش يامانلىق.

كەمبەغەللىك نومۇسسىزلىققا ئاپارىدۇ. * ئەڭ چوڭ نامراتلىق — كەم ئەقىللىق. * گادايلىق قاتتىق كۈندە بىلىنەر. * يوقسۇللۇقتىكى دوستلۇق يوقالمايدۇ. * يوقسىزلىق تاشتىن قاتتىق. * قاششاقلىق قانچە ئېغىر بولسا، ئىرادە شۇنچە چىڭىيدۇ.

كەمتەر كىچىك پېئىل قۇتقۇ

ماختانمايدىغان، مەغرۇرلانمايدىغان. ئۆزىنى تۆۋەن بىلىدىغان خىسلەتلىك.

كەمتەر ئىززەت - ھۆرمەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. * كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن.

كەمتەرلىك كىچىك پېئىللىق قۇتقۇلۇغ

ماختانماسلىق، مەغرۇرلانماسلىق، ئۆزىنى تۆۋەن بىلىش خىسلىتى.

كەمتەرلىك چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ يارىشىدۇ. * كەمتەرلىك بىلەن ئۇلۇغلۇق تام قوشنا. * ھەقىقىي كىچىك پېئىللىق ھەممە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئانىسى.

كەمسىتمەك مەنسىتمەسلىك

سەل چاغلىماق، كۆزگە ئىلماسلىق.

بىز ھەرقانداق مىللىي زۇلۇمغا، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرىمىز. * بىز دۈشمەننى مەنسىتمەيمىز.

كەندىر تاناب چىگە توقى

پوستىدىن تالا ئېلىنىدىغان ئۆسۈملۈك ۋە ئۇلاردىن ئېلىنغان تالا، يىپ.

لوپنۇر ناھىيىسىدە كەندىر زاۋۇتى قۇرۇلدى. * لەگلەكنىڭ تانىپىنى تارت. * لوپ چىگىسى — زور بىر بايلىق. * تويغا بارساڭ تويۇپ بار، توقى تونۇڭنى كىيىپ بار.

كەيپى چاغ كەيپى ساز كەيپى جايىدا

خۇشال - خۇرام، كۆڭلى ئۇچۇق.

رەيھانەمنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. * سېيىت ھاجىم كۈلۈۋەتتى، ئۇنىڭ كەيپى ساز ئىدى. * غالىبنىڭ كەيپى جايىدا كۆرۈنەتتى.

كەيپى ئۇچماق ھەپىلىسى پىر بولماق كەيپى بۇزۇلماق

خۇشاللىقى، قىزىقىشى بىردىنلا يوقالماق.

كەيپى ئۇچقان ئابدۇۋەلى قاراۋۇللۇققا ماڭدى. * بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ

ھەپسىلىسى پىر بولدى. * بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، روزىنىڭ كەيپى بۇزۇلدى.

كەيپىيات ھەپسىلە

بىرەر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا پەيدا بولىدىغان روھىي ھالەت.

ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن بولدى. * بۇ ئىشقا باراتنىڭ ھەپسىلىسى يوق تۇرىدۇ.

كۋادرات مۇرەببە پىڭفاڭ

ھەجىم، سەتھى ئۆلچىمى، كۆپىنچە كۋادرات مېتىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ھازىر ئۈرۈمچىدە نەچچە يۈز مىڭ كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىنىدى. * شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپ.

كرىزىس بوھران

ئوشۇقچە تاۋار ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان كاساتچىلىق، تەڭقىسلىق.

كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىشلەپچىقىرىش پىلانسىز بولغاچقا، دەۋرىي كرىزىس بولۇپ تۇرىدۇ.

كوپىيە نۇسخا

ھۆججەت، ماقالىلارنىڭ ئەسلى يېزىلمىسى.

ھەممە ماقالىدىن كوپىيە قالدۇرۇش ناھايىتى زۆرۈر. * شېئىرىڭىزنىڭ ئورىگىنالىدىن بىر نۇسخا بەرسەڭ.

كوچا كوي

ئىككى تەرىپىدە ئۆي-ئىمارەت، دۇكان-ماگىزىنلار بولغان

يول.

"كوي" ھازىر ئايرىم ئىشلىتىلمەيدۇ.

قارىغۇلار كوچىسىدا ئەينەك ساتمەن دېمە. * ھاكىملار كويىدىن سەن خانە ئەيلە، ناكەسنى ئۆزۈڭدىن بىگانە ئەيلە.

كورا كاستۇرۇلكا

قۇلاق ۋە قاپقىقى بار، مېتالدىن ياسالغان ئاساسەن تاماق پىشۇرۇلىدىغان ئاشخانا بۇيۇمى.

كورا قايىنىغۇچە، قاچا قۇرۇق.

كومپاس قىبلىنامە

ئۇپۇق تەرەپلىرىنى ئېنىقلايدىغان، ماگنىتلانغان ستىرېلكىسى دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئەسۋاب.

كومپاس جۇڭگونىڭ قەدىمكى تۆت كەشپىياتىنىڭ بىرى. * نىشانسىز ياشاش — دېڭىزدا كومپاسسىز يۈرۈش.

كوممۇنا جامائە گۇڭشې

ئەسلى باشلانغۇچ جەمئىيەتتە جەمئىيەت ئەزالىرى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىپ، بىرلىكتە ئىستېمال قىلىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلات ئىدى. كېيىن كەڭ مەنە ئالدى.

"گۇڭشې" خەنزۇچە: 公社

پارىژ كوممۇنىسى 1871-يىل 18-مارتتىن 28-مايغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. * ئىنسانىيەت ناھايىتى ئۇزاق زامان جامائە تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن. * جۇڭگودا خەلق گۇڭشېسى ھاكىمىيەت بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن تەشكىلات ئىدى. ئۇ 1958-يىلدىن باشلاپ قۇرۇلۇپ، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەمەلدىن قالدى.

كومىتېت كومىسسىيە ھەيئەت ۋېييۈەنخۇي

بىرەر ئىشنى بېجىرگۈچى ئورگان، باشقارما، بەزىسى سايلام يولى بىلەن تەشكىللىنىدۇ، بەزىسى يۇقىرىدىن تەيىنلىنىدۇ.

1991 ـ يىل 3 ـ ئۆكتەبىردىن 2 ـ نويابىرغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. يىغىندا «نەشىنى چەكلەش نىزامى» ماقۇللاندى. * ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

كونا ئەسكى ئۇپراق

ئۇزاق ئىشلىتىلىپ تۇسى ئۆزگەرگەن، بۇزۇلغان، ئۆڭگەن.

كونا چاپان يامغۇردا ياخشى. * ئەسكى چاپانغا سۇسەر ياقا. * ئەسكى تامدا قۇشقاچ تولا.

كونا خاماننى سورىماق كونا سۆڭەكنى غاجىماق

كۆچمە: بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى تەگمەك.

كونا خاماننى سورۇشنىڭ ئورنى يوق، بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن. * بولدى، قويۇڭ، كونا سۆڭەكنى قاچانغىچە غاجايسىز.

كونا سەنەمگە دەسسىمەك كونا مۇقامغا توۋلىماق

كۆچمە: كۆپ تەكرارلانغان قاراشنى، پىكىر ـ چۈشەنچىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقماق.

ئۇ تېخى تۈزەلمەپتۇ، يەنە كونا سەنەمگە دەسسەپ يۈرىدۇ. * سەن قاچانغىچە كونا مۇقامنى توۋلاۋېرىسەن، ئويلىساڭچۇ، ھازىر قايسى چاغ.

كونسېرت ناخشا ـ ئۇسسۇل

كۆپچىلىككە كۆرسىتىلىدىغان مۇزىكا ئەسەرلىرى، ناخشا، ئۇسسۇل ۋە باشقىلار.

كونسېرت كېچىلىكى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. * شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى كېيىنكى يىللاردا يېڭى نومۇرلارنى ئىشلەپ چىقتى.

كونسېرۋا گۇەنتۇ

بۇزۇلمايدىغان قىلىپ ئىشلەپ، ھاۋا كىرمەيدىغان قۇتا ـ قاچىغا سېلىپ قويۇلغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەل ـ يېمىش.

بېلىق كونسېرۋاسى تەملىك بولىدۇ.

كونكرېت زاھىر

ئابستراكت ئەمەس، تومتاق ئەمەس، تەپسىلاتى جەھەتتىن ناھايىتى ئېنىق.

كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش ـــ ماركسىزمنىڭ جېنى.

كونۋېرت لېپاپە

خەت، ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ بىرەر يەرگە ئەۋەتىدىغان، قەغەزدىن ياسالغان، تۆت بۇرجەكلىك خالتا.

"لېپاپە" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

پوچتا نومۇرى سېلىنىدىغان يەر كۆرسىتىلگەن، ئەۋەتىلىدىغان ئادرېس ئورنى ۋە ئەۋەتكۈچىنىڭ ئادرېسى يېزىلىدىغان ئورنى ئېنىق ئايرىلغان يېڭى كونۋېرت چىقىپتۇ.

كونىرىغان سۆز ئارخائىزم

بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلمەيدىغان، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر.

كونىرىغان سۆزلەر خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تارىخىي سۆزلەر ۋە قەدىمكى سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قولىمىزدىكى بۇ لۇغەتكە دومسانتىغا مەنداش بەزى تارىخىي سۆزلەر، قەدىمكى سۆزلەرمۇ

ئېلىندى. مەقسىتىمىز مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن كىتابخانىنى ئاددىيغىنا خەۋەردار قىلىپ قويۇش.

كونىرىماق ئەسكىرىمەك

نەرسە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ياكى كۆپ ئىشلىتىشتىن يېڭىلىقىنى يوقىتىپ، ناچارلاشماق.

چاپىنىم كونىراپ كەتتى، يېڭىدىن تىكتۈرەي دەيمەن. * ئەسكىرىگەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولمايدۇ.

كۈكۈ خاۋازا پىستە لەيچە

ئىتنىڭ بىر خىل نەۋئى، كىچىك، پاكار ۋە يۇڭلۇق بولىدۇ.

كۈكۈ كۈتكەننى بىلىدۇ. * خاۋازىدىن خۇدا ساقلىسۇن. * ئامەت قاچقاندا تۆگىگە مىنىۋالساڭمۇ پىستە چىشلەيدۇ.

كۈلى ئىچكىرى تۆۋەينى

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى.

كۈلدىن نۇرغۇن ئادەملەر كەلدى. * ئاكام ئىچكىرىگە كەتكىلى خېلى بولدى. * تۆۋەينىگە بېرىپ كەلدىم.

كۆپ جىق نۇرغۇن تولا ئاۋۇن مول ئەلۋەك زىيادە ئارتۇق ئوشۇق كەرۈ بەسى بىسيار كۈرمىڭ ۋاچچىدا بۆتە تاشىم قۇدۇرۇ تەلىم ئۆكۈش ئۆكىل

سان-مىقدار جەھەتتىن چوڭ.

”مول، ئەلۋەك“ ماددىي بايلىق، ئىلىم-بىلىم، تەجرىبە-ساۋاقلار، نازۇنېمەتلەرنىڭ كۆپ ۋە تولۇق ئىكەنلىكىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

”زىيادە، ئارتۇق، ئوشۇق“ تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ چۈشكەن ”كۆپ“كە قارىتىلىدۇ.

”كەرۈ“ تۇرپان شېۋىسىدە كۆپ ۋە كەڭ.

”بەسى، بىسيار“ كىتابىي سۆزلەر.

”كۈرمىڭ، ۋاچچىدا“ ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ.

كۆپ يۈرگەن كۆپ ياشىغاندىن كۆپ بىلەر. * جىق تۇخۇم باسقان مېكىيان بىر چۈجىمۇ چىقىرالماس. * نۇرغۇن ھەقىقەتلەر دەسلەپتە بىھۇرمەتلىك ھېسابلانغان. * ئىش تولا، كۆمۈر ئاز. * كوچادا مېۋە ئاۋۇن. * سۇيىڭ غول — ھوسۇلۇڭ مول. * زىياپەتتە نازۇنېمەتلەر ئەلۋەك ئىكەن. * سۇيى ئەلۋەك يەرنىڭ زىرائىتى ئوخشايدۇ. * ئۆلۈك سۆز زىيادە سۆزلەنسە، توغرىمۇ سەپسەتە بولار. * ئارتۇق بايلىق باش يارماس. * ئوشۇق گەپ ئېشەككە يۈك. * مول تەجرىبە توپلىماق بەسى مۈشكۈل. * تەجرىبە قىلمىشتۇر دانالار بىسيار. * دوپپىلىق باش كۈرمىڭنى باشتىن كەچۈرەر. * بۇنداق ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلار بىزدە ۋاچچىدا.

كۆپەيتىش زەرب

ھېسابتىكى 4 ئەمەلنىڭ بىرى.

بەلگىسى (X).

15 نى 10 غا كۆپەيتسەك، بولىدۇ 150. 15×10=150

كۆپەيمەك ئارتماق ئاشماق جىقلىماق ئۆكلىمەك

بارغا يەنە قوشۇلماق.

ھەممە نەرسە كۆپەيسە ئەرزانلايدۇ، بىلىم قانچە مول بولسا شۇنچە قىممەتلەيدۇ. * ئىشلەپچىقىرىش يىلدىن-يىلغا ئارتماقتا، تەننەرخ يىلدىن-يىلغا چۈشمەكتە. * بىلىم كۈنسېرى ئاشمىسا، ئۆزلۈكسىز ئازلايدۇ. * ئاش جىقلىسا، كۈچ ئاشىدۇ.

كۆپچىلىك كۆپ خالايىق جامائەت خەلقى ئالەم توپقال ئەلكۈن قۇۋراغ تىرىن

مەلۇم دائىرىدىكى ھەممەيلەن.

"كۆپ"، "خەلقى ئالەم" شەرتلىك ھالدا "كۆپچىلىك"كە مەنىداش: قاراتما سۆز بولالمايدۇ، خىتاب قىلىنمايدۇ؛ بۇ قاتاردىكىلەر ھەممىسى كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى ئالمايدۇ.

كۆپچىلىك ئاتقان تاش يىراققا چۈشىدۇ. * كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولار. * كۆپنىڭ كۆچى كۆپ. * خالايىق كۆرسۇن ۋە بىرنىمە دېسۇن. * جامائەتكە ھۆرمەت قىل. * جامائەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلىگەن كىشى ئەڭ بەختلىكتۇر. * ئەكبەرنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلما.

كۆپۈك بۇژغۇن ماغزاپ

سۇيۇقلۇقتا مەلۇم تەسىردىن پەيدا بولىدىغان ئۇششاق پۇپۇكلەردىن ئىبارەت ماسسا.

شورپىنىڭ كۆپۈكىنى ئال. * دېڭىزنىڭ بۇژغۇنى كۆپ. * سوپۇننىڭ ماغزىپى چىقمىسا بىكار.

كۆت I قوڭ سوڭ مەقئەت

توغرا ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ ئاغزى، چوڭ تەرەت چىقىدىغان يەر.

"مەقئەت" ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدۇ.

كۆتى چىڭ. * كۆتۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق. * چوڭ بېشىنى ئاچسا، كىچىك كۆتىنى ئاچىدۇ. * قوڭىغا پوق كەپلەشمەك. * قوڭى بوش.

كۆت II ھېجىقىز ھەزىلەك

ئەسلى كۆتىنى ساتىدىغان، ئەر تۇرۇپ ئەر بىلەن جىنسىي

ئالاقە قىلىدىغان كىشى. كۆچمە مەنىدە، تىل، "بوشاڭ، لامزەللە" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ يەردە شۇ كۆچمە مەنىدە.

مەتىمىن دېگەن كۆت ۋەدىسىدە تۇرمىدى. * ئۇنداق ھېجىقىزغا دەيدىغان گېپىم يوق. * ماموت ھەزىلەك ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى.

كۆتۈر قاسقىنىڭنى كۆتۈر لاقا-لۇقاڭنى كۆتۈر كەشىڭنى

ماڭ نېرى، كۆزۈمدىن يوقال.

كۆتۈر قاسقىنىڭنى، مەندىن ئالساڭ ماشىنىنى ئالىسەن، جانىنى ئالمايسەن! * كۆتۈر لاقا-لۇقاڭنى، بېرىپ ئىشىڭنى قىل. * كۆتۈر كەشىڭنى، پاسىق، نەس باستى، — دەپ تىللاپتۇ بارى.

كۆتىنى قىسماق قۇيرۇقىنى قىسماق

جىم يۈرمەك، ياۋاش-يۇمشاق بولماق.

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس يولۇڭغا ماڭ. * جۇ فاڭگاڭ قۇيرۇقىنى قىستى، ئۇنىڭغىمۇ جان لازىم-دە.

كۆچەت جىرىم

كۆچۈرۈپ تىكىشكە تەييارلانغان ئۇششاق دەل-دەرەخ.

كۆچەت تىكىش بايرىمى. * كۆچەتنى سۇندۇرغۇچە، قولۇڭنى سۇندۇر. * ئۆچكە باقساڭ جىرىمغا ئارام يوق، باقمىساڭ جانغا.

كۆچەتخانا كۆچەتلىك پىتوھنىك

كۆچەت-جىرىم ئۆستۈرۈلىدىغان جاي.

خوتەن ناھىيىلىك كۆچەتخانا مەملىكىتىمىزدىكى بەش ئىلغار كۆچەتخانىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. * ھازىر رايونىمىزنىڭ ھەممە يېزا-كەنتلىرىدە كۆچەتلىك بەرپا قىلىندى.

كۆرەك پارات

ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، سىناق، نامايىش.

يېقىندا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى بولۇپ ئۆتتى. * بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن، ھەربىي پارات بولدى.

كۆرگەزمە ۋىستاپكا

كۆرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ۋە ئۇلارنى كۆرسىتىش پائالىيىتى.

ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 20 يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمە قىلىندى.

كۆرمەك كۆز چۈشمەك

ئادەم ۋە نەرسىگە كۆز نۇرى ئۇچراشماق.

كۆز كۆرىدۇ، ئەقىل تونۇيدۇ. * تۇغمىسىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ. * كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرۈسەن ئۆلمىگىنىڭ. * كۆز چۈشكەن ھېساب ئەمەس، كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن ھېساب.

كۆزدە تۇتماق نەزەردە تۇتماق

ئېتىبارغا ئالماق، نەزەرگە ئالماق.

بويتاق ئىشچىلارنى كۆزدە تۇتۇپ قۇرۇلغان ئاشخانىدا ئايالى باشقا زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارمۇ تاماق يەيتتى. * كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھازىرنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم.

كۆزگە سەت كۆرۈنمەك كۆزگە يامان كۆرۈنمەك

يامان ئاتىلىپ قېلىپ، ھەممە قاچىدىغان بولۇپ قالماق.

خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنگۈچە، يېزامغا بېرىپ، دادامنىڭ كەتمىنىنى چاپسام دەيمەن. * ئۇ ھەممىنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قالدى.

كۆزنەك ۋىترىنا

دۇكان ئالدىدا مەخسۇس ئەينەكلىك قىلىپ ياسالغان، مال-تاۋار ئەۋرىشكىلىرى تىزىپ قويۇلغان يەر.

دوستلۇق سودا سارىيىنىڭ كۆزنىكى چىرايلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بار ماللارنى كۆزنەكتىن ئومۇمەن كۆرگىلى بولىدىكەن.

كۆكبېشى مىراب سۇلاقچى تۇزۇن

ئېرىق-ئۆستەڭ سۇلىرىنى باشقۇرىدىغان كىشى. "سۇلاقچى" تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئاتاڭ كۆكبېشى بولغۇچە، ئۆيۈڭ سۇ بېشى بولسۇن. * سۇسىز ئۆستەڭگە مىراب بولماق.

كۆكرەك كۆكس مەيدە سىنە

بەدەننىڭ بىر قىسمى، بويۇن بىلەن قورساق ئارىلىقى.

كۆكرەك كېرىپ ئالغا باس. * دوستۇڭنىڭ كۆڭلىنى كۆكسۈڭگە باس. * كۆكسىنى كۆرۈپ كۆكسۈڭنى كەرمە. * مۇشت تەڭلىگۈچە مەيدىسىنى چىقىرىپتۇ.

كۆكۆلمەيدان چىمەنلىك مىرغىزار

ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ كۆپ، چىرايلىق مەنزىرىلىك يەر.

كۆكۆلمەيداندا كۆكسۈڭ ئېچىلسۇن. * چىمەنلىكتە چاي ئىچىشنىڭ پەيزىنى سۈر.

كۆڭلى بار مەيلى بار

كۆڭلى چۈشۈپ، مەيلى تارتماق.

كۆڭلى بارلىقىنى كۆزى بىلدۈرىدۇ. * ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە

ئۇيناي دەپ كەلدم، مەيلى بارمۇ، مەيلى يوقمۇ سناي دەپ كەلدم.

كۆڭلى توق يۈرىكى توق يۈرىكى توختىغان

ئىشەنچ بىلەن، غەم - ئەندىشىسىز.

تامىقىڭ كۆپ بولغۇچە، كۆڭلۈڭ توق بولسۇن. * ئۇ بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئىشىنەتتى، يۈرىكى توق ئىدى. * ئۇ بۇ ئىشتىن كېيىن تىنچىپ قالدى، يۈرىكى توختىغانىدى.

كۆڭلى قالماق رايى قايتماق

بىرەر سەۋەبتىن، ئاۋۋالقى قىزغىنلىق، يېقىنلىق سۇسلاشماق، كۆڭۈلسىزلەنمەك.

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى، ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى. * دوستۇڭنىڭ رايى قايتقۇچە، دۈشمىنىڭنىڭ بويىنى سۇنسۇن.

كۆڭلى كۆتۈرمەك تەبىئىتى كۆتۈرمەك

خالىماق، رايى بارماق.

ئۇ پاسكىنا بىلەن بىللە بولۇشقا قانداقچە كۆڭلۈڭ كۆتۈردى. * نامىقىدىن چۈشىن چىقتى يېيىشنى كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى. * پاسكىنىلىقنى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ. * هارام نەرسىنى ئېلىشقا تەبىئىتىڭ كۆتۈردىمۇ؟

كۆڭلىنى دەپ كۆڭلى ئۈچۈن

رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن.

يارىمىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، بويامدا قالدى. * بۇ تويغا سىنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈن بارىمەن.

كۆڭۈل بۆلمەك دىققەت قىلماق

ئىرادە، نىيىتىنى قاراتماق، نەزىرىنى تىكمەك.

ئېتىزغا بۆلسەڭ كۆڭۈل، ئاشلىقتىن ئالىسەن مول ھوسۇل. * خەلق تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەيلى، خىزمەت ئۇسۇلىغا دىققەت قىلايلى.

كۆڭۈلدىكىدەك ئويدىكىدەك

دەسلەپتە قانداق ئويلىغان بولسا شۇنداق.

توي كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتتى. * بۇ ئىش ياخشى بولدى، ئويدىكىدەك بولدى.

كۆڭۈل قويماق ئىخلاس قىلماق

دىققەت - ئېتىبار قىلماق، قاتتىق بېرىلمەك.

ئىشلەشكە ئەرزىسە، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلە. * ئىخلاس قىلساڭ، نەتىجىگە ئېرىشىسەن.

كۆل كۆلچەك سۇلاق نۇر چۆلمۆگ تەڭدە

سۇ يىغىلغان چوڭقۇر يەر، بەزىسى تەبىئىي بولىدۇ، بەزىسى قېزىلىدۇ.

"نۇر" موڭغۇلچە، ئىسىم بىلەن قوشۇلۇپ كېلىدۇ، ئايرىم ئېيتىلمايدۇ.

تاما - تاما كۆل بولار. * چۆلدە يۈرگەن قوڭۇرغاز كۆلنىڭ قەدرىنى نە بىلەر. * توخۇنى كۆلچەككە هەيدەپتۇ، ئۆردەكنى قونداققا. * سۇلاق سۈيى پاكىز بولسۇن. * كۆكنۇر، ئېبنۇر، لوپنۇر.

كۆلەم مىقياس دائىرە

تۆت ئەتراپىنىڭ چېكى، ئىش - هەرىكەت بېرىپ تاقاشقان جاي.

هازىر سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىدە سوتسىيالىزم كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىنماقتا. * بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كۆلىمى چوڭ بولدى. * جاهان مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئىنسانىيەتكە زور ئاپەت كەلتۈردى. * بۇ ئىشنىڭ دائىرىسى كەڭ، كەڭ دائىرىدە

تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش لازىم.

كۆن بۇلغارى خۇرۇم شاۋرۇن شىرە قىرىم بىشۇ

يۇڭى قىرتۋېتىلىپ، مەلۇم يول بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرە: ئاياغ، چاپان، چامادانغا ئوخشاشلار ياسىلىدۇ.

”كۆن“، ”بۇلغارى“ ئومۇمىي نام: كۆنچى؛ بۇلغارى زاۋۇتى.

”خۇرۇم“ مەلۇم ئۇسۇل بىلەن نەپىس ئىشلەنگەن كۆن.

”شاۋرۇن“ ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلىنىدۇ، كۆپىنچە ئىچلىك قىلىنىدۇ.

كۆن ئۆتۈك كىيدىم دەپ، كۆكسۈڭنى كەرمە. * بۇلغارى چىدامىلىق كېلىدۇ. * خۇرۇم چاپاننى دەپ، ئۆزۈڭنى خور قىلما. * شاۋرۇن ئىچلىك ئۆتۈك ئالدىم. * ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما. * ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قىرىم بولار.

كۆۋۈك شامال ساندۇقى

تۆمۈرچىلىك سايمىنى. تۆمۈر ئېرىتىدىغان، قىزىتىدىغان ئوچاقنىڭ ئوتىنى كۈچەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

كۆۋۈك باسقانغا قول كۆيمەس. * شامال ساندۇقى — تۆمۈرچىنىڭ دوستى، ئۇ ئوتنى ئۇلغايتىپ تۆمۈرنى قىزىتىپلا قالماي، ئۇستامنىڭ كۆڭلىنىمۇ قىزىتىدۇ.

كۆيمەك يانماق ئۆرتەنمەك

يېقىلغۇ ئوت ئالماق؛ نەرسە ئوتتا يوقالماق.

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن. * ئىككى كىشى ئارىسىغا ئوت ياقسا كىمكى، ئوتتۇرىدا شۇ نادانىڭ كۆيىدۇ ئۆزى. * پىشماسىنىڭ ئوتى يانماس. * ئۆلگەن كەلمەس، ئۆچكەن يانماس. * ئوتنىڭ تېشىدا ئۆرتەنگۈچە، ئىچىدە كۆي.

كۆيۈپ قالماق ئاشىق بولماق

قىز-يىگىت بىر-بىرىگە ئىشقىي مۇھەببەت باغلىماق.

قىزىل گۈل ئاراسىدا بويۇڭنى كۆرۈپ قالدىم،
ئەمدى ئېيتمىسام بولماس، مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم.
ئاشىق بولدۇم ئۆزۈڭگە، قېشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە،
تەڭ تاپماستىن ئۆزۈمگە، ئەمدى يەتتىم مەقسەتكە.

كۈتمەك ساقلىماق

كېلىشى مۆلچەرلەنگەن ئادەم ياكى نەرسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ بىر يەردە تۇرماق.

ۋاقىت ھەرگىز ئادەمنى كۈتمەس. * ئەخمەق ۋاقىتنى ساقلار، ۋاقىت ئۇنى ساقلىماس.

كۈچ قۇۋۋەت قۇدرەت چاما مادار ماغدۇر ماجال ھال دەرمان سۆل جان قۇربى ئەرگۈ تۆلۈك تۈرك كۆزۈن

جىسمنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، ھەرىكەتتىكى جىسمنى توختىتىدىغان ياكى جىسمنىڭ ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىنى ئۆزگەرتىدىغان قابىلىيەت، رول، ئۈنۈم.

”كۈچ، قۇۋۋەت، قۇدرەت، جان“ ئەڭ ئومۇمىي، ئادەم، ھايۋان ۋە ھەممە شەيئىدە بولىدۇ.

”چاما، مادار، ماغدۇر، ماجال، ھال، دەرمان، سۆل، قۇرب“ ئادەمگە خاس، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ”كۈچ“.

بىلىم — كۈچ. * كۈچ — ئۆملۈكتە. * كۈچ-قۇدرەتمۇ ئەقىلغە يول بېرەر. * بۇ تاماكىنىڭ كۈچى يوق ئىكەن. * ئات كۈچى؛ ئەمگەك كۈچى. * ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى بىلەكتە، ھايۋاننىڭ تۇياقتا. * بىلمەسلىكتە بار ئىدى خوش قۇۋۋىتىم، بىلگىنىمدە قالمىدى ھېچ قۇۋۋىتىم. * خۇلقى ياما-

لارغا بەرمە زەررە قۇدرەت، يامانلىقلىرىغا بەرمە كۈچ-قۇۋۋەت. * چامىسىغا قاراپ چانىسى. * تاماق — تەننىڭ مادارى. * ماغدۇرۇم باردا يوق، ماغدۇرۇم كەتكەندە تەييار. * قايسى تەرەپكە كەتتى خىيالىڭ، گەر قىلساڭ پەرۋاز، يېتەر ماجالىڭ. * ھالى يەتمىگەن خۇداغا يېلىنار. * دەرد بار، دەرمان يوق. * سۆلى يوقنىڭ كۈنى تەس. * قورساقتا نان بولسا، بىلەكتە جان بولىدۇ. * جېنى يوق ئېشەك، بىر پارچە خام كېسەك. * ئاق نان تېپىشقا قۇربى بار ئىنسان كېپەك ئارقىسىدىن چاپماس ھېچقاچان.

كۈچسىز قۇۋۋەتسىز ماغدۇرسىز ھالسىز دەرمانسىز جانسىز

كۈچ-قۇۋۋىتى يوق، ماغدۇر-دەرمانى كەتكەن، ھالى-جېنى خاراب بولغان.

دۈشمەننى كۈچسىز چاغلىما، كۈچسىز دەپ بىپەرۋالىق قىلما. * قۇۋۋەتسىز تاماق تەنگە دەرمان بەرمەس. * ماغدۇرسىز تېكىنىڭ قارىغايدەك مۈڭگۈزى بار. * ئاغرىق ھالسىزنى تاپار. * ئاتاڭ باغرىدا سەن دەرمانسىز نوقۇل، ئۆز قانىتىڭ بولمىسا ئۇچمىقىڭ مۈشكۈل. * جانسىز جانسىزدىن غۇدىرار.

كۈچلۈك قۇۋۋەتلىك قۇدرەتلىك زور تۈركلۈك كۆزۈنلۈك

كۈچ-قۇۋۋەت تولۇق، قۇدرىتى بار.

ئات ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك. * كۈچلۈك بىلەن تارتىشما، ئەقىللىق بىلەن ئېيتىشما. * كۈچلۈكنىڭ ھەممىسىلا باتۇر بولماس. * ئىتتىپاق بولغان قۇۋۋەتلىك بولار. * قۇدرەتلىك كىشى گۇناھلىق بولماس. * زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ،

كۆدە جۇسەي

ئوتياشنىڭ بىر خىلى، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بەرگىسى ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە، ئەمما ياپىلاق، چېچەكى

ئاق بولىدۇ.

كۆدىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، 100 گرام كۆدىدىن 30 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * كۆدە يەل قوزغايدۇ دېگەن گەپ بار.

كۈرە چارەك

ئاشلىق ئۆلچەيدىغان سايمان. بىر كۈرە ئون جىڭغا تەڭ؛ چارەك جايلارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ؛ بەزى يەرلەردە بۇغداينىڭ چارىكى بىلەن گۈرۈچنىڭ چارىكىنىڭ مىقدارى ئوخشاش ئەمەس.

تۆت كۈرە بۇغداي ئالدىم. * ئۈچتۇرپاندا ئون چارەك گۈرۈچ بىر تاغار بولىدۇ.

كۈرەك گۈرجەك

توپا، قۇم، ئاشلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى قېزىش، كۈرەشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان. ياغاچ ياكى تۆمۈردىن سوزۇنچاق ياسىلىپ، ساپ بېكىتىلىدۇ.

ئۆزى بۆرەكتەك، ساقىلى كۈرەكتەك. * تۆمۈردىن كەتمەنمۇ ياسىلىدۇ، گۈرجەكمۇ ياسىلىدۇ.

كۈشكۈرتمەك قۇتراتماق دەيدەيگە سالماق قۇشاماق تۈتۈرمەك

بىرەر يامان ئىش-ھەرىكەت قىلىشقا دالالەت قىلماق.

ئىت ئىگىسى كۈشكۈرتسە، قاۋايدۇ، چىشلەيدۇ، بەزىلىرى كۈشكۈرتمىسىمۇ قاۋايدۇ، چىشلەيدۇ. * قۇتراتقانغا قۇترىما، قۇتراپ قويۇپ دەردىنى تارتما. * ئۇ ئۇرۇشۇپ قالغان قېرىنداشلىرىنى ئاجرىتىپ قويماق تۈگۈل، دەيدەيگە سالىدۇ. * ئۇ قۇشلىسا، ھەممىنى ئالىدىغان

مەخلۇق، "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا قۇشلاپ قويسا، جىق كىشىگە ئۇۋال قىلدى. * ئۇل ئاڭار ئىت تۇتتۇردى.

كۈلدان پېپىلىنىس

تاماكىنىڭ كۈلى ۋە قالدۇقىنى تاشلايدىغان مەخسۇس قۇتا، ئىدىش.

يېقىندا ياپونىيىدە بىر شىركەت سۆزلىيەلەيدىغان بىر كۈلدان ياساپ چىققان. تاماكا چەككەن كىشى تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىسا، كۈلداندىن: "ھىم، قاراڭ، يەنە تاماكا چېكىپسىزا، سىز بالدۇرراق ئۆلەي دەمسىز؟ تاماكىنى تېز تاشلاڭ!" دېگەن سۆزلەر چىقىدىكەن.

كۈلكە تەبەسسۇم خەندە

شادلىق مىمىكىسى، خۇشاللىق ئاۋازى.

"تەبەسسۇم" ئۈن چىقارماي، مىيىقىدا كۈلۈلىدۇ.

كۈلكە ئەقىل خۇشلۇقى، تەبەسسۇم يۈرەك خۇشلۇقى. * كۈلكىنىڭ ئاخىرى يىغا. * ئورۇنسىز كۈلكە ئۇرۇش تۇغدۇرار. * تەبەسسۇم — روھىي ساغلاملىقنىڭ بەلگىسى. * كۈلكە ۋە تەبەسسۇم بىزنى پۈتكۈل ئىنسانىي ئالىيجانابلىققا ئېلىپ كىرىدىغان ئىشىكتۇر.

كۈلگۈنچەك خەندان

كۈلۈمسىرەپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان.

ئۇ كۈلگۈنچەك قىز ھەممىنى ئۆزىگە تارتاتتى.

كۈلۈمسىرىمەك ھىجايماق جىلمايماق

يېنىك، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلمەك.

"ھىجايماق" مەسخىرە ئارىلاش كۈلمەك.

"جىلمايماق" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ساھىبخان مېھمانلارنى كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالدى. * خىرىس قىلغاندىن قورقما، ھىجايغاندىن قورق.

كۈن قۇياش ئاپتاپ كۈنەش

سامانيولى سىستېمىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ بىرى.

قۇياش سىستېمىسىنىڭ مەركىزى؛ يەر ۋە باشقا سەييارىلەر ئۇنى چۆگىلەپ ئايلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئالىدۇ.

كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى. * كۈننى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس. * كۈن چىقسا كۈنگە، ئاي چىقسا ئايغا باق. * پەقەت قۇياشلا ھەممىنى تەڭ ئىسسىتىدۇ. * ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باق، سۇنىڭ ئېقىشىغا. * ئىشەكنىڭ دۈمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى ئىسسىت.

كۈن ئارىلاپ كۈن ئاتلاپ بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن ئىككى كۈندە بىر

دائىم، پات-پاتلا.

كامال كۈن ئارىلاپ كەچ كۇرسقا بارىدۇ. * ئۇ كۈن ئاتلاپ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ. * «ئىلى گېزىتى» ئۇ چاغدا بىر كۈن تۇرۇپ، بىر كۈن چىقاتتى. * ئىككى كۈندە بىر مەجلىس دەپ ئارام بەرمىدى.

كۈن ئالماق كۈن كەچۈرمەك كۈن كۆرمەك قورساق باقماق

ياشىماق، جان باقماق، ھايات كەچۈرمەك.

ئۇنىڭغا ئېيت، مېنى كۈن ئالغىلى قويسۇن. * شەمشىدىن تېخى يېقىندىلا بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە ساماۋارخانا ئېچىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. * كۈن كۆرمىگەن كۈن كۆرسە، كۈندۈزى چىراغ ياندۇرار. * ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىمۇ چاغلىق. * ئۇ ئارانلا ئۆز قورسىقىنى بېقىپ كېلىۋاتىدۇ.

كۈن بەرمەسلىك كۈن كۆرسەتمەسلىك

ياشاشقا، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يول بەرمەسلىك.

رەقىب دېگەن ئادەم، بەربىر، سىزگە كۈن بەرمەيدۇ. * زالىم شاڭيۇ گۈلەندەمگە كۈن كۆرسەتمىدى.

كۈن پاتماستا كەچ كىرمەستە توخۇ قونداققا چىقماستا

چۈشتىن ئۆتكەن، ئەمما كەچ بولمىغان ۋاقىت.

كۈن پاتماستا كېلىۋىدى، تاڭ ئاتقاندا كەتتى. * سەن كەچ كىرمەستە كەلگىن. * توخۇ قونداققا چىقماستا ئىشىكنى تاقايسەن، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگۈچە ئۆيدىن چىقمايسەن، قانداق تۈگمىگەن ئۇيقۇ.

كۈنتەرتىپ روزنامە

نەچچە كۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىننىڭ كۈنلەر بويىچە تەرتىپى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 - يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ماقۇللاندى.

كۈندە هەر كۈنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى

كۈن ئۆتكۈزمەي، دائىم.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى، كۈندە كۆرەرمەن دەپ، ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن، بىر كۈنى سۆيەرمەن دەپ. * هەر كۈننىڭ ئۆز تاڭى، ئۆز كېچىسى بار. * ئۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كېلىۋېرىپ، جېنىمنى چىقاردى.

كۈندىلىك هەر كۈنلۈك

كۈندە بولىدىغان مەشغۇلات.

كۈندىلىك خاتىرە. * كۈندىلىك ئىشنى شۇ كۈنى پۈتتۈر، ئەتىگە قالدۇرما. * هەر كۈنلۈك دەرسنى ۋاقتىدا تەكرار قىل.

كۈن قوتانلىماق كۈن تۇتۇلماق

ئاي ئايلىنىپ يەر شارى بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاندا، قۇياشنىڭ نۇرى توسۇلۇپ قېلىپ، يەر شارىغا چۈشمەيدىغان هادىسە.

ئاي قوتانلىسا ئايدا تۇغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە. * كۈن تۇتۇلغاننى پۈتۈن يۇرت كۆرەر.

كۈنلۈك زونتىك شەمسىيە جاغىرماق

كۈن چۈشمەسلىك ئۈچۈن سايىۋان قىلىنىدىغان سايمان.

قىزىق ئاپتاپتا تېرىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈنلۈك تۇتۇش پايدىلىق.

كۈنگە هەر كۈنى

هەربىر كۈندە.

چىشنى كۈنگە ئىككى قېتىم چوتكىلاش سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق. * هەر كۈنى ئۈچ ۋاخ تاماق يەيمىز.

كۈننى ئالماق جېنىنى جان ئەتمەك

ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىماق.

توغرا كەلگەن بىر يۇرتتا تاغۇتاشنى ماكان قىلىپ، كۈنۈمنى ئالارمەن، — دېدى خوجنىياز. * ئۇ جېنىنى ئارانلا جان ئېتىپ كېتىۋاتقان تۇل خوتۇن ئىكەن. مەن ئىغۋا توقۇپ تالاشقۇدەك نېمە بار.

كۈنى ئېغىر كۈنى تەس

تۇرمۇش ئەھۋالى ناچار.

چىشنى چىشقا چىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، كۈنىمىز ئېغىر. * كۆپ خوتۇن ئالغاننىڭ كۈنى تەس، كۆپ ئەرگە تەگكەننىڭ كۆڭلى پەس.

كۈيە مىتە

كيىم ـ كېچەك، رەختكە، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىققا ئىسسىقتىن چۈشىدىغان ئۇششاق قۇرت.

نادان ئادەم كۈيىدىنمۇ يامان. * كۈيە كيىمنى، مىتە ئاشلىقنى كاردىن چىقىرار.

كۈيئوغۇل كۈيۈبالا كۈدەگۈ

ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن، قىزنىڭ ئېرى.

كۈيئوغۇل كەلدى ـ خان كەلدى. * كۈيئوغۇلنى پەيغەمبەر سىيلىغان. * كۈلدە تام بولماس، كۈيۈبالا بالا بولماس.

كېپىل بورۇن

بىرەر كىشى ياكى نەرسىگە، باشقىلارنى ئىشەندۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇچى.

”بولماق“، ”قىلماق“ بىلەن پېئىللىشىدۇ.

كېپىل بولساڭ، كېپىنىڭ كۆيەر. * يېمەي ـ ئىچمەي بول بېخىل، باي بولمىساڭ مەن كېپىل. * بورۇن بولساڭ ئېھتىيات قىل، بوينۇڭ سۇنمىسۇن.

كېپىنەك تون ياپتاغ

يېپىنچاقلىۋالىدىغان يەڭسىز تون.

كىيدىم كېپىنەك تونىنى گۈلخانىدا ياتارمەن دەپ، ئالدىم يا بىلەن ئوقنى دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

كېچىچە تۈن بويى تاڭ ئاتقۇچە

پۈتۈن تۈن ـ كېچە بويىچە.

كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. * تۈن بويى ئۇخلىماي چىقتىم. * تاڭ

ئاتقۇچە ئىشلىدۇق.

كېچەك ئۆتكەل ئۆتۈك

دەريا ۋە تاغ ـ داۋاننىڭ ئۆتكىلى بولىدىغان، ئۆتۈش ئۈچۈن ئېچىلغان يېرى.

ئەل كىرگەن كېچىككە سەنمۇ كىر. * سۇ كېچىكىدىن ئۆتكۈچە، قان كېچىكىدىن ئۆت. * ئۆتكەلدىن ئۆتسەڭ بۇرۇن ئۆت. * ئىرادىلىك كىشىگە ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۆتكەل يوق.

كېرەك لازىم زۆرۈر ھاجەت تېگىشلىك شەرت تەگمىنىڭ كەرگەك

تەلەپ ۋە ئېھتىياجنى بىلدۈرىدۇ.

”كېرەك“ پېئىلىنىڭ شەرت مەيلى بىلەن بىرىككەندە ئېھتىماللىق، تەخمىن، گۇماننى بىلدۈرىدۇ. باشقىلىرىدا بۇ ھال يوق.

كېرەككە تېرەك يېقىلىدۇ. * يىغقان مال جانغا كېرەك. * بۈگۈن يامغۇر ياغسا كېرەك. * قىممەتلىك پىكىرىمىز ھەقىقەتكە زىت كېلىپ قالغاندا، ئۇنىڭدىن ۋازكېچىشكە رازى بولۇشىمىز لازىم. * تىرىشچانلىق ۋە قانائەتلەنمەسلىك ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ھەممىدىن بەك زۆرۈر. * ئېڭىكى چۈشكەن چاغدا ياغاچ چېقىش ھاجەتمۇ؟ * ئوقۇغاننى تەكرارلاپ تۇرۇش تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟ * پۇقرالار قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى شەرت.

كېرەكسىز كېرىكى يوق لازىمى يوق كەرگەكسىز

كېرەك قىلىنمايدىغان، ئىشلىتىلمەيدىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان.

كېرەكسىز نەرسە ئەرزان بولسىمۇ قىممەت. * بۇ قەغەزنىڭ ئەمدى

كېرىكى يوق. * دوستلار ئارا تەكەللۇپنىڭ لازىمى يوق.

كېرەكلىك لازىملىق كەرگەكلىگ

كېرەك بولىدىغان، تەلەپ قىلىنىدىغان، كېرەككە كېلىدىغان.

كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق. * بىز لازىملىق بىلىمنى بۇلۇت سۇنى سۈمۈرگەندەك قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

كېسەل ئاغرىق خەستە دەرد بىتاب بىمار كەم تاۋى يوق مىجەزى يوق توغا تىتىك ئىگ

جىسمانىي ۋە ياكى روھىي جەھەتتىن غەيرىي نورماللىق هالىتى.

"بولماق"، "قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

بۇنداق هالەتنىڭ ئېتىغا پەقەت "كېسەل" قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

كېسەلگە قاراپ دورىسى. * ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمى ئاشكارا. * "ئاغرىقمەن" دەيدۇ، هەممىنى يەيدۇ. * خەستە كىشىگە خەت كېسىلمەيدۇ. * دەرد باشقا، ئەجەل باشقا. * دەرد كەلسە، دەرمان كېتەر. * بىتاپ بولساڭ، ئاپتاپقا چىق. * بىمار بولغانغا هەسەلمۇ ئاچچىق. * ئۇ كەم بولۇپ قاپتۇ، ئىشقا چىقالمايدىكەن، — دېدى. * ئۇنىڭ بۈگۈن تاۋى يوق، مەجلىسكە بارالمايدۇ. * مىجەزىم يوق، ئاغرىقچان بولۇپ قالدىم.

كېسەلچان كېسەلمەن ئاغرىقچان كېسەلكۆرپىسى

كۆپ كېسەللىك، دائىم كېسەل يۈرىدىغان.

كامال كېسەلچان بولۇپ قالدى. * كېسەلمەن تۇرۇپ ئىشقا چىقىشنىڭ نېمىسى؟ * ئاغرىقچان قىزنىڭ دەردى ئىچىدە. * بۇرۇن غەرب ئەللىرى جۇڭگونى "شەرقىي ئاسىيانىڭ كېسەلكۆرپىسى" دەپ ئاتاشقان.

كېكەچ دۇدۇق تۆتۆت

سۆزنى راۋان قىلالمايدىغان.

سىرتىڭدىن كېكەچمۇ غەيۋىتىڭنى قىلار. * دۇدۇق سۆزگە يارىماس، ئوغرى كۆزەتكە. * تۆتۆت سۆزلىگۈچە، ئىش پۈتىدۇ.

كېڭەش I سوۋېت شۇرا

مۇهىم ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت-مۇزاكىرە قىلىدىغان ۋە ئۇلارنى هەل قىلىدىغان دائىمىي ئورگان ياكى تەشكىلات.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى. * سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلەر سوۋېتى.

كېڭەش II مەسلىھەت ئەرگ

بىر ئىش-هەرىكەت توغرىسىدىكى مۇلاهىزە، يوليورۇق.

كېڭەش قىلىنغان ئىش بۇزۇلماس. * مەسلىھەت — ياخشى كۆرسەتمە. * ۋاقتىدا بېرىلگەن مەسلىھەت پايدىلىق.

كېڭەشمەك مەسلىھەتلەشمەك پىكىرلەشمەك ئەقىلداشماق

ئۆزئارا بىرلىكتە مۇهاكىمە قىلماق.

ئىت سۆڭەك يېسە، كۆتى بىلەن كېڭىشەر. * ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل. * مەسلىھەتلەشكەن ئىشتىن قۇسۇر ئاز. * هەممە ئىشنى خىزمەتداشلار، يارۇبۇرادەرلەر بىلەن پىكىرلىشىش كېرەك. * ئەقىلدىشىش ئەقىللىقنىڭ خىسلىتى.

كېلەچەك كەلگۈسى ئەتە ئىستىقبال كېيىنلىك كىن كىنىنەت

هازىرقى ۋاقىتتىن كېيىن كېلىدىغان زامان، چاغ.

كېلەچىكىنى ئويلىمىغان يامان كۈنگە قالار. * بالا بېقىشتىن قورقۇش — كېلەچەكنى يوقىتىش. * ئادەمدە كەلگۈسىنى كۆزلەيدىغان

ئىرادە بولۇشى كېرەك. * ئەتە كىم بار، كىم يوق. * ھەر ئادەم ئۆز ئىستىقبالىنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. * ئەرباب بىلەن ئويناشما، كېيىنلىكىڭنى ئويلا.

كېلەڭسىز داردايغان

بوي-تۇرقى قاملاشمىغان.

كامال كېلەڭسىز بىر كاتىپنى باشلاپ كىردى. * ئۇ داردايغان نېمەڭنى بۇ يەردىن يوقات!

كېلىشكەن قاملاشقان سۇمبات قاش-كۆزى جايىدا بوي-تۇرقى جايىدا قەددى-قامىتى جايىدا

ئادەم ھەققىدە: رەڭگىرويى چىرايلىق، فىگۇرىسى يارىشىملىق، ئۇز.

ئۇ قىز كېلىشكەن چىرايلىق قىز ئىكەن. * سەن تازا قاملاشقان بىر كىشىنى تاپ. * سۇلايمان — سۇمبات يىگىت. * ئۇ بويى ئېگىز، قاش-كۆزى جايىدا، بوي-تۇرقى ئازادە، خۇش پېئىل يىگىت ئىدى. * قەددى-قامىتى جايىدا بىر يىگىت قىزغا سۆز تاشلاپتۇ.

كېلىن كېلىن ئاغىچا كېلىنچەك

ياتلىق بولۇپ كەلگەن قىز.

* ئاۋۋال ئۆي تاپ، كېيىن كېلىن. * كېلىن ئاغىچىنى كەلگەندە كۆر، موماي خوتۇننى ئۆلگەندە. * قېيىن ئانىنىڭ قولىدا ئېزىلگەن كېلىن قېيىن ئانا بولغاندا كېلىنىنى ئېزىدۇ: بۇ جاھان شۇنداق جاھان. * قازاق كېلىنچەكلىرى ئەمگەكچان كېلىدۇ.

كېمە كاراپ كارابىل پاراخوت يەلكەن قېيىق قولۋاق كارتىر

سۇدا يۈرىدىغان، يولۇچى، يۈك توشۇشقا، بېلىق ئوۋلاشقا خىزمەت قىلىدىغان، ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغان ۋە بەزى سۇدا سەيرى قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

”كېمە، كاراپ، كارابىل“لار ئەڭ دەسلەپكى بولۇپ، خادا بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. ھازىر ماتورلاشتى.

”پاراخوت“ يۇقىرى دەرىجىدە ماتورلاشقان، ئاپتوماتلاشقان بولۇپ ”كېمە“نىڭ يۇقىرى پەللىسى.

”يەلكەن“ يەلكەن تارتىلىپ، شامال كۈچى بىلەن يۈرىدۇ.

”قېيىق، قولۋاق“لار پالاق بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ، سۇدا سەير قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقان سۇغا چۈشەر. * كاراپقا چۈشكەنلەرنىڭ جېنى بىر. * كارابىلدا ھەممە نوپۇز ئىگىسىگە بويسۇنۇشى شەرت. * پاراخوت چوڭ بولغىنى بىلەن، ئۇنى كىچىك رول باشقۇرىدۇ. * شامالغا قاراپ يەلكىنى. * قېيىققا چۈشسەڭ، قېيىقچى بىلەن ئېيتىشما. * كىچىك قولۋاقنىڭ قىرغاقتا يېقىن ئۈزگىنى ياخشى.

كېيىك جەرەن قارا قۇيرۇق ئېلىك

سۈت ئەمگۈزگۈچىلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان، تاغۇتاش، دەشتۇ باياۋانلاردا يۈرىدىغان ئاچا تۇياق ھايۋانلار.

كېيىك سۇ ئىچكەن يەردىن پاقمۇ سۇ ئىچەر. * جەرەن جەزىرىلەرنىڭ ئىگىسى ۋە زىننىتى. * قارا قۇيرۇق ئوۋلاشقا قاۋۇل يىگىت كېرەك. * تاغلاردا ئېلىك، يايلاقتا قوي، بىر يەردە يىغا، بىر يەردە توي.

كىبرى ھال جازا

ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاش ھېسسى: كىبرى بار، ھالى بار، جازىسى بارلىق.

كىبرى قىلساڭ، كېيىنلىكىڭنى ئويلا. * سانسىزغا سان تەگدى،

ئىشتانسىزغا هال. * هالىڭغا بېقىپ هال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت، * جازىسى ئۇستۇن كىشى جامائەتكە ياقمايدۇ.

كىتاب نوم بىتمەك

خەت يېزىلغان ۋاراقلارنى تۈپلەپ، تاش بېكىتىپ تەييارلانغان باسما ياكى قول يازما ئەسەر.

كىتابىنىڭ قىممىتى مۇقاۋىسىدىن ئەمەس. * ئەسكى كىتابىنىڭ يېزىلىشى چىرايلىق بولار. * كىتاب — پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئوزۇقى. * كىتاب — زامانىمىزدىكى ھەقىقىي ئالىي مەكتەپ. * ئالۋاستىنىڭ نوم ئوقۇپ بۇددىساتۋا بولمىقى تەس.

كىچىك ئۇششاق مەيدە ئۇۋاق

ھەجمى، ئۆلچىمى چوڭ بولمىغان.

"كىچىك" ئەڭ ئومۇمىي، ھەممىگە چۈشىدۇ.

كۆز كىچىك بولغىنى بىلەن كۆرىدىغىنى چوڭ. * بالىلىرىم ئۇششاق، پۈتۈمغا چۈشەك. * ئېگىز تاغ مەيدە-مەيدە زەررىدىن تۈزۈلگەن. * ئوتۇن ئۇۋىقى بىلەن يانىدۇ.

كىر مەينەت پاسكىنا ئىپلاس توڭرا قاسماق قەھخە ھېلىلىق زاڭگار گارا

چاڭ-توزان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن پەيدا بولغان يىرگىنچىلىك نەرسە.

"توڭرا"، "قاسماق" كىرنىڭ قاتمۇقات تۇپلىنىشى.

"قەھخە" كىچىك بالىلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

"زاڭگار"، "گارا" تۇرپان ۋە قۇمۇل شېۋىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

"ھېلىلىق" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەكتىن كۆرمە. * چىۋىن مەينەت

نېمە، ئۇ قونغاننى يۇماي يېمە. * كەت مەينەت، كەل دۆلەت. * قوي ئۆز ئايىغىنى پاسكىنا قىلار. * ئادەم سۇنى ئىپلاس قىلار، سۇ ئادەمنى پاكىز قىلار. * توڭرا باسقان قولۇڭنى داستىخانغا سونما. * يۇيۇنمىساڭ، بەدىنىڭدىكى كىر قاسماق بولىدۇ. * ھاي بالام، ئۇنى يېمە، قەھخە.

كىرلىك شىددىشاپ پروستىنا

يوتقان-كۆرپىگە تۇتۇلىدىغان، يوتقان-كۆرپىنى كىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدىغان مەخسۇس رەخت.

"شىددىشاپ" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كىرلىكنى پات-پات يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. * شىددىشاپ تۇتمىغان يوتقان كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

كىرئالغۇ كىرماشىنىسى

كىر يۇيىدىغان ماشىنا.

كىرئالغۇلار بازارلاردا كۆپ، تۈرىمۇ ھەر خىل. * كىرئالغۇ ئېغىر ئەمگەكنى يېنىكلەتتى.

كىرپىك مۇژگان

كۆز قاپاقلىرى چېتىدە قاتار جايلاشقان تۈكلەر.

كۆزگە يېقىن تۇرۇپ كۆرۈنمەيدىغىنى كىرپىك.

كىرسىن يەريېغى

نېفىتتىن چەككىلەپ ئېلىنغان، پۇراقلىق سۇيۇق يېقىلغۇ. بىزدە لامپىغا قۇيۇپ يورۇقلۇق ئېلىنىدۇ، ئەسلى رۇسچە: كېروسىن.

كىرسىن قىممەتلىشىپ كەتتى، لامپا ياغسىراپ قالدى، — دېدى كەرىمجان ھەسرەتلىنىپ.

كىرىش سۆز بېشى مۇقەددىمە پرولوگ دىباچە ئېكسپوزىتسىيە

ئەسەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ ئالدىدا شۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن دېرەك بېرىدىغان قىسمى.

"پرولوگ"، "دىباچە"لەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

"مۇقەددىمە" باشقا ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

"كىرىش"نى ياخشى يېزىش بىر ئەسەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم. * «بۆرە ئۇۋۇسىدىكى بايلىق»نىڭ سۆز بېشى قىسقىلا، ئەمما پۈتۈن ئەسەرنىڭ نەدىن باشلىنىپ، نەدە تۈگەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. * كىتابىنىڭ مەزمۇنى مۇقەددىمىسىدىن مەلۇم. * مەغرۇرلۇق — پۇتلىشىشنىڭ مۇقەددىمىسى.

كىرىم دارامەت تاپاۋەت

تۈرلۈك مەنبەدىن تۈرلۈك يول بىلەن كىرىدىغان پۇل-مال ۋە ماددىي نەرسىلەر.

ھارام كىرىمنىڭ كەينىگە چۈشۈش — زىياننىڭ باشلىنىشى. * كىرىم مەنبەسىنى ئېچىش، چىقىمنى تېجەش كېرەك. * "گۇڭشې ۋاقتى"دا جىق ئەزالارغا دارامەت تەگمەيتتى. * تۈنۈگۈنكى سودىدىن خېلى تاپاۋەت تاپقانسەن؟

كىشى ئادەم ئىنسان ئەر كەس بەشەر جان يالڭۇق

پىكىرلەش، سۆزلەش، ئەسۋاب-سايمان ياساپ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھايۋانات.

"كىشى" ئومۇمىي ۋە كەڭ قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە "ئەر" مەنىسىنى بېرىدۇ "ئايال، بالا" ئايرىم ھالدا "كىشى" دېيىلمەيدۇ.

"ئادەم" ئاقىل ۋە بالىغ بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ.

"ئىنسان" جىددىي ۋە سىپايە تۈس ئالغان. "ئەر"، "كەس"، "بەشەر"لەر ئايرىم قوللىنىلمايدۇ.

كىشى ئەڭ ئۇلۇغ، ئۇ ئازاد، ئەركىن بولۇش كېرەك. * كىشى بىلمىسۇن دېسەڭ، قىلما. * ئادەم ئەلەيھىسسالام. * دانىشمەن بولۇشتىن ئادەم بولۇش تەس. * ئادەم تىلىدىن كېتەر، ھايۋان مۈڭگۈزىدىن. ئادەمگە ئەقىل كېرەك، پاتقاققا شىغىل. ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش. * زەنجىرنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىنسان، ئۇ — ئاچقۇچ، قۇلۇپنى ئاچىدۇ ئاسان.

كىشەن ئىشكەل كويزا تاقاق چۇشەك قۇبۇق ئاتقاغ

ئات-ئۇلاغ ۋە "جىنايەتچى" دەپ قارالغان كىشىنىڭ قول-پۇت ۋە بوينىغا سېلىپ قويۇلۇپ، ئەركىن ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان سايمانلار. كۆچمە مەنىدە ئەركىنلىكنى بوغۇش.

"كىشەن"، "ئىشكەل"لەر پۇتقا سېلىنىدۇ.

"كويزا" قولغا، "تاقاق" بويۇنغا سېلىنىدۇ، پەقەت كىشىگە سېلىنىدۇ.

كىشەن، ئىشكەللەردىن قۇتۇلۇش يولى — كۈرەش. * قولۇمدا كويزا، بوينۇمدا تاقاق، ئاخىر بولدۇم قالاق. * باللىرىم ئۇششاق — پۇتۇمغا چۇشەك.

كىگىز پالاز بورا(بورىيا) ئالچا جاۋا

ئۆيگە سېلىنىدىغا بىسات.

"كىگىز" يۇڭدىن ياسىلىدۇ.

"پالاس" يۇڭ يىپتىن توقۇلىدۇ.

"بورا" قومۇش، يېكەنلەردىن ئۆرۈلىدۇ.

"جاۋا" لوپنۇر دىئالېكتىدا "پالاز".

يېڭىنى ئالمىغان كونا، كىگىزنى ئايىغان بورا. * ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا. * قارا ئالچا ئاقارماس.

كىم كىمسە كىمەرسە

شەخسلىك سوئال ئالمىشى، قايسى كىشى.

"كىمسە"، "كىمەرسە"لەر كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئۇچرايدۇ، سوئال بولۇپ كەلمەيدۇ.

كىم چاپاننى يېڭى كىيسە ۋەلى باينىڭ ئوغلى شۇ، كىم چاپاننى كونا كىيسە تامنى تەشكەن ئوغرى شۇ. * كىم ئاخىردا كۈلسە، شۇ ئەڭ چىرايلىق كۈلىدۇ.

كىندىكئانا ئاكۇشېركا

ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇتىغا ياردەم بېرىدىغان ئايال.

"ئاكۇشېركا" مەخسۇس دوختۇرخانىلاردا ئىشلەيدىغان تىببىي خادىم.

يېزىلاردا يېڭىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىدىغان كىندىكئانىلار يېتىشتۈرۈلمەكتە. * يېقىندا، خىزمەت كۆرسەتكەن ئاكۇشېركىلار تەقدىرلەندى.

كىيمەك كىينمەك كەدگۈرمەك

كىيىم-كېچەكنى ئۇستىباشقا ئارتماق.

كىيىمنى پەسىلگە قاراپ كىيىش كېرەك. * قىز كىينگۈچە قىسىر ئىنەك مۇزايلار.

كىيىم كىيىم-كېچەك ئۇستىباش ئېگىل لىباس سەرپاي توناغۇ كەدگۈ

بەدەننى يېپىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، رەخت ۋە تېرىدىن تىكىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى. * كىيىم-كېچىكىڭ تازا بولسا، كۆڭلۈڭ شاد بولىدۇ. * ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، ئۇستىباشتا. * بولمايدۇ چاپلاشقا تەنگە ئېگىلنى، ئۆگەنگىن مەردلەردىن ئەدەب-ئەقلىنى. * ئالىيجانابلىق لىباستا ئەمەس، ئەخلاقتا.

گ

گاچا تىلسىز يابا

فىزىئولوگىك كەمتۈكلۈك ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن گەپ قىلالماس بولۇپ قالغان.

"يابا" خەنزۇچە: 哑巴

گاچا چۆچۈرە يېسە، ئىچىدە ساناپ يەر. * گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر. * گاچا بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن. * تىلسىزدىن گەپ سورىما، بىخەرەزدىن شەپقەت. * يابا يامانلاشنى بىلمەيدۇ.

گازارما لاگېر بارگاھ قارارگاھ يىڭفاڭ

ھەربىي قوشۇن تۇرىدىغان جاي، ھەربىي يۈرۈشتە چۈشكەن يەر.

گازارمىدا تەرتىپ قاتتىق، لېكىن تۇرمۇش كۆڭۈللۈك. * لاگېردا تۇرغان چاغلىرىم يادىمدىن چىقمايدۇ. * پادىشاھ بارگاھ قۇرۇپ ئولتۇردى. * خان قارارگاھىغا قايتتى. * ئۈرۈمچىدە يىڭفاڭلار كۆپ ئىدى.

گازىر چىكىلدەك سېمىشكە

ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى، قورۇپ مېغىزى چېقىپ يېيىلىدۇ.

* گازىرنى دائىم، ئاز-ئازدىن چېقىپ يەپ بەرسە چاچنى ئاسرايدۇ ۋە پارقىرىتىدۇ. * جامائەت سورۇنلىرىدا چىكىلدەك چېقىش تازىلىققا لايىق ئەمەس. * كوچىدا كېتىۋېتىپ سېمىشكە چاقماڭ.

گاڭگىرىماق ئېسەنگىرىمەك ئەقلىدىن ئازماق ئەقلىنى يوقاتماق

باش ئايلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالماق.

يول ئىككىگە ئايرىلار، ئىتنىڭ بېشى گاڭگىرار. * غەلىبىدىن ئېسەنگىرىگەن غەلىبىدىن ئايرىلار. * يولدىن ئازساڭمۇ ئەقلىدىن ئازما. * شۇ يارىمنى كۆردۈم، ئەقلىمنى يوقاتتىم. تىلىم گەپكە كەلمىدى، تەييارلاپ قويغان گەپلىرىم يوقالدى.

گاس پاڭ ساغرۇ پاڭقاي قۇلىقى ئېغىر ئاڭلىماس ئۇزتۇڭۇ

قۇلىقى زەخىملەنگەنلىكتىن، ئاۋاز ئاڭلىيالمايدىغان، ئاڭلاش سېزىمى گال.

"پاڭقاي"نىڭ "گاسلىقى" ئەقلى ئاجىزلىقىدىن.

گاس ئىككى كۈلىدۇ. * پاڭ بىلەن ئورتاق بولدۇم، گەپ ئاڭلىتالماي پورداق بولدۇم. * ساغرۇ قۇلاق بىلەن بىر يەرگە بېرىشتىن خۇدا ساقلىسۇن. * پاڭقاي كىنو كۆرۈپتۇ، سۈرەتتىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلىماپتۇ. * كۈنىگە بىر يېڭىلىق ئاڭلىمىغاننىڭ قۇلىقى ئېغىر. * قۇلىقىم ئېغىر، قاتتىقراق سۆزلەڭ — دېدى بوۋاي.

گال I بوغۇز تاماق كېكىردەك ھەلقۇم تۇمشۇق يۇتقۇنچاق

تاماق يولىنىڭ يۇقىرى قىسمى.

ئات ئايىغىدىن، ئەر گېلىدىن كېتىدۇ. * بوغۇزىڭدىن بوغۇزلايمەن، — دەپتۇ ئۇنىڭغا رەقىبى. * تاماق بېرىپ تامىقىدىن ئاپتۇ. * كېكىردىكىڭنى كەرمە. * ئاچ بۆرە ھەلقۇمىدىن ئالار. * جان تۇمشۇققا (ھەلقۇمغا) كەلگەندە سۈرە ياسىنىنىڭ نېمە كېرىكى.

گال II قاشاڭ لايپاس

تېز ئەمەس، چاققان ئەمەس، سۆرەلمە، بوشاڭ.

قولى گالنىڭ ئىشى پۈتمەس. * قاشاڭ ئاتقا كۆكۈيۈن ئۈچ. * قاشاڭ

ئۆردەك بالدۇر ئۇچار. * چاپسانغا بار، لايپاسقا يوق.

گال III ئۆتمەس

ئۆتمەيدىغان، كەسمەيدىغان.

پىچىقىڭ گال بولغۇچە، گېلىڭ گال بولسىيدى. * ئۆتمەس پىچاق قول كېسەر.

گاللاشماق قاشاڭلاشماق

ئۆتمەس بولۇپ قالماق.

قېرىغاندا چىش گاللىشىدۇ، تىل ئۆتكۈرلىشىدۇ. * كەتمەننى توك يەرگە چاپساڭ قاشاڭلىشىدۇ.

گاللىق قاشاڭلىق

گال ـ قاشاڭ ھالەت.

پالتىنىڭ گاللىقى ئوتۇن كەسلىگەندە بىلىنەر. * قاشاڭ قاشاڭلىق قىلسا، ئىش بۇزۇلىدۇ.

گالستۇك بويۇنباغ

ئالدىنى تۈگۈپ، كۆكسىلەك ياقىسى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ تاقىدىغان، رەختتىن ياسالغان بويۇم.

بەزىلەر "گالستۇك" بىزدىن چىققان،" گالغا ئاستۇق"دىن ئۆزگەرگەن دېيىشىدۇ. بىراق تېخى دەلىللەنمىدى.

گەپ ئانىسى گەپ خالتىسى

تولا سۆزلەيدىغان كىشى، كۆپرەك ئاياللارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ئۇ تازا بىر گەپ ئانىسى خوتۇن ئىكەن، ئەتىگەندە بىر گەپ باشلىۋىدى، تۈگىگىچە چۈش بولدى. * بەزى گەپ خالتىسى كىشىلەردىن پەخەس بول، ئۇلار گەپتىن گەپ تاپىدۇ.

گەپ ئاڭلايدىغان گەپ يەيدىغان مەسلىھەت ئالىدىغان قۇلىقى يۇمشاق

گەپ ـ سۆزگە كىرىدىغان، مەسلىھەت ـ پىكىرنى ئاڭلايدىغان.

ـــ مېنىڭ سېنى رازى قىلغۇچىلىكىم بار، سەن گەپ ئاڭلايدىغان بالىغۇ! ـــ دېدى باي. * ئۇ گەپ يەيدىغان بالا بوپتۇ. * مەسلىھەت ئال، مەسلىھەت ئالىدىغان كىشى زىيان تارتمايدۇ. * ئۇ بالا ـــ ئوبدان بالا، قۇلىقى يۇمشاق، نېمە دېسەك، شۇنى قىلىدۇ.

گەپدان سۆزمەن چېچەن مەمەدان قۇمباشى قۇمتېلى قۇمچۆچەك قۇمقازى

گەپ ـ سۆزگە ئۇستا، كىشىگە گەپ بەرمەيدىغان.

گەپداننىڭ سۆزى ـــ مەرگەننىڭ ئوقى. * گەپدان بولغۇچە ئىشچان بولساڭچۇ! * باتۇرنى مەيداندا سىنا، سۆزمەننى دەۋادا. * چېچەننىڭ تىلى، چەبدەسنىڭ قولى. * مەمەدان خۇشامەت قىلسا، راست دەپ قالما.

گەپدانلىق سۆزمەنلىك چېچەنلىك مەمەدانلىق

گەپكە ئۇستىلىق، گەپ ساتماقلىق.

گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار. * سۆزمەنلىك قىلىمەن دەپ، سۆزدىن قاپتۇ. * چېچەنلىك قىلىمەن دەپ، چاندۇرۇپتۇ. * مەمەدانلىق ئىش بۇزار، گېپى ئەتراپقا تۇزار.

گەپ ساتماق گەپ يورغىلاتماق پەلسەپە ساتماق

ئورۇنسىز، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلماق.

مەدداھ ئۇيالماس گەپ سېتىشتىن، ئاچكۆز ئۇيالماس يۈز كېتىشتىن. * ئۇ گەپ يورغىلىتىپ، ھېچكىمگە گەپ بەرمىدى. * پەلسەپە ساتقانغا قورساق تويماس.

گەپكە قالماق گەپ-چۆچەككە قالماق

كىشىلەرنىڭ تەنە-تاپىسىغا ئۇچرىماق.

ئۇ گەپكە قالغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە ئالمىدى. * ئامىنەم، ئېيتقا، مەن ئاشۇ غىلمان بۇۋى بىلەن توي قىلسام، گەپ-چۆچەككە قالارمەنمۇ؟

گەپ ئۆتمەس گەپ ئاڭلىماس ياغاچقۇلاق

نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدىغان.

ئۇ گەپ ئۆتمەسكە گەپ قىلىپ، نېمە قىلىسەن؟ * گەپ ئاڭلىماسقا گەپ قىلما. * كېتىپ بارغان چوكاننىڭ چېچى ئۇلاق ئوخشايدۇ، شەرەت قىلسام بىلمىدى، ياغاچقۇلاق ئوخشايدۇ.

گەپنى بىر قىلىۋالماق تىلنى بىر قىلىۋالماق

ئالدىن كېلىشىپ، بىر پىكىرگە كېلىۋالماق.

ئۇلار گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ، مەسىلىنى ئېنىقلاشقا توسقۇنلۇق قىلدى. * سەنلەر تىلىڭلارنى بىر قىلىۋاپسىلەر، لېكىن بىلىپ قويۇڭلار، بۇ مەسىلە ئاخىر ئېچىلىدۇ.

گەج گىپس

ئان ئورگانىك بىرىكمە. فورمۇلىسى $CaSO_4 \cdot 2H_2O$ ئىشلىتىش ئورنى ناھايىتى كەڭ.

گەج بىلەن سۇۋالغان ئۆينىڭ تاملىرى چىرايلىق ۋە پۇختا بولىدۇ. * سۇنۇق گىپسكە ئېلىپ قويۇلدى.

گەجگە يەلكە پاتاڭ شىللە مۇرە دولا گەدەن

ئادەمنىڭ قوللىرى دۈمبىگە، بويۇنغا تۇتاشقان يەر.

كۆزى گەجگىسىگە چىقىپ قاپتۇ، ئەقلى دۈمبىسىگە. * سۇنغان قول يەلكىگە يۈك. * يېتىمنىڭ رىزقىنى يېگۈچە، پاتىڭىڭدىن كېسىپ يە. * ئۆيگە توشۇغاننىڭ شىللىسى ئاغرىماس. * خەقنى مۇرەڭگە چىقارساڭ، ھە دېگۈچە بېشىڭغا چىقىدۇ. * دولىسىنى چىقارغانغا مۇشت داۋا. * گەدىنىدىكىنى ئۈزمەي، شىللىسىغا يەپتۇ.

گەمە گېرەم كەرەم سۇۋۇق

يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئۆي.

"سۇۋۇق" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

گەمىسىمۇ ئالىم تۇغۇلار. * گېرەم يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق.

گوۋۇيۈەن دۆلەت سوۋېتى

دۆلىتىمىزنىڭ ئالىي ئىجرائىيە ئورگىنى، يەنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى، زۇڭلى، مۇئاۋىن زۇڭلىلار، مىنىستىرلەر ۋە كومىتېت مۇدىرلىرىدىن تۈزۈلگەن.

گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار ۋە ئۇلارغا خىزمىتىدىن ھېسابات بېرىدۇ.

گۇگۇم زاۋال ۋاقتى شام ۋاقتى كۆز قارايغان چاغ كۆز باغلانغان ۋاقت

كۈن پاتقان، يۇلتۇز چىقمىغان ئارىلىق.

گۇگۇمدا گۈل كۆرگەندىن نېمە ھۇزۇر ئالىسەن. * زاۋال ۋاقتىدا زامانىنى ئويلا. * شام ۋاقتىدا شامغا موھتاج بولىسەن. * تونۇگۈن كۆز قارايغان چاغدا تېخى يولدا ئىدۇق. * ئۇلار مېھماندىن كۆز باغلانغان ۋاقتتا كېلىشتى.

گۇم گۇمران بىتچىت نابۇت تارمار كۇمپەيكۇم كۇكۇم-تالقان يەر بىلەن يەكسان تىرىپىرەن

پۈتۈنلەي يوق بولماق (قىلماق)، پاچاقلاپ تاشلىماق.

"قىلماق"، "بولماق"لار بىلەن پېئىللىشىدۇ.

* ساختىپەزنىڭ گۇم بولمىغىنى يوق. يالغانغا ئىشەنگەن ھەقىقەت ئالدىدا گۇمران بولار. * دۈشمەننىڭ سۇيىقەستلىك پىلانى بىتچىت بولدى. * دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى تارمار بولدى. * كاززاپنىڭ ھىيلىسى كۇمپەيكۇم قىلىندى. * ھوشۇڭنى تاپ، بولمىسا، ھەقىقەت گۈرزىسى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىدۇ. * كىشىگە قەست قىلماقچى بولغان يەر بىلەن يەكسان بولسۇن. * دۈشمەنلەر قاتتىق زەربىدىن تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى.

گۇمان شەك شۈبھە خۇدۇك ئىكرچىگۇ

چۈشەنمەسلىكتىن، ئىشەنمەسلىك.

گۇمان - دانىشمەنلىكنىڭ باشلامچىسى. * **گۇمان** ئىماننى قاچۇرار. ئانىنىڭ مېھرىگە شەك يوق. * شەك - شۈبھىسىزكى، بىز يېڭىمىز. * خۇدۇك — دوستلۇققا ئوغا.

گۇمانخور شاككاك

يوقىلاڭ ئىشلاردىن گۇمانلىنىپ يۈرىدىغان كىشى.

گۇمانخورنىڭ كۆڭلى تەس. * شاككاكنىڭ ئاغزىدىن شال ئاقسۇن.

گۇمانلانماق شەك كەلتۈرمەك شۈبھىلەنمەك خۇدۇكلەنمەك سېزىنمەك

ئىشەنمەسلىك، ئېنىق بەلگىلىيەلمەسلىك.

ھەممىدىن گۇمانلىنىشمۇ، ھەممىگە ئىشىنىشمۇ ئوخشاشلا خاتا. * گۇمانلىنىش — بەختلىك ئائىلىنىڭ قەبرىسى. * كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە شەك كەلتۈرمە. * دۈشمىننىڭ سوۋغات بەرسە **شۈبھىلەن**. * خۇدۇكلەنگەن پۇشايمان يەر.

گۇمانلىق شۈبھىلىك

گۇمان - شۈبھە تۇغدۇرىدىغان ھالەت.

گۇمانلىق ئىشقا گۇۋاھ بولما. * شۈبھىلىك ئادەم دوستلۇققا يارىماس.

گۇناھ ئەيىب جىنايەت قىلمىش قىلغۇلۇق يازۇق ئارىنچۇ تابالا تسۇي غۇئان قاداغ مۇن

قانۇن - ئىنتىزام، ئەردەم - ئەھكام، ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ ئىش - ھەرىكەت. "تسۇي" خەنزۇچە: 罪

روزىدا گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ باراتتا. * ئاڭلىغان قۇلاقتا گۇناھ يوق. ئۆزىنىڭ ئەيىبى ئۆزىگە كۆرۈنمەس، كورنىڭ ئەيىبى كۆزىگە كۆرۈنمەس. * كىشى پاراسەتتە كەم بولسا قانچە، ئەيىبىنى ئاقلاشقا ماھىردۇر شۇنچە. * ئازمىغان جىنايەتتىن خالىي بولار. * مەرد بولساڭ، ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت، قان بىلەن يۇيۇلسۇن گۇناھ - جىنايەت * ئالەمنى ياپالىغان جىنايەتنى ياپالار. * قىلمىشقا يارىشا جازا. * قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولدۇڭ، يەنە تۇۋا قىلمايسەن. * ئوت تۈتۈنسىز بولماس، ئەر يازۇقسىز.

گۇناھكار جىنايەتچى ئەيىبدار

گۇناھ - جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى "گۇناھ"، "گۇناھكار"لار كۆپىنچە دىنىي جەھەتتىن قارىلىدۇ.

پالتا گۇناھكار بولسا، سېپىمۇ گۇناھكار. * ئۇرۇشنى ئاۋۋال باشلىغان دۈشمەن، گۇناھكار ئۆزى، قىر ئۇنى جەزمەن. * بۆرە ئاچ بولسا، قوزا جىنايەتچى بولار. * ئۇرۇمچى شەھىرىدە يېقىندىن بۇيان ياش - ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر كۆپەيدى. * ئېيىق ئەيىبدار كالىنى يارغان، كالىمۇ ئەيىبدار ئورمانغا بارغان.

گۇناھلىق ئەيىبلىك جىنايى ئىسۇياۇغ

ئەيىب، گۇناھ، جىنايەتكە دائىر.

يوق ئىشقا قاراپ تۇرۇپ گۇناھلىق بولۇپ قالما. * ئالىمنىڭ يوغەنىمغىنىغا ئالما دەرىخى ئەيىبلىك ئەمەس. * جىنايى ئىشلار قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ.

گۇۋاھ گۇۋاھچى شاھىت تانۇق

دەلىل-ئىسپات بەرگۈچى، ئىش-ھەرىكەتنى ئىسپاتلىغۇچى.

تىلىغا چىشى گۇۋاھ بولسۇن. * قازاننىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ، ئىمامنىڭ گۇۋاھچىسى مەزىن. * سۆز تىل جىلۋىسىنىڭ شاھىتى، بىلگىن، بۇ جىلۋىدىن مەھرۇم بولۇش بەك قىيىن.

گۇۋاھنامە شاھادەتنامە دىپلوم دوكۇمېنت

بىرەر پاكىتنى تەستىقلايدىغان، ئىمزا قويۇلغان ۋە تامغا بېسىلغان ھۆججەت.

ئامېرىكىلىق تورى تارفۇ بۇ يىل 40 ياشقا كىرىپتۇ، 39 داشۆدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئاپتۇ. * ئوتتۇرا مەكتەپتىن بېرىلگەن شاھادەتنامىنى ياخشى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. * ئەمەلىي بىلىمگە قارىماي، دىپلومغىلا قاراش كادىر ئىشلىتىشتە بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

گۆدەك سەبىي سەغىرە نارەسىدە ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن ئاغزىدىن خام سۈتنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن ئاغزىدىن ئۇغۇز سۈتنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن

يېشى كىچىك، ئاقىل ۋە بالىغ بولمىغان.

"سەبىي، سەغىرە، نارەسىدە"لەر كۆپىنچە قىز بالىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ.

گۆدەك گۆدەكلىكىنى قىلماي قويمايدۇ. * قېرى كىشى بولسا نادان ۋە جاھىل، ئەقىللىق گۆدەكنى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل بىل. * سەبىي بالىغا دادىسىنىڭ ساقلىمۇ قورغان. * سەغىرە قىز — پاك قىز. * نارەسىدە قىزنى زورلاپ ئەرگە بەرمەك — جىنايەت. * ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بىر بالا بىلەن تەڭ بولۇپ نېمە قىلىسەن؟ * ئۇ تېخى ئاغزىدىن خام سۈتنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن ياۋاش بالا ئىدى. * ئاغزىدىن ئۇغۇز سۈتنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن شۇ سەبىي بالىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكنى كۆرۈپ، ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

گۆر قەبرە يەرلىك لەھەت زارات ئاگاي تۇپاۋ سىن يېرچۇ

مېيىت كۆمۈلىدىغان ئۆرەك.

"ئاگاي" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

خەقنىڭ گۆرىگە خەق كىرمەيدۇ. * ئىچى تارنىڭ گۆرى تار. * قەبرە تېشىمىغا شائىر دېگەن سۆزنى يېزىپ قويۇشنى ئۈمىد قىلمايمەن. * قەبرەڭدىن توڭگۇز قوپسۇن. * قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق. * يامانىنىڭ يەرلىكى تار. * ئۈستىنى گۈل قاپلاپ، ياشناپ تۇرمىسا گۆر، لەھەت ئىچرە قۇرۇپ ياتقان گۈلنى كۆر.

گۆرستان قەبرىستان مازار زاراتگاھلىق تۇپراق بېشى ئالتۇنلۇق

گۆر-قەبرىلەر بار يەر.

"ئالتۇنلۇق" ئۇلۇغ زات قويۇلغان مازار.

گۆرستانغا كۆچەت تىكىش ياخشى ئىش. * قەبرىستان قورقۇنچلۇق دېيىلىدۇ، ئۆلۈكتىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. * بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار. * بازىرى يېقىن باي بولماس، مازىرى يېقىن خار. * زاراتگاھلىقتا زىيارەت ئىزدىگەن — ئەخمەق. * ھېيت-ئايەملەردە تۇپراق بېشىغا چىقماق دۇرۇس.

گۆرۈ رەنە داڭ زالوگ تۇتۇغ (تۇتۇق)

نەرسە، كېرەكنى قويۇپ، ئورنىغا قەرەل ئىچىدە تۆلەشكە پۇل ئېلىش ئىشى، قەرەلىدە پۇل قايتۇرۇلمىسا، قويۇلغان نەرسە ـ كېرەك ئالغۇچىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

"داڭ" خەنزۇچە: 当

ئىندىئانلارنىڭ كېۋا قەبىلىسىدە بەزىلەر ئىسمىنى گۆرۈ قويۇپ پۇل ئالىدىكەن، پۇلنى قايتۇرمىغۇچە ئىسمىسىز يۈرىدىكەن. * رەنىگە قويۇلغان ئالتۇن ھالقام رەنىچىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. * داڭغا قويغان نەرسىدىن ئۈمىد يوق.

گۆش ئەت

ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تېنىدىكى قىزىل، يۇمشاق ماددا؛ مېۋە ـ چېۋە، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ يېگىلى بولىدىغان يېرى.

چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە. * گۆش يېسە چىشقا كىرەر، يېمىسە چۈشكە. * ئەت يەر. * ئەتلىك قوغۇن. * ئەت ئالماق. * قارا، ئۇ ئىككى ئېلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. * تىرناق ئەتتىن ئايرىلماس.

گۈل چېچەك خۇئا

رەڭگارەڭ ئېچىلىدىغان چىرايلىق، خۇش بۇي ئۆسۈملۈك.

"چېچەك" ھازىر ئۇزۇقلۇق ئۆسۈملۈكنىڭ جىنسىي تۇغۇت ئەزاسىغا قارىتىلىدىغان بولۇپ قالدى.

"خۇئا" خەنزۇچە: 花

گۈل ئېچىلغان يېرىدە ئەزىز. * ھەر گۈلنىڭ ھىدى باشقا. * قىز بالا ئۆينىڭ گۈلى. * دەرەخنىڭ مېۋىسى چېچىكىدىن بىلىنەر.

گۈللۈك گۈلزار گۈلشەن لالىزار گۈلىستان بوستان خۇئالىغ

گۈللەر تېرىلغان، ئۈنگەن، ئۆسكەن يەر.

گۈللۈكتە ئويناسا كىشى، چىمەن باغلىسا كىشى. * گۈلزاردا ئەتىرنىڭ قەدرى بولماس. * گۈلچىگە يېقىملىق بوستان ـ گۈلزار، ئوتۇنچى كۆڭلىنى قىلار تىكەنزار. * گۈلشەن بولار قاقاس چۆل، كۆچەت تىكىپ، تېرىسا گۈل. * زېمىن باشتىن ئاياغ گەر لالىزاردۇر، يالڭاياغ يۈرمە، تىكىنى باردۇر. * دىل ھىممىتىڭدىن ھايات گۈلىستان، قول قۇدرىتىڭدىن ھەممە ياق بوستان.

گۈل دەستە بۇكېت

دەستىلەنگەن بىر ئورام گۈل.

بىر تال گۈلدىن گۈل دەستە چىقماس. * ئەزىز مېھمانغا گۈل دەستە تەقدىم قىلىش ھۆرمەتلىگەنلىك ۋە يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ. * شۇ كۈنلەر ئوغۇل ـ قىزلار توي قىلغاندا ياكى تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگەندە گۈل دەستە تەقدىم قىلىش بولۇۋاتىدۇ، نېمىدېگەن ياخشى!

گۈلە قاق قاتۇت

ئۆرۈك، شاپتۇل، قوغۇن ۋە باشقا مېۋىلەرنىڭ قۇرۇتۇلغىنى.

"قاق" ئومۇمىي، "گۈلە" كۆپىرەك ئۆرۈك قېقىغا قارىتىلىدۇ.

گۈلە ـ قاق، جىگدە ـ ياڭاق. * خۇۋەينى ئۆرۈكنىڭ گۈلىسى باھنى كۈچەيتىدۇ. * بۇگۈرنىڭ ئۆرۈكى تولا، قېقى يوق، ئادىمى جىق، "سېقى" يوق (چاقچاق). * كۇچانىڭ گۈلىسى تاتلىق، كەلپىننىڭ گۈلىسى ئەتلىك. * ئارمۇت قاتۇتى ــ ئامۇت قېقى.

گۈلخان ھۇلۇ

دالىدا ياكى بوش يەردە ئوتۇن، شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ چۆپلەردىن يېقىلغان ئوت دۆۋىسى.

كىچىككىنە ئوتتىن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان گۈلخان ھاسىل بولىدۇ. * دالىدا گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا ھېكايە ئېيتىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ بۆلەكچىلا پەيزى بار.

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك دوپپىسىنى (بۆكىنى) ئاسمانغا
ئاتماق ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك نايناقلاپ كەتمەك

قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتمەك، خۇشال بولغان چاغدىكى ھەرىكەتتىن ئېلىنغان. "ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك"، "نايناقلاپ كەتمەك" سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ.

ئايپاشانىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. * ئەزەم دادىسىنىڭ پات ئارىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتتى. * بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتتى. * نامەت دادىسىدىن پۇل ئالغاندا، خۇشاللىقىدىن نايناقلاپ كەتتى.

گۈلدۈرماما كۆل

چاقماق چېقىلغاندا چىقىدىغان قاتتىق ئاۋاز. "كۆل" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

خۇش خۇي ۋە جەڭگىۋار كىشى مەڭگۈ خۇش خۇي يۈرىدۇ، گۈلدۈرمامىنىمۇ، قۇياشنىمۇ خۇش چىراي كۈتۈۋالىدۇ. * تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۈلدۈرمامىدىن قورقماس.

گۈمبەز قۇببە ئەستۇپ

قەبرە ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۇچلۇق، يېرىم دۈگىلەك قۇرۇلۇش.

يەكەن قەبرىستانلىرىدا ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز قوپۇرۇلغان گۈمبەز تولا. * ئۇلۇغلارنىڭ قۇببىسىنى زىيارەت قىلدىم.

گېرب ئالتان توغرا

بەلگە. ھازىر ئاساسەن دۆلەت بەلگىسى ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېربى ئوتتۇرىدا بەش يۇلتۇز يورۇتۇپ تۇرغان تيەنئەنمېن راۋىقى، چۆرىسى باشاقلار ۋە چاق. مەخسۇس بەلگىلەنگەن ئورۇنلارغا ئېسىلىدۇ.

گېلى پوق كۆتى پوق

پاك ئەمەس، گېلىدىن ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن ياردەم كۈتمە، ئۇنىڭ گېلى پوق، * كۆتى پوق كادىرنىڭ كۆزى تۇتۇق.

گىرىمسەن سەراپ ئالۋۇن ۋىلۋىل ئېزىتقۇ

ئاتموسفېرادا نۇرنىڭ ئەكسى تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى. بۇ ھادىسە ياز كۈنلىرى دېڭىز بويى ۋە قۇملۇق چۆل، سايلاردا كۆپرەك بولىدۇ.

يەتتە قۇدۇقتا كېتىۋاتاتتۇق، يىراقتا گىرىمسەن كۆرۈندى، خۇددى بىنالار، ئاۋات بازارلار چىقاندەك بولدى. * قەشقەر يولىدىكى سايلاردا سەراپ كۆپ كۆرۈنىدۇ. * ئالۋۇنغا ئەجەبلىنىش كەتمەيدۇ.

گىرىنۋىچ ۋاقتى دۇنيا ۋاقتى

دۇنياۋى ئۆلچەملىك ۋاقىت.

يەر شارىنىڭ نۆل گرادۇس مېرىدىئان سىزىقى لوندوندىكى گىرىنۋىچ رەسەتخانىسىنىڭ ئەسلى ئورنىدىن ئۆتكەچكە، بۇ يەرنىڭ ۋاقتى دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ۋاقىتلاردا ئۆلچەم قىلىنىدۇ، "دۇنيا ۋاقتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

گىلەم زىلچا كىۋىز

بويالغان يۇڭ يىپ ياكى يىپەكتىن ھەر خىل نۇسخىدا توقۇلغان، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىلىدىغان بىسات.

گىلىمىڭ بولسىمۇ نەپىس، يالتىراق، ئۆز ھالىڭغا قاراپ ئۇزات ئاياغ. * زىلچە ساتساڭ قوشناڭغا سات، بىر چېتىدە ئۆزۈڭ ئولتۇرۇسەن.

گىلەمچى خالۋاپ

گىلەم توقۇيدىغان ئۇستا.

"خالۋاپ" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

* خوتەندە گىلەمچى كۆپ، ھەر ئۆيدىن گىلەمچى تېپىلىدۇ.

ل

لالما قاغجالما

توغرا كەسپ-ئوقەت بىلەن شۇغۇللانماي، بىكار سوكۇلداپ يۈرىدىغان.

ئاختارمىنىڭ چالمىسى يامان، ئادەمنىڭ لالمىسى. * لالما بولغۇچە، سالما بول. * ئىتنىڭ لالمىسى، ئادەمنىڭ قاغجالمىسى ئوخشاش.

لامزەللە لايغەزەل بوشاڭ بېزەڭ لاتىغلاپ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالىدىغان

ئىش ھەرىكىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى سۇس، گەپ-سۆزى جايىدا ئەمەس، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كىشى.

لامزەللە ئەردىن كەسكىن خوتۇن ئەلا. * لايغەزەلدىن لاي ياخشى. * بوشاڭ بېشىنى يەر. * بېزەڭ ئادەمنى بەزدۇرىدۇ. * لاتىغلاپ ئادەم — غىلاپ بەندىسى. * بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان ئۇ نېمىدىن ئۈمىد يوق. * سېنىڭ ئۇ نېمەڭ ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قالىدىغان ئادەم ئىكەن.

لاۋا ماگما

ۋولقاندىن ئېتىلىپ چىققان ئېرىگەن تاغ جىنسى.

فىلىپپىندا يانارتاغ پارتلىغاندا چىققان لاۋا يىراقلارغا چېچىلىپ، ئاھالىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن.

لاۋازىم زاپخوز

ئىدارىدا مەمۇرىي-خوجىلىق ئىشلىرىنى ئىشلەيدىغان خادىم.

لېتىپ — ئىدارىمىزنىڭ لاۋازىمى. * زاپخوز چاققان، گەپكە ئۇستا بولۇشى كېرەك.

لاۋزا بەتتام تەمسىز تېتىقسىز يېلىنچغا

تېتىقى يوق، ئېغىزغا ئالغۇسىز، قىرتىق تەم.

لاۋزا تاماقنى ئىتقا بەر. * بەتتام مېۋىگە قۇرتمۇ چۈشمەس. * تەمسىز قوغۇننىڭ ئۇرۇقى كۆپ. * تېتىقسىز تاماق.

لاي پاتقاق بالچىق تىتىك

سۇ ئارىلاشتۇرۇش ياكى نەم تېگىشتىن ھاسىل بولغان يۇمشاق ۋە يېپىشقاق توپا.

سۇ باشتىن لاي. * ئىشنىڭ تېگى لاي. * ئادەمگە ئەقىل كېرەك، پاتقاققا شىغىل.

لايلاتماق لېيتماق پاتقاقلىماق

سۇنى تۇتۇقلاشتۇرماق.

بېلىق دېڭىزنى لايلىتالماس. * سۇنى لېيتىپ بېلىق تۇتماق. * پاتقاقلىغان پاتقاققا پاتار.

لايىھە پرويېكت فاڭئەن

قارار، بۇيرۇق، قانۇن، پىلان ۋە باشقىلارنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى.

"فاڭئەن" خەنزۇچە: 方案

«نەشە چېكىشنى چەكلەش نىزامى»نىڭ لايىھىسى قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىندى. كېيىن 7-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19-يىغىنىدا ماقۇللاندى. * "خەلق زالى"نىڭ پرويېكتىنى ئاتاقلىق مېمارلار تۈزگەن. * خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىن فاڭئەنى ئېلىپبە جەدۋىلى، شېڭمۇلار جەدۋىلى، يۈنمۇلار جەدۋىلى، تون بەلگىلىرى، بوغۇم ئايرىش بەلگىسىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈمگە بۆلۈنگەن.

لايىق ئوبيېكت سۆيگۈنى

يىگىت-قىز تۇرمۇش قۇرۇشقا نىشانلىغان قىز-يىگىت.

لايىقىڭ سەت بولسا، قېيىن ئاناڭنىڭ كۆركىدىن نېمە پايدا!!؟ * ئوبيېكتى يوق قىزغا ئۆز ئۆيىدىن كۈندەش چىقار. * سۆيگۈنۈڭنىڭ قەدرىنى قايغۇرغاندا بىلەرسەن.

لەت مات

سولماق، يېڭىلمەك.

دېسە لەت، دېمىسە دەرد. * تاي ئات بولغۇچە ئەر مات بولار.

لەتىپە ئانېكدوت

كۈلكىلىك ۋەقە-ھادىسە توغرىسىدا ئېيتىلىدىغان قىزىق پاراڭ.

نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى — لەتىپىنىڭ كانى. * «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» نەشىردىن چىققاندا زور ئالقىشقا ئېرىشتى.

لەخمە دىداۋ

يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان يول. "دىداۋ" خەنزۇچە: 地道

سادىر پالۋان دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن باياندايدا لەخمە قازغان. * ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا خەلق ئاممىسى ھەر خىل دىداۋلارنى قېزىپ دۈشمەندىن ساقلانغان ۋە پەيتىنى تېپىپ دۈشمەنگە قارشى دىداۋ جەڭلىرىنى قىلغان.

لەش لاتقا

كۆل-كۆلچەكلەردە ئۇزاق ۋاقىت تازىلانمىغانلىقتىن ئۆسكەن، يىغىلىپ قالغان چاۋار-چاتقاللار.

كۆلنىڭ لېشىنى تازىلىغاننىڭ بېلىقى تۈگىمەس. * بىر پاقا پۈتۈن كۆلنى لاتقا قىلار.

لەگلەك ۋەتۋەرەك

ئويۇنچۇق، قومۇش-يىكەنلەردىن قۇراشتۇرۇپ، ئۈستىگە قەغەز ياكى شەلپەر چاپلاپ، ئۇزۇن يىپ-تانا باغلاپ، شامالنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسمانغا ئۇچۇرۇلىدۇ. تۈرى كۆپ. ھازىر خەلقئارالىق ھەرىكەت بولۇپ قالدى.

"ۋەتۋەرەك" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

كىچىك بالىنىڭ باھانىسى لەگلەك، خوتۇن كىشىنىڭ باھانىسى ئەگلەك. * يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك. * ۋەتۋەرەك ئۇچۇرۇپ ئويناش بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق.

لەنەت نەپرەت قارغىش قارغاق ئۆز

ئېغىر ئەيىب، جىنايەتلەرگە قارىتا ئىچ-ئىچىدىن يىرگىنىچ تۇيغۇسى.

ناھەقچىلىككە لەنەت. * مۇھەببەتنى بىلمىگەن نەپرەتنىمۇ بىلمەس. * ئوغرى تويغۇچە يەيدۇ، ئۆلگۈچە قارغىش ئالىدۇ. * ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى دوق.

لەنەت ياغدۇرماق نەپرەتلەنمەك قارغىماق

يىرگىنىچ تۇيغۇسىنى بىلدۈرمەك.

قاراڭغۇلۇققا لەنەت ياغدۇرغۇچە، شام ياقسان تۈزۈك. * دوستتىن

نەپرەتلىنىش دۈشمەنگە ياردەم. * بۈركۈت ئېرىبىسىدىن، ئۆردەك پەرۋاز قىلغان ھاياتنى قارغاش كېرەك.

لەنگەر ياكۇر

كېمىنى بىر جايدا توختىتىش ئۈچۈن زەنجىرگە بېكىتىپ سۇ ئاستىغا تاشلايدىغان چاڭگاكسىمان ئېغىر تۆمۈر.

كېمە توختايدىغان يەرگە كەلگەندە قاشتىن لەنگەر تاشلاپ، بېكىتىپ قويۇلدى.

لەھجە گۇۋۇر

يەرلىك تىل، تار دائىرىلىك يەرلىك تىل.

ئۇ تاغلىقلار لەھجىسىدە سۆزلىگەچكە، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى.

لەۋ كالپۇك ئېرىن دورداغ دۇداغ

ئېغىز ئاستى-ئۈستىدىكى ھەرىكەتچان ئەت.

تەگ دېسە تەگمەيدۇ، تەگمە دېسە تېگىدۇ، ئۇ نېمە؟ (لەۋ).
* سۆيمىگەن يارنىڭ لېۋى سوغۇق. * قاچقۇننىڭ كالپۇكى قۇرار. * چىلان يارنىڭ ئېرىنىگە تەمسىل. * دورداغىڭدىن ئۆپتۈر. * نە خۇش بولغاي ئىككىلەن مەست بولساق ۋەسل باغىدا، قولۇم بولسا سېنىڭ بويىنۇڭدا ۋە ئاغزىم دورداغىڭدا.

لەۋھە لوڭقا

ھەر خىل مۇسابىقىلەردە ئۇتۇپ چىققانلارغا بېرىلىدىغان خاتىرە مۇكاپات.

قىزلار ۋالىبول كوماندىلىرىنىڭ "ئاسىيا لەۋھەسى"نى تالىشىش مۇسابىقىسى يېقىندا ئۆتكۈزۈلدى. * مۇسابىقىدا ئۇتۇپ چىققانلارغا مۇكاپات لوڭقىسى بېرىلدى.

لوزۇنكا پىلاكات

بايراملاردا، نامايىشلاردا زور چاقىرىقلار يېزىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىدىغان مەخسۇس لاتا.

1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ئوقۇغۇچىلار ”پەنگە يۈرۈش قىلايلى!“ دېگەن چاقىرىق يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ، ئاممىۋى يىغىنغا قاتناشتى. * زور پىلاكات كۆتۈرگەن ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ پىلاكاتلىرىغا شۇ يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېزىشقانىدى.

لوژا گالېرېيە

كىنو ـ تىياتىرخانىلاردا ئېگىزرەك قىلىپ ياسالغان بىرنەچچە كىشىلىك مەخسۇس جاي.

چەت ئەللەردە ئەمەلدارلار كىنو ـ تىياتىرلارنى لوژىدا كۆرىدىكەن.

لوققا جۇلە ئۆمگەك

بوۋاق بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان مېڭە قېپى.

”جۇلە“ خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

”ئۆمگەك“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بوۋاقنىڭ لوققىسى قاتمىغان چاغدا، ئۇنىڭغا بىرنەرسە تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

لوقما سالماق ئېغىز غېرىچلىماق گەپكە قوشۇق سالماق

بىراۋنىڭ قىلىۋاتقان سۆزىگە سۆز قىستۇرماق، ئورۇنسىز ئارىلاشماق.

كىشىنىڭ سۆزىگە ئورۇنسىز لوقما سېلىش ياخشى ئادەت ئەمەس. * چوڭ كىشىلەر سۆزلەۋاتقاندا، ئېغىز غېرىچلاشتىن ساقلان. * خەقنىڭ گېپىگە قوشۇق سالغان گېپىنى تاپالمايدۇ، خاتاسىنى ياپالمايدۇ.

لوككا ئۆركەش لۆكەن

تۆگىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ چىققان قىسمى.

”لۆكەن“ لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

تۆگە لوككىسىغا ماي يىغىدۇ. * قوش ئۆركەشلىك تۆگە بىر ئۆركەشلىك تۆگىگە قارىغاندا مىنىشكە ئەپلىك.

لوگىكا مەنتىقە

تەپەككۇر قانۇنلىرى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى پەن ۋە شۇنداق تەپەككۇر.

تۇرمۇش رەھىمسىز، ھەرقانداق ئەقلى خۇلاسە، تۇرمۇشنىڭ مۇقەررەر دەرد ـ ئەلەملىك ھەرىكەت لوگىكىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. * كاللىدا ئىللەت بولسا، سۆزىدە مەنتىقە بولمايدۇ.

لۇشيەن لىنىيە يول سىزىق

ئىدىيە، سىياسىي ۋە خىزمەت جەھەتتە ئەمەل قىلىنىدىغان يول.

ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى چوڭ ئۈنۈم بەردى. * پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەليەتنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت. * خىزمىتىمىزدە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىش لازىم.

لۇغەت سۆزلۈك قامۇس ئوكيان

بىر تىلنىڭ سۆزلىرىنى مەلۇم تەرتىپتە جەملەپ، مەنىسىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان ياكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىپ بېرىدىغان كىتاب ياكى كىتابچە. بەزىلىرى مەخسۇس پەن، مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە بولىدۇ.

"قامۇس"، "ئوكيان"لارنىڭ ھەجمى چوڭ، دائىرىسى كەڭ بولىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى مىللەتلەر نەشرىياتى داۋاملىق نەشىر قىلىپ چىقىرىۋاتىدۇ. * «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئاددىي سۆزلۈك» قايتا نەشىر قىلىندى * «ماتېماتىكا لۇغىتى» قاتارلىق ئون نەچچە كەسپىي لۇغەت نەشىردىن چىقتى. * «تۈركىي تىللار قامۇسى»نىڭ ئىندېكىسى ئىشلەنمەكتە. * ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوكيانىنى ئىشلەش بىز مۇشۇ ئەۋلادنىڭ بۇرچى، دەرھال قولغا ئېلىش كېرەك ئىدى.

لۆكچەك خۇلىگان

توغرا كەسپى يوق، دائىم ئەسكىلىك، بۇزۇقلۇق قىلىپ يۈرىدىغان كىشى.

ئادەمنىڭ يامىنى لۆكچەك، ئىنەكنىڭ يامىنى تەپكەك.

لۆڭگە مايلىق ياغلىق سالپېتكا سۇۋلۇق

يۈز - قول يۇغاندا سۈرتىدىغان ئىلمە توقۇلما.

"لۆڭگە" كۆپىنچە يۈز ۋە يۇيۇنغاندا بەدەن سۈرتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

"ياغلىق"، "مايلىق"لار ئومۇمەن تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قول سۈرتۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

ئاممىۋى يىغىلىشلاردا، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا كۆپچىلىك قولنى يۇيىدۇ، بىر لۆڭگە، بىر مايلىققا سۈرتىدۇ، بۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. * يۈز لۆڭگىسى بىلەن مايلىق بىر بولماسلىقى كېرەك. * ياغلىقنىڭ پاكىزلىقى ھەممىدىن زۆرۈر. * ھازىر قەغەز سالپېتكىسى چىقىپ بەك ياخشى بولدى.

لىفت توك شوتىسى دىيەنتى

كۆپ قەۋەتلىك بىنا ۋە شاختىلاردا، ئادەم ۋە يۈكلەرنى يۇقىرىغا ئەپچىقىدىغان ۋە تۆۋەنگە ئەپچۈشىدىغان ماشىنا.

"دىيەنتى" خەنزۇچە: 电梯

كۈنلۈن مېھمانخانىسىنىڭ لىفتى مېھمانلارنىڭ قەۋەتلەرگە چىقىپ - چۈشۈشىگە ئاسانلىق تۇغدۇرىدۇ. * ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسىنىڭ لىفتى ياخشى.

لىم خا لەرە

ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ قورۇسىغا توغرا قويۇلغان ياغاچ.

"لىم" خەنزۇچە "棵"دىن كەلگەن.

ئاق چوملە كىچىك بولسىمۇ، لىمنى كاردىن چىقىرىدۇ. * يالغۇز خادىن ساراي پۈتمەس.

م

ماتا بۆز ششە خام قوماش

پاختا يېپتن يەرلك ئۇسۇلدا، قولدا توقۇلغان رەخت.

پېتى يوق تاۋاردن ماتا ياخشى. * يۇرتقا كەلگەن بۆز ئەرزان، ئېغزغا كەلگەن سۆز ئەرزان. * ئۆزى كەلسە كەلسۇن، بۆز خالتسى كەلمسۇن. * ناچار ششنى بويماق تەس. * خامنى بۇزغان شانسى، قزنى بۇزغان ئانسى.

ماتەم هازا قارلق مۇسبەت قارا كۈن سغت يوغ

ئۆلۈم-يېتمگە بلدۈرۈلگەن قايغۇ-هەسرەت.

ماتەمگە ماتەم كۈيدن باشقا ناخشا ياراشماس. * ئالتە خوتۇن هازغا بارسا، ئۆز مۇڭنى تۆكشەر. * قارلقتا قارنى ئاچقان بلنمەس. * غەيۋەت ئۆيۈمنى بۇزدى، مۇسبەت كۆڭلۈمنى. * غەمكن قارا كۈندە كم ساڭا يار، خۇشال كۈنڭدمۇ ئۇنتۇما زنهار. * هالال مېلم، ئاق مېلم، قار كۈنگە ساقلدم.

ماتەمدار هازدار مۇسبەتدار

ماتەم-هازا تۇتقانلار.

ماتەمدارغمۇ مال كېرەك. * هازدارغا ناخشا ياراشماس. * مۇسبەتدار كۈلكدن قاچار.

ماخاۋ جوزام لېپرا

يۇقۇملۇق كېسەل، ماخاۋ باكتېرىيەسدن بولدۇ، تېرە قېلنلشدۇ، رەڭگنى ئۆزگەرتدۇ، تۇيماس بولۇپ قالدۇ. چاچلرى چۈشۈپ كېتدۇ، قول-پۇت بارماقلرى قورۇلۇپ قالدۇ.

پۇلى بولسا ماخاۋمۇ چېچنى ئالدۇرار.

ماختانچاق كۆرەڭ ماختۇم

يالغان-ياۋداق گەپلەر بلەن ئۆزنى ئۇستۈن، بلمدان كۆرسەتكۈچى.

"ماختۇم" قۇمۇل شېۋسدە قوللنلدۇ.

ماختانچاق بلەن يالغانچى — قوشكېزەك. * ماختانچاق قسر ئنەك ساغدۇ. * كۆرەڭ گەپ ئوينتشقا ئۇستا.

ماختانماق كۆرەڭلمەك كۆۋەنمەك

يالغان-ياۋداق گەپلەر بلەن ئۆزنى ئۇستۈن، بلمدان قلپ كۆرسەتمەك.

بار ماختانسا ئېچلدۇ، يوق ماختانسا چېچلدۇ. * كۆرەڭلگەننڭ كۆتى ئوچۇق.

ماختماق داڭلماق داملماق مەدهيلمەك مەدهيە ئوقۇماق كۆككە ئۇچۇرماق ئۆگمەك ئالقاماق يېۋماق

ئادەم ۋە نەرسنڭ ئارتۇقچلقنى تل بلەن تەرپلمەك.

"مەدهيلمەك"، "مەدهيە ئوقۇماق" ئجابي مەنىدە، ئۇلۇغ ئادەم ۋە ئۇلۇغ نەرسگە خاس.

"كۆككە ئۇچۇرماق" سەلبي مەنىدە.

ماختغان قز تويدا چچار. * ماختغان قز مالخايغا چقرپتۇ. * خېرىدار تاللايدۇ، سودىگەر داڭلايدۇ. * سەن ئۆزۈڭنى داڭلما، كشلەر سېنى داڭلسۇن. * داملغلى يات يەر ياخشى. * مەدهيلسەڭ ئۇلۇغنى مەدهيلە، چاكننى مەدهيلەپ، چاكنا بولما. * شەخسكە

مەدھىيە ئوقۇماق — شەخسكە چوقۇنۇشقا ئېلىپ بارمىغاي. * ماختاپ كۆككە ئۇچۇرساڭمۇ نادان ئۆز قەدرىنى بىلمەس. * دانا دۈشمەن ئۇچۇرار كۆككە ھامانى، يەرگە ئۇرار دوست بولسا نادان.

ماددا ماتېرىيە

كىشى ئېڭىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا ياشايدىغان ئوبيېكتىپ بارلىق.

ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى.

مازاردىن ئامەت تىلىمەك توغراقتىن ئامۇت تىلىمەك

ئورنى يوق، بولۇشى مۇمكىن بولمىغان تىلەكنى تىلىمەك.

مازاردىن ئامەت تىلىگۈچە، قولۇڭغا قۇۋۋەت تىلە. * توغراقتىن ئامۇت تىلىگەن ئەخمەق.

ماسساژ ئۇقىلاش ئەنمو

بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى: بەدەننى مەلۇم قائىدە - تەرتىپ بىلەن سۈرتۈش، سىلاش، سىپاش.

"ئەنمو" خەنزۇچە: 按摩

بەدەننى ئىللىمان سۇغا چىلانغان لۆڭگە بىلەن ماسساژ قىلىپ تۇرۇش — سالامەتلىككە پايدىلىق، ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ. * ئۇقىلاش تېرىنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. * ئوكۇل قىلغان يەرنى ئۇقىلاش زىيانلىق. * ئەنمو قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، نېرۋىلارنى تەڭشەيدۇ.

ماشىنا ئاپتوموبىل كوڭگا پىكاپ

دۈڭگاتېلنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان، رېزىنكا چاقلىق قاتناش قورالى.

"ماشىنا" ئادەتتە ئومۇمىي نام.

"ئاپتوموبىل" رەسمىي نام.

"كوڭگا" قارا ماشىنىغا قارىتىلىدۇ.

"پىكاپ" ئادەتتە يېنىك، كىچىك ماشىنىنى كۆرسىتىدۇ.

ماشىنا بېكىتى؛ ماشىنا گاراژى. * ئاپتوموبىل كالونى. * كوڭگىلاردا ئاشلىق توشۇلۇۋاتىدۇ. * پىكاپ غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى.

ماشىنچى سەيپۇڭ

كىيىم ماشىنىسىدا كىيىم - كېچەك تىككۈچى ئۇستا.

"سەيپۇڭ": ئۈرۈمچى، تۇرپان شېۋىلىرىدە قوللىنىلىدۇ.

خەنزۇچە: 裁缝

مامۇت قارىي — ئۇستا ماشىنچى ئىدى. * چالا ماشىنچى چاپان بۇزار.

ماشىنچىلىق سەيپۇڭلۇق

ماشىنىدا كىيىم - كېچەك تىكىش كەسپى.

ھەسەن قارىي ماشىنچىلىق قىلىدۇ. * ھازىر يېزىلاردا ماشىنچىلىق كارخانىلىرى قۇرۇلدى.

ماقال تەمسىل ئاتىلار سۆزى مەتەل

خەلق ئارىسىدا ئۇزاقتىن داۋام قىلىپ كەلگەن، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئېلىنغان، پەند - نەسىھەت مەزمۇن قىلىنغان ۋەزىنلىك، ئوبرازلىق گەپ.

ماقال — سۆزنىڭ ئاتىسى. * ئىشەنمە، يامان ئېيتسا شېرىن ماقال، ھەسەلگە زەھەر قاتمىقى ھەر ئېھتىمال. * تەمسىل ياپرىقى. ماقال مېۋىسى. * ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى. * مەتەل مەجازىي ئىبارىدۇر.

ماڭقا مىشقىرىق پوتلا يىلڭ گاجالڭ

بۇرۇن پەردىسى چىقارغان سۇيۇقلۇق.

“ماڭقا” يەنە ماڭقىسى كۆپ ۋە ئېقىپ تۇرىدىغان كىشىگىمۇ ئېيتىلىدۇ.

“گاجاڭ” غۇلجا شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ماڭقا تازىلاپ تۇرۇلمىسا، بۇرۇن كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. * سېيىت ماڭقا «غۇنچەم» دراممىسىدىكى بايۋەچچىنىڭ ئوبرازى. * مىشقىرىقنى كىشى ئالدىدا مىشقىرىش سەت قىلىق. * پوتلاڭنى ئېقىتماي، نېرى كەت.

مال I مۈلۈك تەئەللۇقات دۇنيادەپىنە ئىيى

ماددىي بايلىق.

قولىدا مېلى يوقنىڭ چىرايىدا قېنى يوق. * مېلى يوقنىڭ ھۆسنى يوق. * ئەخلاق بىلەن ھۈنەر ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان ئەڭ ياخشى مۈلۈك. * تەئەللۇقاتىڭ تولۇپ تۇرسىمۇ تاماشاغا بېرىلمە. * ياشلىقتا دۇنيادەپىنە ئىزدىمە. * ئاتاڭدىن دۇنيا قالغۇچە، ھۈنەر قالسۇن.

مال II چارۋا چارپاي مال-ۋاران قوي-ئۆچكە

قولدا بېقىلىدىغان ئۇششاق ھايۋان.

مال بولسا مومام باقار. * مېلى بارنىڭ مېلىغا، مېلى يوقنىڭ جېنىغا. * ئۈچ نەرسىدە بەرىكەت كۆپ: مالدا، تالدا، شالدا. * چارۋا — باراڭ. * چارۋا قىل — باي بول. * چارۋا-مېلىڭ يۈزگە يەتسە، ئۆيۈڭدە گۆش ئۆكسىمەس، * چار پاي بولمىسا، جان باقماق تەس. * ۋال-ۋارانىڭ كۆپ بولسا، قورساق توق دېگىن. * مېھمان قويدىن ياۋاش. * ئۆچكە تاغقا چىقمىسا تۇيىقى قىچىشىدۇ.

مالچى قويچى چوپان

مال-چارۋىنى باقىدىغان كىشى.

مالنى كېپەككە ئال، مالچىنى ئالتۇنغا. * قويىنى قويچى باقار،

بۆرە مارار. * قويچىدىن باجاڭ بولسا، قويۇڭ قوشكېزەك تۇغار. * ئەقىل پادىشاھتۇر بەكمۇ مېھرىبان، قويلارنى بۆرىدىن قوغدىغان چوپان. * بوزنى ئېچىشتا ساپان لازىم، مالنى بېقىشقا چوپان.

مالچىلىق چارۋىچىلىق

يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىر تارمىقى، مال-چارۋىلارنى بېقىش، پەرۋىش قىلىش، ئۆستۈرۈش كەسپى.

مالچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش — بىزنىڭ فاڭجېنىمىز. * چارۋىچىلىق كۆچە-كۆچە، دېھقانچىلىق كۈندۈز-كېچە.

مال دوختۇر ۋېتېرىنار

مال-چارۋىنىڭ كېسەللىرىنى داۋالىغۇچى مۇتەخەسسىس.

مال دوختۇرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش — چارۋىچىلىقتا مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

مالىمان قالايمىقان

تەرتىپسىز، پاتپاراق ھالەت.

بازاردىكى مالىمانغا يانچۇقچى ئامراق. * ئەدەبىنىڭ گۈللىنىشى — مالىماننىڭ تۈگىشى. * قالايمىقان دوست تۇتقاننىڭ ھەقىقىي دوستى بولماس.

مالىمانچىلىق قالايمىقانچىلىق

ئەنسىزلىك پەيدا قىلىدىغان، قالايمىقان، تەرتىپسىز ھالەت، ۋەقە.

بېشىدىن مالىمانچىلىق ئۆتكەن تىنچلىقنىڭ قەدرىنى بىلەر. * بازاردا قالايمىقانچىلىق بولسا، ئوغرى كارامىتىنى كۆرسىتەر.

مامۇق پەي

قۇشلارنىڭ بەدىنىدىكى ئۇششاق، يۇمشاق تۈك، تىۋىت.

غاز مامۇقى بىلەن ئەلا، ئادەم بىلىمى بىلەن. * ئەقىللىق قۇش پەيلىرىنى ئاسرايدۇ، ئەقىللىق ئادەم ۋاقتىنى.

مانېكېن كىيىم قېلىپى مودېل

ماگىزىنلاردا، كىيىم تىككۈچى فابرىكىلاردا كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئادەم شەكلىدە ياساپ قويۇلغان قېلىپ.

هازىر بىزنىڭ ماگىزىنلاردىمۇ مانېكېنلار كۆپىيىپ قالدى.

مانۇفاكتۇرا ئىشخانا

قول ھۈنەرۋەنلەر يىغىلىپ، شېرىك بولۇپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان، ئەمما يەنىلا قولدا ئىشلەشنى تېخنىكىي ئاساس قىلغان كارخانا.

مانۇفاكتۇرا قول سانائىتى — كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچى.

ماھىيەت مېغىز زەمىر

تۈپ مەنە، ئىچكى مەزمۇن.

يىلان تېرە تاشلايدۇ، ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ * مەسىلىگە ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيىتىنى تاپقاندىلا، ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. * گەپنىڭ مېغىزىنى دە، ئۇششۇقىنى قوي.

ماۋزۇ تېما سەرلەۋھە

نۇتۇق، كىتاب، ئەسەر، ماقالىنىڭ نامى.

ماۋزۇسىغا قاراپ مەزمۇنى. * تېمىنى ياخشى ئويلاپ بېكىتىش، نۇتۇقتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. * كىتابنىڭ سەرلەۋھەسى چىرايلىق يېزىلىپتۇ، ئىچى ئۇنچە ئەمەس ئىكەن.

ماۋزۇلۇق تېمىلىق سەرلەۋھەلىك

ماۋزۇ-تېمىغا ئائىت.

جياڭ زېمىن باش شۇجى بېيجىڭدا 20-سېنتەبىر لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، «لۇشۈن روھىنى يەنىمۇ ئۆگىنەيلى ۋە جارى قىلدۇرايلى» ماۋزۇلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. * مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» تېمىلىق شېئىرلار توپلىمى كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. * «سىڭلىمغا» سەرلەۋھەلىك شېئىر، بەلكىم، ھەممە شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك، بالا شائىر شۇنداق سەرلەۋھەلىك شېئىر يازماي قالمايدۇ.

مەپتۇن مەھلىيا مەستانە شەيدا ئەسىر پەرۋانە قىنىشماق

بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە جان-دىلىدىن بېرىلمەك. "قىلماق"، "بولماق"لار بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئۇ نازىنىن گۈزەل جىلۋىسى بىلەن مېنى مەپتۇن قىلدى. * كىيىم كۆزنىلا مەھلىيا قىلار، بىلىم ئالقىشقا ئىگە قىلار. * چىرايلىق سۆزۈڭگە بولما مەھلىيا، سۆزۈڭدىن ئىشىڭنى بىزەت ئاۋۋالا. * بىر كۆرۈپ مەستانە بولغاندا ئىشەنچ يوق. * ۋاپادا ئوخشىما بۇلبۇلغا ئەسلا، ھەر ئان ئۇ ئۆزگە گۈل شېخىدا شەيدا. * مەنزىلىم ئىدى يىراق، ئەسىر قىلدى بىر قاراپ. * ئىشق ئوتىدا بولدۇم پەرۋانە، ئەندى بولاي دىۋانە.

مەجاز تراپ

سۆز-ئىبارىلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى.

"ئاق ئوردا" ئا ق ش ھۆكۈمىتىنىڭ مەجازى نامىدۇر. * 4-سىنىپ ياخشى ئوقۇيدۇ.

مەدھىيە قەسىدە ئالقىش

بىرەر كىشى، تەشكىلات، ۋەقەنى ماختاپ يازغان شېئىر

ياكى ئېيتقان سۆز.

ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇغاننىڭ تىڭشىغۇچىسى ئۆزى. * ئۇ پارتىيىگە ئاتاپ قەسىدە يازدى. * بىلىملىك كىشى جاھاننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەر.

مەدىكار كۈنلۈكچى تەرچى

كۈنلۈك ئەمگەك كۈچىنى سېتىپ، خەقلەرنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان كىشى.

ھازىر مەدىكار بازىرى پەيدا بوپتۇ. * مەدىكار ئەمگەك كۈچىدىن ئايرىلغانغا مەدەتكار. * كۈنلۈكچىنىڭ كۈنى تەس.

مەدىكارلىق مەدىكارچىلىق كۈنلۈكچىلىك

مەدىكار، كۈنلۈكچىنىڭ ئىشى.

ئاكام مەدىكارلىق قىلىدۇ. * مەدىكارچىلىق ئەيىب ئەمەس، بىكارچىلىق ئەيىب. * كۈنلۈكچىلىك قىل، تىلەمچىلىك قىلما.

مەرتىۋە ھەسەب

جامائەت ئىچىدىكى ئىززەت - ھۆرمەت؛ مەنسەپ - ئەمەل.

”ھەسەب“ كەم قوللىنىلىدۇ.

مەرتىۋىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس، ئەخلاقىنىڭ كەملىكىدىن ئەنسىرەش كېرەك. * تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان قىز - يىگىت نەسەبتە باشقا، ھەسەبتە تەڭ بولغىنى ياخشى.

مەرد مەردانە

ھېچنېمىدىن ئايانمايدىغان، قورقۇنچسىز.

مەردنى مەيداندا كۆر. * مەردنىڭ قولىغا لاچىن قونار. * ئېگىلمەس كۆڭۈلنى مەردانە ئېگىدۇ.

مەردلىك مەردانىلىك

قورقۇمسىزلىق، ھېچنېمىدىن ئايانماسلىق.

مەردلىك — مەڭگۈلۈكنىڭ تەڭدىشى. * مەردانىلىك بىلەن ياشىغان ئارمانسىز كېتىدۇ.

مەرگەن پالگان ئاتىم

ئۇستا ئاتقۇچى، ئۇستا ئوۋچى، ئاتقان ئوقى خاتا كەتمەيدىغان.

مەرگەن سەۋر قىلسا ئەقلىدىن نىشان، كامانغا قايتمايدۇ ئۇچقان ئوق ھېچ ئان. * ئۇستا پالگاننىڭمۇ تەگكۈزەلمەيدىغان چېغى بولىدۇ.

مەرمەر مرامور

ھەر خىل رەڭدە ئۇچرايدىغان كرىستاللىق تاغ جىنسى، بىناكارلىقتا ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

چىرايلىق مەرمەرگە پەرداز كەتمەس.

مەرھەمەت ھىممەت ئىلتىپات

رەھىم - شەپقەت يۈزىسىدىن قىلىنغان ياخشىلىق.

مەرھەمەت ھەددىدىن ئاشقان زامان، شۈكۈرمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ بىگۇمان. * شادلىقنىڭ مېۋىسى ھىممەتتۇر، ھىممەت، ھاياتنىڭ مېۋىسى ھىممەتتۇر، ھىممەت. * ھىممىتى يوقنىڭ ھۆرمىتى يوق. * ئىلتىپاتىڭ بولسۇن دېمەيمەن، خىيانىتىڭنى كۆرمىسەم دەيمەن.

مەرھەمەت قىلىش ئىلتىپات قىلىش

سۆلكەت: كىشىنى بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە تەكلىپ قىلغاندا ئېيتىلىدۇ.

قېنى، ئاشقا مەرھەمەت قىلىڭ. * مەرھەمەت قىلىپ، ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز ئىدى. * ئىلتىپات قىلسىلا، قېنى ئىلتىپات

قىلىسىلا، — دېدى ساھىبخان مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ.

مەرھۇم رەھمەتلىك مۇتەۋەپپا

ۋاپات بولغان كىشى.

”مۇتەۋەپپا“ قىرقى توشمىغانغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ياخشى شائىر ئىدى. * ئۆلگەن ئادەم رەھمەتلىك. * رەھمەتلىك ئانام بولسا، بۇ كۈنگە قالماس ئىدىم. * مۇتەۋەپپا ھامۇت مۇھەممىدىنىڭ نامىزىغا باردىم.

مەرىپەت ئىرپان ئاقارتىش

ئىلىم-بىلىم، مەدەنىي تەرەققىيات.

باشاق تەرگىن سەئىدىيدەك ھامان، يىغارسەن پۈتۈن مەرىپەتتىن خامان. * ئىرپان ئىلىم-بىلىم بىلەن كېلىدۇ. * ئاقارتىش ئىشى مىللەتنى تەرەققىياتقا باشلايدۇ. * ئازادلىقتىن بۇرۇن ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى بار ئىدى، ئۇ مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ھەسسە قوشقانىدى. * ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردە ئاقارتىش ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان.

مەرىكە مۇراسىم

داغدۇغىلىق، كۆڭۈللۈك يىغىلىش.

مامۇت بىلەن مەرىيەمنىڭ توي مەرىكىسى قىزىق ئۆتتى. * ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا مەكتەپ رەھبەرلىرى تولۇق قاتناشتى.

مەرىيە كۆرپە

قوزا-توقلىنىڭ تېرىسى.

مەرىيە توماق كىيگەن كىشىنى كۆردۈم. * كۇچا كۆرپىسى داڭلىق.

مەزە گېزەك تەرگۇ

داستىخانغا تىزىلغان ھەر خىل شىرنىلىكلەر.

گېزەك“ قەنت-گېزەك دەپ قوش سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

چايدا داستىخانغا ھەر خىل مەزىلەر تارتىلىپتۇ. مەزىگە باقىسىلا، — دېدى ساھىبخان. * داستىخىنىمىز چۆپچۆل بولۇپ قالدى، قەنت-گېزەك ئاز بولۇپ قالدى.

مەزمۇن مەپھۇم

بىرەر سۆز-نۇتۇق، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى، ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسىنىڭ ماھىيىتى.

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى — ئەدەبىيات-سەنئەتتە بىزنىڭ فاڭجېنىمىز ۋە تەلىپىمىز. * ماۋزۇدىن ئۆتۈپ، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەپھۇمىدىن چۈشەنچە ئېلىش لازىم.

مەزھەپ ئېقىم

دىن ۋە سىياسىي قاراشلاردا ئۆز ئالدىغا مەلۇم تەشەببۇسلار بىلەن چىققان بۆلەك.

ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى كۆپ. ئەڭ چوڭلىرى سۈننىي، شىيەلەردۇر. * ياۋروپادا يېڭى پەلسەپىۋىي ئېقىملار پات-پاتلا پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

مەسەل باسنا

كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەقەلەر ھايۋانات ۋە ناباتاتلارغا كۆچۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن كىچىك شېئىرى ياكى نەسرىي ئەسەر.

مەسەل سۆز سەنئىتىنىڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىدىن بىرى. * ئېزوپ مەسەللىرى دۇنياۋى ئەدەبىياتتا مەشھۇر. * «كەلىلە ۋە دىمنە» مەسەللەر قامۇسىدۇر. * مەسەلگە بۇلبۇلنىڭ قورسىقى تويماس.

مەست كەيىپ ئەسۇر

ئىچىملىك ياكى چېكىملىك تۈپەيلىدىن نورمال تۇيغۇنى

يوقاتقان ھالەت ياكى شۇنداق كىشى.

مەست ئادەمگە يورۇق كۈنمۇ زۇلمەت. * كەيپ بولساڭ، كەينىڭدىكىلەرنى كۆرمەيسەن.

مەستلىكى كەلمەك ھەۋسى كەلمەك قىزىقسىناق

بىراۋنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ قىزىقىش ھەس قىلماق.

مۇھەممەتنىڭ قىزى ئەجەب ئوماق قىز بوپتۇ. مەستلىكىم كېلىپ كەتتى. * چىرايلىق كەشتە تىكىۋاتقان قىزنىڭ ھۈنىرىگە ھەۋسىم كەلدى. * تىياتىرنى كۆرۈپ، ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىگە قىزىقتىم.

مەستۇرە روپاچ مەسۇم ئەركەك چىۋىن قونمىغان ئانىسى سۆيمىگەن

خوتۇن-قىزلار ھەققىدە؛ ئىپپەتلىك، پاك.

"مەستۇرە" "روپاچ" ياتلىق بولغان ئايال-لار ھەققىدە، "مەسۇم"، "ئەركەك چىۋىن قونمىغان"، "ئانىسى سۆيمىگەن" قىزلار ھەققىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ماموت ئاخۇن خوتۇنىنى مەستۇرە قىلىۋاپتۇ، سىرتقا چىقارمايدىكەن. * رۇقىيخان روپاچ مەجلىسكە كەلمەيدۇ، كەلسىمۇ يۈزىنى يېپىۋالىدۇ. * مەرىپەت — مەسۇم قىز. * ھېپىزەم ئەركەك چىۋىن قونمىغان قىز. * ئايزىمخاننى دەمسەن، ئۇ قىز ئانىسىمۇ سۆيمىگەن قىز.

مەسچىت جامە خانىقا ھېيتگاھ

مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان يەر، ناماز ئوقۇيدىغان جاي.

"مەسچىت" ئومۇمىي نام.

"جامە، خانىقا" چوڭراق بولىدۇ، جۈمە نامىزى ئوقۇشقا باپ كېلىدۇ، ئادەتتىكى مېھرابتىن باشقا، خۇتبە ئوقۇيدىغان

مۇنبەر بولىدۇ.

"ھېيتگاھ" ئەڭ چوڭ، ھېيت نامىزى ئوقۇشقا لايىق، سەيناسى چوڭ بولىدۇ.

مەسچىتتە مورا يوق، ئادەتتە دورا. * كۈندۈزى چېركاۋنى ياقىلايدۇ، كېچىسى جامەنى مارىلايدۇ. * خانىقا — خان خوجامنىڭ خانىسى. * داچەن ئۇينا تاۋكادا، پۇلنى خەجلە ھېيتگاھدا.

مەسلەك ئىزىم يول

ئوبيېكتىپ تۇرمۇش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىلمىي مەسىلىلەردە قۇۋۋەتلىگەن سىستېمىلىق نەزەرىيە، تەشەببۇس.

"ئىزىم" يالغۇز كەلمەيدۇ. "چىلىك/چىلىق"قا ئوخشاش قوشۇمچە سۆزگە ئۇلىنىپ، شۇ "مەسلەك"، "يول" مەنىسىنى بېرىدۇ.

مەسلەكتە چىڭ تۇر، چۈنكى ھاياتتىن قىممەت، رازى بول كەتسىمۇ جان، شەنىمىز پاك قالسا پەقەت. * ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقەتنى كونكرېت ئەھۋالغا بىرىكتۈرۈش لازىم.

مەسلىھەت بەرمەك ئەقىل كۆرسەتمەك ئەقىل ئۆگەتمەك

بىراۋغا بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈستىدە پىكىر، كۆرسەتمە بەرمەك.

ياخشىغا مەسلىھەت بەر، ياخشىدىن مەسلىھەت ئال. * ئەقىل كۆرسىتىش بالىنى ياخشى يولغا باشلاشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. * ھورۇنغا ئىش بۇيرۇساڭ، ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر.

مەسلىھەتچى مۇشاۋىر سوۋېتنىك

مەخسۇس بىلىمى بولغاچقا، شەخس ياكى ئىدارە ئۆز ئىشىدا پىكىر، مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن قويغان شەخسى.

"مۇشاۋىر"، "سوۋېتنىك" ھازىر ئىشلىتىلمەيدۇ.

مەسلىھەتچى كۆپ، ياردەمچى ئاز. * مەسلىھەتچى بولساڭ، چېقىمچى بولما.

مەسلىھەت سورىماق ئەقىل سورىماق

بىراۋدىن بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈستىدە پىكىر، كۆرسەتمە تەلەپ قىلماق.

مەسلىھەت سورىسا ئىنسان، رەت قىلما ھېچقاچان. * بىر كۈن ئالدىرىغاندىن قىرىق كۈن ئەقىل سورىما.

مەسئۇل جاۋابكار

مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، ۋەزىپىسى ئۈچۈن جاۋاب بېرىش.

بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە سەن مەسئۇل. * قولىنىڭ گۇناھىغا باش جاۋابكار.

مەسئۇلىيەت جاۋابكارلىق

ئىش ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن مەسئۇل، جاۋابكار بولۇش.

مەسئۇلىيەتتىن قورقماسلىق، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش روھى ياخشى خىسلەت. * مۇھەببەت چوڭقۇر بولسا، جاۋابكارلىق كۈچلۈك بولار.

مەسىلە مۇئەممە پروپلېما

ھەل قىلىنىشى لازىم بولغان، بەھس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش-ھەرىكەت.

"مۇئەممە"، "پروپلېما" ھازىر كەمدىن-كەم ئىشلىتىلىدۇ.

ھەممە ئادەم نادانمۇ بولۇپ قالىدۇ، ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل مەسىلىدە. * ھەل قىلالماس تېپىشماق بار بىر مۇئەممە، توققۇز

شېشىدىمۇ يوق ئەجەلگە داۋا.

مەشئەل ماياك فاكىل يولقا

ئومۇمىي مەنىسى: يولنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغ.

ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئىشلەت ھەرمەھەل، ئۆچمىسۇن كۈچ بىلەن يېقىلغان مەشئەل. * غايە — يول كۆرسەتكۈچى ماياك.

مەشغۇل مەلەك مەغۇل ھەلەك

بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كىرىشىش.

نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىسىز؟ * يوقىلاڭ بىر ئىش بىلەن مەلەك بولۇپ قالدىم. * بولدى، بۇنىڭ بىلەن مەغۇل بولۇپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى. * جىق ھەلەك بولدۇم، يەنىلا تۈزىيەلمىدىم.

مەقبەرە ماۋزولېي

قەبرى ئۈستىگە ياسالغان مونۇمېنتال يادىكارلىق.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى قەشقەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدا. مەقبەرە قايتىدىن ياسالغاندىن كېيىن، ھازىر سەيلىگاھ بولۇپ قالماقتا.

مەقسەت مۇراد مۇددىئا غەرەز

ئېرىشىش، ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتقان نەرسە.

"غەرەز" سەلبىي مەنىدە.

مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئاچقۇچى — سەۋرچانلىق. * ئالدىرىغان مۇرادىغا يەتمەس. * قىلمىسا داۋاملىق ھەقىقىي ھەرىكەت، ئاشمايدۇ ئەمەلگە ھېچ مۇراد-مەقسەت. * كۆڭۈل تىلىگەن مۇرادىغا يەتسە كىشى، يا بارچە مۇرادىدىن كەچسە كىشى، بۇ ئىككىسى مۇيەسسەر بولمىسا مۇندا، باشنى ئېلىپ، ھايىقىرىبان كەتسە كىشى. * موللىنىڭ مۇددىئاسى بىسمىللاسىدىن مەلۇم. * جاۋابىدىن مەلۇم بولىدۇ دانا، ئاڭا ئاچار

جامال، ئارزۇ مۇددىئا. * غەرەزدىن غەزەر تۇغۇلار.

مەكتەپ مەدرىس شۆتاڭ ئۇقۇل

ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك تەلىم - تەربىيە مۇئەسسەسەسى.

"شۆتاڭ" خەنزۇچە: 学堂

بالاڭنى يا مەكتەپكە بەر، يا مەشرەپكە. * قەشقەردىكى خانىلىق مەدرىسە زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ئىدى. * گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا شۆتاڭدا ئوقۇغانلار "بەگ" دېگەن "ئۇنۋان" ئالاتتى.

مەڭگۈ ئەبەدىي ئەبەدىلئەبەد ئۆمۈرۋايەت ئۆمۈر بويى باقىي ئابامۇ

ئۇزاق، چەكسىز ۋاقىت.

ئەخلاق — مەڭگۈلۈك، بايلىق — بىردەملىك. * ئۇلۇغ ئىشقا جان تىككەننى خەلق ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ. * ئىلىم ھەم باقىيدۇر، ھەم ئەبەدىي ئۇ، ئىلىمدىن باشقىسى سېۋەتتىكى سۇ. * دۈشمەن قولىغا چۈشكەن ئەبەدىلئەبەد خار. * خەقنىڭ قولىدا جان باقماق بولغان ئۆمۈرۋايەت ئاچ قالار. * بىرىنچى بولغانلار بىلەن ئېلىشىشتىن قورققان ئۆمۈر بويى بىرىنچى بولالمايدۇ.

مەڭگۈ تاش ئابىدە بىتىگ تاش

قەھرىمانلىق قىسسىسى تاشقا ئويۇپ تىكلەنگەن ۋە ئومۇمەن قەدىمدىن قالغان تارىخىي يادىكارلىق.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن كولتېكىن مەڭگۈ تېشى 1889 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ كوكشىن ئورخۇن ۋادىسىدىكى خوشۇت - سايدامدىن تېپىلغان. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى كولتېكىن مەڭگۈ تېشى تېپىلغان يەردىن شۇ ۋاقىتتا تېپىلغان. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى

1891 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باين چوكتو دېگەن يەردىن تېپىلغان.

مەلھەم زىمات ياقىغ

يارىغا چاپلايدىغان يۇمشاق، يېپىشقاق دورا.

باغدادتىن تەرناك مەلھەم كەلتۈرۈلگۈچە يىلان چاققان ئۆلگەن بولار.

مەلىكە قوڭجۇ

پادىشاھنىڭ قىزى؛ پادىشاھنىڭ ئايال قېرىنداشلىرى.

"قوڭجۇ" خەنزۇچە: 公主

تاڭ سۇزۇڭ 758 - يىلى ئۆز قىزى مەلىكە نىڭگونى ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرغا ياتلىق قىلدى.

مەملىكەت دۆلەت ئەل

مەلۇم چېگرا بىلەن ئورالغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تېررىتورىيە.

"دۆلەت" تېررىتورىيە دائىرىسىدىكى "ھاكىمىيەت" مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەملىكەت ئىتتىپاقى ئادىل يولنى تۇت، بولمىسا سەن ئۇنداق ھەۋەسنى ئۇنۇت. * دۆلەت شېئىرى؛ دۆلەت گېربى؛ دۆلەت بايرىقى؛ دۆلەت باشلىقى. * دۆلەتنى قوغداش ھەربىر پۇقرانىڭ مۇقەددەس بۇرچى. * ئەل ئەلدىن قالسا، ئەرگە نومۇس.

مەمۇرىي مۈلكىي

مەمۇرىيەتكە دائىر، ھەربىيگە نىسبەتەن.

مەمۇرىي ئورگانلاردىكى تەرجىمانلارنىڭ ئۇنۋانىنى بېكىتىش ئۇتتۇقلۇق تۈگىدى. * نۇرغۇن دۆلەتلەردە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى مۈلكىي ئەمەلداردىن قويۇلغان.

مەن كەمىنە پېقىر بىز

1 ـ شەخس كىشىلىك ئالمىشى، "مەن" ئەڭ ئومۇمىي، قالغانلىرى ئاز ئىشلىتىلىدۇ، كەمتەرلىك مەنىسى بار.

"بىز" ئالاھىدە ئەھۋالدا بىرلىك ساندا كېلىدۇ.

مېنىڭ ئىدى، سېنىڭ بولدى، سورۇۋېدىم دورا بولدى. * كەمىنىلىرى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەن. * پېقىر بۇ يەرلىك ئەمەس، مۇساپىر. * بىزنىڭ پىكرىمىز؛ بىزنىڭ خوتۇن. * بىز ئەمدى تۆۋەندە مەۋجۇدادنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە سۆزلەيمىز.

مەنزىرە كۆرۈنۈش كارتىنا

كۆزگە كۆرۈنگەن ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان تەسۋىر.

مەنزىرىنى ئاڭلىغان كۆرگەندىن ئارتۇق. * تاشقى كۆرۈنۈش ئىشەنچلىك ئەمەس.

مەنسەپ ئەمەل تۇتۇق

ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى مەرتىۋە، خىزمەت ـ ۋەزىپە ئورنى.

مەنسەپ تالاشقۇچە، بىلىم تالاش. * كاتتا مەنسەپكە ئولتۇرغاندىمۇ ئىلىم ئاشۇرۇشنى پىكىر قىل ھەر دەم، مەنسەپ بىلەن كاتتا ئەمەس ئادەم، مەنسەپ ئادەم بىلەن مۆھتەرەم. * ئەمەلىدىن قورقمايمەن، ئەلىمدىن قورقىمەن. * ئەمەل تۇتساڭ غادايما، چۈشۈپ كەتسەڭ، مۆكچەيمە.

مەنسەپدار ئەمەلدار مەمۇر زابىت ئوفىتسېر

مۇلكىي ياكى ھەربىي ـ ساقچى ئورۇنلاردا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان شەخس.

"زابىت" ساقچى ئەمەلدار.

"ئوفىتسېر" ھەربىي ئەمەلدار.

مەنسەپداردىن مەنپەئەت تەگمەس. * نەپسى يامان ئەمەلدارنىڭ پارا يېمەيدىغىنى يوق. * ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى پاك، ئادىل بولۇشى كېرەك. * ساقچى زابىت ساقچىلارنى تەرتىپ ساقلاشقا بۇيرۇدى. * ئازادلىق ئارمىيىدە ئوفىتسېر بىلەن ئەسكەر بىرلىكى يولغا قويۇلغان.

مەنسۇپ قاراشلىق تەئەللۇق تەۋە تالىق

قارايدىغان، قارمىقىدا بولغان.

شان ـ شەرەپ خەلققە مەنسۇپ. * غەلىبە ئىرادىلىككە تەئەللۇق. * ئۆكەر يانغا ئۆتسە، يازغا تەۋە، تۇماق گەدەنگە چۈشسە تازغا تەۋە. * بىزنىڭ بارلىقىمىز خەلقىمىزگە تالىق.

مەنسىتمەسلىك كۆزگە ئىلماسلىق

يارىماس دەپ ھېسابلاپ، ئېتىبارغا ئالماسلىق.

ئۇ شۇنداق ھاكاۋۇر، ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ. * ھەرقانداق ئىشنى ئومۇملۇقتىن مەنسىتمەسلىك، كونكرېت كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. * ئۇ سېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ساڭا پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ. * كۆزگە ئىلمىغاننى كۆزگە ئىلماسلىق ھەقلىق.

مەنى سپېرما ئۇرۇقلۇق

ئەر كىشى ۋە ئەركەك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئايرىلىپ چىقىدىغان سۇيۇقلۇق.

مەنىنى قول بىلەن ئاقتۇرۇش سالامەتلىككە زىيانلىق ھەم قىلىقسىزلىق. * توڭلىتىلغان سپېرما بىلەن ماللارنى ئۇرۇقلاندۇرۇش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. * ئۆلگەن ئۇرۇقلۇقتىن نەسىل قالمايدۇ.

مەنداش سۆز سىنونىم

تاۋۇش تەركىبى، تەلەپپۇزى جەھەتتىن باشقا ـ باشقا، ئەمما

مەنىسى تامامەن ئوخشاش ياكى يېقىن سۆزلەر.

قولىڭىزدىكى بۇ لۇغەت «ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر لۇغىتى»دۇر.

مەنىسىز بىمەنە

ئەھمىيىتى يوق، قۇرۇق، تۇتۇرۇقسىز.

مەنىسىز گەپ كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ. * بىمەنە ماختاش ماختىغۇچىنىمۇ، ماختالغۇچىنىمۇ يەرگە قارىتىدۇ.

مەنىۋى روھىي

كىشىنىڭ ئىچكى ھاياتىغا دائىر، ھېس-تۇيغۇغا ئائىت.

ئادەم ئۇچۇن ماددىي تۇرمۇشلا بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش بولمىسا بولمايدۇ. * تەنقىدنى قوبۇل قىلغاندىلا، روھىي جەھەتتىكى بارلىق داشقاللارنى تازىلىغىلى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىلا، مەنىۋى جەھەتتە يېڭى ئوزۇقلۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەھبۇس تۇتقۇن

ھەپسىگە ئېلىنغان كىشى.

سىياسىي مەھبۇسلار ئازاد قىلىنسۇن! دېگەن شوئارلار، ئىسرائىلىيەدە نامايىشتا دائىم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. * لىۋان ئامېرىكىلىق تۇتقۇنلارنى بوشاتتى.

مەھسۇل مەھسۇلات بۇيۇم تۇش

ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسە.

ماقال — مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. * دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى؛ سانائەت مەھسۇلاتلىرى. * مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش بىزنىڭ فاڭجېنىمىز. * تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا كاپالەت بېرىش لازىم.

مەۋجۇدىيەت بارلىق

تەبىئەتتىكى بار نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى.

مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. * ئاسمان ۋە زېمىندا ھەممە بارلىق ئادەمنىڭ پىكرىدىن تاشقىرى.

مەيدان I پلاشاد سەيخانا سورۇن

ئوچۇق يەر، ھەر خىل ئومۇمىي مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشكە تەييارلانغان يەر.

“سەيخانا” ھەرىكەت قىلىدىغان سەھنە.

“سورۇن” كۆپچىلىك توپلىشىپ قىلىنغان ئولتۇرۇش ئورنى.

مەردنى مەيداندا سىنا. * ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ھازىر ھەر كۈنى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. * سەيخانىدا ئولتۇرما، مەيخانىغا بارما. * سورۇن كۆرگەن كىشى كۆپنى بىلىدۇ.

مەيدان II مەۋقە تۇرغۇ پوزىتسىيە

ئادەم ۋە باشقا ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى.

“تۇرغۇ” مەسىلىنى كۆزەتكەن ۋە ئۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقارغاندا تۇرغان ئورۇن.

“پوزىتسىيە” ئىش-ھەرىكەتكە تۇتقان قاراش ۋە ھەرىكەت.

كولومبىيە گېزىتى «كۆزەتكۈچىلەر» ماقالە بېسىپ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش توغرىسىدىكى مەيدانىنى مەدھىيىلىگەن. * جىددىي ئۆزگىرىش پەيتىدە ھەركىم ئۆز مەۋقەسىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بەلگىلىشى لازىم. * ھەركىم ئۆز تۇرغۇسىدىن سۆزلەيدۇ. * ھەرقانداق ئىشقا دۇچ كەلسەڭ، پوزىتسىيەڭ ئېنىق بولسۇن.

مەيدە ئاشقازان

ھەزىم قىلىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى، خالتىغا ئوخشايدۇ. يۇقىرى ئۇچى كانايغا ئۇلانغان، تۆۋەن ئۇچى 12 بارماق ئۈچەيگە تۇتاشقان.

مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس. * ئاشقازان يارىسى ساقايماس كېسەل ئەمەس. تىببىي ئىلىم چارىسىنى تاپتى.

مەيۈس خامۇش كۆڭلى پەرىشان كۆڭلى يېرىم

ئۈمىدسىزلىكتىن، كۆڭۈلسىزلىنىش، چۈشكۈن ھالغا چۈشۈش.

ئۇ قىز كۆل بويىدا مەيۈس ئولتۇراتتى. * خامۇش يىگىت نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. * قۇرغۇيىم ئۇچتى قولۇمدىن قايدا مېھماندۇر بۈگۈن، دەخلى بەرمەڭلار يارىمغا، كۆڭلى پەرىشاندۇر بۈگۈن. * سەندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولدى.

مودا فورما پاسون ياڭزا

ئىش-ھەرىكەت، بولۇپمۇ كىيىم-كېچەكنىڭ كۆپچىلىك قوبۇل قىلغان شەكلى.

مودا قوغلىشىش بىر خىل يامان ئادەت، چۈنكى مودا قوغلاشقۇچىنىڭ جامالى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. * دوكلاتتىن كېيىن، "كۆپچىلىككە رەھمەت" دېيىش ھازىر خېلى مودا بولۇپ قالدى. * جىلىتكەڭنىڭ فورمىسىنى ئىلىۋالسام، بىرىپ تۇرساڭ. * يېڭى پاسوندا كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز كوچىدا مەغرۇر كېتىۋاتاتتى. * بۇ چاپاننىڭ ياڭزىسى خېلى ياخشى ئىكەن. * يىراق يەرنىڭ گېپى ھەر ياڭزا.

موللا داموللا ئۆلىما مەۋلىۋى مەۋلانە

ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم ئەھلى، دىنىي زىيالىيلار.

موللام دۇئاغا زورلار. * بوپتۇ، ئادەم بولغۇڭ كەلمىسە، موللا بول. * داموللام ئىلىشنى بىلەر، بېرىشنى بىلمەس. * ئېيىقنى ئۆگەتسەڭ، داموللا بولار * ياندىكى موللام بار موللام، يىراقتىن كەلگىنى داموللام. * ئۆلىمالىقمۇ بىر ھۈنەر، چاپا چەكمەي پۇل ئۈنەر. * مامۇت مەۋلىۋى كىتابخانىلىق قىلدى.

موما I چوڭئانا جىجە قۇرتقا

ئاتا-ئانىنىڭ ئانىسى.

"جىجە" لوپنۇر دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

"قۇرتقا" لوپنۇر دىيالېكتىدا، ئانىنىڭ ئانىسى. ئانىسىنىڭ ئانىسىنى كۆرسىتىدۇ.

"چوڭئانا" بەزى شېۋىلەردە ئاتىسىنىڭ ئاچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مال بولسا، مومام بېقىپتۇ. * چوڭئانام چايغا ئامراق، شاما چاينايدۇ.

موما II خادا مۇمۇن

يەرگە تىك قادالغان، بېشى ئۇچلۇقراق ياغاچ.

خامانغا موما قادالغاندى. * يىراقتىن بىر خادا ياغاچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

موماي كەمپىر ئاچى قۇرتغا

كۆپ ياشىغان، چوڭ ياشلىق ئايال.

موماي مومايىنى ئاپا دەپتۇ. * مومايىنىڭ كۆزى ئۇسسىدا، گادايىنىڭ كۆزى پوسسىدا. * ئۆلۈم غەلۋىسىدە چال ئىڭرار ئىغىر، سەندەل قىسىرىپ دورا تەييارلار كەمپىر.

مونوپولىيە لۇگدۇەن

ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش ۋە يالغۇز ئىگىلىۋېلىش.

كاپىتالىستلار يۇقىرى پايدا ئېلىش ئۈچۈن، كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە بازارنى مونوپولىيە قىلىۋالىدۇ. * ھەممىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇرىدۇ.

موھتاج ھاجەتمەن

بىرەر نەرسىگە ھاجىتى چۈشكەن.

موھتاج — مىڭ ھۈنەرنىڭ ئانىسى. * ھاجەتمەننىڭ ھالىغا يەت.

مۇئامىلە رابىتە بېرىش - كېلىش كىرىش - چىقىش

كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت.

دوستلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىدە سەمىمىيلىك ھەممىدىن مۇھىم. * مەن ئۇنىڭ بىلەن رابىتە قىلغىلى ئۇزاق بولدى. * ئارىمىزدا بېرىش - كېلىش بولۇپ تۇرىدۇ. * ئۇنىڭ بىلەن كىرىش - چىقىش قىلىشمايمىز.

مۇئاۋىن ئورۇنباسار نائىب

رەئىس، مۇدىر قاتارلىق رەھبىري خادىملارغا ياردەملىشىپ خىزمەت ئۆتەيدىغان، شۇ خىزمەت ۋەزىپىلەرنىڭ ئىككىنچى ئورنىدا تۇرىدىغانلىرى.

مۇئاۋىن رەئىس؛ موئاۋىن مۇدىر؛ مۇئاۋىن نازىر. * مۇئاۋىن رەئىس قېيۇم باۋۇدۇن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

مۇبالىغە كۆپتۈرمە

ئۆز دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇپ سۆزلەش.

مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. * ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇبالىغە بولىدۇ. * كۆپتۈرمە پاراڭ بىر ئۆتىدۇ، ئىككى ئۆتمەيدۇ.

مۇپتىلا گىرىپتار

چېتىلىش، تۇتۇلۇش، بېرىلىش.

كۆپىنچە ئاغرىق - سىلاق، دەرد - ئەلەم، بالا - قازاغا قارىتىلىدۇ.

“بولماق”، “قىلماق” بىلەن پېئىللىشىدۇ.

كىم نېمە كېسەلگە مۇپتىلا بولسا، شۇ كېسەلنىڭ گېپىنى قىلىدۇ. * ھاراقنى كۆپ ئىچكەن كىشى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

مۇتەپەككۇر ئىدېئولوگ

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى بىلىشتە ئالاھىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە، ئۆز ئالدىغا ئىدىيىۋى سىستېما ياراتقان كىشى.

مۇتەپەككۇر بىلىمگەننى قويىچى بىلەر. * ئەلىشىر ناۋايى ئۇلۇغ ئەدىب، شۇنداقلا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇردۇر.

مۇتەخەسسىس ئىختىساس ئىگىسى

بىرەر ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەتنى پۇختا ئىگىلىگەن كىشى.

“ئىختىساس ئىگىسى” ئومۇمەن مەخسۇس بىلىمگە ئىگە، قابىلىيەتلىك كىشى. كەسىپ نامى ياكى ئاتاق ھېسابلانمايدۇ.

مەنسەپ پەقەت تىللاردىكى نەقىشتۇر، مۇتەخەسسىس ساپ ئالتۇندۇر. * ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەش لازىم. * ئىختىساس ئىگىسى ئىشچان كېلىدۇ.

مۇخ تاشقىنا

نەم يەردە ئۆسىدىغان، يىلتىزى، غولى، يوپۇرمىقىنى پەرق

ئەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

دومىلىغان تاشقا مۇخ ئۈنمەس.

مۇخبىر ژۇرنالىست

گېزىت-ژۇرنال، رادىئو ۋە باشقا مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا خەۋەر، ماقالە يېزىپ تۇرىدىغان كىشى.

ئالاھىدە مۇخبىر. * 1991-يىل 12-ئاينىڭ 26-كۈنى دىپلوماتىيە مىنىستىرىمىز چيەن چىچېن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇستەقىللىك ئېلان قىلغان روسىيە، بېلورۇسسىيە، ئۇكرائىنا قاتارلىق 11 مۇستەقىل دۆلەتنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىزنى جاكارلىدى.

مۇخبىرلىق ژۇرنالىستلىق

مۇخبىرغا ئائىت.

مۇخبىرلىق كىنىشكىسى. * مۇخبىرلىق — تولىمۇ ئوبدان خىزمەت، لېكىن ھەممىگە نېسىپ بولمايدۇ، ھەممىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

مۇداخىلە ئىنتېرۋېنتسىيە

ئارىلىشىش لازىم بولمىغان ئىشقا ئارىلىشىش.

بىز چەت ئەللەرنىڭ ئىشىغا مۇداخىلە قىلمايمىز، چەت ئەللەرنىڭ مۇداخىلىسىگىمۇ يول قويمايمىز.

مۇددەت قەرەل مۆھلەت ئىددەت سۆرۈك

بەلگىلەپ قويۇلغان ۋاقىت، چەك قويۇلغان ۋاقىت.

“مۆھلەت”، “سۆرۈك” پۈتتۈرۈشكە ياكى قايتۇرۇشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت.

“ئىددەت” ئەردىن چىققان خوتۇننىڭ ھامىلدار ياكى ھامىلدار ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن چەكلەنگەن ۋاقىت.

ئىشقا ياراپ قالسا ئىشلىمەك بىر مۇددەت، يەنە ئاشۇرۇشقا قىلىغىن سەن شىددەت. * قەرزنى قەرەلىدە قايتۇر. * ئىددەت تۇتۇش ياخشى ئادەت. * سۆرىكى توشقان نەرسىنى ۋەدە بويىچە ۋاقتىدا قايتۇرۇش لازىم.

مۇددەتلىك قەرەللىك

بەلگىلەنگەن مۇددەت، قەرەلگە ئائىت.

مۇددەتلىك ئامانەتنى مۇددىتى توشماي ئېلىشقا بولمايدۇ. * قەرەللىك يىغىنلارنى ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈش كېرەك.

مۇدىر دىرېكتور جىڭلى

مەكتەپ-مەدرىسە، كومىتېت-ھەيئەت، ئىشخانا-كارخانىلارنىڭ باشلىقى.

شىنجاڭ داشۆنىڭ مۇدىرى. * ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى. * قارىماي نېفىتلىكىنىڭ دىرېكتورى. * شىنجاڭ پولات-تۆمۈر شىركىتىنىڭ جىڭلىسى.

مۇرەببا ۋارىنيە شىنە

مېۋە، بەزى كۆكتاتلارنى شېكەر قىيامى بىلەن پىشۇرۇپ تەييارلانغان شىرنىلىك.

ئەنجۈر مۇرەبباسى. * ئۇيغۇرلاردا مۇرەببا قايىنىتىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. * ئالۇچا ۋارىنيەسى. * ۋارىنيە ياساش يولى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن كىتابچىلار چىقسا بولاتتى.

مۇرەسسە مادارا

كېلىشىش، يارىشىش ئىشى ۋە ھەرىكىتى.

“قىلماق” بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئوت بىلەن سۇ ئارىسىدا مۇرەسسە يوق. * يېقىنلار ئارا مادارا

كېرەك.

مۇزاكىرە مۇھاكىمە مۇلاھىزە مۇتالىئە سېمىنار

بىرەر مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىش ياكى مۇنازىرىلىشىش.

ئوخشاش بولمىغان قاراشلار سەممىي مۇزاكىرە ئارقىلىق ھەل بولىدۇ. * مۇھاكىمە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەر. * ھەرقانداق ئىشتا مۇلاھىزە كېرەك. مۇلاھىزە مەسىلىنىڭ ھەقىقىتى، خاراكتېرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مۇزداۋان مۇزئارت

مۇزلار بىلەن قاپلان تاغ يولى.

مۇزداۋاننى مۇز دەيدۇ، مەن بارغۇچە توڭلايدۇ، ئېرىپ قال غان بېشىمنى قادىر ئىگەم ئوڭلايدۇ. * مۇزئارت ئاقسۇ بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى مەشھۇر داۋان. * مۇزائارتتا ھازىر مۇز ئېرىپ تۈگەپتۇ.

مۇزكالتەك بىڭگۇر

يازلىق سۇسىنلىق مۇز.

سۇ، شىرنە، شېكەر، سۈتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ توڭلىتىشتىن ھاسىل بولىدۇ، ئىچىدىن بىر كىچىك كالتەك قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ.

مۇزكالتەك بىزدە يېقىنقى 30 ـ 20 يىللاردىن بېرى پەيدا بولدى.

مۇسابىقە بەس بەيگە

تەنتەربىيە، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەتتە ماھارەت كۆرسىتىپ ئۈستۈنلۈك تالىشىش پائالىيىتى.

"بەيگە" ئاساسەن ئات چېپىشتا قارىتىلىدۇ.

2 ـ نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا 27 تۈر بويىچە مۇسابىقە بولدى. * ماتېماتىكا بويىچە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارا بەس ـ مۇسابىقە ئۇيۇشتۇرۇلدى. * توي يات بىلەن ياخشى، بەيگە

ئات بىلەن.

مۇسابىقىلەشمەك بەسلەشمەك

ئۇتۇشماق، مۇسابىقە ـ بەسكە چۈشمەك.

تەنتەربىيىچىلەر ئۆز ماھارىتى بويىچە، مۇسابىقە تۈرلىرىگە ئاساسەن مۇسابىقىلاشتى. * مەكتىپىمىزدە سىنىپلار ئارا تازىلىقتا بەسلەشتۇق.

مۇساپە ئارىلىق

زامان، ماكان جەھەتتىكى ئۇزۇنلۇق.

ئۇزۇن مۇساپە بېسىپ كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈش كېرەك. * بېيجىڭ بىلەن تيەنجىننىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 240 چاقىرىم.

مۇساپىر غېرىب بۇرالقى

ئۆز يۇرتىدىن كېتىپ، باشقا يۇرتتا ياشاۋاتقان كىشى.

"بولماق"، "قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

"بۇرالقى" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

سەن مۇساپىر، مەن غېرىب. * مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس. * مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى. * غېرىبقا غېرىب يىغلار. * غېرىبنىڭ ھالىغا غېرىب يېتەر.

مۇساپىرلىق غېرىبلىق

ياقا يۇرتلاردا يۈرۈشكە ئائىت.

مۇساپىرلىق يامان ئىكەن، يۈر كېتەيلى ئۆز يۇرتقا. * ئات ئورۇقلۇقتىن بۇزۇلار، خوتۇن غېرىبلىقتىن.

مۇسادىرە كونفىسكاتسىيە تۆگەن

بىراۋنىڭ مال ـ مۈلكىنى، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىش، پادىشاھلىق قىلىش.

"تۆگەن" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

يەر ئىسلاھاتىدا پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنغان. * زەھەرلىك چېكىملىك ساتقۇچىنىڭ بارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلىرى ۋە پۇل-مېلى مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

مۇسەللەس مەيزاپ سۇرما

ئۈزۈمدىن ياسالغان ئىچىملىك، ئۈچتىن بىرى ئۈزۈم سۈيى.

"مەيزاپ" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئاز ئۆلچەمدە مۇسەللەس ئىچىپ تۇرسا، سالامەتلىككە پايدىسى بار.

مۇستەبىت ئىستىبدات

ھاكىمىيەتنى يالغۇز قولىغا ئېلىۋالغان، چەكلەنمىگەن ھۆكۈمران.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن مۇستەبىتلىرى خەلقىمىزگە چەكسىز زۇلۇم-ھاقارەت كەلتۈرگەنىدى. * ئىستىبدات شېڭ شىسەي ئۇلاردىن ئېشىپ خەلقىمىز ئۈستىگە ئېغىر بالا-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

مۇستەبىتلىك ئىستىبداتلىق

مۇستەبىتلىككە ئائىت.

خەلقىمىز مۇستەبىتلىك، ئىستىبداتلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە مىللىيىتىنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلىنغانىدى.

مۇستەقىل ئىستىقلال

بىرىگە تەۋە، قارام بولمىغان؛ ئۆز ئالدىغا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كىرگەن روسىيە، قازاقىستان قاتارلىق 11 ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا زۇڭتۇڭلىرى 1991-يىل 21-دېكابىر كۈنى ئالمۇتىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنى ئىمزالىدى.

مۇستەقىللىق ئىستىقلالىيەت

بىرىگە تەۋە قارام بولمىغان، ئىگىلىك ھوقۇقى ئۆز قولىدا بولغان ھالەت. كۆپىنچە دۆلەتكە قارىتىلىدۇ.

1991-يىل 9-سېنتەبىر تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى قارار ماقۇللاپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى، ھازىرغىچە سابىق سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

مۇستەملىكە كولونىيە

كۈچلۈك دۆلەت تەرىپىدىن مۇستەقىللىكى يوقىتىلغان مەملىكەت ياكى ئۇلارغا قارام بولۇپ قالغان جاي-رايون.

جاھانگىرلار مۇستەملىكىلەرگە ئادەم كۆچۈرىدۇ، كاپىتال ئېكسپورت قىلىدۇ، تاۋارلىرىنى ساتىدۇ، مۇستەملىكىلەرنىڭ بايلىقىنى بۇلايدۇ.

مۇسۇلمان مىسلىم مۆمىن

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى.

"مۇسلىم" "مۆمىن"لەر ئايرىم ھالدا ئۇچرايدۇ.

مۇسۇلمان ئاشخانىسى؛ مۇسۇلمان مىللەتلەر. * ۋەز ئېيتقۇچىغا بۇ سۆز تەگسىمۇ ئاچچىق، يامان، مەن ئېيتالماسمەن "مۇسۇلمان" دەپ ئۇلارنى ھېچقاچان. * ب د ت نوپۇس ستاتىستىكا كومىتېتى 1985-يىلى ئېلان قىلغان مەلۇماتتا ئېيتىلىشىچە، پۈتۈن دۇنيادا 921 مىليون مۇسۇلمان بولۇپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ 18.85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. * ئەلھەمدۇلىللا مىسلىم مەن، — دېدى بىرى. * سەللىسى مۆمىن، ئۆزى كاپىر.

مۇشت مۇشتۇم يۇزرۇق

بارماقلار ئىچىگە تۈگۈلگەن قول.

مۇشت ھەقىقەتنى يىقىتالمايدۇ. * ئاش بەرگەنگە مۇشت بىرىپتۇ.
* مۇشتۇمدەك باشتا ئۇلۇغ ئويلار بولىدۇ.

مۇشتلاش بوكس

مۇسابىقىلاشقاندا ئىككى تەرەپ قولىغا مەخسۇس قولقاپ كىيىپ مەلۇم قائىدىلەر بويىچە بىر-بىرىنى مۇشتلىشىپ ئوينايدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى.

مۇشتلاش مۇسابىقىسى خەتەرلىك، ئەمما قىزىق تەنھەرىكەت ئىكەن. * بوكسچى شاھى مۇھەممەت ئېلى مەملىكىتىمىزگە كېلىپ كەتكەن.

مۇشتەرى ئابۇنىچى

گېزىت-ژۇرنال ۋە باشقا ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرگە ئالدىن مۇددەتلىك پۇل تۆلەپ، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلاردىن پايدىلىنىدىغان كىشى.

"مۇشتەرى" كۆپىنچە گېزىت-ژۇرناللارغا يېزىلىشقا قارىتىلىدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇشتەرىلىرى بارغانسىرى كۆپەيمەكتە. * ئۈرۈمچى گاز بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئابۇنىتلارغا ھەربىر گاز تۇڭىنىڭ باھاسى ئۆسكەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

مۇقام كۈي ئاھاڭ

بىر-بىرىگە ئۇلانغان، ئويغۇنلاشقان يېقىملىق تاۋۇش ئېقىمى، مۇزىكىلىق ئەسەر.

ئون ئىككى مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى. * سىغىنىش كۈيىنى ياخشى كۆرىمەن. * يەرلىك ئاھاڭ — شۇ يۇرتنىڭ بەلگىسى.

مۇقەددەس مۇبارەك تەۋەررۇك قۇتلۇق ئەزىز ئىدۇق

ئالىي ۋە ئۇلۇغ، ئىززەتلىك ۋە قىممەتلىك.

"مۇقەددەس" ئەڭ ئالىي ۋە ئۇلۇغ نەرسىگە قارىتىلىدۇ.
"مۇبارەك" تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان نەرسىگە قارىتىلىدۇ.
"تەۋەررۇك" قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىگە قارىتىلىدۇ.
"قۇتلۇق" بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىگە قارىتىلىدۇ.
"ئەزىز" قىممەتلىك، ئەتىۋارلىق نەرسىگە قارىتىلىدۇ.

مىللىتىمىزنى سۆيۈش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. * باي كىيسە "مۇبارەك"، گاداي كىيسە "نەدىن ئالدىڭ". * ئاتا-بوۋىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۇكلىرىنى ياخشى ئاسرايلى. * بېرىدىغان قول ئالىدىغان قولدىن قۇتلۇق. * ئەزىز ۋەتىنىمىزنى قوغدايلى.

مۇقىم تۇراقلىق

تۇرغۇن، تەرتىپلىك ھالەت.

قاتمۇقات تاغ ئۇلىدىن مۇقىم. * تۇراقلىق ئىبارە: تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر

مۇكاپات ئىنئام شاڭ ئاچىغ تۆش

بىراۋغا كۆرسەتكەن خىزمىتى، قىلغان ئىجادىيەت، كەشپىياتلىرى ئۈچۈن، تەنتەربىيەدە ئۇزغۇنلۇقى ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسە.

"مۇكاپات" ئەڭ ئومۇمىي.
"ئىنئام" مەلۇم شارائىتتا "ھەدىيە"گە ياتىدۇ.
"شاڭ" خەنزۇچە: 赏

ۋاپا كۆرسەڭ بىراۋدىن بولما لال زادى، ۋاپا قىلدىڭ، ۋاپا بولدى مۇكاپاتى. * ناخشىچى دىلبەر يۇنۇسنىڭ فىنلاندىيىدە ناخشا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئىككىنچى بولغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا 5000 يۈەن مۇكاپات بەرگەنىدى. * خام مېۋىدىن

لەززەت ئىزدىگەن خامدۇر، ئۇندىن پۇختا ئەمەس، خام سۆز ئىنئامدۇر. * باشباي بىر مالچىسىغا بىر ئات ئىنئام قىلغانىكەن. * ياڭ زىڭشىن تۆمۈر خەلپىنى تۇتۇپ بەرگەن خائىنغا شاڭ بەرگەن.

مۇمكىن جايىز راۋا

يول قويۇلغان، ماقۇل كۆرۈلگەن.

ئىلىم بىلەن يېتىش مۇمكىن بۇرادەر، زەررىلەردىن چىقىپ قۇياشقا قەدەر. * مۇمكىنمۇ چىۋىننى قىلىچتا چاپماق، شىر قانداق پاشىغا ئۇرسۇن شاپىلاق. * دۈشمەننى بىلىپ تۇرۇپ قويۇۋېتىش جايىز ئەمەس. * ئەگەر قانخور ياۋ بىلەن قىلساڭ جەڭ، راۋادۇر قانچە كۆپ قېنىنى تۆكسەڭ.

مۇمكىنقەدەر ئىمكانقەدەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە

ھەممە ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ، بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ.

تەلەپكارنىڭ تەلىپىنى مۇمكىنقەدەر ھەل قىل. * بىلگىنىڭگە قانائەت قىلما، ئىمكانقەدەر كۆپ تەپەككۇر قىل. * مەسىلىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ھەل قىلىش ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشتۇر.

مۇناپىق مۇرتەد ئىككى يۈز دۆيۈز

ئۆز ئېتىقادىدىن يانغان، بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق، دىلى بىلەن تىلى بىر ئەمەس شەخس.

مۇناپىققا ھەمراھ بولغان ئادەمنىڭ جايى زىندان. * مىللىي مۇناپىقلار قۇرۇپ كەتسۇن. * مۇرتەدلەر گۇم بولسۇن. * ئىككى يۈز ئەبلەخلەر خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. * ئۇ دۆيۈز خەلق ئىچىگە تەپرىقە سېلىپ يۈرىدۇ.

مۇنار پەشتاق

ئاستى كەڭ، ئۈستى ئۇچلۇق قىلىپ ئېگىز سېلىنغان قۇرۇلۇش.

"پەشتاق" ئادەتتە چوڭ خانىقالار ئالدىغا سېلىنىدۇ.

ئەجىر قىلىپ سېلىنغان مۇنار ئۆرۈلمەس. * تۇرپان ئىمىن ۋاڭ مۇنارى — ئۇيغۇر مېمارچىلىقىنىڭ بىر ئۈلگىسى. * ئالتۇن پەشتاق ئۆيۈڭدىن كۆڭلۈمنىڭ تىنچلىقى ياخشى. * قەشقەر ھېيتگاھنىڭ پەشتىقى ناھايىتى نەپىس سېلىنغان.

مۇناسىۋەت ئالاقە

نەرسىلەر ئارىسىدىكى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش.

ئادەم ئۆز ئۆمرىدە يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى تۇرغۇزمىسا، ئۆزىنى يېگانە قىلىپ قويىدۇ. * مۇناسىۋەت ئۈزۈلسە، ئىش بۇزۇلىدۇ. * تىل — كىشىلەرنىڭ ئالاقە قورالى.

مۇنبەت بولۇق

زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە ياراملىق، قۇۋۋەتلىك يەر - زېمىنغا دائىر.

يېرىڭ مۇنبەت بولسا، ئېشىڭ بەرىكەت تاپىدۇ. * بولۇق يەر — ھوسۇلدار يەر.

مۇنبەر ترىبۇنال تۆمسە

دەرس ياكى نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئورۇن، ئۇستەل.

قىلالىسا تەسىر دىللارغا سۆزى، دوستلار سۆھبىتىدە مۇنبەر ئۆزى. * ترىبونالدا نۇتۇق سۆزلىگەن ئولتۇرۇشتا گەپ قىلالماپتۇ.

مۇنتىزىم تەرتىپلىك

رەسمىي بەلگىلىمە ياكى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ئۆلچەمگە ئۇيغۇن.

مۇنتىزىم ئارمىيە. * مۇنتىزىم ئىش مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ، * تەرتىپلىك ئىشلىگەننىڭ ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى.

مۇنچا دۇچ ۋاننا ھاممام سەرراپ سېۋەپخانا

يۇيۇنۇش سايمانلىرى بولغان ئۆي.

”مۇنچا“ ئىلگىرى پارلىق يۇيۇنۇش ئۆيىنى كۆرسەتتى، ھازىر ئومۇمىي نام بولۇپ قالدى.

”دۇچ“ ئۈستىدە سۇ چاچىدىغان سايمان ئورنىتىلغان، ئاستىدا يۇيۇنىدىغان يۇيۇنۇش شەكلى.

”ۋاننا“ چوڭ يۇيۇنۇش دېسى.

”ھاممام“ يۇيۇنۇش كۆلچىكى.

”سەرراپ“ سوغا، چېلەكلەر تورۇسقا ئېسىلىپ، جۈمەكتىن سۇ چۈشۈرۈپ يۇيۇنىدىغان ئۆي.

”سېۋەپخانا“ خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

مۇنچىغا كىر، قالمىسۇن تېنىڭدا زەررىچە كىر. * دۇچ يۇيۇنۇشقا ئەڭ ئەپلىك ۋە پاكىزلىققا باپ. * يېڭى سېلىنغان، زامانىۋى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋاننا بار. * ھاممام بىزدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە. * سەرراپ غۇسلى قىلىشقا قولاي.

مۇنقەرز ئىنقىراز

(مىللەت، دۆلەت) پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەك، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولماق.

دۇنيادا ھازىرغىچە نۇرغۇن مىللەتلەر مىللىتىنى يوقىتىپ مۇنقەرز بولۇپ كەتكەن. * ئىنقىراز بولغان دۆلەتلەرنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى تەس، مۇمكىن ئەمەسمۇ ئەمەس.

مۇھاجىر كۆچمەن

بىر دۆلەت پۇقرالىرىدىن باشقا دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقانلار.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار. * مۇھاجىرلار ئىشخانىسى مۇھاجىرلار ئىشىنى باشقۇرىدۇ. * يېقىندا ئۈرۈمچىدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار يىغىنى بولۇپ ئۆتتى.

مۇھەررىر رېداكتور

تەھرىر قىلغۇچى، مەتبۇئات - نەشرىيات ئورۇنلىرىدا تەھرىرلىك قىلىدىغان خادىم.

يېقىندا ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك گېزىتلەر مۇھەررىرلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى بولدى.

مۇھىم خاتىرە پروتوكول

مەجلىس، سۆھبەتلەردە بولۇنغان مۇزاكىرىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى خاتىرىلەنگەن ھۆججەت.

1992 - يىل 2 - يانۋار تاشكەنتتە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆزبېكىستان ئىچكى كابىنېتىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ يەردە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا كېلىشىمى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد - سودا مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مۇھىم خاتىرە ئىمزالىدى.

مۇۋازىنەت تەڭپۇڭلۇق

قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ تەڭلىكى، تەكشىلىكى.

مۇۋازىنەت كېتىپ بۇزۇلسا مىزاج، تېپىلماس دورا - دەرماندىن ئىلاج. * ئېكولوگىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ناھايىتى زۆرۈر.

مۇۋەپپەقىيەت ئۇتۇق

ئېرىشمەكچى بولغان، ئېرىشىلگەن نەتىجە، ئۇنۇم.

جاپالىق ئەمگەك+توغرا ئۇسۇل+قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىش=مۇۋەپپەقىيەت. * گۈزەل چىراي ھامان كېتىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ قالىدۇ.

* ئۇتۇق جاپالىق ئەمگەكتىن كېلىدۇ، تىرىشماي، كۈرەش قىلماي ئۇتۇق قازىنىش يوق گەپ.

مۆجىزە كارامەت كۆۋگەلىك

ئادەتتىن تاشقىرى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ھادىسە، نەرسە.

مۆجىزە كۆپ ھاللاردا بىتەلەيلىكتىن يارىتىلىدۇ. * بازاردا مالىمان بولسا، جەلگۈر كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۆك جىمغۇر ئۈنچىقماس مۆرىمەس

گەپ-سۆز قىلماي، جىم يۈرىدىغان.

ئاۋۇ مۆك، ماۋۇ ئۈنچىقماس، ئەمدى مەن قايسىغا تېگەي. * جىمغۇرنىڭ ھۈنىرى ئىچىدە. * ئۈنچىقماسنىڭ كارامىتى ئىچىدە. * گەپ قىلساڭ ۋالاقتەككۈر دەيدۇ، گەپ قىلمىساڭ مۆرىمەس دەيدۇ.

مۆلدۈر تولا مەندىر

يامغۇرنىڭ ئۇششاق مۇز ھالىتى.

"مەندىر" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە يولۇقۇپتۇ. * تولا چۈشسە تۆكلۈك تېشەر. قۇمۇل قوشىقىدا مۇنداق كەلگەن:

قار بىلەن مەندىر يېغىپتۇ،
كەلمە يارىم ئىز بولۇر.
ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ،
بارچە خەققە سۆز بولۇر.

مۇجمەل چۈشىنىكسىز دۇرمەل

چۈشىنىشلىك، ئېنىق ئەمەس.

مۇجمەل گەپ ئىش بۇزار. * چۈشىنىكسىز ئىشتىن چۈشەنچە چىقماس.

مۇشتەك زۇيزە

ئورالغا تاماكىنى سېلىپ چېكىدىغان نەيچە؛ پاپىروس، شىياڭيەنلەرنىڭ تاماكا سېلىنمىغان يېرى.

"زۇيزە" خەنزۇچە: 咀子

تاماكا چەكتىم مۇشتەك بىلەن، يارىمنى قىچاردىم ئۇشتەك بىلەن. * ھازىر كۆپچىلىك تاماكىلاردا زۇيزە بار.

مۈڭگۈز مۇز

سىيىر، قوي-ئۆچكە، كىيىك-بۇغىلارنىڭ بېشىدىكى قاتتىق نەرسە. ئومۇمەن ئۇزۇن ۋە ئەگمەچ بولىدۇ، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ.

"مۇز" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە. * بۇغىنى ئىنچىكە پۇتى قۇتۇلدۇرۇپ، يوغان مۈڭگۈزى تۇتۇلدۇرىدۇ. * خۇدايىم ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن، خۇدايىم ئېشەككە مۈڭگۈز بەرگەن بولسا، ئېشەك ھەممىنى ئۇسۇپ ئۆلتۈرەر ئىدى.

مېتىن جوتۇ قاقما

يەر، تاش قازىدىغان سايمان.

"جوتۇ" خەنزۇچە: 镐头、镢头

"قاقما" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

تاش ئالدىدا مېتىن بول. * ھېيلىگە قارشى ھېيلە بار، كەتمەنگە قارشى جوتۇ بار.

مېدال ئوردېن نىشان

كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان، خاتىرە سۈرىتى ۋە سۆزى بار، كۆكرەككە ئېسىۋالىدىغان بەلگە، ئىزناك.

ھەربىر مېدالنىڭ ئارقىسى بولىدۇ. * خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئاراچە چېلىش مۇسابىقىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى كوماندىسى ئۈچ ئالتۇن مېدال، ئىككى كۈمۈش مېدال ئالغان.

مېدالىيون سىلكىنچەك زۇننار بوغماق

بويۇنغا ئېسىپ كۆكرەككە ساڭگىلىتىپ قويۇلىدىغان بېزەك. كۆپىنچە ئالتۇن-كۈمۈش، مەرۋايىتتىن ياسىلىدۇ.

ھازىر مېدالىيون تاقاش خوتۇن-قىزلار ئارىسىدا مودا بولۇپ قالدى. * سىلكىنچەك سالغان بويىنىڭدا، قولۇم بولسا ئىدى. * زۇننار تاقىقانغا زىننەتلىك بولۇشۇڭ ناتايىن. * «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا "بوغماق" سۆزلىمىنىڭ بارلىقى بىزدە بوغماقنىڭ مىڭلارچە يىللار ئىلگىرى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مېموراندۇم جياۋخۇي

خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا بىرەر ھۆكۈمەت ئۆز پىكرىنى بايان قىلغان دىپلوماتىك ھۆججەت

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە مېموراندۇم تاپشۇردى.

مېھمان قوناق كۈدەن

تەكلىپ قىلىنغان، ئۆزى يوقلاپ كەلگەن، سەپەر ئۈستىدە چۈشۈپ ئۆتكەن كىشى.

مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ. * مېھمان ئاز ئولتۇرار، كۆپ سىنار.

* چاقىرىلمىغان مېھمان قېرى قىزدىنمۇ يامان. * ئۆزى كەلگەن قوناق — خۇدايى قوناق. * قوناق قۇت كەلتۈرەر.

مېھمانخانا ساراي دەڭ مۇساپىرخانا رىبات غاناغ

مېھمانلار، يولۇچىلار كۈتۈۋېلىنىدىغان قونالغۇ جاي.

"مېھمانخانا" ئۆي-جاھازلىرى تولۇقراق ۋە ياخشىراق، زامانىۋى كۈتۈش ئۆيلىرىگە قارىتىلغان.

ئائىلىدە مېھمان كۈتۈشكە تەييارلانغان ئۆيمۇ مېھمانخانا دېيىلىدۇ.

"ساراي" ئۆي-جاھازلىرى ئاددىيراق، كۆپىنچە سودىگەرلەر چۈشىدىغان، مال-تاۋار ئالماشتۇرۇشقا باپ كۈتۈش ئۆيلىرىگە قارىتىلغان.

"دەڭ" ئادەتتە قاتناش يوللىرى ئۈستىدە قۇرۇلىدۇ، يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدۇ.

"مۇساپىرخانا" ئىلگىرى مۇساپىرلارغا لايىق ئاددىي كۈتۈش ئۆيلىرى ئىدى.

كونىلۇن مېھمانخانىسى ھازىر "ئىككى يۇلتۇزلۇق" مېھمانخانا دەپ بېكىتىلگەن. * تەڭرىتاغ سارىيى مېھمانلارنى ياخشى كۈتىدۇ. * ئاقسۇدىن كېلىۋېتىپ، "تاش دەڭ"گە چۈشۈپ ئۆتتۇق.

مېھماندوست داستىخىنى كەڭ

مېھماننى ئۇچۇق چىراي كۈتۈۋالىدىغان، مېھمانغا بارىنى ئايىمايدىغان.

ئۇيغۇر خەلقى — مېھماندوست خەلق. * داۋۇتۇم — داستىخىنى كەڭ ئادەم.

مېۋە مېۋە-چېۋە يەل-يېمىش تۈش

ئۈسۈملۈكلەرنىڭ يېيىشكە بولىدىغان ھۆل ياكى قۇرۇق دېنى، ئېتى.

مېۋە پىشسا ساپىقىدا تۇرماس. * نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق. * مېۋە-چېۋىدە ئادەمگە زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلار كۆپ، لايىقىدا يېيىش پايدىلىق. * يەل-يېمىش مېھمان كۈتۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مەزە.

مېيىپ ئېيىپناق ناكار ئىنۋالىد

ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ تەبىئىي ياكى بىرەر ھادىسە تۈپەيلىدىن كەمتۈكلۈكى ياكى كۈچتىن قېلىشى ۋە شۇنداق بولغان كىشى.

مېيىپنى مازاق قىلغانلار مېڭىسى مېيىپ مەخلۇقلاردۇر.

ئۈرۈمچى ناھىيىلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى 1991-يىل 12-مارتتا رەسمىي قۇرۇلدى. * يىگىت تۇغۇلۇپ ئېيىپناق بولمايدۇ، تۇرۇپ ئەيىپناق بولىدۇ. * يېقىلىپ ناكار بولغۇچە، ئىش قىلىپ ئىشكار بول. * 1987-يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، جۇڭگودا 51 مىليون 560 مىڭ مېيىپ-ناكارلار بار ئىكەن.

مىجەز قىلىق تەبىئەت خۇلق خۇي پەيل خاراكتېر قىلىنچ

ئادەم ۋە ئىش-ھەرىكەتكە مۇئامىلە قىلىشتا ئىپادىلىنىدىغان روھىي خىسلەت.

مۇھتاجلىق مىجەزنى بۇزىدۇ. * قېرىسىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقى ئۇندىن ئارتۇق. * ھەركىمدە بولساگەر ياخشى تەبىئەت، ئادەملىك يۈكسەك ئۇندا ناھايەت. * دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى، شۇنداق تەبىئىتى، پېئىلى، خاھىشى. * ياخشى خۇلق جان ئوزۇقى.

* كىم تۈزسەمەك بولسا جاھان خەلقىنى، ئاۋۋال تۈزەتسۇن ئۆز خۇلقىنى. * خۇيى تۇتسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەس. * پەيلى ياماندىن قورق. * خاراكتېرى ئۇبدان بالا ھەممىگە ياقىدۇ.

مىخ شىنا قاسۇق

نەرسىنى نەرسىگە بېكىتىشتە ئىشلىتىدىغان، بىرەر ئېگىز يەرگە قېقىپ، نەرسە-كېرەك ئېلىپ قويىدىغان مەخسۇس بۇيۇم.

"مىخ" ئومۇمەن مېتالدىن ياسىلىدۇ.

"شىنا" ئومۇمەن ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

ھەممىنى بىر مىخقا ئاسقىلى بولمايدۇ. * شىنانى شىنا ماگدۇرىدۇ.

مىرزا مۇنشى خەتچى پۈتۈكچى

كاتىپ، بۇرۇن مەھكىمىلەردە، دىۋانىدا خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

مىرزىنى "مىرزا "دېسەڭ كۈلۈپ كېتەر، مالايىنى"مالاي" دېسەك ئۆلۈپ كېتەر. * ئىت يېتىش، مىرزا قوپۇش. * 40 كۈن مۇنشى بولغىنىڭدىن بىر كۈن ئەمگەك قىلغىنىڭ ياخشى. * خەتچى دىۋانىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قولدا تۇتقان كىشى. * پۈتۈكچى تارىخىي ۋەقەلەرنى پۈتۈپ باراتتى.

مىسرا قۇر سەتر

شېئىر-قوشاقلار ۋە ئومۇمەن كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، خەت-چەكلەرنىڭ خېتىنىڭ قەغەز ئۈستىدىكى بىر قاتارى.

"مىسرا" كۆپرەك شېئىرلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئارۇز ۋەزنىدە ئىككى مىسرالىق شېئىر "مەسنەۋى"، ئۈچ مىسرالىقى "مۇسەللەس"، تۆت مىسرالىقى "مۇرەببە"، بەش مىسرالىقى "مۇخەممەس"، ئالتە مىسرالىقى "مۇسەددەس"، يەتتە مىسرالىقى "مۇسەببە"، سەككىز مىسرالىقى "مۇسەممەن"، توققۇز مىسرالىقى "مۇتەسسە" دېيىلىدۇ.

* كىتابنىڭ يۇقىرىدىن سانىغاندا ئالتىنچى قۇرىدا بىر ئىملا خاتالىقى بار ئىكەن.

مىلەگزە ئىشىك پەردىسى

ئىشىكلەر ئاغزىغا تارتىلىدىغان مەخسۇس لاتا ياكى تور.

مىلەگزە ئىشىككە باپ بولسۇن. * ئىشىك پەردىسى تارتىقلىق بىر ئۆيدە تۆت-بەش كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

مىللەت ئۇلۇس

ئورتاق بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئورتاق بىر يەردە ياشايدىغان، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخىك سۈپەتكە ئىگە، تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن، تۇراقلىق كىشىلەر توپى.

بىز ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيىمىز، بۇ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر،

مىللەتچىلىك ناتسىئونالىزم

مىللەت توغرىسىدىكى قاراش ۋە ئۇنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش پرىنسىپى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا چوڭ مىللەتچىلىككە، ئاساسلىقى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش بەلگىلەنگەن.

مىللىي ئۇلۇسال

مىللەتكە ئائىت.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ماقۇللانغان.

مىلتارىست جۇڭفا

سىياسەتنى كونترول قىلىۋالغان ھەربىي.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى شىمالىي مىلتارىستلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان، لېكىن گومىنداڭ يوقالغۇچە، مىلتارىستلار يوقالمىغانىدى.

مىلتارىزم جۈنگوجۇيى

جاھانگىر دۆلەتلەردە چەتكە تاجاۋۇزچىلىقنى جىددىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتنى ھەربىي كونتروللۇققا ئېلىش.

ياپونىيەدە مىلتارىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە جۇڭگو ۋە شەرقىي-جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى يول قويمايدۇ.

مىلچىمال چەرچىن مال

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ئۇششاق مال-بۇيۇم

ماموت مىلچىمال دۇكىنىنى ئاچتى. * چەرچىن مال دائىم لازىم بولۇپ تۇرىدۇ.

مىليون يۈز تۈمەن

ساناق سان، تۈمەندىن يۈزنىڭ قوشۇلۇشى.

ئەقىل-پاراسەت مىليون ئەسكەرگە تەڭ.

مىننەت دوق

بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقنى يۈزىگە سالماق.

خىزمەت قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ ھېچ قىلدىڭ.

* ھالال تاماقنىڭ دوقى يوق.

مىنۇت دەقىقە

ۋاقىت بىرلىكى: 60 سېكۇنت.

مېنىڭ هازىرقى بىر مىنۇتۇم ئۆتكەندە سانسىز مىنۇتلار تىرىشىش ئارقىسىدا قولغا كەلگەن. * دۇنيادا هازىرقىدىن ئوبدان مىنۇت يوق. * تۇرمۇشنىڭ هەربىر دەقىقىسىدە يۈكسەك مەقسەت بولۇشى كېرەك.

مىنىستىر ۋەزىر بۇجاڭ تۈشمەل

مىنىستىرلىكنىڭ باشلىقى.

گېزىت خەۋىرى: دىپلوماتىيە مىنىستىرىمىز چېيەن چىچېن چېخوسلوۋاكىيىدە زىيارەتتە بولدى. * ياخشى ۋەزىر — يۇرتقا خىزىر. * شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كاتماندو، 13 - سېنتەبىر تېلېگراممىسى. نېپالنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى شىردىئوپا 3 - سېنتەبىر بۇ يەردە مۇنداق دېدى: نېپال هۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان هەرقانداق ئىشنى قىلمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلمايدۇ.

مىنىستىرلىك ۋازارەت

دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي هۆكۈمىتىدىكى كەسپىي فۇنكسىيىلىك تارماق.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 14 - سېنتەبىر تېلېگراممىسى. جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى نەنشا تاقىم ئاراللىرى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالدى. * دانىيە پادىشاھلىقى تاشقى ئىشلار ۋازارىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى.

مىيىق جاۋغاي

كالپۇكنىڭ ئىككى چېتى تۇتقان يەر.

ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. * ئاز سۆزلە، جاۋغىيىڭ يىرتىلمىسۇن.

ن

ناباپ نامۇۋاپىق نالايىق نامۇناسىپ

ئۇيغۇن بولمىغان، ماس كەلمەيدىغان، لايىق ئەمەس.

ناباپ دوستتىن ۋاز كەچ. * نامۇۋاپىق ئىش ئۇزاققا بارماس. * نالايىق ئىش ئاخىر بىلىنىدۇ. * ئۆزۈڭگە نامۇناسىپ ئىشنى قىلما.

ناتايىن ئىككى تايىن

ئېنىق ئەمەس، نامەلۇم.

ۋەزىر بولغاننىڭ ياخشى ئادەم بولالىشى ناتايىن. * ئۇنىڭ كېلىشى ئىككى تايىن.

ناتىق ئاراتۇر ۋائىز خاتىپ

نۇتۇق سۆزلىگۈچى؛ گەپكە ئۇستا، سۆزگە چېچەن شەخس.

ناتىق نالايىق سۆزلەردىن ساقلىنىشى لازىم. * ئاراتۇر ئۆز نۇتقى بىلەن داڭ چىقىرىدۇ. * ۋائىز ۋەز ئېيتقاندا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمىسۇن. * خاتىپ خەتمە ئوقۇيدۇ.

ناتىقلىق ئاراتۇرلۇق ۋائىزلىق خاتىپلىق

سۆزگە چېچەنلىك، ئۇستىلىق.

ناتىقلىق نالايىق سۆزنى قوبۇل قىلمايدۇ * لېنىن ئاراتۇرلۇقى بىلەن مەشهۇر. * ۋائىزلىق قىلىشقا دەسمايە كېرەك. * خاتىپلىققا تەيىنلەنگەن كىشى خاتىپلىققا يارىمىدى.

ناخشا غەزەل شەرق مارش گىمىن ئۆلەن يار-يار لاي-لاي ئەللەي ئىر باشىق كۆگ

شېئىر-قوشاق بىلەن كۈي ئاھاڭىنىڭ بىرىكمىسى. "ئېيتماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ. كىشىلەر بەلەن ئاۋاز بىلەن ئېيتىدۇ.

"ناخشا" ئومۇمىي نام.

"غەزەل" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىدۇ.

"شەرق" 30-يىللاردا ئوقۇغۇچىلار ناخشىسىنى كۆرسىتەتتى.

"مارش" قوشۇن يۈرۈش قىلغاندا ئېيتىدىغان ناخشا، رىتىمى ئېنىق، تۈزۈلۈشى ئىخچام بولىدۇ.

"گىمن" ھازىر ئاساسەن دۆلەت شېئىرى مەنىسىدە كېلىدۇ.

"ئۆلەن"، "يار-يار" قىز كۆچۈرگەندە ئېيتىلىدۇ. ئىلى تەرەپتە "ئۆلەن"، قەشقەر تەرەپتە "يار-يار" دېيىلىدۇ.

"لاي-لاي" خامان ناخشىسى. خامانغا قوشقان ئۇلاغنىڭ يۈرۈشىگە كەلتۈرۈپ ئېيتىلىدۇ.

"ئەللەي" بالىنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان ناخشا.

يىغلاپ يۈرۈپ ياشىغۇچە، ناخشا ئېيتىپ ئۆلگەن ئەلا. * ناخشا ياڭرىغان يەردە ھاياتنى نەس باسماس. * يېڭىدىن غەزەل چىقتى، ئېيتالماي جېنىم چىقتى. * غەزەلنى باشلىماق تەس. * "بىز ئىزچىلار بىز" دېگەن شەرقنى 30-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوقۇغۇچىلار ئېيتاتتى. * "پىدائىيلار مارشى" ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ گىمنى.

ئۆلەن:

ھاي-ھاي ئۆلەن، جان ئۆلەن، ئۆلەن كۆپتۇر، يار-يار.
ئۆلەن ئېيتقان تىلىڭدىن ماڭا ئۆپتۇر، يار-يار.

يار-يار:

تاغدا تايچاق كىشنەيدۇكەن، ئات بولدۇم دەپ، يار-يار، ئات بولدۇم دەپ،
ئۆيدە كېلىن يىغلايدۇكەن، يات بولدۇم دەپ، يار-يار، يات بولدۇم دەپ.

لاي-لاي:

چەش دۆۋىلىنىپ تاغ بولدى ئەجرىمىزدىن لاي-لاي-لاي،
تاشتى شادلىق سەل بولۇپ قەلبىمىزدىن لاي-لاي-لاي، ...

ئەللەي:

قاراڭغۇدا تۇغۇلدۇڭ، ئەللەي بالام، ئەللەي،
بوشۇگۇڭدە بوغۇلدۇڭ. ئەللەي بالام، ئەللەي...

ناخشىچى غەزەلچى لايلايچى ئۆلەنچى يارىيارچى

ناخشا-غەزەل، لايلاي، يارىيارلار ئۇستىسى، ماھىرى.

ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشان ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى. * توكۇر ئۇسسۇلچى بوپتۇ، كېكەش غەزەلچى. * لايلايچى خاماننىڭ بۇلبۇلى. * ئۆلەنچى توينىڭ يارشىقى. * يارىيارچى ئاياللار كېلىننى ئورىۋېلىپ يار-يار ئېيتىشتى.

نادىر سىيرەك ناياب

ئاز تېپىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان.

چىڭدۇ شەھىرىدە قۇرئاننىڭ نادىر نۇسخىسى تېپىلغان، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 6 گرام بولۇپ، ئالجىرىيىدىن تېپىلغان ئەڭ كىچىك قۇرئاندىن تۆت گرام يېنىك ئىكەن. * سىيرەك ئىش قىزىقىش تۇغدۇرىدۇ.

ناز جىلۋە كەرەشمە غەمزە ئىشۋا

لەرزان خۇلق، ئەركىلىك.

ناز قىزغا يارىشا، غاز كۆلگە. * قىزى بارنىڭ نازى بار. * ساھىبجامالنىڭ جىلۋىسى جاننى ئالىدۇ.

نازارەت باقانلىق تىڭ

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ كەسپىي فۇنكسىيىلىك تارمىقى.

مائارىپ نازارىتى؛ قاتناش نازارىتى. * نازارەت ـ ئىدارىلار ئۆز ئىشىنى بېجىرىش بىلەن تەڭ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

نازلانماق جىلۋىلەنمەك نېزدىقماق ئەركىلىمەك

ھەر خىل خۇلق چىقىرىپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەك.

نازلانغان قىز ئەرسىز قالىدۇ. * مايمۇن قانچە سەت بولسا، شۇنچە جىلۋىلىنىدۇ. * نېزىقىغان نېرى تۇرسۇن. * ئەركىلىگەن ئىتنى ئۇرۇش يوق.

نازىر باقان تىڭجاڭ

نازارەتنىڭ باشلىقى.

مەدەنىيەت نازىرى، ئەدلىيە نازىرى.

ناسۋال ناس

تاماكىدىن تەييارلىنىدىغان، تىل ئاستىغا سېلىپ ياكى بۇرۇنغا پۇراپ چېكىدىغان چېكىملىك.

ناس نامەردنىڭ، تاماكا سۆلەتۋازنىڭ. * باي ھەر نەرسىگە بار ئەمەسمۇ، كەمبەغەل ناسۋالغا زار ئەمەسمۇ.

ناشتا ئەتىگەنلىك

توغرىسى: نانۇشتا. ئەتىگەنلىك چاي ـ پاي، نان ـ پان.

ناشتا قىلمايلا كېلىۋىدىم، مانا ئازار يېدىم. * ناشتا قىلغان ئەر ھارماس، شۇدىگەر قىلغان يەر. * ئەتىگەنلىكنى توق يە، چۈشلۈكنى ياخشى يە، كەچلىكنى ئاز يە. * ئەتىگەنلىكنى ئۆزەڭ يە، چۈشلۈكنى دوستۇڭ بىلەن يە، كەچلىكنى دۈشمىنىڭگە بەر.

نالە پىغان مۇڭ پەرياد نادامەت

قايغۇ ـ ھەسرەتتىن كەلگەن زار، دەرد ـ ئەلەمدىن ئۆكۈنۈش.

نالە كېسەلنىڭ ھەمراھى. * دەردى يوقنىڭ پىغانى يوق. * مۇڭنى بىلمىگەن يۈرەك مۇزدەك. * دەردمەننىڭ پەريادى پەلەكتىن ئاشتى. * ئالۋان كەلدى ئالامەت، بىزگە بولدى نادامەت، ئالۋاننى بەرمەي قويساڭ، بىزگە بولار قىيامەت.

نالە قىلماق پىغان چەكمەك مۇڭلانماق پەرياد كۆتەرمەك نادامەت چەكمەك

قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆكۈنمەك، زارلانماق.

نالە قىلغانغا دەرد ئازايماس. * پىغان چەكسەڭ پەيتىگە قارا. * مۇڭلانمىسا، مۇشۇكمۇ ناخشا ئېيتىدۇ. * ئىشىڭ ئوڭغا تارتمىسا، پەرياد كۆتۈرگىنىڭ بىكار.

ناماز سالات

ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرزنىڭ بىرى. كۈنىگە بەش قېتىم ناماز ئوقۇلىدۇ.

ئەخمەق ناماز ئۆتىسە پېشانىسىنى يېرىۋالار. * خەقنىڭ تەرىتىدە ناماز ئوقۇپتۇ.

ناماز كۈنى ھېيت كۈنى

قۇربان ھېيت، روزا ھېيتلىرىنىڭ ناماز ئوقۇلغان بىرىنچى كۈنى.

ناماز كۈنى كەلدىم، نامازغا باردىم. * ھېيت كۈنى نەگە بارسەن، ئۆيدە بول.

نامايىش دېمونستراتسىيە

بايرام ياكى مۇراسىم مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى يۈرۈش؛ بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ئېتىراز بىلدۈرۈپمۇ نامايىشلار بولىدۇ.

1955-يىل 10-ئاينىڭ 1-كۈنى دۆلەت بايرىمىنىڭ 6 يىللىقى، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

نامەرد نائەھلى ناكەس

ئىنسانىيلىقتا يارىمايدىغان، ئادەمىيلىكتىن مەھرۇم.

يېمە نامەرد نانىنى، گەر چىقسىمۇ جېنىڭ، ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن غەرق بولۇپ ئاقسىمۇ تېنىڭ. * نائەھلى بىلەن يولداش بولما. * ناكەسكە قەرزدار بولما.

نامزات كاندىدات

بىرەر ئىشقا سايلاش ياكى تەيىنلەش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن كىشى.

ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ نامزاتلىرىنى كۆرسەتتى. * ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنىغا نازارەت، ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدىغان كاندىداتلارنىڭ ئىسملىكىنى قويدى.

نان كاكچا كۆمەچ ئەكمەك

خېمىردىن تەييارلىنىپ، تونۇردا، تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان ئاساسىي يېمەكلىك.

چىش بولمىسىمۇ بار يېيىشكە ئىمكان، زور مۇسىبەتتۇر گەر بولمىسا نان. * ھۇرۇننىڭ نېنى ئىككى بولماس. * چاي بولمىسا بولمىسۇن، كاكچا كەم بولمىسۇن. * ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى، نانىنى بۇزۇپ كۆمەچ.

نان تۇتۇپ بەرمەك نان دەسسەپ بەرمەك قۇرئان تۇتۇپ بەرمەك

قەسەمنىڭ بىر خىل شەكلى.

ئېغىز بىلەن يەم بېرەي، بۇلبۇل بولۇپ كەلسىڭىز، نان تۇتۇپ قەسەم بېرەي، ماڭا كۆڭۈل بەرسىڭىز. * نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى نادىرەخان، — نېمىشقا كىشىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيسىز؟ * مەن ئالىمىدىم، مانا قۇرئان تۇتۇپ بېرەي.

نان تۇرۇپتۇ داستىخان تۇرۇپتۇ قۇرئان تۇرۇپتۇ

ئادەت سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتنىڭ راستلىقىغا شىپى كەلتۈرۈلىدۇ.

نان تۇرۇپتۇ مانا، سېنى ئالدىغان بولسام، تىلىم تۇتۇلسۇن! * گېپىمگە ئىشەن، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، مانا داستىخان تۇرۇپتۇ. * ئىشەن، يالغان ئېيتىۋاتقىنىم يوق. مانا قۇرئان تۇرۇپتۇ، گېپىم راست.

نانقېپى ئاقىنانچى تىرىكتاپ هارامتاماق بىكار تەلەپ قاچا بوشىتىدىغان

ئىش-ئەمگەك قىلماي، بىكار يۈرۈپ تەييارنى يەيدىغان.

ئۇ نانقېپلارنى كۆزۈمدىن يوقات! * ئاقىنانچىغا كۈندە ھېيت. * تىرىكتاپنىڭ يۈرىكىنى ماي قاپلار. * مۇت هاراق هارامتاماقنىڭ. * ھەممە يامانلىق هارامتاماقتىن تارقار. * بىكار تەلەپ ئاسانلا چۈشكۈنلىشىدۇ. * ئۇ شۇنداق قاچا بوشىتىدىغان نېمە.

فانقىپلىق تىرىكتاپلىق ھارامتاماقلىق بىكار تەلەپلىك

ئىش ـ ھەرىكەت قىلماي، تەييارغا ھەييار بولۇش قىلىقى.

فانقىپلىق قىلىپ يۈرگەندىن ئۆلسەڭچۇ! * تىرىكتاپلىق ــ ۋەيرانىلىق. * ھارامتاماقلىقنى ھار ئالمايدىغان كىشىلەردىن خۇدا ساقلىسۇن. * بىكار تەلەپلىك ــ ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى.

نانكور تۇزكور

بىراۋنىڭ بەرگەن نان ـ تۇزىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىقنى يەرگە ئۇرىدىغان.

مەن ئۇنى ئۆزۈم يېمەي ـ ئىچمەي ئون يىل باقتىم. ئۇ نانكۇر جانغا ئەسقاتمىدى. * ئۇ تۇزكور ياخشىلىقنى بىلمىدى.

ناۋات قەندەلەت كەمپۈت

شېكەردىن، شېكەر ئېرىتمىسىدىن ھەر خىل يول بىلەن ياسالغان شىرنىلىك.

قورسىقى ئاچقانغا قاتتىق نانمۇ ناۋات. * قەندەلەت كۆندە يوق. * باينىڭ بالىسى كەمپۈتنى ئوشۇق قىلىپ ئوينايمىش.

نەپەر جان

مىقدار سۆز: پەقەت ئادەم ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ.

يېزىمىزغا تۆت نەپەر كادىر كەلدى. * ئۆيىمىزدە بەش جان بار.

نەپس نەپسانىيەت

يېيىش ـ ئىچىش، مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسلىق.

نەپسىنى يىغقان سۇلتان بولار، يىغمىغىنى ئۇلتاك. * نەپس دېگەن بالادۇر، ئاخىر ئوتقا سالادۇر. * نەپسىدىن كەچكەن ئىزاغا قالماس. * نەپسانىيەت ــ ئەڭ يامان مەسلىھەتچى.

نەپىقە پېنسىيە تۇرمۇش پۇلى

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە، ئەمگەك كۈچىدىن قالغانلارغا، يالغۇز قالغان خوتۇن ـ بالىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل.

ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان نەپىقە ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. * خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىنقىلابتا مەجرۇھ بولغان جەڭچىلەرگە نەپىقە تارقاتتى. * پېنسىيە ئېلىپ كۈن ئېلىۋاتىمەن. * رەسمىي ماائاشىم يوق، ئېيىغا 50 يۈەن تۇرمۇش پۇلى ئالىمەن.

نەتىجە سەمەرە ئۈنۈم

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم كۈچ ياكى ئامىلدىن ھاسىل بولغان ئاخىرقى ھالىتى.

”سەمەرە: مېۋە دېمەكتۇر، بۇ يەردە كۆچمە مەنىدە“ نەتىجە.

سەۋەب بولمىسا، نەتىجە بولماس. * نەتىجە ئىككى قولدىن چىقار. * ئۈگىنىشتىن ئۈنۈم ئالاي دېسەڭ، بىلمىسىزلىكىڭنى ئىقرار قىل.

نەتىجىدە ئاخىر ئاقىۋەت يالجا

ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىكى ھالىتى. ”ئاقىۋەت“ سەلبىي ھالەتكە قارىتىلىدۇ.

تىرىشىپ ئوقۇدۇم، نەتىجىدە مەلۇم ئۈنۈم ئالدىم. * كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئاخىر ياخشىلىق يانىدۇ. * كىشىگە زىيانداشلىق قىلغان ئاقىۋەت خار ـ زارلىقتا قالىدۇ.

نەرسە شەيئى ئەشيا بۇيۇم نىمە پىرىدمېت نەڭ نىمەرسە

ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ھەممە جىسىم ۋە ھادىسىلەر.

”نەرسە“ ئومۇمىي ئات، بارلىق كونكرېت ياكى ئابستراكت

ھەممە نەرسە-كېرەككە قارىتىلىدۇ.

"شەيئى" پەلسەپىۋى ئاتالغۇ، ئالەمدىكى ھەممە نەرسىگە قارىتىلغان.

"ئەشيا" تېخى ئىشلەنمىگەن ھەر خىل ماددىي ۋاستىلەر

"بۇيۇم" پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە.

"نېمە" نەرسىنىڭ كەمستىلگەن تۈرى.

ئۇ بازارغا نەرسە ئالغىلى كەتتى. * مەندە ھېچ نەرسە يوق. * ئۇنىڭ يانچۇقىدىن جىق نەرسە چىقتى. * ھەممە شەيئى ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە. * زاۋۇت-فابرىكىلاردا خام ئەشيا ئۈزۈلۈپ قالسا، ئىشلەپچىقىرىش توختايدۇ. * تۇرمۇش بۇيۇملىرى مول بولسا، تۇرمۇش پاراۋان بولىدۇ. * ئۇ تازا بىر قاملاشمىغان نېمە ئىكەن.

نەس كاساپەت پالاكەت قىرسىق كېسىر

ئوڭۇشسىزلىق، تەتۈر تەلەي.

"باسماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

خەقنىڭ كۆلپىتىدىن كۈلمە، سېنىمۇ نەس بېسىپ قالىدۇ. * بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا. * ياخشىنىڭ شاراپىتى، يامانىنىڭ كاساپىتى. * كۆڭۈلدىكىدەك ئىشنى بىردەمدىلا كاساپەت باسىدۇ. * پالاكەت تۆگىنىڭ يۈكىنى ئۆڭلىيالماس. * پالاكەت باسقاننىڭ ئىنىكى قىسسىر قالار. * قىرسىق كەلسە قىرىق كۈن تۇرىدۇ. * مەندە ھېچ ئىش يوق، ئۇنىڭ كېسىرىگە كەتتىم.

نەسلى يامان تۇخۇمى بۇزۇق

ئەسلى ئۇرۇقى، نەسىل-نەسەبى، ئەجدادى يامان، كېلىپ چىقىشى ناچار.

نەسلى ياماندىن ياخشىلىق كۈتمە. * تۇخۇمى بۇزۇقنىڭ تۇخۇمى قۇرۇت.

نەسر پروزا

ۋەزىنسىز، قاپىيىسىز، تۈز نۇتۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر.

بىزدە شېئىرىيەت زور تەرەققىي قىلغان. * نەسر، پروزا كېيىنكى يىلدىلا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

نەسىھەت پەند پەند-نەسىھەت ئۈگۈت ۋەز ئەرىگ ئۆتلۈك

ياخشىلىققا ئۈندەپ ئېيتىلغان سۆز، مەسلىھەت.

نەسىھەت ئاچچىق، مېۋىسى تاتلىق. * پەند-نەسىھەتكە كۆنمىگەن، ئەيىبىدىن خالىي بولالماس. * ئاتاڭنىڭ ئۈگۈتىنى بالاڭغا قالدۇر. * تۈلكە ۋەز ئېيتسا، توخۇ ھوشيار بولسۇن.

نەشە بەڭ پىنەك

ھىندى كەندىرىنىڭ بەرگىسىدىكى شىرنىسىدىن ياسىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك.

"پىنەك" غۇلجا شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

نەشە چەككەن كىشىنىڭ تۈتۈن بىلەن قارنى توق. * بەڭ باينى گاداي، گادايىنى ھالاك قىلىدۇ. * پىنەك دوستلىرى ئۇزاق قالماي دومسىيدۇ.

نەشكەش بەڭگى

نەشە-بەڭ چېكىشنى ئادەت قىلغان كىشى.

* نەشكەش — پەسكەش. بەڭگى بوۋىسىنى ماختار، موزدۇر كوۋىسىنى.

* ئۆچكىنىڭ مويى تۈگىمەس، بەڭگىنىڭ ئويى.

نەغمە ناۋا مۇزىكا

سەنئەتنىڭ بىر تۈرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئورۇنلانغان كۈي.

نەغمە دىل ئوزۇقى. * نەغمىسى يوق توي، مورىسى يوق ئۆي. * ناۋا بولمىغان يەردە راھەت يوق. * مۇزىكا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلاتى، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ قەلب ساداسى.

نەقرات قايتۇرما تەكرار

ناخشىنىڭ ھەربىر كۇپلېتىدىن كېيىن قايتىلىنىدىغان قىسمى.

ناخشا كانى، ماكانى
تارىم مېنىڭ دىيارىم.
ناخشا مېنىڭ بايلىقىم،
ئىپتىخارىم، مادارىم.
تارىم مېنىڭ دىيارىم،
ناخشام بايلىق، مادارىم.
سەھنەم باغ، ئۆزۈم بۇلبۇل،
سايرايمەن سەھەر - ئاخشام.
كۈيلەيدۇ زامانىمنى
ئېيتقان جەڭگىۋار ناخشام.
نەقرات.

نەقىل ستاتا

نوپۇزلۇق شەخسنىڭ ئېيتقان گېپى ياكى يازغان ئەسىرىدىن ئۆز قارىشىنى تەستىقلەش ئۈچۈن كەلتۈرگەن سۆز.

ئالۋاستىمۇ ئىنجىلدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆزىنى ئاقلىيالايدۇ. * ستاتا بېزەك ئەمەس، ھەقىقىي دەلىل بولسۇن.

نەم زەي ھۆل چى

سۇ سىڭگەن، سۇلۇق.

ئۇيقۇ غەمدىن قاچار، بۆرگە نەمدىن. * ئېغىزنى نەم قىلماي سۇ ئىچكىلى بولماس. * زەي دېسەڭ، زەيكەش چاپ. * خوتۇننى زېرىكتۈرەي دېسەڭ، ھۆل ئوتۇن ئېلىپ بەر. * ئادەم دېگەن ھۆل نېمە. * چى يەر — نەم يەر.

نەققاش ھەيكەلتىراش

نەقىش ئىشلەيدىغان ئۇستا.

ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئۇستا نەققاش. * بىزدە ئالىي ھەيكەلتىراشلار يېتىشىپ چىقماقتا.

نەقىش كەشتە

ئويۇپ ياكى تىكىپ - سىزىپ ئىشلەنگەن بېزەك.

قەشقەر خەلق باغچىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ نەقىشلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق * كەشتە باسقان داستىخان شۇنچە ياخشى ئىكەنكى، قاراپ تويمايسەن.

نەمۇنە ئۆلگە ئۈرنەك

ھەممە ئۆگىنىشكە، تەقلىد قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۆلچەملىك ئادەم ۋە ئىش - ھەرىكەت.

بالىغا تەنقىد بەرگۈچە، نەمۇنە كۆرسەت. * ئۇ بىزنىڭ نەمۇنىمىز. * ياخشىدىن ئۆلگە قالار، ياماندىن كۈلكە. * بالىلارغا ئۆلگە بول. * يۇقىرىغا قاراپ ئۈرنەك ئال، تۆۋەنگە قاراپ ئىبرەت. * ئىشتا ئۈرنەك كۆرسەت.

ئەي بالمان سىبىزغۇ يالغۇزەك

تۆشۈكلىرىنى بارماق بىلەن بېسىپ، پۈۋلەپ چالىدىغان مۇزىكا.

"يالغۇزەك" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

نەي — پادىچىنىڭ ھەمراھى. * نەي نامراتنىڭ، بالمان باينىڭ.

نوپۇس ئاھالە

مەلۇم رايوندا، بىر ئائىلىدە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى.

ئالىم-مۇتەخەسسىلەرنىڭ مۆلچەرىچە، 2000-يىلغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسى 6 مىليارد 200 مىليونغا يېتىدۇ؛ ھىندىستان نوپۇسى ئەڭ كۆپ مەملىكەت بولۇپ قالىدۇ؛ نوپۇسنىڭ يېرىمى شەھەرلەردە بولىدۇ؛ ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ؛ ئاق تەنلىكلەرنىڭ نوپۇسى داۋاملىق ئازلاپ بارىدۇ. * ئائىلىمىزدە ئالتە نوپۇس بار. * ئۈرۈمچى ئاھالىسى مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇشقا ئاتلاندى.

نور كويلا غۇلا

تۆگمەننىڭ تاشقا سۇ چۈشۈشى ئۈچۈن ئورنىتىلغان ياغاچ "ئېرىق"

خوتۇن كىشى ئۇۋغا يارىماس، جىگدە ياغىچى نورغا. * تۆگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان.

نوغۇچ پۇزا خالو سېكىلەك يۇغۇرغۇچ چانچۇ

خېمىرنى يېيىش، زوۋۇلىدىن جىلىت ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ تاياق.

"نوغۇچ" ئۇزۇن بولىدۇ، چۆپ يېيىلىدۇ.

"پۇزا" قىسقا بولىدۇ، جىلىت ئېچىلىدۇ.
"خالو" قۇمۇل شېۋىسىدە "پۇزا".
"سېكىلەك" تۇرپان شېۋىسىدە "پۇزا"

نوقماق تۈرتمەك نەقتىماق

ئاستاغىنا ئىتتىرىپ قويماق.

ھوي، — دېدى ئۇ ئۇنى نوقۇپ، ئاستا گەپ قىل، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى. * سەن قاچان ئادەم بولىسەن، — دەپ ئۇنى تۈرتۈپ قويدى ئانا. * نەقتاپ قويسام، تۈيمىدىڭ.

نومۇر رازمېر

كىيىم-كېچەك ۋە باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى، ئۆلچىمىنى بىلدۈرىدىغان رەقەم.

ھازىر ئاياغلارنىڭ نومۇرى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىكەن. * ئۇ 40-رازمېرلىق بەتىنكە ئىزدەپ تاپالماپتۇ.

نومۇس ئار ئار-نومۇس ئىپپەت ئۇيات ھايا شەرم ئىزا ئوبۇتى ئۇۋۇت

ئادەمنىڭ ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش، قەدىرلەش تۇيغۇسى.

نومۇس مەسلىسى — ئائىلىدە غۇرۇرلۇقنىڭ بەلگىسى. * ئادەمنى نومۇس ئۆلتۈرەر، توشقاننى قومۇش. * نومۇسنى بىلمىگەن ئادەمدە گۈزەل ئەخلاق بولماس. * ئېگىز تاغدا قار بولار، مەرد يىگىتتە ئار بولار. * شەخسىيەتچىلىككە بېرىلگەن ئار-نومۇسنى ئۇنتۇر. * ئۇيات تۇرغان يەردە، ئىمان تۇرار. * كېپەكتە قۇۋۋەت يوق، ئابدالدا ئۇيات. - كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر. * ھايا بار يەردە ۋاپا بار. * قىزنىڭ كۆركى شەرم-ھايا. * ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق.

نومۇسچان تارتىنچاق يۈزى تۆۋەن ئۇياتچان ئۈۋۈتلۈغ

ئار-نومۇسنى بىلىدىغان، ھايالىق.

نومۇسسىز قولۇم ئىشلىدى، نومۇسچان يۈزۈم ئۇيالدى. * تارتىنچاق تارتىنىپ يۈرۈپ ئاچ قالىدۇ. * يۈزى تۆۋەن يۈز تاپىدۇ. * ئۇياتچان ئادەم سەۋرچان كېلىدۇ.

نومۇس قىلماق ئىزا تارتماق ئۇيالماق ھايا قىلماق يۈزى قىزارماق يەرگە قارىماق تۇتىقماق

ئار-نومۇسنى بىلمەك، ئىزا-ئۇياتقا كۆڭۈل بۆلمەك.

"تۇتىقماق" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ

نومۇسنى بىلگەن نومۇس قىلىشنى بىلەر. * نومۇس قىلمىغان ئادەم ئۈچۈن ئۇياتچاننىڭ يۈزى قىزىرىدۇ. * ئىزا تارتىش قورقۇنچتىن ياكى سەتچىلىكتىن قورقۇش كەيپىياتىدۇر. * ئۇيىلىشنى بىلگەن باتۇر. * كىشىدىن ئۇيالغۇچە ئۆزۈڭدىن ئۇيال. * ھايا قىلماق ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. * ئاچچىقى كەلگەننىڭ كۆزى قىزىرار، ئاچچىقى بېسىلسا، يۈزى قىزىرار. * ئوغرى تۇتۇلسا، يەرگە قارايدۇ، جالاپ تۇتۇلسا كۆككە.

نومۇسسىز ئارسىز ئۇياتسىز يۈزسىز يۈزى يوق يۈزى پولۇ يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمدىنىمۇ قېلىن داپ يۈز يۈزى قېلىن قېلىن بىھايا ھاياسىز داپشاق شەرمەندە گەكسى گەلۋۇر ئەسىز ئۈۋۈتسىز چۇلۇۋ

ئار-نومۇسنى، ئىزا-ھايانى بىلمەيدىغان.

"گەكسى" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"گەلۋۇر" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

نومۇسسىز خوتۇن — تۇزسىز ئاش، * يىگىت يارسىز بولماس، ئەل

ئارسىز بولماس. * ئۇياتسىزنىڭ تىلى مىڭ غۇلاچ. * يۈزسىز مۈشۈككە قازاننىڭ ئىشكى ئوچۇق. * پۇلنىڭ كۆزى يوق، بېخىلنىڭ يۈزى يوق. * يۈزى پولۇغا پولۇ بەرمە. * ئۇ ئىزا دېگەننى بىلمەيدۇ، يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمدىنىمۇ قېلىن. * داپ يۈزنىڭ يۈزىگە قارىما. * يۈزى قېلىننىڭ يۈزىگە يىڭنە ئۆتمەيدۇ. * قېلىن كىشى قىيامەتنى بىلمەيدۇ. * بىھايادىن يىراق قاچ. * ھاياسىز دوستلۇققا يارىماس.

نومۇسقا تەگمەك ئىپپىتىگە تەگمەك ئىپپەت-نومۇسقا تەگمەك

ئەر خوتۇن-قىزلار بىلەن ئالداپ ياكى زورلاپ جاما قىلماق.

تاجاۋۇزچىلار كونا جۇڭگودا خوتۇن-قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. * نارەسىدە قىزنىڭ ئىپپىتىگە تەگكەن جىنايەتچىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى. * خوتۇن-قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تېگىش — ئىنسانىيلىقتىن چىقىش دېمەكتۇر.

نومۇسنى ساتماق ئىپپىتىنى ساتماق ئىپپەت-نومۇسنى ساتماق

خوتۇن-قىزلار تۇرمۇش قىسىنچىلىقى ياكى يامانلارنىڭ زورلىشىدىن ئۆز تېنىنى ھەق ئېلىپ ئەرلەرگە بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش.

نومۇسۇڭنى ساتقۇچە جېنىڭنى سات. * ئىپپىتىنى ساتقان خوتۇن ئەل ئىچىدە خار، بىر بۇردا نانغا زار بولىدۇ. * ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش تۈگىمەس ئىزا-ئاھانەتكە ئاپارىدۇ.

نۇتۇق لېكسىيە خۇتبە

پىكىرنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش سەنئىتى، قابىلىيىتى.

ئويلىنىپ ئېيتىلغان سۆز قۇرۇق نۇتۇقتىن ئەلا. * مۇئەللىم لېكسىيە

سۆزلىدى، مەسىلە ئېنىق بولدى. * خاتىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ، نېمە ئوقۇغىنىنى بىلمەيدۇ.

نۆۋەت مۆرۈت كېزەك ساپ ئۆچىرەت

بىرىن-سىرىن، بىرىدىن كېيىن بىرى ئىشلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ تەرتىپى.

تۈگمەنگە نۆۋىتىڭ كەلگەندە بار. * مۆرىستى كەلگەندە دەيدىغانىنى دېۋالدىم. * كېزەك كەلسە، كېرەك پۈتىدۇ.

نۆۋەتچى دىجۇر

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى باشقىلار بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىشلىگۈچى، نۆۋىتى كەلگەندە شۇ ئىشنى ئىشلەۋاتقان كىشى.

نۆۋەتچى نۆۋىتىنى قولىدىن بەرسە، ئىشتىن چاتاق چىقىدۇ. * ئۇ بۈگۈن ئىدارىدا دىجۇر ئىكەن، 1992-يىلىنىڭ نورۇز كۈنى ئىدى، مەن باردىم. كۆڭۈللۈك سۆزلەشتۇق.

نىتروگېن ئازوت

غەيرىي مېتال ئېلېمېنت.

نىتروگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 14.0067، بەلگىسى N، ئاتوم تەرتىپى 7. * ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، خەلقئارا ئاتالغۇ نىتروگېننى ئىشلىتىش كېرەك.

نېرۋا ئەسەب

باش ۋە ئارقا مېڭىدىن تارقالغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بەك كىچىك تومۇرلار سىستېمىسى.

ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلۇپتۇ. * ئەسەبى ئۆرلىگەنگە تەگمە.

نېپىز يۇقا يۇپقا يالاڭ يېلىڭ

قېلىنىنىڭ تەتۈرى، تۈز نەرسىنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستى ئارىلىقى بەك كىچىك ھالەت.

ئانىسى ناننى نېپىز ياقىدۇ، بالىسى قوشلاپ يەيدۇ. * يۇقا چاپانغا ئىشەنمە، يۇقا چاپان سوغۇقتا دۈشمەن. * يالاڭ كىيىم يازدا ياخشى. * يېرىم باينىڭ ئۇيقۇسى يوق، كىيىمى يېلىڭنىڭ قوپقۇسى. * بادام قاپاق، يۇپقا تاماق، ھالىمنى سۇرساڭچۇ!

نېفىت قارىماي موناي

سۇيۇق مىنېرال ماددا، يېقىلغۇ قىلىنىدۇ ۋە تۈرلۈك مەھسۇلاتلار ئېلىنىدۇ.

بىزنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى — نېفىت كانى. مەلۇم بولۇشىچە، نەچچە يۈز مىليون توننا نېفىت زاپىسى بار ئىكەن.

نېگاتىپ دىپيەن

سۈرەت چۈشۈرۈلگەن ئەسلى پلاستىنكا، پلىيونكا.

“دىپيەن” خەنزۇچە: 底片

سۈرەتنىڭ نېگاتىپىنى ئالدىڭمۇ؟ * سۈرەتنىڭ دىپيەننى يوقىتىپ قويدۇم.

نېگىر زەڭگى ھەبەش

ئافرىكىدا ياشايدىغان قارا تەنلىك كىشى.

بېيجىڭدا بىر نېگىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.

نېمە كارى نېمە ئىشى

مۇناسىۋىتى يوق، پەرۋايى يوق.

ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىغا بۇلۇتنىڭ نېمە كارى. * تۆگىنىڭ مازار بىلەن

نېمە ئىشى.

نېمە ئۈچۈن نېچۈن نېمىشقا نېمە سەۋەبتىن نېمىدەپ

سەۋەب ئالمىشى: ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى سوراش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

ھەر "نېمە ئۈچۈن"نىڭ ئۆز سەۋەبى بار. * دەرۋىشتىن ھۆكۈمدار سورىدى: "نىچۈن كەلمىدىڭ ئالدىمغا شۇنچە ئۇزۇن ۋاق؟" ئۇ دېدى: نېمىشقا كەلدىڭ دېگەندىن نېمىشقا كەلمىدىڭ دېگەن ياخشىراق!" * نېمە سەۋەبتىن كۈنلەرنى بوش ئۆتكۈزۈش لازىم بولدى. * نېمىدەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟

نىزام نىزامنامە ئۇستاب رىجە ياساق

دۆلەت، پارتىيە، ئارمىيىنىڭ قائىدە-يوسۇن، تەرتىپ-ئىنتىزام، ھەق-ھوقۇقلار بەلگىلەنگەن، رىئايە قىلىش شەرت بولغان قانۇنىي ھۆججەت.

ئاپتونوم رايونلۇق 7-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19-يىغىنى «نەشىنى چەكلەش نىزامى»نى ماقۇللىدى. * پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى شەرت. * يېڭى ھەربىي ئۇستاب ئېلان قىلىندى.

نىشان قارا چېنەك ئاماچ

ئوق ئېتىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە.

ھەر ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشى ناتايىن. * قارىغا قارىلاپ ئات. * چىداپ چېنىقساڭ، چېنەك ئالدىڭدا.

نىقاب پەردە ماسكا ۋۇدۇسكا

ئۆزىنى تونۇتماسلىق ياكى يوشۇرۇش ئۈچۈن يۈزگە تارتىلىدىغان نەرسە، بۇيۇم؛ ھەقىقىي ئەھۋال، قىياپەتنى يوشۇرىدىغان نەرسە.

نەيرەڭ نىقابقا موھتاج. * پەردە ئېچىلسا، ساختا ئېچىلىدۇ. * ماسكا تارتقاننىڭ دەردى ئىچىدە. * ئۇ كلاسسىك ئەدەبىياتنى ۋۇدۇسكا قىلىپ، يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى، ئەمەلىيەتتە كلاسسىك ئەسەرنى ھەتتا ئوقۇيالمايدۇ.

نىكاھىغا ئالماق ئەمرىگە ئالماق

ئەر قىز ياكى خوتۇننى نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ خوتۇنلۇققا ئالماق.

بۇ خوتۇننى نىكاھىغا ئالغىلى ئوتتۇز يىل بولدى. * قازى جۇۋازچىنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئاپتۇ.

نى-نى ھەر-ھەر

كۆپ ۋە خىلمۇخىل.

يېزا بىپايان سەھنە، ئۇ يەردە نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. * ئۇنىڭ قولىدىن ھەر-ھەر ئىشلار كېلىدۇ.

ھ

ھا ھەئە ھە

"شۇنداق" دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

— شەھەرگە باردىڭمۇ؟
— ھا، باردىم.
— ھەئە، باردىم.
— ھە، باردىم.

ھاجەت ئېھتىياج

موھتاجلىق تەلىپى.

دوستۇڭنىڭ بۈگۈن ھاجىتى چۈشسە، ئەتىگە قالدۇرما. * ئۇتقا ھاجىتىڭ چۈشسە ئۇكام دە. * ئەگەر بىرەر كىشىنىڭ ساڭا ئېھتىياجى بولسا، ھەرگىز رەت قىلما، ھاجىتىنى راۋا قىل، قۇرۇق قايتۇرما. * شىرنىمۇ قىلغۇچى تۈلكە مىجەز ئېھتىياجدۇر، ئېھتىياجدۇر، ئېھتىياج. * پەسكەش ئادەم ئېھتىياج ئالدىدا ۋەدە قىلىپ، قانائەت ئالدىدا يۈز ئۆرۈيدۇ.

ھاجەتسىز ھاجىتى يوق لازىمى يوق كېرەكى يوق زۆرۈرىيىتى يوق

ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.

قۇدۇققا سۇ قۇيۇش ھاجەتسىز. قورساق سەككىز ئۈلۈش تويسا، تېۋىپنىڭ ھاجىتى يوق. * دوستلار ئارا تەكەللۇپنىڭ لازىمى يوق.

* ھەقىقەتنى پەردازلاشنىڭ لازىمى يوق. * ھەقىقەتكە تونىنىڭ لازىمى يوق. * دانانىڭ سۆزىگە كېپىلنىڭ كېرىكى يوق. * جىڭ مارجانغا قىزىل سىرنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ھار ئالماق ئېغىر ئالماق

نومۇس ھېس قىلماق.

ئىتنىڭ چىشلىگىنىدىن ھار ئالىمۇ، ئېشەكنىڭ تەپكىنىدىن. * ئېغىر ئالغان بىلەن قورساق ئاچقان تەڭمۇ؟

ھاراقكەش ھاراقخور پىيانچىك

ھاراق-شارابنى كۆپ ۋە دائىم ئىچىدىغان كىشى.

ھاراقكەش ھالال بىلەن ھارامنى پەرق ئەتمەيدۇ. * ھاراقخور توڭگۇزنىڭ ئىچىدە ئادەم، ئادەمنىڭ ئىچىدە توڭگۇز.

ھارام مەكرۇ

ئىسلام دىنىدا يېيىشكە، ئىچىشكە، قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىش-ھەرىكەت.

تاماكا — ھارام. * ھالالدىن توخۇ، ھارامدىن مۇشۇكۇم يوق. * بوزا — مەكرۇ. * ھالالغا يۈگۈر، مەكرۇدىن قاچ.

ھارماي-تالماي ئېگىلمەي-سۇنماي

ھاردىم دېمەي، بوشاشماي.

ھارماي-تالماي كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ھامان نەتىجىسىز قالماس. * ئېگىلمەي-سۇنماي ئىلگىرىلەش مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر.

ھارىمى ھارامزادە ۋەلەد

نىكاھسىز تۇغۇلغان.

ئۇ ھارسىمىنىڭ ئاغزىنى بېسىڭلار، — دېدى ھۆرنىساخان. * ئۇ ھارامزادە ئاخىر بىۋاپالىق قىلدى.

ھازىر ئەمدى ئەمدىلىكتە

سۆز بولۇۋاتقان چاغ.

تالاي "ئۆتمۈش"لەر "ھازىر"نى بارلىققا كەلتۈرگەن؛ تالاي "كېلەچەك"لەر "ھازىر"دىن باشلىنىدۇ. * مەنسەپ سوراپ كاتتىلارغا باردىم، ئۇلۇغلارغا باردىم، ئەمدى كىمگە باراي. * ئەمدىلىكتە ئۈمىدىم ئۈزۈلدى، قولۇم قىسقاردى، بىراق كۆزۈم روشەنلەشتى، ئاق-قارىنى بىلدىم.

ھازىرقى ئەمدىكى ئەمدىلىكتىكى

گەپ بولۇۋاتقان چاغدىكى.

ھازىرقى ياشلار بۇرۇنقى ياشلارغا ئوخشىمايدۇ. * ئەمدىكى ۋەزىپە ئوتاقنى ئوبدان ئىشلەش. * ئەمدىلىكتىكى ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

ھاسىرىماق ھۆمۈدىمەك

تېز-تېز دەم ئالماق.

ئۇ ھېرىپ كېتىپتۇ، ھاسىراپ تۇرۇپ سۆزلىدى. * ساڭا نېمە بولدى. شۇنچە ھاسىراپ كېتىۋاتىسەنغۇ. * ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ ئاران كەلدىم.

ھال ھالەت ئەھۋال ۋەزىيەت تۇرۇم

تۇرمۇشتا روھى ۋە جىسمانىي شارائىت.

ھالىم خاراپ. * ھالىم پەرىشان، كىيگىنىم تېرە ئىشتان. * كىشىنىڭ ھالىغا كىشى يەتمەس. * دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما، كۈلكىسى كېلىدۇ. * تۇرغۇن ھالەتنىڭ دەردى كۆپ. * ئۆيۈڭنىڭ ئەھۋالىنى قوشناڭدىن

سورا. * ۋەزىيەتنى كۆزىتىشنى ئۆگەن، ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن كېيىن قالما.

ھالبۇكى ۋەھالەنكى

قارىمۇقارشى باغلىغۇچى. ھەقىقەتتە، ئەمەلىيەتتە بولسا دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئادەمنىڭ ھاياتىدا ياشلىق بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ھالبۇكى، ياشلىق دەۋرى كىشىنىڭ ھەرقانداق دەۋرىدىن قۇدرەتلىك، گۈزەل بولىدۇ. * دۇنيادا ياشلىقتىن ئېسىل نەرسە يوق، ۋەھالانكى، ئۇ ئاسانلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ھامىلدار ئىككىقات ئېغىر بوي ئېغىر ئاياغ ئىچلىگ ئەۋنىلىگ ئىگەن

قورسىقىدا ھامىلىسى، يەنى بالىسى بار.

ھامىلدارنىڭ چۈش كۆرۈشى ھامىلىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق. * ئىككىقات، ئېغىر بوي، ئېغىر ئاياغ ئاياللارغا ئاپتوبۇستا ئورۇن بېرىش، يولدا يول بېرىش مەدەنىيەتلىكنىڭ ئىپادىسى.

ھامىلدار بولماق ئىككىقات بولماق ئېغىر بوي بولماق ئېغىر ئاياغ بولماق قورساق كۆتۈرمەك بويىدا قالماق

قورسىقىدا ھامىلە، يەنى بالا بولماق.

ھامىلدار بولغاندا مۇۋاپىق دەم ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ. * ئىككىقات بولغانلىقىڭىز سېزىلگەن ھامان دوختۇرغا كۆرۈنۈڭ، دوختۇردىن مەسلىھەت ئېلىڭ. * ئېغىر بوي ئايال سۇ كېچىپ ئىشلەيدىغان ئىشقا يارىمايدۇ. * قورساق كۆتۈرگەندە، قورساقنى قىسماڭ، ئەركىن-ئازادە تۇتۇڭ. * يارىمنىڭ كۆڭلىنى دەپ بويۇمدا قالدى.

ھاۋانچا كىيلە ئۇغۇر سوقا

نەرسىنى ئۇۋاقلاش، پوستىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان بۇيۇم، نەرسە سالىدىغان ئىدىش ۋە ئۇرىدىغان سوقماقتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ۋاقتى ئۆتكەن ھاۋانچىنىڭ تېگى چۈشەر. * ھاي دېسەڭ ھاۋانچىنى سۇندۇرىدۇ. * سېپى سۇنسا، كىيلىمۇ تۆگەيدۇ. * ئۇغۇر ئۇغرىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. * سوقىدا شال ئاقلاتتۇق.

ھاي ھەي ھۇي

بىرەر كىشىگە سۆزلىمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

ھاي بالىلار، جىم تۇرۇڭلار! * ھەي ھەسەن، سەن نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايسەن؟ * ھۇي ھوشۇر، نېمە ئۇنداق قىلىسەن؟

ھايت-ھۇيت دېگۈچە ھەش-پەش دېگۈچە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھاي-ھۇي دېگۈچە

بەك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە، بىردەمدىلا.

بەخت تۇراقلىق بولمايدۇ، كىم بىلىدۇ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە سىزدىن كېتىپ، باشقا بىرىنى تېپىۋالار. * نامىنى ساقلاش بىر ئۆمۈرلۈك ئىش، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش ھەش-پەش دېگۈچە. * دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ، بولىسا بۈگۈنكىز كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. * ھاي-ھۇي دېگۈچە كەچ كىرىدۇ، ئەتىڭىزنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

ھالقا زىرە سىرغا سۆكە ئىڭگىلىك يىگىنە ئۆكمەك تولغاغ

قۇلاققا تاقايدىغان زىننەت بۇيۇمى. ئالتۇن، كۈمۈش ۋە

باشقا ئېسىل نەرسىلەردىن ياسىلىدۇ.

“سۆكە” قەشقەر شېۋىسىدە، “ئىڭگىلىك” لوپنۇر دىئالېكتىدا “يەگىنە” قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىنەك سېتىپ ھالقا ئالغان ئەخمەق. * زەردىن زىرە تاقىسىغۇچە، ئىشلەپ زەر تاپ. * سىرغا سىرىلغا چۈشمەيدۇ.

ھايات ئۆمۈر ئۆزياش

ياشاش دەۋرى.

ھايات مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت مېھىر-شەپقەتكە موھتاج. * كىشىنىڭ ھاياتى مىللەتنىڭ نومۇسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچنېمە ئەمەس. * ئۆمۈر ئەلا، لېكىن ئارزۇسىز ئۆمۈرنىڭ كېرىكى يوق. * ئۆمۈرمۇ ئايغا ئوخشايدۇ، بەزىدە تولىدۇ، بەزىدە سولىدۇ.

ھايات-مامات يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم

ياشاش بىلەن ئۆلۈش جىددىي ھالەتكە كەلگەنلىكى ھەققىدە.

ھايات-مامات جېڭى بولۇۋاتقاندا، قەيسەر ھايات، ئاجىز مامات بولىدۇ. * يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ مىليونلىغان ئەل، قانلىق مەيدانغا چۈشتى مەھكەم باغلاپ بەل. * بۇ يولدا ئاقىدۇ قانلار بولۇپ سەل، بۇ كۈرەش مەقسىتىمىزنى قىلغۇسىدۇر ھەل.

ھايۋان ھايۋانات يىرتقۇچ

ھەرىكەت قىلىش ۋە سېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە ھەربىر تىرىك مەۋجۇدات، ئىنساندىن باشقا ھەممە جانىۋار.

تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان. * دۇنيادا ساناقسىز ھايۋان بار، ئىنسانلار دەردىدىن ئەمەس خەۋەردار. * ھايۋانات دۇنياسى — ئاجايىپ دۇنيا. * چاشقان مۈشۈكتىن يامان يىرتقۇچ يوق دەر.

ھايۋانات باغچىسى زوئوپارك ئاجايىپخانا

ھەر خىل كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانات، ئۇچار قاناتلارنى بېقىپ، كىشىلەرنىڭ تاماشا قىلىشىغا، ئۇلارغا دائىر بىلىملەرنى ئېلىشىغا كۆرسىتىدىغان باغچە.

ئۈرۈمچى ھايۋانات باغچىسى ئون يىلدا جەمئىي 5 مىليون ئادەم قېتىم سەيلە ـ ساياھەتچىنى كۈتۈۋالغان.

ھەپتە يەتتە كۈن جۈمە

دۈشەنبىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان يەتتە كېچە ـ كۈندۈزنى ئىچىگە بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى.

ھەپتە ئۆتتى، ھەمدەم بولالمىدىم. * يەتتە كۈننىڭ ئالتە كۈنى "بە"، بىر كۈنى "مە". * نەچچە جۈمە ئۆتتى ئارقا ـ ئارقىدىن، بىرىمۇ توختاپ قالمىدى، تەلەپ ـ ئىلتىماستىن.

ھەتتا ھەتتاكى

ئىزاھ باغلىغۇچى، ئالدىدا ئېيتىلغان سۆز، جۈملىگە قارىغاندا كېيىنكى سۆز، جۈملىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

كىمنى پادىشاھ ئۆزىدىن يىراق تۇتسا، ئۆي ئىچىمۇ زاڭلىق قىلىدۇ ھەتتا. * ئۇلار مىللەت يولىدا قەھرىمانلارچە ئىشلىدى، ھەتتاكى قانلىق جەڭلەر، قەھرىتان سوغۇقلار، ئىسسىق ئاپتاپلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى.

ھەددىدىن زىيادە ھەددىدىن ئارتۇق

ئادەتتىكى نورمال ئۆلچەمدىن جىق.

چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىككە، قىلچىمۇ چېكى يوق ئەركىنلىككە ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ زىيىنى ۋە خەۋپى ھەقىقەتەن كۆپ. * ھاراقنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىچىش سالامەتلىككە زىيانلىق.

ھەرە بوغۇن زۇلپۇك

ھاشارات، تۈرى كۆپ، توپلىشىپ ياشايدۇ، زەھەرلىك نەشتىرى بولىدۇ. بۇ يەردە ھەسەل ھەرىسى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ. "زۇلپۇك" تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بىرتال گۈلدىن ھەرە شىرنە يىغار، يىلان زەھەر. * ھەرە بول، ھەسەل بەر، لازىم بولسا، نەشتىرىڭنى سانجى.

ھەرگىز ئەسلا زادى پەقەت مۇتلەق ھېچ قەتئىي ئۆللا ـ بىللا

رەۋىش: پېئىلنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى كۈچەيتىدۇ.

ئۆز ئەسەرلىرىدە ياشىغان ئادەم ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. * ئالىيجاناب پىكىرگە ھەمراھ كىشى ھەرگىز يېتىم قالمايدۇ. * نىجاسەتكە پاتقان ئەسلا تازا بولماس. * گەر كاسىپ مۇساپىر بولسا يات يۇرتتا، قىيىنچىلىق دېگەننى بىلمەيدۇ ئەسلا، * ئەتىرگۈلنىڭ نامىنى يۆتكىسىمۇ، خۇش پۇرىقى زادى كەتمەس. * بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەم كىتاب ئوقۇمايدىكەن، باشقىلارنى پەقەت چۈشىنەلمەيدۇ. * ۋەتەنگە خائىنلىق قىلىشقا مۇتلەق يول يوق. * ئوقۇماي، بىلمەي ياشىماق ھېچ ئەھمىيىتى يوق ياشاش. * خەلققە پايدىلىق پىلاننى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. * يامانلىقنى ئۆللا ـ بىللا بىلمەيمەن، يامانلىقنى ئۆللا ـ بىللا قىلمايمەن.

ھەرىكەت پائالىيەت تەرەددۇت

بىرەر ئىشقا كىرىشىش، ئىنتىلىش.

ھەرىكەتتە بەرىكەت بار. * ھەر تىرىك جان قىلسا ھەرىكەت، ھەرىكەتكە قاراپ تاپار بەرىكەت. * ئادەمنىڭ پائالىيىتى ئالىيجاناب ئىدىيىنىڭ ئىلھامىغا ئىگە بولالمىسا، پايدىسىز، ئەرزىمەس پائالىيەت بولۇپ قالىدۇ. * تەرەددۇت قىلغان تەلىپىگە يېتەر.

ھەرىكەتچان پائالىيەتچان

كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن قىلمايدىغىنى يوق.

ھەرىكەتچان كىشى ھېچقاچان مال-مۈلۈك ئۈچۈن باش قاتۇرمايدۇ. * پائالىيەتچان كىشى ئورنىغا تامدىن ئارتىلىپمۇ كىرىدۇ، سۆڭگۈچتىن سوقۇنۇپمۇ كىرىدۇ.

ھەسەت كۆنلەش قىزغىنىش كۆندەشلىك رەشك

باشقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى.

"كۆنلەش" كۆپرەك ئەر-خوتۇن ئارىسىدا بىر-بىرىنى باشقىلاردىن قىزغىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەسەت — بىسەرەمجانلىقنىڭ ئۇرۇقى. * ھەسەت — نام-ئاتاقنىڭ ھەمرامى. * كۆنلەش ئىچى تارنىڭ ئىشى. * يارنى قىزغىنىش، يوققا ئىنتىلىش بىرگەپ. * كۆنلەشلىكنىڭ دەردى يامان، ئۇ كىشىنى ھەممىدىن جۇدا قىلىدۇ. * سۆيگۈگە رەشك ھەمراھ.

ھەسەتخور كۆنچى قىزغانچۇق كۆرەلمەس سوق

ھەسەت قىلغۇچى.

"كۆنچى" كۆپرەك ئەر-خوتۇن ئارىسىدا بولىدۇ.

ھەسەتخورنىڭ كۆزىگە موگۇمۇ پالما دەرىخىدەك كۆرۈنەر. * كۆنچىنىڭ كۆنى تەستە ئۆتەر. * كۆنچىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس. * قىزغانچۇقنىڭ يۈزى قىزارماس. * قىزغانچۇق ئەر بىلەن قىرچاڭغۇ ئاتنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. * ئىتنىڭ بەختىنى كۆرەلمەس مۇشۇك كۆرەلمەيدۇ.

ھەسەتخورلۇق كۆندەشلىك قىزغانچۇقلۇق كۆرەلمەسلىك

ھەسەتخورنىڭ روھىي ھالىتى.

"كۆندەشلىك" كۆپرەك ئەر-خوتۇن ئارىسىدا بولىدۇ.

ھەسەتخورلۇق — رەزىللىكنىڭ بېشى. * كۆندەشلىك — جېدەلنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. * قىزغانچۇقلۇق قەلبنى قۇرۇتىدۇ. * بارنى كۆرسە كۆرەلمەيدۇ، يوقنى كۆرسە بېرەلمەيدۇ.

ھەسەت قىلماق كۆندەشلىك قىلماق قىزغانماق ئىچى قىزىماق ئىچى ئاغرىماق ئىچىگە ئوت كەتمەك تەپزەشمەك

كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك.

ھەسەت قىلىش ياخشى نىيەتتىن بولسا، ئۇ — مۇسابىقە پەرسدۇر. * كۆندەشلىك قىلىشنىڭ ئورنى بولسا بىرگەپ، ئورۇنسىز بولسا، بۇ بىرگەپ. * بېخىل ئۆز مېلىدىن ئۆزى قىزغىنار. * پەرىشتىنىڭ ئىشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ. * ئىچىڭ قىزىسا مۇز يالا. * ئىچى ئاغرىغاننىڭ ئىچىدىن قان كېلەر. * ئىچىگە ئوت كەتسۇن دەپ چىقتىم تالاغا، ئۆزۈمنىڭ ئىچىگە ئوت كەتتى شۇ ئان، ئەمدى قالدىم بالاغا.

ھەق I ھوقۇق ھەد

دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ۋە قوغدىلىدىغان ئەركىنلىك، ئىختىيار.

كەلمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ * ۋەتەننى سۆيۈش ھەققىمىز ۋە بۇرچىمىز. * ئۆز-ئۆزىگە ئىشىنىش ياشلارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى. * قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار. * تەكشۈرمىگەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق. * بۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە سېنىڭ ھەددىڭ يوق.

ھەق II سىمكار مانجا تەركە

قىلغان ئەمگەككە تېگىشلىك تۆلەم، ئۈلۈش.

ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمىغانلار باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئەسلا ئادا قىلالمايدۇ. * نېمە ئىش قىلساڭ، شۇنىڭ ھەققىنى ئالىسەن. * مېۋە — جاپالىق ئەمگەكنىڭ سىمكىرى. * ئىشىمگە قاراپ مانجىسى.

ھەق III بەدەل يانۇت

مەلۇم نەرسىنىڭ ئورنىغا كەلگەن ماددىي ياكى مەنىۋى تۆلەم.

ھەقىنىڭ ھەققى تەق. * كېسەللىك — شەھۋانىيلىقنىڭ بەدىلى. * مۇھەببەتنىڭ بەدىلى مۇھەببەت.

ھەققىدە توغرىسىدا توغرۇلۇق خۇسۇسىدا بارىسىدا

تىركەلمە: سۆز ياكى جۈملە ئاخىرىغا تىركىلىپ، شۇ ئادەم ياكى نەرسە ئۈستىدە سۆز بېرىۋاتقانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

دانا قولىدىن كەتكەن نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەس. * ئالىم ئىلىم توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، زالىم زۇلۇم توغرىسىدا. * بۇ توغرۇلۇق مەندە باشقىچە پىكىر يوق. * پاك-دىيانەتلىك مەسىلىسى خۇسۇسىدا كۆپ بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. * شېئىرىيەت بارىسىدا گەپ بولغاندا، يېڭى شېئىرلاردىن مىسال كەلتۈرۈلدى.

ھەقلىق ھوقۇقلۇق

ھەق-ھوقۇقى بار، ھەق-ھوقۇققا ئىگە.

قۇدۇق قازغان قۇدۇقتىن سۇ ئېلىشقا ھەقلىق. * ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداشقا ھوقۇقلۇق.

ھەقىقەت ھەققانىيەت ئادىل ئادالەت ياقىن

چىن، داۋلى، خالىسلىق، توغرا يول.

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس. * تاتلىق سەپسەتىدىن ئاچچىق ھەقىقەت ئەلا. * ھەققانىيەت يولىدا جېنىڭنى ئايىما. * ھەققانىيەتنىڭ ئۆڭى ئۆچمەيدۇ. * سەن ھەر ئىشتا ئادىل بولساڭ، كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىسەن. * يامانلىققا يامانلىقتۇر مۇكاپات، شۇدۇر دادۇھەققانىيەت، ئادالەت. * ئادالەت مەڭگۈ ئۆچمەس يالقۇن. * ئادالەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ئۆلچىمى.

ھەمەل كىلىزما

ئىچنى تازىلاش ياكى داۋالاش ئۈچۈن ئارقىدىن دورىلانغان سۇيۇقلۇق بېرىش.

مەلۇم ۋاقىتتا ھەمەل قىلىپ، ئىچىنى تازىلاپ تۇرۇش پايدىلىق. * كېسەلگە ئوپېراتسىيە قىلىشتىن ئىلگىرى كىلىزما قىلىش بىر تەرتىپ.

ھەمراھ I قەدىناس

ئۇزاق يىللىق ئەر-خوتۇن.

ھەمراھىڭنىڭ ھالىغا يەت. * چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ، قەدىناسنى تاشلىما.

ھەمراھ II يولداش ھەمسەپەر سەپەرداش جورا

يول-سەپەردە بىللە يۈرگۈچى.

سەپەرگە ھەمراھ كېرەك، تىرىكچىلىككە ياردەم. * يولدا قوشۇلغان يولداش ئەمەس. * سەپەرگە ھەمسەپەر كېرەك. * سەپەرداشىڭ ئىت بولسا، قولۇڭدا كالتەك بولسۇن. * سەيلىگە چىقساڭمۇ جورا تاپ.

ھەمسۆھبەت سۆھبەتداش

سۆھبەتلەردە بىللە بولىدىغان كىشى.

ھەمسۆھبەتنىڭ سۆھبىتى — جاننىڭ ئوزۇقى. * سۆھبەتدىشىڭنىڭ سۆھبىتىدىن قاچما.

ھەل قىلماق يەشمەك

ئىش - ھەرىكەتنى بىرەر نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈش.

ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى تېپىلىدۇ. * ماجىرانى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى تەربىيە. * يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن يوق.

ھەۋەس ھېرىس ھەپسىلە

بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە بولغان قىزىقىش.

دەردسىز دىل ھەۋەستىن تاپالماي چارە، شىشە بوشاپ قالسا، شارابى ھاۋا. * ھەۋەس يوق يەردە خاتىرە بولماس. * ھېرىس قىلساڭ ھارىسەن. * ھەپسىلىسى پىر بولدى.

ھەيئەت رىياسەت پىرىزىدىئۇم

قۇرۇلتاي، چوڭ يىغىنلاردا مەجلىس باشقۇرۇشقا سايلانغان، بەلگىلەنگەن كوللېكتىپ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى تەييارلىق يىغىنىدا بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى.

ھەيز كۆرمەك ئادەت كۆرمەك ئاي كۆرمەك بويى كىر بولماق

خوتۇن - قىزلار بالىياتقۇسىدىن ھەر ئايدا بىر قېتىم خۇن كەلمەك.

قىزلار ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياشلىرىدا ھەيز كۆرىدۇ. * ئادەت كۆرگەندە ئېغىر ئەمگەك قىلماڭ. * ئاي كۆرگەندە تازىلىققا دىققەت قىلىڭ. * بويىڭىز كىر بولغاندا ياخشى ئارام ئېلىڭ.

ھودۇقماق ئالاقزادە بولماق ساراسىمە بولماق

ئالدىراپ - ئاسقىپ كەتمەك، بىرەر تەسىردىن قاتتىق بىئارام بولماق.

ئاتاڭ ئۆلگەندە، قىزىڭ ياتلىق بولغاندا ھودۇقما. * ئىت ھودۇقسا تامغا سەكرەر. * ئالاقزادە بولغاندىن ئامال قاچىدۇ. * ساراسىمە بولساڭ، ئەقىل قاچىدۇ.

ھور بۇس بۇغ پار ئۇلاي

ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىدىن كۆتۈرۈلگەن گاز نەرسە.

"ئۇلاي" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ھور نان. * ھورى كېتىپ، شورى قاپتۇ. * بۇسنى چىقارماي ئىشنى پۈتتۈرۈپتۇ. * ئاشپەز بۇغ بىلەن سەمىرەر. * پار مۇنچا يۇيۇنۇشقا پايدىلىق.

ھوسۇل ئۈنۈم ھوسىلات

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى.

ھوسۇل بېرەرمۇ ئۇرۇق بولمىسا ئېكىن مەيدان، يەر بولمىسا نېمىگە كېرەك بولاتتى ئاسمان. * يىلتىز سۇدا بولمىسا، ئۈنۈمدىن ئۈمىد يوق. * ئۇرۇقىغا قاراپ ئۈنۈمى.

ھوشيار سەگەك ساق ئاگاھ

ھوشلۇق، ئەقلى - ھوشى جايىدا بولغان بىرەر تەسىر ياكى ھادىسىنى تېز سېزىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان، زېرەكلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان.

ھوشيار ئات يىرتقۇچقا يەم بولماس. * ھوشيار بولساڭ، ئاپەت كۆرمەيسەن. * سەركە سەگەك بولسا، مالغا ئاپەت كەلمەس. * سۈتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق. * سىنىماي بىرىنى تۇتمىغىن ھەمراھ، ئاڭلىغاندىن كۆرگەن باشقا، بول ئاگاھ. * ئاگاھ بولساڭ، ئاداشمايسەن.

ھوشيارلىق سەگەكلىك ئاگاھلىق

ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇش، بىخۇد بولماي، ئويغاق بولۇش ھالىتى.

ھوشيارلىق غەلىبىنىڭ ھېرىسكى. * سەگەكلىك سەپەرنىڭ شەرتى. * ئاگاھلىق — ئەقىللىقنىڭ ئانىسى.

ھويلا ھويلا-ئارام قورۇ سەينا كۆرە چىگ ھالۇ

ئۆي-جاينىڭ ئەتراپى قورۇقلانغان مەيدانى.

"ھالۇ" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ھۇرۇنغا ھويلىدىكى سۇ يىراق. * ھويلامنىڭ تېمى يوق، دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق. * تالاغا ھەيدىسەڭ قورۇغا قاچىدۇ. * "سەيناغا كىرىلى"، — دېدى كوچالىق دوستۇم. * چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوت كۆرەسى ياسالدى.

ھۇجۇم ئاتاكا شتۇرۇم ھەملە ئەگە

ئۇرۇشلاردا دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىش؛ بىرەر چوڭ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەت.

دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ياخشى مۇداپىئە. * ئۇ ماڭا يوق باھانىلار بىلەن ھۇجۇم قىلدى. چىداپ تۇرالمىدىم. * ئاتاكا جەڭنى ھەل قىلىدۇ.

ھۇرۇن يالقاۋ ئېرىنچەك ئىش ياقماس تەپسە تەۋرىمەس گۆلەش ئەرمەگۈ

ئىش-ئەمگەكنى ياقتۇرمايدىغان، بىكارچىلىقنى خالايدىغان.

"گۆلەش" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ھۇرۇن پىت بېقىشتىن ئويالماس. * ھۇرۇنغا كۈندە توي. * ھۇرۇننىڭ نېنى ئىككى بولماس. * يالقاۋ-ياقا، ئېسكى ئاتقا تاقا،

* ئېرىنچەكنىڭ ئەتىسى تۈگىمەيدۇ، تەمەخورنىڭ پەتىسى. * ئېرىنچەك ئىككى ئىشلەر، ئاخىرى بارمىقىنى چىشلەر. * ئىش ياقماسقا ئىش بۇيرۇساڭ ساڭا ئەقىل ئۆگىتەر. * تەپسە تەۋرىمەس تەمە بىلەن ياشايدۇ. * ئەرمەگۈگە بۇلۇت يۈك بولۇر.

ھۇرۇنلۇق ئېرىنچەكلىك يالقاۋلىق

ئىش-ئەمگەكنى ياقتۇرماسلىق.

ھۇرۇنلۇقتىن بالا كېلەر باشقا، ئىشچانلىقتىن گۈل ئۈنەر تاشتا. * ھۇرۇنلۇق ئاچكۆزلۈك بىلەن بىر تۇغقان. * ھۇرۇنلۇق ئەقىل تىغىنى قاشارتار. * ھۇرۇنلۇق ئاچلىقنىڭ ئانىسى، ئوغرىلىقنىڭ ھامىيسى. * ئېرىنچەكلىك — جىنايەتنىڭ بېشى. * يالقاۋلىقتىن ياندىكى نەرسىمۇ يوقىلار.

ھۇقۇش مۈشۈكياپىلاق قارىغۇياپىلاق ئۆكى بايقۇش قوبۇرغا

پايدىلىق قۇش، پەيلىرى بوز كېلىدۇ. بېشىدا مۈڭگۈزگە ئوخشايدىغان پۆپۈك بار.

ھۇقۇشنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، بۈركۈتمۇ گۈزەل سېزىلەر. * ئورماندا ياشىغان مۈشۈكياپىلاقتىن قورقمايدۇ. * قارىغۇياپىلاقنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۆلىدۇ. تاش بىلەن ئۇرسىمۇ ئۆلىدۇ. * بايقۇش ۋارقىرىسا، باينىڭ بېشى ئاغرىيدۇ.

ھۆسن خەت خۇش خەت ئۈز خەت كاللىگرافىيە

قائىدىگە مۇۋاپىق، چىرايلىق يېزىلغان خەت.

"خۇش خەت"، "ئۈز خەت"، قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

606-بەتتىكى ھۆسن خەتلەرنى ئابدۇرەھىم ئابدۇراخمان يازغان.



هۆكۈم كېسىم

هەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار ئۈستىدىن چىقىرىلغان قەتئىي

قارار.

قارىۋېلىپ هۆكۈمنى ئېيت. * ئەلنىڭ هۆكۈمى ئىللا. * كېسىم كېسىلگۈچە، هەق ئۆلگۈچە.

هۆكۈم چىقارماق كەسمەك

سوتنى ئىنقىلاپ يەكۈن چىقارماق، جازاغا بۇيرۇماق.

هۆكۈم چىقىرىشتا يالغۇز ئۆزىگە تايىنىۋالمايدىغان ئادەملا ياخشى هۆكۈم چىقىرالايدۇ. * كېسىم — كەسكەننىڭ كەسكىنلىكىدىن كېلىدۇ.

هۈجەيرە كىلاستىكا

تىرىك ئورگانىزمنىڭ پروتوپلازما ۋە يادرودىن ئىبارەت ئەڭ ئۇششاق قىسمى.

هۈجەيرە يادروسى، هۈجەيرە پەردىسى. * جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شەخس بەدەندىكى هۈجەيرىگە ئوخشىشىدۇ.

هۆججەت ماتېرىيال ۋەسىقە

خەت-ئالاقە، تۈرلۈك مەلۇماتلار، ئاساس قىلىنىدىغان گۇۋاهنامىلار، بىرەر ئىش-هەرىكەت توغرىسىدىكى يازما ئاساسلار.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ هۆججىتى. * هۆججەت بولمىسا، ئىش ئاقمايدۇ. * ئۆگىنىش ماتېرىيالى، پايدىلىنىش ماتېرىيالى. * بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاش كېرەك. * ۋەسىقىلىرىمىزنى ئاسراش بۇرچىمىز.

هۆر پەرى هۆرلىقا

دىنىي ئەپسانە بويىچە جەننەتتىكى گۈزەل قىز. شۇنىڭغا نىسبەت قىلىنغان بۇ دۇنيادىكى نازىنىن، چىرايلىق قىز.

هۆرلەر خىزمىتىڭدە بولسۇن. * ئەخلاقسىز پەرىنى مەست قىلار

ھاراق. * ھۆرلۇقا ھۆرىيەتنىڭ، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى.

ھۆرمەت ئېھتىرام ئىززەت قەدىر قىممەت قەدىر ـ قىممەت ئېتىبار ئاغىر چىلتەگ ئۇدۇغ

بىراۋنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، پاكلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئالقىشلاش تۇيغۇسى.

ھۆرمەت چوڭ بايلىقتىنمۇ قىممەت. * ئادەمنىڭ ھۆرمىتىمۇ، خورلۇقىمۇ ئۆزىدىن. * ئۆز ئىززىتىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم. * ئەر قەدرىنى ئەر بىلەر، زەر قەدرىنى زەرگەر. * ئادەمنىڭ سۆڭكىنىڭ قىممىتى بېشىنىڭ قىممىتىگە تەڭ كەلمەس. * ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى خالىس ئىش قىلىش بىلەن ئۆلچىنەر. * ئېتىبارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭدىن نېمە پايدا.

ھۆرمەتسىز قەدىرسىز ئېتىبارسىز

قەدىر ـ قىممەت قازىنالمىغان، ئېتىبارى يوق.

ھۆرمەتسىز بولغان ــ يېرىم ئۆلگەن. * قەدىرسىز ياشىماق تەس. * ئېتىبارسىز قالدۇق، تاشلىنىپ قالدۇق.

ھۆرمەتسىزلىك بىھۆرمەتلىك

ھۆرمەت ـ ئېتىبار قىلماسلىق.

چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك ئەدەبسىزلىككە ياتىدۇ. * نۇرغۇن ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر دەسلەپتە بىھۆرمەتلىك ھېسابلانغان.

ھۆرمەتلىك ئىززەتلىك قەدىرلىك قىممەتلىك ئېتىبارلىق

ھۆرمەت ـ ئېتىبارغا، قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە مۇناسىپ.

ئىنسان ئۆز خۇلقى بىلەن ھۆرمەتلىك. * ئىززەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئىززەتلەشنى بىلىش كېرەك. * قەدىرلىك ئانىنى قەيەردىن

تاپارسەن. * قىممەتلىك ئىشنىڭ باھاسى يوق. * ئۆز چېچىڭ ياتنىڭ بېشىدىمۇ قىممەتلىك. * ئېتىبارلىق زاتلارغا ئېتىبار كېرەك.

ھۆرمەتلىمەك (ھۆرمەت قىلماق) ئىززەتلىمەك (ئىززەت قىلماق) قەدىرلىمەك (قەدىرىگە يەتمەك) ئاغىرلىماق چىلتەمەك

ئەزىزلىماق، ئۇلۇغلىماق، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەك.

ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش زېرەكلىك ۋە دانىشمەنلىكنىڭ باشلىنىشى. * ھۆرمەتلىگەننى ھۆرمەتلە. * ئىززەتلىسەڭ كۆپ سۆزلىمە. * گۈلنى سۇغار، دوستلۇقنى قەدىرلە. * ئىززەت قىلغانغا تەزىم قىل. * قەدىرلىگەننىڭ قەدىرىگە يەت. * تەگرى مەنى ئاغىرلادى.

ھېچقاچان ھېچ ۋاقىت

ھەرقانداق ۋاقىتتا.

يامانلىق تىلەيدۇ دائىما يىلان، بېشىنى يانچىشتىن تىنما ھېچقاچان. * مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىز شېخى ئوتۇندىن باشقىغا يارىماس ھېچ ۋاقىت.

ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق بىكاردىن بىكار

سەۋەبسىز، ھېچقانداق سەۋەبى يوق.

ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئاچچىقلانغاننىڭ بېشى ئاغرار. * قېرى قارغا بىكاردىن بىكار قاقىلدار.

ھېچ ۋەقەسى يوق ھېچنېمە يوق كارايىتى چاغلىق كارايىتى يوق كارى چاغلىق ھېچ گەپ يوق ھېچقىسى يوق كېرەك يوق ھېچ گەپ ئەمەس چاتاق يوق

ھېچ نەرسە بولمايدۇ، زىيىنى تەگمەيدۇ.

باشقا كەلگەننى كۆز كۆرەر، ھېچ ۋەقەسى يوق. * خاپا بولما،

تىنچ بول، ھېچنېمە يوق. * خاتالىقنىڭ كارايىتى چاغلىق، تۈزەتكەن پايدىلىق. * كىچىككەنىنىڭ كارايىتى يوق، كىچىكسىمۇ پۈتسۇن. * كۈمۈش كەتسە كارى چاغلىق، جاسارەت كەتسە ئىشىنىڭ تۈگىگىنى. * تۆگە بوتىلىسا ھېچ گەپ يوق، توخۇ كاكىلىسا قاقاقلار. * ھېچقىسى يوق، خاپا بولماڭ. * كېرەك يوق، بۈگۈن چۈشەنمىسە، ئەتە چۈشىنەر. * بىر ۋاخ تاماقتىن قالغان ھېچ گەپ ئەمەس. ئاچارچىلىق يامان. * "چاتاق يوق" دېگەن يەردە چاتاق بار.

ھېساب-كىتاب قىلماق راسچوت قىلماق

ئارىدىكى پۇل مۇئامىلىنى ئۈزمەك.

بىز ئۇنىڭ بىلەن ھېساب-كىتاب قىلىپ، بارنى بار، يوقنى يوق قىلىپ، ئالاقىنى ئۈزدۇق. * قېنى، بۇ چىقىمنى راسچوت قىلىۋېتەيلى.

ھېكايە ئېرتەك سەرچەك ئۆتۈك

بولۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە توغرىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قىسسە.

بۇلبۇلنىڭ چىرايلىق ھېكايىلىرىغا قورساق تويماس. * يالغان ھېكايە ئېيتقان ھارمايدۇ. ئاڭلىغان ھارىدۇ. * ئېرتەك ئېيتىشىپ ئوينىغان باللارغا تەگمە، ئېرتەكتىن ئۆگەنسۇن.

ھېكمەت ئەقلىيە سۆز ئافورىزم ۋەجىزە مارجان سۆز

چوڭقۇر مەنىلىك، سىرلىق سۆز-ئىبارىلەر.

ئاز يېمەك ساقلىقتا، ئاز دېمەك ھېكمەتكە باغلىق. * جاھان باشتىن ئاياغ ھېكمەتتۇ ھېكمەت، نېمىشقا غەپلەت بىزگە بولۇپتۇ قىسمەت. * سەمىمىيلىك ئەقلىيە سۆزنىڭ بىرىنچى بابى. * قايىنام ئۆركىشىنىڭ ئەسەرلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك ئافورىزملار بار، "بوياق بىلەن بويىغۇچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى" بىر مىسال.

ھىيلە ھىيلە-مىكىر نەيرەڭ پەنت پىلتىكە پىرىپ جۇلاق تەپ كۆر ئىگدەيۇ ئىگەد

ئالداش، ئېزىقتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل.

ھىيلىدىن ھالۋا ياساپتۇ. * ئەر ھىيلىسى بىر، خوتۇن ھىيلىسى مىڭ. * ھىيلە-مىكىر بىلەن باشلانغان ئىش ئۇرۇش بىلەن تۈگەر. * كۆپ كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھىيلە-مىكرى بىلەن ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. * جىنىڭ ئالتۇن ئوتتىن قورقمايدۇ، ھەقىقەت نەيرەڭدىن. * پەنت قىلساڭ پەملەپ قىل. * پىلتىكىڭنى قوي، ئىشنى پۈتتۈر. * پىرىپ پىكرىنى بۇزىدۇ.

ھىيلىگەر مەككار ھەييار غەر مۇغەمبەر تادان لولى قۇۋ نەيرەڭۋاز ھارامزادە داغۇل كۆرلۈگ قالتاغاي

ھىيلە-مىكىرگە ئۇستا، يامان يوللار بىلەن كىشىنى ئالدايدىغان، يارىماس كىشى.

تۈلكە ھىيلىگەر بولسىمۇ، تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق. * ھىيلىگەر ئۆزىنى ئۆزى ئالدايدۇ. * ئىت ئەلا ئېرۇر ھەر دۇ مازاردىن، كىشىلەرنى ئالدىغۇچى مەككاردىن. * ئۇن تازىنىڭ توققۇزى ھەييار، ئۇن سوقۇرنىڭ توققۇزى مەككار. * غەر غەرەزچى كېلەر، ئوغرى ئاسماقچى. * مۇغەمبەر كاسىپنىڭ تىلىكى كور خېرىدار. * تادان تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنەر. * ئوغرى يولدىن ئالىدۇ، لولى قولدىن. * لولىنىڭ ئېتىنى سوغار، پۇلىنى ئال. * قۇۋنىڭ كۆزى يۇمۇق، قۇلىقى پۈتۈك. * نەيرەڭۋازنىڭ تىلى ئەگمەك. * ھارامزادە ياۋاشنى قاقشىتىدۇ، ياماندىن قورقىدۇ.

ھىيلىگەرلىك قۇۋلۇق مەككارلىق شۇملۇق ھەييارلىق نەيرەڭۋازلىق مۇغەمبەرلىك لولىلىق تادانلىق

ھىيلە-مىكىرگە دائىر قىلىق، خۇسۇسىيەت.

ھېيلىگەرلىك — ھىممەتسىزنىڭ ئىشى. * قۇۋلۇقتىن شۇملۇق چىقىدۇ. * قۇۋلۇق قىلغان قۇدۇققا غۇلار. * مەككارلىق مەنپەئەت بەرمەس. * ھەييارلىق قىلىپ، ھەممىدىن ئايرىلىپتۇ. * ھەييارلىق ھەممىنى خار قىلىدۇ. * نەيرەڭۋازلىق ئاخىر چاندۇ. * مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر كۈن ئۆتەر، ئىككى كۈن ئۆتەر، كېيىن لەت بولار. * لولىلىق قىلما، يولدىن قالىسەن. * تادانلىقتىن نادانلىق ياخشى.

ئو

ئوبراز سىما

كىشىنىڭ ئوي-پىكرى ۋە ھىس-تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان ھالەت، قىياپەت، چىراي.

"سىما" كۆپرەك چىرايغا قارىتىلىدۇ.

ئېگىلىپ تۇرۇپ كىچىك بالىغا ياردەم بەرگەنىنىڭ ئوبرازى ھەممىدىن يۈكسەك بولىدۇ. * ئۇنىڭ سىماسى كىشىگە ئۆتمۈشتىكى ئانىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى ئەسلىتەتتى.

ئوبزور ئەنزار تەقرىز پۇبلىتسىستىكا

بىرەر ئىش-ھەرىكەت توغرىسىدىكى قاراش، مۇلاھىزە، باھا، تەنقىد.

ئەدەبىياتنىڭ يۈكسىلىشىدە ئوبزور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. * خەلقئارا مەسىلىلەر توغرىسىدا قىسقا ئەنزار كىشىلەرگە ئېقىم مەسىلىسىنى چۈشىنىشكە ياردەم بەردى. * يېڭى كىتابلار ئۈستىدە تەقرىز يۈرگۈزۈش لازىم.

ئوبزورچى ئەنزارچى تەقرىزچى پۇبلىتسىست

ئوبزور، تەقرىز يازغۇچى.

ئوبزورچى، ئەڭ مۇھىمى، راستچىل بولۇشى كېرەك. * «خەلق گېزىتى»نىڭ ئەنزارچىسى ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە پات-پات ئەنزار يېزىپ تۇرىدۇ. * تەقرىزچى ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ

ھاسىل قىلسا، تەقرىز يېزىشتىن قورقماسلىقى كېرەك.

ئوت I ئاتەش

كۆيۈش جەريانى، جىسىم كۆيگەن چاغدا چىقىدىغان نۇر، يالقۇن.

ئوتى بار ئۆيگىلا ئوت كېتەر. * ئۆز ئۆيۈڭدە ئوتۇڭغا باق، خەقنىڭ ئۆيىدە ئاغزىڭغا. * پەرۋانە ئاتەشتىن ھۇزۇر تاپسا گەر، كۆيسىمۇ ھېچقاچان قىلمايدۇ ھەزەر.

ئوت II چۆپ ئوت-چۆپ گىياھ

ئۆسۈملۈك ئىچىدە دەل-دەرەخ، زىرائەت، ئوتياشتىن باشقا غولى يۇمشاق ئۆسۈملۈكلەر.

ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق. * مەرىگەك قوي چۆپنى ئاز يەيدۇ. * ئادەمنىڭ كۆڭلى كۆپ بىلەن، ھايۋاننىڭ كۆڭلى چۆپ بىلەن. * زەر ياستۇقنىڭ ئىچى ئوت-چۆپ. * ئىككى پىل تالىشىپ قالسا، ئەتراپتىكى ئوت-چۆپنى چەيلىۋېتىدۇ. * گىياھ ئۈنمەيدىغان دەشت-باياۋاندا يەنىلا ھايات بار.

ئوتقا چۈشكەن قىلدەك ئوتقا چۈشكەن چاچتەك

ئوخشىتىش: تولغىنىپ، پۈچىلىنىپ كەتمەك.

ئۇ زىيانغا چىدىماي، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. * چۈچىلدەك پۈچىلاندىڭ، ئوتقا چۈشكەن چاچتەك تولغاندىڭ.

ئوت يۈرەك يۈرىكىدە ئوتى بار

قورقماس قىزغىن.

ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، دۈشمەن جادۇسى ئالدىدا قورقماي، ھولۇقماي ناخشا ئېيتىپ، دۈشمەنگە زەربە بەرگەنىكەن. * ئۇ يىگىت يۈرىكىدە ئوتى بار يىگىت ئىكەن. ئولتۇرۇشنى قىزىتتى.

ئوتتۇرا ئورتا ئارا

شەيئىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ ياكى ئىككى شەيئىنىڭ ئىچىدىكى ئورۇن، مەركەز.

"ئارا"نىڭ "ئىچ" مەنىسى بار.

ئوتتۇرا مەكتەپ؛ ئوتتۇرا ئاسىيا؛ ئوتتۇرا شەرق. * باشتا سۆز بولسا، ئوتتۇرىدا گەپ بولمايدۇ. * ئوتتۇرىدا بۇرۇن بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيتتى. * دوستلار ئارىسىدىكى پىكىر تۈنەپ قالسا بولماس. * مايمۇنلارنىڭ ئارىسىغا بارساڭ، گۈزەل ئىزدەپ ئاۋارە بولما.

ئوتتۇرا مەكتەپ گىمنازىيە

ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان، ئاساسىي پەنلەردىن نېگىزلىك دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ. باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈنىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر مەكتەپ، 8-ئوتتۇرا مەكتەپ بولسا خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ.

ئوتتۇرا ھېساب ئوتتۇرىچە سان

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇق ساننى جەملەپ، يىغىندىسىنى بىر-بىرىگە يىققان سانغا بۆلگەندە چىققان سان.

بۇ يىل سەككىز دەرستىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 74 نومۇر ئالدىم. * جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاھالىنىڭ ئىستېمالى، كىرىمى، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلىرى، تۇرالغۇ جاي، مال باھاسى، ئەمگەك سۇغۇرتىسى، پاراۋانلىق قاتارلىق 15 كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن، تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئېلىمىز تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى 36 ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققان. شىنجاڭنىڭ 38 ئىكەن.

ئوتياش كۆكتات ياش كۆك سەي سەبز

يېيىشكە بولىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

"سەي" خەنزۇچە: 菜

"سەبز" كىتابىي سۆز.

قوشناچىمىنىڭ ئىشىنى ئوخشاتقان موللامىنىڭ ئوتىيىشى. * بۇ يىل كۆكتات مول، كۆكتات بازىرى ئاۋات بولدى. * ئىشىڭدا ياش بولسا، ياشمەن دەۋەر. * ئاشنىڭ كۆكىنى ئىلغىۋېتىش يامان ئادەت. * سەي باھاسى تۇراقلىق تۇرۇۋاتىدۇ.

ئوتياشچى كۆكتاتچى سەيچى

ئوتياش – كۆكتات تېرىيدىغان دېھقان.

بۇ يىل شەھەر ئەتراپىدىكى ئوتياشچىلار ئوتياشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرى بازارغا ئېلىپ كىرىپ ساتتى. * كۆكتاتچى دېھقانلارنىڭ دارامىتى يېقىنقى يىللاردا خېلى ئۆستى. * بازاردا سەيچىلەر سەيگە ئوچۇق باھا قويۇپ ساتتى.

ئوتياشلىق سەيپۇەنزە

ئوتياش – كۆكتات تېرىلغان يەر.

"سەيپۇەنزە" خەنزۇچە: 菜园子

ئوتياشلىقنى پەرۋىش قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئوتياش ئوخشايدۇ. * شەھەر ئەتراپىدا سەيپۇەنزە بولسا، شەھەرنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەش كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئوچاق بۆشۈك مەنبە بۇلاق يۇرت

كۆچمە مەنىدە: ئىلىم – مەرىپەت، پەن – مەدەنىيەت تارقىتىدىغان جاي، نەرسە.

قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسە قاراخانىلار زامانىدا مەرىپەت

ئوچىقى ئىدى. * ئىنقىلاب بۆشۈكى يەنئەن كېيىنكى يىللاردا كۆپ گۈللەندى. * خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئومۇمىي مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى. * كىتابنى سۆي، ئۇ – بىلىم بۇلىقى. * شىنجاڭ تىببىي شۆيۇەن تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان يۇرت.

ئوچۇق ئاشكارا ئوثالى

كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان، يوشۇرۇن ئەمەس.

ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قويىنىڭ ئېچىلىپ قالسا، ھويت – ھويت. * پەسكەشلىك بىلەن ياشىغاندىن ئوچۇق – يورۇق ئۆلگەن ياخشى. * كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمى ئاشكارا.

ئوچۇق چىراي ئىسسىق چىراي ئىللىق چىراي خۇش چىراي

چىرايىدىن خۇشال – خۇراملىق چىقىپ تۇرغان قىياپەت.

ساھىبخان مېھمانلارنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. * ئۇ قىز بەكمۇ ئىسسىق چىراي قىز ئىكەن. * ئىللىق چېيىڭ بولمىسىمۇ، ئىللىق چىرايىڭ بولسۇن. * خۇش چىراي ھەممىگە ياقىدۇ.

ئوخشاش ئوپمۇئوخشاش ئوپئوخشاش بەئەينى دەل ئۆزى قۇيۇپ قويغاندەك بىر خىل بىردەك ھەمساي

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىنىڭ بىر – بىرىگە ئەينەنلىكى.

گۆھەرنى تاشقا ئۇرغان بىلەن تاش بىلەن گۆھەرنى ئۇرغان ئوخشاش؛ ئاخىر گۆھەر سۇنىدۇ. * مەن ئۈچۈن ئۇ بىلەن سەن ئوپمۇ ئوخشاش. * بۇ ئىككىسى ئوپئوخشاش چوڭ بوپتۇ. * بۇ قىز بەئەينى ئانىسىنىڭ ئۆزىغۇ! * بۇ مەن يىتتۈرۈپ قويغان پىچاقنىڭ دەل ئۆزى. * بۇ بالا دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ. * زىرائەت مايسىلىرى بىر خىل تەكشى ئۆسۈپتۇ. * ياخشى ئوغۇل ئەلگە بىردەك يارار. * دوستسىز ئۆتمەك ۋەتەندە، مىسلى مۇردا كېپەندە.

ئوخشايدۇ كۆرۈنىدۇ

كۆرۈنۈشكە قاراپ، بىرىنى بىرىگە ئوخشىتىش، گۇمانىي ئوخشىتىش.

بۇ بالا ئوقۇغۇچى ئوخشايدۇ، گەپ-سۆزلىرى جايىدا چىقىۋاتىدۇ. * بۇ بىنا بىر ئىدارە ئوخشايدۇ. * ئۇ كىشى باشقا يەردىن كەلگەن كۆرۈنىدۇ.

ئورا ئازگال خەندەك گوداڭ ئۆرەك ئويمان ئوي-چوڭقۇر

توپىسى ئويۇقلۇق ياكى قېزىۋېتىلگەن يەر.

"خەندەك" سېپىل سوقاندا توپا ئېلىشتىن ھاسىل بولغان چوڭقۇرلۇق.

"گوداڭ" قۇشخانىدا مالنىڭ ئىچ-قارنىنى تۆكۈشكە قېزىلغان يەر.

"ئويمان" ئويۇلۇپ كەتكەن چوڭقۇرلۇق.

ئورىغا ئورا كولىغان چۈشەر. * يولۇڭدا ئازگالنى كۆرسەتكەن ئىنسان، نەزىمدە ھەقىقىي دوستۇڭ بىگۇمان. * خەندەك قېزىپ، خەندەكتە قالغانلار بار. * قارىغۇنىڭ كەيىنىگە كىرسەڭ، گوداڭغا يىقىلىسەن. * ئۆرەككە يىقىلساڭ، پۇتۇڭغا قارا. * توپ تۈزگە يىقىلار، يالغۇز ئويمانغا. * بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي-چوڭقۇرى تولا.

ئوراق يۆگەك

ئىچىگە نەرسە ئوراپ قويۇلىدىغان لاتا.

ئوراقتا نېمە بارلىقىنى ئورىغان بىلەر. * بالا يۆگەكتە باي بالىسى.

ئورتاق ئومۇمىي

ھەممىگە تەئەللۇق، بىر-بىرىگە مەنسۇپ، تېگىشلىك، ھەممىگە تەڭ.

ئورتاق خىزمەت، ئورتاق كۈرەش كىشىدە ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ. * ئومۇمىي ئىشقا جان پىدا قىلغاننى ئومۇم ئۇنتۇمايدۇ.

ئوردا ساراي قارشى قەسىر تاڭ توي يايلاق

خانلار، بەگ-خوجاملار تۇرىدىغان ئالىپتە بىنالار.

گۇگۇڭ ئوردىسى: ئاق ئوردا. * خاننىڭ ئوردىسى — ھەرىنىڭ ئۇۋىسى. * مۇھەببەت ئاددىي ئۆيىنى ئوردا قىلار. * قىزىل ساراي. * قىشلىقى قايان باراي، يازلىقى ساراي سالاي. * قارشى ئەھلى بىر-بىرىگە قارشىدۇر. * «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە تەسۋىرلەنگەن * "داگۇەنيۈەن" قەسرى فېئوداللارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئورغاق چالغا كوسىلكا كومبايىن

زىرائەت ۋە ئوت-چۆپ ئورۇشقا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى.

"ئورغاق" زىرائەتلەرنى ئورۇش سايمىنى.

"چالغا" چۆپ چېپىش قورالى.

"كوسىلكا" چۆپ چېپىش ماشىنىسى.

"كومبايىن، چوڭ دېھقانچىلىق ماشىنىسى. ئۇ ئورۇش، تېپىش، قاچىلاش ئىشىنى بىرۋاقىتتا تېز سۈرئەتتە ئورۇنلايدۇ.

ئورغاقنىڭ ئۆزى ئەگرى، ئىشى توغرا. * تاۋلانمىغان تۆمۈر چالغا بولماس، ئورغاقمۇ بولماس. * كوسىلكا ئوت چېپىشنى ئاسانلاشتۇردى. * كومبايىن بولسا، ئورمىدىن غەم يوق.

ئورگان گېزىتى نەشر ئەپكار

ئىدارە، جەمئىيەت باشقۇرىدىغان، چىقىرىدىغان گېزىت - ژۇرنال.

«خەلق گېزىتى» ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ ئورگان گېزىتى.

ئورمان جاڭگال توقاي ئاراغ

دەل - دەرەخ، چاتقاللار بۈك - باراقسان يەر.

"جاڭگال"، "توقاي" ئومۇمەن چاتقاللىق.

يەر شارىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى (تەخمىنەن 4 مىليارد 100 مىليون گېكتار يەر) ئورمان بىلەن قاپلانغان. پۈتۈن دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 31.7%. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرىراق مەملىكەتلەر مۇنۇلار: سولومون تاقىم ئاراللىرى 90%، پاپۇئا يېڭى گۋىنېيىسىنىڭ 85%، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى 80%، ياپونىيە 70%، فىنلاندىيە 69%، شۋېتسىيە 58%، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 35.7%، كانادا 35%، ئامېرىكا 32.3%، رومىنىيە 27%، فرانسىيە 27%. * جاڭگالدا ھاڭرىغان ئېشەك، شەھەردە ھاڭرىيالماس. * بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى. * ئەل ئارىلىغان سىنچى، توقاي ئارىلىغان ئوۋچى.

ئورمانلىق جاڭگاللىق توقايلىق

دەل - دەرەخ، چاتقاللار قويۇق ئۆسكەن جاي.

ئورمانلىققا بارساڭ، پالتاڭ يېنىڭدا بولسۇن. * قورقۇنچاق تۈلكە جاڭگاللىقتىن چىقماس. * بۈك ئورمانلىقتا قاغا بولغۇچە، كىچىك توقايلىقتا بۇلبۇل بول.

ئورۇق جۇدەڭ ئاۋاق ئىنجىمارۇق ياداڭ ياداڭغۇ ئىنجەج قوتۇر ئىنجا تۇرلاق تۇرۇق ئانجىرغا ئاۋۇغاي شىداق قىرتۇ

ئەت - يېغى ئاز، مۇسكۇلى تولمىغان.

"ئىنجەج" ئىلى شېۋىسىدە، "قوتۇر" تۇرپان شېۋىسىدە، "ئىنجا"، "قىرتۇ" قۇمۇل شېۋىسىدە، "ئاۋۇغاي" لوپنۇر دىيالېكتىدا، "شىداق" خوتەن دىيالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

"ئورۇق" ھايۋانغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، قالغانلىرى ئادەمگە قارىتىلغان. "ئىنجىمارۇق" ئورۇقنىڭ ئۈستىگە جۈغى كىچىك. "ياداڭ"، "ياداڭغۇ" ئورۇقنىڭ ئۈستىگە تېرىسى قېتىپ كەتكەن.

ئورۇقنىڭ كۆڭلى يورۇق. * ئورۇق كالىنىڭ تېزىكى يوغان. * جۇدەڭ بوي چىرايلىق بولمىسىمۇ چىڭ بولىدۇ. * يىڭنە يېگەن ئاۋاق. * ئۇ شۇنداق ئاۋاقكى، پىچاق بىلەن قىرىساڭمۇ، بىر ئۇچۇم گۆش چىقمايدۇ. * ئىنجىمارۇققا ئىچىم ئاغرىيدۇ. * ياداڭ يايرايدۇ. * ئىچى يامان ياداڭغۇ كېلىدۇ.

ئورۇقلۇق جۇدەڭلىك ئاۋاقلىق ئىنجىمارۇقلۇق ياداڭلىق ياداڭغۇلۇق

ئورۇق - ياداڭغۇ ھالەت.

بۆرە يۇڭىنى پاخپايتىپ ئورۇقلۇقىنى بىلىندۈرمەس. * جۇدەڭلىك كېسەللىك ئەمەس. * سېنىڭ سېمىزلىكىڭدىن ئۆزۈمنىڭ ئاۋاقلىقى ئارتۇق. * ئىنجىمارۇقلۇق، سەت بولغىنى بىلەن، ساغلاملىق. * ياداڭلىقىڭدىن قورقما، سېمىزلىكىڭدىن قورق. * ياداڭغۇلۇقتىن عەم يوق.

ئورۇقلىماق جۇدىمەك ياداڭماق تۇرۇنماق

ئەت تاشلىماق، ئېغىرلىقى چۈشمەك.

پىت سەمرىسە، ئىت ئورۇقلايدۇ. * يالغۇز ئادەم جەننەتتىمۇ جۇدەيدۇ. * قورقۇنچاق قوي تېز يادايدۇ.

ئورۇندۇق ئۇستەل ئىسكامىكا بەندىڭ كۇرسى پەلتەك

ئولتۇرۇشقا ياسالغان جاھاز، سايمان.

"ئورۇندۇق" ئومۇمىي نام.

"ئۇستەل" ئادەتتە يۆلەنچۈكلۈك بولىدۇ.

"ئىسكامىكا" بىرنەچچە كىشى ئولتۇرۇشقا بولىدىغان ئۇزۇن "ئورۇندۇق".

"بەندىڭ" خەنزۇچە: 板凳 يۆلەنچىكى يوق.

"كۇرسى" پاكىنەك، كىچىك بولىدۇ.

"پەلتەك" خوتەن دىئالېكتىدا تۆت پۇتلۇق ئورۇندۇق.

ئىككى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يەردە قالار. * ئۇستەل ئۇستىدە ئولتۇرۇشقا ياسالغان. * باغچىلاردا جىق ئىسكامىكىلار قويۇلغانىدى. * يېزىلاردا كىشىلەر مەجلىسكە بەندىڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئورۇنلاشماق جايلاشماق

بىرەر يەرگە يەرلىشىپ تۇرۇپ قالماق، بىرەر خىزمەتكە تەيىنلەنمەك.

يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلارنىڭ بىرمۇنچىسى شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالدى. * ئوقۇش پۈتتۈرگىلى ئىككى ئاي بولدى، تېخى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرمىدى. * يولدا بىر ئۆيگە بىر ئوبدان جايلىشىۋالدۇق. * جايلاشماققا جاي يوق.

ئورۇنلىماق بېجىرمەك ئادا قىلماق ئۆتىمەك ئاتقارماق ئىجرا قىلماق

ئىش-ھەرىكەتنى ئۆز يولىدا يۈرگۈزمەك.

"ئورۇنلىماق"، "ئادا قىلماق" ئىش-ھەرىكەتنى قەرەلىدە پۈتتۈرۈشكە قارىتىلىدۇ.

"بېجىرمەك" ئىش-ھەرىكەتنى بىر تەرەپ قىلماققا قارىتىلىدۇ.

"ئۆتىمەك"، "ئاتقارماق"، "ئىجرا قىلماق" ئىش-ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈشكە قارىتىلىدۇ.

1991-يىلى مەملىكەت بويىچە توشۇلغان مال 29-دېكابىر ئەتىگەن سائەت 6 گىچە 1 مىليارد 470 مىليون توننا بولۇپ، يىللىق پىلان مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلانغان. * ئالىي مەكتەپكە كىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولدۇم. * بېرىلگەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش — مەسئۇلىيەتنى ئۆتەشتۇر. * تېگىشلىك ۋەزىپىنى ئاتقارماق لازىم. * سىياسەت، قانۇن، بۇيرۇق، قارار، ۋە ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش لازىم.

ئورىماق يۆگىمەك

1) بىرەر نەرسىنى باشقا نەرسە بىلەن ھەممە تەرەپلىرىنى بېكىتىپ، يېپىپ قويماق؛ 2) ئەتراپىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلىماق، جايلىماق.

ئوسمان تاماكىنى چىرايلىق ئورايدۇ. * ئورىغانغا ئۇيالما. * بالىنى يۆگىكى بىلەن يۆگەپ قوي.

ئوزا ئالدىنقى يىل

بۇلتۇردىن ئىلگىرىكى يىل.

ئوزا بولغان ئىش بۇ يىل يوق. * ئالدىنقى يىلى ئالدىمدىن توسقان سەنمىدىڭ؟ — دېدى بوۋاي.

ئوزۇق ئوزۇق-تۈلۈك يېمەك-ئىچمەك يەگ

ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن لازىم بولغان، قورساق تويغۇزىدىغان نەرسىلەر.

بىر سىقىم ئارپىمۇ ئىشەككە ئوزۇق بولار. * ئوزۇق-تۈلۈكى تولۇقنىڭ ئۆمرى تولۇق. * يېمەك-ئىچمەك كەم بولغاندا دوستلۇق كۆچىيەر. * يېمەك-ئىچمەك ئۈزۈلگەندىن، ئايلىقنىڭ ئوتتۇز كۈن.

ئوسۇرماق يەل قويۇپ بەرمەك

ئوسۇرۇقنى چىقارماق.

پاكىت ئالدىدا پىل ئوسۇرۇپتۇ. * كۆپچىلىك ئالدىدا يەل قويۇپ بېرىش ئەيىب.

ئوسۇرۇق يەل

ئارقا پېشاپتىن چىقىرىلغان سېسىق بۇس.

پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپقىلى بولماس. * سېنىڭ گېپىڭنى ئۇ ئوسۇرۇققا ئالمايدۇ. * يىگەننىڭ يېلى بار، كىيگەننىڭ كىرى.

ئوسۇرۇققا ئالماسلىق چىۋىققا ئالماسلىق ئېلىۋەتكەن تىرنىققا ئالماسلىق تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈككە ئالماسلىق

هېچ كۆزگە ئىلماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق، پەرۋا قىلماسلىق.

ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى ئوسۇرۇققا ئالمايدۇ. * ئۇ قىز ئۆزىگە قانات سۆرەپ يۈرگەن يىگىتنى چىۋىققىمۇ ئالمايدىكەن. * ئېلى يوغانچى نېمە، ئۇنى ئېلىۋەتكەن تىرنىققا ئالمايمەن. * ئۇ شۇنداق كۆرەڭكى، ئۇنى ئاما تۈكۈرۈۋەتكەن تۈكۈرۈككە ئالمايدۇ.

ئوشۇق چۆكە

قوي-ئۆچكە قاتارلىق هايۋانلارنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ تىزىسىنىڭ بوغۇنىدىكى تۇتاشتۇرغۇچى سۆڭەك. بۇنداق سۆڭەكتىن هەر خىل ئويۇن ئوينىلىدۇ.

ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك. * ئوشۇق ئويناش شۇ كۈنلەردە ئۆزلۈكىدىن قېپقالدى. * چۆكىنى چايدىن كېيىن ئوينا.

ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق ئوشۇق-تۆشۈك ئىشى يوق

ئادەم هەققىدە تىنىچ، ياۋاش، غەلۋىسى يوق.

نادەم ئىشقا پۇختا، دىدىل، ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق بالا. * مەنچە، — دېدى سوپۇنچى، — بۇ قىز يۈزى تۆۋەن ئەخلاقلىق، ئوشۇق-تۆشۈك ئىشى يوق كۆرۈنىدۇ.

ئوغرى كانتۇ قاراقچى بۇلاڭچى يول توسار سەركەر قولداچى قالتىبان

كىشىنىڭ مال-مۈلكىنى يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئوغرىلىۋالدىغان، بولاپ-تالىۋالدىغان شەخسى.

"ئوغرى" كىشىنىڭ مال-مۈلكىنى يوشۇرۇن ئېلىۋالدۇ ياكى تام تېشىپ ۋە ياكى قەبرىنى ئېچىپ ئوغرىلايدىغان كىشى.

"كانتۇ" تۇرپان-قۇمۇل شېۋىسىدە "ئوغرى".

"قاراقچى" ئاساسەن قورۇقلۇق يولى ياكى سۇ يولىدا يول توسۇپ ئوغرىلىق قىلىدىغان كىشى.

"بۇلاڭچى" كىشىنىڭ مال-مۈلكىنى ئوچۇق-ئاشكارا هالدا زورلۇق كۈچ بىلەن تارتىۋالدىغان كىشى.

ئوغرى ئايدىڭدىن قورقىدۇ. * ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك-پوك. * ئوغرىنى قاراقچى سوقۇپتۇ. * قاراقچى قاراقچىنى قاراڭغۇدىمۇ تونۇيدۇ. * بۇلاڭچىنىڭ بۇرنىنى كەس. * بۇلاڭچى خەلقنىڭ دۈشمىنى.

ئوغلاق چىۋىش

ئۆچكىنىڭ بالىسى.

ئوغلاق تارتماق. * ئات بىر، ئوغلاق مىڭ. * قىرقىلمىغان چىۋىشنىڭ گۆشى قۇۋۋەتلىك ۋە يېيىشلىك بولىدۇ.

ئوغۇت قۇيۇت كۆڭۈر

ئېتىزنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن بېرىلىدىغان جىسىملار.

مەھەللىي ئوغۇت، خىمىيىۋي ئوغۇت. * ئوغۇت يىغساڭ تاتىلاپ، ئاندىن ئالسەن قاچىلاپ. * يەر ئوغۇتتىن بىلىنەر، ھوسۇل چاناقتىن. * قۇيۇت — يەرنىڭ جېنى.

ئوغۇل ئوغلان

ئەر بالا، ئەركەك پەرزەنت.

"ئوغلان" كىتابىي سۆز.

ئوقۇغان ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ. * ئارسلان ئوغلان، كەلدى ساڭا ئازاد زامان.

ئوق پاترون سنارەد

مىلتىق، زەمبىرەكلەرگە سېلىپ ئاتىدىغان زەھەرلىك نەرسە.

"ئوق" مىلتىق، تاپانچىلاردىن ئېتىلىدۇ.

"سنارەد" زەمبىرەك ئوقى.

ئاتقان ئوق — چىققان كۆز. * ئاتقان ئوقنىڭ ھەممىسىنىڭ نىشانغا تېگىشى ناتايىن. * سنارەد توپلاشقانغا ئاسان تېگىدۇ.

ئوقدان ساغداق ساداق پاترونتاش

ئوق سېلىپ قويۇلىدىغان مەخسۇس سايمان.

ئوقداندا ئوق بولمىسا، مىلتىق دېگەن كۆسەي. * ساغداقنى ساق ساقلا. * كۈن دېگەردىن ئاشقاندا، شاھ يېڭىلىپ قاچقاندا، ئوق تۈگەپتۇ ساداقتا، سۇ تۈگەپتۇ قاپاقتا.

ئوقۇتقۇچى مۇئەللىم خەلپىتىم مۇدەررىس ئۆگرەتمەن تىتىسى غوشتى غورۇ

مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە دەرس بەرگۈچى.

"ئوقۇتقۇچى" كەسىپ نامى، كىشىنىڭ ئېتىغا قوشۇلمايدۇ، ئايرىم چاقىرىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ.

9 ـ ئۆكتەبر جۇڭگو ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى. * ئوقۇتقۇچى بارچە گۈزەللىكلەرنىڭ نامايەندىسى. * ئەگەر مۇئەللىم بولسا بىئازار، دەرسخانىنى بالىلار قىلغاي بازار. * خەلپىتىم پەيشەنبىگە ئامراق. * مەھمۇت قەشقەرى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان.

ئوقۇر ئۇلاق ماساۋ

ئات ـ ئۇلاغقا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك بېرىشكە مەخسۇس ياسالغان جاي.

"ماساۋ" خەنزۇچە: 马槽

ئات ئالماي تۇرۇپ، ئوقۇر سال. * ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار. * ئۇلاقتا ئوت بولمىسا، ئاتتا نېمە گۇناھ!

ئوقۇغۇچى تالىپ تەلەبە مەكتەپ بالىسى ئۆگرەنمەن تىتىسى

مەكتەپ — مەدرىسلەردە ئوقۇيدىغان بالا، كىشى.

ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى. * ئەقىللىق ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىدىن ئېشىپ چۈشۈشكە ئىنتىلىدۇ. * ھازىر بەزى جايلاردا موللىلار مەكتەپ ئېچىپ تالىپ قوبۇل قىلىۋېتىپتۇ. * 1988 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، جۇڭگودا 13 مىليون 16 مىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 40 مىليون 155 مىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 125 مىليون 358 مىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. * بالىلارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن موماي: مەكتەپ بالىسمۇ

شۇنداق بولامدۇ، — دېدى.

ئوكسىگېن كىسلورود

كىسلورود رۇسچە.

گاز ئېلېمېنت، بەلگىسى O، ئاتوم تەرتىپى 8، ئاتوم مىقدارى 15.9994، ئاتوم قىممىتى 2، هاۋاغا نىسبەتەن سالمىقى 1.1، ئېرىش نۇقتىسى 218.4°C—، قايناش نۇقتىسى 183°C—، رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز.

ئوڭ I ساغ

جەنۇبقا قارىغاندا غەرب تەرەپ.

ئوڭ قول. * ئوڭ قول ۋەزىر. * ئوڭ كاچېتىغا ئۇرغانىنىڭ سول كاچېتىغا سال. * ئوڭ كۆز بىلەن قارىماق. * ئوڭ كۆز سول كۆز بىلەن دوست ئەمەس.

ئوڭ II ئوڭلۇق رايىش ئوڭامۇق

مىجەز-خۇلقى ياخشى، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان.

ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشنىڭ قوڭى. * ئاقنى كۆككە ئۇلىغان ئوڭلۇق خېنىم. * رايىش مولىلام ئىش تاپماس. * ئوڭامۇق ئەر — ئوڭلۇق كىشى.

ئوڭدا چۈشمەك هاۋا تاپان بولماق

يېڭىلىپ خاراب بولماق.

ئاۋايلا، يوق گەپنى قىلىپ قويۇپ ئوڭدا چۈشمە، يەنە. * ئۇ ئەتكەسچىلىك قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپ، هاۋا تاپان بولۇپتۇ.

ئوڭلىماق تۈزىمەك جۆندىمەك ياخشىلىماق

قولاي-ئوبدان هالەتكە كەلتۈرمەك، توغرىلىماق.

بېرەرمەننىڭ بېشىنى ئالارمەن ئوڭلاپتۇ. * يېرىڭىنىڭ قار بىلەن توڭلىغىنى — ئىشىڭنى خۇدانىڭ ئوڭلىغىنى. * تۆهمەت يارىسى تۈزىلەر، يامان ئاتاق تۈزەلمەس. * مۇكچەيگەننىڭ بېلىنى كەتمەن تۈزەيدۇ. * قىڭغىرنى تۈزە، ياماننى جۆندە.

ئوڭماق ئاقماق

ئىش-هەرىكەت يۈرۈشۈپ كەتمەك، راۋان بولماق.

سەمىمىي بولمىغاننىڭ ئىشى ئاقماس، كەمتەر بولمىغاننىڭ ئىشى ئوڭماس. * كۆپچىلىك ئالدىدا ئىشىم ئېقىپ قالدى.

ئولجا I غەنىيمەت

ئۇرۇشتا دۈشمەننى يېڭىپ قولغا چۈشۈرۈلگەن نەرسە. ”ئالماق“ بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئولجا ئېلىنغان نەرسىلەر ئومۇمغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك. * ماناستا بولغان جەڭدە دۈشمەنلەر قاتتىق يېڭىلدى، تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. 105 مىلتىق، 20 پىلىموت، تۆت ماشىنا ۋە باشقا نۇرغۇن ئوزۇق-تۈلۈك غەنىيمەت ئالدۇق.

ئولجا II غەنىيمەت

كۆچمە مەنە: نەتىجە، ئۈنۈم، پۇرسەت.

ئولجىغا قالغان جان. * خەجلەنمىگەن پۇل ئولجا. * ۋاقىت غەنىيمەت. * دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت.

ئوماق يېقىملىق ئەلتەك مۇلايىم مۇنايىم مېهرى ئىسسىق سۆيۈملۈك لەتىپ تۇزاق ئۆگەك سەۋگۈلۈگ

ئادەم هەققىدە گەپ-سۆزى، ئىش-هەرىكىتى سىلىق، مۇئامىلىسى ياخشى.

ئۇ — ئوماق بالا. * يېقىملىق سۆز تاشنى يارار. * ئەلتەك هەممىنى

خۇش قىلىدۇ. * مۇلايىم مۈشۈكنى چاشقان تۇتقاندا كۆر. * مۇلايىم جاۋاب غەزەپنى باسار. * مېھرىنىسا مېھرى ئىسسىق قىز ئىكەن. * ئادەم گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئەمەس، سۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن گۈزەل. * ئالەمدە ئەخلاقلىق ئايالدىن سۆيۈملۈك نەرسە يوق.

ئومۇمەن ئاساسەن

ئومۇمىي، ئاساسىي جەھەتتىن.

ئىشىمىز، بەزى يېتىشسىزلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئۇتۇقلۇق بولدى. * بېرىلگەن ۋەزىپىنى ئاساسەن ئورۇنلىدۇق.

ئومۇمىي يىغىن پىلېنۇم

كومىتېت تۈزۈمىدە ھەممە ئەزالار قاتناشقان قەرەللىك مەجلىس.

جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى بەلگىلىدى.

ئوۋ شىكار سەيد ئاخوت

دالىدا ھايۋان، ئۇچار قاناتلارنى تۇتۇش ئىشى.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

شانىياز ئوۋغا چىقسا، كەينىدىن غوۋغا چىقار. * بويىنىدىن باغلىغان ئىت ئوۋغا يارىماس. * شەنبە شىكار، ئازنا بىكار . * ئۆتكەن ھەپتە ئۇلانبايغا ئاخوتقا چىقتۇق.

ئوۋچى سەيياد ئاخوتنىك تازىبان

ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى.

ئوۋچىغا ئىز كېرەك، ئىزچىغا كۆز. * ئوۋچىنىڭ كۈچۈكى يولۋاستىن قورقماس.

ئوۋ ئىتى تاز تايغان

ئوۋچىغا ئوۋدا ياردەملىشىش ئۈچۈن بېقىلغان، ئۆگىتىلگەن ئىت.

ئوۋ ئىتى تۈيغۇن بولسا، ئوۋدىن ئولجا بار. * تازنى ئۆگىتىش ئوۋچى قىلىدىغان بىرىنچى ئىش. * ئارسلاندەك كۈچۈڭ بولسۇن، تايغاندەك ھوشۇڭ.

ئوي I پىكىر تەپەككۇر ئاڭ سېزىم يۆكۈن ساقىنىچ

ئىنسان چوڭ مېڭىسىنىڭ پائالىيىتى.

"ئوي" كۆڭۈلگە پۈككەن ئۈمىد، ئارزۇ.

"پىكىر" ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنسان ئېڭىدا تەپەككۇر پائالىيىتىدىن ھاسىل بولغان نەتىجە.

"تەپەككۇر" ئۇقۇم ئاساسىدا ئانالىز، سىنتېز، ھۆكۈم، پەرەزگە ئوخشاش بىلىش پائالىيىتىنىڭ جەريانى.

"ئاڭ" ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا توغرىسىدىكى ئىنكاسى.

"سېزىم" ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ مېڭىدە قوزغىغان تەسىرى.

ئوي — سۆزنىڭ بۆلىقى. * ئادەم قېرار، پىكىر قېرىماس. * ئۆزۈڭدىن يۇقىرىغا قاراپ پىكىر قىل، ئۆزۈڭدىن تۆۋەنگە قاراپ شۈكۈر قىل. * ئوي - پىكىرنىڭ خورىشى ئۆمۈرنىڭ قىسقىرىشى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. * تەپەككۇر بولمىسا، كۆز ھەرقانچە يوغان بولسىمۇ بىكار. * ئادەمنىڭ ئېڭى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، ئۆز نۆۋىتىدە ئوبيېكتىپ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. * سېزىم ئىنساننى توغرا پىكىر قىلىشقا باشلايدۇ.

ئوي II خىيال كوي ساقىغ

كۆڭۈلگە كەچكەن تەسەۋۋۇر، پىكىر.

بويۇك بىلەن ماختانما، ئويۇك بىلەن ماختان. * بۆرىنى ھەرقانچە باقساڭمۇ، ئوي - خىيالى جاڭگالدا. * كۆڭۈل ئويغا تويمايدۇ، بۆرە قويغا. * خىيال كېچىدە ئېچىلىدۇ، گۈل سەھەردە. * ئوغرى مال كويىدا، قۇشناچ گال كويىدا.

ئويچان خىيالچان

دائىم ئوي ئويلاپ، خىيال سۈرۈپ يۈرىدىغان.

ئويچان يىگىت ئوي بىلەن بەند، ئويىنىڭ ئۇشقا ئېشىشى تەس. * خىيالچان بولما، خىيال خىجالەتكە قالدۇرىدۇ.

ئويدۇرماق توقۇماق

يوق پاكىتلارنى ياساپ چىقماق.

ئۇ مۇناپىق پاكىت ئويدۇرۇشقا ئۇستا، يالغان پاكىت توقۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرگە زىياندا شلىق قىلغان.

ئويغاق بىدار

ئۇخلىمىغان ھالەت.

تېنى تۇپراقتايۇ، دىلى بولسا ئويغاق، تىرىك مۇردا دىلىدىن مۇشۇ ياخشىراق. * ساغلام بىلمەيدۇ بىمار ھالىنى، ئۇخلىغان نە بىلسۇن بىدار ھالىنى.

ئويلىماق گىلماق، ئۇنماق ساقىنماق

ئوي - پىكىر يۈزگۈزمەك.

"گىلماق" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

بۇگۇن ئويلاپ، ئەتە ئېيت. * ئويلىماي سۆزلىسەڭ، ئاغرىماي

ئۆلىسەن. * كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ، تاش بىلەن قۇمنى ساناپ، كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق، كۆڭۈلدىكى يارنى گىلاپ.

ئويماق شاخىنەك

بارماققا تېقىۋېلىپ، يىڭنىگە تىركەك قىلىنىدىغان سايمان.

تىغىسىز ئەر بولماس، ئويماقسىز خوتۇن. * شاخىنىكىڭ قولۇڭغا دەل بولسۇن.

ئوينىماق تاماشا قىلماق

ئويۇن - تاماشا قىلىپ يۈرمەك.

ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە. * جىم ياتقان ئىتقا چېقىلما. * ئويناۋاتقان بالىغا، تاماشا قىلغانغا باج يوق.

ئويۇن تاماشا

كۆڭۈل ئېچىش، دەم ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەركىن ھەرىكەت.

كۆرسە ئويۇن، كۆرمىسە قويۇن. * ئويۇنىدىن ئويماق چىقار. * ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

ئويۇن بار جىن بار

يوشۇرۇن ھىيلە - مىكىر بار.

بۇ ئىشتا بىر ئويۇن بار، دىققەت قىلىش كېرەك. * ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قارا، سۆزىگە ئىشەنمە، بۇ يەردە بىر جىن بار.

ئۈ

ئۈپرىماق خورىماق

كۆپ ئىشلىتىشتىن ياكى زىياندىن بارا-بارا ئازىيىپ كەتمەك.

چىشنىڭ ئۈپرىغىنىنى تىل بىلەر. * تەن ئۈپرىسىمۇ، جان ئۈپرىماس. * شاراب مېلىڭنى خورىتار، جېنىڭنى ئالار. * ئەقىل تۈزۈماس، بىلىم خورىماس.

ئۈپۈق گورىزونت

ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ياكى سۇ ئۈستىنىڭ تۇتاشقاندەك بولۇپ كۆرۈنگەن سىزىقى.

قۇياشلىق ئۈپۈقتا زىبا بولار، بىل، كىشى دانا بولسا، دەريا بولار، بىل.

ئۈچرىماق يولۇقماق كەزلەشمەك

قارشىسىدىن چىقماق، ئۇدۇل كەلمەك.

ھاجىغا ھاجى مەككىدە ئۈچرار. * ئوغرى بىلەن ئوغرى كېچىدە ئۈچرىشار. * يولۋاسقا يولۇقما، يولۇقساڭ ھولۇقما. * كەزلەشسەڭ كەك يۈيلار.

ئۈچقۇن يالقۇن يانغىن

ئوتنىڭ كۆيگەن ھالىتى: ئۈچقۇن كۆيۈپ چاچرىغان، يالقۇن

لاۋۇلداپ يانغان، يانغىن كۆيۈپ ئۆرلىگەن ھالەت.

كىچىككىنە ئۈچقۇن پۈتۈن كوچىنى ۋەيران قىلار. * كۆلىدىن يالقۇن چىقىدۇ. * ئۈچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ.

ئۈچماق پەرۋاز قىلماق تېخمەك

قانات قېقىپ، ئاسماندا يۈرمەك، ئومۇمەن ھاۋادا يۈرمەك.

ئۈچۈشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەي قالما. * بەزىلەر ئۈچۈپ كېتىۋاتقان سۆزنى تۇتىۋالىدۇ. * ئەتىيازنىڭ ناخشىسى كۆزدە پەرۋاز قىلار. * قۇش بالىسى ئۈچسا، كۆكتە پەرۋاز قىلار.

ئۈخلىماق ئۈيقۇغا كەتمەك

ئۈخلاق ھالەتتە بولماق.

يەتتە ئۈخلاپ، چۈشۈمگە كىرمىگەن. * ئېقىن سۇ ئۈخلار، دۈشمەن ئۈخلىماس. * ئۆزۈك ئۈچۈن ئۈخلاپ، خەق ئۈچۈن چۈش كۆرمە. كۆز ئۈيقۇغا كېتەر بولسا، قىلىچ كار قىلماس.

ئۈدۈل ئۈتتۈر

بىر يۆنىلىش، توپتوغرا بارىدىغان.

بىلىم يولىدا ئۈدۈل كوچا يوق. * ئۈتتۈر ماڭغان تېز بارىدۇ.

ئۈدۈللۈق ئۈتتۈرلۈق

ئىش، ھەرىكەت ئارقا-ئارقىدىن سادىر بولۇش ھالىتى.

ئۈدۈللۈق تاپقاننى ئۈدۈللۈق يەپ تۈردۇق. * ئۈتتۈرلۈق كۈن كۆرۈۋاتىمىز.

ئۈ دۈنيا باقىي دۈنيا ئۈ ئالەم

دىنىي چۈشەنچە بويىچە ئۆلگەندىن كېيىنكى دۈنيا.

ئۈ دۈنيا ۋە قىيامەتكە ئىشەنسە گەر ئۆزلىرى، رىيا بىلەن شۈنچە تولۇق بولماس سۆزلىرى. * باقىي دۈنيا كىمگە باقمەندە؟ * ئۈ ئالەم نېسى،

بۇ ئالەم نەق، نېسىنى دەپ نەقتىن قۇرۇق قالما.

ئۇرغۇ ئۇدار

سۆز تەركىبىدىكى ئۆنلەردىن بىرىنىڭ كۈچلۈك، كۆتۈرەڭگۈ ئېيتىلىش ھادىسىسى.

ئۇرغۇ بەلگىسى. * ئۇرغۇ سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش. * بالا — كىچىك بالا؛ بالا — بالا - قازا. * ئاچا — ھەدە؛ ئاچا — پۇتاق ئاچىمىقى.

ئۇرماق سوقماق ساۋىماق توقماقلىماق دۇمبالىماق تۆپۈلەمەك

ئاساسەن قول بىلەن ياكى تاياق - توقماق بىلەن ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن زەربە بەرمەك.

ئۇخلاۋاتقان ئىتنى ئۇرما. * بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن. * سوقماق ئاسان، باقماق تەس. * يۈگىنى ساۋىسەن، قوينى ساۋىما. * بىراۋنى توقماقلىماقچى بولساڭ، دۇمبەڭدىن سورا. * دۈشمىنىڭنى قوي دەپ كۆتمە، بۆرە دەپ دۇمبالا.

ئۇرۇش I سوقۇش جەڭ ئېتىشىش يېغا يېغىلىق مۇھارىبە

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش "ئۇرۇش"، "سوقۇش" ئومۇمىي ئاتىلىشى.

"جەڭ" ئۇرۇشنىڭ مەلۇم دائىرە، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدىكى ئايرىم بۆلۈكى. خەنزۇچە: 战. كونكرېت ئەھۋالدا "كۈرەش" مەنىسىنى بىرىدۇ.

"ئېتىشىش" ئىككى تەرەپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر - بىرىگە ئوق ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئالەمنى بىلگەنلەر دېيىشەر ھامان، ئۇرۇش تاشقىرىدىن كۆرۈشكە

ئاسان. * شۋېيتسارىيىدە 600 يىلدىن بېرى سوقۇش بولماپتۇ. * جەڭ تۈگىمەي ئېتىشنىڭ ئېگرىنى ئالما. * تىنچ پۇتەر ئىشقىمۇ جەڭ - يېغا ئاچقان، ئادەمنىڭ ئەقلىنى، دېمەك، چاڭ باسقان. * 1945 - يىلنىڭ باشلىرىدا ماناستا قاتتىق ئېتىشىش بولغان. * يېغا چىقسا، يىراق تۇر. * يېغىلىقتا يات ياخشى.

ئۇرۇش II سوقۇش مۇشتلاش

پىكىر ئىختىلاپى ياكى دىل ئازارلىقتىن چىققان تالاش - تارتىش، جېدەل.

خوتۇن تۇغقىنى كەلسە، كۈندە گۈرۈچ؛ ئەر تۇغقىنى كەلسە، كۈندە ئۇرۇش. * سوقۇش — ئىناقلىقنى بۇزىدىغان زەھەرلىك دورا. * تۆردىكى بىلەن ئۇرۇشقۇچە، قازان بېشىدىكى بىلەن مۇشتلاش. * مۇشتلاشتا ئارىچى ئازابلىنار.

ئۇرۇشقاق سوقۇشقاق

ئەرزىمەس باھانىلار بىلەن ئاسانلا ئۇرۇش - تالاش قىلىپ يۈرگۈچى شەخس.

ئۆلۈكنىڭ كۆزىدىن قورق، ئۇرۇشقاقنىڭ سۆزىدىن. * سوراپ بىلىش ئەيىب ئەمەس، سوقۇشقاق سەمرىمەس.

ئۇرۇشماق سوقۇشماق مۇشتلاشماق ياقىلاشماق چاچلاشماق ياقا تۇتۇشماق ياقا سىقىشماق تەركىشمەك

ئىككى كىشى ياكى ئۈندىن كۆپرەك كىشى ئاساسەن مۇشت بىلەن ۋە ياكى تاياق - توقماقتەك ۋاستىلەر بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇپ جېدەل چىقارماق.

"چاچلاشماق" ئاياللار ئۇرۇشقانغا قارىتىلىدۇ.

بەزىدە تىل بىلەن چىشمۇ ئۇرۇشىدۇ. * ئاۋۋال سوقۇشۇپ، ئاندىن

دوست بول، * مۇشتلاشماقتىن ئىككىلا تەرەپ زەخمەت يەيدۇ. * ياقىلاشقاننىڭ ياقىسى يىرتىق. * توختىخان بىلەن تۇرسۇنخان چاچلاشسا، تۇراخۇن ئاجرىتالماس. * ياقا تۇتۇشقانغا يالۋۇرما. * ياقا سىقىشقانلارنى ئاجراتما، ياقىسى يىرتىلغاندا توختايدۇ.

ئۇرۇق ئۆرەن ئەۋىن

تېرىشقا تەييارلانغان زىرائەت، ئوت-چۆپ دېنى.

ئۇرۇقۇڭنى يېگۈچە، ئۆيۈڭنى يە. * ئۇرۇقىغا قاراپ ئۈنۈمى. * ئۆرەن چۈشكەن يېردە ئۈنەر.

ئۇزاق ئۇزۇن

ۋاقىت ۋە ئارىلىق قىسقا ئەمەس. "ئۇزاق" ۋاقىتنى، "ئۇزۇن" ئارىلىقنى كۆرسىتەتتى، ھازىر ئارىلاش قوللىنىلىۋاتىدۇ.

غېمى يوقنىڭ ئۇيقۇسى ئۇزاق. * ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، سالماڭ ئۇزۇن بولىدۇ. * ئۇزۇن سۆز — شالاڭ بۆز.

ئۇزۇنقۇلاق قۇلىقى ئۇزۇن

خەۋەردىن تېز خەۋەردار بولىدىغان.

ئۇزۇنقۇلاقتىن گەپ قاچالمايدۇ. * ئۇزۇنقۇلاق ئەربابلار ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ. * قارىغۇنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن.

ئۇستا ماھىر باشى سەلقىلىغ

ھۈنەر-كەسىپنى پۇختا ئىگىلىگەن كىشى.

"باشى" خەنزۇچە: 把戏. ئەسلى "سېھىرىك"، "ھىيلە"، ئۇيغۇرچىدا مەنىسى ئۆزگەرگەن.

"سەلقىلىغ" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار. * تۆمۈرنى بولقا سوقماس، ئۇستا سوقار. * ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتا ماھىر كىشىنىڭ ۋاقتى

مەڭگۈ كەڭتاشا. * روزەك باشى راۋاپقا ئۇستا ئىدى.

ئۇستاز ئۇستاد

ئىلىم-بىلىم، ھۈنەر-سەنئەت ئۆگەتكۈچى.

ئۇستاز سۆھبىتى جان ئوزۇقىدۇر. * ئۇستازىغا قاراپ شاگىرتى. * ھەر ئىشنىڭ ئۇستىسى بار، ھەر ئۇستىنىڭ ئۇستازى. * ئۇستاد، مۇئەللىمسىز قالسا گەر زامان، نادانلىقتىن قاپقارا بولاتتى جاھان.

ئۇستىخان سۆڭەك

ئادەمنىڭ ۋە ھايۋاننىڭ تېنىدىكى قاتتىق توقۇلما.

كونا ئۇستىخاننى ئىت غاجىماس. * ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.

ئۇسسۇل تانسا ساما دىسكو ئىسنا رەقس يۈدىك

ئاياغ ئويۇنلىرى.

"ئۇسسۇل" ئومۇمىي ئات، كۆپىنچە مىللىي ئۇسسۇلنى كۆرسىتىدۇ.

"تانسا" ياۋروپادىن كىرگەن، ئەر-ئايال جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ.

"ساما" ئاساسەن ئەرلەر ئۇسسۇلى، كىشىلەر توپ بولۇپ، كەڭ مەيداندا ئوينايدۇ.

"دىسكو" يېڭى ئۇسسۇل، "زامانىۋى ئۇسسۇل" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

"ئىسنا" قۇمۇل شېۋىسىدە "ئۇسسۇل" دېمەكتۇر.

ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان قىزغا ئۆينىڭ تارلىقى باھانە. * چالا ئۇسسۇلچىغا ئىشتىنىمۇ پۇتلىشار. * تانسا كۆڭۈل ئېچىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئومۇمىيلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ. * ساما سالغاننىڭ ھەممىسى خۇشال دېگىلى بولماس. * دىسكو رىتىمىنىڭ تېزلىكىدىن ياشلارغا يېقىپ قالدى.

ئۇسسۇز تەشنا

ئۇسسۇلۇق ئىچكۈسى كېلىش تۇيغۇسى.

قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچ قانغا تەشنا. * تەشنالار كۆزىنى گەر باسسا ئۇيقۇ، چۈشىگە كىرىدۇ پۈتۈن ئالەم سۇ. * ئۇسسۇزغا يۇندىمۇ راۋا.

ئۇسسۇزلۇق تەشنالىق

ئۇسسۇز قېلىش ھالىتى، ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلىش تۇيغۇسى.

قۇدۇقتا سۇ تۇرسا، يىگىتنى ئۇسسۇزلۇق قىينارمۇ؟ * ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتكە تەشنالىقى خۇددى ئەمالارنىڭ يول باشلىغۇچىغا بولغان موھتاجلىقى بىلەن ئوخشاش. * تەر بىلەن كەلگەن نەرسە تەشنالىققا داۋا. * ئاچلىقتىن ئۇسسۇزلۇق يامان.

ئۇسسۇلۇق سۇسىن

چاڭقىغاندا ئىچىلىدىغان سوغۇق سۇ، چاي ۋە باشقىلار.

سۇغا چۆككەن ئۇسسۇلۇق سورىماس. * سۇسىن سورىغانغا ھېچ بولمىسا، سۇ بەر.

ئۇسساماق چاڭقىماق چۆلدىمەك تەشنا بولماق ئۆپكىسى قۇرۇپ كەتمەك سۇسىرىماق سۇساماق

ئۇسسۇلۇق ئىچكۈسى كەلمەك.

"سۇسىرىماق، ھايۋان ۋە يەر-زېمىنغا قارىتىلىدۇ.

ئۇسسىساڭ سۇچىنىڭ ئۆيىگە بار. * ئۇسسىغان ئېچىرقىغاندىن يامان. * ئۇسسىغاننىڭ چۈشىگە شىرىلدىغان سۇ كىرەر. * سۇدىن قاچقان ئۆكۈز، چاڭقاپ ئۆلەر. * چۆللىدىگەن ئىت قۇدۇققا باقار. * تەشنا بولغان سۇ تاللىماس. * ئۇسساپ ئۆپكەم قۇرۇپ كەتتى، — دېدى بوۋاي. * سۇسىرىغان ئوچۇمىدا سۇ ئىچەر.

ئۈشتۈمتۈت تۇساتتىن تۇيۇقسىز تاسادىپىي دەپپەتەن

كۈتمىگەن ھالدا، قىسقىغىنا ۋاقىتتا پەيدا بولغان.

"تاسادىپىي" قائىدە بويىچە بولۇشى ناتايىن ئىش-ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

تېكىدىن ئەقىل-مەسلىھەت ئالغان قوچقار تۇساتتىن ئۆزىنى ئۆزى بالاغا باشلار. * دۇنيادا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ كۆپى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن باشلانغان. * تۇيۇقسىز كەلگەن تۇساتتىن قايتار. * تاسادىپىي كەلگەن بايلىقتا بەخت بولماس.

ئۇششاق سۆز ۋىت-ۋىت كۇس-كۇس

غەيۋەت-شىكايەتكە دائىر ھەر خىل يارىماس گەپلەر ۋە ئۇلارنى تاپىدىغان كىشى.

ئۇششاق سۆز — ئائىلىنى بۇزغۇچى قايچا. * ۋىت-ۋىتنىڭ گېپى تۈگىمىگۈچە، كۆڭۈل تىنچىماس. * كۇس-كۇس يوق يەردىن گەپ تاپىدۇ.

ئۇقۇم چۈشەنچە

ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۇمۇمىي، ماھىيەتلىك بەلگىسى.

ئىنسان ئۆزى سەزگەن شەيئىنىڭ ئورتاق ئالامەتلىرىنى ئۇمۇملاشتۇرۇشتىن ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ. * ئاق قار، ئاق ئات، ئاق قەغەز قاتارلىق شەيئىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ئېلىنسا "ئاق" چۈشەنچىسى ھاسىل بولىدۇ.

ئۇلۇغ بۈيۈك ئەزىم ئەكبەر ئۆركى قوپان

ھەممە قايىل بولغان، سېغىنىدىغان ئەڭ كاتتا.

"ئەزىم"، "ئەكبەر" كىتابىي سۆزلەر.

ئۇلۇغ ئادەم بۈيۈك تاغقا ئوخشايدۇ. * بىلىملىك ئوغۇل ئاتىسىدىن

ئۇلۇغ. * بۈيۈك ئادەم خاتالاشقاندىمۇ، بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۇلۇغلۇق بۈيۈكلۈك

ئۇلۇغ، بۈيۈك ھالەت.

ئۇلۇغلۇق بىلىم ۋە ھۈنەردىن كېلىدۇ. * بۈيۈكلۈك ئاسان كەلمەيدۇ، قويۇپ بەرسە، ئاسان كېتىدۇ.

ئۇنتۇماق ئۇنتۇلماق ئەستىن چىقارماق يادتىن چىقارماق خاتىرىدىن چىقارماق

ئەسلىيەلمەي قالماق.

كىمكى بىلىمنى ئۇنتۇسا دەرھال، بۇنداق ئادەم تىلى سۆزگە كەلمەس لال. * مېۋىسىنى يەپ، دەرىخنى ئۇنتۇپ قالما، * بىرگە كۈلگەن كىشىنى ئۇنتۇلۇش مۇمكىن، لېكىن بىرگە يىغلىغان ئىنساننى زادىلا ئۇنتۇيالمايسەن. * ياخشىلىق قىلغاننىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارما. * سېنى يادىدىن چىقارغان دوستتىن قول ئۈز. * خاتىرىدىن چىققان خاتىرىگە كەلمەس.

ئۇنىماق كۆنمەك

ماقۇل كەلمەك.

يېزىدا چۈشۈشكە كادىرلار ئۇنىمايدۇ ئەمەس، ئىدارىدىكى ئىشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلسا ئۇنايدۇ. * ئۇ گاجىلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئاخىر كۆندى.

ئۇۋا چاڭگا ئاشيان كاتەك پەغەز

چەرەندە-پەرەندىلەرنىڭ ياشاش ۋە كۆپىيىشكە لايىق ياسىۋالغان ئۆيى، جايى.

"پەغەز"، "كاتەك" ئادەم تەييارلىغان ئۇۋا.

مۇشتۇمدەك قۇش يۈرەكتەك ئۇۋا سالار. * سايرىغان قۇش چاڭگا سالماس. * چاڭگا بۇزۇلسا، تۇخۇم ساق قالماس. * قۇش ئاشيانىسى بىلەن، ئادەم ئاشناسى بىلەن. * تۈلكە ئايەت ئوقۇسا، غازنى كاتەككە سال. * كەپتەرگە پەغەز، خەتكە قەغەز.

ئۆي ئۆكۈز

تۆت ياشتىن ئاشقان، پىچىلگەن ئىش كالىسى.

بىر ئۆينىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا، مىڭ تۇيىنىڭ تۇۋىقى سىرقىرار. * مېڭىشنى بىلمىگەن ئۆي قىرنى بۇزىدۇ. * بىر كۈنگە ئۆكۈز ئۆلمەس، ئىككى كۈنگە ئىگىسى بەرمەس.

ئۇيقۇ غەپلەت

فىزىئولوگىك ھادىسە، چوڭ مېڭە قاتلىمىنىڭ قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي بېسىلىشىدىن ۋاقتى-ۋاقتىدا سادىر بولىدۇ، بۇ چاغدا ئاڭ ھەرىكىتى بولمايدۇ.

"غەپلەت" پۈتۈنلەي تۇيماسلىق ھالىتى.

ئۇيقۇ ئۇزۇن بولسا، ئۆمۈر قىسقا بولىدۇ. * پۇل كۆپەيسە، ئۇيقۇ ئازىيىدۇ. * غەم باسسا، غەپلەتمۇ باسىدۇ. * تايانچىم بولۇپ شۇ ئىلمى ھېكمەتتىن، ئالەمنى ئويغىتاي ئۇيقۇ-غەپلەتتىن.

ئۆينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق

ئوبيېكتقا قارىماي سۆزلىمەك، دۆتكە ھېكمەت سۆزلىمەك.

نادان بىلەن سۆھبەت قۇرۇش ئۆينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا بىر ئىش. * سىلەرگە ھەقىقەت سۆزلىگەندىن ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاپ چالغان تۈزۈك ئىكەن، — دېدى ئۇ.

ئۇيۇشتۇرماق تەشكىللىمەك

بىرەر مەقسەت ئۈچۈن كۆپچىلىكنى تەشكىلىي ھالەتكە

كەلتۈرمەك.

بىز كۆپچىلىكنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردۇق. * دېھقانلار ئېرىق-ئۆستەڭ سۇ قۇرۇلۇشىغا ئۇيۇشتۇرۇلدى. * تەشكىللىنىپ، كۆرەشكە ئاتلىنايلى. * ئىشچىلار ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا تەشكىللەندى.

ئۆ

ئۆپكىسى ئۆرۈلمەك كۆڭلى بۇزۇلماق

مەيۇس بولماق، ئېچىنماق.

ھەممىنىڭ بېشى چۈشتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئەلەم بىلەن ئېچىندى. * باتۇرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، مېھرىبان ئانىسى كۆز ئالدىغا كەلدى.

ئۆتۈپ بار ئۆتۈپ تۇر نېرى تۇر

بولۇۋاتقان ئىشقا ئارىلاشما.

ئۆتۈپ بار، مېنىڭ كېلىنىممۇ يوق، ئوغلۇممۇ يوق، — دېدى شەندى خانىم. * سىلى، سىلى دەۋەرمەي ئۆتۈپ تۇرسىلا خېنىم. * نېرى تۇر، سەندەك لالمىغا قىلىدىغان گېپىم يوق.

ئۆتۈك مەسە ئىزلىك

كۆن-خۇرۇمدىن تىكىلگەن، قونچلۇق ئاياغ كىيىمى.

ئەخمەت پۇتىنى ئۆتۈكى سىرتىدىن قاشلايدۇ. * ھەممىگە مەسە ياخشى، موللىغا بەرسە ياخشى.

ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ئۆتكىنى ئۆتتى

بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىش ئۈستىدە تەسەللى ھېسابىدا ئېيتىلىدۇ.

بولدى، خاپا بولما، ئۆتكىنى ئۆتتى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات.

ئۆتكۈر ئىتتىك

پىچاق، قىلىچ قاتارلىق تىغلارنىڭ كەسكۈرلۈكى، ياخشى كېسىدىغان.

قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قاتتىق بولما. * ئۆتكۈر سۆز ئۆمگەننى تېشەر. * ئىتتىك ئۇستىرا غىلىپىنى كېسىپ چىقار.

ئۆتۈنمەك سورىماق

بىراۋدىن بىرەر نەرسە ئېلىشنى ئۈمىد قىلىپ، تىلەنمەك.

ئۆتۈنگەندىن ئۈمىد يوق. * خەقتىن ئۆتۈنگۈچە، ئۆزەڭ ئىشلەپ تاپ. * بەرگەن باتۇر ئەمەس، سورىغان باتۇر. * ئالغاننىڭ راھىتى سورىغاننىڭ دەردىگە يەتمەس. * كۈن يۇلتۇزدىن يورۇق سورىماس.

ئۆچ قىساس ئەنت ئىنتىقام قاتىم

"قاتىم" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

زىددىيەتتىن تۇغۇلغان قاتتىق ئاغرىنىش.

ئۆچ ساقلىغان گۆرىدە ئۆرە تۇرار. * قىلىچ يارىسى پۈتمەس، دۈشمەن قىساسى ئۆچمەس. * ئاتىسىدىن ئالالمىغان ئەنتىنى بالىسىدىن ئاپتۇ. * ئىنتىقام بىكار كەتمەيدۇ، ئاخىر يانىدۇ.

ئۆرە تىك

يىقىلماي، ئېگىلمەي تۇرغان ھالەت.

بوش تاغار ئۆرە تۇرماس. * ئولتۇرۇپ ئىش قىلساڭ، تىك تۇرۇپ دەم ئال.

ئۆرىتۆپە بولماق پاتىپاراق بولماق

قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تىنىم تاپماي قالماق.

توي كۈنى تازا ئۆرىتۆپە بولدۇق. * پاتىپاراق بولغانغا ئىش

پۈتمەس.

ئۆرۈمەك I غۇلاتماق يىقىتماق

يۇقىرى-تۆۋەن، ئالدى-ئارقا ئالماشماق، ئۆرە تۇرغان ھالەتنى تەتۈر قىلماق.

چاپساڭ ئېگىز دەرەخمۇ ئۆرۈلىدۇ. * خەلق قوزغالسا، خاننى تەختتىن غۇلىتىدۇ. * كىچىك پالتىمۇ چوڭ دەرەخنى يىقىتالايدۇ.

ئۆرۈمەك II تەبىر بەرمەك

چۈشنى بىرەر ئەھۋالدا جورىماق.

چۈشنى يېقىن ئادەم ئۆرۈسە، چاقچاق ئارىلىشىپ قالىدۇ. * كۆرگەن چۈشۈڭنى گاسقا ئۆرۈتمە. * چۈشنىڭ تەبىرى چۈشنىڭ تەتۈرى.

ئۆز بېشىنى ئۆزى يېمەك ئۆز بېشىغا چىقماق

ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ئۆزى ئاخىرلاشتۇرماق.

يامان ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ئۇ ئەبلەخ ئۆز بېشىنى ئۆزى يېدى، زامان شۇنداق ئادىل. * تولا ئويلاپ كەتمە، ئۇ ئالدامچى ئاخىر ئۆز بېشىغا چىقتى.

ئۆزرىخاھلىق ناماقۇللۇق

سەۋەنلىك ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن خىجىللىق.

ئۆزرىخاھلىق دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. * تاپقىنىم ناماقۇللۇقتىن ئاشمىدى.

ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇماق ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى بابلىماق

بىراۋنى ئۆز-ئۆزىگە توغرىلاتماق.

بۇ جاھالەت دەۋرىدە ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش ئەۋج ئالماقتا.

* ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن بابلاش كېرەك. ئانداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەن شۇ.

ئۆزگىچە باشقىچە بۆلەكچە

باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتىكىدىن باشقاراق.

ئۆزگىچە يول تۇتقان ئۇزار. * ئۇ مەسىلىنى باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلدى. * باھارگۈل بۆلەكچە ياسىنىۋاپتۇ.

ئۆزۈمچىل باشباشتاق خۇدرەي ئۆز بىشىمچى

ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ، باشقىلارنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلمايدىغان.

ئۆزۈمچىل ئۆمۈر بويى ئۆكۈنەر. * باشباشتاقتىن يېتىلەككە ماڭغان ھايۋان ياخشى. * خۇدرەيگە خەقنىڭ ئىشى خوپ كەلمەس. * ئۆز بىشىمچى ئاخىر بېرىپ ئۆز بېشىغا چىقىدۇ.

ئۆسمەك ئۆرلىمەك

مەرتىۋىسىنىڭ، مەنسەپىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە قارىتىلغان.

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن. * تېز ئۆرلىگەن تېز غۇلار.

ئۆسۈم پىرسەنت تۇس

ئامانەتكە قويغان ياكى قەرزگە بەرگەن پۇل ـ مالنىڭ دىرىدىن باشقا پايدىسى.

بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە يېقىندا گوۋۇيۈەن تۈزىتىش كىرگۈزدى. * شىركەتكە قوشقان پۇلۇمغا پىرسەنت ئاجراتتى.

ئۆسۈملۈك ناباتات ئى

مەۋجۇداتنىڭ زور بىر تۈركۈمى. نېرۋىسى يوق، تۇيغۇسى يوق. ئان ئورگانىك ماددىلاردىن ئوزۇقلىنىدۇ.

ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى؛ ئۆسۈملۈك يېغى. * جەھەننەم نەدە، ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن يەردە. * ناباتات باغچىسى ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە ياخشى مەلۇمات بېرىدۇ.

ئۆشرە دەھيەك كەپسەن

ئىسلام قائىدىسى بويىچە، ھەر يىلى ئالغان ئاشلىقنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىدىغان باج، سېلىق.

40 ـــ 30 ـ يىللىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ھۆكۈمەتكە پاراق تۆلىگەندىن باشقا، ئۆشرە ـ دەھيەك نامىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا سېلىق تۆلەيتتى. * ئابدالغا كەپسەن بەرسەڭ، جىڭىڭ راستمۇ دەر.

ئۆكتەم بىشەم بېزەڭ ئۇششۇق مۇتتەھەم ئىستارە بەتكەردە

يوقىلاڭ تۆھمەت بىلەن كىشىگە يولسىز چاپلىشىۋالىدىغان، غەرەز ئۇقمايدىغان.

"بىشەم" كۆپرەك ئاياللارغا قارىتىلىدۇ.

"ئىستارە"، "بەتكەردە" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

باتۇر ئاڭقاۋ كېلىدۇ، پالۋان ئۆكتەم. * بىشەم خوتۇن بەش كۈنلۈك، بېزەڭ يولداش بىر كۈنلۈك. * ئۇششۇق ئۇشتۇمتۇتلا ئىسىلىدۇ. * مۇتتەھەم كىمنىڭ ئىشىنى يېسە، شۇنىڭ بېشىنى يەيدۇ. * قەلەم بىچارە، موللا ئىستارە. * بەتكەردىدىن يىراق بول.

ئۆكتىچىلىك ئوپپوزىتسىيە

كۆپ پارتىيىلىك دۆلەتلەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىگە

قارشى پارتىيە، گۇرۇھ، ئۇنسۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتى.

گېزىت خەۋەرلىرىگە قارىغاندا روسىيەدە ئۆكتىچىلىك كۆچەيمەكتە ئىكەن. روسىيە كوممۇنىستىك ئىشچىلار پارتىيىسى گورباچېۋ ۋە يېلتسىنگە تېلېگرامما يوللاپ، كرېمىلدا چۈشۈرۈلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى بايرىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ساقلىشىغا بېرىشنى تەلەپ قىلغان.

ئۆگەي قاڭسىق

ئەسلى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولماي، نىكاھ مۇناسىۋىتى بولغان بالا ئۈچۈن ئاتا-ئانا، ئاتا-ئانا ئۈچۈن بالا ئۆگەي دېيىلىدۇ. بۇ يەردە ئومۇمەن ئۆز ئەمەس، يات.

يەرگە تەرنىڭ ئۆگىيى يوق، خوتۇنغا ئەرنىڭ. * ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى تازا ئۆتكەن بالامنىڭ ئۆتمۈشىگە ھازىرغىچە ئېچىنىمەن.

ئۆگىنىش ئوقۇش

ئىلىم-بىلىم، تەجرىبە-تېخنىكا، كەسىپ-ھۈنەر ئۆگىنىش پائالىيىتى.

"ئوقۇش" مەكتەپلەردە ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆگىنىش خۇددى كۆچەت تىككەنگە ئوخشايدۇ، باھاردا چېچەكلەپ، كۈزدە مېۋە بېرىدۇ. * كۆپ نەرسە ئۆگىنىشنىڭ سىرى بىراقلا نۇرغۇن نەرسە ئۆگىنىشتە ئەمەس. * ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۆڭمەك ئۆچمەك

بىر نەرسىنىڭ كۈننىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆڭى-رەڭگىنى سۇسايتماق، يوقاتماق.

بوز ئاتنىڭ رەڭگى ئۆڭمەس، ئالتۇننىڭ رەڭگى ئۆچمەس. * ئۆڭى ئۆچمەس ئادەم يوق.

ئۆلتۈرمەك جېنىنى ئالماق بېشىنى ئالماق جېنىدىن جۇدا قىلماق جەھەننەمگە ئۇزاتماق يەر چىشلەتمەك

ھاياتىدىن ئايرىماق، ياشاشتىن توختاتماق.

"ئۆلتۈرمەك"تىن باشقىسى كەمسىتىش مەنىسىدە كېلىدۇ، دۈشمەن ياكى يامان كىشىگە قارىتىلىدۇ.

ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر. * تېۋىپ قولى تىترىسە تىغ ئۇرار زامان، ئۇنداق تېۋىپ قان ئورنىغا ئالار جان. * پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. * بۇ دۈشمەن غالجىرلاشتى، شۇ ئان جېنىدىن جۇدا قىلدۇق. * زالىم زومىگەرلەر جەھەننەمگە ئۇزىتىلدى. * ئىككىنچى گومىنداڭچى قاچماقچى بولدى، لېكىن زىغىرۇللانىڭ ئوقى ئۇنىمۇ يەر چىشلەتتى.

ئۆلچەم مىزان

ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ۋە قانچىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئومۇمىي بەلگە، پىرىنسىپ.

ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى. * ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە دورىمۇ زەھەر. * 14-ئۆكتەبىر خەلقئارا ئۆلچەم كۈنىدۇر. * ۋاقىت ھەقىقەتنىڭ مىزانى. * ئىنسانىنى ئۆلچەيدىغان ھەقىقىي مىزان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىشىدۇر.

ئۆلچىمەك دەڭسىمەك

ئۆلچەمنى تاپماق، ئېنىقلىماق.

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس. * مالىنىڭ قىممىتىنى ئورلىشىغا قاراپ ئۆلچىمە. * مۇھەببەتنى ساۋات بىلەن ئۆلچىگىلى بولماس. * شۇ ئان دەڭسەپ كۆرۈپ، ئېغىرلىقىنى بىلدى.

ئۆلگۈچە ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئاخىرقى نەپەسكىچە

تاكى جېنى چىقىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغۇچە. قەتئىي ئىرادىگە تەمسىل.

ئۆلگۈچە سېنى دەيمەن، سەندىن ئۆزگىگە قارىمايمەن. * ياخشى جەڭچى ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئېلىشىدۇ. * ھەقىقەت ئۈچۈن ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشقان كىشى ئۆلمەيدۇ.

ئۆلمەك ۋاپات بولماق قازا تاپماق تىنىقى توختىماق نەپەسى ئۈزۈلمەك يۈرىكى سوقۇشتىن توختىماق ئالەمدىن ئۆتمەك ئۇ دۇنياغا كەتمەك ئاخىرەتكە سەپەر قىلماق بەندىچىلىك قىلماق رەھلەت قىلماق جان چىقماق كۆز يۇمماق جاندىن جۇدا بولماق جەھەننەمگە كەتمەك خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتمەك ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرمەك بولالماي قالماق جان ئۈزمەك جان بەرمەك

ھاياتى تۈگىمەك، جاندىن ئايرىلماق.

"ئۆلمەك" ئەسلى مەنە ۋە ئومۇمىي، ئوتتۇرىچە، "ئۆلۈپ قالماق، ئۆلۈپ كەتمەك" دېمۇ كېلىدۇ.

"تىنىقى توختىماق"، "نەپەسى ئۈزۈلمەك" سىپايە تۈر.

"يۈرىكى سوقۇشتىن توختىماق" ئۇلۇغلارغا ئېيتىلىدۇ.

"جەھەننەمگە كەتمەك"، "ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرمەك" يامان ئادەمگە قارىتىلغان.

قالغانلىرى "ئۆلمەك" سۆزىنى تەرگەپ سىلىقلاپ ئېيتىلغان.

ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر قەلبىگە كۆمۈلمىگەن ئادەم ھەقىقىي ئۆلگەن بولىدۇ. * سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمەتنىياز قارىم 1991-يىلى 5-دېكابىردا ۋاپات بولدى. * ئالىيجاناب ئادەم

ئۆگىنىشىنى تىنىقى توختىغاندىلا توختىتىدۇ. * 1981-يىلى 29-مارت سائەت 20 دىن 18-مىنۇت ئۆتكەندە، سۇڭ چىڭلىڭنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى. * جەڭچى ئالدىنقى سەپتە، شائىر يېزىق ئۈستىلىدە، ئارتىس سەھنىدە جان بېرىشى كېرەك.

ئۆلۈك جەسەت مېيىت مۇردا تاپ

ھاياتى تۈگىگەن. جېنى چىقىپ بولغان، ئۆلگەن گەۋدە.

"تاپ" ھايۋانغا قارىتىلىدۇ.

ئۆلۈك چىققان ئۆيدە، ئۈچ كۈنگىچە سۆز-چۆچەك. * ئۆلۈكى چاشقاننىڭ تىرىكى. * جەسەتتىن قاچما، ھەسەتتىن قاچ. * مېيىتنى ۋاقتىدا ئۈزىتىش كېرەك، ساقلاشقا بولمايدۇ. * ئەخلاقسىز ئادەم تىرىك مۇردا. * قاغىغا يول باشلاتساڭ، تاپقا باشلاپ بارار.

ئۆلۈكنى ئارتماق ئۆلۈكنى ساتماق

چىدىماستىن ئۆلۈۋېلىپ، جاۋابكارلىقنى باشقىلارغا دۆڭگىمەك.

قوي، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشما، يەنە ئۆلۈكنى ئارتىمىسۇن. * ئۇ ئېپلاس ئۆلۈكنى ساتىدىغان نېمە.

ئۆلۈم ئەجەل زاۋال قازا ئالقىنچۇ كەرگەك

تىرىك ئورگانىزمدا ھاياتىي پائالىيەتنىڭ توختىشى، تۈگىشى.

ئۆلۈم جازاسى. * ئۆلۈمگە ئامال يوق. * ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي. * دۈشمىنىڭگە ئۆلۈم تىلىگۈچە، ئۆزۈڭگە ئۆمۈر تىلە. * ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق. * قورققاننى ئەجەل قوغلار. * بەتنام ياشىغاندىن مىڭ ھەسسە گۈزەل، مەقسەتكە يەتمەي يەپ كەتسە ئەجەل. * سەۋەب قىلساڭ، زاۋال يوق، قىلالمىساڭ، ئامال يوق. * ھەركىم زۇلۇم قىلسا، دۆلىتى زاۋال تاپار. * قازا كەلسە، قوشۇقتىكى سۇدىن قاقىلىپ ئۆلەر. * بەخت تاغنى جۇپ قىلار، قازا جۇپنى تاق قىلار.

ئۆلۈمتۈك چالا ئۆلۈك ئۆلەرمەن نىمجان يېرىم جان

ئۆلۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجىز، زەئىپ.

ئۆلۈمسۈك ئېشەك ئولتۇرۇپ تېپەر. * ئۇ شۇ يەردە چالا ئۆلۈك ياتاتتى. * ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇشتىن قورق. * نىمجان ياشساڭمۇ پاك ياشا. * يېرىمجان بولۇپ يۈرگۈچە، ھەرىكەت قىل، ئۆزۈڭنى تاۋلا.

ئۆلۈم سائىتى يېتىپ كەلمەك ئەجىلى توشماق ئەجەل يەتمەك كۈنى توشماق

كىشىنىڭ ئۆمرى، ھاياتى ئاخىرلاشماق

ئۆلۈم سائىتى يېتىپ كەلسە، ياش-قېرىغا باقمايدۇ. * ئەجىلى توشقانغا ئامال يوق. * ئەجەل يەتسە، ئەقىل قاچار. * ئەجەل يەتمەي جان چىقماس، بېخىل بايدىن نان. * كۈنىڭ توشتى، ئەلھۆكمىللا دە.

ئۆم كۆجۈم

ئىتتىپاق-ئىناق، ھەممە بىردەك ھەرىكەت قىلىدىغان.

جامائەت ئۆم بولمىسا، ئۆڭگىدىن بىركىم نەپ ئالار. * كۆجۈم ئەلگە دۈشمەن كېلەلمەس.

ئۆملۈك كۆجۈملۈك

ئىتتىپاقلىق-ئىناقلىق ھالىتى.

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. * كۆجۈملۈك كۈچ بېرىدۇ، بەرىكەت تاپىدۇ.

ئۆمۈچۈك دۆ تىكىر

بوغۇنلۇق ھايۋاناتنىڭ بىر تۈرى، تۆت جۈپ پۇتى بولىدۇ، ئۆينىڭ تورۇسلىرىدا، ئۆت-چۆپلۈكلەردە ياشايدۇ، تور باغلاپ

ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ، ئۆملىگەننى كۆرەلمەيدۇ. * دۆ غېرىبىنى ئۇرۇپتۇ، ئۆمۈچۈك مۇساپىرنى.

ئۆي I خانا بۆلمە ھۇجرا كەپە قازناق كۇلبە ئەۋ ئەرگە

تام، ئىشىك، دېرىزە، تورۇسى بولغان، ئولتۇراق جاي ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان يەر.

"ھۇجرا" سارايلاردىكى ئايرىم-ئايرىم ئۆي.

"كەپە"، "كۇلبە"لەر ئاددىي ئۆيلەر.

"قازناق" نەرسە-كېرەك قويىدىغان كىچىك "ئامبار".

يالغۇز خىشتا ئۆي بولماس. * ئوغرى ئون ئۆيگە چۈشمەي ئۆلمەس. * قايسىبىر خانىدىن يول ئالسا تۇتۇن، ئىشىك-تاملىرىنى قارا قىلار پۈتۈن. * خانىمىزغا مەرھەمەت قىلىڭ. * ئىشخانا. * بۇ بۆلمىدە كىم بولسا، شۇ ساھىبخان. * سارايىنىڭ ھۇجرىسى كۆپ، ياراملىقى يوق. * كەپىدىمۇ ئۇلۇغ زات تۇغۇلىدۇ. * دادام قازناقتا يوق. * كۇلبىدىن كۈلكە چىقتى.

ئۆي II ئائىلە

نىكاھ ۋە قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي بىرلىك، ئادەتتە ئاتا-ئانا، بالا-چاقا ۋە باشقا بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

مېھمان كەلگەن ئۆي جەننەت. * چوڭ ئۆينىڭ ئورتاق، كىچىك ئۆينىڭ ئۆزىگە. * مۇھەببەتسىز ئۆي ئۆي بولماس، جانسىز تەن ھەقىقىي ئادەم ئەمەس. * ئائىلىنىڭ توقلۇقى تۈتۈنىدىن مەلۇم. * ئىسراپخور ئائىلە ۋەيران بولماي قالماس. * ئائىلىسىگە قاراپ ئادىتى. * ئائىلىدە گەپ-سۆزنىڭ بولماسلىقى — تويدا نەغمە سازنىڭ بولماسلىقى. * ماختىنىش بىلەن ساختىلىق — بىر ئائىلە.

ئۆيلەنمەك ئۆيلۈك بولماق ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولماق ئۆي تۇتماق ئائىلە قۇرماق تۇرمۇش قۇرماق خوتۇن ئالماق نىكاھلانماق

ئەر قانۇنىي رەسمىيەتنى ئۆتەپ، ئادەت بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ، بىرەر قىز ياكى خوتۇن بىلەن ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ئورناتماق.

ئۆيلەنگۈچە ئىرلايدۇ، ئۆيلىنىپ بولۇپ يىغلايدۇ. * ئۆيلەنگەن ئۆسەر، ئۆيلەنمىگەن ئۆچەر. * ئۆيلەنمىگەننىڭ ئۆيى ئۆتكۈر. * ئەقىللىق ئۆيلۈك بولغۇچە، ساراڭ ئوغۇللۇق بولار. * ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغانغا يەتمەيدۇ. * ئۆي تۇتمىغاننى ئۆيۈڭگە يولاتما. * ئۆي تۇتمىسام تالادا قالدىم، ئۆي تۇتسام بالاغا قالدىم. * مەن ئۆي تۇتتۇممىكىن دېسەم، ئۆي مېنى تۇتۇپتۇ. * ئائىلە قۇراي دېسەڭ، ئېھتىيات قىل. * بالدۇر تۇرمۇش قۇرغان قېرىغىچە پۇشايمان يەر. * خوتۇن ئالدىم. ئۈستۈمگە ئوتۇن ئارتتىم. * خوتۇن ئالماي قېرىغاندىن ئەقىل سورىما. * ئالتە قېتىم نىكاھلىق بوپتۇ، ئائىلە قۇرالماپتۇ.

ئۆيۋاق بىسات سەرەمجان

ئائىلىدە ئىشلىتىدىغان ھەممە جاھاز، نەرسە-كېرەكلەر.

ئۆيۋاقلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ يۈر. * بىساتىڭغا قارىما، ئىنساپىڭغا قارا. * سەرەمجان ئائىلە — خۇشال ئائىلە.

ئۆي ئىگىسى ساھىبخان

مېھمانغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ، مېھمانغا چاقىرغۇچى.

كەلگۈچە مېھمان ئۇيىلىدۇ، كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى. * ئۆيگە كېتىدىغان يولنى ئۆي ئىگىسى بىلىدۇ. * كېلىش مېھماندىن، كېتىش ساھىبخاندىن.

ئۇ

ئۇتلىمەك قۇيقىلىماق

قوي، كالا ۋە باشقا چارپاينى سويغاندىن كېيىن باش-شىرىقىنى ئوتتا قاقلاپ، يۇڭىنى يوقاتماق.

كاللا ئۇتلەپ قولاق يەپتۇ، پاچاق ئۇتلەپ تۇياق. * پاقالچاق قۇيقىلىساڭ، كاللا يەيسەن.

ئۇجمە جۇجەم تۇت چۇسۇم

يوپۇرمىقى پىلە قۇرتىغا ئاساسىي ئوزۇق قىلىنىدىغان، مېۋىسى ئاق، قىزىل، قارا بولىدىغان دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىسى.

"جۇجەم" قۇمۇل-تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۇجمە پىشقۇچە. * ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش. * ۋاپباغنىڭ ئۇجمىسى ئەمەس. * تۇت شىرنىسى قان بېسىمغا داۋا.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن يىل ئون ئىككى ئاي

پۈتۈن بىر يىل.

ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ. * يىل ئون ئىككى ئاي ئارام يوق.

ئۈزۈك ئەڭگۈشتەر بالچۇق

بارماققا سېلىپ يۈرىدىغان زىننەت بۇيۇمى، ئالتۇن-كۈمۈش، قاشتاشتىن ياسىلىدۇ.

"ئەڭگۈشتەر" كۆچمە مەنىدە "ئۈنۈملۈك چارە".

"بالچۇق" تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز. * جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرى: پارتىيە؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ھەربىي قوشۇن؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى بىرلىك سەپ. * ئۇ يېقىمۇ ئالچۇق، بۇ يېقىمۇ ئالچۇق، ئەجەب ئوبدان ياراشتى، يارىم بەرگەن بالچۇق.

ئۈزۈملۈك ئۈزۈمزار

ئۈزۈم كۆپ چىقىدىغان يەر، تەك كۆپ جاي.

بۇيلۇق — تۇرپاننىڭ ئۈزۈملۈكى. * تۇرپاندا يېڭى - يېڭى ئۈزۈمزارلار بەرپا قىلىندى.

ئۈزۈندى پارچە

بىرەر ئەسەر ياكى نۇتۇقتىن ئېلىنغان نۆكتىلەر؛ ئەسەرنىڭ ئايرىم قىسىملىرى.

ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندى "بىرزاماندا "قىزىل كىتاب" نامى بىلەن ھەممە كىشىدە بىر ۋە بىرنەچچىدىن بار ئىدى. * «چولپان»غا «ئىزدىنىش»تىن پارچىلار بېسىلدى.

ئۈستەل شىرە جوزا كەنتىر

ئىش سايمىنى، ئۆي سايمىنى. ئۈستى تۈز، ئاستىدا تىرىكى بار.

"جوزا" خەنزۇچە: 桌子

ئىش ئۈستىلى؛ تاماق ئۈستىلى. * ئۈستەلدە خەت يازغاندا قىياپەت تۈز بولسۇن. تاماق شىرەسىگە يېڭى گۈل قويۇپ قويۇلسا، ئىشتىھا ئېچىلىدۇ. * لاۋۋاك قىزىنىڭ تويىدا نەچچە جوزا مېھمان چاقىرىپتۇ.

ئۈستىدە تۆپىسىدە

نەرسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، ئۈڭى.

گادايىنىڭ كۆڭلىكى ئۈستىدە قۇرۇيدۇ. * تۆپىسىدە تۇرغان ئاستىدىكىنى كۆرمەس.

ئۆگدىمەك مۆگدىمەك

بىرئاز ئۇخلاپ قالماق، ئۇيقۇسى كەلمەك.

دەريامۇ ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆگدەر. * مۆگدىگەن كۆزنى تۇتۇۋالغىلى بولمايدۇ.

ئۆگرە سۇيۇقئاش كەسمە چۆپ گامەن

خېمىرنى ئىنچىكە كېسىپ، گۆش ۋە چامغۇر قاتارلىق كۆكلەر سېلىنغان سۇدا پىشۇرۇلغان غىزا.

"گامەن" خەنزۇچە: 挂面

ئۆگرە ئەتسەڭ تۈزۈك ئەت، ئېتەلمىسەڭ ئۈزۈپ ئەت. * چۆچۈرە چۆرۈلگۈچە، ئۆگرە ئۆرۈلگۈچە. * تەمسىز سۇيۇقئاش تۈگمەس. * مېھمان كەلگەندە سۇيۇقئاش، كېتىشتە قويۇقئاش. * كەسمە چۆپ كەڭرىچىلىك. * تەييار گامەن ئېلىپ قويدۇم.

ئۈلپەت چۆپقەت ھەمدەم

ئولتۇرۇش، زىياپەتلەردە بىللە بولىدىغان دوست.

"چۆپقەت" سودا - سېتىقتا، يۈرۈش - تۇرۇشتا دائىملىق خېرىدار.

ئۈلپەتنىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق. * ئۈلپەت تاپ، قۇدرەت تاپ. * قاسساپ چۆپقىتىگە ئۇستىخان بېرەر. * ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق. * قولنى قولغا بېرىپ بولمىساق ھەمدەم، شادلىق ئايىغىدىن پەشۋا يېمەس غەم.

ئۈلۈش ھەسسە ئۈنچە نېسىۋە

تېگىشلىك ھەق.

ئۈلۈش تەگمىگەن ئۆپكىلەر. * بىر ئۈلۈش بىلىمنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئون ئۈلۈش بىلىم ئال. * ھەسسىسى قايتمايدىغان ئەمگەك يوق. * ئۈنچەڭنى ئال، يولۇڭغا ماڭ. * ئۇخلىغاننىڭ نېسىۋىسىنى ئويغاق يەر.

ئۈلۈشكۈن بۈرناكۈن ئاۋۋالقى كۈن

تۈنۈگۈندىن ئىلگىركى كۈن.

ئۈلۈشكۈنكى ئىش بۈگۈن يوق. * بۈرناكۈنى بۈرنۈڭ قانىسا بۈگۈن توختامدۇ؟ * ئاۋۋالقى كۈندە ئاۋۋال كەلگەن، تۈنۈگۈن كەچ كەلدى.

ئۈممەت مۇرىت مۇخلىس

پەيغەمبەر، پىرلەرگە ئەگەشكۈچى، ئەۋلىيا-ماشايىقلارغا ئىخلاس قىلغۇچى.

“ئۈممەت” پەيغەمبەرگە، “مۇرىت” پىرگە، مۇخلىس“ كىمدۇ بىرىگە ئەگەشكۈچى، ئىخلاس قىلغۇچى.

ئۈممىتى يوق پەيغەمبەر يوق، مۇرىتى يوق پىر. * پىرىگە بېقىپ مۇرىتى، ساقالىغا بېقىپ بۆرۆتى. * مۇخلىس بولماي ئۆتەي.

ئۈمىدسىز پېسسىمىست

ئۈمىد ئۈزۈلگەن ھالەت.

ئۈمىدسىز شەيتان. * ئۈمىدسىزدىن ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئۈمىدسىزلىك پېسسىمىزم

ئۈمىد يوقلۇق ھالىتى.

ئۈمىدسىزلىك — كەڭ دېڭىز، چۈشۈپ كەتكەن چىقالماس. * ئۈمىد

يېرىم ھاياتتۇر، ئۈمىدسىزلىك يېرىم ئۆلۈمدۇر.

ئۈمىدۋار ئوپتىمىست

ئۈمىدلىك، ھەممىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىغۇچى.

ئۈمىدۋار بىر ئاپەتتىن بىر ئۈمىدنى كۆرەر، ئۈمىدسىز بىر ئۈمىدتىن بىر ئاپەتنى. * ئۈمىدۋار بولغاندىلا، ھەممىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈمىدۋارلىق ئوپتىمىستلىك

ئۈمىدۋارلىققا ئائىت.

ئۈمىدۋارلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

ئۈن تاۋۇش ئاۋاز سادا نىدا سەس سۈرەن شاۋقۇن تىلىق كۇ

جىسىمنىڭ تەۋرىنىشىدىن چىققان دولقۇننىڭ ئاڭلاش سېزىمى ئارقىلىق پەيدا قىلغان تەسىرى.

تىنى يوقنىڭ ئۈنى يوق. * تىل تاۋۇشلىرى — تىلنىڭ ئاۋاز قىسمى. * ئۇ تىلنىڭ ماددىي پوستى ھېسابلىنىدۇ. * ئەسكى چاقنىڭ ئاۋازى ھەممىدىن قاتتىق چىقىدۇ. * خەلقنىڭ ساداسى — تەڭرىنىڭ ساداسى. * بۇ گۈمبەز ئاستىدا ياڭرات خۇش سادا، نېمىنى دېسەڭ ئۇ قايتۇرار ساڭا. * شۇ ئان تاغدىن "كىمسەن" دېگەن نىدا كەپتۇ. * سەس چىققاندا سەل تىترىگەنىدى. * قاتتىق قارىغاي سۈرىنى ھەربىر قارىغايدىن چىققان. * بىر قوڭغۇراق كۆپەيسە، شاۋقۇن كۆپىيەر.

ئۈنچىقماسلىق ئۈندىمەسلىك ئېغىز ئاچماسلىق

ئۈن چىقارماسلىق، سۆزلىمەسلىك.

مىنگەشمە، مىنگەشتىڭمۇ كاساڭ يېغىر بولسىمۇ ئۈنچىقما. * يالغان سۆزلىگەندىن ئۈندىمىگەن ئەۋزەل. * ئېغىز ئاچماسلىقمۇ ساۋاپنىڭ بىر تۈرى.

ئۈنمەك كۆكلىمەك ئۆسمەك

ئۆسۈملۈك ئۈرۈقى توپىغا چۈشۈپ ئىسسىقنىڭ تەسىرىدىن بىخ سۈرمەك، شاخلىماق.

مۇۋەپپەقىيەت مەغلۇبىيەت تۇپرىقىدىن ئۈنەر. * ۋاقتىدا تېرىلغان ۋاقتىدا كۆكلەر. * يامغۇر بىلەن يەر كۆكىرەر، ئەمگەك بىلەن ئەر. * كۆيگەن يەرنىڭ ئوتى تېز ئۆسەر.

ۋ

ۋابا خولىرا چۇما ماس ئۆلەت

ئىچ سۈرۈپ، ئادەمنى تېز ھالاك قىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەل.

ۋابادىن ئامان قېلىپ، ھاراقتا ۋەيران بولغان. * دوستلۇق ئارا دەھشەتلىك ۋابا — خۇشامەتچىلىك. * خولىرانىڭ داۋاسى تازىلىق. * خولىرا تارالسا، دەرھال مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلىش كېرەك. * چوڭ ئانام چۇمىدىن ئامان قالغان، تومۇدىن كەتتى.

ۋادەك شادا سالاسۇن رېشاتكا جادىكا

ياغاچ-تۆمۈرلەردىن ياسالغان ئاراچ-ئاراچ قورۇق تام. "جادىكا" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

باغقا ۋادەك كېرەك. * شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىغا ماشىنا يولى بىلەن ئادەم پىيادا يولىنى ئايرىپ شادا ياسالدى. * سالاسۇنغا يۆلەنگەن قىز ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

ۋارقىرىماق تووۋلىماق كۈدەمەك باقىرماق

قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىمەك.

كىمكى سۈتكە سۇ قاتار، ۋارقىراپ ماختاپ ساتار. * سۈتۈك تۆكۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋارقىرىساڭمۇ-ۋارقىرىمىساڭمۇ بەرىبىر. * ئازغان ئەخمەق تووۋلىساڭمۇ ئاڭلىماس. * ئوغرىمۇ تووۋلايدۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ تووۋلايدۇ.

ۋارىس مىراسخور

مىراسقا ئىگە بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە كىشى.

"مىراسخور" كۆپىنچە ئاتا مىراسىغا، ئاتىدىن قالغان مال-مۈلۈككە ئىگە بولغۇچىغا قارىتىلىدۇ.

مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى بىز. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغدايمىز. * قېرىنداشلار ئەپ ئىدى، مىراسخور بولغاندا جېدەل چىقاردى.

ۋارىسلىق مىراسخورلۇق

ۋارىس بولۇش ئىشى، ھوقۇقى.

مىللىي مەدەنىيەتكە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش كېرەك. * قېرىنداشلار مىراسخورلۇق قىلىپ، ئۆزئارا ئارازلاشماسلىقى لازىم.

ۋارىيانت تۈر

ئىككىنچى بىر خىلى.

خەلق قوشاقلىرىنىڭ ۋارىيانتى كۆپ.

ۋازا قەندەل

مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەك تىزىپ قويىدىغان قاچا.

چىرايلىق ۋازىلار، قەندەللەردە قەنت-گېزەك، مەزىلەر تىزىلغانىدى، مېھمانلار بەھۇزۇر بېقىشتى.

ۋاز كەچمەك تەرك ئەتمەك

تاشلىماق، قايرىپ قويماق، ئېسلىۋالماسلىق.

ۋاقىتتىن ۋاز كەچكەندىن ۋاقىتمۇ ۋاز كېچەر. * مەنسەپدارلىق ھەۋىسىنى تامام تەرك ئەت، بەتنىيەتلەر يەرگە قاراپ قالار ئاقىۋەت.

ۋاسكېتبول لەنچۇر

ئىككى تەرەپ بولۇپ ئوينايدىغان توپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. ھەر تەرەپ بەش كىشىدىن بولىدۇ. مەيداننىڭ ئۇ بېشى ۋە بۇ بېشىغا بىر-بىرىگە ئۇدۇل قارىتىپ ئىككى گار قويۇلىدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قايسى تەرەپ گارغا توپ تاشلاپ كۆپ نومۇر ئالالىسا، شۇ كۆپ نومۇر ئالغان تەرەپ ئۇتىدۇ.

ۋاسكېتبولنى ئامېرىكىلىق دوكتور ن. سمىس 1891-يىلى كەشىپ قىلغان. * ئامېرىكىنىڭ كەسپىي ۋاسكېتبول كوماندىلىرى تاماشا كۆرسەتتى.

ۋاقىت چاغ كەز پۇرسەت پەيت مومېنت چولا پۇرجە ئۇغۇر ياراغ

ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۆلچەم.

"كەز"، "پۇرسەت" بىرەر مەقسەتتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بەلگىلىك ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

"پەيت"، "مومېنت" ۋاقىتقا باغلىق ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىتىلىدۇ.

"چولا" ئېغىز تىلىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

ۋاقىتتىن ئالتۇن كېلەر، ئالتۇنغا ۋاقىت كەلمەس. * ۋاقىت — ئالتۇن. * ۋاقتىڭ كەتتى — بەختىڭ كەتتى. * ۋاقىتنىڭ ئوشۇقى يوق. * تۆت پەسىلنىڭ ئاتىنىڭمۇ مۇدۇرىدىغان چېغى بار. * كىمكى كەچۈرمىسە ئۆزگە ئۆزى، كەچۈرمەس ئۆزگىمۇ كەلگەندە كېزى. * كەتكەن پۇرسەت قايتىپ كەلمەس. * تاڭ ئالدىدىكى پەيت ھەممىدىن قاراڭغۇ بولىدۇ. * كەلگەن مومېنتنى قولدىن بەرمە. * ئىشچان ھەسەل

ھەرىسىنىڭ مۈگىلىنىشقا چولىسى تەگمەيدۇ.

ۋاقىت جەدۋىلى راسپىسانىيە

دەرسلەرنىڭ، پويىز، كېمە، ئايروپىلانلارنىڭ كېلىش-كېتىش ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان جەدۋەل.

دەرسىمىز ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈلدى. * ھازىر مېھمانخانىلاردا پويىز، ئايروپىلانلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى كۆرۈنەرلىك يەرگە چاپلانغان.

ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ئۆتكۈنچى

دۆلەت، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى، ئىدارە، جەمئىيەت باشلىقلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمەي قالغاندا شۇلارنىڭ خىزمىتىنى ۋاقىتىنچە ئۆتەپ تۇرۇش.

ۋاقىتلىق بۇيرۇقچىدىن ئاشىدىغان زالىم يوق. * لى پىڭ زۇڭلى چەت ئەللەرگە زىيارەتكە ماڭغاندا مۇئاۋىن زۇڭلى ياۋ يىلىڭنى مۇۋەققەت زۇڭلىلىققا قويدى.

ۋاڭ-چۇڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ

قاتتىق ۋە قالايمىقان چىققان ئاۋازلار.

ئۆيدە بىردەمنىڭ ئىچىدە ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈلدى. * ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشماڭلار.

ۋالاقتەككۈر ۋىتىلداق ۋات-ۋات كاسكا شوت-شوت جاۋىلداق ۋاتىلداق ۋىت-ۋىت قىرت ياڭشاق ماڭغان

كۆپ سۆزلەيدىغان، تىنماي قۇرۇق گەپ ساتىدىغان.

ۋالاقتەككۈر گەپ بەرمەس، سۇنۇق كەپكۈر نەپ. * ۋىتىلداق ۋىتىلداپ ۋەھىمە تاپىدۇ. * ۋات-ۋاتنىڭ سۆزىدە ھەقىقەت بولماس. * كاسكا ئىتنىڭ چىشى تېز ئۆپرار. * جاۋىلداق خوتۇندىن خۇدا

ساقلىسۇن. * ۋاتىلداق ئارام تاپمايدۇ، ئاغزى ئېچىلسا يېپىلمايدۇ. * ۋىت-ۋىتنىڭ ئاغزى غەيۋەتتىن بوشىمايدۇ. * قىرت قىرىق سائەت سۆزلىسە، بىر ئېغىزى يارايدۇ.

ۋالاقلىماق بىلجىرلىماق ۋاتىلدىماق جاۋىلدىماق قىرتىماق ۋاتىلدىماق

ئورۇنسىز يوقىلاڭ گەپ-سۆزلەرنى كۆپلەپ قىلماق.

خەق سەندىن سورىمىسا، ۋالاقلىغىنىڭدىن نېمە پايدا؟ * ئەخمەق بىلجىرلايدۇ، ئاقىل ئويلايدۇ. * ۋىتىلدىغان ئىش بۇزار. * جاۋىلداۋەرمە، جاۋغىيىڭ يىرتىلمىسۇن. * قىرتىپ كەلسە، قىرىق كۈن يەتمەيدۇ. * ۋاتىلدىغاننى ۋايىم باسىدۇ.

ۋالىبول پەيچۇر

ئىككى تەرەپ بولۇپ ئوينايدىغان توپ ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. ھەر تەرەپ ئالتە كىشىدىن بولىدۇ. مەيدان ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئوتتۇرىغا ئېگىز تور تارتىلىدۇ. قارشى تەرەپكە توپنى ئۇرۇپ چۈشۈرسە نومۇر ئالىدۇ. بالدۇر 15 نى توشقۇزغان ئۇتىدۇ.

ۋالىبول 1889-يىلى ئامېرىكىنىڭ ماسسا چۇستس شتاتىدا مەيدانغا كەلگەن. * 1991-يىلى تۆت كۈچلۈك قىزلار ۋالىبول كوماندىسىنىڭ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسىدا جۇڭگو قىزلار ۋالىبول كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

ۋالىي جۇەنيۈەن دوتەي تىتەي

ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي باشلىقى.

"جۇەنيۈەن" خەنزۇچە: 专员. ئېغىز تىلدا ئىشلىتىلىدۇ.

"دوتەي"، "تىتەي"لەر چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگونىڭ باشلىرىدا بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن. ئاقسۇ ۋىلايىتىگە تۇنجى ۋالىي بولغان مەتىمىن خەلپەت ھاجىيۇ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئەلەم بىلەن جان ئۈزدى. * "دوتەي، تىتەي"لەر ھازىر قوللىنىلمايدۇ، تارىخىي سۆزلەر بولۇپ قالدى.

ۋايجان ۋايداد

خەۋپ ئاستىدا قالغاندا ئادەم چاقىرىش نىداسى.

"ۋايجان، ئادەم بارمۇ؟" دېگەن ئاۋاز چىققان يەرگە بارساق، بىر باسقۇنچى قىزغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولۇپ قىزغا ئېسىلغانىكەن. * "ۋايداد، ۋايداد، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!" دەپ توۋلىدى ئۇ.

ۋايجىنىنى چىقارماق ئانىكام قاق دېگۈزمەك ئانا-ھانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك

قاتتىق زەربە بېرىپ، قىلمىشىغا تۇيغۇرماق.

ھېلىقى يىلى دۆيۈز چېرىكلەرنىڭ ۋايجىنىنى چىقارغانىدۇق. * ئۇنى تازا جايلىدى، ئانىكام قاق دېگۈزدى. * كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا، ئانا-ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن.

ۋايۋايلىماق ئاھ-ئۇھلىماق

كېسەل-دەرد سەۋەبىدىن توختىماي ئاھ ئۇرماق.

كېسەل ئايال توختىماي ۋايۋايلايتتى. * ئانام ئاھ-ئۇھلىغاندا جېنىم سىيرىلىپ كېتەتتى.

ۋەباشقىلار ۋەھاكازا

قوشۇمچە ۋە جۈملە ئاخىرىدا كېلىپ، سۆزلىنىگەن، كۆرسىتىلگەنلەرگە ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتنىڭ يەنە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پاك سىياسەت يۈرگۈزۈش خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىشقا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەباشقىلار. * ئوقۇغۇچى ئۆزىنى قەدىرلىشى، تىرىشىپ ئوقۇشى، تەرتىپ-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، گۈزەللىك تۇيغۇسىنى يېتىشتۈرۈشى كېرەك ۋەھاكازا.

ۋە ھەم ھەمدە يەنە بىلەن

بىرىكتۈرگۈچ باغلىغۇچى. بىر خىللىققا ئىگە سۆز ۋە جۈملىلەرنى بىرىكتۈرىدۇ.

خەلقىڭگە ھەمىشە مېھرىبان بول، ياخشىلىقتا تىرىش ۋە ئامان بول. * ھىجران قايغۇسى ھەم ۋىسال شادلىقىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمىگەن ئادەم تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ. * كىمدە كەم ئادەملىك ھەمدە ئىدراك-پەم، ئۆلۈك مىسالىدۇر تىرىكلىكتە ھەم. * ئەمەت، سەمەت، يەنە مەممەتلەر ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. * مەزىن بىلەن خوراز قورسىقى ئاچقاندا توۋلايدۇ.

ۋەتەن ئەل يۇرت دىيار قەدىم جاي

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر، مەملىكەت.

"ۋەتەن" دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۆز مەملىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.
"ئەل" تۇغۇلغان يەر ۋە شۇ يەرنىڭ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ.
"يۇرت" تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياكى ئۇزاق تۇرغان يەر.
"دىيار" ئومۇمەن مەملىكەت، يۇرت.
"قەدىم جاي" ئاتا-ئانىسىنىڭ يۇرتى.

ۋەتەننى سۆيۈش — ھەربىر پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتى. * كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر، خانىۋەيران بولۇپ ئۆتەر. * ئەلگە باققان خار ئەمەس. * ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى روييۇڭ سامان بولماس. * دىيارى يوقنىڭ دىدارىغا قارىما. * قەدىم جايغا بېرىپ كېلەي دەيمەن.

ۋەتەنپەرۋەر پاترىئوت

ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيىدىغان، ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان كىشى.

ئالتۇن قىممەتلىك، لېكىن قەيسەر، جۇشقۇن ۋەتەنپەرۋەر تېخىمۇ قىممەتلىك.

ۋەتەنپەرۋەرلىك پاترىئوتىزم

ۋەتەنپەرۋەرگە خاس ئىش-ھەرىكەت.

ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىنى ئىنسانىيەت ھەققىدىكى غايىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مەكتەپ. * ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەنىنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىشى لازىم.

ۋەدە پەيمان ئەھدە ئەھدۇپەيمان گەپ سۆز لەۋزە ئايىق پىچىغ پىچىغاس

ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەت.

"گەپ"، "سۆز"، "لەۋزە"لەر كۆچمە مەنىسىدىلا "ۋەدە"گە مەنداش بولىدۇ.

"بەرمەك"، "ئەيلىمەك"، "قىلماق"لار بىلەن پېئىللىشىدۇ.

قۇرۇق ۋەدە قوڭالتاق كەش. * ئىككىگە ۋەدە قىلغاندىن بىرنى بەرگەن تۈزۈك. * بېرىپسەن ۋەدە، ئەلۋەتتە ۋاپا قىل، ۋاپاسىزلىقنى قەلبىڭدىن جۇدا قىل. * پەيمان ئەيلىمەك؛ پەيمان قىلماق. * ئەھدىسىدە تۇرمىغان يولدىن ئازار. * ئەھدىسىدە تۇرماسلىق كىشىلىنىڭ يامىنى. * ئەھدۇپەيمانىڭنى ئۇنتۇما. * نامەرد گېپىدە تۇرماس. * گېپىدە تۇرمىغاندا ئىشەنچ يوق. * ئۆزۈڭ سۆزۈڭدە تۇرمىساڭ، ئۆزگىلەرمۇ سۆزىدە تۇرماس. * سۆز بەرگەن يۈز بەرمەس، يول كۆرسەتكەن ئۇزۇق. * لەۋزە قىلغان ئىكەنسەن، لەۋزىڭدىن يانما. * لەۋزىدە تۇرۇش ئىنسانىي خىسلەت.

ۋەزنى سالمىقى

ئېغىرلىق دەرىجىسى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ خېلى ۋەزنى بار جۇمۇ؟ * گەپنىڭ سالمىقى بولغىنى ياخشى.

ۋەزىن تۇراق رىتىم

شېئىرىي مىسرالاردىكى ئۆلچەم، بۆلەك ۋە ئاھاڭدارلىق.

"ۋەزىن" شېئىردىكى ھەربىر مىسرانىڭ بوغۇملار سانى ۋە تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

"تۇراق" بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان شېئىر مىسرالىرىدىكى بوغۇملارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە گۇرۇپپىلىنىشى.

"رىتىم" شېئىردا بىر خىل ساندىكى سۆز بۆلەكلىرىنىڭ بىر ئۆلچەمدە ئىزچىل تەكرارلىنىپ كېلىشى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ۋەزىن "بارماق ۋەزنى" ۋە "ئارۇز ۋەزنى" دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. * شېئىرنى قانۇنىيەتلىك ھالدا توختاپ، ئۈزۈپ ئوقۇشتىن تۇراق ھاسىل بولىدۇ، تۇراق سۆزلەرگە ئاھاڭدارلىق بېغىشلايدۇ. * ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا رىتىم ئاھاڭدارلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك؛ بارماق ۋەزنىدىكى شېئىردا رىتىم بوغۇملارنىڭ بىر خىل تەكرارلىنىشىدىن، تۇراق، رادىپلاردىن ھاسىل بولىدۇ.

ۋەسىقىسى يوق سالاسى يوق پەيجورى يوق تامتىقى يوق تۇتۇرۇقى يوق

ھېچبىر تۇرالغۇسى يوق، تايىنى يوق، گەپ-سۆزىنىڭ

ئېتىبارى-ئىناۋىتى يوق.

ئۇ — ۋەسىقىسى يوق بىر ئادەم. * سالاسى يوقنىڭ ساپاسى يوق. * يەيجورى يوقتىن قورق. * تامتىقى يوق كىشى ئىش بۇزىدۇ. * تۇتۇرۇقى يوق ئادەمدىن كىچىك بالا ئەلا.

ۋەقە هادىسە ئاۋارىيە

يۈز بەرگەن چوڭ ئىش.

"هادىسە" تۇيۇقسىز يۈز بېرىپ، چوڭ زىيان كەلتۈرگەن ئىش.

7-ئىيۇل لۇگوچياۋ ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئۇرۇشنىڭ قانلىق دېڭىزىغا چۈشتى. * هەر يىلى قاتناش هادىسى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، قاتناش هادىسى سەۋەبىدىن ئۆلگەن ئادەم، بولغان زىيان كىشىنى چۆچۈتىدۇ.

ۋەكالەتچى گۇماشتا ئاگېنت

بىراۋنىڭ ياكى گۇرۇھنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنلايدىغان كىشى.

"گۇماشتا"، "ئاگېنت" كۆپىنچە سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ.

ۋەكالەتچى ۋەكالەت بەرگۈچىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ياخشى ئورۇنلاپ، ئۈمىدىنى ئاقلىشى لازىم. * جاهانگىرلارنىڭ گۇماشتىلىرى جاهانگىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

ۋەكىل نامايەندە دېلېگات دېپۇتات

قۇرۇلتاي، يىغىن، مۇئەسسەسەگە خەلق تەرىپىدىن سايلانغان كىشى؛ شەخس، جەمئىيەت، دۆلەت ئۆزلىرى نامىدا ئىش بېجىرىشكە ۋەكالەت بەرگەن كىشى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى 8-يىغىنغا

قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. * ب د ت نىڭ ۋەكىلى ۋەنس يۇگوسلاۋىيىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئارا بولۇۋاتقان توقۇنۇشنى هەل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئېلىپ بېلگرادقا كەلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى دېلېگاتسىيە

بىرەر شەخس، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە باشقىلار تەرىپىدىن باشقا بىرەر شەخس، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە باشقىلار بىلەن بىرەر مەسىلىنى هەل قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان، هوقۇقلۇق ۋەكىللەردىن تەشكىل تاپقان گۇرۇپپا، توپ.

جۇڭگو چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى 1991-يىل 26-ئىيۇندىن 29-ئىيۇنغىچە قىرغىزىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى.

ۋەللەي گاگا تىكتاك

بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى، ئىككى ئۇچى ئۇچلانغان بالىچۇقنى مەخسۇس تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدۇ، ئارىلىق چامدام بىلەن ئۆلچىنىدۇ، ئۇتتۇرغان بالا بالىچۇقنى كۆتۈرۈپ "ۋەللەي" تۇۋلايدۇ.

"گاگا" خەنزۇچە: 尖尖

"تىكتاك" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

كېلىڭلار بالىلار ئوينايمىز، ۋەللەي ئۇرۇپ ئوينايمىز، قانچە ئۇزاق ئۇرسىمۇ، توختىماي "ۋەللەي" تۇۋلايمىز.

ۋەلىي ئەۋلىيا ماشايىق

ئۆتمۈشنى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى كۆرمەي تۇرۇپ بىلىدۇ، كەلگۈسىنى، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىش-هەرىكەتنى ئالدىن بىلىدۇ، دەپ هېسابلانغان كىشى.

كىمكى دانا بولسا، شۇنى "ۋەلىي" دە. * يىراقتىكى ئەۋلىيادىن يېقىندىكى ماشايىق ئارتۇق. * تەسۋى تارتقاننىڭ ھەممىسى ئەۋلىيا ئەمەس.

ۋەھشىي ياۋا ياۋايى قادىر

قولغا كۆندۈرۈلمىگەن، يىرتقۇچ؛ كۆچمە: ئىنسانىي پەزىلىتى يوق.

پىتنە-پاسات ۋەھشىي قۇشۇننىڭ ئۆزى. * ياۋا موگۇ تېز ئۆسەر. * ياۋايى ھايۋاندىن پەخەس بول، ياۋايى ھايۋان تەبىئەتلىك "ئىنسان"دىن تېخىمۇ پەخەس بول.

ۋەھيى بېشارەت

خۇدا جەبرائىل ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە ئەۋەتكەن يوليورۇق، بۇيرۇق ۋە باشقىلار.

قۇرئان — خۇدادىن مۇھەممەت پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھىيلەر يىغىندىسى. * ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى — بايلىقنىڭ بېشارىتى.

ۋوگزال ئىستانسا

تۆمۈريول قاتنىشىدا "ۋوگزال" چوڭ بېكەت. "ئىستانسا" كىچىك بېكەت.

ئۈرۈمچى ۋوگزالى يىلدىن-يىلغا كېڭەيتىلىپ، يېڭى-يېڭى بىنالار سېلىنىپ، ئاۋات يەرگە ئايلاندى. * بېيجىڭغا پويىزدا كېتىۋېتىپ، داخېيەن (تۇرپان) ئىستانسىدا تۇرۇپ ئۈزۈم ئالدۇق.

ۋىجدان ئار-نومۇس ئىنساپ تەۋپىق

كىشىنىڭ كىشىلەر، جامائەتچىلىك ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى.

ۋىجداننىڭ يوقلۇقىدىن ئېچىنىشلىق ئىش يوق. * ۋىجدان ئازابى.

* ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. * ۋىجدانى قايناق. * ۋىجدان ئىنساننى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئادىل تارازا. * ئادەمدىن يوشۇرغىنىڭ بىلەن ۋىجدانغا باش ئۇرۇسەن. * ئار-نومۇسنى بىلگەن ئابرويىنى قەدىرلەشنى بىلىدۇ. * ھېساب ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى ئىنساپ ئۆگەن. * ئوغرى بولساڭ، ئىنساپ بىلەن بول، قازىنىنى ئالساڭ تۈۋىقىنى قوي. * ساڭا ئىنساپ-تەۋپىق كېرەك.

ۋىجدانسىز ئىنساپسىز نائىنساپ

ۋىجدانى يوق، ۋىجدان، نومۇس بىلەن، ئىنساپ بىلەن ئىش كۆرمەيدىغان.

ۋىجدانسىز كىشى ئەڭ رەزىلدۇر. * ئىنساپسىز قوشۇق سالسا، يەتتە ئوتلايدۇ. * نائىنساپ نائەھلى بىلەن ئوخشاش.

ۋىجدانلىق ئىنساپلىق

ۋىجدان-ئىنساپقا دائىر.

ۋىجدانلىق يىگىت ۋەتەن ئالدىدىكى بۇرچىنى ئورۇنلاش بىلەن پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ. * ئىنساپلىقنىڭ دىلى ساپ.

ۋىجداننى ساتماق ئار-نومۇسنى ساتماق

ۋىجداننى يوقاتماق، ئار-نومۇسنى بىلمەسلىك.

ئىتتىن كۆر ئۇستىخان يېيىشنى، يۈزسىزدىن كۆر ۋىجدان سېتىشنى. * ئار-نومۇسنى ساتقان ئىنسان گوياكى ۋەھشىي ھايۋان.

ۋىجىك جىۋەك مۆكۈرۈ

جوغى كىچىك، ئەرۋەك ھالەت ۋە كىشى.

"مۆكۈرۈ" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ۋىجىك بولساڭمۇ تۈز بول. * جىۋەك چاققان كېلىدۇ.

ئې

ئېتىراپ قىلماق ئىقرار قىلماق تەن ئالماق بويىنغا ئالماق

تونۇماق، مۇئەييەنلەشتۈرمەك.

خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغىنىڭ — يېرىم ئەپۇ قىلىنغىنىڭ. * يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان جازالانماس. * ئىقرار قىلغىنىڭ — جازانىڭ يېرىمىدىن قۇتۇلغىنىڭ. * يازدا ئوغرىلىغان قىشتا ئىقرار قىلار، ئىقرارمەنلىكى، تەلەي باتۇر كىشىلەرگە بېقىشقا ئامراق. * پاكىتلار تاغدەك تۇرۇپتۇ، تەن ئالماي ئىلاجىڭ يوق. * بوينۇڭغا ئال، قۇتۇل.

ئېتىقاد ئەقىدە شازانا

قاتتىق ئىشەنچ، مەسلەك، ئىمان.

ئېتىقاد — مەنىۋى ئەمگەك. * ئېتىقاد — ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋاسىتىسى. * ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە قارا، ئەقىدىسىگە قۇلاق سالما. * ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

ئېتىلا ئادەم سۈرىتى ئادەم

ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان كىشى.

ئىست، بۇ ئېتىلا ئادەم ئىكەنغۇ. * سۈرىتى ئادەمدىن قورق، سۈرىتى ئادەم ھايۋاندىن يامان.

ئېجىل بولماق ئىچىكمەك

ياخشى كۆرۈشۈپ، بىر-بىرىگە قاتتىق بېرىلمەك.

ئېجىللارنىڭ گەپ تالاشقىنى — تۇرمۇشنىڭ كېچىككىنە قىستۇرمىسى.

كېسەل ئاجىزغا ئېجىل. * ئوماق بالىغا ھەركىم ئىچىكىدۇ. * مەن بۇ يەردە ھەممەيلەنگە ئىچىكىپ كەتتىم.

ئېچىتقۇ خېمىرتۇرۇچ پاگى كۆنەلگە مايە فېرمېنت

ئېچىتىش، بولدۇرۇش ئۈچۈن سېلىنىدىغان "ئېچىتقۇ" ئومۇمەن ئېچىتىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرگە سېلىنىدۇ.

"خېمىرتۇرۇچ"، "پاگى" خېمىرنى بولدۇرۇش ئۈچۈن سېلىنىدۇ.

"كۆنەلگە" قېتىق، قىمىزلارنى ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سېلىنىدۇ.

ئېچىتقۇسىز ئېچىتىشقا ئۇرۇنما. * سۆزنىڭ خېمىرتۇرۇچى — ماقال. * خېمىرنىڭ پاگىسى ئېشىپ كېتىپ، نان ئاچچىق بولۇپ قاپتۇ. * كۆنەلگە يوق، قېتىق ئۇيۇتالمىدىم.

ئېچىق ئېغىز باشلاق سۇبېشى ئاچماق

ئېتىز-ئېرىققا سۇ باشلايدىغان يەر.

"ئاچماق"، "باشلاق" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

يېرىڭ تاش بولسىمۇ، ئېچىقىڭ باش بولسۇن. * سۇ ئېغىزنى بۇزۇۋەتمىسۇن، سۇ زايە بولمىسۇن. * باشلاق ياخشى بولسا، تاشلىقتىمۇ ئاش بولىدۇ. * سۇ بېشى پۇختا بولسا، يېرىڭ سۇلۇق بولىدۇ.

ئېچىماق بولماق

خېمىر پاگىنىڭ رولىدىن كۆپمەك.

مانتىنىڭ خېمىرى ئېچىپتۇ. * خېمىر تېخى بولماپتۇ، سەل تۇرايلى.

ئېچىنماق ئىچ ئاغرىتماق كۆيۈنمەك ھېسداشلىق قىلماق رەھمى كەلمەك ئىسرىكەنمەك

ئېچىنىشلىق ھالەتكە غەمخورلۇق ھېسسى قوزغالماق.

ئانام رەھمىتى مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈپ، قاتتىق ئېچىنەدى. ئارىدىن بىرى تىلەمچى بالىغا ئىچ ئاغرىتتى. * كۆيۈنگەنگە كۆيۈنۈش ئىنسانىي ئەخلاق. * مەن ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقىغا دائىم ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. * بالىلارنىڭ خارۇزار ھالىغا رەھىم كەلدى.

ئېرى كۆيۈسى

خوتۇننىڭ تۇرمۇش قۇرغان ھەمراھى.

كۆلدۈرگەنمۇ ئېرىم، بۇزغانمۇ ئېرىم. * ئېرى ئۆلگەن خوتۇن قىرىق خوتۇنغا كۈندەش. * ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن. * كۆيۈسى يوق خوتۇن كۈندەشلىك تۇغدۇرار.

ئېرىق ئۆستەڭ قانال

قېزىپ ئېچىلغان سۇ ئېقىنى. "ئېرىق" كىچىكرەك، "ئۆستەڭ" چوڭراق، ئاساسەن سۇغىرىش سىستېمىسى. "قانال" چوڭ ۋە چوڭقۇر، ئومۇمەن كېمە - پاراخوت قاتنايدۇ.

قويمۇ، بۆرىمۇ بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىدۇ. * ئېرىقنى ئويۇپ چاپ، سۇنى ئويناپ تۇت. * قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق. * سۇۋەيش قانىلىنى مىسىر ھۆكۈمىتى 1958 - يىلى كۆزدە ئەنگلىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر قولىدىن قايتۇرۇۋالدى.

ئېرىماق ئىۋىمەك ئەرۇشمەك

ئىسسىقلىق تەسىرىدىن قاتتىق ھالدىن سۇيۇق ھالغا كەلمەك، سۇغا ئايلانماق.

سۇدا ئېرىپ كەتمەس ئىلىم جەۋھىرى، ئوتتا كۆيۈپ كەتمەس ئىلىم گۆھىرى. * قاراتاشنى قانچە قايناتساڭمۇ ئىۋىمەيدۇ. * ياغ ئەرۇشتى — ياغ ئېرىدى.

ئېسەن كېلەر يىلى كېلىدىغان يىل ئارقۇن

بۇ يىلدىن كېيىنكى يىل.

يۇرتقا قايتمىغىلى كۆپ بولدى، ئېسەنگە بارىمەن. * كېلەر يىلى كېلەر يىلنىڭ ئىشى بار. * كېلىدىغان يىلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىمەن.

ئېشەك خەر

تۆت تۇياقلارغا مەنسۇپ، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، سۈت ئەمگۈچى ئىش ھايۋىنى؛ ئۆتتۈپ كەتكەن نادان، ئەخمەققە تەمسىل.

دەردى يوق ئېشەك، ئىشقى يوق كېسەك. * ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۈچ - تۆت نادان، ئېشەك تەبىئەتتىن قىلار نامايان؛ ئۇلار سۆھبەتتە سەنمۇ ئېشەك بول، بولمىسا، "كاپىر" دەپ قىلىشار ئېلان.

ئېشەك سىزىپ مۈڭگۈز چىقىرىپ قويماق يىلان سىزىپ پۇت چىقىرىپ قويماق

ئوشۇقچە ئىش قىلماق.

ئىش دېگەننى جايىدا قىلسا بولىدۇ، ئېشەك سىزىپ مۈڭگۈز چىقىرىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. * يىلان سىزىپ پۇت چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئېشەكەمەدىكى مور

ئوتياشنىڭ بىر خىلى، دەرەخ پورىدا ئۆسىدۇ، شەكلى ئادەم قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، ئۈستىدە ئۇششاق تۈكلەر بولىدۇ.

ئېشەكەمەدىكنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق. خۇسۇسىيىتى قان كۆپەيتىدۇ، قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ، كەيپىنى تىنچلاندۇرىدۇ. 100 گرام ئېشەكەمەدىكتىن 304 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ.

ئېشى ئارتماق گۆپتا بولۇپ قالماق

ئادەم ۋە ھايۋان ئوزۇقىنى كۆپ يەپ قويۇپ سىڭدۈرەلمەي قالماق.

ئېشى ئارتقاندىن يامان ئىش يوق ئىكەن، جىق يەپ قويۇپ. جان تالاشقاندەك بولارىكەن، دان ئەمەس. مىخ يەپ قويۇپ. * ئېتىم بوغۇزنى كۆپ يەپ قويۇپ گۆپتا بولۇپ قالدى.

ئېغىرلىق قىلماق ئۆزىنى تۇتۇۋالماق

ئاچچىقلانماسلىق، ئاچچىقىنى بېسىۋالماق.

ئېغىرلىق قىل، ئۇ بالا بىلەن تەڭ بولما. * ئۆزىنى تۇتۇۋالماق ئوبدان خىسلەت.

ئېغىزاكى ئېغىزچە

ئېغىزچە سۆزلىشىشكە دائىر، يېزىقچىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

ئېغىزاكى تىل. * بىزدە نۇرغۇن داستانلار ئېغىزاكى يول بىلەن قولاقتىن قولاققا ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغان. * ئېغىزچە بۇيرۇق. * باشلىق كېلەر ئايلىق خىزمەتلەرنى ئېغىزچە ئورۇنلاشتۇردى.

ئېغىزدىن چۈشۈرمەسلىك گېپىنى قىلماق

دائىم تەرىپلىمەك.

ئۇ سىزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ. * تۈنۈگۈن سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشتۇق.

ئېغىزنىڭ پاشىنىسى يوق ئېغىزنىڭ ئۇقتىسى يوق

تۇيۇقسىز سۆزلەپ سالغاندا، ئۆزرەخاھلىق يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ.

ئېغىزنىڭ پاشىنىسى يوق دېگەن گەپ راست ئىكەن، بىلمىدىم، بۇ گەپنى دەپ سالپتىمەن. * خېنىم خاپا بولمىسا، ئېغىزنىڭ ئۇقتىسى يوق دەپتۇكەن، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى.

ئېكەك كاسىۋال كارىمگال

مېتال، ياغاچ، تېرىنىڭ ئۈستىنى پارقىرىتىش، ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قىرغۇچ ئەسۋاب.

”كارىمگال“ قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ھەرىنى ئېكەكلە، ئىشقىنى پۈتتۈر. * كاسىۋال كارغا كەلمىسە، ئۇستام ئالدىرايدۇ.

ئېكۋاتور خەتتىستىۋا

يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپى ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان ۋە يەر شارىنى شىمالىي، جەنۇبىي يېرىم شارلارغا بۆلىدىغان پەرەزىي ئايلانما.

ئېگەر چوم ئۇچۇلۇق مۆلە توقۇم

ئات-ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە توقۇلىدىغان جابدۇق.

”ئىگەر“ ئومۇمىي.

”چوم“ كۆپىنچە تۆگىنىڭ.

”ئۇچۇلۇق“، ”مۆلە“لەر ئېشەكنىڭ.

ئات ئالغۇچە، ئېگەر تاپ. * ئاتتىن ئايرىلساڭ ئايرىل، ئېگەر-توقۇمدىن ئايرىلما. * چومى ئالمىشىپتۇ. تۆگىسى يەنە شۇ. * ئېشەك ھاراق ئىچسە، ئۇچۇلۇقىنى سوۋغات قىلار. * مۆلىسى يوق ياۋىداق ئېشەكنى مىنمە.

ئېگەرلىمەك توقۇماق

ئېگەر-جابدۇقلارنى ئات-ئۇلاغ ئۈستىگە جايلاشتۇرماق.

ئاتنى ئېگەرلە، تەييار تۇر، دۈشمەن كەلسە، چاپتۇرۇپ ئۇر. * توقۇغان ئاتنى دۈشمەن يوقىتىلمىغۇچە يەشمە.

ئېگىز بىيىك

تەكشىلىكتىن يۇقىرىغا بولغان ئارىلىق. ئانتونىمى: "پەس".

ئېگىزگە ئۇچساڭ، ئاۋايلاپ قون. * بىيىك تاغدا ئۇلار بار، ئۇلاردا قۇۋۋەت بار.

ئېگىك پۈكۈك

ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن، ئەگرى.

ئېگىك باشنى قىلىچ كەسمەس. * تىزىڭ پۈكۈك بولغۇچە، گۆرۈڭ تۈز بولسۇن.

ئېگىلمەك پۈكۈلمەك

تۈز نەرسە قايرىلماق.

چىۋىق تۇتقان يېرىدىن سۇنمايدۇ، ئېگىلگەن يېرىدىن سۇنىدۇ. * مېۋىلىك دەرەخ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، كىشىلەر ئاڭا تىرەك قويىدۇ. * ئېگىلگەن شاخ — مېۋىسى كۆپ شاخ. * ئەلگە ئېگىلگەن ياۋغا ئېگىلمەيدۇ. * خۇشامەتتىن تىزىڭ پۈكۈلمىسۇن.

ئېگىش ئىلدى پادىيوم

يۇقىرىدىن پەسكە ماڭىدىغان يول.

تۇرپانغا بارغۇچە تاش يول ئېگىش، ئۈرۈمچىگە چىققۇچە ئۆرە. * ئەمدى يولىمىز ئىلدى، تېز يۈرۈشىمىز مۇمكىن.

ئېگىشمەك يانتايماق قىيسايماق

ئارقىدىن ئالدىغا ياكى ئوڭدىن سولغا، سولدىن ئوڭغا ئېگىلمەك.

ئۇ ئالدىغا ئېگىشىپ پەردىن بىرنېمە ئالدى. * يانتايغان ياغاچنى

يۆلىمەك كېرەك. * تام قىيسىيىپ كېتىپتۇ، تىرەك قوي.

ئېلان رېكلام ئۇقتۇرۇش باك ئەپىشكە

كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش ئۈچۈن چىقىرىلغان نەرسە.

تېلېۋىزوردا ئېلان كۆپ، بەزىلىرى تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.
ئېلاندىن ئىككى نۇسخا:

ئەسلى ئىسمىم ھۆزرە قىز بولۇپ، كېيىن زۆرەگۈل دېگەن ئىسمىنى قوللانغان، ھازىر يەنە ھۆزرەقىز دېگەن ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم.
ھۆزرە قىز.

ئەنزىگۇ پەيچوسوسىدىن بېرىلگەن بەش كىشىلىك نوپۇس دەپتىرى ئىناۋەتسىز.
ئەمىرخان.

* ياخشى مەيگە رېكلام كەتمەيدۇ. * مەجلىسكە ئۇقتۇرۇش، چايغا بارغاق. * ئىمتىھاننىڭ بېگى چىقىپتۇ.

ئېلېكتر توك

زەرەتنىڭ بارلىقى ۋە زەرەتنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسى. جىسىمدىكى مۇسبەت زەرەت ياكى مەنپىي زەرەت.

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ 10 يىللىق پىلانى بويىچە، 1995 - يىلغا بارغاندا توك چىقىرىش مىقدارى 10 مىليارد 500 مىليون كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈلىدۇ. 2000 - يىلى يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى 16 مىليارد كىلوۋات سائەتكە يەتكۈزۈلىدۇ. * ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئۇدا تۆت قېتىم 100 كۈن بىخەتەر ئىشلەش رېكورتى ياراتتى.

ئېلىپبە ئالفاۋىت

يېزىقنىڭ ھەرپلەر سىستېمىسى.

ئېلىپبە — دانالىقنىڭ پەلەمپىيى. * چوڭقۇر بىلىم ئالاي دېسەڭ،

ئۆگىنىشنى ئېلىپبەدىن باشلا.

ئېلىش تەرى

ھېساپتىكى تۆت ئەمەلنىڭ بىرى.

بەلگىسى ”—“.

10 دىن 5 نى ئالساق، قالىدۇ: 5. 10—5=5

ئېلىش - بېرىش ئېلىم - بېرىم ئالغۇ - بەرگۈ

قەرز، ئۆتنە - بېرىم مۇناسىۋىتى.

ئېلىش - بېرىش مىسقاللاپ يۈرۈشەر، دوستلۇق پاتمانلاپ. * ئېلىشتا بىسمىللا، بېرىشتە ئەستاغپۇرۇللا. * ئېلىشتا ھاي - ھاي، بېرىشتە ۋاي - ۋاي. * ئالاقاغىدا ئېلىشنىڭ بولسا، بىركۈنى ئالارسەن. * ئىنسان ئېلىم - بېرىم قىلىدۇ. * ئالغۇ - بەرگۈ دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، زۆرۈرى ئىشەنچ.

ئېلىشىپ قالماق ئالجىماق

نېرۋا سىستېمىسى بۇزۇلۇپ، ساراڭ قېتىش بولۇپ قالماق، ئەقلىدىن ئاداشماق.

مېنى ئېلىشىپ قالدى دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — ئۆزۈڭ ئالجىپسەن!

ئېمىزگە سوسكا

بالا، قوزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق جانلارغا سۈت ۋە باشقا ئۇسسۇلۇق ئىچكۈزىدىغان ئېمىزىكى، شورىغۇچى بار قاچا.

ھۇي، بالىنى يىغلاتماي ئېمىزگە سالساڭچۇ. * سوسكىنى بالىغا كۆپ ئەمدۈرۈش زىيانلىق، بالىنىڭ تىلى ئاسان چىقماي قالىدۇ.

ئېمىلداش كۆكەلتاش ھەمشىرە

بىر ئانىنى ئېمىشكەن بالىلار.

”ھەمشىرە“نىڭ مەنىسى كېڭىيىپ ”ئاچا - سىڭىل“ بولۇپ قالدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېمىلداش ئىكەنمەن، تۇرمۇش قۇرۇشقا بولمايدۇ. * كۆكەلتاش بىر - بىرىگە قېرىنداش.

ئېنىقلىماق تەھقىقلىماق

ئىش - ھەرىكەتنىڭ راست - يالغىنىنى تەكشۈرۈپ بىلمەك.

ئاۋۋال ئېنىقلا، كېيىن سۆزلە. * ئېنىقلىغان ئىشتا قۇسۇر بوق. * ئاۋۋال تەھقىقلە، كېيىن ھۆكۈم قىل. * ھۆكۈمنىڭ شەرتى تەھقىقلىماق.

ئېنېرگىيە قۇۋۋەت

ھەر خىل كۈچ ھاسىل قىلىدىغان ماددا.

دۆلىتىمىز كېيىنكى 10 يىلدىن بۇيان 270 مىليون توننا ئۆلچەملىك توننا كۆمۈر ئېنېرگىيە تېجىگەن. ھەر 10 مىڭ يۈەن مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئېنېرگىيە 1980 - يىلى 13.36 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر بولغانىدى، 1990 - يىلى 9.3 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرگە چۈشكەن. * ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى، ھەرىكەت قۇۋۋىتى، ئاتوم قۇۋۋىتى — ھەممىسى ئېنېرگىيە.

ئېھتىيات پەخەس

ھوشيارلىق، سەگەكلىك.

ئېھتىيات بىلەن سۆزلەش — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى. * ئېھتىيات باتۇرلۇقنىڭ بىر قىسمى. * ئېھتىيات پاراسەتنىڭ چوڭ ئوغلى. * پەخەس ھوشيارلىقتۇر.

ئېھتىيات قىلماق پەخەس بولماق ھەزەر ئەيلىمەك دىققەت قىلماق

ھوشيار ۋە سەگەك بولماق، ئىش - ھەرىكەتكە كۆڭۈل

بولمەك.

دوست تۇتۇشتا ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. * دۈشمەننىڭ چاشقاندەك كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى شىر دەپ ئېھتىيات قىل. * ساختا بىلىملەردىن پەخەس بول، چۈنكى ئۇ بىلىمسىزلىكتىنمۇ خەتەرلىك. * ھاۋشىماس ئىتتىن پەخەس بول، جىمجىت سۇدىن دىققەت قىل. * سۇ جىمجىت بولسىمۇ، سۇ تېگىدىكى تىمساھتىن ھەزەر ئەيلە. * كىچىك ئىشقا دىققەت قىلمىغان چوڭ ئىشنىڭ دەردىنى تارتار.

ئېھرام پىرامىدا

قەدىمكى مىسىر شاھلىرىنىڭ قەبرىسى، تاشلاردىن ئۈچ تەرەپلىك ياكى كۆپ تەرەپلىك گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان.

ئېھراملار — مىسىرنىڭ ۋە ئىنسانلار كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ سىمۋولى.

ئى

ئىبارە سۆز بىرىكمىسى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك سۆزلەرنىڭ مەلۇم تەرتىپتە بىرىكىشى.

ئىبارىلەر تۇراقلىق ئىبارە ۋە تۇراقسىز ئىبارە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىبرەت ساۋاق

بولغان ۋەقە، ھادىسە، ئىش-ھەرىكەتتىن ئېلىشقا تېگىشلىك تەجرىبە، ئۈلگە.

ئۆزگىدىن ئىبرەت ئالمىغاندىن باشقىلار ئىبرەت ئالار. * نادان سۆزلەر، دانا ئىبرەت ئالار. * ھايات ساۋاقلىرىنى قىلالمىسا ياد، ئۇنى ئۆگەتەلمەس ھېچقانداق ئۇستات. * ئاچچىق تەجرىبە — كۈچلۈك ساۋاق.

ئىپادىلىمەك تەرىپلىمەك

سۆز بىلەن بايان قىلماق، بىرەر ھەرىكەت بىلەن كۆرسەتمەك.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشتا قەتئىيلىكىنى ئىپادىلىدى. * تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا ھەق ئىكەنلىكىنى تەرىپلىدى.

ئىپار زەپەر مىشك ئەنبەر ئەمبەر

كىيىك، بېلىق قاتارلىق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكتىن ئېلىن-

دىغان خۇش پۇراق ماددا ۋە ئۇنىڭ پۇرىقى.

ئىپارنى ئوراپ قويسىمۇ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. * زەپەر زەردىن ئېسىل. * مىشك مەردىنىڭ قولىدا بولسۇن. * ئەگەر ئەخمەق دېسە ئەنبەرنى گەندەدۇر، بولما ھەيران، ئەقلى ۋەيراندۇر.

ئىپتىخار پەخىر غۇرۇر

شان-شەرەپ ھېسسىياتى.

ۋەتەن بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز. * مەدەنىي مىراسلىرىمىز بىزنىڭ پەخرىمىز. * غۇرۇر — ئىنسانىي خۇسۇسىيەت.

ئىپتىخارلىق غۇرۇرلۇق

ئىپتىخار، غۇرۇرغا ئائىت.

ئىپتىخارلىق كىشىگە كۈچ بېغىشلايدۇ.

غۇرۇرلۇق بايلىققا ئالدانمايدىغان، نامراتلىققا پەسەنت قىلمايدىغان، ھەيۋىگە تىز پۈكمەيدىغان خىسلەتتۇر.

ئىپتىدائىي باشلانغۇچ

ئىش-ھەرىكەتنىڭ دەسلەپكى ھالىتى، باسقۇچى.

ئىپتىدائىي جامائەدە كىشىلەر بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىپ، تاپقىنىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولاتتى. * باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتە باشلانغۇچ بىلىملەرنى ئالىدۇ.

ئىت سەگ

سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋان، تۈرى كۆپ، تۈكى ھەر خىل، پۇراش، ئاڭلاش سېزىمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ ئۆيدە بېقىلىدۇ، ئوۋچى، مالچىغا ياردەمچى، تەربىيىلەپ ساقچىلىققا سېلىنىۋاتىدۇ.

"سەگ" خوتەن دىئالېكتىدىلا قوللىنىلىدۇ.

ئاق ئىت، كۆك ئىت بەرىبىر ئىت. * ئىت سۆڭەك يېسە، كۆتى بىلەن

ئىتتىپاق ئىناق ئەپ ھەمكام

تالاش-تارتىش، جەڭگى-جېدەل بولمىغان، ئۇم، دوستانە.

ئىتتىپاق مىللەت ئۆسىدۇ، مەڭگۈ كۈچلۈك تۇرىدۇ. * دوستقا ئىناق بول، دۈشمەندىن يىراق بول. * ئېپى يەڭگە ئەپ ئەمەس، ئۆپكە-قېرىن ئاش ئەمەس.

ئىتتىپاقسىز ئىناقسىز

ئىتتىپاق-ئىناق بولمىغان ھالەت.

ئىتتىپاقسىز ئۆي ھەممىدىن ئايرىلار. * ئىناقسىز ئون كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىلان ئۆلمەيدۇ.

ئىتتىپاقسىزلىق ئىناقسىزلىق

ئىتتىپاق، ئىناق بولمىغانلىق.

ئىتتىپاقلىق ئۆستۈرىدۇ، ئىتتىپاقسىزلىق توزدۇرىدۇ. * ئائىلىنىڭ ئىناقسىزلىقى — بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى.

ئىتتىپاقلاشماق ئىناق بولماق ئەپلەشمەك

بىر مەقسەتتە بىرلەشمەك.

چۈمۈلە بىرلەشسە ئىتتىپاقلىشىپ، ئارسلان تېرىسىنى ئالىدۇ شىلىپ. * گەر ئىش ئەقلۇ تەدبىر بىلەن بولسا ھەل، ئەپلەشكىن ياۋ بىلەن، جەڭدىن بۇ ئەۋزەل. * يامانلىقتىن يىراق-يىراق بول، ئاقىل بول، ياخشىلىق بىلەن ئىناق بول.

ئىتتىپاقلىق ئىناقلىق بىرلىك

ئىتتىپاق-ئىناق ھالەت.

ئىتتىپاقلىق — كۈچ. * ئىتتىپاقلىق — غەلىبە. * ئائىلىنىڭ ئىناقلىقى — بايلىقنىڭ بېشارىتى. * بايلىق بايلىق ئەمەس، بىرلىك بايلىق.

* بىرلىك بولمىسا، تىرىكلىك بولماس.

ئىجابەت ئىجازەت

قوبۇل، ماقۇل كۆرۈلۈش.

تەلىپىڭ ئىجابەت بولسۇن. * ئىشقا ئىجازەت ئال، قورقماي ئىشلە.

ئىجاد كەشپ ئىختىرا

ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك، يېڭىلىق ياراتماق، يوقنى بارلىققا كەلتۈرمەك، ئاچماق.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ھاياتنىڭ پۈتكۈل خۇشاللىقى ئىجاددۇر، ئىجاد قىلىش ئۆلۈمنى يېڭىشتۇر. * ئاتا-بوۋىلىرىمىز كەشپ قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. * ئىختىرا قىل، ئىجرا قىل، بەخت سېنىڭ.

ئىجادكار ئىجادچى كەشپىياتچى ئىختىراچى

ئىجاد قىلغۇچى، كەشپ قىلغۇچى، ئىجادىيەت، كەشپىيات ياراتقۇچى.

ئىجادكار ئۆلمەيدۇ، ئىجادى بىلەن ياشايدۇ. * ئىجادچىلار — خەلق بەختىنى كۆزلىگۈچىلەر. * كەشپىياتچى ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ، خەلققە بەخت ياراتقان. * ئىختىراچىلار — ئەلنىڭ سەركىسى.

ئىجادىيەت كەشپىيات

ئىجاد قىلىش، كەشپ قىلىشقا باغلىنىشلىق پائالىيەت، نەتىجە.

"ئىجادىيەت" كۆپىنچە ئەدەبىيات، سەنئەتتە ئىجادىي نەتىجىگە قارىتىلىدۇ.

"كەشپىيات" تەبىئەت، جەمئىيەتنىڭ سىرىنى ئېچىشقا

قارىتىلىدۇ.

ھازىرقى مەۋجۇت تۇرۇۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتنىڭ مېۋىسىدۇر. * ئەمەلىيەت بولمىسا، كەشپىيات بولماس.

ئىجارە كىرا ياقا

بىرەر نەرسىدىن مەلۇم مۇددەت پايدىلىنىش.

ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ، بۇرنىنى ئۇششۇتكەن قېرى. * ئۆي ئىجارىسى ئىسلاھاتى بولۇۋاتىدۇ. * بىر ماشىنىنى كىراغا ئالدىم.

ئىچ I ئەستەر

كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپىنىڭ ئىچ تەرىپىگە تۇتۇلغان رەخت.

ئىچى تېشىدىن ئېسىل. * ئەستىرىدىن پەۋىزى چوڭ.

ئىچ II قورساق قارىن

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمى، ئادەمنىڭ كۆكرەك ئاستىدا، ھايۋاننىڭ تۆشىنىڭ كەينىدە بولىدۇ.

ئىچى يامانىنىڭ رىزقى ئاز. * قورساق دېگەن شىرە، يېسە كىرە. * قېرىشقاننىڭ قارنى ئاچ. * قېرىنداشتىن قارنىم ياخشى. * قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر.

ئىچكى داخىلى

"تاشقى"نىڭ ئانتونىمى، ئىچ جەھەت.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي باشقارمىسى چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن "ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھەربىيلەر تاۋابىئاتلىرىنى كۈتۈش" ۋە "ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش" پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئچى پۇشماق ئچى سقلماق تت ـ تت بولماق

زېركمەك، كۆڭۈلسزلەنمەك.

بۈگۈن ئچم پۇشۇپ، ئازراق ئچپ قويدۇم، ھەربرلردن ئەپۇ سورايمەن، — دېدى مەست. * ئچم سقلپ، بېشم ئاغرپ تۇردۇ، — دېدى گۈلسۈم. * قازى تت ـ تت بولۇپ، مۈپتدن مەسلھەت ئاپتۇ.

ئچى تار قورسقى تار ئچى يامان كۆزى كچك

براۋنڭ مۇۋەپپەقيەتلرنى كۆرەلمەي، زيانكەشلك قلشنى كۆزلگۈچى.

ئچى تارغا دۇنيامۇ تار. * قورسقى تار ئادەم مېۋسز دەرەخكە ئوخشايدۇ. * ئچى يامانڭ ئچگە ئۇر. * كۆزى كچك بلەن قورسقى تار تەڭ ـ باراۋەر.

ئچى تارلق قورسقى تارلق ئچى يامانلق كۆزى كچكلك

كۆرەلمەسلك، ھەسەت، زيانكەشلك تۇيغۇسى.

ئچى تارلق ئۆزگنى كۆزلەيدۇ، ئۆزگە تېگشلكنى سەزمەيدۇ. * قورسقى تارلق قولدن ئش كەلمەسنڭ ئشى. * ئچى يامانڭ ئچدن زەھەر قاينايدۇ. * كۆزى كچكلك كۆرەلمەسنڭ قلقى.

ئچدە ھيلە ـ مكر بار قورسقدا جن بار

كۆڭلگە پۈككەن ھيلە ـ نەيرەڭ بار.

ئۇنڭ ئچدە ھيلە ـ مكر بار، ئېھتيات قلش لازم. * قۇربانڭ قورسقدا جن باردەك كۆرۈندۇ، برەر ئش چقرپ قويمسۇن.

ئچدە ئوغا قاينماق ئچدە توڭگۇز قاترماق

يامان نيەت قلماق.

ئۇ — ئچدە ئوغا قاينايدغان يامان ئادەم. * ئچدە توڭگۇز قاتراپ تۇرغان توختى ئاخر يامان نيەتكە كەپتۇ.

ئچى كۆيمەك ئچى قزماق

برەر ئش ـ ھەرىكەتنى كۆرگەندە، ئۇنڭغا قزقپ، ئېرشمەكچى بولماق.

كۈچۈكنڭ بەختگە مۈشۈكنڭ ئچى كۆيدۇ. * ئچڭ قزسا، مۇز يالا.

ئچى كۆچلۈك دلى نازۇك تاۋى نازۇك سركسى سر كۆتۈرمەيدغان

ئوڭۇشسزلق، يېڭلشكە چداشلق بېرەلمەيدغان، ئۇششاق ـ چۈششەك ئش ـ ھەرىكەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ تېركپ تۇردغان.

ئچى كۆچلۈك ئچدن خورايدۇ. * دلى نازۇك دەرد ئچدە ياشايدۇ. * تاۋى نازۇك تاپ باسماس. * سركسى سر كۆتۈرمەيدغان خېنم تاش كۆتۈردۇ.

ئچگە جن كرمەك قورسقغا جن كرمەك

ئويغا برەر پكر كەلمەك.

بالسنڭ ئچگە جن كرپ، ئاكسنى مات قلماقچى بولدى. * بركۈنى پادشاھنڭ قورسقغا جن كرپ، ئۆزنڭ رەسمنى سزدۇرۇپ ئۆيگە ئاسماقچى بوپتۇ.

ئچگە سېلپ قويماق قورسقغا سېلپ قويماق

بولۇپ ئۆتكەن ئشنى ئەستن چقارماي، كەك ساقلماق.

ئۇنىڭ قىلغان ئىزا-ئاھانەتلىرىنى ئىچىمگە سېلىپ قويدۇم، ئاخىر بىر كۈن ئۆچ ئالىمەن. * تېزەكچى بۇ خورلۇقنى ئىچىگە سېلىپ، بۈركۈتنىڭ ئۇۋۇسىنى پايلاپ يۈرۈپتۇ.

ئىچىمدىكىنى تاپ قورسىقىمدىكىنى تاپ

بىراۋنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمىنى نىيەت قىلغانلىقىنى قىياسەن بىلمەك.

ئۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى تېپىپ، ئالدىغا ئاش ئەكەلدى. * سەن قورسىقىمدىكىنى تاپ دەپ يۈرسەڭ، بىز تاپالمىساق، قانداق قىلىمىز! گېپىڭنى ئېيتساڭ بولمامدۇ؟

ئىچىملىك ھاراق مەي شاراب خەمر سۇرمە

ئاشلىق، مېۋىگە ئوخشاش كىراخماللىق، شېكەرلىك ماددىلارنى ئېچىتىپ ياسالغان ئىچكۈلۈك، ئىسپىرتلىق بولىدۇ، كۆپ ئىچسە مەست قىلىدۇ. تۈرى كۆپ، بۇلار ئومۇمىي ناملىرى.

ئىچىملىك ئىچىشتە فرانسۇزلار دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 1989 - يىلى فرانسۇزلارنىڭ ئىچكەن ئىچىملىكى كىشى بېشىغا 73 لىتىردىن توغرا كەلگەن. ئىچىملىكنى ئەڭ ئاز ئىچىدىغىنى ياپونلار بولۇپ، شۇ يىلى ياپونلارنىڭ ئىچكەن ئىچىملىكى كىشى بېشىغا 1.6 لىتىردىن توغرا كەلگەن. * ئىچىملىك ئىچىش زەھەر ئىچىش دېمەكتۇر. * ئەقىل تاشنى يارىدۇ، ھاراق باشنى يارىدۇ. * ھاراققا بېرىلگەن قەبرىسىنى ئايلىنار. * مەي تىلنىڭ تىزگىنىنى بوشىتىۋېتىدۇ. * ئىچتىم شاراب بولدۇم خاراب. * نەغمىسىز شاراب — قامچىسىز ئازاب. * "شارابقا قاندىم" دېگۈچە، "چاتاققا قالدىم" دە.

ئىچى ئېلىشماق كۆڭلى ئاينىماق

ئىچى غەلىتە بولۇپ قۇسقۇسى كەلمەك.

ئىچىم ئېلىشىپ تۇرىدۇ، تۈنۈگۈن كەچتە جىقراق ئىچىپ قويۇپتىمەن.

---

* بۈگۈنكى تاماق زىيان قىلدىمۇ-نېمە، كۆڭلۈم ئاينىپ تۇرىدۇ.

ئىختىيار ئەرك مەيل خاھىش

بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە كۆڭۈل بېرىش، خالاش تۈيغۇسى.

ياماننى ئىختىيارىغا قويساڭ، بۆككە چىچار. * قولاقنى نەدىن چىقىرىش قازانچىنىڭ ئىختىيارى. * ئېشەك ئۆزۈمنىڭ، ئىككى قولىقىنى تاقىلىسامۇ ئۆز ئەركىم. * ئۇ مەلىدىن بۇ مەلىگە ئويناي دەپ كەلدىم، مەيلى بارمۇ، مەيلى يوقمۇ سىناي دەپ كەلدىم. * ۋاقىت خاھىشىڭغا كۆنمىسە، سەن ۋاقىتنىڭ خاھىشىغا كۆن.

ئىختىيارسىز ئەركسىز

ئۆز خاھىشى ئۆزىدە بولماسلىق ھالىتى.

ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا كۈلۈپ قويدى. * ئەركسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ئەلا.

ئىخچام يىغىنچاق

ئۇششاق ئەمەس، چېچىلاڭغۇ ئەمەس.

ئىخچام سۆزدە مەنە بار. * يىغىنچاق بولسا، ئېنىق بولىدۇ.

ئىخلاسمەن تەقۋادار

دىنىي ئەھكام، ئەركانلارغا كۆڭۈل قويغان، قاتتىق بېرىلگەن.

ئىخلاسمەنلەر ئىخلاسىدىن يانسا، كۇپۇرلۇق قىلغان بولار. * «قۇتادغۇ بىلىك»نى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان، يۈسۈپ ئاتلىق تەقۋادار زات ئىدى.

ئىدارە مەھكىمە باشقارما بيۇرو ئاپپارات مۇئەسسەسە ئورگان

ئىش بېجىرگۈچى تەشكىلاتلار، خىزمەت ئورۇنلىرى.

"ئىدارە، مەھكىمە، باشقارما، بيۇرو"لار خىزمەت سىستېمىسى بويىچە تەسىس قىلىنغان مەخسۇس ئورۇنلار.

"ئاپپارات، ئورگان، مۇئەسسەسە"لەر مەۋھۇم تەشكىلاتلار بولۇپ، مەخسۇس ئورۇننى كۆرسەتمەيدۇ.

مالىيە ئىدارىسى. * ۋالىي مەھكىمىسى. * تەشۋىقات باشقارمىسى. * مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى. * ئاپپاراتلارنى ئىخچام، قوشۇننى خىل قىلىش كېرەك. * يېڭى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلدى. * ئورگانلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئىدىش كۈپ كوزا كومزەك خۇمرا ئىنا

مەخسۇس ئىشلەنگەن لايدىن خۇمداندا پىشۇرۇلغان قاچىلار.

"ئىدىش" ئومۇمىي نام. چوڭراقى "كۈپ" ئارىراقى "كوزا"، كىچىكرەكى "كومزەك" دېيىلىدۇ.

مايماق ئىدىشنىڭ قاپقىقمۇ مايماق. * كۈپتىكى بېلىقنى تۇتماق ئاسان. * كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە سۇنىدۇ. * تېگى كۆرۈنمىگەن كومزەكتىن سۇ ئىچمە.

ئىدىيە مەپكۇرە

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ كىشىنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئېتىپ، تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق ھاسىل بولغان نەتىجە.

ئىدىيە — رېئاللىقتا ئۆز قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. * ئىدىيىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى گەپ-سۆزنىڭ چىرايلىق بولۇشىغا باغلىق ئەمەس، ئۇ پەرداز بىلەن ئەمەس، مەزمۇنى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. * مەپكۇرە كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدۇ.

ئىرادە نىيەت جون ئاشاي

بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆڭۈلگە پۈككەن خاھىش، مەيل.

"جون" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

قەيسەر ئىرادە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئېگىز چوققىنى بويسۇندۇرالايدۇ. * ئىرادە بىلەن چىدام ئىشنىڭ قوش قانىتى. * نىيەت ھەرىكەتنى بەلگىلەيدۇ. * ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلسىمۇ، ئاتا-ئانىلىرى، قوۋم-قېرىنداشلىرى يىغا-زار قىلىشسىمۇ نىيىتىدىن ھەرگىز يانمايدۇ، ئىرادىسىدىن زادى قايتمايدۇ. * جونى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك.

ئىرق جىنس تەن

ئورتاق مەنبەسى ۋە ئورتاق ئىرسىيەت خۇسۇسىيىتى بولغان كىشىلەر توپى.

دۇنيادا ئاساسلىقى نېگىر-ئاۋستىرالىيە ئىرقى يەنى قارا تەنلىكلەر، موڭغۇل ئىرقى، يەنى سېرىق تەنلىكلەر، ياۋروپا ياكى كاپكاز ئىرقى يەنى ئاق تەنلىكلەر بار. * ئىرقچىلىققا، ئىرقىي كەمسىتىشكە قەتئىي قارشى تۇرىمىز.

ئىرىمەك بىخسىماق كۆكەرمەك

يېمەك-ئىچمەك ئىسسىقنىڭ تەسىردىن رېئاكسىيىلىنىپ، بۇزۇلۇپ قالماق.

ئىرىگەن سۈت قېتىق بولماس. * خېمىر بىخسىپ قالسا، ئۇن ئارىلاشتۇرۇپ، قايتىدىن چەيلىسە تۈزۈلىدۇ. * كۆكىرىپ قالغان ناننى يېيىش زىيانلىق.

ئىرىم ئۇدۇم

خەلق ئىچىدە ئۇزاق زامانلاردىن كېلىۋاتقان، ئادەتكە ياتىدىغان بىر خىل پىسخىك ھالەت.

ئىرىنچەك ئىرىىنى بىلمەيدۇ. * ئىرىم — ئەلنىڭ ئادىتى. * ئاتاڭنىڭ ئۇدۇمىنى تاشلىما. * هوشۇرخان قولى يىنىك، ئۇدۇمى بار موماي.

ئىزا ئاهانەت ئازاب

تىل ـ هاقارەتتىن خورلۇق تارتىش تۇيغۇسى.

ئىزا ئۆلۈمدىن قاتتىق. * بىر ئاهانەتتىن يۈز تاياق ياخشى. * يالغان ئېيتقان ئۆزى ئاهانەتكە قالار. * ئازاب ئادەمنى خار قىلىدۇ.

ئىزاھ ئىزاهات يورۇگ

سۆز ـ هەرىكەت، ۋەقە، هادىسىلەر ئۈستىدە چۈشەنچە، چۈشەندۈرۈش.

ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، بىراق بەزى سۆز، بەزى پىكىرلەر ئىزاھ تەلەپ قىلىدۇ. * يېقىندا قارىلىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزاهات بېرىلدى.

ئىزچىل سىجىل

دائىم بىردەك، ئۈزۈپ قويماي، ئۆزگەرتمەي بىر خىللىقنى ساقلاش هالىتى.

ئۇ ئىزچىل هالدا ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر ياشاپ كەلدى. * بۇ هەپتىدە بىز سىجىل ئالتە كۈن ئىشلىدۇق.

ئىزغا سالماق رەتكە سالماق

چەتنىگەن هالەتتىن قايتۇرۇپ نورمال هالەتكە كەلتۈرمەك.

بىز چوقۇم هال ـ ئوقىتمىزنى ئىزغا سېلىپ، راۋرۇس قەد كۆتۈرىمىز. * بۇ چاغلاردا هەر يىلى گۈڭشىلارنى رەتكە سېلىشقا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى باراتتى.

ئىس تۈتۈن تۈتەك

ماددا كۆيگەندە تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان قىسمىدىن هاسىل

بولغان ئۇششاق دانىچىلەر، هاۋادا لەيلەپ يۈرىدۇ، گازغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

"تۈتەك" ئىس ـ تۈتۈننىڭ يىغىلىشى.

ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ. * تۈتۈنى كۆپ، يانغىنى ئاز. * ئۆينى تۈتەك باسسا، كۆزگە ئۇۋال.

ئىستىمال ئىستىپادە

ئىشلىتىش، پايدىلىنىش.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

ئىستىمال بۇيۇملىرىنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، خەلقنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېهتىياجىنى قامداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. * ئىستىپادە قىلىشقا بولىدىغان هەممە ۋاقىت، هەممە نەرسىدىن ئىستىپادە قىلىش لازىم.

ئىستىئارە مېتافورا

ئەدەبىياتتا مەجازى ئوخشىتىش.

بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىستىئارىدىن ناهايىتى ياخشى پايدىلىنىلغان.

ئىستىراهەت بېغى پارك

دەم ئېلىش، ساياهەت قىلىشقا تەييارلانغان كاتتا باغ.

ئۈرۈمچى بالىلار ئىستىراهەت بېغى ئېچىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن ئىستىراهەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى.

ئىستىلا ئىشغال زەبت

بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىش.

"قىلماق" بىلەن پېئىللىشىدۇ.

تارىختا موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى نۇرغۇن ئەللەرنى ئىستىلا قىلغانىدى. * 1990 - يىلى 8 - ئايدا ئىراق كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىپ، ئاخىر دېڭىز قولتۇقى ئۇرۇشى **پارتلىدى**.

ئىستىل ئۇسلۇب

بىر دەۋر، بىر ئېقىم، بىر شەخسنىڭ ئەدەبىي ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسىي ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى.

يازغۇچىنىڭ مۇستەقىل ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىشۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. * يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تىرىشىپ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىشى لازىم.

ئىسسىتما قىزىتما

كېسەل سەۋەبىدىن بەدەندە بولىدىغان ھارارەت، تېمپېراتۇرا.

بالىنىڭ ئىسسىتمىسى ئېشىپ كېتىپتۇ، دەرھال دوختۇرغا ئاپارايلى. * قىزىتمام ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ.

ئىسسىتماق قىزدۇرماق ئىلىتماق

بىرەر نەرسىنى ئوت كۈچى بىلەن بىزە ئىسسىق ھالەتكە كەلتۈرمەك.

ئاشقان غىزانى سوغۇق پېتى يېمەي ئىسسىتىپ يېگەن ياخشى. * تۇخۇمنى ئىلىتىپ يېمەك پايدىلىق. * كۈن خېلى قىزدۇرۇپ تۇرىدۇغۇ.

ئىسسىق قىزىق

تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىقى.

بۈگۈن كۈن بەك ئىسسىق بولدى. * قىزىق ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇش

سالامەتلىككە پايدىلىق ئەمەس، ئەكسىچە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىسسىق ئۆتمەك ئاپتاپ ئۆتمەك

ئىسسىق ئاپتاپتا ئۇزاق تۇرۇشتىن ياكى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، شامال ئۆتۈشمەيدىغان ئۆيدە تۇرۇشتىن كېسەل بولماق.

ئىسسىق ئۆتمىسۇن دېسەڭ، ئىسسىق چاي ئىچ. * يازدا بالىغا ئاپتاپ ئۆتۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

ئىسسىقتا قىزىقتا

ئىسسىق ھالىتىدە، سوۋۇمىغان چاغدا؛ ئۆز ۋاقتىدا، كېچىكتۈرمەي.

ئېشىڭنى ئىسسىقىدا يېۋال. * بۇ ئىشنى ئىسسىقىدا پۈتتۈرۈۋالايلى، كېچىكمىسۇن. * تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق. * تېز بول، قىزىقىدا بېرىپ كېلەيلى.

ئىسكەت سىن سىياق قىياپەت جۇسۇن فىگۇرا كۆرۈم

ئادەم ۋە نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى.
”جۇسۇن“ لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ھۈنەرنى بىر كىشىدىن ئۆگەن، ئىسكەتنى مىڭ كىشىدىن. * تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ سىنى كەتمەس. * بېخىل خۇش بولسىمۇ، سىياقى ئۆزگەرمەس. * قىياپىتى ئادەم، قىلىقى ھايۋان. * جۇسۇنى زەپ كېلىشكەن سىكىلەك ئىكەنا. * فىگۇرا چىقىرىپ ئويناش ئۇستىسى ھەممىنى ھەيران قىلدى.

ئىسلاھات رېفورما

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە زامانغا، ۋەزى-

يەتكە، تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىنى ئۆزگەرتىش.

يەر ئىسلاھاتى يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتكەنىدى. * ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئىسلاھاتتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

ئىسمسىز خەت ئانونىم

ئىسمىنى يوشۇرۇپ، ئىمزا قويماي يېزىلغان خەت، كۆپىنچە بىرەر كىشى ياكى بىرەر ئورگان ئۈستىدە ئۇنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلغان ۋە ئۆچ ئېلىشتىن قورققان ھالدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسمسىز خەت يېزىش غەيرىي نورمال ئەھۋالدا بولاتتى، ھازىر كىمنى ۋە قايسى ئىدارىنى قانۇنغا، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشنى ئىسمسىز خەت يازمايمۇ، توغرىدىن توغرا پاش قىلىشقا بولىدۇ.

ئىش كار يۇمۇش ئىشكۈچ مەشغۇلات خىزمەت ۋەزىپە بۇرچ ئەمەل تاپاغ

ئادەم ئىشلەيدىغان، مەلۇم كۆلەم ۋە سىستېمىغا ئىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەت.

"ئىش" ئەڭ ئومۇمىي.

"يۇمۇش"، "ئىشكۈچ"، "كار" ئادەتتىكى، شەخسكە دائىر ئومۇمىي ئىشقا قارىتىلىدۇ، كۆپىنچە ئېغىز تىلدا ئىشلىتىلىدۇ.

"خىزمەت". "ۋەزىپە" ئۆتەشكە بەلگىلەنگەن، تاپشۇرۇلغان ئىش.

"بۇرچ" مەسئۇلىيەتلىك ئىش - ھەرىكەت.

"ئەمەل" ئىجرا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە.

ئىش بار يەردە ئاش بار. * ئىشى يوقنىڭ ئېشى يوق، ئېشى يوقنىڭ كارى يوق. * كارى يوقنىڭ جېنى يوق. * كارىڭ بولمىسۇن. * يۇمۇش تەنىنى ھاردۇرغىنى بىلەن، كۆڭۈلنى شاد قىلىدۇ. * ھېچبىر ئىشكۈچ يوق، بىكار يۈرۈشتىن ئېغىر ئىش يوق. * ھەركىم بىر مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم. * خىزمەت چاقچاقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. * ئالغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاش قەرز. * ئادەمنىڭ بۇرچى ھەقىقەت ئىزدەش * بۇرچى ئادا قىلمىغان كىشى ــ سايىنىڭ تېشى. * ھەر ئەمەلنىڭ بىر ۋاقتى، ھەر ۋاقىتنىڭ بىر ئەمەلى بار. * ئەمەلى يوق سوپىدىن تۇخۇم تۇغمىدىغان توخۇ ياخشى.

ئىشەنچ ئېتىمات ئىمان

بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە ھەق دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ۋە ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەت تاپقان روھىي ھالەت.

"ئىمان" دىنغا دائىر.

ئىشەنچ كامىل بولسا، يېڭىشمۇ كامىل. * ئىشەنچ سەككىز تاغنى قوزغايدۇ. * تۇرمۇشقا ئېتىمات لازىم. * ئېتىماتنىڭ يوقلىشى ئەڭ چوڭ دۈشمەن. * بىلىم بىلەن بولار ئادەمدە ئىمان، بىلىم بىلەن دېۋىنى باغلىماق ئاسان. * ھەق - ھوقۇقىمىزنى ئالالىشىمىزغا ئىمانىم كامىل.

ئىشەنمەك ئىنانماق چىنپۇتمەك كۆزى يەتمەك

راست ۋە ھەق دەپ بىلمەك.

پۇلۇڭغا ئىشەنگۈچە، ئەقلىڭگە ئىشەن. * ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ. * تۇرمۇشتا ئۆزۈڭنىڭ غالىب ئىكەنلىككە ئىشىنىشىڭ لازىم. * ياخشىلىقنىڭ نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئىنان. * ئەخمەقنى "ئۆلدى" دېسە، چىنپۇت، ئەخمەقلىقتىن قالدى دېسە چىنپۇتمە. * ئۆتكەنگە كۆزى يەتكەننىڭ كېلەچەككىمۇ كۆزى يېتەر. * بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا كۆزۈم يېتىدۇ.

ئىش پىتىر ئىش پاسات ئىش چاتاق

ئىش - ھەرىكەت ئاقماسلىق، يۈرۈشمەسلىك.

ئۇ ئىش پىتىر بولدى، باشقىچە ئويلىشايلى. * قانداق قىلىمىز ئىشىمىز پاسات. * ھېلىقى سەن بىلەن قىز تالاشقان يۈك باش يىگىت ئىش بېشىدا تۇرغان بولسا. ئىش چاتاق.

ئىش تاپماق ئىش تېرىماق ۋەقە چىقارماق چاتاق چىقارماق بالا تېرىماق

بىرەر يامان ۋەقە چىقارماق، ھادىسە، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماق.

ئۇ قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىگە ئىش تاپتى. * ماڭا نېمە، — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئىش تېرىغان مەن ئەمەس، پەرىزات. * ئۇ دائىم ۋەقە چىقىرىپلا يۈرىدۇ. * چاتاق چىقارغان چوقۇم بىر چاتاققا قالىدۇ. * بالا تېرىغان جاجىسىنى يەر.

ئىش تاشلاش ستاچكا زاباستوۋكا

ئىشچىلار مەلۇم تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى بىرەر ئىشقا ئىتىراز بىلدۈرۈپ، كوللېكتىپ ھالدا ئىش توختىتىش.

دۆلىتىمىزدە ئىش تاشلاش ئەركىنلىكى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن. * چەت ئەللەردە ئىشچىلار پات - پاتلا كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

ئىش تاشلىماق بازار تاشلىماق دەرس تاشلىماق ئوقۇتۇش تاشلىماق

ئىشچىلار، سودىگەرلەر ۋە ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار مەلۇم تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى بىرەر ئىش - ھەرىكەتكە ئىتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ نورمال پائالىيىتىنى توختىتىپ تۇرماق.

فرانسىيىدە تۆمۈريول ئىشچىلىرى ئىش تاشلىدى. * بېلگىيىدە سودىگەرلەر بازار تاشلاپتۇ. جەنۇبىي كورېيىدە داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ دەرس تاشلىدى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇلارغا ماسلىشىپ ئوقۇتۇش تاشلىدى.

ئىشتىن چىقارماق كاردىن چىقارماق

ئىشقا يارىماس، كېرەكسىز قىلىپ قويماق.

نەشە بىرمۇنچە ياشلارنى ئىشتىن چىقاردى. * كۆيە كىيىمنى كاردىن چىقىرار، يامان ئادەت قەلبنى.

ئىشتىھا (ئىشتەي) ئاپپېتىت

تاماققا بولغان ئىشتىياق، مەيل.

ئاش يوق، ئىشتەي يوق. * ئىشتىھانى تىزگىنلەش — ئەڭ ياخشى دورا.

ئىشتىھا ساقلىماق قورساق ساقلىماق

باشقا بىر تاماقنى يېيىش تەمەسىدە ئالدىدىكى تاماقنى يېيىشنى خالىماي، يېمەي تۇرماق.

يوق نەرسىگە ئىشتىھا ساقلىغۇچە، بېرىغا تويۇۋال. * قېنى، ئال، ئۆپكە - ھېسىپكە قورساق ساقلىغىنىڭ بىلەن، ئاچ قالىسەن.

ئىشچان تىرىشچاق تىرىشچان كاردان

ئىشقا قاتتىق بېرىلگەن، ئىشلەپ ھارمايدىغان.

ئىشچاننىڭ ئىچى پۇشماس. * ئەقىل باشتا بولسا، ھەر ئىشچان كىشى، ئالدىرىماي، ئويلىنىپ قىلىنار ئىشى. * ئىشچان ئېشىنى يەر، ھۇرۇن بېشىنى. * تىرىشچاق بالا دەرستە ئالدىدا ماڭىدۇ. * تىرىشچان

ئۆز ئەمەلىيىتىدە مۆجىزە يارىتىشى مۇمكىن. * ئاشنى بارداگدىن سورا، ئىشنى كاردانىدىن.

ئىشچانلىق تىرىشچانلىق

ئىش ـ ھەرىكەتكە قاتتىق بېرىلىشكە دائىر.

ئىشچانلىق ـــ بېيىشنىڭ توغرا يولى. * تىرىشچانلىق ـــ بەختنىڭ ئانىسى.

ئىشچى كارگەر

جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان كىشى.

ئادەم سۆزىنىڭ چىن مەنىسى ئىشچى، دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەلاسى ئىشچى. * كارگەر ئىشتىن ھاردىم دېمەس.

ئىشخانا كابىنېت

ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ئىش قىلىدىغان ئۆي، بۆلمە.

ئىشخانا كەڭتاشا، ئازادە، جەم بولسا، ئىش ئاۋۇيدۇ. * بازاردا زامانىۋى ئىشخانا جاھازلىرى سېتىلىۋاتىدۇ.

ئىشسىز بىكارچى

ئىش ـ ھەرىكەت قىلمايدىغان، بىكار يۈرىدىغان كىشى.

ئىشسىز يۈرگۈچە بىكار ئىشلە. * بىكارچىغا ماختانچۇق ـــ ئويۇنچۇق.

ئىشسىزلىق بىكارچىلىق

ئىش يوقلۇق؛ ئىش ـ ھەرىكەت قىلماي بىكار يۈرۈش ھالىتى.

ئىشسىزلىق ئازابنىڭ ئەڭ چوڭى. * ئىشسىزلىق كىشىنى كاردىن چىقىرىدۇ. * بىكارچىلىق ھەممە ئاپەتنىڭ مەنبەسى. * بىكارچىلىقتا پىتنە ـ ئىغۋا كۆپ بولىدۇ.

ئىشق مۇھەببەت سۆيگۈ كۆيۈك سۆيۈك قولۇشتۇق

چوڭقۇر خاھىش، مەيل، ئىشتىياق.

"قولۇشتۇق" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

"كۆيۈك" ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى "ئىشق ـ مۇھەببەت".

ئىشقى يوق ئېشەك، دەردى يوق كېسەك. * ئىشقى يوق ياردىن ئىسسىق ئۇچاق ياخشى. * مۇھەببەت چىراي تاللىماس. * گۈزەللىك تويدا كېرەك، مۇھەببەت كۈندە. * مۇھەببەت گۈزەل پەزىلەتنىڭ سىناق تېشى. * سۆيگۈدە ئاچچىق ئىزا يوق. * ۋەھىمە ئۇيقۇڭنى قاچۇرىدۇ، كۆيۈك رەڭگىڭنى سارغايتىدۇ. * كۆيۈك ئوتى ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

ئىشقا ئاشۇرماق ئەمەلگە ئاشۇرماق تۇرمۇشقا ئاشۇرماق ۋۇجۇدقا چىقارماق بارلىققا كەلتۈرمەك

ئىش ـ ھەرىكەتنى كۆزلىگەن دەرىجىگە يەتكۈزمەك.

ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتى بولسا، تىرىشىپ ئىشلىسە، ھەرقانداق ئىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. * نىشانىمىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. * دېموكراتىيىنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئەمما تۇرمۇشقا ئاشۇرماي مۇمكىن ئەمەس. * بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى كېتىدۇ. * ئىلىم ـ بىلىمگە تايانساق، ھەرقانداق ئىشنى بارلىققا كەلتۈرەلەيمىز.

ئىشقا يارىماسلىق كارغا كەلمەسلىك

ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولماسلىق.

ئاسماندىكى شار چىرايلىق بولسىمۇ، ئىشقا يارىمايدۇ. * ئادەمگە غەزەپ ھۆكۈمرانلىق قىلسا، ئەقىل كارغا كەلمەي قالىدۇ.

ئىشلەمچى يېتىمچى

گومىنداڭ ۋاقتىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا ئىش ئىزدەپ چىققان كەمبەغەل-يالانما دېھقانلار.

ئىشلەمچىلەر گۈجۈڭدا ئورما ئوروپ، ھەققىنى ئالالماي ئاۋارە بوپتۇكەن. * يېتىمچىنىڭ كۈنى ئىتنىڭ كۈندىنمۇ بەتتەر ئىدى.

ئىش ھەققى ئايلىق مائاش ژالونىيە مايانە تەر

قىلغان ئەمگىكىنىڭ ھەققى سۈپىتىدە ئەمگەك قىلغۇچىغا قەرەللىك (ئادەتتە ئايمۇئاي) بېرىپ تۇرۇلىدىغان پۇل ياكى نەرسە.

ئىش ھەققى ئىسلاھاتى كېتىپ بارىدۇ، بەزىبىر نەتىجە ھاسىل قىلىندى. لېكىن ۋەزىپە يەنىلا ئېغىر. * بۈگۈن ئىدارىمىزدا ئايلىق تارقىتىلدى. * 1948-يىلى ئۈچتۇرپان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا مائاشىم ئۈچ چارەك بۇغداي، ئۈچ كوي پۇل ئىدى.

ئىشىك دەرۋازا قاپقا قوۋۇق دەرۋەڭ جولوقوق قوق

ئەتراپى توسۇق جاينىڭ كىرىپ-چىقىشقا ئالاھىدە قالدۇرۇلغان ئوچۇقلۇق.

"ئىشىك" ئومۇمىي نام، ئاساسەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىدۇ.

دەرۋازا ھويلا-قورۇنىڭ ئىشىكى.

"قاپقا، "قوۋۇق" شەھەرنىڭ دارۋازىسى.

"دەرۋەڭ" خوتەن دىئالېكتىدا "ئىشىك".

"جولوقوق"، "قوق" مۇقۇل شېۋىسىدە "دەرۋازا" تاشقىرىقى ئىشىك.

ئىشىك ئوچۇق بولسىمۇ سوراپ كىر. * قەدىرلىك مېھمانغا ئىشىك ئوچۇق. * ئوغۇل ئوچاققا قارايدۇ، قىز دەرۋازا مارايدۇ. * ھەممە قاپقىنى ئەتكىلى بولار، ئۆلۈم قاپقىسىنى ئەتكىلى بولماس. * قوۋۇق چىڭ بولسا، شەھەر ئامان بولار.

ئىشىك باقار دەرۋازىۋەن

چوڭ قورۇ-جاي، مەھكىمىلەردە دەرۋازىغا قاراشقا قويۇلغان كىشى.

ئىشىك باقار ئات باقاردىن قىزغىنار. * دەرۋازىۋەن دەرۋازا ئالدىدا خاندىن چوڭ، زىنداكى خان بۇيرۇقى بىلەن خاندۇر.

ئىشىك مارىماق گەپ تىڭشىماق

بىراۋلارنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىنى يوشۇرۇن ئاڭلىۋالماق.

شۇ كۈنلەردە ئىشىك ماراپ نېمە قىلىسەن؟ ئىشىك مارىماق يامان قىلىق. * خەقنىڭ گېپىنى تىڭشىغاندىن يامان ئىش يوق، ھەركىمنىڭ بىر مەخپىيىتى بولىدۇغۇ.

ئىشىڭنى قىل ئۈجمەڭنى تېرىپ يە تېزىكىڭنى تەر

بىراۋنى بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن يالتايتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان نەپرەت ئارىلاش خىتاب.

ئىشىڭنى قىل، بۇ ئۇنداق گەپ ئەمەس. * ئارتۇق گېپىڭنى قوي، بېرىپ ئۈجمەڭنى تېرىپ يە. * قولۇڭدىن كەلمىگەن ئىشقا ئورۇنغۇچە، بېرىپ تېزىكىڭنى تەر.

ئىككى (بىر) پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق بەش كۈنلۈكى قالماق ساناقلىق كۈنى قالماق بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە

قېرىپ ئەجەل بوسۇغىسىغا كېلىپ قالماق.

نېمىدىن قورقاتتىم، قېرىدىم، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، — دېدى توختى بوۋاي. * بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ئۆلسەم، كۆمۈشۈپ

قويار، — دېدى بوۋاي. * بالىلىرىم، مېنىڭ بەش كۆڭلۈكۈم قالدى، ئەمدى ئۆزەڭلەرگە پۇختا بولۇڭلار! * ساناقلىق كۈنى قالغان بوۋايغا ئۈنچىلىك بايلىقنىڭ نېمە لازىمى بار. * مەن بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى گۆردە بىر بوۋايمەن.

ئىككى سەككىز = ئون ئالتە ئىككى تۆت سەر = يېرىم جىڭ

ئوپمۇئوخشاش، بىر-بىرىدىن ئوشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس.

بۇ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسى بولسا، بولۇۋېرىدۇ، ئىككى سەككىز "ئون ئالتە". * بۇلارنىڭ پەرقى يوق ئىكەن، ئىككى تۆت سەر "يېرىم جىڭ" ئىكەن.

ئىككى كېمىگە دەسسىمەك ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتماق

ئىككى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەر ئىككىسىدىن نەپ ئېلىش قەستىدە ھەر ئىككىسىگە قول سالماق.

ئىككى كېمىگە دەسسىگەننىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، يا بۇنىڭغا تۇر، يا ئۇنىڭغا. * ئىككى كېمىنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتقان سۇغا چۆكەر.

ئىگە خوجايىن ساھىب مالىك

ئىگىدارلىق قىلغۇچى ۋە باشقۇرغۇچى.

ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق. * ئىگىسى رازى بولمىغان ئاش قورساق ئاغرىتار. * مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام. * ئىگىسىدىن ئايرىلسا ئىتمۇ يىغلار. * بۇ ئىشقا مەن ئىگە. * تىرىشچانلىق ۋاقىتنىڭ خوجىسى. * پۇلنىڭ قۇلى بولما، خوجايىنى بول.

ئىگە بولماق ئېرىشمەك قازانماق

ئىلكىگە ئالماق، قولغا كىرگۈزمەك.

ئالىيجانابلىق — ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشنىڭ مەنبەسى. * ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ. * ئاچكۆز ھەممىگە ئېرىشمەك بولىدۇ، ئاخىر ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدۇ. * گەر بىراۋ مېھرىنى بولساڭ قازانماق، ياخشى-ياماننىڭ ئالدىن سىناپ باق.

ئىگىلىك خوجىلىق

ئىقتىسادىي پائالىيەت.

ئىگىلىكنىڭ ئاچقۇچى — ئەمگەك. * يېزا ئىگىلىكى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى. * خوجىلىقنىڭ ئۆسۈشى باشقۇرۇشقا باغلىق.

ئىلاھ مەبۇت

دىنىي تەسەۋۋۇر بويىچە، دۇنيانى ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچى دەپ ئىبادەت قىلىنىدىغان مەخلۇق.

كۆزى ئىتنىڭ مۇھەببەت ئىلاھى ئاشىقنىڭ قەلبىگە توغرا كىرەلەيدۇ. * مەبۇتنى كىشىلەر ياراتقان ۋە كىشىلەر يوق قىلىدۇ.

ئىلاھا خۇدايا ئىلاھىم خۇدايىم

تىلەك-ئىستەكنى تەڭرىگە باغلاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

ئىلاھا، مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىل. * خۇدايا، ئۆزەڭ بار، تىلىكىمنى ئىجابەت قىل. * قان يۇتارسەن، ئىلاھىم. * خۇدايىم، ماڭا قىلغىنىڭنى بالاڭ ياندۇرار.

ئىلاۋە ئەسكەرتىش يۆرمەك

ئەسلى ھۆججەتكە قوشۇمچە ئىزاھ.

ئانكېتىنىڭ "ئىلاۋە" گرافىسىغا سورالغان سۆزلەردىن باشقا يېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى يېزىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغان. * خەتنىڭ ئاخىرىدا، ئەسكەرتىش: "بۇ ئىش تېزرەك بىر تەرەپ قىلىنسا" دېيىلگەن.

ئىلتىماس ئىلتىجا ئۆتۈگ

بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت توغرىسىدىكى تەلەپ، تىلەك، ئۆتۈنچ.

"ئىلتىجا" يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ تىلىمەك.

باشلىقنىڭ ئىلتىماسىمۇ بۇيرۇق. * خاھ پەريات قىلسىنۇ، خاھ ئىلتىجا، قاراقچى ئالغىنىنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ ئەسلا.

ئىلغار مۇنەۋۋەر ئاۋانگارت

ئىش ـ ھەرىكەتتە ئالدىدا يۈرگۈچى.

"ئىلغار" سەۋىيىسى يۇقىرى، ئۈلگە بولغۇچىغا قارىتىلىدۇ.

"مۇنەۋۋەر" ئەخلاق ۋە بىلىمدە ياخشى بولغان كىشىگە قارىتىلىدۇ.

بىر تال گۈل بىلەن باھار بولمايدۇ، بىرلا ئادەم ئىلغار بولسا، ھامان يالغۇزلۇق قىلىپ قالىدۇ. * مۇنەۋۋەر ئوتتۇرا ياشلىق مۇتەخەسسىسلەر مۇكاپاتلاندى.

ئىلغۇ ئىلغۇچ قاغتۇمشۇق ئىلمەك

نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئىلىپ قويىدىغان، بىر ـ بىرىگە چاتىدىغان نەرسە.

ھەممىنى بىر ئىلغۇغا ئاسقىلى بولمايدۇ. * ئىلغۇچ پۇختا بولسا، ئىشىك چىڭ بولىدۇ. * قاغتۇمشۇق قاچان بولمىسۇن لازىم. * ئىلمەك سوقساڭ، ۋاقتىدا ئەگ.

ئىللەت ئەيىب ئېۋەن نۇقسان قۇسۇر مۇن

كەمچىلىك، كەمتۈكلۈك، يارىماس قىلىق، ئادەت.

بويىندا ئىللىتى بارنىڭ تۈۋىتى سىرقىرار. * ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەس. * ئۆز ئەيىبىنى بىلگەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى

ئاچماس. * ئاقارغان چاچ ئەيىب ئەمەس. * بىر ئېۋەننى يوشۇرساڭ، يەنە بىرى چىقار. * پەرىشتىدىنمۇ بەش نۇقسان تېپىلار. * قۇسۇر تېپىشقا ئۇرۇنما.

ئىلمىي پەننىي

ئىلىم ـ پەنگە ئائىت، ئىلىم ـ پەنگە ئاساسلانغان.

ئىلمىي تەكەببۇرلۇق نادان تەكەببۇرلۇقتىن يەنىلا كەمتەر بولىدۇ. * ئىلمىي جەمئىيەتلەر كۆپلەپ قۇرۇلدى. * بالام پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. * پەننىي بىلىملەر تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.

ئىلھام رىغبەت

قىزىقىش روھىي ھالىتى، ئىجادىي قىزغىنلىق روھى.

ئىلھام ئەمگەك قىلغاندىلا قوزغىلىدىكەن. * ئىلھام قەيسەرلىك بىلەن ئەمگەك قىلغانىنىڭ مۇكاپاتى. * ئىلھام ھۇرۇنلارنى يوقلاشنى خالىمايدىغان مېھمان. * ياشلاردا ئۆگىنىشكە رىغبەت بولۇشى لازىم. * رىغبەت بولسا، نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

ئىلھاملاندۇرماق رىغبەتلەندۈرمەك

قىزغىن ھالەتكە كەلتۈرمەك.

ئىشچىلارنى ئىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كارخانىلار رەھبەرلىكىنىڭ مۇھىم خىزمىتى. * بىز ياشلارنى تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈشكە، تۇرمۇشقا تولۇق ئىشەنچ باغلاشقا رىغبەتلەندۈرىمىز.

ئىم I پارول كۈلۈڭ ئىمبە

ئۆز بىلەن دۈشمەننى پەرق ئېتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئېغىزاكى بەلگە.

"ئىمبە" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ئىم بىلگەن ئېزىقمايدۇ. * پوستتا تۇرغۇچىلارنىڭ مەخسۇس پارولى

بولىدۇ. * گارنىزون كۆلىڭ سورىدى.

ئىم II ئىمىكا

ئىچكى تۇيغۇنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چىرايدىن بىلىنگەن ئىشارە.

ئۇنىڭ ئىمىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىملىقى ئىمىكىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىما ئىشارەت ئىشارە شەرەت

ھەر خىل ھەرىكەتلەر بىلەن بېشارەت بەرمەك، بىرەر ھەرىكەت بىلەن پۇرىتىپ قويماق، كۆرسەتمەك.

ئىما قىلسام ئۇقمايدۇ، ساراڭ چېلىش ئوخشايدۇ. * ئاقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز. * ئىشارە بېرىلگەندە دىققەت قىل، غاپىل قالما. * ئۇ شۇ ئان تالا تەرەپنى شەرەت قىلدى.

ئىمام مەزىن

مەسچىتكە نامازغا چاقىرىدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر.

"مەزىن" ئەزان ئېيتىدىغان كىشى.
"ئىمام" نامازغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشى.

ئىمامنىڭ گۇۋاھچىسى مەزىن. * ئىمامغا ئۆمۈر تىلىسە، مەزىنگە ئۆلۈم. * مەزىن بىلەن خوراز قورساق ئاچقاندا توۋلايدۇ.

ئىمتىھان سىناق

مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ، ئىدارە، جەمئىيەتلەردە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ بىلىمى ۋە ئىش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۇسۇلى، سوئال-جاۋاب يولى بىلەن بولىدۇ.

"سىناق" تارراق، مۇددەتسىز بولىدۇ.

بۇ يىل ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلاردىن ۋاقتىدا ئىمتىھان ئېلىنىدى. * ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتى بۇ يىل ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئىشچى قوبۇل قىلىشنى باشلىۋەتتى * ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قابىلىيىتىنى سىناق قىلىپ: سىز خىيال بىلەن كېتىپ بارغاندا، ئالدىڭىزدىن بىر ئىت چىقىپ سىزگە ئېتىلسا، سىز قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوقۇغۇچى: دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالىغۇچە جىم ياتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىمكان ئىمكانىيەت

بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈچۈن زۆرۈر ۋە قولاي شارائىت.

ئەقىللىق دۈشمەندىن پايدا كېلىش ئىمكانى بار، نادان دوستتىن زىيان. * ئىمكانىيەت يار بەرسە، يەنە باشقا ئىشلارنىمۇ قىلغۇم بار.

ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلاج بار ئىلاجىنىڭ بارىچە

بارلىق شارائىت ۋە ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ.

بىزنىڭ ئىشىمىز ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىلىمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنتىلىشتۇر. * بۈگۈنكى ئىشنى ئىلاج بار ئەتىگە قويما. * قولغا ئالغان ئىشنى ئىلاجىنىڭ بارىچە ۋاقتىدا پۈتتۈرۈش كېرەك.

ئىملا قائىدىسى ئورفوگرافىيە

يېزىق تىلىنىڭ يېزىش قائىدە-يوسۇنلىرى كۆرسىتىلگەن، يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلىگەن بەلگىلىمىلەر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى تۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەستىقلاپ ئېلان قىلىندى. * مەتبۇئات ساھەسىدە ئىشلىگۈچى مۇھەررىر، تەرجىمان، كوررېكتور

ۋە ماشىنىستلار ئىملا قائىدىسىنى پىششىق بىلىشى شەرت.

ئىملىماق شەرەتلىمەك

بىرەر ھەرىكەت بىلەن يوشۇرۇن كۆرسەتمەك

ئۇ سىڭلىسىنى ئىملىدى. * ئۇلار شەرەتلىشىپ، چىقىشىپ كەتتى.

ئىنتىلمەك تەلپۈنمەك تەمشەلمەك

بىرەر نەرسە، شەخس ياكى تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرماق، قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنماق.

ئاچكۆز ھەممىگە ئىنتىلەر، ئىنتىلگەنگە يېتەلمەس. * ھەقىقىي ياخشىلىققا ھەممە كىشىنىڭ قەلبى تەلپۈنىدۇ. * تەمشەلگەنگە ئىش پۈتمەس.

ئىندېكس تىزىم كۆرسەتكۈچ رويخەت

كىتاب-ژۇرنالدىكى ماۋزۇلار ياكى مۇھىم مەزمۇنلارنى يېزىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە بەت نومۇرىنى يېزىپ، مەلۇم تەرتىپتە تۈزۈپ چىقىلغان جەدۋەل.

”رويخەت“ كۆپىنچە كىشى ناملىرى تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىندېكسى ئىشلەنمەكتە. * «تارىم»نىڭ ھەر يىللىق تىزىمى ئىشلەنىدى. * «ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆز-ئىبارىلەر لۇغىتى» كۆرسەتكۈچى مەلۇم سەۋەب بىلەن بېرىلمەي قالدى. * «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»دىكى مەشھۇر شەخسلەر رويخىتى ھەرقايسى تومدا بېرىلگەن.

ئىنستىنكت تۇغما تۇيغۇ

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تۇغۇلۇشتىنلا بىلىدىغان، ئۆگەنمەيلا ئىشلەيدىغان ھالىتى، خۇسۇسىيىتى.

ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل چىقىرىشى ئۇلاردىكى ئىنستىنكتنىڭ ئىپادىسى.

ئىنقىلاب رېۋولىيۇتسىيە

كونا تۈزۈم، كونا مۇناسىۋەت، كونا ئۇسۇللارنى......تۈپتىن ئۆزگەرتىش.

جۇڭگو ئىنقىلابى پۈتۈن دۇنياغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. * تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتىن كېيىن چىقىشى جەزمەن.

ئىنقىلابچى رېۋولىيۇتسىئونېر

ئىنقىلابقا ئۆزىنى ئاتىغان، ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخس،

ئىنقىلابچىلارلا ھايات چېغىدىمۇ، ۋاپات بولغاندىمۇ كۆپچىلىككە بەخت ئاتا قىلالايدۇ.

ئىنى ئۇكا

ئۆزىدىن يېشى كىچىك ئوغۇل بالا، كىشى.

ئىنىسىغا دېدى بىر سۆز گۆھەر: ”ئاتاڭنىڭ خىزمىتىدە بول، ئەي بۇرادەر!“ * ئاغا-ئىنى. * ئاكا-ئۇكا. * ئويناشسا ئۇكىسى ئۇتار، چىڭداشسا ئاكىسى.

ئىنشا دىكتوپكا

مەكتەپلەردە تىل-ئەدەبىياتتىن ياد يېزىش، يېزىق مەشقى.

شۇ كۈنلەردە مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئىنشا يازدۇرۇش تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىملاسى ياخشى ئەمەس، بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك.

ئىنشائات قۇرۇلۇش

تۈرلۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن قۇرۇلغان بىنالار ۋە ئۇنىڭغا دائىر ئۈسكۈنە-سايمانلار.

بۇ يىل دېھقانچىلىق رايونلىرىدا دېھقانلار بىرمۇنچە سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇردى. * سۇ قۇرۇلۇشى — دېھقانچىلىق - چارۇىچىلىقتا مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى.

ئىنژېنېر مۇھەندىس گۇڭچىڭشى

تېخنىكىنىڭ بىرەر ساھەسى بويىچە ئالىي مەلۇماتلىق مۇتەخەسسىس.

ھازىر بىزدە ھەرقايسى ساھە بويىچە ياخشى ئىنژېنېرلار يېتىشمەكتە.

ئىنكاس ئەكس

ئەينەك، سۇلار ۋە باشقا يالتىراق نەرسىلەر ئۈستىدە كۆرۈنگەن تەسۋىر، شۇ تەرىقىدە، بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ئىش - ھەرىكەتتىكى كۆرۈنۈشى.

ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، جېدەل تېرىش — نادانلىقنىڭ ئىنكاسى. * سۈزۈك سۇدا ئۆز ئەكسىنى كۆرگەن قىز ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ تۇردى.

ئىنكاس قىلماق ئەكس ئەتتۈرمەك ياڭرىماق

بىرەر ئىش - ھەرىكەت يەنە بىر ئىش - ھەرىكەتتە كۆرۈنمەك.

ئىدىيىدە بولغان يامان نىيەت ئاخىر بىرەر ئىشتا ئىنكاس قىلىدۇ. * شائىر ئۆز تالانتىنى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىنىكئانا دايە چارىيە سۈتئانىسى

بالىنى ئېمىتىپ ئۆستۈرگەن ۋە تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئايال، ئانا.

"دايە"، "چارىيە" كىتابىي سۆزلەر.

ئىنىكئانا سېنى تۇغمىغان بىلەن، ئۆز سۈتىنى بېرىپ باققان. * ئىنىكئاناڭنى قەدىرلە. * سۈتئانىسى تۇغقان ئانىغا ئوخشاشلا، ساڭا ئانا.

ي

يا ياكى يا بولمىسا ياخود ئازۇ

بۆلگۈچ باغلىغۇچى، سۆز، جۈملىلەرنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ.

سەن بارامسەن، يا مەن كېلەيمۇ؟ * خام مېۋىدە يا پۇراق يوق، يا لەززەت. * ئۇ يا ئەلەمدە يوق، يا قەلەمدە. * يولۋاسنى ئۆلتۈرۈش ياكى يولۋاسقا يەم بولۇش — ئىككىسىنىڭ بىرى. * بۇ يەردە بىكار تۇرامدۇق، كىنوغا بارايلى، يا بولمىسا، ئۆيگە كېتەيلى.

يا ياي ئوقيا ساداق كامان كامالەك قۇرمان بالاقمان

قەدىمكى بىر خىل جەڭ قورالى.

يادىن ئۈركۈگەن قاغا ئورماندىنمۇ قورقىدۇ. * تىلىڭنى سۆزلەشكە ساز، تەبەر قىل، تىلىڭنى ئوق قىل ۋە ئەقلىنى يا قىل. * ياي بەك تارتىلسا سۇنار، ئاي بەك تولسا كەمتۈك بولار. * ئاتا كۆرگەن ئوقيا ياسار. * ئوق ئاتقان بولساڭ، سادىقىڭنى يوشۇرما. * ئاتقىلى ئوق، ئاشىقلىرىڭ كۆكسىنى ھە دەپ، يايىڭغا جانىم قىلىپ قۇربان، سادىقىڭنى ئۆپەي. * مەرگەن سەۋر قىلسا، ئەقلىدىن نىشان، كامانىغا قايتابىدۇ ئۇچقان ئوق ھېچ ئان.

يا ئاق ئەمەس، يا كۆك ئەمەس يا گۆش ئەمەس، يا بەز يا ھالال ئەمەس، يا ھارام

گۇمانلىق سانىلىپ ئېنىقلانمىغاي تۇرغان ئىش - ھەرىكەت،

لەرسە.

ئايشەمگۈلنىڭ ئىشى يا ئاق ئەمەس، يا كۆك ئەمەس، شۇنداق تۇرۇۋاتىدۇ. * نېمە گەپ بۇ يا گۆش ئەمەس، يا بەز. * بۇ ئىشنى ئېنىقلاش كېرەك، يا ھالال ئەمەس، يا ھارام ئەمەس تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ.

يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن يا پۇككا چۈشسۇن، يا چىككا

تەۋەككۈل قىلىپ ئىشلىمەك، نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئانچە پەرۋا قىلماسلىق.

قىلىۋەر، يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن، قاراپ تۇرغاندىن پايدا يوق. * تەۋەككۈل قىل، ئېلىۋەر، يا پۇككا چۈشسۇن، يا چىككا.

ياپتا گەپ ئەگىتمە گەپ دارىتما گەپ تەنە گەپ

كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان سۆز، بىرى ھەققىدە سۆزلەپ سۆز ئارىسىدا باشقا بىرىگە تەگكۈزمەك.

بۇ ئادەم ياپتا گەپ، ئەگىتمە گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى. * ئۇلار بىر-بىرىگە دارىتما گەپ قىلىشمايتتى. * تەنە گەپ قىلىدىكەنسىز، بۇ يەردە كىمنىڭ گېپىنى كىم كۆتۈرىدۇ؟

ياپىر يا ھەزرەت

خۇشاللىق تەئەججۇپى.

ئالغۇچە ياپىر، بەرگۈچە كاپىر. * يا ھەزرەت، شۇنداقمۇ چىرايلىق بولغان بارمۇ، قىز دېگەن!

ياپىلاق يالپاق يېسى يالپى

دۈگىلەك ئەمەس، سوزۇنچاقمۇ ئەمەس، يوپۇرماق شەكىللىك.

ياپىلاق يۈز شاپىلاق كۆتۈرەلمەيدۇ. * يالپاق تاختاي ئۆيگە لازىم.

يات يوچۇن بىگانە غەيرىي

قېرىنداشلىقى يوق؛ ناتونۇش.

يات يېگۈچە، تۇغقان ئۆلگۈچە. * ياتنىڭ يېغى يوق. * يامۇلنىڭ ئىشكى يوچۇن، كىرەلمەيسەن پۇل يوق ئۈچۈن. * بىگانىلەرنىڭ قولىغا قارىغۇچە، ئىشلەپ تاپقان ئەلا. * غەيرىي بىرىنىڭ ئوچۇقىدىن ئۆزۈڭنىڭ چىرىغى ئىسسىق.

ياتسىنماق يېتىرقىماق

يات ھېسابلاپ، قورۇنماق.

قىز ياتسىنىپ، قورۇنۇپ بىر چەتتە تۇراتتى. * يېتىرقاشنى بىلمەيدىغان بۇ بالا، دەرھال ھەممە بىلەن ئېجىل بولۇپ كەتتى.

ياخشى ئوبدان دۇرۇس تۈزۈك بەلەن ئەۋزەل ئەلا ساز ئېسىل خوپ ئەزگۈ تۈزۈن سوقانچىغ

ھەر جەھەتتىن تولۇق، ساق، ئۈستۈن ھالەت.

"ئەۋزەل"، "ئەلا"، "ساز"، "خوپ" لار ئادەمنى سۈپەتلەپ كەلمەيدۇ.

ياخشى ئېشىنى يەر، يامان بېشىنى يەر. * ياخشى نەدە بولسا ياخشى. * سەن ياخشى، مەن ياخشى، تونۇر قىزىق، نان ياخشى. * ھالال ئىشلەپ تاپساڭ ئەگەر ئارپا نان، خەقنىڭ ئاق نېنىنى يېگەندىن ئوبدان. * كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ، مەنسەپ تۇتقاندىن، ئۆز ئەركىگە ئىگە پۇقرا بولغان دۇرۇس. * ئۆزىگە يارىشار ئەخمەقنىڭ چۈشى، نە بىر قىممىتى بار، نە تۈزۈك ئىشى. * كىمنىڭ ئەگەر بەلەن بولسا ھىممىتى، كونا كېيىمدىمۇ چوڭدۇر ئىززىتى. * ئېيتىلغان سۆزدىن ئېيتىلمىغان سۆز ئەۋزەل. * ۋاقىت ھەممىدىن ئەلا. * بۈگۈنكى تۇخۇم ئەتىكى توخۇدىن ئەلا. * ئاز بولسىمۇ،

ساز بولسۇن. * ئېسىل دوست يىراقلاشماس. * مۇھەببەتنىڭ ئېسىلى دەسلەپكىسى. * بوراندا ئۆز كۆزۈڭگە ئىشەنگىنىڭ خوپ، يامغۇردا ئۆز ئۆتۈكۈڭنى كىيگىنىڭ خوپ.

ياخشىلىقچە ياخشىلىق بىلەن چىرايلىقچە

ئىش-ھەرىكەتنى ئۇرۇش-تالاش قىلماي ئوبدان پۈتتۈرۈشكە دالالەت.

ياخشىلىقچە بىرنۆۋەت، بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈسەن. * ئىش بۇ يەرگە يەتتى، ئەمدى ياخشىلىق بىلەن ئاجرىشايلى. * چىرايلىقچە پۈتۈشكەن ياخشى، غەلۋىنىڭ نېمە لازىمى.

يادرو ئۆزەك مايا

نەرسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان ماددا؛ بىرەر تەشكىلات، گۇرۇھنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان شەخسلەر.

بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ — جۇڭگو كومپارتىيىسى. * ئۆزەكتىن چىققان ئوت يامان، ئۆزدىن چىققان يات يامان.

يار I قىيا هاڭ يارداڭ گىلاڭ ئۇچۇرۇم ئۇچما چۇغۇردان

تاغۇ تاشلار ۋە سۇ بويىنىڭ ئويۇلۇپ كەتكەن يېرى.
"هاڭ" بەك چوڭقۇر ئويۇلغان يەر.
"گىلاڭ" قۇمۇل شېۋىسىدە "تىك يار".
"ئۇچۇرۇم"، "ئۇچما"لار ئەڭ خەتەرلىك چوققا.

ياردىن ئۆرۈلساڭمۇ ياۋغا بوي بەرمە. * يارنى چىم بېكىتىدۇ. * تىك قىياغا مىڭ يىل قاراپ تۇرساڭمۇ ئۆزۈڭدىن بىرەر يوچۇق پەيدا بولمايدۇ. * جاپا-مۇشەققەت تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن پەلەمپەي، قاۋۇللار ئۈچۈن دۆلەت، ئاجىزلار ئۈچۈن تېگى يوق هاڭدۇر. * ئالدىمىزدىكى يارداڭدىن ساق-سالامەت ئۆتسەك، ئۇ تەرىپى تۈز يول.

يار II نىگار جانان ئاشنا ئاداش دىلبەر دىلدار دىلرەبا قاسىنچىغ

كۆڭۈل سۆيگەن كىشى، بىر-بىرىگە كۆيگەن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى.

"ئاشنا"، "ئاداش" كۆپىنچە خوتۇنلۇق ئەر ياكى ئەرلىك خوتۇن ياكى بويتاق، تۇل ئەر-ئاياللاردىن بىر-بىرىگە كۆڭۈل بەرگەنلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

"دىلبەر"، "دىلدار"، "دىلرەبا"لار كىتابىي سۆزلەر، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

بىر قول ئىككى ئىشنى قىلالماس زىنهار، بىر دىلغا سىغمايدۇ هەرگىز ئىككى يار. * يارىم چىقتى تالاغا، مېنى قويدى بالاغا. * ئىككى ئالەمدە مېنىڭ نىگارىم بولسا يېنىمدا، بەس؛ يا بېهىش، دوزاخ، يا هۆرۈ غۇلمان كېرەك ئەمەس. * جاندىن كەچمىگۈچە، جانانغا يەتكىلى بولماس. * ئاشناڭغا ئىشەنمە، ئەرسىز قالما. * ئاداش تاپتىم بازاردىن، خالاس بولدۇم قازادىن. * باشقا تۈگمەن تېشى كەلگەندە هەتتا، دىلبىرىدىن قايتسا دىل ئەمەس ئەسلا. * دىلى كۆيگەنگە دىلرەبا بول.

يار III يۆلەك تىرەك تايانچ قانات

خەيرخاه؛ ياردەملەشكۈچى، يۆلىگۈچى.

دادىلغا بەخت يار. * يارىم يار بولسا، هېچنېمىدىن قورقمايمەن. * يىقىلغانغا يۆلەك بول. * يار قېشىمدا ئولتۇرسا. تاغدەك يۆلەك ئەمەسمۇ، ئاغزىدا دېگەن بىلەن، كۆڭلى بۆلەك ئەمەسمۇ. * بۇ بوستاندا دوستلار بولمىسا تىرەك، نېسىپ بولماس، مەقسەت گۈلىنى تەرمەك. * تايانچ تاپتىم تالادىن، قۇتۇلۇپ قالدىم بالادىن. * ئەر قانىتى — ئات.

يارا جاراھەت چاقا زىدە زەخمەت يېغىر قارت

تىغدىن، قاتتىق ئۇرۇلۇشتىن، ماددا ئالماشتۇرۇشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولىدىغان شىكەستە.

"يېغىر" ئات ـ ئۇلاققا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

قول يارىسى كېتەر، تىل يارىسى كەتمەس. * ئۇنىڭ يارىسىغا تەگمە. * يارىسىغا تۇز سەپمە. * جاراھەتنىڭ ئاغرىقى جاننى ئېلىپ، جاڭگالدا قويىدۇ. * چاقاڭ ساقايغۇچە چالۋاقىما. * قېتىقنىڭ ئىچى زىدە، گالۋاڭنىڭ بېشى زىدە. * كۈچلۈكلەردىن زەخمەت يېمەي دېسەڭ، كۈچسىزلەرگە پايدا يەتكۈز. * توختى ئاخۇننىڭ ئېتى ئېگەر غاجىلاپ يېغىر بوپ قاپتۇ.

ياراتماق ياقتۇرماق

ماقۇل كۆرمەك، ياخشى كۆرمەك.

يار مېنى ياراتمىسا، ئۆزگە يەردىن يار تۇتاي. * ئوت سۇنى ياراتمايدىغان بولسا، سۇ ئوتنىڭ نېمىسىنى ياراتسۇن!؟ * قولىدىن كېلىدىغىنىنى ياقتۇرماس، ياقتۇرغىنى قولىدىن كەلمەس.

ياراشماق ئەپلەشمەك كېلىشمەك بېكىشمەك تۇغۇشماق

ئۇرۇش ـ تالاشنى توختىتىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلىماق، خوپ بولۇپ قېلىشماق.

يارىشىش شەرتى بولسا، يارىشىشنى رەت قىلىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. * ئۇلار ئەمدى ئەپلىشىپ قاپتۇ. * ئەقىلسىزلەر دەۋالىشىدۇ، ئەقىللىقلەر كېلىشىدۇ. * چېكىشمىگۈچە بېكىشمەس.

ياردەم كۆمەك مەدەت بوسۇت

بىرئۇغا ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولغان يار ـ يۆلەك. كۆرسەتكەن ئەقىل، نەسىھەت.

سېنىڭ ماڭا ياردىمىڭ تەگسە، مېنىڭمۇ ساڭا ياردىمىم تېگەر. * ۋاقتىدا قىلىنغان كۆمەك ـ ھەقىقىي قىممەتلىك كۆمەك. * مەدەت بەرمەك مەردىنىڭ ئىشى. * ئاجىزلارغا ياردەم، زەئىپلەرگە كۆمەك، كۈچسىزلەرگە مەدەت بەر.

ياردەملەشمەك كۆمەكلەشمەك بولۇشماق قاراشماق مەدەت بەرمەك ياردەم قولىنى سۇنماق قولغا قول، پۇتقا پۇت بولماق

ماددىي جەھەتتىن، مەنىۋى جەھەتتىن يار ـ يۆلەك بولماق.

ياردەم كۈتسەڭ، ياردەملەش. * ئۆزئارا ياردەملەشمەك ـ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئوبدان ئۆتۈشىنىڭ ئەڭگۈشتىرى. * بىلمىگەنگە بولۇشما. * بولۇشساڭ جانغا بولۇش. * ئالدىراپ قالغانغا قاراش. * قاراشقانغا مىننەت قىلما. * كۈچسىزلەرگە مەدەت بەر. * دوستۇڭ تەس كۈنگە قالغاندا ياردەم قولۇڭنى سۇن. * سەن چوڭ بولدۇڭ، ئەندى ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بول.

يارىدار مەجرۇھ

يارىلانغان، جاراھەتلەنگەن.

يارىدار كېيىك ياتالماس. * مەجرۇھقا مەدەت بول.

يارىماس بولمىغۇر بولۇمسىز ئەرزىمەس

ھېچ ئىشقا، ئىستېمالغا يارىمايدىغان، سۈپىتىنى يوقاتقان.

يارىماس گەپنى تىلىڭدىن كۆرمە، دىلىڭدىن كۆر. * ياخشى بولغىن، ھەتتا دۈشمىنىڭ ئاسان سېنى دېيەلمىسۇن، يارىماس ـ يامان. * سۆزۈڭدەك بولمىسا، ئۆز ھەرىكىتىڭ، بولمىغۇر لاپتۇر ھەممە نەسىھەتىڭ. * بولۇمسىزنى بولدۇرالمىدىم. قاپ ـ قاچىسىنى تولدۇرالمىدىم. * ئەرزىمەستە ئارمان يوق. * ھاراق ئىچىش باش ئاغرىتىشقا ئەرزىمەس.

ياز ئاياز ياي

تۆت پەسىلنىڭ بىرى، باھار بىلەن كۈزنىڭ ئارىسىدا، ئىسسىق پەسىل.

"ئاياز" كىتابىي سۆز، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۇچرايدۇ.

ھورۇننىڭ ئىتى يازدىمۇ كۆتۈرەم. * يازنىڭ ئۇزۇقىنى تىلىگۈچە ئاپتىپىنى تىلە. * يامغۇرلۇق ئاياز كۈزدىن بەتتەر.

يازغۇچى ئەدىب

بەدىئىي ئەسەر يازىدىغان كىشى.

جان دوستىنى قانداق ئىزدىسەڭ، يازغۇچىنى شۇنداق تاللا. * ئۇلۇغ ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن مەشھۇر.

يازماق پۈتمەك خەتلىمەك قەلەم تەۋرەتمەك

قەغەز، تاختا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۈستىگە خەت چۈشۈرمەك.

يىراقتىكى دوستلارغا خەت يازدىم. * بولغان ئىشلارنى پۈتۈپ قويۇش كېرەك. * مېيىپلارغا بەرگەن ياردەم پۇلىنى خەتلە. * بۇ كىنو سىنارىيىسىنى ئۈچەيلەن يازغان، مەن قەلەم تەۋرەتكەن.

ياسانچۇق سۆلەتۋاز

ياسىنىپ-تارىنىپ يۈرۈشكە ئامراق.

كېپىنەك پەرۋانە بولماس، ياسانچۇق مەردانە. * سۆلەتۋاز سۆلىتىدىن چۈشسە، ئىككى ئىلىك ئېتىدىنمۇ چۈشىدۇ.

ياسانماق تارانماق

باش-كۆزنى تاراپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى

بېزىمەك، جابدۇماق.

ياسانماي دېسەم خوجامدىن قورقىمەن، ياسىناي دېسەم خېنىمدىن. * تاز تارانغۇچە توي تارقاپتۇ.

ياستۇق تەكيە تېكىر سۇنچۇق پەيقۇ

ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندا باش ئاستىغا قويۇلىدىغان بۇيۇم.

"سۇنچۇق"، "پەيقۇ" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

بىر ياستۇققا باش قويماق. * ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ياتماق. * ھارغىنلىق ئوبدان تەكيە. * تاز تېكىردا، توشقان نېتىردا.

ياش نۆۋەر نەۋقىران ئۆسمۈر

14 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان يىگىت-قىز.

"ئۆسمۈر" تېخىمۇ كىچىك، 14 — 16 ياشلاردا بالا.

"نۆۋەر"، "نەۋقىران"لار كىتابىي سۆزلەر، كەم ئىشلىتىلىدۇ.

ياش كەلسە ئىشقا، قېرى كەلسە ئاشقا. * ياشتىن خاتالىق ئۆتسە، قېرىدىن ئۆزرە-ئەپۇ كەلسۇن. * نۆۋەر چېغىڭنى بىكار ئۆتكۈزمە، ئاسرا. * نەۋقىران چاغلار قېرىغاندا ئەسلەشكىلا قالمىسۇن. * ئۆسمۈرنىڭ يولى ئۇزۇن. * ياش-ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى.

ياشا ياشىسۇن ئۇررا

تىلەك، تەبرىك سۆزى، شوئار.

ياشاڭلار، ئەزىمەتلەر! * ياشىسۇن ھايات يالقۇنى! * ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئۇررا!

ياشاپ كەت كامال تاپ ياغ چاينا قەنتىڭنى چاق مېغىزىنى چاق ئاتاڭغا رەھمەت ئاتاڭ ئايلانسۇن

ماختاش سۆزى، ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا مىننەتدار

بولۇپ، ئىلھام بېرىپ ئېيتىلىدۇ.

"ياشاپ كەت" ئىنتوناتسىيىگە باغلىق، ئىنتوناتسىيە سۇس بولسا، "تەنە" بولۇپ قالىدۇ.

ياشاپ كەت، خۇدا قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن! * كامال تاپ، بالام، كامال تاپ! * قولۇڭدىن كەلسە، ياغ چاينا. * خوپ قىلىپسەن، قەتتىقنى چاق! * بار، ياخشى ئىشلە، پۇل تاپ، مېغىزىنى چاق! * رەھمەت بالام، ئاتاڭغا رەھمەت، ياخشى بالا ئىكەنسەن. * بولدى، بولدى، ئاتاڭ ئايلانسۇن، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر!

ياشلىق ئۆسمۈرلۈك

ياش ۋە ئۆسمۈر ۋاقىتلار؛ ياش ۋە ئۆسمۈرگە خاس ئىش-ھەرىكەت.

ياشلىق شاملى — قاتتىق شامال. * ياشلىقىڭدا بىلىم ئال، قېرىغاندا ئىشقا سال. * ياشلىق ئالىيجاناب تۇيغۇلارنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر. * ياشلىقنىڭ ئۆزى ھايات پوئېزىيىسىدۇر. * ئۆسمۈرلۈك گۈزەل چاغ، ئوقۇش چېغى.

ياشىماق ھايات كەچۈرمەك تۇرمۇش كەچۈرمەك كۈن كۆرمەك تىرىكچىلىك قىلماق ئۆمۈر سۈرمەك

بۇ دۇنيادا مەۋجۇت تۇرماق.

كۆپ ياشىغان بىلمەس، كۆپ كۆرگەن بىلەر. * مېنىڭ ياشاش پەلسەپەم — ئىشلەش. * شۇنداق ياشىغىنكى، سەن بولساڭ شەرقتە، ساڭا دۇئا قىلسۇن ئادەملەر غەربتە. * مېنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتىم باشقىلارنى تېخىمۇ گۈزەل ھايات كەچۈرۈشكە ئېرىشتۈرۈش. * تۇرمۇش كەچۈرۈش — چوڭ جەڭ. * كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلەشتىن باشقا ئامال يوق. * تىرىكچىلىك قىل، تۇرمۇشۇڭنى ياخشى ئۆتكۈز. * ئۆمۈر سۈرمەك ئاسان ئەمەس.

ياغ ماي ئۆز چىر

مال-چارۋىلار، جانىۋارلارنىڭ تېنىدە، سۈتىدە، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى، ئۇرۇقىدا، دېنىدا، گۈلىدە بولىدىغان ماددا.

قوي يېغى؛ زىغىر يېغى. * ياغ يەپ يالڭاچ يات. * ياغدەك ياقماق. شەيتاندىن، توپا يەمسەن؟ — دەپ سورسا، يېغى بارمۇ؟ — دەپتۇ. * ماي قاچىسى سىرتىدىن مەلۇم.

ياغاچچى مۇرجاك خارەت

ياغاچ، تاختايلاردىن ئۆينىڭ ياغاچ قۇرۇلمىلىرىنى ۋە ھەر خىل جاھازلارنى ياسىغۇچى.

"مۇرجاك" خەنزۇچە: 木匠. ئۈرۈمچى، تۇرپان شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

"خارەت" خوتەن دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

ياغاچچى ئۇستا بولسا، ياغاچقا جان كىرگۈزىدۇ، نائۇستا بولسا، ياغاچنى ئوتۇن قىلىدۇ.

ياغسىز مايسىز

يېغى بولمىغان، يېغى يوق، ياغ-ماي سېلىنمىغان.

بېلى بوش ئادەم — ياغسىز چىراغ. * مايسىز تاماقتا قۇۋۋەت يوق.

ياغلىق رومال شال لېچەك چىپچەك سارىغۇچ

خوتۇن-قىزلار بېشىغا سالىدىغان تۆت بۇرجەك ياكى ئۈچ بۇرجەك، چوچىلىق توقۇلما.

"چىپچەك" قۇمۇل شېۋىسىدە، "سارىغۇچ" قەشقەر شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ساق باشقا باغلىق تاڭسا، * رومىلىنى يۇدۇردۇم، قارا تالغا يېيدۇردۇم، خۇدا قوشقان يارىمنى قاراقچىغا ئالدۇردۇم. * شال سالغان ئايال سالاپەتلىك كۆرۈنەر. * لىچەك كىيمىگەنگە قارىسىغا باھا بەرمە.

ياغلىما سۆز ياغلىما گەپ

ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئەمما كېلىشتۈرۈپ، ھىيلە بىلەن ئېيتىلغان گەپ ـ سۆز.

ئۇزۇن يىللار ئىچىدە ئۇلار ئۇ ياغلىما سۆزلەرنى قانچە ـ قانچە قېتىم تەكرارلىغان. * ئەمدى ياغلىما گەپلىرىڭنى قوي!

ياغلىماق مايلىماق

ياغ ـ ماي سۈرتمەك.

ھارۋىنىڭ چاقىنى ياغلاپ تۇرۇش كېرەك، بولمىسا غىچىرلايدۇ. * ئاياغنى پات ـ پات مايلاپ تۇرساڭ، ھەم چىرايلىق بولىدۇ، ھەم چىداشلىق بولىدۇ.

ياق يوقسۇ

ئىنكار مەنىسىدە كېلىدۇ. "يوق"تىن ئۆزگەرگەن.

ـــ بازارغا بارامسەن؟
ـــ ياق.
ـــ ئاش يېدىلىمۇ؟
ـــ يوقسۇ.

ياقماق قالماق تۇزغۇتماق

ئوتنى تۇتاشتۇرماق، ياندۇرماق.

يېقىشنى بىلسەڭ قارمۇ يانار. * كۆپ ياققان ئوت كۆككە كېتەر.

ياقىسىغا ياماشماق ساقىلىغا ياماشماق

بىراۋنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە ئېسىلىۋېلىپ ئەلۋە قىلماق.

ئاغزىمدىن چىقتى، ياقامغا ياماشتى. * كىچىككىنە تۇرۇپ، ھەدەڭنىڭ ساقىلىغا ياماشساڭ سەت ئەمەسمۇ؟

ياگاۋ چىش پاستىسى

چىشنى يۇيۇپ، تازىلاپ تۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس مەلھەم.

ياگاۋنىڭ تۈرى بەك كۆپ، ھەركىم ئۆز چىشىنىڭ ۋە ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، تاللاپ ئىشلەتسە ياخشى ئۈنۈم ئالىدۇ.

ياڭراق جاراڭلىق

جاراڭلىغان ئاۋاز چىقىدىغان.

ھەرىكەت تىلدىن ياڭراق. * جاراڭلىق تاۋۇش. * جاراڭلىق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گەپتە مەزە يوق.

يالاق ئۇلاق

ئىت، مۈشۈك قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىغا تاماق بېرىلىدىغان قاچا.

ئېلىنى ساتقان يالاقتا ئاش يەر. * ئىتمۇ يالىقىنى قورۇيدۇ. * يالىقىڭنى يالاپ يۈرىۋەر. * ئۇلاقتا خار بولما.

يالاقچى يۇندىخور سۆڭگۈچكۈ

بىراۋنىڭ يالىقىنى يالاپ، يۇندىسىنى ئىچىپ يۈرىدىغان پەس تەبىئەتلىك خۇشامەتچى كىشى.

"سۆڭگۈچكۈ" لوپنۇر دىئالېكتىدا قوللىنىلىدۇ.

موللىنىڭ يامىنى قاراقچى بولار، ئادەمنىڭ يامىنى يالاقچى. * يۇندىخورنىڭ يۈزىگە قارىما.

يالتايماق ئاينىماق

ئەسلى ھالدىن ئۆزگىرىپ قالماق، سۆزىدىن يېنىۋالماق، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق.

يالتايغانغا يالۋۇرما. * ئاينىپ كەتكەن دوست ئەمەس.

يالغان يالغان-ياۋىداق ساختا جا رىيا غەلەت قاپ دۇرۇغ

راست ئەمەس، ھەقىقىي ئەھۋالغا زىت.

"يالغان"، "يالغان-ياۋىداق" ئومۇمەن گەپ-سۆزگە قارىتىلىدۇ.

"ساختا"، "جا"، "رىيا"لار ئادەم ۋە نەرسىلەرگە قارىتىلىدۇ، ھىيلە-مىكىر ئارىلاشقان بولىدۇ.

"غەلەت" ئەسلى ھالدىن باشقىچە ھال.

"جا" خەنزۇچە: 假

يالغانمۇ يولى بىلەن بولسۇن. * يالغان-ياۋىداقنىڭ ئۇۋۇسىنى تاپماق تەس. * ساختا مال ئاسان سېزىلىدۇ. * جا ئادەم ئاخىر جاندىن ئايرىلىدۇ. * رىيا ئىش يامانلىققا قوشنا. * غەلەت ھەرىكەت قىلساڭ، غەلبە يوق.

يالغانچى ساختىپەز رىياگەر قاپىلاق تەرتۆ

سەممىي-راستچىل ئەمەس شەخس.

"قاپىلاق" ئىلى شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

يالغانچى يالچىماس، ئوغرى بېيىماس. * يالغانچى ئادەم ئەمەس. * ساختىپەز نادانىنى تاپىدۇ، دانادىن قاچىدۇ. * رىياگەر باشقىلارنى رىيا بىلەن ئالدايدۇ، كېيىن رىيا بىلەن ئالدىنىدۇ.

يالغانچىلىق ساختىپەزلىك رىياگەرلىك

سەممىي بولمىغان قىلىق، ھەرىكەت.

يالغانچىلىقنى ياقتۇرمىساڭ، يالغانچىغا سوئال قويما. * ساختىپەزلىك چىرىكلىشىشنىڭ باشلىنىشى. * رىياگەرلىك رەزىللىككە ئاپارىدۇ.

ياللانما دېھقان باتراق

پومېشچىك، باي دېھقانلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان يەرسىز دېھقان.

ياللانما دېھقان يېزىلاردىكى پرولېتارلاردۇر.

يالڭاياغ قوڭالتاق

ئاياغ كىيمىگەن.

"قوڭالتاق" ئاياغ ئىچىگە پايپاق كەيمىگەن ياكى پايتىما ئورىمىغانغىمۇ ئېيتىلىدۇ.

تار ئۆتۈكتىن ساز يۈرۈش يالڭاياغ، ئۆيدە قوۋغا بولسا، غۇربەت ياخشىراق. * قوڭالتاقتا قىڭغىر كەش.

ياماق قۇراق

يىرتىلغان، تېشىلگەن، ئۈزۈلگەن... يەرنى يامىغاندا ئىشلىتىلگەن رەخت، لاتا.

"قۇراق" ئۇششاق، پارچە لاتىلاردىن قۇراشتۇرۇلغان لاتا.

يەرنىڭ يامىقى يوق، سۆزنىڭ ئايىغى. * ياخشى سۆزگە قۇلاق سال، يامان سۆزگە ياماق. * قۇراق تەكىيە ئەجىرسىز كەلگەن ماموق ياستۇقتىن ياخشى.

ياماق بولالماسلىق سەي بولالماسلىق

بىرى بىرىسىگە نىسبەتەن ھېچنېمىسىگە ئەرزىمەسلىك، دال

بولماسلىق.

سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ دەردىمگە ياماق بولالمايدۇ. * سېنىڭ بۇ نېمىلىرىڭ ئۇنىڭ ئەكەلگەنلىرى ئالدىدا سەي بولمايدۇ.

يامان ناچار ئوسال ئەسكى قەبىھ ئاپاغ چەگدەل يابىلاق يارىسغاق ياۋۇز يابىز ياۋاز

ياخشى ئەمەس، سۈپىتى تۆۋەن، خۇي-پەيلى بۇزۇق، يېقىمسىز، كۆڭۈلسىز، زىيانلىق.

يامان ئىشنىڭ پۈتى يوق، تېز يۈگۈرىدۇ. * يامان بىلەن يولداش بولما، نادان بىلەن سىرداش. * ياماندىن يىراق قاچ. * ياخشىغا كۆرۈم يوق، يامانغا ئۆلۈم. * ناچار بىلەي تېز خورايدۇ. * ياخشى قوشنا دەردكە داۋا، ئوسال قوشنا باشقا بالا. * ئەسكى تۆمۈردىن شەمشەر پۈتەمدۇ؟ * يالغانچىنىڭ سۆزى قانچە چىرايلىق بولسا، شۇنچە قەبىھتۇر.

يامان بولىدۇ سەت بولىدۇ گۇناھ بولىدۇ ئۇيات بولىدۇ

ئادەت سۆزى: بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن توسۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

زاۋالدا تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ. * قىز بالا رەستىدە يالاڭباش يۈرسە سەت بولىدۇ. * ھاراقتى كۆپ ئىچسە گۇناھ بولىدۇ. * جامائەت ئالدىدا تاماكا چەكسە كىچىك بالا ئۇيات بولمامدۇ؟

يامانلىق ناچارلىق ئوساللىق بۇزۇقلۇق ئەسكىلىك قەبىھلىك قىلغۇلۇق

يامان-ئەسكى ھالەت، قىلىق.

يامانلىقنى ئامانلىق يېڭەر. * يامانلىق — ياۋنىڭ تامغىسى. * يامانلىق تېرىغان يامانلىق كۆرەر. * يامانلىق قىلساڭ، يامانلىق كۆرۈسەن.

* يىرگىنىدۇ، ياخشىلىققا تەلپۈنىدۇ. * ئوساللىق ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ. * بۇزۇقلۇق يۇرت بۇزىدۇ. * ئەسكىلىكنىڭ يىلتىزى ھورۇنلۇق. * قەبىھلىك تېرىساڭ، ئۆچمەنلىك يىغىسەن. * قىلغۇلۇقنى قىپ بولدۇڭ، يەنە نېمە كېرەك؟

يامغۇر يېغىن ياغمۇر يادا

بۇلۇتتىن تامچە-تامچە چۈشىدىغان سۇ.

”ئۆتكۈنچى يامغۇر. ئاق يېغىن.

سىم-سىم يامغۇرمۇ يولنى بۇزالايدۇ. * بۇلۇت چىقماي يېغىن ياغماس، دەرد تارتماي ياش ئاقماس.

يامغۇرلۇق يېغىنلىق

يامغۇر كۆپ ياغىدىغان.

يامغۇرلۇق كۈنلەردىمۇ قۇياش مەۋجۇت. * يېغىنلىق چاغدا يېنىمدىن كەتمە.

يامىنى كەلسە يامىنىغا كەلسە

ئىش-ھەرىكەتتىن يامان نەتىجە چىقىپ قالسا.

قورقما، يامىنى كەلسە،، جاننى ئالار. * يامىنىغا كەلسە، مەنسىپىنى قولىغا بېرەرمەن.

يانارتاغ ۋولقان

يەر شارىنىڭ ئۈستكى قاتلىمىنىڭ بېسىمى ئازايغانلىقتىن، يەر شارىنىڭ ئاستىنقى چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھارارەتلىك جىسىمنىڭ يېرىقلاردىن پارتلاپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان.

تىرىك يانار تاغ، ئۆلۈك يانار تاغ. * فىلىپپىندا يانار تاغ پارتلاپ، زور تالاپەت كەلتۈردى.

يانچۇق چۆنتەك يانخالتا ھەميان

چاپان، شىمغا تىكىلگەن ياكى مەخسۇس تەييارلانغان پۇل ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر سالىدىغان خالتا.

يانچۇقۇڭغا قاراپ خەجلە. * تويىمىغۇرلۇق چۆنتەك تېشىدۇ. * پىيادىغا يانخالتا ئېغىر. يانخالتىسىدا بىر پۇل يوق، تۆگىسىنىڭ چىشىنى ساناپتۇ. * ھەميان كەتسە كەتسۇن، ۋەدە يالغان بولمىسۇن. * ھېسابىنى بىلمىگەن ھەمىيىنىدىن ئايرىلار.

يانچۇقچى جەلگۇر

كىشىلەرنىڭ يانچۇقلىرىدىكى پۇل ـ ماللىرىنى ئوغرىلايدىغان يامان ئادەم.

يانچۇقچى بازاردىكى مالىمانغا ئامراق. * كوچا ئاپتوبۇسى جەلگۇرلەر كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان يەر بولۇپ قالمىسۇن.

يانماق قايتماق

چىققان يەرگە كەلمەك.

ياخشىلىق قىلساڭ، ياخشىلىق يانار. * قايتقان مالدا بەرىكەت بار. * بارسەن دېگەن يارىم، يانسەن دېگەن يارىم، سەن مەندىن ئايرىلساڭ، ئۆلسەن دېگەن يارىم. * باراردا ھەمراھىڭ بولاي، قايتاردا جۈپتۈڭ.

ياۋاش رايىش مۆمىن

ئېغىر ـ بېسىق، غەلۋىسى يوق.

مېھمان قويدىنمۇ ياۋاش. * شىرھەرقانچە ياۋاش بولسىمۇ، قولۇڭنى ئاغزىغا تىقما. * رايىش مولىلام زاكات ئالار. * قەھرىستان قىشتا توڭگۇزمۇ مۆمىن.

يايلاق ئوتلاق

مال يايلىتىدىغان، ئوتلىتىدىغان چۆپلۈك يەر.

گۈزەل يايلاقمۇ زەھەرلىك چۆپتىن ساقلانسا بولىدۇ. * شىنجاڭدا 960 مىليون مو يايلاق ـ ئوتلاق بار، لېكىن تەڭدىن تولىسى ناچار.

يەر زېمىن

تېرىلغۇ قىلىنىدىغان ياكى تېرىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان جاي.

يەر ـــ دېھقانغا قۇت، ھۆرۈنغا جۇت. * ئاتامىمۇ يەر، ئانامىمۇ يەر. * يەر ـــ قاققان قوزۇق. * شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتر. 14 مىليون نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا ھەربىر كۋادرات كىلومېتر يەرگە 8.6 ئادەم توغرا كېلىدۇ. لېكىن تېرىلغۇ قىلىشقا بولىدىغان يەر كۆپ ئەمەس. * زېمىن ـــ ھوسۇلنىڭ ئانىسى، ئەمگەك ـــ ھوسۇلنىڭ ئاتىسى.

يەر قىلماق يەرگە كىرگۈزۈۋەتمەك

رەسۋا قىلماق، يۈزىنى قويماسلىق.

دۈشمەن قەست قىلسا، ئىككىلەنمە، ئۇر، يوقات، يەر قىل. * ئۇلار يا سىزنى كۆتۈرۈپ كۆككە چىقىرىۋېتەتتى، يا سىزنى بېسىپ يەرگە كىرگۈزۈۋېتەتتى.

يەزنە پەچچە

ئاچىنىڭ ئېرى.

يەزنەڭ كەلسە كۈت، يەڭگەڭ كەلسە قاچ.

يەككە يېگانە يالغۇز تەنھا بىر ئۆزى كاكىسالتاڭ

جۈپ، كۆپ ئەمەس، پەقەت بىرلا، ئادەمگە قارىتىلغان.
”كاكىسالتاڭ“دا كەمسىتىش مەنىسى بار.

يەككە - يېگاتە تۇرۇپ، رەقىبنى يەڭگىلى بولمايدۇ. * يالغۇز ماڭساڭ يول يىراق. * يالغۇز يۈرۈپ پۇل تاپقۇچە چىشىڭ تۆكۈلەر. * ياۋۇز كىشىنى دوست تۇتقاندىن تەنھا يۈرگەن ياخشى. * مەيدانغا بىر ئۆزى يالغۇز چۈشكەن باتۇر سانالماس. * كاكسالتاڭ كارغا كەلمەس.

يەكلىمەك چەتكە قاقماق

ئارىغا ئالماسلىق.

ياقتۇرغاننى يەكلىمە. * ئىرىنى يەكلىگەننى ئەل يەكلەيدۇ. * كەڭ دىڭىز تار ئىقىننى چەتكە قاقمايدۇ. * ئىلگىرى جۇڭگودا چەت ئەللىك كىشىلەرنى چەتكە قېقىش دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن.

يەكۈن خۇلاسە

ئادەم ياكى شەيئى ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈم.

قوۋزىقىغا قاراپ، دەرەختىن خۇلاسە چىقارما. * ئىككى تەرەپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئاندىن يەكۈن چىقار.

يەكۈنلىمەك خۇلاسىلىمەك

بىرەر ئىش - ھەرىكەتتىن ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزۈپ ھۆكۈم چىقارماق.

ھەرقانداق ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ياخشى ئويلىنىپ، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ يەكۈنلەش — كېيىنكى ئىش ئۈچۈن پايدىلىق. * تۈنۈگۈنكى يىغىننى ئاخىردا خۇلاسىلىدۇق.

يەڭمەك ئۇتماق

ئۈستۈنلۈك قازانماق.

يەڭگەن سۇلتان، يېڭىلگەن ئۇلتاڭ. * بىلىكى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى. * يېڭىلگەن مەن، يەڭگەن سەن ئەمەس. * يېڭى ئۇتار، كونا ئۆلەر.

يەڭ ئىچىدە ئىمى - جىمىدا

داۋراڭ سالماي، گەپ - سۆز چىقارماي، كۆز - كۆز قىلماي، خۇپىيانە يوسۇندا.

بۇ ئىش ياخشى بولماپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ ئەمدى يەڭ ئىچىدە پۈتتۈرەيلى. * بەزى ئىشنى داۋراڭ سالماي ئىمى - جىمىدا پۈتتۈرگەن ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

يەم بوغۇز ھەلەپ پوم يەم - خەشەك دان ئاشبار ئەس

ھايۋانلار، ئۇچار قاناتلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇق.

"ھەلەپ" سامانغا كېپەك ئارىلاشتۇرۇلغىنى.

"پوم" تۆگە ئوزۇقى، قوناق ئۇنىدىن قىلىنىدۇ.

قۇشنى يەم ئالدايدۇ، ئادەمنى گەپ. * ئاتنى قامچا بىلەن ھەيدەگۈچە، يەم بىلەن ھەيدە. * بوغۇزنى پۈتۈن يېسە، ئايىغىدىن تۇتۇن چىقار. * قالماق ئېتى بوغۇز يېمەس، بوغۇز يېسە توۋرا تېشەر. * ئىنەكنىڭ سۈتى يېلىنىدە ئەمەس، ھەلەپتە. * تۆگىنى پوم باقىدۇ، پومنى تۆگە كۆتۈرىدۇ. * يەم - خەشەك تەق بولسا، مال تەل بولىدۇ. * قۇش قانچە ئېگىز ئۇچسىمۇ دېنىنى يەردىن يەر. * دان ئۈچۈن، تاجىدار خوراز بېشىنى يەرگە ئېگىدۇ. * ھايۋانات باغچىسىدا شىرغا ئەس بەردى.

يەمچۈك دالۋاي

قارماق، تۇزاقلارغا ئىلىپ قويىدىغان گۆش، سازاڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر.

بېلىق قارماقنى كۆرمەيدۇ، يەمچۈكنى كۆرىدۇ. * يەمچۈكنى يېدىڭ، قارماققا ئىلىندىڭ.

يەھۇدىي ئىبرانىي جوھۇت

تىلى سامائىي تىللىرىغا مەنسۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان،

كېلىپ چىققىنى ۋە دىنى بىر خىل بولغان گۇرۇپپىلاردىن ئىبارەت بىر مىللەت، ھازىر ئىسرائىلىيىگە توپلىنىشقا ئۇرۇنماقتا.

"يەھۇدىي" ئومۇمىي نام. * "جوھۇت"تا كەمسىتىش مەنىسى بار.

* يەھۇدىي قىساسچىلىرى پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىغا تەھلىكە سېلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

يوپۇرماق ياپراق بەرگ

ئۆسۈملۈكنىڭ ئوزۇقلىنىش ئورگانلىرىنىڭ بىرى.

جۇپتى يوق ئەر، يوپۇرمىقى يوق تېرەك. * ياپراق چۆكۈپ، تاش لەيلەيدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ. * ئانىسى ئۇسسۇل ئوينىسا، بالىلىرى چاۋاك چالىدۇ، ئۇ نېمە؟ (— يوپۇرماق، ياپراق).

يوپۇق ياپقۇچ

نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويىدىغان مەخسۇس توقۇلما.

ئاتنىڭ يوپۇقىنى يېپىپ قوي. * تۆنۈگۈن بىر چىرايلىق ياپقۇچ تىكتىم.

يوتقان كۆرپە يېپىنچا سېلىنچا تۆشەك يېكەنداز تۆسەنگۈ چاچغۇت

ئادەم ياتقاندا ئۈستىگە يېپىنىدىغان، ئولتۇرغاندا ئاستىغا سالىدىغان نەرسە. ئادەتتە تاش بىلەن ئەستەر ئىچىگە پاختا، يۇڭ، پەر سېلىپ تىكىلىدۇ.

"تۆشەك" ئومۇمىي نام.

"يېپىنچا"، "يوتقان" ئومۇمەن ئۈستىگە يېپىنىدىغىنى.

"سېلىنچا"، "كۆرپە" ياتقاندا ئاستىغا سېلىنىدىغىنى.

"يېكەنداز"، "كۆرپە" ئولتۇرغاندا ئاستىغا سېلىنىدۇ.

يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن. * قار — قارا يەرنىڭ كۆرپىسى.

* كۆرپەڭنى قانداق سالساڭ، چۈشۈڭنى شۇنداق كۆرۈسەن. * يەرنى سېلىنچا، كۆكنى يېپىنچا قىلىپ كەلدىم. * مېھمانغا يېكەنداز سال، كۆڭلىنى ئال.

يورۇق نۇر زىيا شولا ياشۇق ئىشىق

جىسمنى يورۇتۇپ، كۆرگىلى بولىدىغان قىلىدىغان نەرسە. كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى.

سوقۇرغا يورۇقنىڭ نېمە كېرىكى؟! * قۇياشنىڭ نۇرىنى توسقىلى بولماس. * تەقدىر يامانلىقنى كۆرگەندە راۋا، ساۋاق ئال ئۇنىڭدىن تاپقىن نۇر-زىيا. * قۇياش قانچە ئېگىز بولسا، شولىسى شۇنچە قىسقا بولار. * نۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا تەخمىنەن 300 مىڭ كىلومېتىر.

يورۇقلۇق نۇرلۇق

نۇر چۈشكەن ھالەت، يورۇق ھالەت.

يورۇقلۇق بار يەردە، زۇلمەتمۇ بار. * ھەقىقەت نۇرلۇق بولغاچقا، كىچىككىنە يوچۇقتىنمۇ جاھاننى يورۇتالايدۇ.

يورۇماق نۇرلانماق

يورۇقلۇق چۈشمەك.

تاڭ يورىدۇ، زۇلمەت كېتىدۇ. * شام ئۆچەر ۋاقتىدا بىردىنلا نۇرلىنار.

يوشۇرۇن ئاستىرتىن خۇپىيانە مەخپىي تۇيدۇرماي ئوغرىلىقچە ياشۇت

ھېچكىمگە بىلدۈرمەي، كۆرسەتمەي.

يوشۇرۇن قىلغان ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ئاشكارا قايتار. * يوشۇرۇن دەرد-ئەلەم يۈرەكنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ. * كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلماق — يامان ئەخلاق. * ماختانچاقنىڭ

شۆھرەتپەرەسلىكى ئۇنىڭ خۇپىيانە رەزىللىكىنى نامايان قىلدۇ. * مەخپىي ئىش مەخپىي پېتى قالارمۇ؟ * بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمىدىم. * ئوغرىلىقچە پۈتتۈرگەن ئىش شۇ پېتى قالسۇن.

يوشۇرۇنماق سوقۇنماق مۆكمەك

كۆزگە كۆرۈنمەسلىك، بىلدۈرمەي بىرەر يەرگە كىرىۋالماق.

چەتتە تاماق يېگەن ئۆيگە مۆكۈنەر، ئۆيدە تاياق يېگەن نەگە سوقۇنار. * سوقۇنغا سۇ بەر. * مۆكمەك ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىنغان ئامال.

يوق ئىش يوق گەپ

مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن بولمايدىغان ئىش-ھەرىكەت.

سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يۈز ياشقا كىرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ غايىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى يوق ئىش ئىدى. * كۈمۈش تەڭگە؟ سىلى مېنى كۈمۈش تەڭگە بىلەن قورقۇتماقچىمۇ؟ يوق گەپ.

يول I داۋلى

ئومۇمىي قائىدە-يوسۇن.

يولدىن چىقما، خاندىن قورقما. * داۋلىيىڭدىن چىقمايمەن، دوتەيىڭدىن قورقمايمەن، * تىللاش — داۋلى بىلمەيدىغانلارنىڭ داۋلىسى.

يول II سەپەر

بىرەر ئىش ياكى سەيلە-ساياھەت ئۈچۈن بىر يەردىن يەنە بىر يەر (ئادەتتە يىراقراق مۇساپە)گە بارماق.

يول ئازابى — گۆر ئازابى. * يول سورىماي يولغا چىقما. * ئۆز يولۇڭدىن قالما، كىشىلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن. ھەقىقەت يولىدىكى سەپەرگە يول خېتى لازىم ئەمەس. * ئۇزۇن سەپەر مۇشكۈل بولىدۇ.

يول III چاقىرىم پوتەي

بۇرۇنقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 500 مېترچە كېلىدۇ.

ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭنىڭ ئارىلىقى 8639 يول كېلىدۇ. * ئەقىلدىن ئازغاندىن ئىككى چاقىرىم قاچ. * ئات ھارۋىسى كۈنىگە ئاران 40—30 پوتەي يول يۈرىدۇ.

يولداش مەسلەكداش سەپداش ئارقاداش

يولى، نىيىتى بىر كىشىلەر، بىر سەپتە بولغان كىشىلەر.

"يولداش"نىڭ مەنىسى كەڭ ۋە ئومۇمىي. "ۋەتەنداش" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. چاقىرغاندا ياكى نۇتۇقتا قاراتما سۆز بولىدۇ.

يولداش دەپ ئاتاش يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ. * مەسلەكداش بولۇش — مۇھەببەتنىڭ ئاساسى. * سەپداش بولالىغان دوست — ھەقىقىي دوست. ھەي، ئارقاداش، سۈيۈقئاشتىن قاچ، بىزگە كەلسۇن پولۇ-ئاش.

يولسىز ئورۇنسىز

داۋلىسى يوق، ھېچبىر ئاساسى، يولى يوق.

يولسىز ئاقلىنىش جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن يامان. * ئورۇنسىز ئاياشتىن تەكەببۇر قىز يېتىشەر.

يول قاياقتا يول بولسۇن

قەيەرگە كېتىۋاتىسىز؟

— يول قاياقتا؟

— چوڭ كۆۋرۈككە.

— يول بولسۇن؟

— ھە، تۇرپانغا ماڭدۇق.

يوللۇق ئورۇنلۇق

قائىدە-يوسۇنغا مۇۋاپىق.

دانا دائىم يوللۇق. * مەنىسىز سۆزنىڭمۇ ئورۇنلۇق ئېيتىلىدىغان ۋاقتى بار.

يولۇچى پاساژىر

سەپەرگە چىققان كىشى.

يولۇچىلار ئاپتوبۇسى. * ئالدىدىكى يولۇچى — ئوتتۇردىكىنىڭ تۆۋرۈكى. * يولۇچىنى قوندۇرما، قوندۇرساڭ توڭدۇرما.

يولۋاس بارس پەلەڭ

مۇشۇكسىمانلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ يىرتقۇچ ھايۋان.

"بارس"، "پەلەڭ" كىتابىي سۆزلەر.

چىرىك ئارغامچىدا يولۋاس تۇرماس. * يولۋاس ئورماننى قوغدايدۇ، ئورمان يولۋاسنى قوغدايدۇ.

يولىيورۇق كۆرسەتمە كۆرگۈ

يۇقىرى تۆۋەنگە تاپشۇرغان ئىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ پرىنسىپى، ئۇسۇلى كۆرسىتىلگەن سۆز ياكى ھۆججەت.

يولىيورۇق توغرا بولسا چىقىم كىرىمگە ئايلىنار. * كۆرسەتمىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىجرا قىلىش كۆرسەتمىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغانلىق بولىدۇ.

يۇدمەك ھاپاشلىماق

دۈمبىگە ئېلىپ كۆتۈرمەك

"يۇدمەك" نەرسىنى كۆتۈرمەككە قارىتىلىدۇ.

"ھاپاشلىماق" بالىنى كۆتۈرمەككە قارىتىلىدۇ.

كۆتۈرۈشنى بىلگەن كۆپ يۇدەر. * ھارماڭ دېسە، ھاپاشلا دەپتۇ.

يۇرتداش بىر يۇرتلۇق

بىر يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر.

مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىسى بوزتۇغ 13-كەنتتىكى دېھقان

ئوبۇل ساۋۇت يىللىق كىرىمىدىن 10000 يۈەن سەرپ قىلىپ، دىنام، توك سىمى سېتىۋېلىپ، يۇرتداشلىرىنى قارا چىراغ، كىرسىن چىراغدىن قۇتۇلدۇردى. * ئادەمنىڭ نامىنى يۇرتداشلىرى چىقىرىدۇ. * يۇرتنىڭ سۆيىنى ئىچىپ، بىر يۇرتلۇقنى ئەسلەپتۇ.

يۇڭ تۈك موي تىۋىت

ئادەم ۋە ھايۋانلار، بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئۈستىدىكى يىپەكسىمان نەرسە.

"يۇڭ" ئادەمگە ئىشلىتىلمەيدۇ، "تۈك" دېيىلىدۇ.

"تىۋىت" ئۆچكە، تۆگە يۇڭلىرىنىڭ ئەڭ يۇمشاق، نەپىس قىسمى، تارىۋېلىنىدۇ.

ئاۋستىرالىيىدە بىر دېھقان ئۆيدە باققان بىر قويدىن 29 كىلوگرام يۇڭ قىرقىۋالغان، يۇڭ تالاسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 62 سانتىمېتىر ئىكەن. * تۈكلۈك ئادەم — تۈكى چۈشۈپ كەتكەن تېرە. * تۈك قايان ياتسا، شۇ يانغا سىلا. * ئۆچكىنىڭ مويى كۆپ، بەڭگىنىڭ ئويى. * تېكىنىڭ سۈتى بولمىغان بىلەن، تىۋىتى بار.

يۈرەك كۆڭۈل دىل قەلب كۆكەي

پىكىر قىلىدىغان ئورگاندىن چىققان ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇ.

يۈرەكتىن چىققان سۆز يۈرەككە يول تاپار. * بىر يۈرەككە ئىككى يار سىغماس. * كۆز نۇرىنىڭ ئۆلكىسى، كۆڭۈل سىرىنىڭ ئۆۋىسى. * كۆڭلى ساپنىڭ ئىشى تۈز. * گۈزەل چىرايدىن گۈزەل كۆڭۈل ئەلا. * كۆڭۈل تارتمىغان ئاشنى يېمە. * كۆڭۈل كۆتۈرمىگەن ئىشنى قىلما. * دىل ئازاردىن خۇدا بىزار. * تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىر بولسۇن. * قەلبى گۈزەل — مەڭگۈ گۈزەل. * چىراي گۈزەللىكىدىن قەلب گۈزەللىكى ئەلا.

يۈرمەك ماڭماق باسماق قەدەم تاشلىماق قەدەم قويماق

پۇتنى ئۆتۈشتۈرۈپ ھەرىكەتلەندۈرمەك.

ئۇ داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرۈپتۇ. * ئاستا يۈرگەن تاغ ئاشار. * نېسۋەڭ تايالمايسەن، ئولتۇرساڭ قىلىپ ھايال، سۇ ھەم دان كەينىدىن ماڭ تۈگمەن ئىشى سال. * ئاستا ماڭغانمۇ ماڭغان، توختاپ قالغان يامان. * باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس، ئالدى - ئارقاڭنى بىلىپ باس. * قەدەم تاشلىغان ئىكەنسەن، ئىشاڭ ھەق ئىكەن، ئىككىلەنمە، ئارقىغا قايتما. * تۆگە خورمىزارغا قەدەم قويسىلا، ئاغزى مەزە قىلار، تىكەن يېسە ھەم.

يۈز بەرمەك سادىر بولماق پەيدا بولماق

ۋەقە بولۇپ كۆرۈنمەك.

يۈز بەرمىگەن ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن. * خاتالىق سادىر بولسا، تۈزەت، يەنە سادىر بولمىسۇن. * پەيدا بولسا بولسۇن، يوقاپ كەتمىسۇن.

يۈز تۇرانە يۈزمۇيۈز روبىرو تۇرۇپ قارىشىپ تۇرۇپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل دەرقەمتە

بىر يەردە بىرۋاقىتتا بىللە بولۇش.

دۈشمەن بىلەن يۈز تۇرانە تۇرغاندا دائىم ئېھتىيات قىلىش لازىم. * يۈزمۇيۈز سۆزلەشسەك، ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. * بىز روبىرو تۇرۇپ گەپلەشتۇق. * قارىشىپ تۇرۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ سىرىنى بىلەلمىدۇق. * ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇردۇق. * ھەممىمىز دەرقەمتە بولۇپ، تاماق يېيىشتۇق.

يۈز مىليون يىل كۆلتى

مىليوندىن يۈزى.

جۇڭگودا ١ مىليارد 100 مىليون كىشى ياشايدۇ. * شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە بۇ يىل جەمئىي 100 مىليون يۈەنچە قىزىل رەقەم كۆرۈلگەن.

يۈزىگە سالماق پېشانىگە قويماق

بولۇپ ئۆتكەن سەۋەنلىك، خاتالىقنى بىرەر ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىگە ئېيتماق.

سىدىق ئۇنىڭ ئىلگىرىكى سەۋەنلىكىنى كەچۈرمەي يۈزىگە سالدى. * ئېسىمگە كەلدى شۇ ئان بىرچاغلىرىم، كەتكىنىم تاغقا "ئوغرى" ئاتاق ئېلىپ، كىمدۇ بۈگۈن شۇ ئاتاقنى قويماقچى پېشانەمگە داغاق قىلىپ.

يۈك - تاق شىڭلى باگاژ

يولۇچى ئېلىپ يۈرگەن نەرسە - كېرەك.

"شىڭلى" خەنزۇچە: 行李

يۈك - تېقىڭ يېنىك بولسا، يولۇڭ قىسقىرايدۇ. * ئاكا، شىڭلىيىڭنى ئۆلچەپ كۆردۈم، بەلگىلىمىدىن ئاشماپتۇ، خاتىرجەم مېڭىۋەر.

يۈگەن نوختا

ئات - ئېشەكنىڭ بېشىغا سالىدىغان جابدۇق.

"نوختا"دا ئېغىزدۇرۇق بولمايدۇ.

ئاتنى ساتساڭ، يۈگەننى قالدۇر. * ئاتىسى باشقىسىنى خۇدا قوشىدۇ، ئۆيۈرى باشقىنى نوختا. * ئات بويىندا جوغۇلا، بېشىدا يۈگەن - نوختا، ئاچچىقلىق تولا كەلسە، سەۋرى قىل، بىزە توختا.

يۈگەنلىمەك نوختىلىماق

ئات - ئېشەككە يۈگەن - نوختا سالماق؛ كۆچمە: كىشىنى ئەركىسىز قىلىپ قويماق.

يات يەردىكى ئادەم — يۈگەنلەنگەن ئات. * بېشىغا نوختا سېلىنىدۇ،

ئەركىڭدىن ئايرىلسەن.

يۈگۈرمەك چاپماق

ناھايىتى تېز يۈرمەك.

ساغلام بولاي دېسەڭ يۈگۈر، گۈزەل بولاي دېسەڭ يۈگۈر، ئەقىللىق بولاي دېسەڭ يۈگۈر. * مېڭىشقا ئېرىنسەڭ، كېيىن يۈگۈرۈسەن. * بالاڭنى ئىشقا بۇيرۇپ كەينىدىن ئۆزۈڭ چاپ. * بالا چېپىشنى يىقىلىشتىن ئۆگىنىدۇ.

يۈگۈرۈشمەك چېپىشماق يارىشماق ئۇزۇشماق

بىر-بىرى بىلەن تېز يۈرۈشتە بەسلەشمەك.

كىم مەن بىلەن يۈگۈرۈشىدۇ؟ * چېپىشقاندا چەك تۇر. * ئۇزۇن يولدا يارىشتۇق. * تاغقا چىققاندا ئۇزۇشۇپ ئوينىدۇق.

يېتەكچى باشلامچى

باشچىلىق، رەھبەرلىك قىلغۇچى.

يېتەكچى ئىدىيە. * يېتەكچى بولمىسا، قەدەم تەكشى بولمايدۇ، قەدەم تەكشى بولمىسا، ئىش ئاقمايدۇ. * باشلامچى كۆپ بولسا، ئىش بۇزۇلار.

يېتەكچىلىك باشلامچىلىق

يېتەكچى - باشلامچىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى.

بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى نەزەرىيىۋى ئاساس — ماركسىزم - لېنىنىزم. * ھەممىمىز پارتىيىنىڭ باشلامچىلىقىدا زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئاتلاندۇق.

يېتىلمەك يېتەكلىمەك

باشلاپ ماڭماق، بىرەر يېرىدىن تۇتۇپ بىللە ماڭماق.

قارىغۇ ساقىنى يېتىلىيەلمەس. * يېتەكلىسەڭ ئۇسىدۇ، ھەيدىسەڭ

تېپىدۇ.

يېرىم يارتا يېرىم-يارتا نىسپىي تېڭى

بىرنەرسىنىڭ ئىككى تەڭ قىسمىنىڭ بىرى؛ پۈتۈننىڭ ئىككىدىن بىرىگە تەڭ مىقدارى؛ بىرنەرسىنىڭ ئوتتۇرا بېلى، تولۇق ئەمەس، چالا؛ 0.5 $\frac{1}{2}$.

يېرىم كۆڭۈلنىڭ يېنىشى يوق. * ئىككى يارتا بىر پۈتۈن. * يېرىم-يارتا بىلىش ئەڭ خەتەرلىك. * نىسپىي شەب. * يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى، ئۆمرۈمنىڭ تېڭى كەتتى.

يېرىم كېچە تۈن يېرىم نىسپىي شەب

كەچ سائەت ئون ئىككى ۋاقىتلار.

يېرىم كېچە ئولتۇرۇپ، ئىشىمنى پۈتتۈردۈم. * ئوغرى تۈن يېرىمىدا، پىتنىخور كۆپكۈندۈزدە. * قوشناڭنىڭدىن ئوغرىلىغان مارجاننى نىسپىي شەبتىلا تاقالايسەن.

يېزا كەنت مەھەللە ئاۋۇل قىشلاق ئايماق سۇزاق

ئاساسەن دېھقانلار، چارۋىچىلار ئورناشقان جايلار، شەھەرگە نىسبەتەن، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىنىدىغان جايلار.

”يېزا“ مەملىكىتىمىزدە بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورنى، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرغان يەر.

”كەنت“، ”مەھەللە“ يېزا ئاستىدىكى مۇختارىيات بىرلىكى.

”ئاۋۇل“ بولسا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا.

”قىشلاق“، ”ئايماق“لار ھازىر كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

يېزىلاردا بىۋاستە سايلام يۈرگۈزۈلىدۇ. * كەنت مەمۇرىي كەنت تەبىئىي كەنت، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. * مەھەللەڭ تىنچ بولسا، ”ئامان

مەن" دە. * ياخشى ئايغىر ئۇيۇرنى بۆرىگە ئالدۇرماس، ياخشى يىگىت ئاۋۇلنى ئوغرىغا ئالدۇرماس.

يېزىق خەت ئۈزۈك

يېزىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ھەرپلەر، بەلگىلەر سىستېمىسى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختا كۆپ يېزىقلارنى قوللانغان. ئاساسلىقى تۈرك ـ رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب ـ پارس يېزىقى ۋە باشقىلار. 1957 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ 13 ـ سانلىق يىغىنىدا يېزىق ئۆزگەرتىش ۋە يېزىق يارىتىش قارارى ماقۇللانغان. * ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، خەنزۇچە خەتلەر 60 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئەمما دائىمىي ئىشلىتىلىدىغانلىرى 3000 — 4000، كىمكى 3000 خەت بىلىۋالسا ساۋاتلىق ھېسابلىنىدۇ.

يېسىۋلەك بەسەي ئاق كۆك

ئوتياشنىڭ بىر خىلى. يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، يوپۇرمىقى چوڭ، چېچىكى سۇس سېرىق بولىدۇ.

يېسىۋلەكنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق. كۈزلۈك يېسىۋلەكنىڭ 100 گرامىدىن 19 كالورىيە، يازلىق يېسىۋلەكنىڭ 100 گرامىدىن 25 كالورىيە قۇۋۋەت ھاسىل بولىدۇ. * ئاياللار يېسىۋلەكنى كۆپ يەپ بەرسە، كۆكرەك راكىدىن ساقلىنىدۇ.

يېڭىلمەك ئۇتتۇلماق مەغلۇپ بولماق ئوڭدا چۈشمەك پاخشە بولماق ۋاك دېمەك تېكىدىن چىقماق

كۈرەش، مۇسابىقىلاردا، مۇنازىرە، رىقابەتلەردە قارشى تەرەپ، رەقىب، مۇخالىپلارنى يەڭمەك، غەلىبە قىلماق.

"يېڭىلمەك" ئەڭ ئومۇمىي.

"مەغلۇپ بولماق" يېزىق تىلىدا، قالغانلىرى ئېغىز تىلىدا كېلىدۇ.

دۈشمەننى سەل چاغلىغان ئادەم ئاسانلا يېڭىلىپ قالىدۇ. * ئەر يېڭىلسە قولغا چۈشىدۇ، قۇش يېڭىلسە تورغا. * يېڭىلگەنگە جازا يوق. * بىرى ئۇتۇلمىسا، بىرى ئۇتماس. * ئۇتتۇرغان ئويۇندىن قاچار. * مەغلۇپ بولۇشتىن قورقما، ئاخىر غەلىبە قىلىسەن. * ئۇ مەنىمەنلىك قىلىپ، ئاخىر ئوڭدا چۈشتى. * پاخشە بولغانلار بۇ ياققا ئۆتسۇن. * ھە، ۋاك دېدىڭمۇ؟ * مانا ئەمدى ئۇ تېكىدىن چىقتى.

يېلىم شىلىم كىلىي مۈڭگۈي

ئۇلاش، يېپىشتۇرۇش، چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېپىشقاق ماددا.

"يېلىم" قارىغاي ۋە باشقىلاردىن ئېلىنىدۇ، تەبىئىي.

"مۈڭگۈي" قۇمۇل شېۋىسىدە قوللىنىلىدۇ.

ھەممىگە بىلىم كېرەك، ياغاچچىغا يېلىم. * شىلىم ئەتسەڭ سۇيۇق ئەت، قويۇق ئەتسەڭ چاپلاشمىسا دەرد.

يېلىنماق يالۋۇرماق

قاتتىق ئۆتۈنمەك، سورانماق.

بېقىنساڭ، بېقىن، يېلىنما. * خۇداغا يالۋۇرغۇچە، ئۆزۈڭگە يېلىن.

يېمەك ئىچمەك

يېگۈلۈك ـ ئىچكۈلۈكلەرنى ئىستېمال قىلماق.

"ئىچمەك" سۇيۇقلۇققا قارىتىلىدۇ.

ئاش كەلسە يېگىن، ئىش كەلسە قىلغىن. * ئەقىلسىز بىلەن پولۇ يېگۈچە، ئەقىللىق بىلەن تاش توشۇ. * چىراغپايدا چاي ئىچكەن چېچەننى كۆرۈڭ. * ئاشنى كۆرسە ئىچىڭ تاز، ئىشنى كۆرسە قېچىڭ تاز.

يېنى بوش يېنى قۇرۇق

يانچۇقى قۇرۇق، يېنىدا پۇلى يوق، كەمبەغەل.

ياردەم قىلغۇم بار، لېكىن، سىلەر، بىلىسىلەر يېنىم بوش. * مەن يېنىم قۇرۇق، قولۇم قىسقا، ئاران كېتىۋاتىمەن.

يېنىك يەڭگىل

ئېغىرلىقى يوق، ۋەزنى كەم؛ ۋەزمىن ئەمەس.

تەڭ كۆتۈرگەن يۈك يېنىك. * ئېغىر چامدىغۇچە، يېنىك سەكرەيدۇ. * ياشلار يېنىك كېلىدۇ، ئاسان تېرىكىدۇ. * يەڭگىل ئويلاش ئۆزۈڭگە يۈك. * ئۇ قىزنىڭ مىجەزى يەڭگىل ئىكەن.

يېنىكلىك يەڭگىللىك

مىجەز-خۇلقى چۇسراق ھالەت.

ئېغىرلىق — راخمانلىق، يېنىكلىك — شەيتانلىق. * كىچىك ئىشلاردا ھەقىقەتكە يەڭگىللىك قىلىدىغانلارغا چوڭ ئىشلاردا ئانچە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

يىپ رىشتە چىگە تالا

يىپەك، پاختا، يۇڭ، كەندىردىن ئېگىرىلگەن ئۇزۇن نەرسە. توقۇش، تىكىش، باغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

"رىشتە" ئايرىم قوللىنىلمايدۇ، پەقەت سۆز بىرىكمىلىرىدە ئۇچرايدۇ.

"چىگە" كەندىر تالاسىدىن ئېلىنىدۇ، تومراق بولىدۇ.

"تالا" كۆپىنچە تەبىئىي بولىدۇ.

ئويلىماي ئېيتىلغان سۆز — يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك. * يىپىڭ ئېشىكلىك بولسا، ئىشىڭ پۈتۈكلۈك. * قوۋم-قېرىنداشنىڭمۇ رىشتىسى ئۈزۈلىدۇ. * چىگە ئىنچىكە يېرىدىن ئۈزۈلەر. * كېۋەزنىڭ پوستىدىن ياخشى تالا چىقىدۇ.

يىپەك مەشۇت ئەۋرىشىم

پىلە قۇرۇتى ئىشلەپچىقىرىدىغان يىپكە ئوخشاش يۇمشاق نەرسە. ئۇنىڭدىن تاۋار-دۇردۇن، شايى-ئەتلەس توقۇلىدۇ.

ياقىسىغا يىپەك يېپىشار، يامانغا تىكەن. * مەشۇت يۇمشاقلىقتا تەمسىل. * ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭدىن ئايلىناي، سۇمبۇل كەبى چاچلىرىڭغا باغلىناي. ئىشقى پۇراق ئوتلىرىڭدا داغلىناي، چۆللىرىڭدە پەرھات كەبى ئاھ ئۇرۇپ.

يىپ ئېشەلمەيدۇ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ

تەڭ كېلەلمەسلىك، كۆپ ئارقىدا تۇرماق.

* سەن ماختىغان قىز ئۇنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ. * ئۇسسۇلنى چىرايلىق ئوينايدىكەنسىز، ھەر-ھەر كەسپىي ئۇسسۇلچىلارمۇ سىزنىڭ قولىڭىزغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن.

يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە زىر-زەۋىرىگىچە

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئۇششاق-چۈششەك، پارچە-پۇرات ھەممە تەرەپلىرىنى قالدۇرماي.

ئۇ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى يىپىدىن-يىڭنىسىگىچە سوراپ ئۆگەندى. * ئۇ سىنىڭ ئەھۋالىڭنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بىلىدىكەن. * سوراقتا كاتىپلار زىر-زەۋىرىگىچە قالدۇرماي يېزىۋاتاتتى.

يىتمەك يوقالماق

غايىب بولۇپ كەتمەك.

يىتكەن نەرسە ئەسلىگە كەلمەس. * يوقالغان پىچاقنىڭ سېپى ئالتۇن.

يىراق ئۇزاق

ئۇزۇن ئارىلىق.

كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق. * قىڭغايغان يۈك يىراققا بارماس. * يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن. * ئوڭاي كەلگەن ئۇزاققا بارماس. * يالغان سۆز ئۇزاققا بارالماس، يالغانچىنىڭ كېمىسى يىراققا بارالماس.

يىرگەنمەك سەسكىنمەك يارسىماق

قاتتىق يامان كۆرمەك.

باي بىلەن قۇدا بولساڭ يىرگىنىدۇ، كەمبەغەل بىلەن قۇدا بولساڭ يېلىنىدۇ. * بەتلەگىلىك مىلتىقتىن سەسكەنگۈچە، پىتنە - پاساتتىن سەسكەن.

يىرىڭ زەرداب سۇل

چاقا - ياردا پەيدا بولىدىغان سېرىق - يېشىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق.

”زەرداپ“ قان ئارىلاش، سېرىق بولىدۇ.

ۋاقتىدا تاڭمىغان يارا يىرىڭ يىغىدۇ. * بەدىنىڭگە ئوق قادالسا. يۇلۇپ ئالارسەن، يۈرىكىڭدىكى زەردابنى قانداق قىلارسەن؟

يىغا زار نەۋھە يىغا - زار سىغىت

قاتتىق جاپا ۋە ياكى غەمدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزدىن ياش چىقىش، ھۆڭگىرىگىتىپ يىغلاش.

ئانىغا يىغا، بالىغا كۈلكە. * بوۋاينىڭ ناخشىسى زار بىلەن توختايدۇ. * تۈلكىنىڭ تۇۋىسى، مۇغەمبەرنىڭ نەۋھەسى. * ئۆلۈم ئۇزاتقاندا يىغا - زار قىلىش بىر ئادەت، يىغا - زاردىن كىمنىڭ ئېچىنغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى بىلگىلى بولماس.

يىغلىماق كۆز يېشى قىلماق ياش تۆكمەك سىغتىماق

قايغۇ - ئەلەم ۋە باشقا كۆڭۈلسىزلىك، ئاغرىق. سەۋەبىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش ئالماق، ياش تۆكمەك.

يىغلىغانغا ئۆلۈك تىرىلمەس. * دوست يىغلىغاندا، دۈشمەن كۈلەر. * ئۇلار يىغلاپ كۆرۈشتى. * تىمساھنىڭ كۆز يېشى قىلغىنىنى كۆرۈپ دوست بولما. * ياش تۆككەنگە دەرد چىقماس. * ئەگەر ئىنسان ھاياتتىن بىرەر ھەقىقەت تاپتى دەپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھەقىقەت شۇكى، يىغلاشقا ئەرزىمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىگە ھەرگىز يىغلىما.

يىغماق توپلىماق

تارقاق، چېچىلاڭغۇ نەرسىلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرمەك.

ئالتۇن يىققاندىن بىلىم توپلىغان ئەلا. * ساندۇققا ئالتۇن يىققۇچە، قورساققا بىلىم يىغ. * ئوغرىلاپ مال توپلاشنى بىلگەن داردا ئىغاڭلاشنىمۇ بىلەر. * ئادەمدىن يۇقىرى تۇرىدۇ ئالەم، بىلىم توپلىماققا موھتاجدۇر ئادەم.

يىغىلماق توپلانماق چوغۇلماق

تارقاق، چېچىلاڭغۇ نەرسىلەر بىر يەرگە كەلمەك.

سۇ يىغىلسا كۆل بولار. * قارا بۇلۇت توپلانسا، يامغۇر تۆكەر، خەلق توپى يىغىلسا قۇۋۋەت ئۆسەر. * ئېرىق سۇلىرى توپلىنىپ دەريا بولار.

يىغىن مەجلىس دەرنەك ئەنجۈمەن كونفېرېنسىيە سېيىزد كونگرېسس

بىرەر ئىش - ھەرىكەت ئۈستىدە مۇزاكىرە - مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان يىغىلىش.

ئومۇمىي يىغىن، ياچېيكا يىغىنى. * يىغىن قىسقا، ئىجەشلىك بولسا ئىدى. * سۆھبەت مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. * مەجلىستە سىنا

ئۇ ياق-بۇ ياقنى، يوتقانغا قاراپ ئۇزات ئاياغنى. * ئەدەب روشەن چىراغدۇر ئەنجۇمەندە، ئەدەب پاكلىق دەلىلى دىل چىمەندە.

يىڭنە بىگىز جۇۋالدۇز تېمەنە دەرەپشە دەرەش

ئۇچى ئۇچلۇق، توم تەرىپىدە تۆشۈكى بار، تۆشۈككە يىپ-چىگە ئۆتكۈزۈپ نەرسە تىكىدىغان سايمان.

بۇلارنىڭ خىزمىتى ئوخشاش، تىكىدىغان نەرسىسى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس.

”يىڭنە، بىگىز، جۇۋالدۇز، تېمەنە“ تۆمۈردىن، دەرەپشە، دەرەش يولغۇن ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

بىر يىڭنىگە ئىككى يىپ ئۆتمەس، * يىڭنە سانجىغاندەك. * يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازماق. * بىگىز قاپتا ياتماس. * نائۇستا موزدۇز جۇۋالدۇز تاللايدۇ. * ئون يىڭنىنى سوقسا، بىر تېمەنە بولماس. * دەرەپشە ئۇچلۇقتا يارىتىلغان. * دەرەش ئىنچىكە بولسا، ئىش ئىلگىرىلەيدۇ.

يىل سال سەنە

ۋاقىت بىرلىكى. يەر شارىنىڭ كۈن ئەتراپىدا بىر ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت.

بىر يىل 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت. * ئاتىسى ئۆلگەننى يەتتە يىل قوغلاش. * يىل يۇر، ئامان يۇر.

يىلتىزىنى قىرقماق يىلتىزىغا پالتا چاپماق يىلتىزىدىن قومۇرماق

ياشاش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلماق.

دۈشمەن هامان دۈشمەن، ئۇ مېنىڭ يىلتىزىمنى قىرقماقچى بولۇۋاتىدۇ. * ئۇ... 16 يىللىق قەدىناس ئائىلىسىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپتى. * يامانلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرماق كېرەك.

يىلنامە خرونولوگىيە سالنامە

بىر يىللىق ئەھۋال، تەرەققىيات خاتىرىلەنگەن ھۆججەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 1990-يىللىق يىلنامىسى ئىشلىنىپ، نەشر قىلىندى.

قوشۇمچىلار

1. مىلادىيە كالېندارىدىكى مەنداش ئاي ناملىرى

يانۋار 1-ئاي سوۋغا

يىل 12 ئاينىڭ بىرىنچىسىنىڭ نامى.

يانۋار لاتىنچە Januarius دىن كەلگەن. قەدىمكى رىملىقلار شەپقەت ئىلاھى Jans نى يادلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئاينى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتاشقان.

1-ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك. 1-ئاينىڭ 1-كۈنى يېڭى يىل باشلىنىدۇ.

فېۋرال 2-ئاي بېلىق

يىل 12 ئاينىڭ ئىككىنچىسىنىڭ نامى.

فېۋرال لاتىنچە Februarlus دىن كەلگەن. بۇ سۆز بولسا. قەدىمكى رىملىقلارنىڭ Februm بايرىمىدىن كەلگەن.

2-ئاي كىچىك ئاي: 28 كۈنلۈك. كەبىسە يىلىدا 29 كۈنلۈك: كەبىسە يىلى 4 يىلدا ئالمىشىدۇ. 1988-يىلى كەبىسە يىلى ئىدى. 1992-يىلمۇ كەبىسە يىلى.

14-فېۋرال دۇنيا ئاشىق-مەشۇقلار بايرىمى.

مارت 3-ئاي قوزا

يىل 12 ئاينىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ نامى.

مارت لاتىنچە Martius دىن كەلگەن. قەدىمكى رىملىقلار ئۇرۇش ئىلاھى Mars قا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنى بۇ ئاينىڭ نامى قىلغان.

3-ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

8-مارت خەلقئارا ئاياللار بايرىمى (1910-يىل).

12-مارت جۇڭگو كۆچەت تىكىش بايرىمى (1979-يىل).

3-ئاينىڭ 21-كۈنى كۈن بىلەن تۈن تەڭشىلىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن كۈن ئۇزىرىشقا باشلايدۇ.

3-ئاينىڭ 21-كۈنى نورۇز بايرىمى بولىدۇ.

3-ئاينىڭ 25-كۈنى — گرېتسىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

ئاپرېل 4-ئاي ئۈي

يىل 12 ئاينىڭ تۆتىنچىسىنىڭ نامى.

ئاپرېل لاتىنچە Aprelis دىن كەلگەن، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "يەر-جاھان ئېچىلىپ، مەۋجۇداتلار ياشاردى" دېگەن بولىدىكەن.

4-ئاي كىچىك ئاي: 30 كۈنلۈك.

22-ئاپرېل خەلقئارا يەر شارى كۈنى.

ماي 5-ئاي قوشكېزەك

يىل 12 ئاينىڭ بەشىنچىسىنىڭ نامى.

ماي لاتىنچە Maius دىن كەلگەن. قەدىمكى رىملىقلار باھارغا ۋە ھاياتقا مۇئەككەل ئايال ئىلاھ Maia نى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ ئايغا شۇ نامنى بەرگەن.

5-ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

1-ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ھەرقايسى ئەللەردە قىزغىن تەبرىكلىنىدۇ.

5-ئاينىڭ 8-كۈنى (1945-يىل) گېرمان فاشىستلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان. 5-ئاينىڭ 9-كۈنى گېرمان فاشىستلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىنغان خاتىرە كۈن.

8-ماي خەلقئارا قىزىل كرېست خاتىرە كۈنى.

ئىيۇن 6-ئاي تىماق

يىل 12 ئاينىڭ ئالتىنچىسىنىڭ نامى.

ئىيۇن لاتىنچە Junius دىن كەلگەن. قەدىمكى رىملىقلار Jnno دېگەن ئەپسانىۋى بىر ئىلاھنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، بۇ ئاينى Junius دەپ ئاتىغان.

6-ئاي كىچىك ئاي: 30 كۈنلۈك.

1-ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى. بۇنى خەلقئارا دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى مۇدىرىيىتى بۇ كۈننى خەلقئارا بالىلار بايرىمى قىلىپ بەلگىلىگەن.

1-ئىيۇن ئىتالىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

6-ئاينىڭ 5-كۈنى — 5-ئىيۇن دۇنيا مۇھىت كۈنى.

1967-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى مەملىكىتىمىز تۇنجى ۋودورود بومبىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پارتلاتقان.

6-ئاينىڭ 21-ياكى 22-كۈنى كۈن توختايدۇ. بۇ كۈندە كۈندۈز ئەڭ ئۇزۇن، تۈن ئەڭ قىسقا بولىدۇ.

ئىيۇل 7-ئاي ئارسلان

يىل 12 ئاينىڭ يەتتىنچىسىنىڭ نامى.

ئىيۇل لاتىنچە Julius دىن كەلگەن. بۇ قەدىمكى رىمنىڭ ھۆكۈمرانى كايزانىڭ ئىسمى بولۇپ، رىملىقلار بۇ ئاينى شۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان.

7-ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

1-ئىيۇل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەن خاتىرە كۈن (1921-يىل).

1-ئىيۇل كانادانىڭ دۆلەت بايرىمى.

7-ئاينىڭ 14-كۈنى فرانسىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

7-ئاينىڭ 11-كۈنى — 11-ئىيۇل دۇنيا يەر تەۋرەش كۈنى.

1969-يىلى 7-ئاينىڭ 20-كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرى ئامستروڭ بىلەن ئولدىرىن ئاي شارىغا تۇنجى قېتىم قەدەم قويغان.

7-ئاينىڭ 21-كۈنى بېلگىيىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى پولشىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

7-ئاينىڭ 23-كۈنى مىسىرنىڭ دۆلەت بايرىمى.

ئاۋغۇست 8-ئاي باشاق

يىل 12 ئاينىڭ سەككىزىنچىسىنىڭ نامى.

ئاۋغۇست لاتىنچە Augustus دىن كەلگەن. كايزا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى ئوكتاۋىيان مۇشۇ ئايدا تۇغۇلغاچقا، ئۆزىنىڭ پەخرىي نامىنى بۇ ئايغا قويغان.

8-ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

1-ئاۋغۇست جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغان كۈن (1927-يىل)؛ ئارمىيە قۇرۇلغان بايرام.

1945-يىل 8-ئاينىڭ 6-كۈنى ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ خىروسىما شەھىرىگە تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى تاشلىغان.

8-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېكۋاتورنىڭ دۆلەت بايرىمى.

سېنتەبىر 9-ئاي تارازا

يىل 12 ئاينىڭ توققۇزىنچىسىنىڭ نامى.

سېنتەبىرنىڭ ئىنگلىزچىسى September بولۇپ، بۇ Septem دىن كەلگەن. بۇنىڭ مەنىسى يەتتىنچى، يەنى يەتتىنچى ئاي ئىكەن. قەدىمكى رىمنىڭ يىلنامىسىدا ئەسلىدە بىر يىل ئون ئاي بولغان، كېيىن ئىككى ئاي قوشۇپ 12 ئاي قىلىنغان. كېيىن قوشۇلغان ئىككى ئاي يىلنىڭ باش تەرىپىگە قوشۇلۇپ 1-، 2-ئاي قىلىنغان، بۇرۇنقى ئايلار ئۆز تەرتىپى بويىچە كەينىگە سۈرۈلگەن، شۇنىڭ بىلەن

7 - ئاي 9 - ئاي بولغان.

9 - ئاي كىچىك ئاي: 30 كۈنلۈك.

10 - سېنتەبىر جۇڭگو ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى.

9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مېكسىكىنىڭ دۆلەت بايرىمى.

1825 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى دۇنيا بويىچە تۇنجى پويىز قاتنىغان.

9 - ئاينىڭ 21 — 22 - كۈنلىرى كۈن - تۈن تەڭلىشىدۇ، ئۇندىن كېيىن تۈن ئۇزىراپ، كۈن قىسقىراپ بارىدۇ.

ئۆكتەبىر 10 - ئاي چايان

يىل 12 ئاينىڭ ئونىنچىسىنىڭ نامى.

ئۆكتەبىرنىڭ ئىنگلىزچىسى October بولۇپ، بۇ لاتىنچە Octo دېگەن سۆزدىن كەلگەن، ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى سەككىز، يەنى سەككىزىنچى ئاي دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى رىم يىلنامىسىدا ئەسلىدە بىر يىل ئون ئاي ئىكەن، كېيىن يىلنىڭ بېشىغا ئىككى ئاي قوشۇپ 12 ئاي قىلىنغان. 8 - ئاي 10 - ئايغا سۈرۈلگەن، نامى ئۆزگەرتىلمىگەن.

10 - ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

1 - ئۆكتەبىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان كۈن، جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىمى (1949 - يىل).

1957 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تۇنجى يەر شارى ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەن.

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭگو پىئونېرلار ئەترىتى قۇرۇلغان كۈن (1949 - يىل).

1964 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلىمىز تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلاتقان.

1945 - يىل 10 ئاينىڭ 24 - كۈنى ب د ت قۇرۇلغان.

9 - ئۆكتەبىر دۇنيا پوچتا كۈنى.

14 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئۆلچەم كۈنى.

15 - ئۆكتەبىر دۇنيا ئاشلىق كۈنى.

25 - ئۆكتەبىر شار بايرىمى.

نويابىر 11 - ئاي ياچاق

يىل 12 ئاينىڭ ئون بىرىنچىسىنىڭ نامى.

نويابىر ئىنگلىزچە November دېيىلىدۇ. ئۇ لاتىنچە Novem دىن كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى توققۇز، يەنى 9 - ئاي بولۇپ، قەدىمكى رىم يىلنامىسىدا بىر يىل 12 - ئايغا ئۆزگەرگەندىن كېيىن، 9 - ئاي 11 - ئاي بولغان، لېكىن نامى ئۆزگەرتىلمىگەن.

11 - ئاي كىچىك ئاي: 30 كۈنلۈك.

11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پانامانىڭ دۆلەت بايرىمى.

7 - نويابىر ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى خاتىرە كۈنى، يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىمى ئىدى.

1869 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيانىنى تۇتاشتۇرىدىغان سۇۋەيش قانىلى پۈتۈپ قاتناش باشلانغان.

دېكابىر 12 - ئاي ئوغلاق

يىل 12 ئاينىڭ ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى.

دېكابىر ئىنگلىزچە December دېيىلىدۇ. بۇ لاتىنچە Decem دىن كەلگەن. بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ئونىنچى، يەنى ئونىنچى ئاي دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى رىم يىلنامىسىدا ئون ئاي 12 ئايغا ئوزگەرتىلگەندە، ئەسلى 10 - ئاي 12 - ئاي بولغان، لېكىن نامى ئۆزگەرتىلمىگەن.

12 - ئاي چوڭ ئاي: 31 كۈنلۈك.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە كۈن توختايدىغان ۋاقىت؛ بۇ چاغدا تۈن ئەڭ ئۇزۇن، كۈن ئەڭ قىسقا بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى روژدېستو بايرىمى، يەنى ئەيسا تۇغۇلغان كۈن. خرىستىئانلارنىڭ بايرىمى.

30 ـ دېكابىر ئېلىمىزنىڭ رادىئو ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن خاتىرە كۈن.

2. ھىجرىيە كالېندارىدىكى مەنداش ئاي ناملىرى

1 ـ ئاي	مۇھەررەم	30 كۈن
2 ـ ئاي	سەپەر	29 كۈن
3 ـ ئاي	رەببىيەلئەۋۋەل مەۋلۇت ئېيى	30 كۈن
4 ـ ئاي	رەببىيەلئاخىر	29 كۈن
5 ـ ئاي	جامادىيەلئەۋۋەل	30 كۈن
6 ـ ئاي	جامادىيەلئاخىر	29 كۈن
7 ـ ئاي	رەجەب	30 كۈن
8 ـ ئاي	شەئبان بارات ئېيى	29 كۈن
9 ـ ئاي	رامىزان	30 كۈن
10 ـ ئاي	شەۋۋال روزى ھېيت ئېيى	29 كۈن
11 ـ ئاي	زۇلقەئدە ئارا ئاي	30 كۈن
12 ـ ئاي	زۇلھەججە ئەرەپات ئېيى	29 كۈن

ھىجرىيە كالېندارى ساپ ئاي (قەمەرىيە) كالېندارى بولۇپ، يېڭى ئاي چىققان كۈنى ئاي بېشى بولىدۇ. 12 ئاي بىر يىل بولىدۇ. تاق ئايلار 30 كۈن، جۈپ ئايلار 29 كۈن بولىدۇ. جەمئىي 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇتتىن بىر يىل ھاسىل بولىدۇ. مەخسۇس كەبىسە ئاي بولمايدۇ، لېكىن 30 يىل بىر “قەرنە” ھېسابلىنىپ، بىر قەرنىنىڭ 2 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 10 ـ، 13 ـ، 16 ـ، 18 ـ، 21 ـ، 24 ـ، 26 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى 12 ـ ئېيىغا ئۈچ يىلدا بىردىن كەبىسە كۈنى قوشۇلۇپ، بۇ يىللارنىڭ ھەربىرى 355 كۈندىن قىلىنىدۇ. ئەمما ھىجرىيە كالېنداردا يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە كۈن سانى 354 كۈن 8 سائەت 48 مىنۇت بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىر يىلى شەمسىيە كالېندارىنىڭكىدىن 10 كۈن 21 سائەت 1 مىنۇت كەم بولىدۇ. ھەر 2.7 شەمسىيە يىلىدا 1 ئاي، ھەر 32.6 شەمسىيە يىلىدا ساق 1 ئاي پەرقلىنىدۇ.

3. پەن ناملىرىدىكى مەنداش ئاتىلىش

ئاسترونومىيە — ئىلمى نۇجۇم
ئالگېبرا — جەبىر
ئالگېبرايىك — جەبرى
ترىگونومېترىيە — مۇسەللەسات
تېرمىنولوگىيە — مۇستەلەھات
سىنتاكسىس — نەھۇ
گېئومېترىيە — ھەندەسە.
لىنگۋىستىكا — تىلشۇناسلىق
لىنگۋىست — تىلشۇناس
ماتېماتىكا — رىيازەت
ماتېماتىك — رىيازى
مورفولوگىيە — سەرپ
ھېساب — ئارىفمېتىكا

4. پەلسەپەدىكى مەنداش ئاتالغۇلار

ئەقىدىچىلىك	دوگماتىزم
ئەقلىچىلىك	راتسىئونالىزم
بىرمەنبەچىلىك	مونىزم

بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى	ئاگنوستىزم
بىلىش نەزەرىيىسى	گنوسېئولوگىيە
پان روھچىلىق	پان پسىخىزم
پان ئىدراكچىلىق	پان لوگىزم
پۈتۈلمەسچىلىك	پرېفورمىزم
پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى	خولىزم
پۇرسەتپەرەسلىك	ئوپپورتۇنىزم
تەجرىبە بەلگە نەزەرىيىسى	ئېمپىرىئوسىمولىزم
تەجرىبە ـ تەنقىدچىلىكى	ئېمپىرىئوكرىتىزم
تەجرىبىچىلىك	ئېمپىرىزم
تەبىئەتچىلىك	ناتۇرالىزم
تەبىئەتئىلاھچىلىقى	دېئىزم
تەقدىرچىلىك	فاتالىزم
تۈيغۇ نەزەرىيىسى	سېنسۇئالىزم
تىلسىماتچىلىق	ئوككۇلتىزم
جاھانگىرلىك	ئىمپېرىئالىزم
جاھانچىلىق	كوسموپولىتىزم
دەلىلچىلىك	پوزىتىۋىزم
روھچىلىق	سپىرىتۇئالىزم
سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق	مىستىتىزم
شەكىلچىلىك	فورمالىزم
شۈبھىچىلىك	سكېپتىتىزم
شىيۇجېڭجۇيى	رېۋىزىئونىزم
غەيرىي ئەخلاقچىلىق	ئامورالىزم

غەيرىي لوگىكىچىلىق	ئالوگىزم
غەيرىي مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى	ئىندېتېرمىنىزم
كاززاپلىق	سوفىستىكا
كۆپ مەنبەچىلىك	پلۈرالىزم
كېلىشتۈرمىچىلىك	ئېكلېكتىزم
مەنچىلىك	سولىپسىزم
نامچىلىق	نومىنالىزم
نەرسە ئېتىقادچىلىقى	فېتىشىزم
نىسبىچىلىك	رېلياتىۋىزم
ھادىساتچىلىق	فېنومېنالىزم
ھەرىكەتچىلىك	بىخېۋىئورىزم
ھۆكۈمەتسىزلىك	ئانارخىزم
ۋاستەپەرەسلىك	ئىنسترۇمېنتالىزم
ئۆزگە مەنبەچىلىك	ئالترۇئىزم
ئېتىقادچىلىق	فىدېئىزم
ئىرادىچىلىك	ۋولىيۇنتارىزم
ئىككى مەنبەچىلىك	دۇئالىزم
ئىلاھسىزلىق	ئاتېئىزم
ئىلاھگۈيلۈق	تېئىزم
ئىلاھ بەرھەقچىلىقى	تېئودىتسېيا
ئىلاھ پاراسەتچىلىكى	تېئوسوپىيە
ئىنسانپەرۋەرلىك	گۇمانىزم
ئىنكارچىلىق	نىگىلىزم
ياشاش مەسلىكى	ئېكزىستېنسىيالىزم

5. ھەربىي تۈزۈلمە، ۋەزىپە، ئۇنۋاندىكى مەنىداش سۆزلەر

بەن	ئوتدېلېنىيە
پەي	ۋىزۋوت
لیەن	روتا، ئېسكادرون
يىڭ	باتالىيون
تۈەن	پولك
لۈي	برىگادا
شى	دىۋىزىيە
جۈن	كورپۇس
بىڭتۈەن	ئارمىيە
جىخۈيۈەن	كوماندىر
جۈنگۈەن	ئوفىتسېر
جياڭجۈن	گېنېرال
سىلىڭيۈەن	قوماندان
سەنمۇجاڭ	شتاب باشلىقى
جېڭۋېي	سىياسىي كومىسسار
جياۋداۋيۈەن	پولىتۇرۇك
جىداۋيۈەن	ئىنسپېكتور
سەنمۇ	شتابىس
جىڭۋېيۈەن	مۇھاپىزەتچى، ئادىيۇتانت
تۇڭشۈنبىڭ	خەۋەرچى، سىۋەز
پىيادا ئەسكەرلەر قىسمى	بۇبىڭ، پىخوتا
ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى	چىبىڭ، كاۋالېرىيە
زەمبىرەكچىلەر قىسمى	پاۋبىڭ، ئارتىللېرىيە
دايۈەنشۈەي	گېنېراللىسسىمۇس
يۈەنشۈەي	مارشال
داجياڭ	گېنېرال ئارمىيە
شاڭجياڭ	گېنېرال پولكوۋنىك
جۇڭجياڭ	گېنېرال لېيتېنانت
شاۋجياڭ	گېنېرال مايور
داشياۋ	ئاغا پولكوۋنىك
شاڭشياۋ	پولكوۋنىك
جۇڭشياۋ	پودپولكوۋنىك
شاۋشياۋ	مايور
داۋېي	كاپىتان
شاڭۋېي	پوروچىك
جۇڭۋېي	پودپوروچىك
شاۋۋېي	پروپېرچىك

6. بەزى قۇش، ھايۋان، ھاشاراتلارنىڭ مەنىداش ئاتلىرى

قارچىغا — قەرتال
تازقارا — تاپقۇش — غىجىرسالۋا — قوماي
جاغالۋاي — جاغامباي
تۇرنا — لەيلەك
ئۇلار — ئۇلاي — ئۇلات

تۆمۈرتۇمشۇق — توكتوكۇش — كۆكنالغۇ — توقۇلداق
قۇر — تاغ توخۇسى
كۆكنەك — كۆزگۈنەك
بېلىقئالغۇچ — قارنا
توقتۇق — توقىچاق — جاڭگال دۇمباقچىسى
تۇتى — تۇتىقۇش — شاتۇتى
كەپتەر — كۆككۆشكەن — گۆگەرچىن
جىگدىچى — جىگدىچۈك — تۇتىتاغا
زىرابە — ئەبلەق
تومۇزغا — ساراتان
چېكەتكە — سېكىرگۈچ
يىڭناغۇچ — قۇلاي — ئاتباش
ياچىۋەگ — بۆشۈكتەۋرەتكۈ — ياتاتۇك
سامانچى — ياۋا مۈشۈك
شەپەرەڭ — غارىنتامال — قارىغۇياپىلاق
سالجا — جاجا
چۆچۈن — چۈچۈك — چاققۇ
راك — قىسقۇچ پاقا

7. گۈل-گىياھلارنىڭ مەنداش ئاتلىرى

تالگۈل — سۆگەتگۈل
قىزىلگۈل — گۈلسۆرۈخ
سەللىگۈل — ئاق چوغلۇق
گۈلسامساق — لىلىگۈل

رېھىدگۈل — كاكتۇس
قارلەيلىسى — تاغ لەيلىسى
گۈلنار — ئانارگۈل
ئانارگۈل — ئادارگۈل
پېتەكگۈل — سەپدە
لەنخۇا — لوتوس
زاراڭزا — بوياق — ساقلۇر
گۈلياسمەن — توپچىگۈل
رەيھان — پىننە
مامكاپ — كاپكاپ — بوران چېچىكى
ئاپتاپپەرەس — ئايغاباقار — كۈنچېچەك
يالپۇز — نازبۇي — سۇزە
پىچان — چىقىرتماق
قانتېپەر — تورسۇلداق — سۇغۇر سېسىق ئوتى
جۈلۈك — ئەرمۇدۇن
قارىقات — چارچاي

8. بەزى كېسەللەرنىڭ مەنداش ناملىرى

ئاق كېسەل — پېسە — بەرەس — ئاقلاق
بەزگەك — تەپ — مالارىيە
بوغما — دىفتېرىيە
بۆرەك ياللۇغى — نېفرىت
پالەچ — پارالىچ
تولغاق — ئىزھال — دىزېنتېرىيە

جىگەر كېسەلى — ھېپاتىت
چوما — تائۇن
زوكام — تۇمۇ — گرىپ
سىبلىس — يەل يارا
سىزلىغۇچ — رېماتىزىم
ئۆپكە كېسەلى — تۇبېركۇليوز
شېكەرسىيىش — دىئابىت
قان بېسىم — دەلۋى
كاناي ياللۇغى — برونخىت
كانايچە ياللۇغى — تراخېيت
گرىژ — چوقۇق — پوداق
گېموروي — بۇۋاسىر
سىل — چىخوتكا

9. سىمۋوللۇق مەنىداش سۆزلەر

ئات — ياردەمچى؛ يۆلەنچى
تۆگە — چىدامىلىق؛ كېلەڭسىز
قېچىر — جاھىل
ئېشەك — دۆت؛ شەھۋانىي
كالا — گوموش؛ كالۋا
بۇقا — كۈچلۈك
قوي — ياۋاش
قوزا — ئوماق
سەركە — باشلامچى

ئوغلاق — شوخ؛ نايناق
ئىت — جېدەلچى
چوچقا — مەينەت
چاچقان — ئوغرى
توشقان — يۈرەكسىز
چۆمۈلە — ئاجىز.
شىر — كۈچلۈك.
يولۋاس — قاۋۇل؛ كۈچلۈك
تۈلكە — مەككار؛ ھىيلىگەر
بۆرە — ئاچ؛ يىرتقۇچ.
مايمۇن — قۇۋ؛ قىزىقچى
ئاق قۇ — پاك
شاتۇتى — دورامچۇق
بۇلبۇل — خۇش ئاۋاز
پاختەك — خوتۇنىدىن قورقىدىغان
قالىغاچ — شوخ؛ ئويناق
بۈركۈت — باتۇر
شۇڭقار — قەھرىمان
لاچىن — ئۇچقۇر؛ ئالغۇر
سۇخسۇر — (ئەر-خوتۇن) ئەپ؛ ئىناق
سار — ھۇنىرى يوق؛ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدىغان
ھۆپۈپ — تاز
قاغا — چېقىمچى؛ گەپ توشۇغۇچى
سېغىزخان — خەۋەرچى

شاخسانىخوچ — تۇرالغۇسى يوق
كاككۇك بىلەن زەينەپ — ئاشىق - مەشۇق
توخۇ — قورقۇنچاق
چۈجەخوراز — ئۇرۇشقاق
سەرى — زىلۋا؛ زىبا
قاپاق تېرەك — كېلەڭسىز
قاپاق — دۆت؛ گول
گۈل — چىرايلىق
قىزىلگۈل — بەك چىرايلىق
قار لەيلىسى — چىداملىق
ئاپتاپپەرەس — پۇرسەتپەرەس
تاۋۇز — تۇراقسىز
لازا — قىزىلمۇچ؛ تېرىككەك
كەكرى — ئاچچىق
تاش پۇرچاق — بېخىل؛ پىخسىق
زىغىز — ئۇششاق
تېرىق — كىچىك
سامان — كۆپ
سامان نەرخى — ئەرزان
چىلان — لەۋ (يارنىڭ لېۋى)
ھېلىلە — ئۇرۇق؛ ئىنجىمارۇق
شاپتۇل ئۈچكىسى — چوقۇر
توشقان تېرىسى — چىدامسىز
توخۇ پوقى — مەينەت؛ چاپلاشقاق

زەمزەم — ئاز؛ قىممەتلىك
كەۋسەر — ئاز؛ ئەتىۋارلىق
تاش — قاتتىق؛ رەھىمسىز
تۆمۈر — قاتتىق؛ چىڭ؛ مۇستەھكەم
پاختا — يۇمشاق؛ مۇلايىم؛ يېنىك
ئىپەك — ئەۋرىشىم؛ يۇمشاق
قىل — ئىنچىكە؛ كىچىككىنە
ئاي — چىرايلىق
15 كۈنلۈك تولۇن ئاي — بەك چىرايلىق
تاغ — يۆلەنچۈك؛ پاناھ
سۈت — ئاق؛ پاك
ناۋات — تاتلىق
ئوت — قىزغىن؛ يېقىملىق
ئەينەك — ئىبرەت
قالپاق — تۆھمەت؛ بالا
قۇرۇق ئەمچەك — يوقىلاڭ ۋەدە
جانان چىنىسى — جاراڭلىق؛ ياڭراق
تارىمۇچ — يۇمشىماس؛ گەپ ئۆتمەس
تاسما — بېخىل؛ ئىرىمەس

10. شەرق ئەدەبىياتىدا بەزى شەخسلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنداشلىرى

جەمشىد — مەرد؛ مەردانە
رۇستەم — باتۇر

سۇلايمان — كاتتا پادىشاھ
لۇقمان — ئۇلۇغ ھېكىم؛ ئۆمۈر چولپىنى
نوشىرۋان — ئادىل
ھاتەم — سېخىي
ئېلى — پالۋان؛ باتۇر

مەسئۇل مۇھەررىرى: رىشت ۋاھىدى
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرا ھسىل

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنداش
سۆز - ئىبارىلەر لۇغىتى

تۈزگۈچى: ئابدۇسالام ئابباس

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1993 - يىل 12 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1993 - يىل 12 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 10.00 يۈەن

مۇقاۋىسىنى ليۇ جافېڭ ئىشلىگەن.
ھۆسن خەتنى ياسىن مۇھەممەت يازغان.

40·元

ISBN 7—105—01841—0/Z·124
民 文 （维 12） 定价：10.00元

（京）新登字154号

责任编辑：热西提·瓦依提
责任校对：哈美拉·哈斯力

维吾尔语同义词词典
（维吾尔文）
阿不都沙拉木·阿巴斯编著
民族出版社出版发行
（北京市和平里北街14号，
邮政编码：100013）
各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32 印张：24 5/8
1993年12月第1版
1993年12月北京第1次印刷
印数：1—2,000册
ISBN 7—105—01841—0/Z·124
民 文 （维 12） 定价：10.00元